روھىيەتنى تەڭشەش تەدبىرلىرى ــ 3

ئېمېرسون (ئامېرىكا)

# ئۆزۈڭگە تايان

(ئېمېرسون خاتىرىلىرى)

سېيىت تىلىۋالدى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل
رابىگۈل ۋەلى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

B848.4/12
00009
上海外国语大学
图书馆藏书章
登录号 0 000182

# ئۆز ئالدىغا تەپەككۇر قىلالىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇلۇغدۇر

## بىر ئەسىر تاشلىنىپ قالغان ئىلھامبەخش كىلاسسىك ئەسەر

ئېمېرسون تورېئاۋ، كارنېگ، ناپالېئون . خېئول، ئوگ . ماندېنو قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رىغبەتچى ئۇستازلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسى- تىپ، ئامېرىكا كارخانا مەدەنىيىتى روھىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشتا قال- تىس رول ئوينىغان.

——رېچارد . دومان

## ئاپتور ھەققىدە

ئېمېرسون (Ralph Waldo Emerson 1803- 1882) ئامېرى- كىلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، ئەدىب، ناتىق، رىغبەتچى پېشۋا . لىنكولىن ئۇنى «ئامېرىكا روھىنىڭ ئەۋلىياسى، ئامېرىكىنىڭ كوڭزىسى » دەپ ئاتىغان.

1803 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بوستۇندىكى بىر باستېر ئا- ئىلىسىدا تۇغۇلغان. 17 يېشىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1826 ـ يىل خارۋارد بىئولوگىيە ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1833 ـ يىلى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا نۇتۇق سۆزلەپ قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان. 1841 ـ يىلى3 ـ ئايدا «ئۆزۈڭگە تايان» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دۇنياۋى شۆھرەت قازىنىشىغا ئاساس سېلىنغان.

ئېمېرسون نوپۇزغا قارشى تۇرۇپ، بىۋاسىتە تۇيغۇنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئېمېرسون ئىدىيىسىنىڭ يادروسى تۇيغۇ ۋە ئىدراكتىن ھال-



**图书在版编目（CIP）数据**

你要靠自己：维吾尔文/爱默生(美)著；斯依提，阿不都黑力力，热比姑丽等 译. —乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2008. 12
（常见异常心理的纠正方法．第 3 辑）
ISBN 978—7—5372—4455—8

Ⅰ. 你 … Ⅱ. ①爱…②斯… Ⅲ. 成功心理学—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. B848. 4—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 002300 号

常见异常心理的纠正方法． 第 3 辑

## 你要靠自己

（维吾尔文）

爱默生(美)著

斯依提・体力瓦尔迪，阿不都黑力力・ 阿不都吉力力，热比姑丽・外力 译

策　　划：艾则孜・阿塔伍拉・萨尔特肯
责任编辑：佐合拉・阿布都热依木，外力・克力木
责任校对：可尤木・吐尔逊
封面设计：阿卜杜喀迪尔・阿塔伍拉
装帧设计：亚里坤江・司马义
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街 196 号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2008 年 12 月第 1 版
印　　次：2009 年 6 月第 1 次印刷
开　　本：880×1230 毫米　1/32 开本 34 印张 6 插页
书　　号：ISBN 978—7—5372—4455—8
印　　数：1—5000
总定价（三册）：79. 00 元

发行科联系电话：(0991)2823055　　邮编：830001

1BUI00001820

قىپ ھەقىقەتنى بىۋاسىتە تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىش. ئۇنىڭ «ئۆزۆڭگە تايان»، «تۇرمۇش مىزانى»، «تەبىئەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرى بار.

ئېمېرسون—ئامېرىكا مەدەنىيەت روھىنىڭ ۋەكىلى. خۇگو فرانسىيە ئەندىزىسىنى، تولستوي رۇسىيە ئەندىزىسىنى ياراتقىنىغا ئوخشاش، ئېمېرسونمۇ ئامېرىكا ئەندىزىسىنى ياراتتى.

L. جونسون

# خەنزۇچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

## ئېمېرسوندەك مۇتەپەككۇرلارغا موھتاجمىز

مەزكۇر كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ھە دېسىلا ئۆزۈمگە «زادى نېمە ئۈچۈن ئېمېرسوننىڭ ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىمەن؟» دەپ سوئال قويۇپ، گاڭگىراپلا قالغانىدىم. تەرجىمىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا « ئېمېرسوننى يېڭىۋاشتىن تىلغا ئېلىش جۇڭگوغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن زۆرۈركەن » دېگەن ئويغا كەلدىم.

ئۆزۈمنىڭ سوئال قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ يەكۈن چىقىرىشى مېنىڭچە ھەرگىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى داڭلىغانلىقىم ئەمەس. چۈنكى بۈگۈنكى جۇڭگو ئېمېرسوندەك مۇتەپەككۇرلارغا ھەقىقەتەن موھتاج .

بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىق بولسۇنكى، مەن جۇڭگو ئېمېرسونغا موھتاج دېمىدىم. پەقەت ئېمېرسوندەك مۇتەپەككۇرلارغا موھتاج دەۋاتىمەن. بىراق ئەتراپىمىزدىن ئېمېرسوندەك مۇتەپەككۇرلارنى تېپىشقا ئامالسىزمىز. شۇڭا ئېمېرسوننىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى تارقىتىش ھەقىقەتەن زۆرۈردۇر. چۈنكى بىز مۇناردىكى چىراغنىڭ نۇرى بىلەن ئۆزىمىزدىكى زۇلمەتنى يورۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ھەقىقىي ئۆزىمىزنى تاپالايمىز ۋە يارىتالايمىز .

جاڭ ئەيلىڭنىڭ ئېمېرسونغا بەرگەن باھالىرىنى ئوقۇپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئامېرىكىدا يېگانە ئۆتكۈزگەن ئوقۇمۇشلۇق جاڭ ئەيلىڭ خانىم، ئۆمرىدە بىر ئامېرىكىلىقنىڭ



ئەسىرىنىلا تەرجىمە قىلدى. ئۇ بولسىمۇ «ئېمېرسون ئەسەرلىرى» دۇر.

جاڭ ئەيلىڭ مۇنداق دەيدۇ: «ئېمېرسون ئەسەرلىرى ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. بۇ نۇقتىدىن بىز ئېمېرسونغا ھەقىقەتەن قايىل بولىمىز. ئېمېرسون مۇھەببەت- نەپرەتنى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەردىن قاتتىق يىرگىنىدۇ. بىراق، ئۇ كېلەچەكنىڭ ئۆتمۈشتىن تۇغۇلىدىغانلىقى ، ئۆتمۈشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىشنى ئادەمنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئېمېرسون ئىخلاسمەن مۇرتلارنى يېتىشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتىشنى ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە يۈزلەندۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى تېپىشقا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.»

جاڭ ئەيلىڭ توغرا ئېيتىدۇ. «ئېمېرسون ئەسەرلىرى ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق!»

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا ھەتتا شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى «ھازىر ئېمېرسون ئىدىيىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتمىدىلا ئەمەس، نۆۋەتتىكى شارائىتتا ھەتتا ئۇ يەنىلا ھەقىقەتەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە ۋە قىممەتلىكتۇر!»

«ئۆزۈڭگە تايان، ئۆزۈڭنى قەدىرلە!» مانا بۇ، ئامېرىكا روھىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئامېرىكا كارخانا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى. چۈنكى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئامېرىكىدىكى ئەقىل- پاراسەتنىڭ تولۇق ئېشىپ سېلىنىشى ئېمېرسوننىڭ بۇ ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دالې . كارنېگ، ناپالېئون . خېئول ۋە ئوگ . ماندىنو قاتارلىق نۇرغۇن رىغبەتچى ئۇستازلارمۇ ئېمېرسوننىڭ «ئۆزۈڭگە تايان، ئۆزۈڭنى قەدىرلەر» دېگەن ئىدىيىسىدىن ئىلھام ئالغان. دېمەك، ئېمېرسون ئامېرىكىنىڭ رىغبەتچى پېشۋاسى ، ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئىدىيىسىنىڭ ئاتىسىدۇر.

تۇرمۇشىمىز كۈندىن كۈنگە يېڭىلانماقتا، راۋاجلانماقتا. بىراق،

ئۇ يەنە بىزگە نۇرغۇنلىغان يېڭى- يېڭى سوئاللارنى قويماقتا. خوش، ئۇنداقتا بىز زادى قانداق ئىدىيىنىڭ مەدەتكارلىقىغا تايىنىشىمىز كېرەك؟ ھەربىر ئادەم زادى قانداق قىلغاندا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ ؟ دېمەك، ئېمېرسوننىڭ بۇ كىتابىنى تەرجىمە قىلىشىم، دەل يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈندۇر.

كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تەرجىمە قىلىش داۋامىدا ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بويىچە ئۇششاق ماۋزۇلارنى قوشۇپ قويدۇم.

جىن يۈ

2003- يىل ئاۋغۇست



# مۇندەرىجە

ئۆزلۈك ........................................ 1
ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ رولى ........................................ 1
ئۆزۈڭگە ئىشەنگىن ........................................ 3
زۆرۈر بولغىنى ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر ........................................ 10
كاللىمىز نېمىگە يارىتىلغان؟ ........................................ 13
ھېچكىم ئۆز تەبىئىتىگە خىلاپلىق قىلالمايدۇ ........................................ 16
قۇرۇپ كەتسۇن ئىتائەتمەنلىك ........................................ 19
تەسەۋۋۇرىمىزغا ئالدانماقتىمىز ........................................ 21
ئادەم ھامان توخۇ يۈرەك ........................................ 26
بىزگە كېرىكى ھاياتلىقلا ........................................ 29
بىر توپ نادان بىز ........................................ 31
ئىلتىجا—ئىرادىنىڭ كۆشەندىسى ........................................ 37
مەسلەك—ئەقىلنىڭ كۆشەندىسى ........................................ 39
سەيلە ـساياھەتتىكى خۇراپىيلىق ........................................ 40
جەمئىيەت—غايەت زور دولقۇن ........................................ 44
كۈچ ........................................ 51
تۇرمۇش، كۈچكە ئىنتىلىش دېمەكتۇر ........................................ 51
كۈچ، تەبىئىي يارىتقۇچىدۇر ........................................ 53
كۈچ ـ غەيرەتكە تولۇپ تاشقان كىشىلەر ........................................ 58
ساغلاملىق—بۇ دۇنيانىڭ گۆھىرى ........................................ 60
ئىپتىدائىي كۈچ ........................................ 61
تىنچلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى ........................................ 72
ئەدەپ ـ يوسۇن ۋە سىپايىلىقنىڭ كۈچى ........................................ 74
كۈچۈڭنى مەركەزلەشتۈر ........................................ 75
ئۆزۈڭنىڭ قارارىنى چىقار ........................................ 78
قەتئىي ئىرادىنىڭ كۈچى ........................................ 79

سالاپەت ........................ 86
سالاپەت دېگەن نېمە؟ ........................ 87
سالاپەت، كۈچ دېمەكتۇر ........................ 89
سالاپەت نەدىن كېلىدۇ؟ ........................ 94
سالاپەتنىڭ نامايان قىلىنىشى ........................ 97
قانداق قىلغاندا سالاپەتنى ساقلىغىلى بولىدۇ؟ ........................ 104
ئامېرىكا ... ئامىنۇي سورۇنلاردىكى سالاپەت ........................ 106
سالاپەت ۋە مۇستەقىللىق ........................ 108
سالاپەتكە ۋاقىت كېرەك ........................ 110
رومانلاردىكى سالاپەت ........................ 114
مەشھۇرلارنىڭ سالاپىتى ........................ 117
خاراكتېر ........................ 123
خاراكتېر—ئەقىلنىڭ نامايەندىسى ........................ 123
سىياسىي سايلامدىكى خاراكتېر ........................ 126
سودىدىكى خاراكتېر ........................ 127
خاراكتېر—تەبىئىي كۈچ ........................ 129
مۇھىتنىڭ قارشىلىق كۈچى ........................ 133
ئۆز ئېھتىياجىڭنى ئۆزۈڭ قامدا ........................ 135
ئەمەلىيەتنى ئاساس قىل ........................ 137
چېچەن ۋە ئەستايىدىل بول ........................ 139
مۇھەببەت پۈتمەس - تۈگىمەستۇر ........................ 139
تۇغما خۇسۇسىيەتنىڭ كۈچى ........................ 142
تەبىئەتنىڭ ھوقۇقى ........................ 144
ئۇلۇغلارغا تېۋىنىش ........................ 145
دوستلۇق نەقەدەر ئۇلۇغ! ........................ 147
بىزدىكى چەكلىمە ........................ 153
ئۇلۇغ زاتلار ۋە ئۇلۇغ ئەللەر ........................ 155
تەبىئەتنىڭ زورلۇقى ........................ 156
ئۇدۇم قالغان تەقدىر ........................ 160
تۇغما خۇسۇسىيەت ........................ 163
سىياسىي فىزىئولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك ........................ 165




كۈچ ۋە مۇھىت ........................ 166
ستاتىستىكا ئىلمى ........................ 169
تېزگىنلەش مىزانى ........................ 171
ئالەمنىڭ گۈلتاجى، مەۋجۇداتنىڭ جەۋھىرى ........................ 174
ئەركىنلىك زۆرۈرىيەتتۇر ........................ 176
يۈكسەك ئىجادچانلىق ........................ 178
ئەخلاقىي تۈيغۇنىڭ كۈچى ........................ 182
چەكلىمە—ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئۆلچىگۈچىسىدۇر ........................ 185
ئەقىل - پاراسەتنىڭ كۈچى ........................ 186
كامالەت—تەقدىرنىڭ ھامىيسى ........................ 191
تەڭپۇڭلۇقنى ساقلا ........................ 193
دۇنيانىڭ سىرى ........................ 196
تەبىئەتنىڭ مېۋىسى ........................ 197
دۇنيا—ئېقىپ تۇرغان ماددا ........................ 201
ئىنسانلار ھالىتىنىڭ سىرى ........................ 204
قول تۇتۇشۇپ مېھراب ياسايلى ........................ 206
قوشۇمچە ........................ 209
ئېمېرسوننىڭ ئىلھامبەخش ئەقلىيلىرى ........................ 209
ئېمېرسوننىڭ ئۆمۈر بايانىدىن ئارىيلەر ........................ 211


## ئېمېرسون خاتىرىلىرى


مۇھەببەت ھەققىدە ........................ 215
سوۋغا ھەققىدە ........................ 234
دوستلۇق ھەققىدە ........................ 241
چەمبەر (يۇملاقلىق) ھەققىدە ........................ 266
ئۆزىگە تايىنىش ھەققىدە ........................ 287
تەبىئەت ھەققىدە ........................ 330
ئامېرىكا ئالىملىرى (ئۆلىمالىرى) ........................ 335
گۈزەللىك ھەققىدە ........................ 370
تارىخ ھەققىدە ........................ 396

# ئۆزلۈك

ئادەم—ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى. روھ سەممىي ۋە مۇكەممەل ئادەمنى يارىتىدۇ. يورۇقلۇق، ھەيۋە ۋە تەقدىرگە روھ قوماندانلىق قىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ بارلىق بەختسىزلىكى بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس دەل ۋاقتىدا كېلىدۇ. چۈنكى قىلمىشىمىز خەيرلىك بولسا پەرىشتىگە، رەزىللىك بولسا ئىبلىسقا يولۇقىمىز.

—بېئاۋمونت، فېلېچ «ياۋاشلارنىڭ تەقدىرى» نىڭ خاتىمىسىدىن ئېلىندى.

ئانا ئاتتى بوۋىقىنى تاش ئۈستىگە،
دېدى: «بۆرە ئانا باقسۇن ئوغۇز بىلەن.
زىمىستاندا بۈركۈت پۈتى ساڭا قالقان،
جەسۇر، چېۋەر ئۆسكىن قوزام چىدام بىلەن.»

# ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ رولى

يېقىندا مەن بىر مەشھۇر رەسسامنىڭ بىرقانچە شېئىرىنى ئوقۇپ قالدىم. شېئىرىدىكى پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر ئىنتايىن ئۆزگىچە بولۇپ، ھە دېسىلا تۇتۇرۇقسىز ئىشلارنى كۆككە كۆتۈرىدىغان چاكىنا ۋە كونا شېئىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ھازىرچە ئۇ شېئىرلارنىڭ تېماتىكىسى ھەققىدە نېرى- بېرى گەپ قىلمايلا تۇرايلى. چۈنكى، سەزگۈر روھ ئاشۇ شېئىرلارنىڭ ھەربىر مىسراسى ۋە ھەربىر ئېغىز كەلىمىسىدىن ھەققانىيەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالايدۇ. بۇ، ئاشۇ شېئىرلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەرقانداق ئىدىيىدىن كۆرە، ئاشۇ شېئىر مىسرالىرىدا بالقىپ تۇرغان چىن ھېسسىياتنىڭ نەقەدەر بىباھا ئىكەنلىكىدىندۇر.

قىسقىسى، ئۆزۈڭنىڭ ئىدىيىسىگە، جۈملىدىن مەنىۋىيىتىڭ-
نىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىكى ئۆزۈڭ توغرا دەپ قارىغان نەرسىلەرگە
شەكسىز ئىشەن. بۇ ھەم ھەرقانداق ئادەمگە باب كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى
بىر تالانت. يۈرىكىڭنىڭ قېتىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان ئېتىقادىڭنى
ئاشكارا بايان قىلساڭ، ئۇ ناھايىتى تېزلا كىشىلىك دۇنيانىڭ ئورتاق
تەسىراتىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئىچكى ئامىل ۋاقتى كەلگەندە بىر يۇ-
مىلاپلا تاشقى ئامىلغا ئايلىنالايدۇ. جۈملىدىن كەيپىمىز چاغ ۋاقىتلاردا
شەكىللەنگەن ئىدىيىمىز، «ئاخىرقى سوت»نىڭ بۇرغا ساداسى بىلەن
قۇلاق تۈۋىمىزدە قايتا جاراڭلايدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ قەلب سا-
داسىنى ئىنتايىن پىششىق بىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا موسېس، ئەپلاتون،
مىلتونلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك تۆھپىسى دەل ئۇلارنىڭ كىتاب ۋە ئەنئەن-
گىلا باغلىنىپ قالماي، ئۆزى ئويلاپ يەتكەن نەرسىنى بىمالال بايان
قىلالىغانلىقىدا، دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، ئادەم يۈرىكىدىن چاچراپ
چىققان روھ ۋە نۇرنى سېزىشى، كۆزىتىشى، ھەرگىزمۇ شائىر ۋە ئەۋ-
لىيالار ئاسمىنىدا! ئەلەڭلەپ يۈرگەن شولىغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەس-
لىكى لازىم ئىدى. بىراق رېئاللىق ئادەمنى خاۋاتىرلەندۈرىدۇ. چۈنكى،
كىشىلەر دائىم ئۆز ئىدىيىسىدىن ئۇ پەقەت ئۆزىگە تەئەللۇق بولغىنى
ئۈچۈنلا، خۇددى ئەخلەتنى چۆرۈپ تاشلىغاندەك ۋاز كېچىۋاتىدۇ. ۋەھا-
لەنكى، بىز گويا ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەك خالىغانچە ۋاز كەچكەن
ئاشۇ ئىدىيىلەرنى دانىشمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن بايقاۋاتىمىز. دېمەك
بىز تاشلىۋەتكەن ئاشۇ ئىدىيىلەر سۇر- ھەيۋىسى بىلەن يەنە يېنىمىزغا
قايتىپ كېلىۋاتىدۇ.
ئۇلۇغ بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ بىزگە بولغان ئۆگۈت ۋە رولى ئەنە
ئاشۇ يەردە. ئۇ ئەسەرلەر بىزگە شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: قارشى
تەرەپ ھەددىدىن ئاشقان، بارلىق جانلىقلار شاۋقۇن- سۈرەن كۆتۈرگەن
چاغدا ئۆزۈڭنى بېسىۋال؛ ئۆز ئىدىيەڭدىن ھەرگىز تايما. ناۋادا ئۆز ئى-
دىيەڭدە چىڭ تۇرمىساڭ، ئەتىلا ناتونۇش بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەن
ھېس قىلغان ۋە ئويلىغان نەرسىلەرنى ئۆزۈمنىڭ دەپ بايان قىلىدۇ-
دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىراقلا نام چىقىرىدۇ. سەن بولساڭ، ئەسلىدە ئۆ-
زۈڭگە تەئەللۇق ئىدىيىنى باشقىلاردىن سوراپ ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ،
نومۇسقا قالىسەن.



ھەممىمىز ئىلىم ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم
مۇنداق يەكۈنگە كېلىمىز: ھەسەتخورلۇق نادانلىقتىن، دورامچىلىق
ئۆلۈۋېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم قانداقلا بولمىسۇن
ئۆزىنى ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسى دەپ بىلىشى كېرەك. پايانسىز ئالەمدە
گەرچە خەيرلىك ئىشلار تولۇپ ياتسىمۇ، لېكىن ئۆزۈڭ ئېرىشكەن ئاشۇ
تۇپراقتا جاپالىق تەر تۆكمىسەڭ، ھەتتا بىر تال دانمۇ «مانا مەن» دەپ
ئالدىڭغا ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، جىسمىڭغا ھەيران
قالارلىق كۈچ يوشۇرۇنغان. چۈنكى ئۆزۈڭدە قانداق كارامەتنىڭ مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى
سىناپ كۆرمىسەڭ، قۇدرەت كامالىڭنى ئۆزۈڭمۇ سەزمەي قالىسەن.
بىرەر شەخس، بىرەر ھادىسە سەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرالايدۇ.
لېكىن ئۇ تەسىرات باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بىر سىنىتقا ئەرزىمەيدىغان
نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ سەۋەبسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. دېمەك،
بۇ خىل ئەسلىمىگە ئويۇلغان ھەيكەلنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەن ئاھاڭ-
داشلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىزمىز.
كۆز ئادەمنىڭ نۇر بىمالال چۈشىدىغان يېرىگە يارىتىلغان بولسا،
نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى- ھە! ئاشۇنداق بولغان بولسا، ئادەم ھەر-
قانداق نۇرنى تولۇق كۆرەلىگەن بولاتتى. شۇنىڭغا كۆز يۇمساق بول-
مايدۇكى، ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تولۇق نامايان قىلىشقا ماھىر كېلە-
مىزۇ، لېكىن ئۆزىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇقەددەس ئىدىيىدىن
نومۇس قىلىمىز. ۋەھالەنكى، ئۆزىمىزنى مەنبە قىلغان بۇ خىل ئىدى-
يىنىڭ ئۆزىمىزگە تازا باب كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈم
ھاسىل قىلالايدىغانلىقىنى دادىل تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. شۇڭا،
ئۇنى باشقىلارغا ساداقەتمەنلىك بىلەن يەتكۈزۈش، بىزنىڭ مۇقەددەس
بۇرچىمىزدۇر. بىراق شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىمكى، پەرۋەردىگار
ئاجىزلارنىڭ ئۆز تۆھپىسى ھەققىدە ئەزۋەيلىشىنى خالاپ كەتمەيدۇ.

## ئۆزۈڭگە ئىشەنگىن

ئۆزۈڭگە ئىشەن! ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبى بەخت- تەلەيىنىڭ كۇ-
يىگە جور بولۇپ، توختاۋسىز لەرزىگە سېلىكىنىدۇ ھەمدە پەرۋەردىگار-

نىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇ كىشىنى تەپەككۇر ۋە مېھنەتكە ئۈندەپ تۇرىدۇ. دېمەك قەلبىڭ تەڭ دېمەتلىكلىرىڭ ھاسىل قىلغان جەمئىيەت ۋە تۈرلۈك ھادىسىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۈيۈك ئەربابلار بۇ پرىنسىپقا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار، خۇددى بالىنى ئاتىسىغا تاپشۇرغاندەك ئۆزلىرىنى شۇ دەۋرنىڭ دانىشمەنلىرىگە تاپشۇرۇپ، ئۆز قەلبىدە ساقلانغان ئىدىيىنىڭ مۇتلەق ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىككى قولى ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلانغان ئاشۇ ئىدىيىنىڭ ئاشۇ بۈيۈك ئەربابلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا يېتەكچى رول ئوينىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. مانا، ئەمدىلىكتە بىز قۇرامىمىزغا يەتتۇق. شۇڭا، ئاشۇ دانىشمەنلەرنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب روھىدىن ترانسسېندېنتال تەقدىرنى قوبۇل قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۇنىڭدىن چەتكە ئالماسلىقىمىز ياكى مىشچان بالا ۋە كېسەل كۆرپىسىگە، شۇنداقلا ئىنقىلاب سىگنالى چېلىنغان ھامان بەدەر تىكىۋېتىدىغان توخۇ يۈرەكلەرگە ئايلىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئېسىمىزدە بولسۇن: بىز دېگەن رەھبەر، قۇتقۇزغۇچى، شاپائەتچى ... شۇڭا كامالەت ساھىبلىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاڭقاۋلىق ۋە قاراڭغۇلۇققا جەڭ ئېلان قىلىشىمىز لازىم.

بۇ ھەقتە، تەبىئەت بىزگە بوۋاقلار، ئۆسمۈرلەر ھەتتا ھايۋاناتنىڭ قىياپەتلىرى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاجايىپ بېشارەتلەرنى بەردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاشۇ بېجىرىم ۋە سەبىي قەلبىدە بۆلگۈنچى ئاسىي روھ، ھېس- تۇيغۇغا ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشىغا قىلچە ئورۇن يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى تېخى كۆندۈرۈلمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە باققان ھامان بىزنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە تىترەك باسىدۇ. كىچىك بالا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلمايدۇ. بەلكى ھەرقانداق ئادەم كىچىك بالىغا بويسۇنىدۇ. شۇڭا، بوۋاقلارنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىشتا، بىر بوۋاق تۆت- بەش چوڭ ئادەمنى بىراقلا بوۋاققا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، پەرۋەردىگار ياشلار، ئۆسمۈرلەر ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەرگە كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇپ تاشىدىغان، روخسارىدىن نۇر ياغىدىغان، ھەممە ھەۋەس بىلەن قارايدىغان، ھەممە جور بولىدىغان، ھەرقانداق كىشى ئاغزىدىن چىققىنىغا ماقۇل دەيدىغان ئامەتنى ھەدىيە قىلغان. ناۋادا ئۇلار ئۆزىنى ھۆرمەت



قىلىشنى بىلسىلا، پەرۋەردىگارنىڭ بۇ ھىممىتى ئۇلارغا شەرتسىز تەئەللۇق بولىدۇ!

شۇنى سەمىڭگە سالاي: ياشلارنىڭ ساڭا ۋە ماڭا گەپ قىلمىغىنىنى كۆرۈپلا ئۇلارنى سەۋرسىزكەن، دېمىگىن. ياندىكى ئۆيدىكى ياش يىگىتنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سال. نېمىدېگەن جاراڭلىق ۋە يېقىملىق ئاۋاز! چۈنكى ئۇ تەڭ دېمەتلىكلىرى بىلەن قانداق پاراڭلىشىشنى بىلىدۇ. مەيلى ئەيمەنسۇن ياكى دادىل بولالىسۇن، ئىشقىلىپ ئۇ ئۆز ئىشىنى بىزدەك مويسىپىتلاردىن مۇستەسنا ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئامالىنى تاپالايدۇ.

ئۇششاق بالىلار ھېچقاچان يېمەك- ئىچمەك ۋە كىيىم- كېچەكتىن ۋايىم يېمەيدۇ. ئۇلار گويا پانىي دۇنيادىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك غوجا، تۆرىلەردەك قولىنى ئىلمان سۇغا تىقمايدۇ ياكى ھېچكىمگە خۇشامەت قىلمايدۇ. بۇ خىل خاتىرجەم ۋە بىمالال خىسلەت، بىزگە ساغلام ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بالىلار ئۆيدە خۇددى تىياتىرخانىنىڭ ئەرزان بۆلۈملىرىدىكى تاماشىبىنلارغا ئوخشاش ئەركىن- ئازادە ۋە غەمسىز ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بوشلۇقتا تۇرۇپ، كۆز ئالدىدا ھازىر بولۇۋاتقان خىلمۇخىل كىشىلەر ۋە ئىشلارنى بىمالال كۆزىتىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەپچىل ۋە ئاددىي ئۇسۇلى بىلەن ئاشۇ كىشىلەر ۋە ئىشلارنى ئۆزلىرىگە باھالاپ، ئۇلار ھەققىدە چاقماق تېزلىكىدە مۇنداق ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ: ئاۋۇ ئادەم ياخشىكەن، ئاۋۇ ئادەم ئەسكىكەن، ئاۋۇ ئادەم بەك كۈلكىلىككەن، ئاۋۇ ئادەم ئۇچىغا چىققان ھاماقەتكەن، ئاۋۇ ئادەم گەپكە ئۇستا ئىكەن، ئاۋۇ ئادەمنىڭ گەپ - سۆزى، تەقى - تۇرقى جايىدا بولغىنى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىكەن. بۇ بالىلار ئاقىۋەت، پايدا- زىيان دېگەنلەر بىلەن قىلچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇلار چىقارغان ھۆكۈم، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ھەققانىي، ئەڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدۇر. چۈنكى سەن ئۇلارغا خۇشامەت قىلىسەن. بىراق ئۇلار ساڭا خۇشامەت قىلمايدۇ.

لېكىن قۇرامىغا يەتكەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى يولسىزلىق ۋە غەلۋە- غوۋغادىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەلۇمكى، قۇرامىغا يەتكەن كىشى ئۆز ئېڭىنىڭ قاراۋۇللۇقىدا ياشايدۇ. شۇڭا، ئۇ بىرەر داغدۇغىلىق سۆز- ھەرىكەتنى روياپقا چىقارغان ھامان،

ھەممىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ؛ ئۇنى نۇرغۇن كىشىلەر قارغايدۇ؛
ئۇنى بەزىلەر ماختىسا، بەزىلەر تىللايدۇ؛ ئۇنىڭغا بەزىلەر ھېسداشلىق
قىلسا، بەزىلەر نەپرەت ياغدۇرىدۇ. دېمەك بۇنداق قىلمىش- ئەتمىشلەر
گويا مەۋھۇم قەپەسكە ئوخشاش ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالىدۇ. ئۇ
ئۆزىگە باھا بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېس- تۇيغۇلىرىغا پەرۋايى پەلەك
يۈرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاشۇ ھەربىر ھېس- تۇيغۇ ئۈستىدە
ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ
قەدەم باسمىقى شۇنچە مۈشكۈللىشىپ كېتىدۇ. ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ
يەردە ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك ھېچكىم يوق. ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ
ئۆزىدە ئۆزىنىڭ سابىقى ۋە ھەققانىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە
نەقەدەر تەشنا- ھە! شۇڭا كىمكى، ئاشۇنداق خىلمۇخىل ئەھدىلەرنىڭ
كىشەن، قەپەسلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىيالىسا، ياكى ئاشۇنداق دادىللىقتا
ئىلگىرىكىدەك ھېچقانداق تەسىردىن ، بىرتەرەپلىمىلىكتىن، مەنپە-
ئەتپەرەسلىكتىن خالىي، زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قورقمايدىغان سەبىي
قەلبى بىلەن ئىنتىلەلىسە، شۇ كىشى ساغلام ۋە ئۇلۇغۋار روھى ئار-
قىلىق باشقىلارنى ئەيمەندۈرەلەيدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ھەق-
قىدە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى بايان قىلالايدۇ. بۇ چۈشەنچىلەر ئاشۇ
كىشىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇقلا يەككە - يېگانە پىكىرلىرى ئەمەس، بەلكى
ئەل ئىشى ئۈچۈن، دۇنياغا قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش بولغىنى ئۈچۈن،
ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەرقانچە مۇلايىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ داڭقى
كىشىلەرنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەلەيدۇ.

بۇلار، بىز يەككە - يېگانە ياشىغان ۋاقتىمىزدا ئاڭلىيالايدىغان
سادادۇر. بىراق، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بوشلۇقتىن بىر قەدەم ئاتلاپ،
كەڭرى دۇنياغا ئاياغ باسقان ھامان، بۇ سادالار تەدرىجىي ئاجىزلاپ با-
رىدۇ، ھەتتا ئۈن- تىنسىز غايىب بولىدۇ. جەمئىيەت، ئۇ بىر ھەس-
سىدارلىق شىركىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇ كىشىلەردىن كېلىشىمگە قاتتىق
ئەمەل قىلىشنى، كېلىشىم بويىچە ھەربىر شىركەتنى ئۆلچەملىك
يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، غىزالانغۇچىلارنىڭ ئەركىنلىكى
ۋە ئەقىل- ئىدراكىنى تەقىب قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەر-
بىر كىشىنىڭ مەردانىلىقىنى چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرىدۇ؛ ھەر
مىنۇت- ھەر سېكۇنت كىشىلەردىكى مەردانىلىقا قارشى تۇرۇش ۋە



ئۇنى بېسىشنىڭ قەستىدە يۈرىدۇ. شۇڭا ئىتائەتمەنلىك جەمئىيەتتىكى
تېپىلغۇسىز «گۈزەل ئەخلاق»، ئۆزلۈك ئېڭى بولسا، ئەڭ يىرگىنچ-
لىك ئىبلىس ھېسابلىنىدۇ. دېمەكچىمىزكى، جەمئىيەتنىڭ ئالقىش-
لايدىغىنى قۇياش نۇرى ئاستىدىكى چىنلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان
ئىجادكارلار بولماستىن، بەلكى نىمجان نام- ئاتاق ۋە كونا يوسۇن، ئەبگا
ئادەتلەردۇر.

شۇڭا، كىمكى زەبەردەست چىن ئادەم بولۇشنى ئويلايدىكەن، ئۇ
چوقۇم قائىدە - يوسۇنغا چەك بېكىتىدىغان ئىتائەتمەن پۇقرالىقىدىن
ۋاز كېچىشى، كىمكى ئەبەدىي ئۆچمەس شەرەپكە ئېرىشىشنى نىيەت
قىلىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاتالمىش ئالىيجانابلىق دېيىلىدىغان قۇرۇق
ئاتاقنىڭ كىشەنلىرىگە بەند بولۇپ قالماي، كۆلپەتلەرنى ئىرغىتىپ
تاشلاپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىل- پاراستىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق،
ئاشۇ نام- ئاتاقنىڭ ئالىيجانابلىق ياكى رەزىللىك ئىكەنلىكىنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. قىسقىسى، بىزگە نىسبەتەن قەلبىمىزنى
پاكلاشتىن ئۆزگە ھېچقانداق مۇقەددەس ئىش بولمىسا كېرەك. ناۋادا
سەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزۈڭنى ئۇزۇل- كېسىل
ئازاد قىلالىساڭ، ئۆزلۈكۈڭگە يۈزلىنەلىگەن بولىسەن. ساڭا شۇنى
كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ساڭا قىسمەن كىشىلەر نەپرەت ئوقۇغىنى
بىلەن، پۈتۈن دۇنيا مەدەتكار بولىدۇ.

كىچىك چاغلىرىمدا مېنىڭ دوستانە ئۆتىدىغان بىر ئۇستازىم
بولىدىغان. ئۇ ماڭا دائىم كونا دىنىي ئەقىدىلەر ئارقىلىق چەك قوياتتى.
ئۇنىڭ ئاشۇنداق تۈگىمەس ئۈگۈت - نەسىھەتلىرى مانا ھازىرغىچە قۇ-
لاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ھېچقانداق
كاللا ئىشلەتمەيلا بەرگەن جاۋابلىرىمنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن.
چۈنكى مەن شۇنداق ئويلايتتىم: مەن ئۆزۈمنىڭ مەنۋىيىتىمگە تايىنىپ
ياشاشقا ئىنتىلىدىغان تۇرسام، ئۇنداق مۇقەددەس ئەنئەنىلەر بىلەن نېمە
كارىم؟ ئۇ دوستۇم ئىنتايىن سەۋرچان ئادەم بولغاچقا، ماڭا ئۇستىلىق
بىلەن تەربىيە بېرىپ مۇنداق دەيتتى: «بۇ تەنتەك ھېس- تۇيغۇلىرىڭ
ھەرگىزمۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ ۋەسۋە-
سىسىدۇر!» مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرەتتىم: «مېنىڭچە بۇ-
نىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇستازىم. مۇبادا بىز ئىبلىس ياكى شەيتاندىن

تۆرەلگەن بولساق، شەيتانچە ھايات كەچۈرسەك ئۇنىڭ نېمىسى يامان؟»

ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتسام، مەن تەبىئىي خۇسۇسىيەت قانۇنىدىن ئۆزگە ھېچقانداق قانۇننى تونۇمايمەن. ئاتالمىش ياخشىلىق بىلەن يامانلىق پەقەت ئادەمنىڭ كۆزىنى تورلاشتۇرۇدىغان قۇرۇق نام- ئاتاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، بۈگۈن بۇ يەردە بىرەرسىنى تاپا- تەنىگە قويغان يامان قىلمىش، ئەتىلا تەلەيلىكرەك بىرەرسىنى مەدھىيىگە كۆمىدىغان ياخشى قىلمىشقا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ پۈتۈنلەي توغرا، تەبىئىتىمگە مۇخالىپ نەرسىلەرنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن. مۇبادا بىر ئادەم ئۆزلۈكىنى قەدىرلەپ، بارلىق قارشى كۈچلەر ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي، خالىغىنىنى قىلالىسا، ئەتراپىدىكى مەۋجۇدىيەتنى نەزەر كۆزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ھېس قىلالىسا، ئۇ ئادەم ھەقىقىي ئۇلۇغلاردىن سانىلالايدۇ.

ھەر قېتىم ئەنئەنىنىڭ تامغىسى، قۇرۇق نام- ئاتاق، جەمئىيەت ۋە ئۆلۈك تۈزۈلمىگە ئاسانلا تەسلىم بولۇپ ئىتائەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىسام، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن. ئېھتىمال ھېلىقىدەك يۇرۇش- تۇرۇشى جايىدا، گەپ- سۆزى چىرايلىق كىشىلەرنىڭ تەسىر ۋە زىلزىلىلىرى ماڭا نىسبەتەن دەل جايىدا بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەن، غەيرەت ۋە شىجائەت بىلەن ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرىمەن؛ رەھىمسىز ھەقىقەتنى قۇربىمنىڭ يېتىشىچە سۆزلەۋېرىمەن. مۇبادا خەير- ساخاۋەت تونىغا ئورنىۋالغان رەزىل نىيەتلىك شەيتان، سەن قوغداۋاتقان مۇقەددەس ئىشىككە كەلسە، سەن ئۇنى كىرگۈزەمسەن؟ ناۋادا قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشنى بىراقلا ئىلكىگە ئېلىۋېلىش نىيىتىدىكى بىرەرسى قەھرى- غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، ماڭا باربادۇستىن كەلگەن ئەڭ يېڭى خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى بولسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىشىم كېرەك: «سەن ئالدى بىلەن بالىلىرىڭغا، ئىشلەمچىلىرىڭگە كۆيۈنگىن. ئاق كۆڭۈللۈك ۋە كەمتەرلىك ئەنە ئاشۇنداق سالاپەتكە موھتاج. نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى نېگىرلارغا بولغان، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان رەھىمدىللىكىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى ياپىمەن،



دېمە! بىلسەڭ، سىرتقا بولغان رەھىمدىللىكىڭ—ئائىلەڭگە بولغان رەھىمسىزلىكتۇر.» دۇرۇس، كىشىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىش، قوپاللىق ۋە ئەدەپسىزلىك، ئەلۋەتتە. لېكىن، راست گەپنىڭ ساختا مېھرىبانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن. ئاق كۆڭۈللۈككە ئاز- تولا پاراسەت سىڭمىسە ئۇ بىر سىنتقا ئەرزىمەيدۇ. ئۆچمەنلىك، ئەلەم نىدالىرىنى ياڭراتقاندا، بەزىلەر ئۆزىنى ئەنە ئاشۇنداق رەھىمدىللىك لىباسى بىلەن پەردازلايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى پاكىت.

تالانتىم مېنى چاقىرسا، مەن شۇ ھامان ئاتا- ئانام، ئايالىم ۋە قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىشقا تەرەددۇت قىلىمەن- دە، ئىشىكىمنىڭ پېشانىسىغا «خىياللىرىمغا شۇڭغۇدۇم» دەپ يېزىپ قويىمەن. چۈنكى مەن بىر كۈنلۈك ھاياتىمنىڭ مەززىسىز چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلارغا زايا بولۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن. ئۈمىدىم، ھاياتىمنى قۇرۇق خىياللار ئىچىگە شۇڭغۇشتىن ياخشىراق نەتىجىلەشتۈر. مەندىن نېمە ئۈچۈن ئاۋام بىلەن بىرگە ياكى يېگانە ياشايدىغانلىقىم ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتمەڭلار. ماڭا ھېلىقىدەك خەير- ساخاۋەتچىلەرگە ئوخشاش بارلىق يوقسۇللارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى زىممەڭگە ئالغىن، دەپ نەسىھەتمۇ قىلماڭلار. ئەجەبا، ئاشۇ يوقسۇللارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەئەللۇقما؟ ساڭا شۇنى دەپ قوياي ھاماقەت ساخاۋەتچى، ماڭا تەئەللۇق بولمىغان، مېنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان كىشىلەرگە بىر سىنىت بەرمەيمەن. بىراق، ئۆزۈم بىلەن بىر تائىپىدىكى مەنىۋى ھەمنەپەسلىرىمنىڭ كەتمىنىنى چېپىشنى خالايمەن. ئۇلار مېنى خالىغىنىچە ئىشقا سالسۇن. گېزى كەلسە مەن ئۇلار ئۈچۈن ئوتقا كىرىشكە رازىمەن. ئەمما، خىلمۇخىل نامدىكى ئەرزان خەير- ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلمايمەن؛ ئادەم ئالدايدىغان مائارىپ بىلەن شۇغۇللانمايمەن؛ چېركاۋ سالدىغان ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قىلمايمەن. چۈنكى بۇنداق ساختا چېركاۋلار ھازىر ساماندەك بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ قىلچە رولى قالمىدى. مەن كوچىدىكى زابويلارغا رەھىم قىلمايمەن؛ ئارقا- ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان قۇتقۇزۇش تەشكىلاتلىرىغا قاتناشمايمەن. دۇرۇس، گاھىدا ئىمزا- ئاھانەت ئىچىدە شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن: بەزىدە ئاشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن بىرەر دوللارنى خەجلىگەن چاغلىرىممۇ بولغان. لېكىن ئۇ بىر دوللارنى

تېتىقسىز پۇل، دەپ قارىدىم. ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنى دادىل رەت قد-
لمۇپرمەن.

## زۆرۈر بولغىنى ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر

هازىر ئېقىۋاتقان ئۆلچەملەردە تەرتىپ- قائىدە ئىچىدىكى قىلد-
مىشلار گۈزەل ئەخلاق، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە ئاشۇ تەرتىپ- قا-
ئىدىلەردىن مۇستەسنا قىلمىش ئاندىن گۈزەل ئەخلاق سانىلىدۇ. بىر
ئادەمنى ئۇنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتى بىلەن باغلىۋالما. چۈنكى بۇ ئىككد-
سى ئىككى گەپ. كىشىلەر قىلىۋاتقان ئادالەت يولىدا پىداكارلىق
كۆرسىتىش، باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىشتەك ياخشى ئىشلارنىڭ ھېچ-
قانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. بۇ خۇددى، ئادەتتە نامايىشقا قاتند-
شالمىساق، بىر دوللار تۆلىگەندەكلا بىر ئىش. ئۇ ئىشلار، كىشىلەرنىڭ
پانىي دۇنيادىكى ھاياتىنى بېزەپ كۆرسەتكەنلىكى ياكى ھاياتقا ئۆزرد-
خاھلىق ئىپتقانلىقىدۇر. ئۇ، گويا بىمار ۋە روھىي كېسەللەرنىڭ نا-
ھايىتى قىممەت غىزا ھەققى تۆلىگەنلىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق كد-
شىلەر قىلغان گۇناھلىرىدىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن، قەستەن ئازاب
چېكىشنى ئەخلاق- پەزىلەت جۈملىسىدىن، دەپ بىلىدۇ.
بىراق مەن پەرۋەردىگاردىن گۇناھىمنى ساقىت قىلىشنى تىلد-
گۈم يوق. چۈنكى مەن بۇ دۇنيادىن ئادەمدەك ياشاپ ئۆتۈپ كېتىشنى
ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرۈشۈم پەقەتلا ياشاش
ئۈچۈن. ھەرگىزمۇ باشقىلارغا كۆز- كۆز قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن
ئەمەس. مەن بىر خىل ۋە خاتىرجەم ياشاشقا تەشنا. شۇڭا، ھەقىقىي ۋە
باراۋەر تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرا بولۇپ
ئۆتۈشكە رازىمەن. مېنىڭ ئىنتىلىدىغىنىم بەلگىلەنگەن يېمەك-
ئىچمەك ۋە ئاشۇ يوسۇن رامكىلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ پۇل خەجلەش ئە-
مەس، بەلكى ساغلام ۋە لەززەتلىك تۇرمۇش. مەن «سەن بىر ئادەم!» دې-
گەن باياناتنى ئاڭلاشقىلا تەشنا. شۇڭا ئادەملىكىمنى بىر ياققا قايرىپ
قويۇپ، ھەرىكىتىمنىلا كۆز- كۆز قىلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن.
دۇرۇس، مەن مەيلى ئاشۇنداق دانا ھەرىكەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىراي ياكى
ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالاي، ماڭا نىسبەتەن ئۇ بەرىبىر. مەن مۇقىم



ھوقۇقى بار ئادەممەن. شۇڭا يەنە پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭدىن چوڭراق
ئىمتىياز سېتىۋېلىشنى خالىمايمەن. بىلىم ۋە قابىلىيىتىم دېگەندەك
يېتەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن رېئاللىقتا مەۋجۇت ئادەممەن. شۇڭا،
مەن باشقىلارنىڭ كاپالىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياشايمەنكى،
ئۆزۈم ياكى ھەمراھىمنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپ يۈ-
رۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق.
ماڭا نىسبەتەن ئەڭ زۆرۈر بولغىنى باشقىلار مەندىن تەلەپ قىلد-
غان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. مەيلى ماددىي
تۇرمۇشتا بولسۇن ياكى مەنىۋى تۇرمۇشتا بولسۇن، بۇ قائىدىگە ئوخ-
شاش ئەمەل قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى بۇيۇكلۈك بىلەن ئەرزد-
مەسلىككە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى، دەپ بىلىمەن. كىشىلىك
تۇرمۇشتا سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭنى ھەتتا ئۆزۈڭدىنمۇ چوڭقۇرراق
چۈشىنىمەن، دەپ قارايدىغان ئادەملەرنى بايقايسەن. دېمەك بۇ ھال، يۇ-
قىرىقى قائىدىگە ئەمەل قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئايان
قىلىدۇ. مىغىلداپ تۇرغان ئادەم دېڭىزى ئىچىدە باشقىلار ئېتىراپ
قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر بويىچە ياشىماق ناھايىتى ئاسان. كىشىلەر
توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، يېگانە تۇرغان چېغىڭدا، ئۆزۈڭنىڭ ھېس-
تۇيغۇسى بويىچە ياشىمىقىڭمۇ تەس ئەمەس. لېكىن، ئۇلۇغ زاتلار پەقەت
خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزىنىڭ يېگانە ۋە مۇستەقىل تەبىئىتىنى ساقلد-
يالىغانلىقى ئۈچۈنلا دانىشمەن بولالىغان.
مەن نېمە ئۈچۈن سېنى چىرىپ چاك- چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەت-
كەن ئاشۇ كونا ئادەت- يوسۇنغا بەيئەت قىلىشتىن توستۇم؟ چۈنكى ئۇ
سېنىڭ زېھنىڭنى چېچىپ، سېنى تۈگىمەس جەبىر- جاپاغا مۇپتىلا
قىلىسا قىلىدۇكى، ساڭا قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ سېنىڭ
قىممەتلىك ۋاقتىڭنى خورىتىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى تەسىرىڭ-
نى مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىدۇ. مۇبادا سېنىڭ قوغدايدىغىنىڭ جانسىز
چېركاۋ، جان سېلىپ بېرىدىغىنىڭ ئىنجىلدىكى قاتمال جەمئىيەت
بولسا، بىرەر چوڭ گۇرۇھ (ياكى پارتىيە)نىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپلا
يۈرگەن بولساڭ، ئۇ چاغدا پەقەت ھۆكۈمەتكە ياكى قوللاش بېلىتى ياكى
قارشى بېلەت تاشلاشتىن باشقا ئىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ. بۇ ھالىڭ
گويا باشقىلارغا داستىخان راسلاشتىن ئۆزگىنى ئۇقمايدىغان كالۋا



0 00018

خوجىدار خوتۇنغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر ھالىڭ شۇنداق بولسا، سەن
بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ سايىسىدىلا ياشايسەن، ھېچكىم ھەقىقىي
سېنى كۆرەلمەي ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھال سېنىڭ نەقەدەر
نۇرغۇن زېھنىڭنى تۈيدۇرماستىن ئوغرىلاپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا سەن ئۆ-
زۈڭنىڭ ئىشىنىلا قىل. ئۇ ئىشنىڭ مەيلى ئۇلۇغۋار ئىشلاردىن بولسۇن
ۋە مەيلى ئادەتتىكى ئىشلاردىن بولسۇن، كىشىلەر شۇ ئارقىلىق سېنى
چۈشىنىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈ-
رۈپ بارالايسەن. ئادەم بولغان ئىكەنمىز مۇنداق بىر ئىشنى چوقۇم
ئويلىنىپ بېقىشىمىز لازىم: ئىنتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ كۆز بو-
يامچىلىق، پۈتۈنلەي ھايات بىلەن مۆكىمۆكۈلەڭ ئوينىغانلىقتۇر. ئە-
گەر پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ھەقىقىي ھاياتقا شوڭغۇيالىساق ھەمدە
كاللىمىز جايىدا بولسىلا، بىر قېلىپتا قۇيغان كىسەكتەك بۇ نەي-
رەڭۋازلىقلارنى ئاپئاشكارا بايقىيالايمىز. مەسىلەن ئالايلى: سېنىڭ
مەزھىپىڭ ماڭا مەلۇم. شۇڭا سەن لام دەپ ئېغىز ئېچىپ بولغىچە
توۋلايدىغان مۇقامىڭنى بىلىپ بولىمەن. يەنە مەسىلەن، بىر باستېر-
نىڭ دىنىي جەمئىيەت تۈزگەن تۈزۈمنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى ۋا-
قىتلىق تەدبىرلەرنى ۋەز تەرىقىسىدە سۆزلىمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭ-
لاپ، ئۇنىڭ ئاتام زامانىنىڭ گېپىگە كۆنۈپ كەتكەن ئاغزىدىن بىر ئېغىز
يېڭى ۋە تەبىئىي گەپنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدىم.
دېمەكچىمەن، ئۇ ئاشۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇشنىڭ دەلىللىرى ھەققىدە
ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈچە گەپ ساتتى. لېكىن،
دېگەنلىرىگە ئۆزىنىڭمۇ قىلچە ئەمەل قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇر-
دۇم. كېيىن ئېيتىمەنكى، ئۇ باستېر مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى يەنى
دىنىي جەمئىيەت كۆرۈشكە يول قويغان تەرىپىنىلا كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ مەسىلىگە بىر ھەقىقىي ئادەملىك سالاھىيىتى بىلەن
ئەمەس، بەلكى باستېرلىق سالاھىيىتى بىلەنلا قارىغانىدى. بۇ
باستېرنىڭ تەكلىپلىك ئادۋوكات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سوتتا
كۆرسەتكەن ئويۇنلىرىنىڭ ئۇچىغا چىققان ساختىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ
ئوبدان بىلىمەن.

ھەيھات، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى چۈشەپ قويۇۋاتىدۇ؛ بىر
پارچە رەزىل قولياغلىق بىلەن ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئۆزى توسۇپ، ئۆزىنى



ئەۋج ئالغان ھەممىباب ئاڭغا بەند قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. بىلىش
كېرەككى، بۇنداق ئىنتائەتمەنلىك شۇ كىشىلەرنى ئاشۇنداق ئاڭغا بەند
بولغىنى ئۈچۈنلا، ئۇ كىشىلەر ھەرقانداق ئىشتا ساختىپەزلىك قىلىپ،
ھە دېسىلا يالغان بىلجىرلاشتىن قورقمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار كۆككە كۆ-
تۈرگەن ھەرقانداق ھەقىقەت سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ
ئاق دېگىنى قارا، قارا دېگىنى ئاقتۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن
چىققان ھەربىر ئېغىز سۆز بىزنى چەكسىز كەيپسىزلەندۈرىدۇ. ئۇلارنى
قانداق قىلغاندا دۇرۇسلۇققا يېتەكلىگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي
ئاۋارە بىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىزگە بىر بې-
قىنىدىغان پارتىيە ـ گورۇھنىڭ مەھبۇس كىيىمىنى ھاپىلا ـ شاپىلا
كىيدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىز بارا ـ بارا ئاجايىپ بىر خىللا يۈز ۋە
قامىتى بار مەخلۇققا، يەنى ئەڭ مۇلايىم ۋە قۇلىقى يۇمشاق دۆت ئې-
شەككە ئايلىنىپ قالدۇق. بولۇپمۇ «تۇيغۇ ۋە ئىنتىلىشلارغا چەك قو-
يۇپ، خۇي- پەيلىنى ياخشىلاش» خۇسۇسىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمىز،
تارىخىمىزدا ئۆز كارامىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرسىتەلىدى. ھە
راست، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن «ئاجايىپ يۈز»، بىزنىڭ «قەسىدىگە يا-
رالغان ئەخمىقانە يۈز»ىمىزنى كۆرسىتىدۇ. ئاشۇ يۈزىمىزدىكى زورىغا
كۈرۈنۈۋاتقان تەبەسسۇم، باشقىلار بىلەن ئەسرالاشقان ۋە ئۆزىمىز قىلچە
قىزىقمايدىغان گەپلەرگە ئامالسىز لوقما سالغان چاغلىرىمىزدا ياساپ
چىقىلغان ساختا كۈلكىدۇر. شۇڭا بىزنىڭ مۇسكۇللىرىمىز تەبىئىي
ھەرىكەت ئىختىيارىنى يوقاتقان بولغاچقا، بىر خىل يامان ۋە ئۆكتەم
كۈچنىڭ تەسىرىدىنلا مىدىرلايدۇ؛ تەبەسسۇمىمىز پەقەت يۈزىمىزنىڭ
تېرىسىدىلا پىلدىرلايدۇ؛ يۈرىكىمىز بولسا ئارامسىزلىق ئىچىدە
تېپىرلايدۇ.

## كاللىمىز نېمىگە يارىتىلغان؟

مۇنداق بىر نۇقتىنى ئوچۇق ئېيتقىنىم تۈزۈك. سەن گويا
كۆندۈرۈلمىگەن ئاتتەك خالىغىنىڭنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن،
چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ھاكىملىقىدىكى كىشىلەر تۇخۇمدىن
تۈك ئۈندۈرۈپ، سېنى ھەدەپ قارغايدۇ. شۇڭا، مۇنەججىملىكنى ئاز ـ

تولا ئۆگىنىپ، غەزەپلىك چىرايغا قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىلىشىڭ
زۆرۈردۇر. مەيلى كوچا- كويلاردا بولسۇن، مەيلى دوست- يارانلارنىڭ
ئۆيىدە بولسۇن، يەككە- يېگانە ئادەم ھامان سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچ-
رايدۇ. لېكىن، مۇبادا بۇ خىل سوغۇق مۇئامىلە يەنى نارازىلىق، ئاشۇ
كىشى ئۆزى ئۇچرىغان نارازىلىققا ئوخشاشلا سېنى مەنسىتمەسلىك ۋە
ساڭا بولغان قارشىلىقتىن كەلگەن بولسا، سېنىڭ لام- جىم دېمەي
پېشىڭنى قېقىپ كېتىشىڭ قالغىنىڭ تۈزۈك. ئەمما، كۆپىنچە ھاللاردا
كىشىلەرنىڭ يۈزىدىكى غەزەپ- نەپرەت بىلەن شادلىق جىلۋىسىنىڭ
تۇتامغا چىققۇدەك سەۋەبىمۇ بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ
ئىپادىلەر خۇددى كۆز شامىلىدا قالغان قوناق شېخىدەك ئۇياقتىن بۇ-
ياققا ئىرغاڭشىپ تۇرىدۇ؛ گېزىت خەۋەرلىرىنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى
بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.
يەنە بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، ئاۋامنىڭ غە-
زىپى پارلامېنت ياكى مەكتەپلەردىكى نارازىلىقلاردىن كۆپ كۈچلۈك
بولىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق، جەسۇر ئىرادىلىك كىشى ئۇچۇن ئېيتقاندا،
تەربىيە كۆرگەن سىنىپنىڭ غەزىپىگە بەرداشلىق بېرىش ئانچە قىيىن
ئەمەس. چۈنكى ئۇلار بىر توپ قورقۇنچاق ھايۋان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ-
لارنىڭ غەزەپ- نەپرىتى تەرتىپ- قائىدىلىك ۋە ئۆز يولى بىلەن ئىپا-
دىلىنىپ چىقىدۇ. بىراق بۇنداق غەزەپ- نەپرەت ئادەتتە بىر پەشۋاغا
يارىمايدۇ. مۇبادا ئۇلارنىڭ پىلىلداپ تۇرغان خۇپپىيانە غەزەپ ئوتىغا ئا-
ۋامنىڭ نارازىلىقىدىن ئىبارەت «قۇرۇق ئوتۇن» قوشۇلسا، ئۇنى تەتۈر
قۇيۇن شۇنداق سوققان ھامان، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى نادان
كۈچلەرمۇ شۇ ھامان گۈلخانغا ئايلىنىدۇ- دە، نەرە تارتىپ سۈرەن سا-
لىدۇ. ئۇ چاغدا، كەڭ قورساقلىق ۋە دىنىي تەلىمات ئۆز كارامىتىنى
كۆرسىتىپ، بۇ غەزەپ- نەپرەت گۈلخانلىرىغا ئەرزىمەس ئۇششاق ئىش-
لار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ.
يەنە مۇنداق بىر خىل ۋەھىمىنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئا-
دەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ باش-
ئايىغىنىڭ بىردەك بولۇشىنى تىلەيمىز. ھە دېسىلا ئىلگىرىكى سۆز-
ھەرىكەتلەرنى ئىلاھنىڭ ئەمرى، دەپ بىلىمىز. چۈنكى، باشقىلارنىڭ
نەزىرىدە ھەرىكەت لىنىيىمىزنى بەلگىلەشتە بىزنىڭ ئىلگىرىكى ھە-



رىكىتىمىزدىن ئۆزگە ھېچقانداق ماتېرىيال يوق. يەنە كېلىپ، بىز
ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىنىمۇ ھەرگىز خالىمايمىز.
بىراق، بىز ئۆزىمىزدىن مۇنداق سوئاللارنى سوراپ بېقىشىمىز
كېرەك: كاللىمىز زادى نېمىگە يارىتىلغان؟ رېئاللىقنىڭ پاكىتلى-
رىنى نېمىشقا ھە دېسىلا ئەسلىمەمدىكى جەندە ئىچىدىن ئىزدەيمەن؟
ئاۋامغا دېگەن گەپلىرىمنىڭ ئەسلىمەمگە زىت كېلىپ قېلىشىدىن
قورقىمەن. ناۋادا زىت بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەن ياكى ئەسلىمەم ئۈچۈنلا
ياشاشقا تۆرەلگەنمۇ؟
ئەقىل- پاراسەتنىڭ بىر ئۆلچىمى شۇكى، ئۇ ئەسلىمىنىڭ رايىغا
باقمايدۇ، ھەتتا ئەسلىمىدىكى ھەرىكەتكە ئىشىنىپمۇ كەتمەيدۇ. ئەك-
سىچە، ئەسلىمىنى ئاۋامنىڭ كۆزى پارقىراپ تۇرغان ھازىرقى رېئاللىق
ئىچىدە تەكشۈرۈپ، باھالايدۇ ۋە ئۆزىنى مەڭگۈلۈك يېڭى بىر دەۋر ئى-
چىدە ساقلايدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ مېتافىزىكىسىدا پەرۋەردىگارنى ئادەم-
لەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى رەت قىلدىڭ. ئەمدىلىكتە، ناۋادا روھنىڭ
ئىخلاسى ساڭا قۇچاق ئاچسا، ئۇ گەرچە پەرۋەردىگارغا خىلمۇخىل شە-
كىل ۋە رەڭلەرنى بەرگەن تەقدىردىمۇ، روھنىڭ ئاشۇ ئىخلاسلىرىغا
پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بەيئەت قىلغىن. خۇددى جوزېف كىيىم- كې-
چىكىنى پاھىشە خوتۇنغا تاشلاپ بېرىپ قاچقىنىغا ئوخشاش، سەنمۇ
نەزەرىيىلىرىڭنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەت!
ئەخمىقانە بىردەكلىك ۋە ئىزچىللىق—ئۇششاق سىياسەتۋازلار،
ئەرزىمەس پەيلاسوپلار ۋە باستېرلار سەجدە قىلىدىغان ئىلاھ. تېگى-
تەكتىدىن ئالغاندا ئۇ، ئەرزىمەس قەلبلەرگە يوشۇرۇنغان ئىبلىستۇر.
ئۆزگەرمەس كونا قائىدە- يوسۇنلارغا كانىدەك چاپلىشىۋالغاندا، ئۇ-
لۇغۋار روھ بىقۇۋۋۇللىشىپ كېتىدۇ ياكى ئۇ مەڭگۈ روياپقا چىقمايدۇ.
ناۋادا شۇنداق بولسا، ئۇنداق كونا قائىدە- يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالغى-
نىڭدىن كۆرە، تامدىكى شولاڭغا باش ئۇرغىنىڭ تۈزۈك! قانداق ئويغا
كەلگەن بولساڭ، ھەر كۈنىدىكى ئوي- خىياللىرىڭنى مەردانىلىق بى-
لەن ئۇدۇللۇق بايان قىلىۋەرگىن، ھەتتا دېگەن گەپلىرىڭ ئۆزئارا زىت
چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ، شۇنداق قىل. دۇرۇس، بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ
خاتا چۈشەنچىلىرىگە دۇچار بولىسەن. بىراق، باشقىلارنىڭ خاتا
چۈشىنىشى شۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئىشمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس.

بىددوگلاسنىمۇ باشقىلار خاتا چۈشەنگەن. سوقرات، ئەيسا ئەلەيھىس-
سالام، لۇدۋىگ، كوپېرنىك، گالىلېي، نيۇتونلارمۇ گۆش بىلەن قاندىن
تۈزۈلگەن ۋە پاك، شۇنداقلا ئاقىل روھنىڭ ئىگىلىرى بولغىنى ئۈچۈن
ئاشۇنداق دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار بولغان. قىسقىسى، دانىشمەن بول-
مەن دەيدىكەنسەن ھامان باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىشىگە ئۇچرايسەن.
شۇڭا، دانىشمەنلىكنى قەلبىڭگە پۈككەنىكەنسەن، باشقىلارنىڭ خاتا
چۈشىنىپ قېلىشىدىن قىلچە ۋايىم يېمىگىن.

## ھېچكىم ئۆز تەبىئىتىگە خىلاپلىق قىلالمايدۇ

مېنىڭچە «ھېچقايسىمىز ئۆز تەبىئىتىمىزگە خىلاپلىق قىلال-
مايمىز» دېگەن ھۆكۈمدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. ئادەم ئۆز
مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنبەسى بولغان قانۇنىيەت ئىچىدىن يۈكسەك كۆتۈ-
رەڭگۈ روھ بىلەن چىقىپ كەلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، ھىمالايا قاتارلىق
بۈيۈك تاغلار پەلەككە يەتكەن چوققىلىرى بىلەن قالتىس ھەيۋەتلىك
كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پۈتۈن يەر شارىغا نىسبەتەن ئۇ پەقەت دېڭىزنىڭ
بىر تال تامچىسىلا، خالاس. سەن بىر ئادەمگە قانداق باھا بەر،
ئۇنى قانداق سىناپ كۆر، بۇ ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. بىراق،
ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئالىكساندېرنىڭ مۇۋەششەھلىرىگە ئوخشايدۇ.
مۇۋەششەھنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئوقۇساڭمۇ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا
ئوقۇساڭمۇ ئىشقىلىپ قانداقلا ئوقۇساڭ پەقەت ئوخشاشلا بىر خىل
مەنىنى يورۇتىدۇ.

پەرۋەردىگار مېنى ئورمانلىقتا تۇۋا - ئىستىغبار بىلەن شاد -
خۇرام ياشاشقا بۇيرۇپتۇ. بۇنداق ھاياتىمدىن مەمنۇن مەن. چۈنكى
كەلگۈسۈمدىن ۋايىم يېمەيمەن، ئۆتمۈشۈمدىن ئۆكۈنمەيمەن. پەقەت
ساداقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئوي - خىياللىرىمنى ئۇدۇللۇق خاتىرىلەپ
ماڭىمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىدىيە ۋە ئوي - خىياللىرىمنىڭ
ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى ھازىرچە چۈشىنىپ يېتەلمىسەممۇ، لې-
كىن كىشىلەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ ئوي - خىياللىرىمنىڭ ئا-
ھاڭداش ۋە مۇتاناسىپلىقىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ. كىتابىم-
دىن قارىغاينىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ؛ قۇرت - قوڭغۇزلار-



نىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەنە، دېرىزەمنىڭ ئالدىدىكى
قارلىغاچ ماڭا تەئەللۇق بوشلۇقتا چاڭگا تىزماقتا. مەن قانداق ئادەم
بولسام، كىشىلەر مېنى ئاشۇنداق دەپ چۈشىنىدۇ. خاراكتېرنىڭ
ئۆزگۈت - نەسىھەت رولى، ئىرادىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كىشىلەر ھامان،
ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ھەرىكىتى ئارقى-
لىقلا روياپقا چىقىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ياخشىلىق ياكى يامانلىق-
نىڭ ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنت گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ.

رېئاللىق ناھايىتى ئۆزگىرىشچان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىن-
ساننىڭ ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تۇرلۇك - تۈمەن ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە باشتىن - ئاياغ بىر خىل
بىردەكلىك سىڭگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ گويا بىر تال يىپقا تىزىلغان
مارجانلارغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ ھەربىر ھەرىكىتى
ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكى ۋە تەبىئىيلىكىنى نامايان
قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەرقانچە پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭدا ھامان بىر خىل ئورتاق خاھىش نىشانلانغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ
ئىنتايىن ئاھاڭداشلىق ۋە ماسلىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بەلگىلىك
پەرقلىنىدىغان ئىدىيە مۇئەييەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەندە، ھەرد-
كەتتىكى پەرقلەر ئۆز ئېغىدىن تۈگەيدۇ-دە، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى
ئورتاق بىر يۆزلىنىشنى بويلاپ بىرلىككە كېلىدۇ. ئەڭ ياخشى كې-
مىنىڭ مۇساپە لىنىيىسىمۇ ئەگرى - بۈگرى بولىدۇ. بىراق، يىراق-
تىن قارايدىغان بولساق بۇنداق ئەگرى - بۈگرى لىنىيىمۇ تۈز كۆرۈنىدۇ.

ئۆزۈڭنىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرىنى ئاقلاپ توختىماي سۆزلەپ
كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۆزۈڭنىڭ ھەرىكىتى—ئەڭ كا-
مىل باياناتچى. ئۇ، سېنىڭ قانداقلىقىڭنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە
چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، سېنىڭ باشقا چىن ھەرىكەتلىرىڭنىمۇ ئاپ-
ئاشكارا بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بىراق، سەندىكى ئىتائەتمەنلىك ئاخىر
سېنى ھېچنېمىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان گاچىغا ئايلان-
دۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، مۇستەقىل ھەرىكەت قىل! ئۆزۈڭنىڭ بارلىقى
سېنىڭ ھەققانىي ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىڭنى بىر- بىرلەپ ئىسپاتلاپ
كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا، كەلگۈسۈڭگە مۇراجىئەت قىلمىقىڭ زۆرۈردۇر.
ناۋادا، سەن بۈگۈن تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا

چىقىرىپ، كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلالىغان بولساڭ، بۇ ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋۇجۇدقا چىقىرالىغانلىقىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئۆزۈڭنى ئاقلىغانلىقىڭ. قىسقىسى، كەلگۈسىڭنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ھازىرقى ئى-شىڭنى ئوبدان قىلغىن. ناۋادا تاشقى قىياپەتكە بويۇن ئەگمىسەڭلا، ئىشلىرىڭنى ئەبەدىي مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تەرەپ قىلالايسەن.

سۇ تامچىسى تاشنى تېشەلەيدۇ. خاراكتېرنىڭ كۈچى تەدرىجىي جۇغلىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر، بۈگۈنىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جۇغلانمىدۇر. چۈنكى ئاشۇ كۈنلەردىكى جىمى بايلىق دەل بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ئۈچۈن توپلانغان. زادى قانداق كۈچ پارلامېنت ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىكى قەھرىمانلارنىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى ھاياجانغا سالىدىغان سىر- ھەيۋىسىنى ياراتتى؟ بۇ كۈچ دەل، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ كەلگەن ئاشۇ ئۇلۇغ يىللار ۋە بۈيۈك غەلىبىلەردىن ھاسىل بولغان ئاكتىپ ئاڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئاشۇ ئۇلۇغ يىللار ۋە بۈيۈك غەلىبىلەر بىر دەستە نۇرغا ئاي-لىنىپ، جەسۇرانە ئىلگىرىلىگۈچىلەرنىڭ مەنزىلىنى يورۇتتى ۋە گويا رېئاللىقتىكى پەرىشتىگە ئوخشاش ئۇلارنى ئۆز ھامىيلىقىدا ساقلىدى. دەل ئاشۇ نۇر گۈلدۈرماما بىلەن چاقماقنى گراف چاتامنىڭ ئاۋازىغا سىڭدۈردى؛ ۋاشىنگتوننىڭ ھەرىكىتىگە سىر- ھەيۋە بېغىشلىدى؛ ئا-دامسىنىڭ كۆزىگە ئامېرىكىنى كۆرۈش قۇدرىتى بەردى. بىزگە نىسبە-تەن، شان- شەرەپ ئېچىلىپلا توزۇپ كېتىدىغان ھۆرىگۈل بولمىغاچقا، ئۇ كىشىنى ئالىي ئېھتىرامغا نائىل قىلىدۇ. بۇ ھەم ئەلمىساقتىن تارتىپلا گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈنگە تەئەللۇق نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، بىز ئۇنىڭغا بۈگۈن ئاجايىپ چوقۇنۇۋاتىمىز. بىز ئۇنى قەدىرلەيمىز، ئۇنىڭغا تېۋىنىمىز. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ قەدىرلىشىمىز ۋە تېۋىنىشىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش قەستى-دىكى تۇزاق ئەمەس، بەلكى ئۆز كۈچىگە تايىنىشنىڭ مەھسۇلى. ئۇ بىر خىل قەدىمىي ۋە پاك قاننىڭ ساقىندىسى. بۇ خىل قاننىڭ ساقىندىسى ھەتتا ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ تومۇرىدىمۇ ئوخشاشلا ئەۋج ئۇرالايدۇ.



# قۇرۇپ كەتسۇن ئىتائەتمەنلىك

بۇ، «ئىتائەتمەنلىك» دېگەن قارغىش تەگكۈر سۆزنى ئاخىرقى قېتىم ئېغىزغا ئېلىشىم بولۇپ قالسىكەن، دەيمەن. شۇڭا مېنىڭچە ئۇ قارغىش تەگكۈرنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈۋېتەيلى. ئۇ ئۆزى تۇرىدىغان جايغا بارسۇن، پۈتۈن ئەزايىنى\مەينەتچىلىك قاپلاپ، تۇتۇرۇقسىز ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتسۇن. شۇنداق قىلالىساقلا، ھەر قېتىملىق تاماق ئۈچۈن ئەسەبىيلەرچە داقا ـ دۇمباق چېلىشتىن قۇ-تۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاجايىپ گۈزەل مېلودىيىلەرنى ياڭرىتالايمىز. ھەممىگە ئېگىلىپ خوش- خوش دېيىشتىن، ھە دېسىلا باشقىلارغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشتىن قۇتۇلىمىز. مۇبادا بىر ئۇلۇغ ئەرباب ئۆيۈمگە تاماققا كەلگەن بولسا، مەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشنى خالىمايمەن، ئەكسىچە ئۇنىڭ ماڭا خۇشامەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى مەن ئادىمىيلىكنى قوغداشقا تەشنا. گەرچە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مې-ھىر- شەپقەتكە تولۇپ تېشىشىنى ئۈمىد قىلساممۇ، لېكىن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چىنلىق ۋە سەمىمىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ تەشنامەن. شۇڭا بىز، خەلقئالەمنىڭ غەزەپ- نەپرىتىگە پىسەنت قىلماي، زامانىمىزدىكى ھەرقانداق ئىشتا ياغلىما تىللىق قىلىپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ئىستىلىنى قاتتىق سۆكۈپ، تارىخ يەكۈنلىگەن ھەرقانداق پاكىتنى ئادەت ـ يوسۇن ۋە بارلىقىمىز ئالدىدا ئايان قىلايلى. چۈنكى، ئىنسان نەدە بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغان بولسا، شۇ يەردە ئۇلۇغ ۋە مەسئۇلىيەتچان بىر مۇتەپەككۇر ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. ھەر-قانداق چىن ئىنسان، ھېچقانداق ۋاقىت ۋە بوشلۇقتا تەئەللۇق بولمايدۇ، بەلكى ئۇ بارلىق قىلمىش- ئەتمىش ۋە جېمى مەۋجۇداتنىڭ مەركىزىدە لىللا تۇرىدۇ.

كايسېر ئىسىملىك بىر ئىنسان دۇنياغا كەلدى. ئۇ دەۋرگە ماس-لىشىپ نۇرغۇن كۆرەشلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ رىم ئىمپېرىيىمىز يارىتىلدى. مەسىھ دۇنياغا كەلدى. مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان قەلب ئۇنىڭدىكى تالانتنىڭ نۇرىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۇنىڭغا ساداقەت بىلدۈردى. ۋاقىتنىڭ

ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر مەسھ بىلەن گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىند-
سانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى بىر- بىرىگە سىڭدۇرۇۋەتتى. بىر خىل
تۈزۈمنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىر ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇپ
يېتىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەسىلەن، ئانتونى قەدىمكى خىرى-
ستىيانلار جەمئىيىتىنى قۇردى؛ دىن ئىسلاھاتى لۇدۋىگدىن باشلاندى؛
فولكىس فرېندىسچىلار جەمئىيىتى، ۋىسلېي مېتودىستچىلار جەمئى-
يىتى قۇردى؛ كلاركسون قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىنى
قوزغىدى؛ سېيىبىئابېمىلتون «رىمنىڭ سەرخىلى» دەپ ئاتالدى. ئو-
مۇمەن، پۈتۈن تارىخ ئۆزىنى ناھايىتى ئاسانلا بىرقانچە قۇدرەتلىك كى-
شىنىڭ بۈيۈك تەرجىمىھالىغا پارچىلايدۇ، خالاس.

سەن مانا ھازىردىن باشلاپ، ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى قايتا تونۇ-
غىن؛ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ قۇلى بولۇۋەرمەي، ئۇلارنىڭ بېشىغا دەس-
سەپ ئۆزۈڭگە قۇل قىل. بۇ دۇنيا ئەزەلدىنلا بىز ئۈچۈن يارالغان. شۇڭا
بېشىڭنى تىك تۇتۇپ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن دەخلىسىز ھەرىكەتكە ئۆت. ھەر-
گىزمۇ دارىلئېيتامدىكى يېتىملار ۋە ھارامدىن بولغان بالىلاردەك ياكى
يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان كىشىلەردەك ئوغرىلىقچە ماراپ
يۈرمىگىن.

رېئاللىقتا مۇنداق ئىشلار ئاز ئەمەس: ئادەتتىكى بىر ئادەم بىرەر
ئېگىز مۇنارنى ياكى مەرمەر تاشتىن قاتۇرۇلغان ئىلاھ ھەيكىلىنى
كۆرگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىلىنەر- بىلىنمەس بىر خىل سېزىم پەيدا
بولىدۇ- دە، ئۆزىنى ئاشۇ مۇنار ياكى ھەيكەلنى ياسىغۇچىلار بىلەن
سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىر سىنىقتا ئەرزىمەس ئىكەنلىكىدىن نو-
مۇس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭچە بولغاندا، بىرەر ئوردا، بىرەر ھەيكەل ۋە
بىرەر پارچە ئەھمىيەتلىك كىتاب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھېچ-
كىمگە پوش دېمەيدىغان تەكەببۇرلۇققا تولغان. شۇڭا ھەتتا ئۇنىڭ ئال-
دىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭدىن: «ئەپەندىم، سىز كىم بولىسىز؟» دەپ
سورىغۇسى كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇنداق بىر ھالقىلىق نۇقتىنى
ئەستىن چىقىرىپ قويغانىدى: ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ كى-
شىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئاشۇ كىشىنىڭ مالىيى ۋە ئەنجاملىرىدۇر. ئۇ
نەرسىلەر ئاشۇ كىشىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئۆز كارامىتى ئار-
قىلىق ئاشۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشىنى يەنى ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ



مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىد-
شىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان مۇنداق بىر مەسەل
بار: غەرق مەست بولۇپ كەتكەن بىر زابوي كوچىدا توپىغا مىلىنىپ
يېتىپتىكەن، ئۇنى كىشىلەر كۆتۈرۈپ گرافنىڭ مەھكىمىسىگە ئې-
لىپ كىرىپتۇ ۋە پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، گرافنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ
قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى گراف دەپ قېلىپ، ئۇنىڭغا
بولغان خۇشامەتنى چېكىگە يەتكۈزۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: «سىلى بىر
مەھەل ئەسلىرىنى يوقىتىپ قويدىلا» دەپ كاپالەت بېرىپتۇ.

بۇ مەسەلدە ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھالىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەنلىكى
ئۈچۈنلا، كىشىلەر ئۇنى ئاشۇنداق ياقتۇرۇپ قالغان. چۈنكى ئادەم پانىي
دۇنيادا ئەلەڭ- سەلەڭ يۈرگەن مەستكە ئوخشايدۇ. ئۇ ھوشىنى تېپىپ،
ئەقلىنى ئىشقا سالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدە ھەقىقىي بىر
شاھزادە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

## تەسەۋۋۇرىمىزغا ئالدانماقتىمىز

كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا كىتاب ئوقۇغانلار باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇ-
رىدۇ، دەيدىغان قاراش چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بىراق، مېنىڭچە كىتاب
ئوقۇش پەقەت تىلەمچىلىك، تەييارتاپلىقتىن ۋە تارىخىي تەسەۋۋۇرلارغا
ئالدانماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پادىشاھ بىلەن ئاقسۆڭەكلەر، ھوقۇق
بىلەن كاتتا قورۇ- جاي، ئاددىي پۇقرالار ۋە سانسىزلىغان جون، ئېد-
ۋاردلارغا قارىغاندا ھەشەمەتلىك سەلتەنەتتىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.
لېكىن، مېنىڭچە بۇ ئىككى تەبىقىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىشلىرى ئوپ-
مۇئوخشاش بولىدۇ، ھەرگىزمۇ بىرىنىڭ ئارتۇق، بىرىنىڭ كەم بول-
مايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن ئالفېرد، سكاندېب، گۇس-
تافلارغا خۇددى ئەۋلىيادەك چوقۇنىسەن؟ ئۇلارنى ئەخلاق بابىدا تەڭ-
داشسىز دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار دۇنيادىكى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى-
نى قىلىپ تۈگەتكىنى يوقتۇ؟ ئىلگىرى سېنىڭ شەخسىي پايدا ـ زىد-
يىنىڭ ئاشۇنداق ئۇلۇغلارنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقى بىلەن ماڭغان
ياكى ماڭمىغانلىقىڭغا باغلىق بولغان بولسا، مانا ئەمدىلىكتە ئۇ

ئۆزۈڭگىلا باغلىق. شۇڭا، پۇقرالار ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كاللىسىغا
تايىنىپ ئىش كۆرىدىغانلا بولسا، خان تاجىنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرغان
نۇر، ئۆزلۈكىدىنلا يوكسەك ئىرادىلىك ھەققانىي كىشىلەرنىڭ ماتا
تونلىرى ئۇستىگە كۆچىدۇ.
بۇ دۇنيانى ئەزەلدىن پادىشاھلار ئالغا يېتەكلەپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇلار
بىزگە ئوخشاش ئاددىي پۇقرالارنىڭ ھەتتا باشقا ئەللەرنىڭ دىققىتىنى
گويا ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ غايەت زور سىمۋول
بىزگە شۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: «پۇقرالىرىم، بىر- بىرىڭلارنى ھۆر-
مەت قىلىڭلار! ئالىيجاناب ۋە بۈيۈك خوجايىنىڭلاردىن بولمىش پادى-
شاھ، ئۆزىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئەل ئىچىدە ياشايدۇ؛ شەيئىلەرنى قان-
داق ئۆلچەشنىڭ ئەندىزىلىرىنى بېكىتىدۇ. كىمكى ساۋابلىق ئىش
قىلسا پادىشاھ ئۇنى پۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى شان- شەرەپ بىلەن
تارتۇقلايدۇ. ئۆزىنى قانۇننىڭ ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ، ھەممىگە قو-
ماندانلىق قىلىدۇ!»
پادىشاھنىڭ نېمە قىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىلچە كارى
بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن پادىشاھقا
بولغان سەممىي ساداقىتى گويا بىر خىل تەسۋىرىي يېزىقتەك ئوخ-
شايدۇ. كىشىلەردىكىسى گەرچە بىر خىل مۇجمەل ئاڭ بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار ئاشۇ ئاڭنى يەنىلا ئۆزىنىڭ ھەتتا ھەممە كىشىنىڭ ھو-
قۇقى ۋە قەدىر- قىممىتىنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدۇ.
ئەگەردە بىز ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئىزدەپ كۆ-
رىدىغانلا بولساق، بارلىق ئىپتىدائىي ھەرىكەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئۆزىگە
ئىشىنىشتەك قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈ-
شىنىپ يېتەلەيمىز. ئۇنداقتا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم زادى كىم؟ ئىن-
سانلار ئومومىيۈزلۈك تايىنىپ كەلگەن ئىپتىدائىي «ئۆزلۈك» زادى
نېمە؟ پاراللاكسى① ۋە ئۆلچەش ئېلېمېنتى بولمىغان، ئىلىم- پەننى
ئامالسىز قالدۇرۇۋاتقان يۇلتۇزلار نېمە ئۈچۈن گۈزەللىك نۇرلىرى
بىلەن ئەڭ رەزىل قىلمىشلارنى ئاشكارا يورۇتۇپ، ئاشۇ رەزىللىكلەردە
ئۆزىنىڭ سىرلىق ئىزلىرىنى قالدۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىقتىدارى زادى
نېمە؟

① پاراللاكسى — كۆرۈنۈش پەرقى



بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مەيدانغا چىقىۋاتقان بۇنداق ئىزدىنىش
سوئاللىرى بىزگە بۇلۇتنى يېرىپ قۇياشنى كۆرۈش، يېڭىۋاشتىن تو-
نۇش ئىمكانىيىتى بەردى. ئەسلىدە بۇنىڭ ئۆزى دەل تالانتنىڭ ماھى-
يىتى ئىكەن، جۈملىدىن گۈزەل ئەخلاق ۋە ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىمۇ
دەل شۇ يەردە ئىكەن. بىز ئۇنىڭغا «ئىستىخىيىلىك»، «تەبىئىي تۈيغۇ»
دەپ ئات قويدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېگىزلىك ئەقىل- پاراسەت
بولۇپ، بىز ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بىۋاسىتە سېزىم دەپ ئاتايمىز.
كېيىنكى تەلىم- تەربىيە «ئۆگىنىش» ھېسابلىنىدۇ. مەۋجۇدات
ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مەنبەسىنى ئىنتۇئىتسىيىدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك
كۈچ ئىچىدىن شۇنداقلا تەھلىل قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئاداققى
پاكىتلار ئىچىدىن بايقىدى. شۇڭا، مەۋجۇتلۇق ئېڭى روھتىن بالقىپ
چىقىۋېدى، بىز ئىمتاسلىق ئىچىدە گومۇش پېتى تۇرۇپ قالدۇق. ئاشۇ
ئىنتۇئىتسىيىنىڭ ئۆزى دەل بىز. ئۇنىڭ مەۋجۇدات، بوشلۇق، نۇر،
ۋاقىت بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەگەردە، پەرقى بار دېيىلسە، بۇ
پەرق پەقەت ئۇلارنىڭ بىر تۈپ ئامەت دەرىخى شاخلىرىدا پورەك ئاتقان
خىلمۇخىل گۈللەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدىنلا، خالاس. بۇنىڭدىن
شۇنى بىلىۋېلىش ئاسانكى، ھەممىنىڭ مەنبەسى، يىلتىزى بىر.
مەۋجۇداتنىڭ گۈلتاجى، ئالەمنىڭ جەۋھىرى بولمىش ئىنسانلار
مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسى بولغان ھاياتلىقتىن ئالدىن بەھرىمەن
بولدۇق. ئاندىن مەۋجۇداتنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل ھادى-
سىلەر، دەپلا بىلىپ، ئۇلار بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ
كەتتۇق. مانا بۇنىڭ ئۆزى، ھەرىكەت ۋە تەپەككۇرنىڭ مەركىزىدۇر. بۇ
ھەم پەرۋەردىگارغا ئىشەنمەيدىغانلار ۋە ئاتېئىزمچىلار ئىنكار قىلىد-
غان ئىنسان ئەقىل- پاراستىنىڭ ئىلھام بۇلىقىدۇر. بىز ئاشۇ ئە-
قىل- پاراسەتنىڭ چەكسىز قۇچىقىدا باغاشلىنىپ ياتىمىز. ئاشۇ ئە-
قىل- پاراسەت بىزنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغۇچى قورۇلما ۋە ئۆزىنىڭ
ھەرىكىتىنى روياپقا چىقارغۇچى جىسىمغا ئايلاندۇرىدۇ. بىز ھەققاند-
يەت ۋە ھەقىقەتنى بايقىغان چېغىمىزدا ئاشۇ ئەقىل- پاراسەتنىڭ نۇ-
رىنى يالتىرىتىپلا قويىمىزدە، ھەرقانداق ئىشقا پاسسىپ پوزىتسىيە
تۇتىمىز. مۇبادا بىز ئاشۇ ھەقىقەت نۇرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى
سوراپ باققان، مەۋجۇداتنىڭ مەنبەسى ئۇستىدە چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ

باققان بولساق، ئېھتىمال بارلىق پەلسەپە يەشكىلى بولمايدىغان سىرغا
ئايلىنىپ قالار ئىدى. ھەقىقەت نۇرىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئە-
مەسلىكىنى پەقەت بىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمىزلا تولۇق ئىسپاتلى-
يالايدۇ. ھەرقانداق ئادەم قەلبىدىكى مەقسەتلىك ھەرىكەتنى بىلەن مەق-
سەتسىز تۇيغۇسىنى پەرقلەندۇرەلەيدۇ، شۇنداقلا بىر خىل مۇتلەق ئې-
تىقادنىڭمۇ دەل ئاشۇ مەقسەتسىز تۇيغۇدىن كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان
بىلىدۇ. ئۇ كىشى گاھىدا ئاشۇ تۇيغۇسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمە-
سىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گويا كېچە بىلەن كۈندۈزدەك مۇنازىرە تەلەپ
قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مېنىڭ ھەرىكەت ۋە ھاسىلاتىم دەلىل-
سىز ئوي- خىياللار ۋە تەبىئىي ھېسسىياتتىنلا ئىبارەت. ئۇ مېنىڭ
قىزىقىش ۋە ئىززەت- ئىكرامىمنى ئالغا يېتەكلەيدۇ.

تەپەككۇر قىلمايدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇيغۇسى ۋە چۈشەن-
چىلىرىنى بايان قىلغاندا، ئىزھارلىرى ئاسانلا زىددىيەتلىك بولۇپ
چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۇيغۇ بىلەن نۇقتىئىنەزەرنى پەرقلەندۇرەلمەيدۇ.
ئۇلار پاكىتنىڭ پەقەت تاشقى قىياپىتىنىلا كۆرىدۇ. ۋەھالەنكى تۇيغۇ
...گىنىڭ خىيالى ئەمەس ھەمدە ئۇنى تەرك ئەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مۇبادا
مە.. بىر خاراكتېرنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان بولسام ئەۋلادلىرىممۇ ماڭا
ئەگىشىپ ئۇنى تونۇپ ماڭىدۇ. ئاشۇ خاراكتېرنى ئاخىر ھەتتا پۈتۈن
ئىنسانىيەت تونۇيالايدۇ. دۇرۇس، بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچى-
لىكى يوق. چۈنكى مېنىڭ ئاشۇ خاراكتېر ھەققىدىكى ھېس - تۇيغۇ-
لىرىم خۇددى قۇياشقا ئوخشاش ئاپئاشكارا پاكىت، خالاس.

روھ بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن پاكىتتۇر.
شۇڭا ئۇلارغا ھەمكارلىشىمەن، دېگەن ئەخمىقانە خىيالدا ئۇلار ئارىسىغا
قىستىلىۋالما. ناۋادا شۇنداق قىلساڭ، چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى
قارىغۇ قىلغان، ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسەن. شۇنى ئې-
سىڭدە تۇتۇشۇڭ لازىم: پەرۋەردىگار زوۋۇانغا كەلگەن چېغىدا ئۇ بىرەر
ئىشنى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قىلمىش - ئەتمىشنى بايان قىلىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈنىنى يەرۇ زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلايدۇ. ئۇ ھەممىنى
باشتىن باشلاپ، ھاياتنى قايتا يارىتىدۇ. مانا بۇ چاغدا يورۇقلۇق، تەبى-
ئەت، ۋاقىت ۋە روھ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئىچىدىن بالقىپ چىقىدۇ.
پاك قەلب ھەر قېتىم مۇقەددەس ئىدراكنى قوبۇل قىلغان چېغىدا، كونا



شەيئىلەر پاك - پاكىز يوقايدۇ. جۇملىدىن ۋاستە، ئۇستاز، پەندنامە،
ئىبادەتخانا ... دېگەنلەرنىڭ ئىزناسىمۇ قالمايدۇ. بۇ خىل زەكىي تۇر-
مۇش① ھازىرغا تەئەللۇقتۇر. چۈنكى ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى بۇ خىل
زەكىي تۇرمۇشنىڭ ھەممىسى ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى دەقىقە ئىچىدە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ھازىر بىلەن زىچ باغلانغان. مەۋجۇدات
ئىنتايىن مۇقەددەس ۋە پاكتۇر. شۇڭا ئۇلار ئارىسىدا زامان ئىلگىرى-
كېيىنلىكى بولمايدۇ.

مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئورتاق سەۋەب ۋەجىدىن يارى-
تىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئورتاق بىر مەركەزگە مۇجەسسەملەنگەن بو-
لىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر ئومۇمىي مۆجىزات مەيدانغا كەلگەن ھامان
باشقىدەك ئۇششاق - چۈششەك ۋە پەۋقۇلئاددە مۆجىزاتلار غايىب بولى-
دۇ. شۇڭا، بىرەرسى ساڭا پەرۋەردىگارنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ،
پەرۋەردىگار ھەققىدە گەپ سېتىپ، سېنى باشقا بىر ئەلدىكى مەلۇم
قەدىمىي مىللەتنىڭ سەپسەتىلىرى ئىچىگە غەرق قىلماقچى بولسا،
ساڭا شۇنى دەپ قويايكى، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلما! ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلە-
ۋەرسۇن!

بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ساۋابلىق ئىش، دۇب دەرىخى ھەققىدە ئەمەس،
بەلكى دۇب ياڭىقى ھەققىدە گەپ قىلىشتۇر! ئادەم ئۆزىنىڭ يېتىلگەن-
لىكىنى دادىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بالىسى ئارقىلىق نامايان
قىلىدىغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئۆتمۈش ھەققىدە ئاغزىمىز بېسىقماي
گەپ ساتىمىز؟ خۇددى ئاشۇ ئۆتمۈشۈڭدىن ئۆزگە ھېچقانداق
ئىنتىلىشىڭ يوقتەك، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئۆتمۈشۈڭگىلا باش ئۇرىسەن؟
تالاي ئەسىرلەر ئۆتتى. بىراق، روھنىڭ ساغلاملىقى ۋە نوپۇزى نىشان-
لانغان سۈيىقەستلەر بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىدى. شۇ نەرسە يادىڭدا
بولسۇن: روھ ئۇ بىر نۇردىن ئىبارەت. شۇڭا نەدە روھ بولسا، شۇ يەر
يورۇيدۇ. نەدە روھ يوقالسا شۇ يەرنى زۇلمەت باسىدۇ. چۈنكى زامان بە-
لەن ماكان كۆزىمىز ياراتقان فىزىئولوگىيىلىك رەڭلەردىنلا ئىبارەت،
خالاس. يەنە كېلىپ، مۇبادا تارىخ بىزنىڭ يارىلىشىمىز ۋە مەۋجۇتلۇ-
قىمىز ھەققىدىكى گۈزەل چۆچەكلا بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ — بىر خىل

① زەكىي تۇرمۇش — ئىنساننىڭ قەلبى ۋە تۇيغۇسىدىكى مەنىۋى ھەرى-
كەت ۋە تۇرمۇش.

بەتقىلىق، بىر خىل زىيانلىق قىلمىش، بىر قازالىق قىلتاق!

## ئادەم هامان توخۇ يۈرەك

مەن هەرهالدا شۇنى كۆرۈپ يەتتىم. هازىرقى كىشىلەر كۈندىن - كۈنگە قورقۇنچاقلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە، ئۆزىدىن ئۆككۈنۈپلا، گويا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك دەككە-دۈككە ئىچىدىلا يۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ جەسۇرلۇقى ئاللىقاياقلارغا يىتتى. ئۇلار «مەن»، «مېنىڭچە» دېگەن گەپلەرنى ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار پەقەت كلاسسىك ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاغزى بىلەن باشقىلارنىڭ يەنى مۇردىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار بىرەر يېڭى ياپراق ياكى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈلنى كۆرگەن چېغىدا لاسىدە بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. بىراق، دېرىزەمنىڭ تەكچىسىدىكى ئەتىرگۈل باشقا ئەتىرگۈللەرگە ياكى ئۆزىدىن چىرايلىق ئەتىرگۈللەرگە نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمايدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ هازىرقى هالىتىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ ئېهتىمال كۆڭلىدە شۇنداق دەپ ئويلايدۇ: «مەن پەرۋەردىگار بىلەن بىرگە مەن!» تەكچەمدىكى ئۇ گۈلگە نىسبەتەن پورەكلەپ ئېچىلغان ئاشۇ ئەتىرگۈلدىن ئۆزگە هېچقانداق زامان ۋە ماكان مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭغا نىسبەتەن هەر مىنۇت - هەر سېكۇنتلۇق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزى يېتۈكلۈكتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى يوپۇرماقلىرى تېخى بىخ سۈرۈشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ پۈتكۈل هاياتى لەرزىگە كېلىپ بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ هاياتىي كۈچى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلى ۋە يوپۇرماقسىز يىلتىزلىرىدا ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەبىئىتى قانائەت تاپىدۇ هەم تەبىئىتىنىمۇ قانائەتلەندۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل هاياتى هەر مىنۇت - هەر سېكۇنت ئەنە ئاشۇنداق بولىدۇ.

ئەمما، ئادەملەرنىڭ ئۆمرى هامان سۆرەلمىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇلار ئەسلىمىسى ئىچىگە مەهكەم بېكىنىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن قىلچە ۋاز كەچمەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ هاياتى هازىرغا تەئەللۇق بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆزى هامان ئارقىسىغىلا قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۆتمۈشى ئۈچۈن ئاه ئۇرۇپلا ئۆتىدۇ ياكى ئەتراپىدىكى بايلىقلار بىلەن



كارى بولماي، پۈتلىرىدىكى توپىلارنى كۆچەپ قاققىنىچە، كەلگۈسىدىكى كۈنلىرىگە تەلمۈرۈپ كۆزى تۆت بولىدۇ. ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاگاهلاندۇرۇشىمىز كېرەك: هەي ئادەملەر، تەبىئەت بىلەن بىرلىكتە زاماندىن هالقىپ، تۇرمۇشۇڭلارنى هازىردىن باشلىمىساڭلار، خۇشاللىق بىلەن جەسۇرلۇققا ئەبەدىي ئېرىشەلمەيسىلەر!

بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك نۇقتا. لېكىن بىز جاسارەتلىك ئاقىللارغا قاراپ باقايلى، ئۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقانلىرى داۋىد ۋە پاۋل قاتارلىقلارنىڭ مەن ئۇقمايدىغان گەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىز هەمىشە بىرنەچچە پارچە پەندنامە ۋە تەرجىمىهالنى يادلاپ ئولتۇرساق بولماس؟ بىز بەئەينى كىچىك بالا. مومىمىز ۋە ئائىلە ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى قارىسىغا يادلايمىز. شۇنىڭ بىلەن چوڭ بولۇپ ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئىستىبداتلىق، ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆز پېتى يادلايمىز. ئاشۇ «يادنامە»لەرنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا رىيازەت چېكىشكە رازى بولىمىز. كېيىن، ئاشۇ كىشىلەر ئېيتقان ئىقتىدارنى ئۆزىمىزدە هازىرلىغان چاغدىلا ئاندىن ئۇلارنى هەقىقىي چۈشىنىپ يېتىمىز - دە، ئاندىن ئاشۇ دەستۇرلارنى تاشلىۋېتىشكە كۆزىمىز قىيىدۇ. چۈنكى، پۇرسەت كەلگەن هامان بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش گەپ - سۆزنى دەل جايىدا قىلىپ، تالانتىمىزنى نامايان قىلالايمىز.

مۇبادا هاياتىمىز چىن هايات بولسا، كۆزىمىزمۇ چىن شەيئىلەرنى كۆرەلەيدۇ. بۇ خۇددى كۈچلۈكلەرنىڭ مەڭگۈ كۈچلۈك، ئاجىزلارنىڭ مەڭگۈ ئاجىز بولغىنىغا ئوخشايدۇ. بىز يېڭى بىر تۇيغۇغا ئېرىشكەندە، كاللىمىزدىكى ئەڭگۈشتەر كەبى ئەسلىمىلەرنى گويا ئەخلەتنى چۆرۈگەندەك تاشلىۋېتىشكە رازى بولىمىز. بىر ئادەم پەرۋەردىگار بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۇنى خۇددى بۇلاق سۈيىنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

مانا بىز هازىر ئىنتايىن هالقىلىق پەيتكە قەدەم قويغان بولساقمۇ، لېكىن پارىڭىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي هەقىقەت هەققىدە گەپ ئېچىپ باقمىدۇق. مېنىڭچە ئۇ هەقتە هەم مۇلاهىزىمۇ قىلالمايمىز.

چۈنكى، بىز گەپ سېتىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە سېزىم ھەققىدىكى يىراق ئەسلىمىلەرلا، خالاس. تۆۋەندە مەن ئەڭ ئەپچىل چارە بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا روشەنلىشىپ بارىدۇ: ياخشىلىق ساڭا يېقىنلاشقان، ھايات نۇرى ساڭا چىراي ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىز كۆرۈپ يۈرۈپ كۆزىمىز كۆنۈپ قالغان يوللار ئارقىلىق يېنىڭغا يېتىپ كېلەلمەيدۇ، سەن ھەم ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى بايقاشقا، ئۇلارنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشقا ئامالسىزسەن... چۈنكى ئۇنداق ياخشىلىق، ئۇنداق يول ۋە ئۇنداق ئىدىيىلەر يورۇق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك يېڭى ۋە سەبىي كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مىسال، تەجرىبە دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقىدۇ. شۇڭا، سەن ئۇلارنى بايقاشتا قوللىنىشقا بولىدىغان كونا مىساللارنى ئىزدەپ تاپالمايسەن.

دۇرۇس، پۈتلىرىڭ دەسسەپ تۇرغان يولنىڭ بىر ئۇچى باشقىلارنىڭ پۈتى ئاستىدا. بىراق، ئۇ يول سەندىن ئاشۇ كىشىلەر تەرەپكە مېڭىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يولنىڭ ئۇنتۇلغان ۋاكالەتچىسى. چۈنكى مەيلى ۋەھىمە بولسۇن ۋە مەيلى ئۈمىد بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يولنىڭ سايىسىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ يول ئىستەك- ئۈمىدلەر ئىچىگە يەنە مەلۇم پەس ئارزۇ- ھەۋەسلەرنىمۇ سىغدۇرغان بولىدۇ. يوقىلاڭ خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغان چاغلىرىمىزدا، ئاشۇ خىيال دېڭىزىدىن كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈدەك بىرەر نەرسىنى ئۇچرىتالمايمىز. ئۇچۇقراقىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىپايان دېڭىز شادلىق دەپ ئاتىغۇدەك بىرەر نەرسىنى روياپقا چىقىرالمايدۇ.

قايناق ھېسسىياتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان روھنىڭ ھەممىگە قادىر كۆزى بولغاچقا، ئۇ بىردەكلىك ۋە مەڭگۈلۈك سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى كۆرۈپ يېتەلىدى؛ ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتنى تونۇپ يېتەلىدى. قىسقىسى، ھەممە ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭلا، تەمكىنلىك ئاسمىنىدا بىمالال قانات قاقالايسەن. تەبىئەتنىڭ پاسىلسىز بوشلۇقى، جۇملىدىن ئاتلانتىك ئوكيان، تىنچ ئوكيان، ئۇزاققا سوزۇلغان زامان مۇساپىسى، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋاتقان يىللار، ئەسىرلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا نىسبەتەن



كارى چاغلىق نەرسىلەر. ئىلگىرى مەن ئويلاپ ۋە ھېس قىلىپ يەتكەن بۇ نەرسىلەر دەسلەپكى تۇرمۇشۇم ۋە ھاياتلىق مۇھىتىمنىڭ ئاساسى بولغانىدى. مانا ئەمدى، ئۇ ھازىرىمنىڭ ۋە ئاتالمىش ھايات - ماماتىمنىڭ ئۇلىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

## بىزگە كېرىكى ھاياتلىقلا

شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، يەر دەسسەپ يۈرۈۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەممىدىن مۇھىمى ئىلگىرىكى تۇرمۇشىمىز ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ھاياتلىقىمىزدۇر. چۈنكى، تىنىقتىن توختىغان ھامان، جىسمىمىزدىكى كۈچ- قۇدرەت ئاللىقاياقلارغا يىتىدۇ. چۈنكى، ھاياتلىق مەڭگۈ كونا ھالەت يېڭى ھالەتكە ئورۇن بوشىتىدىغان ھەرىكەتچان زامان بۆشۈكىدە، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ئۆركەشلىرىدە، نىشانغا قاراپ ئۆزىنى ئاتقان كۈچلۈك ئىنتىلىشلەردىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، روھ ھاسىل قىلغان، ئەمما تىرىك ئادەملەرنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان پاكىت، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھاياتلىق، ئۆتمۈشنى مەڭگۈ كەمسىتىپ، بارلىق دەپسىنى كۆلگە، بارلىق شان - شۆھرەتنى ئار- نومۇسقا ئايلاندۇرۇپ، ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن رەزىللەرنى ئىرماش- چىرماش قىلىۋېتەلەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ئۆزلۈك ھەققىدە گەپ ساتقىنىمىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ چۈنكى، پەقەت روھ بولسىلا كۈچ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئۇ كۈچ ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئىشىنىش كۈچى ئەمەس، بەلكى فۇنكسىيىلىك كۈچتۇر. ئەتىگەندىن كەچكىچە باشقىلارنىڭ قىلىدىغان ھىممىتى ھەققىدە گەپ سېتىپ ئولتۇرغاندا، بۇ قۇرۇق گەپنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان گەپ. چۈنكى، بۇ ھالەت ناھايىتى يۈزە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، بىزنىڭ يەنىلا رېئاللىققا ۋە رېئاللىقتا رول ئوينىيالايدىغان ئىشلارغا قايتقىنىمىز تۈزۈك. چۈنكى روھ ئاپىرىدە قىلغان فۇنكسىيىلىك كۈچ، ئۇ رېئاللىق ئىچىدە رول ئويناپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا مەن ئۆز تەقدىرىمنى ئۆز ئىلكىمگە تولۇق ئالغان چېغىمدا، تەقدىرىم

ماڭا يۈزمۇيۈز بەيئەت قىلىدۇ. بۇ روھقا نىسبەتەن ئانچىكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئۆزۈمدىن باشقا يەنە كىم قىلالايدۇ، دەيسەن؟ دېمەك مەن روھنىڭ تارتىشى بىلەن ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىشىم كېرەك. گۈزەل ئەخلاق ھەققىدە گەپ بولسا، بىز ئۇنى ئېيتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق نەرسە دەپ ھېسابلايمىز. چۈنكى بىز گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدۇق؛ بىر ياكى بىر قانچە ئادەمنىڭ پرىنسىپقا ماسلىشىش ياكى ئۇنىڭغا سىڭىش ئىقتىدارى بولسىلا، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ ياردىمىدە، بارلىق شەھەر، دۆلەت، پادىشاھ، زەردار ۋە شائىرلارنى ئۆزىگە قارىتالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدۇق.

بۇ مۇلاھىزىدىن بىز ئىلگىرىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدىكىگە ئوخشاشلا، ئاخىرقى يەكۈننى چاقماق تېزلىكىدە مۇنداق چىقىرىمىز: باشقا تاللىشىڭ يوق. ھەر قانداق شەيئى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئەبەدىي مۇقەددەس «يېگانە» لىقىلا ئايلىنىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى ساقلاش، بۇ ئالەمنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيىتىدۇر. بۇ خۇسۇسىيەت ھەرقانداق ئىپتىدائىي ھاياتلىق شەكلىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سىڭگەن ھەم ئاشۇ سىڭىش دەرىجىسىنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى دەڭسەش ئۆلچىمىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى قىلغان. چىن مەۋجۇداتنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەۋزەللىكلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. سودا - سېتىق، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، ئۇرۇش، كۈچلۈك تالاش- تارتىش، شەخسىي تەسىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلۈك رېئالىزاتسىيىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە ھەرىكەتنىڭ نوقۇل بولمايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان مىساللاردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنىڭ ھۆرمەت - ئىكرامىمنى تارتىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، يەنە بىر تۈرلۈك قانۇنىيەت تەبىئەت دۇنياسىدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەمىنلىكى ۋە راۋاجى ئۈچۈن رول ئوينايدۇ. يەنى، تەبىئەت دۇنياسىدا ئىقتىدار ئەڭ تۈپكى ئۆلچەم قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىدارلىقلار ھەققانىيەتنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەبىئەت ئۆزلۈك ئىقتىدارى بولمىغان ھەرقانداق نەرسىنى شاللاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ تەبىئەت قوينىدا تۇرۇشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ.



مەسىلەن، سەييارىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يېتىلىشى، تەڭپۇڭلۇقى ۋە ئوربىتىسى، قارا بوراندا ئېگىلگەن دەرەخنىڭ قايتا قەد كۆتۈرۈشى، ھەرقانداق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ ھاياتىي كۈچى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئېھتىياجىنى قامداش ئىقتىدارى يەنى ئۆزلۈك روھىنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## بىر توپ نادان بىز

ھەسرەت ئىچىدە شۇنى بايقىدىمكى، بىز ھازىر قۇرۇق گەپ سېتىشتىن ئۆزگىنى ئۇقمايدىغان بىر توپ نادانلارغا ئايلاندۇق. تەپتارتىش ۋە ھېيىقىشتەك قىممەتلىك روھ بىزدە چېچەكلەپ مېۋە بېرەلمىدى. بىزنىڭ تالانتىمىز ئۆزىگە تالىق بوشلۇقتىن ئايرىلىپ، دىلىمىزدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ، ئۆزلۈك روھىمىزنىڭ دەرۋازىسىدىن بەخىرامان چىقىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۇ، گويا كوچىدىكى تىلەمچىدەك، باشقىلارنىڭ ئىدىشىدىكى بىر يۇتۇم سۇغا تەلمۈرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

دېمەك، سېنىڭ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ خوجا بولماقتىن ئۆزگە تاللىشىڭ يوق! مەن چېركاۋدىكى ئىبادەتتىن، ئاشۇ ئىبادەت باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ چاغدا چېركاۋدا ئولتۇرغان كىشىلەر كۆزۈمگە ئاجايىپ يىراق، ئاجايىپ سوغۇق ۋە ئاجايىپ پاك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار مەلۇم بىر دائىرە ياكى گۇردۋارا[1] نىڭ قورشاۋىدا باشقىلاردىن ئايرىم ئولتۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىز ئۇ يەردە مەڭگۈ ئولتۇرالايمىز. بىز نېمە ئۈچۈن دوستلىرىمىز، ئايالىمىز، دادىمىز ياكى باللىرىمىزنى قەستەن ئاشۇنداق ھاماقەت قىياپەتكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەككەن؟ سەن ئۇلار بىلەن ئوچاقنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئۇلار بىلەن قانداشمۇسەن؟ ساڭا دەپ قوياي، ھەرقانداق ئادەمدە مېنىڭ قېنىم بار، مەندىمۇ ھەممە ئادەمنىڭ قېنى بار! سەۋەبكە تۇتۇرۇقمۇ بولالمايدىغان بۇ ئىشنى دەپ، ئۇلارنىڭ بۇ قىزىققانلىق ياكى ھاماقەتلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى خالىمايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئار- نومۇسقا قالساممۇ رازىمەن.

[1] گۇردۋارا — جايناماز.

لېكىن، سەندىكىسى ھەرگىزمۇ ماددىي جەھەتتىكى غېرىبلىق ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىكى غېرىبلىقتۇر. دېمەكچىمەنكى، بىز چوقۇم ئالىيجاناب بولۇشىمىز لازىم. بەزىدە، گويا پۈتۈن دۇنيا مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن سېنى خۇپىيانە دىشۋارچىلىققا سېلىش قەستىدە بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن، دوستلىرىڭ، مېھمانلار، بالىلىرىڭ، ئاغرىق-سىلاق، ۋەھىمە، نامراتلىق، تىلەك-ئىلتىجا... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، دېرىزەڭنى چېكىدۇ ۋە «بۇياققا چىق، ئارىمىزغا قېتىلغىن!» دەپ توۋلايدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەسلىي ھالىڭدىن تەۋرىنىپ قالما، ھەرگىزمۇ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلما! باشقىلارنى پاراكەندە قىلىدىغان ئۇنداق ئادەم ۋە ئىشلار بەك سەۋرچان كېلىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا، توكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش كۆرەلەيدۇ. شۇڭا مەن ئۇنداقلارغا پەقەت قاپقىمنىڭ بېزىنىلا كۆرسىتىمەن. ئۇنداقلارنىڭ ھېچقايسىسى، ئىجازىتىمسىز ماڭا يېقىنلىشىمەن، دېمىسۇن! «نېمىگە ئىشتىياق باغلىساق، شۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز. بىراق، ئاچ كۆزلۈكىمىز تۈپەيلى ئەكسىچە ھەممىدىن قۇرۇق قېلىۋاتىمىز.»

مۇبادا سەن ئىتائەت ۋە ئىشەنچتىن ئىبارەت مۇقەددەس ھېسسىياتنى يېتىلدۈرەلمىسەڭمۇ، ئەڭ بولمىغاندا يۈرىكىڭدىكى ۋەسۋەسىنى بېسىۋالغىن! ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا چىشلىرىڭ كىرىشسۇن، مۇشتلىرىڭ تۈگۈلسۇن! تاكى سېنىڭ يۈرىكىڭدىكى گۈلدۈرماما ئىلاھى بىلەن ئۇرۇش ئىلاھىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى ۋە قەتئىيلىكىگە قايتا جان كىرگۈزگىن. ئەگەر راست سۆزلۈكلا بولساق، بۇ تىنچ دۇنيادا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇنچىۋالا قىيىنمۇ ئەمەس. ھېلىقىدەك ساختا قىزغىنلىق ۋە ساختا مېھىر-شەپقەت دېگەنلەرنىڭ شورى قۇرۇسۇن! بىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرىدىغان ھېلىقىدەك ئالدانغانلار ۋە ئالدىدىغانلارنىڭ يۈرىكىمىزگە غەيرىي ۋەسۋەسىلەرنى سېلىپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلەيلى! بىز ئۇلارغا شۇنداق دەپ جاكارلايلى: «دادا، ئاپا، ھەمراھىم، قېرىنداشلىرىم ۋە دوستلىرىم، تا ھازىرغىچە سىلەر بىلەن خوش-خوش دەپ ياشاپ كەلدىم. بىراق، ھازىردىن باشلاپ مەن ھەققانىي ئادەم بولىمەن. شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي: بۇندىن كېيىن



مەن، مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىلا تونۇيمەن، ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھەرقانداق قانۇنىيەتكە ئىتائەت قىلمايمەن. سىلەرگە پەقەت يېقىنچىلىق قىلىمەنكى، سىلەر بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالاشمايمەن. ئاتا-ئانامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، بالىلىرىمنى ياخشى تەربىيىلەيمەن، ئايالىمغا ھەقىقىي سەمىمىيەت يەتكۈزىمەن. ئەمما، بۇ ئىشلارنى پەقەت ئىلگىرىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يېڭىچە بىر خىل شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن. مەن ئەمدى سىلەرنى دەپ سىلەرنى ۋە ئۆزۈمنى نابۇت قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. ناۋادا سىلەر مېنىڭ ماھىيىتىمنى سۆيگەن بولساڭلار، ئۆزۈمنى تېخىمۇ بەختلىك دەپ بىلىمەن. ئەگەر ماڭا بولغان سۆيگۈڭلار ئۇ ۋەجىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا سىلەر ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىنى بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييارمەن. يامانلىقلىرىمنى يوشۇرۇشنى خالىمايمەن. چۈنكى مەن مۇقەددەس نەرسىنىڭ چوڭقۇر يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئەنە، كۈن بىلەن ئاي تۇرۇپتۇ. قەلبىم بۇيرۇغان شۇنداقلا مېنى نادامەتتىن شادلىققا يېتەكلەيدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنى خالايمەن. ئەگەر سىلەر ئالىيجانابلاردىن بولساڭلار، مەن سىلەرنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن. ئۇنداق بولمىساڭلارمۇ، ساختا قىزغىنلىقىم بىلەن سىلەرنى ۋە ئۆزۈمنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمايمەن. ناۋادا سىلەر ساداقەتمەن بولساڭلارمۇ، لېكىن ساداقىتىڭلار مېنىڭكىگە ئوخشىمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ساداقىتىڭلارنى ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىڭلار ئۆزئارا ماس كېلىدىغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈڭلار. مەنمۇ ئىستەكلىرىمگە ھەمدەم بولالايدىغانلارنى ئىزدەپ تاپاي. بۇنداق قىلىشىم، شەخسىيەتچىلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى ئەدەپ ۋە سەمىمىيەت ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ساختىلىق ئىچىدە قانچىلىك ياشىغانلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، بۇندىن كېيىن سەمىمىيەت ئىچىدە ھەققانىي ياشاش سەن ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن، ھەممىمىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.»

بۇ گەپلەر ھازىر قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنارمۇ؟ بىراق مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن: سەن پات ئارىدا مېنىڭ تەبىئىتىم ئىنتىلگەن نەرسە بىلەن ئېچىل ياشايسەن. ناۋادا بىز ھەقىقەتكە سوڭداشساقلا، ئۇ بىزنى ھامان ئامان-ئېسەن يېتەكلەپ ماڭالايدۇ. بىراق بۇ، دوستلىرىمىز ئارىسىدا ئازابلىق ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئەمما مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈمنىڭ
ھۆرلۈككە ئىنتىلگەن ئىرادەم ۋە شۇنى نىشان قىلغان كۈچ- قۇدرى-
تىمگە ساتقۇنلۇق قىلىش بەدىلىگە ئۇنداق زەئىپ ھېسسىياتقا خەير-
خاھلىق قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەر ئۆزىنىڭ كاللىسىنى
ئاشۇ ئالىقاندەك روجەكتىن سۇنۇپ، مۇتلەق ھەقىقەتكە يۈزلەنگەن
چېغىدا، ئۇلار ئۆز ئەقلىنى ئۆز قولىغا ئالغان بولىدۇ. ئۇلار شۇ چاغدىلا
مېنىڭ توغرا قىلغانلىقىمغا چىن كۆڭلىدىن قول قويىدۇ، شۇنداقلا
ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش پرىنسىپ بىلەن قوماڭ-
دانلىق قىلىدۇ.

ئاشۇ ھاماقەت نادانلاردا مەنئۇيىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن
مۇنداق بىر ئاڭ بار: ئۇلار ئاۋامغا ئورتاق ئۆلچەمنى تەرك ئېتىش،
ھەرقانداق ئۆلچەمنى چۆرۈپ تاشلىغان بىلەن باراۋەر، ئۇنداق ئادەملەر
سېپى ئۆزىدىن ئەخلاقتىن تانغۇچىلاردۇر، دەپ قارايدۇ. بىر قىسىم
ئىشرەتخور پەسكەشلەر پەيلاسوپ، دېگەن نام بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى
ياپىدۇ. بىراق، ئاڭنىڭ قانۇن- قائىدىلىرى بەش قولدەك ئايان. تۇۋا
قىلىش ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىز شۇنىڭ ئىچىدىن بىرىنى بەجا
كەلتۈرسەك، ئۆزىمىزنى گۇناھتىن ساقىت قىلالايمىز. بۇنىڭدا بىۋا-
ستە ئۇسۇلنى قوللانساقمۇ، ۋاستىلىك ئۇسۇلنى قوللانساقمۇ بو-
لىدۇ. ئىشقىلىپ ئۆزۈڭنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاپ، شۇ
ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالىساڭ، شۇنىڭ ئۆزى
كۇپايە. سەن ئويلىنىپ كۆر: داداڭ، ئاناڭ، قېرىنداشلىرىڭ، قوشنى-
لىرىڭ، ئىت- مۈشۈكلىرىڭ، ھەتتا سەن تۇرۇۋاتقان ماكان بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىڭنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىدىڭمۇ، يوق؟ ئۇلار
ئىچىدە بىرەرسىنىڭ ئەيىب، لەنەتلىرىگە ئۇچرىدىڭمۇ، يوق؟ مېنىڭ
ئۆز ئالدىمغا قاتتىق تەلەپ ۋە مۇكەممەل دەۋرىيلىك ھەققىدىكى دە-
لىللىرىم بار. نۇرغۇن خىزمەت ۋەزىپىسى مەجبۇرىيەت دەپ ئاتىلىدۇ.
لېكىن ئاڭنىڭ قانۇن- قائىدىلىرى بۇ خىل ئاتاشنى رەت قىلىدۇ.
ناۋادا مەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇناسىۋەتداشلىرىمنى قەرزدىن خالاس
قىلىۋەتسەم، ئۇلار مېنىڭ ئاۋامغا ئۆلچەمنى تەرك ئېتىشىمگە ئىمكان
بېرىدۇ. ئەگەر بەزىلەر بۇنى بەك يۇمشاق باش قائىدىكەن، دەپ قارىسا،
بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئۆزىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى قوغدىسۇن!



كىمكى ئادەم بولۇشنىڭ چاكىنا مۇددىئالىرىدىن ۋاز كېچىشكە
جۈرئەت قىلىپ، ئىنسانىيەتكە نازارەتچى بولۇشنى جاكارلىغان بولسا،
ئۇ چوقۇم ئادەتتىكى ئادەملەردە بولمىغان بىر خىل سىرلىق كۈچنى
ھازىرلىشى، نىيىتى يۈكسەك، ئوي- پىكىرلىرى ھەقىقانىي، نەزەر
كۆزى ئۆتكۈر... بولۇشى لازىم. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنى ھەقىقىي رەۋىشتە
ئۆزىنىڭ تەلىماتى، ئۆزىنىڭ جەمئىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىغا ئايلاندى-
دۇرالايدۇ. ئۇ شۇنداق قىلالىسىلا، ھەتتا ئەرزىمەس بىرەر نىشانمۇ ئۇنىڭ
ئالدىدا پۇلاتتەك مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

بىر نەرسە بار، كىشىلەر ئۇنى ئىككىلەنمەيلا «جەمئىيەت» دەپ
ئاتايدۇ. كىمكى ئۇنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ
تەھلىل قىلسا، ئاشۇ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېتىكىنىڭ نەقەدەر مۇ-
ھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرىكىنى ئۆز
قولى بىلەن سۇغۇرۇپ تۆگىتىدۇ. شۇنداق، ئىنسانلاردا ماھىيەتلىك
ئۆزگىرىش بولدى. بىز قورقۇنچاق، چۈشكۈن، مىسكىن ماڭقۇرتقا ئاي-
لاندۇق؛ ھەقىقەتتىن، تەقدىردىن، ئۆلۈمدىن ۋە باشقىلاردىن قورقىدىغان
بولۇپ كەتتۇق. شۇڭا، دەۋرىمىز بۈيۈك ۋە مۇكەممەل ئەربابلارنى
يارىتالمىدى.

بىز تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىمىزنى يېڭىلىيالايدىغان ئە-
زىمەتلەرگە موھتاجمىز. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەپلەپ-
سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغانلاردىن ئىكەنلىكى
ھەممىگە مەلۇم. ئۇنداقلا ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىنمۇ چىقالمايۋاتقان
تۇرسا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇشتەك ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە
ئالالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلاردىكى قۇرۇق ئارزۇ- ئۈمىدلەر پەلەككە يەت-
سىمۇ، لېكىن ئۇلاردا قىلنى تەۋرەتكۇدەك مادار يوق. شۇڭا ئۇلار، كېچە-
كۈندۈز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا ۋە قەددىنى پۈكۈپ يېلىنىشقا مەجبۇر.
بارا- بارا بۇ ھال ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قا-
لىدۇ، خالاس. بىزدىكى سەنئەت، كەسىپ، نىكاھ، دىن قاتارلىقلارنى
ئۆزىمىز ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت بىزگە ۋاكالىتەن تاللىغان. بىز
جەڭ مەيدانىدىكى ئەمەس، بەلكى مېھمانخانىدىكى ئەسكەرلەرگە ئوخ-
شاش، كۈچ- قۇدرىتىنىڭ دەل دەھشەتلىك جەڭدىن كېلىدىغانلىقىنى

ئەستىن چىقىرىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى تەقدىرنىڭ چەڭگى - جىدەللىرىدىن چەتكە ئالىمىز.

ياشلىرىمىز تۈنجى قېتىم تۇتۇش قىلغان ئىشىدا مەغلۇپ بولسا، روھى چۈشۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ ئۇلاردىكى ئورتاق كېسەل. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر ياش ئۆز سودا- سېتىقىدا زىيان تارتىپ كەتسە، كىشىلەر خۇددى ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك، ئۇنى ۋەيران بولدى، دەپ ئاتايدۇ. تالانتلىق مۇنەۋۋەر ياشتىن بىرەرسى بىرەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىرەر يىلغىچە نيۇيورك ياكى بوستۇننىڭ شەھەر ئىچى ياكى شەھەر ئەتراپىدا بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالمىسا، بۇنى باشقىلارلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىمۇ ئېچىنىشلىق تراگېدىيە، ئۆمۈرلۈك ئازاب، دەپ بىلىدۇ.

قايسى شەھەردىن كەلدىكىن تۇيۇقسىزلا قاۋۇل بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ھەممە ئىشنى قىلىپ باقتى. جۇملىدىن، ئۇ شوپۇرلۇق قىلدى؛ دېھقانچىلىق قىلدى؛ كوچىلاردا يايمىمۇ ئاچتى؛ ئوقۇتقۇچى، باستېر، تەھرىر بولدى؛ پارلامېنتقىمۇ كىرىپ باقتى؛ ئۆز ئالدىغا يەر سېتىۋېلىپمۇ باقتى. ئىشقىلىپ ئۇ نۇرغۇن ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ئۇ خۇددى مەڭگۈ شاش يارالغان ئارغىماقتەك، بىرەر قېتىممۇ مۇدۇرۇپ - پۈتلىشىپ باقمىدى. ئۇ دەۋر رىتىمىغا جور بولالىدى؛ «كەسىپ ئۆگەنمىگەن» لىكى ئۈچۈن، ئۆزىنى كەمسىتمىدى. چۈنكى ئۇ، ئۆز ھاياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولماي، مەردانە ياشاپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا، ئۇ بىر ئەمەس بەلكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان پۇرسەتكە ئېرىشەلەيدۇ!

ستويكس① كىشىلەرنىڭ ئەقىل- پاراستىنى ئېچىپ، ئۇلارغا شۇنداق دېدى: «سىلەر دەرەختىكە يۆلىنىۋالماڭلار، دەرەختىن چوقۇم يىراق تۇرۇشۇڭلار كېرەك. ئۆزىگە ئىشىنىش كۈچىنىڭ كارامىتى بىلەن، يىپيېڭى بىر كۈچ روياپقا چىقىدۇ. ئادەم ئۇ بىر قۇربانلىق. شۇڭا ئادەم باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسداشلىقىدىن نومۇس قىلىدۇ. كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا تەرەددۇت

① ستويكس — يۇنان ناتۇرالىزم پەلسەپەسىدىكى مەنىۋى ھەرىكەت ۋە تۇرمۇش.



قىلسا، قانۇن، كىتاب، مەبۇد ۋە ئۆرپ- ئادەت دېگەنلەرنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلايدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئىسىت، دېمەيمىز. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ھۆرمەت تەشەككۈرى ئېيتىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇ ئۇستاز، ئادەمنىڭ جۇلاسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئادەمگە ئۆز نامىنى تارىختا مۆھۈر قىلىپ بېسىش قۇدرىتى ئاتا قىلىدۇ.»

## ئىلتىجا — ئىرادىنىڭ كۈشەندىسى

بىر مەيدان ئۇلۇغ ئۆزلۈك ئىنقىلابىنى قوزغاپ، ئۆزلۈك روھىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى بارلىق مەجبۇرىيەت مۇناسىۋەتلىرى، دىن، مائارىپ، كەسىپ، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مال - مۈلۈك ۋە نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلاردا يىلتىز تارتقۇزۇپ، پورەك ئاتقۇزۇش ئۇنچىۋالا مۈشكۈل ئىشمۇ ئەمەس.

شۇڭا ئالدى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر بويى قىلىۋاتقان ئىبادىتىنىڭ نەقەدەر ھاماقەتلەرچە ئىلتىجا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. چۈنكى ئۇلار تېۋىنىۋاتقان ئىلاھلار قانداقتۇر قەتئىي نىيەتلىك جەسۇر ئىلاھلاردىنمۇ ئەمەس. شۇڭا كىشىلەر ئىبادەت قىلغان چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل كۆزى ئۆزلىرىنىڭ دىلىدا ئەمەس، بەلكى تاشقى دۇنيادا قانات سۆرەپ يۈرىدۇ. ئۇلار تاشقى دۇنيادىن كېلىدىغان بىر خىل ھىمات ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ تەمەسىدە شۇنداق قىلىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر ئۆزلىرىنى بارا - بارا تەبىئەتكە ۋە تەبىئەتتىن ھالقىغان، مۇرەسسەگە تولغان، چۆچەكلەردىكىدەك بارسا كەلمەس سىرلىق ئوردىغا بەند قىلىپ قويىدۇ.

ساۋابلىقتىن تۆۋەن تۇرىدىغان مەلۇم بىر كونكرېت نەرسىگە ئېرىشىش ھەققىدە ئىبادەت قىلىش، ئۇ رەزىللىكتۇر. ئۇ ئىبادەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە مۇخالىپ. چۈنكى ئىبادەت، ئەڭ يۇقىرى پىكىر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ھاياتلىققا كۆيۈنۈش بولۇپ، ئۇ بىر خىل روھنىڭ ھاياتلىقنى كۆزەتكەن چاغدىكى مونولوگى، پەرۋەردىگارنى يارانقان پەرۋەردىگارنىڭ روھى ھەققىدىكى بايانات...

شۇڭا، ئىبادەتنى مەلۇم مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالساق، لالما ئىتنىڭ يوندى كويىدا قاۋىغىنىدىن نېمە پەرقى؟

بۇ سىنىڭ تەبىئىتىڭ ۋە ئېڭىڭدا ئىككى ياقلىمىلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئادەم پەرۋەردىگار بىلەن بىرگەۋدىلەشكەن هامان، ئۇ ئىلتىجا قىلىش ۋە تىلەشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ، بارلىق هەرىكىتىدە ئىبادەتنىڭ سىيماسىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. مەسىلەن، دېهقان ئېتىزلىقىدىكى زىرائەتلىرىنى ئوتىغاچ ئىبادەت قىلىدۇ؛ كېمىچى پالاق ئۇرغاچ ئىبادەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرى ئانچە ئۇلۇغۋار بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىبادىتى تەبىئەت قوينىغا سىڭىپ كېتىدىغان هەقىقىي ئىبادەتتۇر.

مەلۇم بىر ئوپېرادا مۇنداق ئىككى مىسرا ناخشا بار:

ئەجىر قىلسام كېلەر ماڭا ئاجايىپ هىممەت،
جەسۇرلۇقۇم ئىلاهىمدۇر هەممىدىن قىممەت.

ئۆكۈنۈش ۋە تەۋبا ـ ئىستىغبار، ساختا ئىبادەتنىڭ يەنە بىر خىلى هېسابلىنىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇنداق ئىبادەت ئۆزلۈك روهىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە ئىرادىسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ناۋادا سەن تالاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا ياردەم قىلماقچى بولساڭ، بېرىپ كەلگەن بالا- قازا ئۈچۈن بار ئاۋازىڭ بىلەن تەۋبا ـ ئىستىغبار ئوقۇ! ئەمما قىلماقچى بولغىنىڭ ئاسمىغان قازاننىڭ ئېشىنى يەيدىغان هىيلە ـ نەيرەڭ بولسا، ئۇنداقتا ئاغزىڭنى چىڭ يۇمۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئۆز ئىشىڭنى ئوبدان قىل. شۇنداق قىلساڭ، بالا- قازانىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، چامىڭنىڭ يېتىشىچە هەسسە قوشقان بولىسەن.

مېنىڭ هېسداشلىقلىرىممۇ بىر خىل رەزىل هېسسىياتتۇر. چۈنكى بىز هېسداشلىق قىلىشتا، ئاه ـ زار قىلىۋاتقانلارنى كۆرگىلى بېرىپ، ئۇلارنىڭ پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز؛ ئۇلارنىڭ يېنىدا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ، ئاهۇ پىغانلىرىغا دوست تارتىشىپ بېرىشنىلا بىلىمىز. ئەمما، غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان چارە ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا ساغلاملىق هەدىيە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىيلىكى بىلەن قايتا ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرەلمەيمىز. بۇ، نېمىدېگەن ئوساللىق- هە! ئۇلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئامەتنىڭ سىرى دەل ئۇلارنىڭ ئالىقىنىدىكى شادلىقتا.



ئۆزلۈك ئېڭى بار كىشىلەر هامان پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا نائىل بولالايدۇ؛ ئۇلارنىڭ يولى هامان ئاق بولىدۇ، ئۇلارنى تۇمەنمىڭ ئېهتىرام ئۆز سايىسىغا ئالىدۇ؛ شان ـ شەرەپ تاجى ئۆزلۈكىدىن تاپىدۇ، هەممە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن باسىدۇ؛ چىن مۇهەببەت ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ، مەهكەم باغاشلايدۇ. چۈنكى ئۇلار هېچنېمىگە موهتاج بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇلارنى چەكسىز سېغىنىش ۋە قايىللىق بىلەن سۆيىمىز، ئۇلارغا مەدهىيە ئوقۇيمىز. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىنلا ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ كايىشلىرىغا پىسەنت قىلمايدۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ئىلگىرى نەپرەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، هەرقانداق ئىلاه ئۇلارنى سۆيىدۇ. زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ: «جەننەت مالائىكلىرى تەۋرەنمەس، جەسۇر كىشىلەرگە هەر دائىم سالام بېرىدۇ.»

## مەسلەك ـــ ئەقلىنىڭ كۆشەندىسى

ئەگەر ئىلتىجا، ئىرادىنىڭ كۆشەندىسى دېيىلسە، ئۇنداقتا مەسلەك دەل ئەقلىنىڭ كۆشەندىسى. هەربىر يېڭى قەلب، يېڭى بىر تۇردىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يېڭى تۇر ئادەتتىن تاشقىرى هەرىكەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە قەلبنى ئىسپاتلاپ كۆرستەلىسە، ئۇ چاغدا ئاشۇ قەلب ئۆزى تەئەللۇق تۇرنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرالايدۇ. ئەنە قارا ، يېڭى بىر سىستېما بارلىققا كەلدى. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيىسى چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭ ئىدىيىدە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلىرىمۇ كۆپىيىپ ماڭدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرىمۇ مۇناسىپ كۆپەيدى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى زورايدى. ۋەهالەنكى بۇ نۇقتا دىنىي ئەقىدە ۋە چېركاۋدا تېخىمۇ تەپسىلىي ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى دىنىي ئەقىدە بىلەن چېركاۋمۇ مەسئۇلىيەت خۇسۇسىدىكى تۈپكى ئىدىيىگە ئاساسەن پەيدا بولغان، ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ مۇناسىۋەت هەرىكەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل بۈيۈك روهنىڭ سىمۋولىدۇر.

هېلىقى ئوقۇغۇچى بىر خىل شەيئىنىڭ يېڭى بىر خىل ئاتالغۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغىنىنى ياقتۇرۇپ قالدى. بۇ خۇددى، بىئولو-

گىيىنى ئەمدىلا ئۆگىنىشكە باشلىغان قىزچاقنىڭ ئاشۇ پەندىن يېڭى
بىر تۇپراق ۋە يېڭى بىر پەسىلنى كۆرەلىگىنىگە ئوخشايدۇ. بىر مەز-
گىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئوقۇغۇچى ئۆز ئۇستازىنىڭ قەلبىنى تەت-
قىق قىلىش ئارقىلىق، ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلى-
قىنى بايقىيالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبى كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقىچە قالمايدىغان بىر خىل ۋاسىتىگە ئەمەس، بەلكى بىر
خىل غايىۋى نىشان ۋە نورماللىقنى يوقاتقان قەلبلەرنىڭ مەبۇدىغا
ئايلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يېڭىدىن تۇرەلگەن ھېلىقى
سىستېمىنىڭ پاسىل تېمى بىلەن ئالەمنىڭ پاسىل تېمى يىراقتىكى
ئۇپۇقتا جىپسىلىشىپ كەتكەندەك، ئاسماندىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار
ئۇستازلىرى ئاپىرىدە قىلغان گۇمبەزلەرنىڭ ئۇستىگە كۆچكەندەك
كۆرۈنىدۇ. ئىلتىجا بىلەن مەسلەك ئېڭىدىكىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىشەن-
گۈسى كەلمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق دەپ سورايدۇ: «سىلەردەك قارا قورساق-
لارنىڭ ئاشۇ يورۇقلۇقنى كۆرۈشكە نېمە ھەققىڭلار؟ سىلەر زادى قان-
داقلاچە كۆرەلەيسىلەر؟ ئاشۇ يورۇقلۇقنى مېنىڭ يېنىمدىن ھىيلە-
جادۇ ئىشلىتىپ ئوغرىلاپ كەتمىگەن بولساڭلار، بۇ مۇمكىنما؟»
ئۇ كىشىلەر يەنە ئاشۇ يورۇقلۇقنىڭ ھېچقانداق سىستېمىغا تەۋە
بولمىغان، شەمشەردەك ئۆتكۈر نۇر بولغىنى ئۈچۈن، ئاشۇ كىشىلەر-
نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق مەۋجۇداتنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كې-
رەلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بوپتۇ، ئۇلار ئاشۇنداق ئاغزى ـ ئاغزىغا
تەگمەي تالاشقاندىن كېيىن، ئاشۇ يورۇقلۇقنى ئۆزلىرىگىلا مەنسۇپ،
دەپ تۇرسۇن. ناۋادا ئۇلارنىڭ قەلبى ساداقەتكە تولغان، قىلمىش ـ ئەت-
مىشى جايىدا بولسا ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە پاكىز، رەتلىك قوتان توسۇق-
لىرى تار، پاكار كۆرۈنىدۇ ۋە قوتان توسۇقلىرى شۇ هامان قىڭغىيىپ،
يېرىلىپ چىرىشكە باشلايدۇ، ھەتتا كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئەمما ھې-
لىقى مەڭگۈلۈك نۇر بولسا گويا تۇنجى تاڭنى يورۇتقان چاغدىكىگە
ئوخشاش ياش، شاش، جۇلالىق كۆرۈنىدۇ.

## سەيلە ـ ساياھەتتىكى خۇراپىلىق

ئەمدى بىزنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش خۇسۇسىدا كاللا قا-



تۇرمىقىمىز زۆرۈردۇر. بىزدە دەل ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش ئېڭى
كەمچىل بولغىنى ئۈچۈن، سەيلە ـ ساياھەتكە ئەسەبىيلەرچە باش ئۇ-
رۇپ، خۇراپىلىق قىلىۋاتىمىز. جۇملىدىن، ئىتالىيە، ئەنگلىيە، مى-
سىر... قاتارلىقلارنى ئىلاھىي بەخشەندە بىلىمىز. شۇڭلاشقا، تا ھا-
زىرغىچە تەربىيە كۆرگەن ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە سەيلە ـ ساياھەت
دېسە دۈم چۈشمەيدىغانلاردىن ئېھتىمال بولمىسا كېرەك. ئاشۇلار
ئەنگلىيە، ئىتالىيە ياكى گرېتسىيىنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى
چەكسىز ھۆرمەتنىڭ ساھىبى، يۈكسەكلىكتە تەڭداشسىز ماكانغا ئاي-
لاندۇرۇپ قويىدۇ. بىراق ئاشۇ ماكان ساھىبلىرى بولسا، گويا قېقىپ
قويغان قوزۇقتەك بىر ئىزدىن مىدىرلىماي تۇرماقتا. بىز بۇ ھەقتە
ھۆكۈم قىلىشقا تەرەددۇت قىلغان چېغىمىزدا، مەسئۇلىيەتنىڭ دەل
بىزدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى روھ، ئۇ جاھانكەزدى
سەيياھ ئەمەس. دانىشمەنلەر ئادەتتە ئۆز ماكانىدىن ئايرىلمايدۇ.
مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدىن زۆرۈر تېپىلسا، ئۇ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە
ئەۋەتىلسىمۇ بۇنىڭدىن قىلچە زارلانمايدۇ. يەنى ياقا يۇرتلاردىمۇ خۇددى
ئۆز ماكانىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەبەسسۇملىرى
ئارقىلىق كىشىلەرگە ئەقىل ۋە گۈزەل ئەخلاقنى يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى
بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قانداقتۇر جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان
سودىگەر ياكى چاكار ئەمەس، بەلكى گويا پادىشاھلاردەك شەھەرمۇ شەھەر
زىيارەت قىلىدىغان كاتتا ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ
كۆرسىتەلەيدۇ.
سەمىڭدە بولسۇن، مەن سەنئەت، تەتقىقات ۋە خەير ـ ساخاۋەت
مۇددىئاسى بىلەن جاھان كېزىپ يۇرگەنلەرنى قارىسىغىلا ئەيىبلى-
مەكچى ئەمەسمەن. دېمەكچى بولغىنىم، ئادەم ئالدى بىلەن ئۆز ماكانىغا
ئىشتىياق باغلاپ، ئىلىم ـ بىلىمنى سەيلە ـ ساياھەت ئارقىلىقلا بې-
يىتقىلى بولىدۇ، دېگەن ئويدا بولمىسىلا نەگە بارسا، قانداق ساياھەت
قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەمما، كىمكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە ئۆزىدە يوق
نەرسىلەرگە ئېرىشىش مۇددىئاسىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلسا، ئۇ
ئۆزلۈكتىن مۇستەسنا ساياھەت بولغان بولىدۇ ـ دە، ئۇ كىشى ئاشۇ
دەقيانۇستىن قالغان مۇتەئەسسىپلەر ئىچىگە زورلاپ كىرىۋالىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالتۇندەك ياشلىق چاغلىرى ناھايىتى تېزلا چى-

رىپ، تەۋەررۈكلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە روھى دىبىس ① ۋە پارمىلا ② خارابىلىرىغا ئوخشاش ئاخىرى كونىراپ غۇلاپ چۈشىدۇ- دە، خارابىلىق ئىچىدىكى خارابىلىققا ئايلىنىدۇ.

ئەخمەق كىشىلەر سەيلە - ساياھەتنى جەننەت ھۇزۇرىنى بېرىدىغان كۆڭۈللۈك ئىش، دەپ قارايدۇ. بىزگە نىسبەتەن، قانداق زېمىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئوخشاش. ئۆيدە ئولتۇرۇپ شۇنداق خىيال قىلىپ كېتىمەن: ئەنە، كۆز ئالدىمدا ناپلېس③بىلەن رىم. ئۇلار مېنى مەپتۇنكار گۈزەللىكى ئىچىگە غەرق قىلىپ، ھەسرەتلىرىمنى ئالدى. مەن چامادانىمنى ئېلىپ، دوستلىرىم بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، كېمىگە چىقتىم. بىر ئۇخلاپ ئويغانسام ئۆزۈم ناپلېستا تۇرىمەن. بىراق مېنى كۈتۈۋالغىنى يەنىلا ھېلىقى رەھىمسىز رېئاللىق. ئەنە، مەن ئۆزۈمنى قاچۇرغان، قەتئىي ئېتىراپ قىلغۇم كەلمىگەن، ھەسرەتلىك ئۆزۈمنى يەنە كۆردۈم. مەن ۋاتىكان ۋە ھېلىقى خان ئوردىلىرىنى ئىزدىدىم. ئۆزۈمنى ئاشۇ خىيالىي گۈزەل مەنزىرىلەر ئىچىگە ئاتتىم. بىراق ئەزەلدىن مەستۇمۇستەغرەق بولۇپ باقمىدىم. چۈنكى نەگىلا بارماي، زەبەردەست دوستۇم ماڭا ھەمراھ ئىدى.

ئاگاھ بولايلى! سەيلە - ساياھەت ئەسەبىيلىكى، ئۇ پۈتكۈل ئەقلىي پائالىيەتكە كاشىلا قىلىدىغان نادۇرۇس ئالامەتلەردىندۇر. چۈنكى بۇ ئەسەبىيلىك بىزنىڭ ئەقلىمىزنى سەرسان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مائارىپىمىزنىڭ يېتىشتۈرگىنى ئاخىرقى ھېسابتا غەلىيان بولۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە گەرچە جىسمىمىز ئۆي ئىچىگە بەند قىلىۋېتىلسىمۇ، لېكىن روھىمىز جاھاندا سەرسان- سەرگەردان بولۇپ ئۆتىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ تەقلىدچىلىكىمىز روھىي تېڭىرقاشتىن ئۆزگە يەنە نېمىنى ئاپىرىدە قىلماقچى ئىدى؟ ئەنە، ئۆيلىرىمىزنى چەت ئەل پاسونىدا ياسىدۇق؛ ئاشخانىلىرىمىزنى چەت ئەلچە ئۇسلۇبتا بېزىدۇق؛ چۈشەنچىلىرىمىز، قىزىقىشلىرىمىز ۋە قابىلىيىتىمىزنى نامايان قىلىدىغان قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىز گويا قانداغايدەك غەيرىي؛ ئىنتىلىدىغ-

① دىبىس — قەدىمكى مىسىرنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى پايتەختى.
② پارمىلا — يېپەك يولىنىڭ سۇرىيە بۆلىكىگە جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 273 - يىلىدىن 64 - يىلىغىچە پايتەخت قىلىنغان.
③ ناپلېس — ئىتالىيىدىكى بىر شەھەر.



نىمىز يەنىلا «ئۆتمۈش» ۋە يىراقتىكى غايىۋى مەنزىل، خالاس.

روھ، سەنئەت گۈللەنگەن جايلاردا سەنئەتنى ئاپىرىدە قىلىدى. سەنئەتكارلار ئۆز روھىدىن ئۆزگە ئەندىزە ئىزدىدى. لېكىن، ئۇلار ئۆز ئىدىيىسىنى پەقەت ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىش ۋە كۆزەتمەكچى بولغان مۇھىتقىلا سەرپ قىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا دورىك① ۋە گوتىك②ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىمىز؟ ئىدىيىدىكى گۈزەللىك، قولايلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى يېنىمىزدىلا تۇرۇپتۇ. ناۋادا ئامېرىكا سەنئەتكارلىرى ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغىنىنى زور ئۈمىد ۋە ئىشتىياق بىلەن تەتقىق قىلىپ باققان ھەمدە ئۇنىڭدا كىلىمات، تۇپراق، كۈندۈزنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى، ئاۋامنىڭ ئېھتىياجى، ھۆكۈمەتنىڭ ئادىتى ۋە رەسمىيەت فورمىسىنى نەزەرگە ئېلىپ باققان بولسا، ھەرقانداق ئادەم ئولتۇرالايدىغان، ھەممىنىڭ ھەپسىلىسىگە باب كېلىدىغان ئۆيلەرنى ياساپ چىقالىغان بولاتتى.

دېمەك، ئۆزلۈكتىن تايمايلى، ھەرگىزمۇ تەقلىدچىلىك قىلمايلى! ناۋادا سەن ئۆزۈڭنى تەربىيىلەشنى ئۆمۈرلۈك دەپ بىلسەڭ ئىدىڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇغما تالانتىڭ پارتلاپ چىقىپ، كىشىلەر قەلبىنى يورۇتقان بولاتتى. باشقىلارنىڭ تالانتى ساڭا پەقەت ۋاقىتلىقلا ئەسقاتىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلاندىڭ دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. ھەرقانداق ئادەم كارامەت كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنداق ئىقتىدارنى ساڭا پەقەت پەرۋەردىگارلا ئۆگىتىدۇ. بىراق، سەن ئاشۇ ئىقتىدارنى ئۆزۈڭ نامايان قىلمىساڭ، ئۇنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ ھەم بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شېكىسپىرغا تالانت ئۆگەتكەن ئۇستاز نەدە؟ فرانكلىن، ۋاشىنگتون، باكون ياكى نيۇتونغا يېتەكچىلىك قىلغان ئۇستازلارچۇ؟ دېمەك، ھەرقانداق ئۇلۇغ دانىش تەڭداشسىزدۇر.

① دورىك — قەدىمكى گرېتسىيە بىناكارلىق ۋە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى بىرخىل ئۇسلۇبنىڭ نامى.
② گوتىك — غەربىي ياۋروپادىكى گېرمان قوۋمىغا تەۋە ئىدىيە بولۇپ، 18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، بىناكارلىق ۋە خەتتاتلىق مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مەسىلەن، سىكىپىئون① نىڭ سىكىپىئونىزمدىكى بەزى ئىدد-
يىلەرگە چېقىلىش مۇمكىن ئەمەس. سەن قانداقلا تەتقىق قىلما، ئىك-
كىنچى شېكىسپېرنى ياساپ چىقالمايسەن. شۇڭا ئۆزۈڭگە تەئەللۇق
ئىشنى پۇختا قىلغىن؛ ئارتۇقچە ئارزۇ- ئۈمىدلەر بىلەن ھەددىدىن
زىيادە قاپ يۈرەكلىكمۇ قىلىپ كەتمە. شۇ دەقىقىدە مەن ساڭا جە-
سۇرلۇق ۋە ئالىيجانابلىقنى ئىپادىلەشنىڭ فىدىياس② نىڭ گىگانت
ئىسكىنىسىدەك، مىسىرلىقلارنىڭ بەھەيۋەت ساپال شەمشىرىدەك،
موزېس③ياكى دانتىنىڭ④خىسلەتلىك قەلىمىدەك بىر خىل ئۇسۇلنى
كۆرسىتەي. لېكىن بۇ ئۇسۇل يۇقىرىقىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىشىمۇ
كەتمەيدۇ. روھ گەرچە ئىستېداتقا تولۇپ ـ تاشقان، تەڭداشسىز ناتىق
بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تەكرارلاشقا مەرھەمەت قىلالمايدۇ. ئەمما سەن
ناۋادا يۇقىرىقى پىر- ئۇستىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالىساڭ، ئۇلارغا
چوقۇم ئاشۇلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىنتوناتسىيىدە جاۋاب قايتۇرالايسەن.
چۈنكى قۇلاق بىلەن تىل گەرچە ئىككى خىل ئەزا بولسىمۇ، لېكىن
خاراكتېرى بىر ھەمدە ئۇلار ھاياتىڭنىڭ سەممىيلىك ۋە ئالىيجاناب-
لىققا تولغان جايلىرىدا تۇرىدۇ؛ قەلب سادايىڭنى ئاڭلىيالايدۇ. شۇڭا
سەن ئۇلار ئارقىلىق ئىلگىرىكى دۇنيانى قايتا ئايان قىلالايسەن.

## جەمئىيەت ــــ غايەت زور دولقۇن

مانا ئەمدى بىزنىڭ دىنىمىز، مائارىپىمىز، سەنئىتىمىز ۋە كۆ-
زىمىز سىرتقا تىكىلىپلا قالماي ھەتتا جەمئىيەت روھىمىزمۇ ئاشۇن-
داق ھەلەكچىلىكتە قالدى. ھەممە ئادەم ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى شەرەپ

① قەدىمكى رىم سەركەردىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 235 ـ يىلىدىن 183 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن.

② گرېتسىيىلىك بىناكار ۋە ھەيكەلتىراش.

③ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن سىياسىي شەخس، يەھۇدىي دىنىدىكى يەككە ئىلاھلىق تەلىماتنىڭ ئاساسچىسى، «تەۋرات» نىڭ بەشىنچى پارىسىنى يازغان.

④ مىلادىيە 1265 ـ يىلىدىن 1321 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن، ئىتالىيىلىك شائىر، «ئىلاھىي كۈي» نىڭ ئاپتورى.



بىلىدىغان بولۇپ كەتتى- يۇ، لېكىن مېنىڭچە بىرەر كىشىدە ياخشى-
لىنىش بولمىدى.
گەپنىڭ راستىنى دېسەم: جەمئىيىتىمىز ئەزەلدىن ئالغا بېسىپ
باققىنى يوق. جۈملىدىن جەمئىيىتىمىز مەلۇم بىر جەھەتتىن ئالغا
باسسا، يەنە بىر جەھەتتىن ھەش- پەش دېگۈچە چېكىنىپ، ئىككى
سەككىز ئون ئالتە بولدى. جەمئىيىتىمىز مەنىۋى جەمئىيەت، مەدەنىي
جەمئىيەت، خرىستىئان جەمئىيىتى، باي- باياشات جەمئىيەت، ئىلمىي
جەمئىيەت... دېگەندەك خىلمۇ خىل ناملاردا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ
باقتى. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ خىل ئۆزگىرىشتە
ئېرىشكىنىمىزگە باراۋەر نەرسىدىن قۇرۇق قالدۇق. شۇڭا، جەمئىيەتنى
ياخشىلاندى، دەپ ئېيتالمايمىز. مەسىلەن، يېڭى ھۈنەرنى ئۆگىنىۋال-
غىنىمىز بىلەن ئەسلىدىكى تەبىئىي تۇيغۇمىزدىن مەھرۇم قالدۇق.
ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولدى.
كىيىنىش- ياسىنىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، يازالايدىغان ۋە ئو-
قۇيالايدىغان، سۆزمەن ئامېرىكىلىقلار بىلەن يالىڭاچ دېگۈدەك يۈرىد-
غان يېڭى زېلاندىيىلىكلەر نېمىدېگەن روشەن سېلىشتۇرما ـ ھە! ئا-
مېرىكىلىقلارنىڭ يانچۇقىدىن سائەت، قېرىنداش ۋە پېرېۋوت چېكى
قاتارلىقلار چىقىدۇ. يېڭى زېلاندىيىلىكلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى بايلىقى
بىر تال كالتەك، بىر دانە يوغان قالقان، بىر پارچە بورا ۋە ھەممە ئادەم
بىراقلا كىرىپ ياتىدىغان بىر ئېغىز كەپىدىنلا ئىبارەت. ۋەھالەنكى
يېڭى زېلاندىيىلىكلەرنىڭ تەن ساپاسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان
بولساڭ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەسلىي تەن قۇۋۋىتىنى يوقىتىپ بولغان-
لىقىنى سېزىسەن. سەيياھلارنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىرى راست
بولىدىغانلا بولسا، ناۋادا سەن ئاشۇ ياۋايى ئادەملەرنى يوغان پالتا بىلەن
چاپساڭ، ئىككى كۈنگە قالماي چېپىلغان يەردىن ساپساق ئەت ئۆسۈپ
چىقىدۇ. ئەگەر ئاشۇ پالتا ئاق تەنلىكلەرگە تېگىپ كەتسىچۇ؟ ئۇلار شۇ
ھامان جەھەننەمگە يول ئالىدۇ.
بىزدەك ئاتالمىش مەدەنىي ئىنسانلار مەپىنى ئىجاد قىلىمىز
دەپ، ئىككى پۇتىمىزنىڭ رولىدىن مەھرۇم قالدۇق. بۇ گەرچە سەن
ھاسىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرۇۋاتقان بولساڭمۇ، لېكىن نۇرغۇن مۇسكۇل-
لىرىڭنىڭ مەدەتكارلىقىدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەنە،

ئالىي دەرىجىلىك جەنۋە سائىتىگە يۆلىنىۋېدىك، كونگە قاراپ ۋاقىتنى
بەلگىلەش ئىقتىدارىڭنى يوقاتتىڭ. سەندە گرىنىۋىچ ئاسترونومىيە
ىلنامىسى بولغاچقا، لازىم بولغاندا ھەرقانداق ماتېرىيالغا ئىگە بولا-
لايسەن. بىراق، كوچىدىكى ئادەتتىكى پۇقرالارچۇ؟ كۆكتىكى يۇلتۇز-
لارنى پەرق ئېتەلمەس بوپكەتتى. سېنىڭ كۈن تەڭلىشىش نۇقتىسى
بىلەن كۈن توختاش نۇقتىسىنى كۆزىتەلمەس بوپقالغانلىقىڭغا ھازىر
ھېچكىم ھەيران قالمايدۇ. يۇرىكىڭدە ئاشۇ شانلىق ۋە مۇكەممەل
يىلنامىنىڭ شىكالا تەخسىسى يوق. شۇنداق، يانچۇق دەپتىرىڭ خاتى-
رەڭنى كاردىن چىقاردى؛ زېھىن قۇۋۋىتىڭ كۇتۇپخانىنىڭ بېسىمىغا
بەرداشلىق بېرەلمىدى؛ سۇغۇرتا شىركەتلىرى ھادىسىلەرنى كۆپەيتى-
ۋەتتى. ماشىنىنىڭ زىيان- زەخمىتى بارمۇ، يوق؟ بىز سىپايىلىق
قىلىمىز دەپ ھاياتىي كۈچىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇقمۇ، قانداق؟ قو-
رۇلما ۋە شەكىلگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد
قىلىمىز دەپ ئۆزىمىزدىكى ئېتىلىپ تۇرۇدىغان ئەسەبىي كۈچنى يو-
قىتىپ قويدۇقمۇ، قانداق؟ دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى ئويغا
سالىدىغان مەسىلە.
كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدە كۆرۈلۈۋاتقان پەرقلەر، ئۇلارنىڭ
بوي- بەستىدە كۆرۈلۈۋاتقان پەرقلەردىن كۆپ ئەمەس. ھازىرقى ئىن-
سانلار بۇرۇنقىلاردىن ئۇلۇغمۇ ئەمەس، بەك بىچارىمۇ ئەمەس. دېمەك،
بىزگە ئېنىقكى، قەدىمكى ئۇلۇغ زاتلار، ھازىرقى ئۇلۇغ زاتلاردىن ئانچە
پەرقلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، پلوتاركنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان
بۇنىڭدىن 2400 يىل بۇرۇنقى قەھرىمانلار، 19- ئەسىردىكى ئىلىم-
پەن، سەنئەت، دىن ۋە پەلسەپىنىڭ ئورتاق رولى بىلەن يېتىشىپ چىق-
قان ئۇلۇغ ئەربابلاردىن قېلىشمايدۇ. دېمەك، ئىنسانلار ۋاقىتنىڭ ئۆ-
تۈشىگە ئەگىشىپ ئىلگىرىلەۋەرمەيدۇ.
ماشىنىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى بىزگە پايدىمۇ، زىيانمۇ ئې-
لىپ كەلدى. مەسىلەن، خۇدسون بىلەن بېرىنگ①شۇ زامانىنىڭ بې-
لىقچى كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، ئاجايىپ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يا-

① تىنچ ئوكياننىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بىر دېڭىزنى تەك-
شۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر. كېيىن ئۇ دېڭىزنىڭ ئىسمى دەل بې-
رىنگنىڭ نامى «بېرىنگ» دېڭىزى دەپ ئاتالغان.



ئىدىغۇ! پەن- تېخنىكا ئارقىلىق ئۆزىنى يېتەرلىك قوراللاندۇرغان
باللى بىلەن فرانكلىن، ئۇلارنىڭ بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرۈپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن ھەسرەت چەككەن ئىدىغۇ! يەنە مەسى-
لەن، گاللىېي تىياتىر كۆرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان كىچىككىنە دۇر-
بۇنغا تايىنىپ، نۇرغۇن ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەرنى بايقىغانىدى.
ئۇنىڭ بۇ شانلىق نەتىجىسى كېيىنكىلەرنى مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە
قالدۇردى. كولۇمبۇمۇ پالۇبىسى يوق كىچىككىنە كېمە بىلەن بېرىپ،
يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىغانىدى...
كىشىلەر ئارىلاپ- ئارىلاپ بىر تۈركۈم قورال ۋە ماشىنىلارنى
شاللاپ تۇرىدۇ. نېمىشقىكىن، بۇنىڭغا ئەقلىم يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاشۇ
قورال ۋە ماشىنىلارنى بىرقانچە يىل ياكى بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى
كىشىلەر ئىشلەتكەن، ئۇلار ھەم شۇ چاغلاردا ئاجايىپ زىلزىلىلەرنى
قوزغىغان. بۈيۈك تالانت، ئەسلىگە قايتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان
بولىدۇ. بىز ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ يېڭىلىنىشىنى، پەن- تېخنىكا تە-
رەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، دەپ بىلدۇق. بىراق، ناپولېئون دالا ئارمى-
يىسىگە تايىنىپ پۈتكۈل ياۋروپانى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ قوشۇنىدا
ھىماتسىز يېگانىلىقنىڭ خېيىمخەتەرلىرىنى پەقەت مۇشتىغا تايىنىپلا
يېڭىدىغان قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق قەھرىمانلار بار ئىدى. بۇ
بۈيۈك شاھ: «كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مۇكەممەل قوشۇن
قۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارايدۇ. لاس . لاس مۇنداق دەيدۇ: «بىز
قورال- ياراق، ئوق- دورا، ئوزۇق- تۈلۈك، يەم- خەشەك ۋە ھارۋا-
كۆلۈك سەۋەبىدىن تۈگىشىپ كەتمىدۇق. چۈنكى ئەسكەرلىرىمىز
رىملىقلارنىڭ ئۇسۇلىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئوزۇق- تۈلۈك ھەل قىلىپ،
يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىپ، ئۆزلىرى بولكا پىشۇردى.»
جەمئىيەت، ئۇ غايەت زور دولقۇنغا ئوخشايدۇ. دۇرۇس، دولقۇن
توختاۋسىز ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئاشۇ دولقۇننى ھاسىل
قىلغان سۇ ئۆز ئورنىدا جىم تۇرىدۇ. شۇڭا، بىر تال زەررىچىنىڭ
دولقۇن جىلغىسىدىن دولقۇن چوققىسىغا چىقالىشى ناتايىن. دېمەك،
دولقۇننىڭ بىر گەۋدىلىكى پەقەت يۈزەكى ھادىسىلا، خالاس. بەزىلەر
بۈگۈنى بىر دۆلەتنى قۇرسا، كېلەر يىلى ئۆزى ئاخىرەتكە كەتتى. شۇڭا،
ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىمۇ خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۇمىد

كۆتكىلى بولمايدىغان نەرسىلەر. دىمەكچىمەنكى، مال ـ مۈلۈك قو-
رۇقچىسى ــ ھۆكۈمەتكە تايىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگەن ئالغان مال ـ
مۈلۈك بەيئەتچىلىكى، ئۆزلۈك ئىگىنىڭ كەملىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.
كىشىلەرنىڭ كۆزى ئەمەس، بەلكى ئۆزى نەرسىلەرگە تىكىلىدىغان
بولۇپ كەتتى، مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، بارا ـ بارا ئۇلار دىن، ئىلمىي مۇ-
تائىلە ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى پەقەت مال- مۈلۈكنىڭ قوغدىغۇ-
چىسىغىلا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار ئاشۇ ئاپپاراتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا
قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاشۇ ئاپپاراتلارغا
ھۇجۇم قىلىش، مال ـ مۈلۈككە ھۇجۇم قىلىغانلىقتۇر. چۈنكى ئۇلار
بۇنىڭدا ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىلكىدە نېمە
بارلىقىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئۆز تە-
بىئىتىگە بولغان يېڭىچە ھۆرمەت نۇقتىسىدىن، ئىلكىدىكى مال ـ
مۈلكىگە قاراپ نومۇس قىلىدۇ. ئۇ ئۆز مال ـ مۈلكىدىن ئاجايىپ
يىرگىنىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ قولىدىكىسى جاپالىق مېھنەت بەدىلىگە ئە-
مەس، بەلكى مىراسخورلۇق، باشقىلارنىڭ ھەدىيىسى ياكى جىنايى ۋا-
سىتىلەر ئارقىلىق كەلگەن مۈلۈك بولسا، ئۇ شۇنداق ھېس قىلىدۇ:
«ئۇ نەرسىلەر ماڭا تەئەللۇق ئەمەس، جىسمىمدا ئۇ نەرسىلەرنىڭ يىلى-
تىزى يوق. ئۇرۇش ـ تالاشلاردا ئوغرى ـ قاراقچىلار ئېلىپ كەتمىگەن-
لىكى ئۈچۈنلا ئاشۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ.» ئەمما، ئادەم ھەرقانداق نەرسىگە
ئۆزىدىكى ئېھتىياج- تەمەگە ئاساسەن ئېرىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئې-
رىشكىنى ئەلۋەتتە رېئال مال- مۈلۈك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ھۆكۈمدار،
زوراۋان، ئىنقىلاب، ئوت ئاپىتى، بوران ـ چاپقۇن ياكى ۋەيرانچىلىق دې-
گەنلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ. خەلپە ئەلى مۇنداق دەيدۇ: «ھاياتىڭنىڭ
ھەممىسى ياكى بىر قىسمى سېنى ئىزدىمەكتە، چۈنكى سەن ئۇنىڭغا
بولغان ئىنتىلىشىڭنى توختىتىپ قويدۇڭ!»
چەت ئەل ماللىرىغىلا ئىنتىلىش ئىدىيىسى بىزدە قارىغۇلارچە
سان قوغلىشىش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سىياسىي پارتىيە-
لەرنىڭ يىغىنلىرى كۆپىيىپ كەتتى، يىغىلىشلىرىنىڭ كۆلىمى
كېڭىيىپ كەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم بىرەر ئىشنى جاكارلىغاندا جاھان
تىترىدى. تۈمەنلىگەن كۆزلەر ئۇلارغا تىكىلدى، تۈمەنلىگەن گەۋدىلەر
سىلكىندى. بۇنى كۆرگەن يۈكسەك ئىرادىلىك، ياش، پەزىلەت



ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قى-
لىشتى. ئىسلاھاتچىلارمۇ ئۆرتۆپە بولۇشۇپ، يىغىنلارنى ئاچتى، ساي-
لاملارنى ئۆتكۈزدى ۋە نۇرغۇن قارارلارنى چىقىرىشتى.
ھەيھات، دوستۇم ئۇنداق قىلما! ئاشۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتساڭلا،
پەرۋەردىگار ساڭا مەرھەمەت قىلىپ، روھىڭغا كۆچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
ھاياتىڭ ھەر ۋاقىت ياشىرىپ تۇرىدۇ.
ھىماتتىن مۇستەسنا، مۇستەقىل ۋە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرا-
لىغان كىشىنىڭلا جەسۇرلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرەلەيسەن. ئۇ-
نىڭ تۇغى ئاستىدا بىر ئادەم كۆپەيسە، ئۇ ئۆزىنى ئاز- تولا ئاجىزلاپ
قالغاندەك سېزىدۇ. بەزىلەر ئېھتىمال شۇنداق دەپ سورايدۇ: «ئەجابا، بىر
ئادەم بىرەر شەھەرگە تەڭ كېلەلمەمدۇ؟» جايىدا گەپ بولدى. بىراق،
مەن يەنىلار جاۋابىم ئارقىلىق سوئالىڭنى رەت قىلىمەن: باشقىلارغا
يېلىنما، تۇرلۇك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە، مۇستەقىل پۇت تى-
رەپ تۇرالىساڭلا، ئۇزۇنغا بارماي ساڭا ئۆزلۈكىدىن مەدەت بېرىدىغانلار
چىقىدۇ. ئەگەر كىمكى، كۈچ- قۇدرەتنىڭ ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئا-
پىرىدە بولىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئۆزىنىڭ دەل ئۆزلۈك دۇنياسىدىن
خەيرلىك ئىزدىمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشى-
نىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىدىيىسىگە شەكسىز تايىنىپ، قەد-
دىنى رۇسلايدۇ؛ ئۆز جىسمىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق مۆجىزە يارى-
تىدۇ. بۇ ھال گويا ئىككى پۇتىدا يەرنى دەسسەپ تۇرغان ئادەمنىڭ،
بېشىدا يەر تىرەپ تۇرغانغا قارىغاندا مەزمۇت تۇرالىغىنىغا ئوخشايدۇ.
شۇڭا، سەن ئىككى پۇتۇڭ بىلەن مەزمۇت تۇرۇپ، بارلىق كۈ-
چۈڭنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەر «تەقدىر» دەپ ئاتايدىغان نەرسىلەر-
نىڭ ھەممىسىدىن تولۇق پايدىلان. نۇرغۇن كىشىلەر تەقدىر بىلەن
بىرلا مەيدان كەسكىن قىمارغا چۈشىدۇ. بۇ قىماردا ئۇتامسەن ياكى
ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ قاقسەنەم بولۇپ قالامسەن، بۇ پەقەت قولۇڭدىكى
ساقىنى قانداق ئېتىشىڭغا باغلىق. بىراق مۇنداق بىر نۇقتىغا دىققەت
قىلىشىڭ كېرەككى، ئۇتقانلىرىڭنى قانۇنسىز نەرسە سۈپىتىدە قويۇپ
قوي ۋە «سەۋەب ـ نەتىجە»دىن ئىبارەت بۇ پەرۋەردىگارنىڭ سوتچىسى
بىلەن ھەپىلەش.
مەقسەتلىك تەر تۆك ۋە ئېرىشكىن. چۈنكى سەن قىسمەتنىڭ

چاقىغا چىرماشتىڭ. ئەمدى ئۇ قانداق چۈرگىلىمىسۇن، قىلچە قورقۇمسىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرەلەيسەن. سىياسىي جەھەتتىكى بىر قېتىملىق غەلىبە، بىر قېتىملىق پايدا، ئاغرىق-سىلاقتىكى غالىبلىقىڭ، ئۇزۇن زامانلار كۆرۈشمىگەن دوستۇڭنىڭ كېلىپ قېلىشى ياكى باشقا ھەرقانداق خۇشاللىنارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى روھىڭنى ئۇرغۇتۇپ، سېنى گۈزەل كۇنلەرنىڭ ئالدىڭدا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرىدۇ. بىراق، ساڭا سوغۇق سۇ سەپكەنلىكىمدىن رەنجىمە. دېمەكچىمەنكى، ھېچنېمىگە ئىشەنمە، ئىشىنىشكە توغرا كەلسە پەقەت ئۆزۈڭنى پەرۋەردىگار دەپ بىلىپ، شۇنىڭغا ئىشەن. چۈنكى، ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم خاتىرجەم قىلالمايدۇ. تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئۇتۇق زىيانلىق خام خىيالدۇر، ئۇ ھەم ساڭا ھېچقانداق ئەمىنلىك بېرەلمەيدۇ.



# كۆچ

تىللىرىڭغۇ كۆي ـ نەغمىگە يارىلىپتۇ،
چېۋەر قولۇڭ ماھارەتتە ئۈينايدىكەن.
چىراي ـ چېھرىڭ گۈزەللىكىڭ ئەندىزىسى،
يۈرىكىڭدە چىدام ـ غەيرەت قايىنايدىكەن.

## تۇرمۇش، كۆچكە ئىنتىلىش دېمەكتۇر

ئىنسانىيەت ئولتۇرغان ھارۋا، توختىماي ئىلگىرىلەپ بۈگۈنگە كەلدى. بىراق بىز بىر ئادەم ھازىرلىغان قابىلىيەتنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىمىزنى، قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پەقەت بىر ئادەمنىڭ پىكىر- چۈشەنچىلىرىگە ئۆزگەرمەس ئەقىدە دەپ باش ئۇرۇشلا ئىكەنلىكىنى بايقاپ تۇرۇپتىمىز. زادى كىم بىر ئادەمنىڭ تەسىر دائىرىسىگە چەك بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ؟ دۇرۇس، شۇنداق ئادەملەرمۇ بار. ئۇلار پۈتكۈل مىللەتنى ئۆزىگە رام قىلىپ، ئۇلارنى ئىنسانىي ھاياتقا يېتەكلەپ ماڭالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردا ھېچقانداق پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارمۇ يوق. ئۇلارنىڭ تايانغىنى پەقەت، ئۆزى بىلەن مىللەتداشلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا تارتىش كۈچىلا، خالاس.

بۇ دۇنيادا، ئادەمنىڭ روھى نەگە بارسا، تەبىئەت ئاشۇ كىشىنىڭ سايىسىغا سوڭدىشىدۇ. جۈملىدىن، روھ بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى مۇشۇنداق بىر سىرلىق باغلىنىش بار، دېيىلسە، ئۇنداقتا بەزى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا مىسلىسىز جەلپكارلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماددا ۋە تەبىئەتنىڭ كۈچىنى تارتىپ ماڭالايدۇ؛ ئۇلار نەدە پەيدا بولمىسۇن، تۇرلۇك ـ تۇمەن ھەيران قالارلىق ۋاستىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا جۇغلىنىدۇ.

تۇرمۇش دېگەن نېمە؟ تۇرمۇش، كۆچكە بولغان ئىنتىلىشتۇر. بۇ پولاتتەك ھەقىقەت ماكانىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە، زامانىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىگىچە سىڭىپ كەتكەن. دېمەك ئۇ ھەرقانداق يەردە مەۋجۇت. شۇڭا، ساداقەتكە تولغان ئىنتىلىش، ھەرقانداق ۋاقىتتا غالىب كېلىدۇ؛ بەدەل تۆلىگەن كىشى شۇنىڭغا تالىق ھاسىلاتقا ئىگە بولالايدۇ. بۇمۇ تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىدىندۇر.

شۇڭا، سەن ھەر ۋاقىت كونكرېت مال - مۈلۈكنى قەدىرلە. ئۇلارنى كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىدىغان بېزەك دەپ بىلمە؛ پەزىلەتنىڭ چۇشەكلىرى دەپمۇ قارىما. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان بىر دۆۋە مىنېرال ماددىلاردىنلا ئىبارەت.

ناۋادا ھادىسە، مال - مۈلۈك ۋە تەن تىنىقلىرىنىڭ قىممىتىنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئادەم تېنىگە سىڭدۇرۇشكە مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئادەم شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى ئالغان، يەنى كونكرېت ھادىسە، مال- مۈلۈك ۋە تىنىق دېگەنلەردىن ۋاز كەچكەن بولاتتى. بۇ گويا كىشىلەرنىڭ قېرىماس دورىسى ئەل- ئىكسىرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەل- ئىكسىر ئۆسكەن باغدىن ۋاز كەچكىنىگە ئوخشايدۇ. ئىلىم ئىزدەش پاراستى بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلىش جاسارىتىنى ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملىگەن ئالىي پەزىلەتلىك كىشىلەر، تەبىئەت ئىنتىلىدىغان ئەڭ ئالىي نىشان ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، گېئولوگىيە ۋە ئاسترونومىيىدە پورەك ئاتقان روھ گۈللىرىنىڭ ھەممىسى، ئىرادە ئاپىرىدە بولغان ۋە يېتىشكەن نۇقتىدۇر.

ھەممىگە مەلۇم، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى نەزەرىيىسىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرى. ئۇلار، شەيئىلەر تاسادىپىيلىقىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، تەلىيى كەلگەن تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس، شەيئىلەر پەقەت قانۇنىيەتنىڭ كونتروللۇقىدا تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىشىنى باغلاپ تۇرغان سەۋەب - نەتىجە زەنجىرىدە، ئاجىز ياكى بۇزۇلغان ھېچقانداق ھالقا مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ ھالقىلار ئاجايىپ پۇختا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھەرقانداق قىممەتلىك روھ سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىشىنىشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ خىل روھ نەتىجىگە، ھاسىلاتقا



ئىشىنىدۇ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ھەرگىزمۇ ئالىيجانابلىقتىن ئېچىلغان گۈلنىڭ رەزىللىك مېۋىسى، رەزىللىكتىن ئېچىلغان گۈلنىڭ ئالىيجانابلىق مېۋىسى بەرمەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ.

ھەربىر ئىجتىھات ئىگىسى تۆككەن ھەربىر تامچە تەر، مۇشۇ خىل ئىشەنچىنىڭ نامايەندىسى. ئەڭ جەسۇر كىشىلەرمۇ، قانۇن - قائىدىنىڭ كۈچىگە ئەڭ ئىشىنىدۇ. بوناپارت ①مۇنداق دېگەنىكەن: «ئۇلۇغ سەردارلارنىڭ ھەممىسى ئەپلىك ماھارەتلەر قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆز تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق توسالغۇلارغا ماسلىشىش يولى بىلەن كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتقان.»

دەۋر قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ دەل ئاشۇ، ياكى باشقا بىر ئاچقۇچ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئاچقۇچ بولۇشى مۇمكىن. ئىش كۆرمىگەن بىر قىسىم ناتىقلار ئەنە ئاشۇنداق دەپ مۇبالىغە قىلىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار دەۋر قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنىڭ دەل ھاماقەتلىك ۋە ئىقتىدارسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار شۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، ھەرقانداق ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر ھاماقەت ۋە ئىقتىدارسىز كېلىدۇ، ھەتتا قەھرىمانلارمۇ بۇ خىل ھالەتتىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس. ئۇلار پەۋقۇلئاددە شانلىق كۈنلىرىدىن باشقا، كۆپ ۋاقىتلاردا ھاماقەتلىك ۋە ئىقتىدارسىزلىقنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا ياشايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى، ئۆرپ- ئادەت ۋە ۋەھىمىنىڭ قۇربانلىرىدۇر. بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربكە ئولتۇرۇشىغا ئەگىشىپلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە مۇستەقىل ئىگە بولۇش ياكى مۇستەقىل ئىجادىيەت ئادىتىنى ھازىرلىمىغان. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا، كۈچلۈكلەرنىڭ قۇدرىتى تېخىمۇ روشەن نامايان بولىدۇ.

## كۈچ، تەبىئىي ياراتقۇچىدۇر

بىز مۇۋەپپەقىيەتنى باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ياراتقۇچى ۋە تەنىنىڭ تۇغما ئالامىتى دەپلا بىلىشكە ھەقلىقمىز. قەدىمكى

① ناپولېئون III نىڭ جىيەنى، 1808 - يىلىدىن 1873 - يىلىغىچە ياشىغان.

زاماندىكى تېۋىپلار بىلىدىغان فىزىئولوگىيە گەرچە ئازدۇر. كۆپتۇر
رىۋايەت تۇسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىزگە مۇنداق تەلىم-
لەرنى بەرگەن: «جاسارەت ياكى ھاياتىي كۈچنىڭ كۈچلۈك ياكى ئا-
جىزلىقى، جان تومۇردىكى① قاننىڭ ئېقىش كۈچى بىلەن ئۇلۇغ تانا-
سىپ بولىدۇ. ئادەم ھاياجانلانغان، ئاچچىقلانغان، غەزەپلەنگەن، كۈچ
سىناشقان، چېلىشقان ۋە ئېلىشقان چاغلاردا بەدەن تەلەپ قىلىدىغان
قان مىقدارى ئاشىدۇ. دە، جان تومۇرغا قان تولىدۇ. ۋېنا② دىكى قان
نىسبىي ھالدا ئازىيىدۇ. باتۇر، جاسارەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئە-
زەلدىن مۇشۇنداق بولىدۇ. پەقەت ئادەمنىڭ جان تومۇردىكى قان كۈچ-
قۇۋۋەتكە تولۇپ تاشالىسا، ئادەمنىڭ پارتلاش، چۇقان كۆتۈرۈش، جاسا-
رەت كۆرسىتىش ۋە تەۋەككۈل قىلىش روھى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.
ئەكسىچە جان تومۇردىكى قان ۋېنا ئارقىلىق ئۇدۇللا يۈرەككە قايتسا،
بۇنداق ئادەم قورقۇنچاق ۋە تەشۋىشلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىمۇ
چۈشكۈنلۈك ۋە بىقۇۋۋەتلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ.»

يادىڭىزدا بولسۇن: ناۋادا يەر- جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك چوڭ
ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولساڭ، تېنىڭ ساغلام ۋە كۈچ- قۇۋ-
ۋەتكە تولغان بولۇشۇڭ لازىم. مەسىلەن، بىز قىياس قىلىپ باقايلى:
ئېرىك گرىنلاند ئارىلىدىن③ ئايرىلغاندا 30 ياشلاردا بولۇپ، تېنى
ساغلام، كۈچ- قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلاردىن بولغاچقىلا كېمە
بىلەن شەرقتىكى نېۋفونلاند④ ئارىلىغا يېتىپ بارالىدى. بىراق، بىز
ھازىرچە ئېرىكنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. چۈنكى ئۇنىڭدىنمۇ ساغلام ۋە
كۈچلۈك ئادەملەر كۆپ- تە! مەسىلەن، ناۋادا ئاشۇ كېمىگە بىئېن ياكى
سورفىن باشچىلىق قىلغان بولسا، ئېھتىمال مىڭ نەچچە يۈز دېڭىز
مىلى ئارتۇق يۈرۈپ تاكى لابرادور⑤ ياكى نېۋئېنگلاند⑥غىچە بارالىغان
بولاتتى.

مېنىڭچە، ئۇنداق پۇرسەت، مۇنداق پۇرسەت دەپ ئۆزىمىزنى

① يۈرەكتىكى قاننى بەدەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان
تومۇر.
② بەدەندىكى قاننى يۈرەككە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تومۇر.
③ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر ئارال.
④ كانادانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر ئۆلكە.
⑤ كانادانىڭ بىر ئۆلكىسى.
⑥ ئامېرىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر رايون.



ئالدىمايلى. چۈنكى، مۇۋەپپەقىيەت ھېچقانداق پۇرسەتنى تونۇمايدۇ.
مەسىلەن، قۇرامىغا يەتكەنلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار ئالدى بىلەن
خۇددى ئۇششاق باللارغا ئوخشاش قىن- قىنىغا پاتماي ئويۇن ئوي-
نايدۇ. ئۇلار گويا ئاقار يۇلتۇزدەك ئايلىنىۋاتقان ياغاچ ئاتقا مىنىۋېلىپ
چۆرگىلىگەن چېغىدا، ئادەملەر ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئىمىر- چىمىر كۆ-
رۈنىدۇ. ئەتراپتا تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلار قوشۇملىرى تۈرۈلگەن
ھالدا قارتىسنى ئويناۋېرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېغىر يۈكنى
زېمىنسىگە ئالالايدىغانلاردىن بىرقانچىسى ياغاچ ئاتقا مىنگەنلەر سې-
پىغا قېتىلىدۇ.

ئۆزۈڭگە: ئەڭ قىممەتلىك بايلىق—سالامەتلىك، دەپ ئۇنۇلۇك
تۇۋلىغىن. چۈنكى، بۇ ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان ئۆزگەرمەس ھەقىقەت.
ئاغرىق- سىلاق ئادەمنى توخۇ يۈرەك، ئاجىز ۋە خاپىغان قىلىۋېتىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا- بارا كارغا كەلمەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، سەن
ھاياتلىق بايلىقىڭنى تېجەش يولى بىلەن ئاشۇنداق كۈنلىرىڭنى ئار-
قىغا سۈرۈشۈڭ كېرەك. چۈنكى تېنى ساغلام، زېھنى كۈچلۈك كىشى-
لەر ئۆز نىشانىغا ئوڭۇشلۇق يېتەلەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىكى ئۇرغۇپ
تۇرغان ھاياتىي كۈچ ئەتراپىدىكىلەر ئارىسىغا يامراپ، ئۇلارنىڭ قاغ-
جىرىغان قەلبىنى سۇغىرىدۇ.

ھەرقانداق كۈچ، جاھاندىكى مەۋجۇدات ماھىيىتىنىڭ نامايەندىسى
بولۇپ، ئۇلار بىر ئائىلىگە مەنسۇپتۇر. ناۋادا كىمنىڭ قەلبى ۋە روھى
ھەممىگە ماسلىشىپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن بىرجان- بىرتەن
بولۇپ كېتەلىسە، ئۇ كىشى ھەرقانداق ئومۇمىيەتنى قوبۇل قىلالايدۇ-
دە، ئاشۇ ئومۇمىيەتنىڭ كۈچىنى ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنى
كۈچەيتىپ بارالايدۇ. ئادەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ماھى-
يىتىدە قانداق پەرق بار؟ ھېچقانداق پەرق يوق. ئۇلار پەقەت بىر خىل
ماھىيەتنىڭ پەرقلىق نامايەندىسىلا، خالاس. شۇڭا، ئىنسانلار شەيئىلەر
تەرەققىياتىغا ھەمنەپەس بولۇپ، ئۇ ھەقتە لايىقىدا بېشارەت بېرەلەيدۇ.
دۇنيادا نېمە ئىش يۈز بەرمىسۇن، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئالدى بىلەن ئا-
دەمدە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئادەم، بولغۇسى ئىشلار ھەققىدە كۆڭلىدە ئە-
دىتلىق سان تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش قۇدرىتىنى يېتىلدۇ-
رۇپ ماڭالايدۇ. ئىنسانىيەتنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم سىياسىي،

سودا، قانۇن، ئۇرۇش، دىن ... قاتارلىقلار ھەققىدە مۇتائىلە قىلىشقا
ماھىر كېلىدۇ. چۈنكى قەيەردە بولمىسۇن، ئادەمنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان
پوزىتسىيىسى بىردەك بولىدۇ.

قىسقىسى، كۆچلۈك سوقالىغان تومۇرنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان
ھىممىتى چەكسىز بولىدۇ. بۇ خىل ھىممەتكە ھەرقانداق مېھنەت،
سەنئەت ياكى ھەمكارلىقلار ئارقىلىق ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ،
كىلىماتنىڭ زىرائەتلەرنى پۈۋ دەپلا مول ھوسۇل بەرگۈزگىنىگە
ئوخشايدۇ. چۈنكى زىرائەتنى ئوخشىتىشتا ھەرقانداق پارنىك، ھەرقانداق
شەكىلدىكى تېرىش، سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش چارىلىرى كېلىماتتەك
رول ئوينىيالمايدۇ. بۇ گويا نيۇ يورك ياكى كونستانتېنوپولغا ئوخشاش
شەھەرلەردە ئېرىشكەن پۇرسەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاشۇنداق پۇر-
سەت قولغا كەلگەنكەن، ئۇنداقتا ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ زومى-
گەرلىك قىلىشىمىزنىڭ، قاراملىق قىلىشىمىزنىڭ ھەمدە مەلۇم
مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كارامىتىمىنى ئىشقا سالىمەن دەپ قان - تەر
تۆكۈشىمىزنىڭ ياكى زۇلۇم - ستەمگە ئۆزىمىزنى ئۇرۇشىمىزنىڭ
ھاجىتى قالمايدۇ. چۈنكى، ئىنتىلگەن، ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىمىز
گويا كەلكۈن سۈيى دېڭىزغا قۇيۇلغىنىغا ئوخشاش، ئۆزلۈكىدىن كې-
لىۋېرىدۇ.

ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتالايدىغان بۇ خىل كۈچ مۇبادا مەلۇم بىر
ئادەمنىڭ جىسمىدا ساقلانغان بولسا، ئۇنى يەنە بىر ئادەمنىڭ جىسمى-
دىن ئىزدەپ تاپالمايمىز. بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ
خۇددى، بىر ئاتتا كۈچ - ماغدۇر ئۇرغۇپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر ئاتنىڭ
جىسمىدىكى شۇ خىل مادارنى پەقەت قامچىغا تايىنىپلا ئىزدىگەندەك
بىر ئىش.

ھەفىز مۇنداق دېگەنىدى: «ياشلارنىڭ جىسمىدىن چاقناپ تۇرغان
ئىنتىلىش روھىدىن ئۆزگە، ھېچقانداق نازاكەت گۆھىرىنى تاپالماي-
مىز.» مەسىلەن، ناۋادا سەن ئەقىل - ھوشى قايناپ تۇرغان كاللاڭنى
پار بازغىنى، غالتەك، جەينەك ۋە چىشلىق چاق قاتارلىق نەرسىلەر
بىلەن لىق تولدۇرۇپ، نيۇ يورك ياكى پېنسىلۋانىيىدەك قەدىمكى
گوللاندىيىلىكلەرنىڭ مۇستەملىكە رايونى ياكى ۋېرگىنىيىدەك جا-



پا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان يانكى①باغۋەنلەرنىڭ مۇستەملىكە را-
يونلىرىغا ئوخشاش كۆل سۈيىدەك بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان جايلارغا
بارساڭ، ئۇ چاغدا ھەممىلا نەرسە كۆز ئالدىڭدا نۇرلىنىپ، ئۆز قىممى-
تىنى چاقنىتىدۇ.

ھەرقانداق شىركەتتە، ئاكتىپلىق ۋە پاسسىپلىقتىن ئىبارەت
ئىككى خىل تائىپە پەرقىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم
ۋە كەسكىن بىر خىل تائىپە پەرقى مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ، قەلب يەنى
مەنىۋىيەت پەرقىدۇر. بۇ ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ھازىرلى-
غان ئەر - ئاياللار بىلەن، ئۇ خىل ئىقتىدارنى ھازىرلىمىغان ئەر - ئاياللار
ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئالدىنقىلىرى بولسا ئاكتىپ
كېلىدۇ؛ كېيىنكىلىرى بولسا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا
ئۆزلۈكىدىن ئىنتىلمەي، پەقەت تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرىدۇ.

ئىستېداتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىر ئەركەك، ئۇ چوقۇم
ئۆز ئەتراپىدىكى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ داھىيسى ۋە ۋەكىلىدۇر. ناۋادا ئۇنى
تاسادىپىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، بولۇشىغا ئۆزىنى كۆرسەتتى، دەپ
قارىساق، بۇ ئاشۇ ئەركەكنىڭ قانداقتۇر قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ياكى
تۆۋەن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ
پەقەت ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ئەسكەرلەرگە ياكى ئوقۇتقۇچىلارغا خاس
پەم - پاراسەت ۋە شىجائەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىنلا دېرەك بېرىدۇ. ئۇ-
نىڭدىكى دەل يا قىزىققانلىق يا سىپايىلىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان
سۇبات ۋە پاراسەتتۇر. ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدىغان بۇ خىل
پاراسەتنىڭ نەتىجىسى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ، ئۇ ئەركەكنىڭ بارلىق
ياردەمچىلىرى ۋە چوقۇنغۇچىلىرى ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ھەمدەم بو-
لىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ؛ ئۇنى ئۆزلىرىنى يېتەكلەپ مېڭىشقا،
ئۆزلىرىگە قوماندانلىق قىلىشقا، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئىشغال قىلىشقا
ھوقۇقلۇق، دەپ قارايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز: سودىگەرلەر بوغالتىر
بىلەن كاسسىرنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ؛ ئادۋوكاتلىق نوپۇزى خادىم-
لارنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ؛ گېئولوگ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ
تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى دوكلات قىلىدۇ؛ ۋىلكېس ئۇزۇن سەپەرگە

① بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ گوللاندىيىلىكلەر تەرىپىدىن قويۇلغان لەقىمى
بولۇپ ئېنگلىزچىدەyankee ، yankدەپ يېزىلىدۇ.

قاتناشقان بارلىق ئالىملارنىڭ مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان؛ تورۋالدسېننىڭ ھەيكەللىنى تاشچىلار ياساپ پۈتكۈزگەن؛ ئالېكساندر. دۇماسمۇ مەدىكار ئىشلەتكەن؛ شكېسپېر تىياتىرخانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ ئەمگىكىدىن، نۇرغۇن سەھنە كىتابلىرىدىن پايدىلانغان. ئىشقىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى زاكوننى ئىسپاتلايدۇ.

## كۆچ ـ غەيرەتكە تولۇپ تاشقان كىشىلەر

كۆچ- غەيرەتكە تولۇپ تاشقان كىشىلەر ئەبەدىي مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نۇرغۇن كىشىلەرگە ھاياتلىق بوشلۇقى ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ. جەمئىيەت، خىلمۇ خىل مۇتەپەككۇرلاردىن تەركىب تاپقان قورۇلما بولۇپ، ئەڭ دانىشمەن كىشىلەر بۇ قورۇلمىدا ئەڭ پايدىلىق ئورۇنغا ئېرىشكەن بولىدۇ. ئاجىزلار قاشالىرى تامامەن يىغىشتۇرۇپ بولۇنغان ئۆيلەر ۋە تېرىپ بولۇنغان ئېتىزنىلا كۆرەلەيدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانى، دەپ بىلىدۇ. ئەمما كۈچلۈكلەر بولسا، ئاشۇ قورۇلما ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئۆيلەر ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى كۆرەلەيدۇ. دۇرۇس، كۈچلۈكلەرنىڭ نەزەر كۆزى ۋە قەلبى ئاشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى گويا قۇياش نۇرى رەڭدار بۇلۇتلارنى چاقماق تېزلىكىدە پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش، ھەش ـ پەش دېگۈچە يارىتالايدۇ.

دېمەك بۇ خىل كۈچ ھەر مىنۇت ـ ھەر سېكۇنت ئېلىشىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر ناتونۇش بالا يېڭى بىر مەكتەپكە تۇنجى قېتىم كىرگەندە، بىر سەيياھ ھەركۇنى يول ئۈستىدە ناتونۇش كىشىلەرنى يولۇقتۇرغاندا ياكى يېڭىياچە بىرەيلەن قەدىمىي بىر كولۇبقا قىزىقىپ قالغاندا، يۇقىرىقىدەك ئەھۋال خۇددى قۇياش شەرقتىن بىمالال كۆتۈرۈلگەندەك، شەرتسىز سادىر بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر بۇقىنى چۆرىسى قاشالىغان قوتان ياكى ئاختىخانىغا يېتىلەپ ئەكىرگەندىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. يەنى يېڭى كەلگۈچى بىلەن ئەسلىدىكى «ھۆكۈمدار»نىڭ بۇندىن كېيىنكى ھۆكۈمدارلىقنى تالىشىش مۇددىئاسىدىكى كەسكىن ئېلىشىشى



باشلىنىدۇ. ناتونۇش ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇ خىل ئېلىشىش ئاز- تولا تەكەللۇپ ئىچىدە بولغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمما مەدەنىيلىك تونىغا ئورالغان بۇ خىل ئېلىشىش ئىنتايىن كەسكىن ۋە ھايات ـ ماماتلىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئورنى ۋە تەقدىرىنى جان تىكىپ تالىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ئادەم يەنە يۈز كۆرۈشكەندە بولسا، تىلسىز ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يوشۇرۇن كېلىشىم تەبىئىي رەۋىشتە شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە تەقدىرىنى باشقا بىرسىنىڭ كۆزىدىن بايقايدۇ. يەنى ئاجىزراق بىرى، ئۆزىدىكى بارلىق بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ قارشى تەرەپنىڭ نەزىرىدە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

ئۇ ئاجىز كەلگەن ئىلگىرى ئۆزىنى ھەرقانداق ئىشنى ئالدىن پەملىيەلەيدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان كىشى دەپ، پەرەز قىلغان بولسا، مانا ئەمدى بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىغا سەل قارىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپكە نىسبەتەن قىلچە رولى بولمايدۇ. ئەمما قارشى تەرەپنىڭ ئىختىيارىي ئېتىپ قويغان بىر پاي ئوقى ئۇنى تىك موللاق چۈشۈرەلەيدۇ. بىراق شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ چاغدا ئۇ قامۇستىكى بارلىق بىلىمنى ئىچىۋالسىمۇ، بۇ بىلىملەرنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق چاغدا ئەڭ مۇھىمى تەمكىنلىك، سوغۇق قانلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىدى. بىراق، ئۇ بىلىملەر ھالقىلىق پەيتتە بۇ كىشىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. قارىغا ئاتقاندا قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆننى توساپ تۇرۇپ، ئوقنى شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاتقاندا نىشاننى ئاسان چەنلىگىلى بولىدۇ. ھېلىقى ئاجىز كەلگەن كىشى ئۆزىدىنمۇ ئاجىزراق رەقىبى بىلەن ئېلىشقاندا ئۇنىڭ ئوقى مۇقىم ئۇچۇپ بېرىپ، نىشانغا تېگىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەرگىزمۇ تېخنىكا مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ تەن ساپاسىغا باغلىق ئىشتۇر. يۇقىرىدا ئېلىشقان ئىككى مەرگەن ئىچىدە ئىككىنچى مەرگەن تېخنىكا جەھەتتە بىرىنچىسىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ تېنى بىرىنچى مەرگەننىڭكىدەك تەمبەل، ساغلام بولمىغاچقا، ئۇنىڭ پاراسىتى ۋە يۇقىرى تېخنىكىسى ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە

ئەرزىمەي قالدى.

## ساغلاملىق—بۇ دۇنيانىڭ گۆھىرى

ساغلاملىق—بۇ دۇنيانىڭ گۆھىرى. چۈنكى، ئۇ دېگەن كۈچ ۋە
ھايات؛ ئادەم تەندۇرۇسلۇقىنىڭ ئاغرىق- سىلاق، مىكروب - ۋىرۇس دې-
گەندەك كۈشەندىلىرىنى سۈرۈپ توقاي قىلىدىغان پالۋاندۇر. ئۇ، بالا-
قازانى قۇرۇتىدىغان قۇدرەتكە، مىسلىسىز ئىجادكارلىققا ئىگە. مەسى-
لىنىڭ تۈگىنى شۇ يەردىكى، بارلىق مەۋجۇدات جانلانغان باھاردا، دەل-
دەرەخنى مەيلى ئۆلىمىغىن، مەيلى كۆچۈرمىگىن، مەيلى ئۇنىڭغا ھاك
سۈيى سۈۋىمىغىن، مەيلى كالىيلىق ئوغۇت بەرمىگىن ۋە ياكى ئۇنى
هارام شاخلىرىنى قىرقىپ پەرۋىش قىلمىغىن، مۇھىمى دەل - دە-
رەختىكى ھاياتىي كۈچ ئۇنىڭغا بەرق ئۇرۇپ ياشىرىش قۇدرىتى بېرىدۇ.
تۈپراقتا ماسلاشقان بىر تۈپ دەرەخ، ھەرقانداق ھاۋا كىلىماتىدا
كېچە- كۈندۈز دېمەي ئۆسۈۋېرىدۇ؛ ھالاكەت، قۇرت - قوڭغۇز دېگەن-
لەردىن قورقۇپ قالمايدۇ؛ ئۇنى پەرۋىش قىلغان - قىلمىغانلىقىڭغا
پىسەنت قىلمايدۇ.
ھاياتىي كۈچ بىلەن يولباشچىلىق قابىلىيىتى تۇغما بولىدۇ،
ئۇنى كېيىن يېتىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، گۇمان بىلەن غەلۋە-
غۇلۇۋا ئىچىدە ئۇنى- بۇنى توختىماي تاللاش، پەقەت چاكىنا كىشىلەر-
نىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىقىدۇر. ناۋادا سەن ئەزەلدىنلا ئىپلاس يارالغان
بولساڭ، ھاياتىڭدا ئاشۇ ئىپلاسلىق ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە مەجبۇر
بولىسەن. ئەگەر بولكا پىشۇرماقچى بولساق، ئالدى بىلەن ئېچىتقۇچ
زەمبۇرۇغ، ئېچىتقۇ قاتارلىقلار بولۇشى لازىم. شۇلار بولغاندىلا بول-
كىنىڭ خېمىرىنى بولدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ھال يەنە گالىراق سەنئەت-
كارنىڭ ئىلھامىنى ئىزدەش يولىدا كۆپ بەدەل تۆلىگىنىگە ئوخشايدۇ.
ئۇنداق سەنئەتكار ئاشۇ ئىلھامىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ياكى گۈزەل
ئەخلاقتا، يا رەزىل قىلمىشلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ؛ يا دوستلىرىغا
ئىلتىجا قىلىدۇ، يا ئاشۇ ئىلھامىنى جىن - ئالۋاستىلارغا سېتىۋېتى-
دۇ؛ يا ساداقەت بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، يا مەي - شارابتىن كۆڭۈل
خۇشى ئىزدەيدۇ. بىراق ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا غايەت زور ھاياتىي



كۈچكە ئىگە بىر خىل پەۋقۇلئاددە تەبىئىي تۈيغۇ بولىدۇ. ئۇ خىل
تۈيغۇ مەيلى پاك، مۇقەددەس بولسۇن ياكى رەزىل بولسۇن، ئۇنىڭدا ئۆ-
زىگە خاس توسۇش ۋە تاللاش مېخانىزمى بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بۇ
خىل ھاياتىي كۈچنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان ئەخلاق
قانۇنىيىتىگە ماسلىشىدىغانلىقىنى بايقاپ يېتىدۇ.
بىز ھەمىشە باللارغا زاماندىن زارلىنىپ، ئەلنىڭ غېمىنى يې-
يىش روھى بىلەن سەپسېلىپ، ئۇلارنىڭ جىسمىدىكى قايتا جانلىنىش
ئىقتىدارىغا تىكىلمىز. ئۇلار بىزدەكلەرنىڭ ياكى تەڭ دېمەتلىكلە-
رىنىڭ زىيان - زەخمىتىگە ئۇچراپ ياكى باشقىلارغا يېتەلمەي، مۇكا-
پات - ئىنئام دېگەنلەردىن قورۇق قېلىپ ۋە ياكى ئويناۋېتىپ بىرەر
پېشكەللىككە يولۇقۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىراقلا روھى چۈشۈپ كەتسە
ھەمدە ئۇنى روھىي يۈك قىلىۋېلىپ، قەتئىي ئەستىن چىقىرالمىسا،
دېمەك ئۇلار بىر قېتىملىق ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولىدۇ.
ئەمما، ناۋادا ئۇلار تۇغما تېتىك ۋە ئوڭۇشسىزلىققا تاقابىل تۇرۇش
ئىقتىدارى كۈچلۈك باللاردىن بولۇپ، يېڭى پۇرسەتكە پۈتۈن زېھنىنى
قويالايدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ دىل يارىسى ناھايىتى تېزلا سا-
قىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېڭى ئوڭۇشسىزلىقلارغا تېخىمۇ
قەيسەرلىك ۋە ماسلىشىشچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

## ئىپتىدائىي كۈچ

كىشىلەر ھەرقانداق قىيىنچىلىقنىڭ ساغلاملىق ئالدىدا، گويا
قېلىن قارنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن ھامان ئېرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش
ئۇن - تىنسىز غايىب بولىدىغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئىنسانىيەتكە
پايدىلىق بولغان بۇ ساغلاملىققا ئاندىن ئەھمىيەت بېرىشكە باشلايدۇ.
بىر دۆلەتنىڭ پارلامېنتىدىن تارتىپ گېزىتلىرىغىچە ھەممىلا يېرىدە،
ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ۋەھىمىلىك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز؛ ھەرقاي-
سى گۇرۇھلارنىڭ قىلچە ئەيمەنمەستىن چۈشكۈنلۈك ئىچىدە شاللاق-
لىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. شۇنداق، ئاشۇ گۇرۇھلارنىڭ
مەنپەئەت يولىدىكى ئەشەددىيلىكى غەزەپتىن ئاغزىدىن ئوت پۈركۈيدى-
غان، ھەممىگە شالىنى چېچىپ قول شىلتىيدىغان، ھەرقانداق ئاقى-

ۋەتكە پەرۋا قىلمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئۇلار بىر قولىدا سايلام بېلەتتى، يەنە بىر قولىدا مىلتىقنى كۆتۈرۈپ، ئۇلەر-تىرىلىشكە قارىماي، قاپقاراڭغۇ مەنزىلگە قاراپ يول ئېلىشتى. دېمەك، ئۆزىگە خاس ئىدىيىسى بىرەر توخۇ يۈرەك بۇنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىنى ئاڭلىغان هامان، ئۆز كۆزى ۋە قۇلىقىغا ئالدىنىپ، ئاشۇ دۆلەت ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ بىلەن ئۇ جېنىنىڭ بارىچە جەسۇرلۇق كۆرسىتىپ، كەلگۈسى هالاكەتكە يۈزلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇزىنى ئاتىدۇ. ۋەهالەنكى ئۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئاشۇ قىلمىش - ئەتمىشلەرنى ئالدىن دەڭسەپ باقىدۇ. ئەمما هۆكۈمەتنىڭ قىلچە يول قويمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ ئىشنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدەك ئەمەس ئىكەنلىكىنى يەنى بۇ ئىشتا هەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بىر خىل كۈچنىڭ، بىزدىكى سىياسىينى كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تايىنى يوق، كارى چاغلىق بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى هېس قىلالايدۇ.

شەخسنىڭ كۈچى، ئەركىن ئىرادىسى ۋە تەبىئىي بايلىقلار هەربىر ئادەمدە ئىقتىدارنى ئۇرغۇتۇپ، ئاشۇ ئىقتىدارنىڭ رولىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز يۈكسەك جاسارەت ۋە جەڭگىۋارلىققا تولىمىز. دە، گويا هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان دەرەختەك قار-يامغۇر، پىت-بۈرگە، چاشقان ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ هۇجۇملىرىدىن پەرۋايىمىز پەلەك ئۈسۈپ كارامەت كۆرسىتەلەيمىز. شۇڭا، ئەلنىڭ بايلىقىدا سەمرىگەن مىتە - قۇرتلارنىڭ زىيان - زەخمىتىگە ئۇچرايمۇ كەتمەيمىز. غايەت زور تەن، غايەت زور پارازىت قۇرتنى يېتىلدۈرىدۇ. نەپرەت يەنى كېسەل ئازابىدىن تۇغۇلىدىغان نەپرەت تەننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىسپاتلايدۇ. قەدىمكى گرېتسىيە پۇقرالىرىدا قايىنىغان كۈچ - قۇدرەتتىن مۇنداق قانۇنىيەت يەكۈنلەنگەنىدى. يەنى، خەلق ئىدارە قىلغان هۆكۈمەتنىڭ سەۋەنلىكلىرى هەمىشە مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ جۈملىدىن ئاشۇ سەۋەنلىكلەر سەۋەنلىك ئەمەس، بەلكى ئېغىر گۇناھ قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما، ئاشۇ سەۋەنلىكتىن ئويغانغان روهىي كۈچ ۋە قۇدرەت، كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرنىڭ ئورنىنى تامامەن تولدۇرۇپ كېتەلەيدۇ.



ماتروس، دېهقان ۋە تېخنىك ئىشچىلاردىنلا تەركىب تاپقان مىللەت قوپال هەم چەبدەس كېلىدۇ. بۇ خىل خاسلىق هەم ئاشۇ مىللەتنىڭ ئەۋزەللىكى هېسابلىنىدۇ. كۈچ، ئادەتتە ئەيش- ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا بېرىلگەن هوقۇقدارلارنى ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. بىز خەق هە دېسىلا ئەنگلىيىنىڭ ئۆلچەملىرى بويىچە ئىش قىلىۋاتىمىز. بۇ خىل ئۆلچەم بىزنى بارا - بارا پۇچەك كۆرسىتىشكە باشلىدى. غەربتە خېلى شۆهرەت قازانغان بىر ئادۋوكات ماڭا ئۆزىنىڭ بۇ دۆلەتتە كىمكى سوتتا ئەنگلىيە قانۇنلىرىدىن ستاتا ئالسا، ئۇنى دەرهال ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىدىغان بىر خىل قانۇن تۈزۈپ چىقىش كېرەكلىكىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، بىزدىكى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا بولغان تېۋىنىشنىڭ بىزگە بىر سىنتلىق پايدىسى بولمايلا قالماستىن، هەتتا بىزنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىگەنىدى. مەسىلەن، سودىنى مىسالغا ئالايلى. «سودا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ پەقەت «ئەنگلىيە» دېگەن مەنىنىلا بېرىدۇ، يەنى ئەنگلىيىنىڭ چەكلىك ۋە خەتەرلىك تەجرىبىلىرىنىڭ چەكلىسىمىگە ئۇچراش، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن يەنە قانداقتۇر دەريا - ئېقىن سودىسى، تۆمۈريول سودىسى، هەتتا هاۋا شارى سودىسى دېگەنلەرنى كېلىپ چىقمايدۇ، دەپ كىم هۆددە قىلالايدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى ئامېرىكىنى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىۋاتقان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئۈچۈن ياماقچە قىلىشلا، خالاس.

قىسقىسى، خەلقىمىز ئەنگلىيە ئۆلچەملىرىنىڭ سايىسىدا ياشاۋېرىدىغانلا بولسا، ئۇلار هامان بىر كۈنى ئۆزىنى، ئۆز كۈچىگە بولغان ئىگىدارلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. قىسقىسى ئەمدى، قوپال چەۋەندازلار، هەررەڭ - سەررەڭ كىيىنىۋېلىپ، سىپايىگەرلىك قىلمايدىغان قانۇن تۈزگۈچىلەر، ئىندىئانلار، ئىللىنويزلار، مىچگانلار، ۋىسكونسىنلار، ياكى هەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان ئاركانزاسلار، ئورېگونلار ۋە ياكى باشقىلارغا ۋاكالىتەن ۋاشىنگتونغا غەزەپ ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىزهار قىلىشقا بارغان يېرىم ناتىق، يېرىم تېررورچىلار ئۆزى بىلگەننى خالىغىنىچە قىلسۇن! ناۋادا شۇنداق بولسا، ئۆز زېمىنىنى قوغداش، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈۋاتقان كۆپ سانلىق گېرمانلار بىلەن

ئىرپلاندىيىلىكلەر ۋە كۆرمىگىلىغان يەرلىكلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا چەك قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئاخىر بىزگە سىپايىگەرلىكنى ئۇقمايدىغان يۇقىرىقى «ياۋايى»لارنىڭ چەبدەس، چېۋەر، پاراسەتلىك، نوپۇزلۇق ۋە تەنتەنىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ.

ئادەمنىڭ تەبىئىتى، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش قىلىشتۇر. ۋىگگېرى پارتىيىسى① ئەزالىرى جۇملىدىن دۆلەتنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىلتىپاتى بىلەن ھاكىمىيەت تەختىگە ئىشتىراك قىلغان ئاق كۆڭۈل ۋىگگېرى پارتىيىسى ئەزالىرىغا، شۇنداقلا ئاشۇ پارتىيىنىڭ مېكسىكا، ئىسپانىيە، ئەنگلىيىلەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تاكتىكىسىغا ئەزەلدىن ئارتۇقچە ئۈمىد باغلاپ باقمىدۇق. ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدى، قانۇننى بۇزۇپ، جاھاننى قالايمىغان قىلىۋاتقانلارغا باغلىغان ئۈمىدىگىمۇ يەتمەيدۇ. مەسىلەن، جېففېرسون بولسۇن ياكى جېكسون بولسۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى بويسۇندۇردى. ئاندىن ئىلگىرى قوللانغان تۇغما تالانتى ۋە كەسكىن ئىرادىسىگە تايىنىپ چەت ئەللەرنى بويسۇندۇردى. جامىس. پولك ئەپەندىنىڭ مېكسىكا ئۇرۇشى سىياسىتىگە قارشى چىققانلار ئۆزىگە خاس دانا پىكىرلىك كىشىلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن سىياسىي مەيدان نۇقتىسىدىنلا ئاشۇنداق دېيىش ۋە قىلىشقا مەجبۇر كىشىلەردۇر.

دۇرۇس، بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان بۇ خىل كۈچ، تاۋار- دۇردۇنغا ئورالغان ياۋاش ـ يۇمشاق نەرسە ئەمەس. بەلكى ئۇ خۇسۇسىي مەنپەئەتنى نىشان قىلىدىغان، ئەسكەرلەر ۋە دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭكىدەك جەسۇرلۇقتىن بالقىغان كۈچتۇر. ئادەتتە بۇ خىل كۈچ، مۇلايىم تەبىئەتلىك، ئۆمۈرلۈك ساداقەتمەن كىشىلەرنى بوزەك قىلىدۇ. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈش كارامىتىنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. مېنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىمگە قۇلاق سال: ئالىيجاناب كۈچ بىلەن رەزىل كۈچ، مەنىۋى كۈچ بىلەن تەن ساقلىق، خەيرلىك ئىشنىڭ چەكسىز خۇشاللىقى بىلەن شەھۋەتپەرەسلىك پەيدا قىلىدىغان تىت ـ تىتلىق... بۇنداق قارىمۇقارشى ئىككى

① ئەنگلىيىدە 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇرۇلغان سىياسىي پارتىيە. 19 ـ ئەسىردە لىبېرالىستلار پارتىيىسىگە تەرەققى قىلغان.



ئېلېمېنتلىق نەرسىلەر ھامان كىشىلەر ئارىسىدا بىر- بىرىنى قۇچاقلاشقان پېتى ھازىر بولىدۇ.

ئوخشاش بىر تۈرگە تەۋە بۇ خىل قارىمۇقارشى ئېلېمېنتلار ھامان بىر- بىرىگە سىڭىشكەن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار گاھىدا ئىنتايىن روشەن گەۋدىلىنىدۇ؛ گاھىدا پارلاق نۇر چاچىدۇ؛ گاھىدا ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بار ئاۋازى بىلەن بايانات ئېلان قىلسا، گاھىدا ئىمتاسلىق ئىچىگە مۆكۈنىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى شەيئىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىلا ئىدى. مانا ئەمدى ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ ئۇنۇملۇك نېگىزىغا ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ... شۇنى بىلىشىمىز كېرەك: زېمىندىكى قۇرغاقچىلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى، ھاۋادىكى نەملىك شۇنچە ئاشىدۇ؛ يەر شارى قۇياشقا ئۇچقاندەك يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ قۇياشتىن ئۇچقاندەك يىراقلىشىش كۈچىمۇ شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەسەبىي ئەركىنلىك پولاتتەك مۇستەھكەم ۋىجداننى ھاسىل قىلىدۇ. قايناق تەبىئەتلىك كىشىنىڭ ئىنكاسى تېز، پاراسىتى ئۆزگىچە بولغاچقا، ئۇ ھامان ئەل ئىچىدە داڭ چىقىرالايدۇ. سىياسىي جەھەتتە بولسا، دېموكراتىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئوغلى، ۋىگگېرى پارتىيىسىنىڭ مۇرىتى بولۇپ يېتىلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىزىل جۇمھۇرىيەتچىلىك، ئامەت ـ تەلەيىنىڭ كالتە تولغىقىلا، خالاس. ئۇنىڭ بۇ تولغاقلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ سەۋر قاچىسىنى تاشتۇرۇدىغان زالىم پادىشاھنى روياپقا چىقىرىدۇ. باشقا نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرسەك ئىش تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ: يۈرەكسىزلىك، تار كونسېرۋاتىزملىق بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشتۇرۇپ، ئويقۇسىنى قاچۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى رادىكالىزمنىڭ گۇلخانلىرىدىن ساپ ھاۋا ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

بۇنداق ياۋايى ئىقتىدارغا باي كىشىلەر، يەنى ناھىيە ياكى شتاتتىكى سىياسىي پارتىيىنىڭ مەخپىي يىغىنلىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ قىسماق ھۇجۇملىرىغا ئۇچراۋاتقان «چاتاق چىقىرىپ، ئىش تېرىشكە خۇشتار كىشىلەر»، باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئالاق ـ جالاق قىلىۋېتىدىغان يامان ئادەتلەردىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا جاسارەت ۋە كۈچ- قۇدرەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ساغلام خاراكتېر تولۇپ يېتىپتۇ. ئۇلار گاھىدا ۋەھشىي، ياۋايى، نومۇسسىز كۆرۈنسىمۇ،

لېكىن سەمىمىي، كۆڭلى تۈز، ئۇدۇل سۆزلۈك كېلىدۇ؛ ساختىلىقنى ئۆچ كۆرىدۇ.

بىز ھە دېسىلا سىياسىيمىز يامانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، دەپ ئاغرىنىمىز. لېكىن مۇنداق بىر زىددىيەتلىك نۇقتىنى ھەممە بىلسە كېرەك: شەپقەتلىك باستېر بىلەن ئېسىل پەزىلەتلىك پەيغەمبەرلەر پارلامېنتنىڭ مۇۋاپىق نامزاتلىرىدىن بولالمايدۇ. سىياسىي ئۇ بىر زەھىرى بار كەسىپ. شۇڭا ئۇ ھەم قوش بىسلىق شەمشەرگە، ھەم زەھەرلىك ھۈنەر ـ سەنئەت بويۇمىغا ئوخشايدۇ. ھوقۇق تۇتقانلاردا ئېتىقاد بولمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئېتىقادقا ھاجىتىمۇ چۈشمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەرقانداق ئېتىقاد، ھەرقانداق مەقسەت ـ مۇددىئالارنىڭ ھەممەسىدە ئەرزان باھالىق ھوقۇقدارلارنى ئۇچرىتالايمىز. ناۋادا بىرى مەندىن: سىلىق ـ سىپايە كىشىنى رەھبەرلىككە تاللامسەن، ياكى ساغلام، قۇدرەتلىك كىشىنىمۇ، دەپ سورىسا، مەن ئەلۋەتتە ئىككىنچىسىنى تاللايمەن، دەپ جاۋاب بېرىمەن. چۈنكى جەسۇر ۋە كەسكىن كىشىلەر يەنى ئىندىئانلار، ئىللىنويىزلار، ئەتىگەندىن كەچكىچە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە مىشىلداپ يىغلامسىراپلا تۇرىدىغان ئۆكتىچىلەردىن مىڭ ياخشى. ئەقەللىيسى، ئۇلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇلاردىن ئەركەكلەرگە خاس شىجائەت ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ، بىرەر مىللەت، بىرەر ئەلنى ئالغا يېتەكلەيدىغان نېگىزلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.

خەلقنىڭ يۈكسەك بىرلىككە كەلگەن نىداسىنى چۈشىنىپ باقساق، ئۇلارنىڭ ئازاب ۋە رەزىللىكلەرگە نەقەدەر كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بىرقەدەم، بىرقەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. خەلق دەرۋەقە ئاشۇ مەرتىۋىلىك جانابلار، يېڭى ئەنگلىيە ۋالىيلىرى، ھۆرمەتلىك سودىيەلەر ۋە يېڭى ئەنگلىيە قانۇن تۈرغۇزغۇچىلىرىنىڭ پەرەزلىرىدىن كەيپىسىزلەنمەكتە. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاشۇ ۋالىيلارنىڭ جىددىي تەرزدىكى كۆرسەتمىلىرى ۋە شتات پارلامېنتىنىڭ قارارلىرى توغرىدەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە خاتا نەپرەتنى ئىپادىلىمەكتە ھەمدە ئۇ قىلمىش ـ ئەتمىشلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئەۋج ئالماقتا. ئادالەتنى ياقلىغانلىقتەك كۆرۈنىدىغان بۇ خىل نەپرەت ئۆزىدىكى ھەقىقىي مۇددىئانى ھامان بىر كۈنى



خەلقئالەمگە ئاشكارىلايدۇ.

سودا جەھەتتىكى بۇ خىل ئىقتىدارمۇ ئوخشاشلا بىرخىل ياۋايى ۋەھشىي ئامىلغا ھەر دائىم سوڭدىشىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ: خەيرساخاۋەت ئاپپاراتلىرى بىلەن دىنىي ئورگانلار ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ھەرگىزمۇ دانىشمەنلەر ئىچىدىن تاللىمايدۇ. بىز ھەممىنى كۆردۇق. ھازىرغىچە، خىرىستىئان جەمئىيىتى، سوتسىيالىستلار قۇرغان 17 ـ ئەسىر فرانسىيە ئالىي پوپلار مەزھىپى غەيرىي روھانىيلار تەشكىلاتىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ باشقۇرۇشىدىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى ۋە راۋاجلاندى. ئاق كۆڭۈل پارلامېنت ئەزالىرى، بۇنداق تەشكىلاتلاردا پەقەت ئىدارە قىلىشتىن باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە نائىل بولالىدى. تۇرمۇشتا مۇنداق ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ: تەقۋادار ۋە رەھىمدىل پومېشچىك يېنىدا ھامان تەقۋادارلىق بىلەن رەھىمدىللىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان سەركار ياكى ھەمدەمچى قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ؛ ئەڭ مۇلايىم سەھرا مۆتىۋەرى باغۋارانلىرىنى ساقلايدىغان ۋەھشىي ئىتىنىڭ ئاپئاق چىشلىرىدىن ئاجايىپ زوقلىنىدۇ.

بىز پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، رەسىم، شېئىر ۋە ئاممىباب دىنلىرىمىزدا كۆپىنچە دوزاخ ئازابلىرىدىن دەلىل كەلتۈرىمىز. بۇ خىل مىساللار «ئازراق رەزىللىك قىلغاننىڭ زىيىنى يوق، بەلكى تەننى تاۋلاپ، كۈچ ـ قۇدرىتىڭنى زورايتىشقا پايدىلىق» دەيدىغان سىمۋوللۇق بېشارەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خۇددى ۋىجداننىڭ كىشى ھەرىكىتىنى بوغۇپ قويغىنىغا، قانۇن ـ تەرتىپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بىچارە، ئاجىز ئېسىلزادىلەرنىڭ بۆكەن ۋە بۆرىلەردەك سەكرەپ ـ تاقلاپ يۈرەلمىگىنىگە ئوخشايدۇ. كېسەلگە شىپا دورىلارغا مۇۋاپىق مىقداردا زەھەر قوشمىسا بولمىغىنىغا ئوخشاش، مۇشتۇمزورلار بولمىسىمۇ بۇ دۇنيانىڭ ھەرىكىتى بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ، قارا نىيەتلەر ئارىسىدا ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئەقىل-پاراسەتلىك كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك ۋە سىياسىي ھەرىكەت بىلەن ئەل غېمى، ئوت بىلەن سۇدەك قارىمۇقارشى ئەمەس، بەلكى ئىناق قوشنىلاردەك بىرگە ياشايدۇ. بۇ قانداقتۇر تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغانلىق ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ

ھەرىكەت قانۇنىيىتى شۇنداق.
مەن بونىفاس ئىسىملىق بىرەيلەننى تونۇيتتىم. بۇ قامەتلىك
كىشى بىزنىڭ ئۇ يەردىكى مۇھىم بىر بازاردا سارايۋەنلىك ۋە مەيپۇ-
رۇشلۇق قىلاتتى. يوشۇرمايلا گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ئۇ ناھايىتى
مۇتتەھەم، نومۇسسىز كىشى بولغاچقا، پۈتۈن بازاردىكى ھەممەيلەننىڭ
ئۇنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ ھىيلە بىلەن باشقىلارنى
ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، خۇددى دىخسىراپ كەتكەن ياۋايى
ھايۋانغا ئوخشايتتى؛ ھەم ئاچ كۆز ھەم ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى
ئىدى. بىر ئىشقا ھەيران قالىما. بۇ كىشى بۇ دۇنيادىكى ئەسكىلىكنىڭ
ھەممىسىنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شەھەردىكى مەمۇرىي
ئەمەلدارلار بىلەن قويۇق باردى- كەلدى قىلاتتى. مەمۇرىي ئەمەلدارلار
ئۇنىڭ مەيخانىسىغا كەلسە، ئۇ بۇ مېھمانلارنى ئەڭ ئېسىل تائام ۋە ئەڭ
قىزغىن تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ئۇ سودىيە جانابلىرىغا بۆلەك-
چىلا قىزغىن ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم سودىيەنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ ئال-
دىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، جا-
ھاندىكى ئەڭ ياغلىما ۋە قىزغىن گەپلەر بىلەن ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك
سورايتتى. ئۇ گويا شەيتانغا ئوخشاش، ئەركەك - چىشى جىن - ئال-
ۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ۋەھشىي ۋە ياۋۇز
قاراقچى، شەرمەندە، ئوتقۇيرۇق، نومۇسسىز، ئالدامچى ۋە كېپچىدىكى
بۇلاڭچى ئىدى. دۇرۇس، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەنىلا چىرايىدىن كۆلكە
يېغىپ تۇرىدىغان مەيخانا خوجايىنى- دە. بىراق، بۇ ياۋۇز ئىبلىس تۈن
قاراڭغۇسىدا تىمىسقىلاشنى توختاتمىدى: ئەنە، ئۇ ھاراق تاشلىغانلار-
نىڭ دەرەخلىرىنىڭ قوۋزاقلىرىنى ئوغرىلىقچە سويۇپ تاشلاپ، ئاتلى-
رىنىڭ قۇيرۇقىنى قىرقىۋەتتى، ھەتتا ئۇ كۈپكۈندۈزدىمۇ ھېيىقماس-
تىن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ، ھېلىقىدەك «مەيخور زابوي»لار بىلەن
ئۆكتىچىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، شەھەر مەمۇرىيىتىگە ئۇسۇپ كىرىپ،
شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشتى ۋە ئاغزى بېسىقماي
نۇتۇق سۆزلىدى. بىراق ئۇ، مەيخانىسىدا يەنىلا خېرىدارلارغا ئىنتايىن
رايىش، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە مۇلايىملىقتا تەڭداشسىز خوجايىن ئىدى.
كاستۇم - بۇرۇلكىسى ئىنتايىن يارىشىملىق، ئۆزگىچە سالاپەتلىك بۇ
سېمىز خوجايىن، جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل



بۆلىدىغان ئۇلگىلىك پۇقرالارغا ئوخشايتتى. دۇرۇس، ئۇ يول ياساشقا
مەدەت بەردى؛ فونتان ياساش، كۆمۈر گازى ۋە تېلېگراف قۇرۇلۇشىغا
پۇل ئىئانە قىلدى؛ ئۇ كوننېكتىكات شتاتىنىڭ پۇقرالارنىڭ ئىززەت -
ئىكرامى ئۈچۈن ياراتقان ساقال ئالغۇچ، بوۋاقلار كۆڭلەكلىك ئىشتىنى
قاتارلىق يېڭى- يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئەلنى خۇش قىل-
دى. شۇڭا تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئانچىكى ئىش-
لاردىن ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئۇششاق سودىگەر ۋە ئېلىپساتارلارنى دۇ-
كىنىغا چاقىرىپ كىرىپ، ئۇلارنى مېھمان قىلدى، ئۇلارنىڭ نەرسە-
كېرەكلىرىنى ساقلاپ بەردى. بۇ ئۇششاق سودىگەر ۋە ئېلىپساتارلار
بولسا، ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېڭى -
يېڭى قىلتاقلارنى ئويلاپ تېپىشىغا ھە- ھۇ دېيىشىپ بەردى.
يېڭىلىق يارىتىش ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئىقتىدارى
ئادەتتە مۇشەققەت بەدىلىگە ئىشقا ئاشىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ خىل مۇ-
شەققەت كىشىنى گويا ئۆز بارمىقىنى ئۆزى چاندىغاندەك چۆچۈتىدۇ.
بىراق بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ ئامالىمۇ يوق ئەمەس. ئىنسانىيەت
مۇراجىئەت قىلىدىغان تەبىئەتنىڭ كۈچى، گاھىدا ئىنسانىيەتنىڭ
خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ تەبىئەتنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدى-
غان سىرلىق كۈچى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنداقتا، بىز پار، ئوت ۋە
توكتىن ۋاز كېچىپ باقساق، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ ئەكسىچە، ئۇلار
بىلەن ھەپىلىشىشنىڭ ئېپى - جېپىنى ئۆگىنىۋالساقچۇ؟ بۇ ئىككى
خىل سوئالنىڭ يىغىنچاق جاۋابى پەقەت مۇنداقلا: مۇۋاپىق پەيتنى تې-
پىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە خاس ئورۇنغا قويغىن. چۈنكى بارلىق قوشۇمچە
شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغدۇر!
تومۇردىكى قان كۈچلۈك ئوقچۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر، ئۆمرىنى
ھەرگىزمۇ قاتتىق پوستلۇق مېۋە، قايناتما دورا ۋە ماتەم كۆيىنىڭ
ئىسكەنجىسىدە جەبىر - جاپادا ئۆتكۈزمەيدۇ؛ ھېكايە - رومان ياكى قارتا
بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى ئۇقمايدۇ؛ ھەر پەيشەنبە ئۆتكۈزۈ-
لىدىغان نوتۇق يىغىنلىرىدا ياكى كۇتۇپخانىلاردا قۇرۇق گەپ سېتىش
يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوقچۇپ تۇرغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قاندۇ-
رۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلار خىرىسقا ئۆزىنى ئېتىشقا ۋە تەۋەككۈلچى-
لىككە تەشنا. ئۇلار پېكىس چوققىسىنى بويسۇندۇرۇشقا يۈرەكلىك

ئىنتىلەيدۇ. ئۇلار ئىندىئانلار ۋە پاۋنىلارنىڭ پالتىسى ئاستىدا قىيىما - چىما بولۇپ كېتىشكە رازىكى، ئۆيدىن ۋاقچە چىقىپ، بالدۇر يېنىپ كېلىپ، ئىش ئۇستىلىنىڭ ئالدىدا سائەتنىڭ چىكىلداشلىرىنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۇرۇش قىلىش، دېڭىز-ئوكيان كېزىش، كان بايلىقلىرىنى ئىزدەش، ئوۋچىلىق ۋە ئېچىش - ئۆزلەشتۇرۇشكە يارالغان بۇ كىشىلەرگە تۆرلىشىدىنلا ئاشۇنداق شەرەپلىك بۇرچ يۈكلەنگەن. ئادەمنىڭ مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىشىگە سەۋەب بولىدىغان جەبىر- جاپانى باغاشلىغان بۇ كىشىلەر، تۇرمۇشنىڭ ئەگرى- توقاي يوللىرىدا يېڭىش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئاخىر ئارمانسىز كۆز يۇمىدۇ.

بەزىلەر خۇددى ھېلى جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك، ھەتتا بىر سائەتلىك ئىمتاسلىقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مەن بىر مالاي ئاشپەزنى تونۇيتتۇم. ئۇ لىۋېرپولدىكى بىر پوچتا كېمىسىدە ئىشلەيتتى. ھەر قېتىم دېڭىزدا بوران دەھشەتلىك قۇتراپ، دولقۇن ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي قالاتتى- دە: «ئەي بوران، گۈركىرە! تېخىمۇ قاتتىقراق قۇترىغىن!» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. مېنىڭچە، كىشىلەر بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىچىدە غەليان سېلىۋاتقان نەرسىلەرنى تۆكۈپ تاشلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

جىمجىت ئائىلىدە يامان ئاتاققا قالغان بىر جېدەلخورنى ئاسمىنى كەڭرى مېكسىكىغا ئاپىرىپ قويسا، چوقۇم شان - شەرەپ قۇچۇپ، يۇرتىغا قەھرىمان ياكى گېنېرال بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئامېرىكىدا بىپايان ئورېگون ۋە كالىفورنىيە بار. ئۇندا ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئۇزۇن سەپەرنىڭ پۇرسەتلىرى تولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھال بىزنىڭ يۇقىرىقىدەك كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق زۇلۇم سالىدىغانلىقىنى بايقىۋېلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ. ياش ئەنگلىيىلىكلەر، كۈچ- قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان لاتاپەتلىك «ھايۋان»لاردۇر. ئىچىگە پاتمايۋاتقان دادىللىق ۋە جەسۇرلۇقلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئۇرۇش قىلىش پۇرسىتى بولمىغان چاغلاردا، ئۇلار سەپەر ۋە تەۋەككۈلچىلىق قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ لەززىتى ۋە شانۇ شەۋكىتىنى ئاشۇ خەۋپ - خەتەر ئىچىدىن ئىزدەيدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار، نورۋېگىيىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ھەيۋەتلىك قاينامغا



كىرىپ باققان؛ داردانېل دېڭىز قولتۇقىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن؛ قار- مۇز ئاستىدىكى ھىمالايا تېغىغا چىقىپ باققان؛ جەنۇبىي ئافرىقىدا شىر، كەركىدان ۋە پىل ئوۋلاپ باققان؛ ئىسپانىيە ۋە ئالجىرىيىلەردە بورروۋ بىلەن بىرگە سەرگەردان بولۇپ باققان؛ جەنۇبىي ئافرىقىدا ۋاتېرتون بىلەن بىرگە تىمساھقا مىنىپ باققان؛ لىيېلد بىلەن بىرلىشىپ، بەدەۋىلەر، ئەرەب خەلپىسى ۋە باجالارنىڭ مويسىپىتلىرىدىن ئەپچىل پايدىلانغان؛ لانكاستېر دېڭىز قولتۇقىدىكى مۇز تاغلار ئارىسىدا قولۋاق سەيلىسى قىلغان؛ ئېكۋاتورنى بويلاپ يانارتاغ ئېغىزلىرىنى ئىزدىگەن ۋە ياكى بورنېئو شتاتىدىكى مالايلارنىڭ كالتە خەنجىرىنىڭ بىسىدا يۈگۈرۈپ، نەرە تارتقان...

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەلمىساقتىن تارتىپ، گويا بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش تارىخى ۋە سانائەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكىگە ئوخشاشلا، تېشىپ تۇرغان زېھىن قۇۋۋەت ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى. قەيسەر مىللەت ۋە قەيسەر كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا تەبىئەتنىڭ كۈچىگە بەيئەت قىلىدۇ. بۇنداق كۈچ ئادەتتە ياۋايى ئادەملەرنىڭ جىسمىدا روشەن گەۋدىلىنىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر ئۆپچۆرىسىدىكى يىرتقۇچلارغا ئوخشاش، يەنىلا تەبىئەت ئانىنىڭ ھىممىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ناۋادا تەبىئەتكە تايىنىشتەك ئاشۇنداق ئىپتىدائىي بۇلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈپ تاشلانسا، ھەرقانداق ئىشىمىز زورۇر مەنبەدىن ئايرىلىدۇ- دە، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئەرزىمەس ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاشۇنداق قۇرۇماس بۇلاق بولغاچقىلا، ئەلنىڭ تۇرمۇشى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولالىغان. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار يۈكسەك ئەخلاقلىق ئادەملىرىمىز كەسكىن مۇنازىرىلەردە ئەزۋەيلىگىنىدەك ئۇنچىۋالا ئېغىر پالاكەتلەرگە غەرق بولۇپ كەتمىدى. فرانسىيىلىك بىرەيلەن مۇنداق دېگەنىدى: «مۇبادا سەن ئەل بىلەن بىر يولدا ماڭمىساڭ، ھالاكەتكە يۈز تۇتقان بولىسەن. چۈنكى، ئەلنىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى، ئىلاھىي تەقدىردىن بېشارەتتۇر. شۇڭا ئۇ مەڭگۈ ھەققانىي مەنپەئەتتىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. ناۋادا سەن، ئورلېئان پارتىيىسىنى، ياكى بوئوربان خان جەمەتى ئەزالىرىنى ياكى مونتالېمبېرت پارتىيىسىنى ۋە ياكى ئەلنىڭ مەنپەئىتى بىلەن مۇنا-

سىۋەتسىز ھەرقانداق سىياسىي پارتىيىنى ھىمايە قىلساڭ، بۇمۇ سې-
نىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىجتىھات قىلىپ، بىر تۇرلۇك پرىنسىپنى
ئەمەس، پەقەت بىر خىل ئادىمىي قەدىر- قىممەتنىلا كۆرسىتەلىگەن
بولىسەن. بۇ ھال سېنى بارسا كەلمەس يەرگە باشلايدۇ.

## تىنچلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى

بۇ خىل قەيسىرانە كۈچنى، بىز ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، ئەس-
كەرلەر ۋە دېڭىز قاراقچىلىرى ئۆتكۈزگەن ياۋايىلارچە تۇرمۇشىغا ئائىت
تارىخىي ۋەقەلەردىن بايقىيالايمىز. بىراق يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەل-
سەك، ئۇنداق قاتىللارنىڭ توقۇنۇشلىرى، قان ئىچىشكەن رەقىبلەرنىڭ
قىر- چاپلىرىغا كىم نەزەر كۆزىنى سېلىپ باققان؟ كىم ئاقار مۇزلار-
نىڭ ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشلىرىغا دىققەت قىلىپ باققان؟ دۇرۇس، ئىن-
سانلارنىڭ تاراشلىنىشىدىن ئۆتمىگەن بولسا، يۇقىرىقىدەك تەبىئىي
كۈچلەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. شۇنداق ئەمەس-
مۇ؟ قارلىق دالىدىكى قارنىڭ، يانارتاغ ۋە گۈلدۈرمامىلىق ھاۋا كاۋاكچى-
لىرىدىكى ئوتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ چۈنكى مۇزنىڭ لەززىتى
ئىسسىق بەلۋاغدىكى دۆلەتلەردە ۋە ئۆتتەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان ياز كۈن-
لىرىدە، ئوتنىڭ لەززىتى بولسا، تامىشىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوت-
سۇنغان چاغلىرىمىزدا ئاندىن گەۋدىلىنىدۇ. ئەمدى ئېلېكتر مەسىلى-
سىگە كەلسەك، بىز زەرەتلەنگەن قارا بۇلۇتنىڭ چاقماق - چېقىنلىرى-
دىن ئەمەس، بەلكى باتارېيىنىڭ سىمىدىكى ئېلېكتر ئېقىمىدىن مەن-
پەئەت ۋە شادلىققا ئېرىشەلەيمىز. روھ ياكى كۈچنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان
لەززىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. كەمتەر ۋە ئەدەپلىك كىشىنىڭ جىس-
مىدىكى ساقىندى كۈچمۇ، تىنچ ئوكياندىكى ئادەمخور جانلىقلارنىڭ
كۈچىدىن كۆپ ئەلادۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش، ئىنسانلارنىڭ ياۋايى-
لىقنى تاشلىغان ۋاقتىدىن باشلاندى. پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان بۇ
ئىپتىدائىي ئىنسانلار پىلاسكىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچ - ما-
دارنى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى ئېچىشقا سەرپ ئەتتى. ئاشۇ
مىنۇتلاردا بىز ئوبدان بىلىدىغان پېرىكلېس، فىدىياسلارمۇ ياۋايىلىق-



تىن كورىنز مەدەنىيىتىگە تامامەن كىرىپ بولالمىغانىدى. ئاشۇ بۇ-
رۇلۇش مىنۇتلىرى قانداق كۈچ ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلارنى ھامىلە
قىلغان بولغىيدى - ھە! شۇنداق، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق گۈ-
زەللىك دەل ئاشۇ دەقىقىدە ئۆزىنى تاپتى. ئۇ چاغدا تەبىئەتتىن بىر
خىل قاپقارا سۇيۇقلۇق ئېتىلىپ چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ئادەملەر
ئۇنى ئېتىكا ۋە ئادىمىيلىكى بىلەن پاك - پاكىز يۇيۇۋەتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنداق تېتىقسىز نەرسىلەرنىڭ ئىزى يەر يۈزىدىن بىراقلا
ئۆچتى.

دەھشەتلىك چۇقان ساداسىغا پەرۋا قىلمىغان تىنچلىقنىڭ غە-
لىبىسى يەنىلا ئۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ ياكى توغرىراقىنى ئېيتقاندا،
ئۇ بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ تام قوشنىسى ھېسابلىنىدۇ. جۇپ قولنىڭ
ھارارىتى مۇزدەك قىلىچنىڭ دەستىسىدىن تېخى كەتمىگەن، مۆتى-
ۋەرلەرنىڭ چىرايى ۋە يۈرۈش- تۇرۇشىدىكى لەشكەر تارتىپ ئۇرۇش
قىلىش ھەۋىسى تېخى يېتىمىگەن چاغلاردىلا، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل -
پاراسىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. بۇ، دەل جىددىي ۋەزىيەت، ئېغىر
بېسىم ۋە كەسكىن تىركىشىش كۈچى تاۋلاپ چىققان، ئەڭ يۇكسەك ۋە
ئەڭ نەپىس سەنئەتتۇر. بىراق، تىنچلىق مەزگىللىرىدە ئۇلارنى ۋۇجۇدقا
چىقىرىش مۇشكۇل، ئەلۋەتتە. بۇ خىل غايىۋى كارامەتكە پەقەت يۇقى-
رىقىغا ئوخشاش ھاياتىي كۈچ ئارقىلىقلا ئېرىشىش مۇمكىن. بىراق
ئۇنداق ھاياتىي كۈچ ئۇرۇش مەزگىلىدىكىدەك جاپالىق، شەپقەتسىز
مۇھىت ۋە مۇشكۇلاتلارنى مەنبە قىلىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ، تەبىئەتنىڭ پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان تەلىيى
ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىلىمىز. ئۇ روھ ۋە تەننىڭ ساغلاملىقى،
ياشاش ئىقتىدارى ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس جاسارەتكە تايىنىدۇ ھەمدە
دۇنيا ھاياتلىقىنى داۋام ئېتتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بارلىق تاۋار-
لارنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ نورمال ھالىتىنى ساقلاش
ۋاقتى بەك قىسقا بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاشما ۋە تۆكمە ھالەتتە
تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھالاكەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان خەۋپ - خەتەر
ئىچىدە ساقلىنىدۇ. بىراق، بىز ئۇلاردىن ئايرىلالمايمىز؛ ئۇلارنى ئاشۇ

ھالەتتە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر.

## ئەدەپ ـ يوسۇن ۋە سىپايىلىقنىڭ كۈچى

ئەجايىپ سىنىپلار ئىنسانىيەتنىڭ ساداقىتىنى مونوپول قىلىپ
تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى روياپقا چىقىرالايدۇ. ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىنى
لەرزىگە سالغىنى زادى قانداق كۈچ بولغىيدى ـ ھە! مەسىلەن، ئاللىبۇ-
رۇنقى ۋاقىتتا ئۇنىڭ 60 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىنىڭ يېرىمى دې-
گۇدەك ئوغرى، قاراقچىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. مانا ھازىرقىدەك تىنچ
زامانلاردا بولسا، ئۇنداق ئادەملەر بىزنى ناھايىتى جىق غەملەرگە سالى-
دۇ. مەسىلەن، ئۇلارنى ئامالىنىڭ بارىچە كويزا ـ كىشەن سېلىپ، تۇر-
مىگە بەند قىلىمىز؛ قورallىق قاراۋۇللار ئۇلارنى نەزەربەند ئاستىدا
ساقلايدۇ... بىراق، ناپولېئوننىڭ نەزىرىدە ئۇلار زادى قانداق ئادەملەردۇر؟
چۈنكى ناپولېئون ئۆزىنى ئۇلارغا شۇنداق يېقىن تۇتۇپ، قاتتىق ـ
يۇمشاق ۋاسىتىلەرنى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساداقىتىگە
ئېرىشكەن، ئاخىر يەنە شۇلارنىڭ قولى بىلەن ئۆز غەلىبىسىنى ئىشقا
ئاشۇرغانىدى.

بۇ خىل مەڭگۈلۈك ئىپتىدائىي كۈچ، ناۋادا رەسساملارنىڭ قو-
لىدەك نازۇك بوشلۇقتا ھازىر بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەيران
قالارلىق مۆجىزىگە ئايلانغان بولاتتى. مىچېلانگېلو سىستىنې چېر-
كاۋىنىڭ تام رەسىمىنى سىزىشقا مەجبۇرلانغان چاغدا، ئۇ تام رەسى-
مىدىن ئىبارەت بۇ سەنئەتتىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ خاراموش ھالەتتە ۋا-
تىكان پاپاسىنىڭ گۈللۈكىگە كىرىپ كەلدى ـ دە، گۈرجەك بىلەن
قىزىل ۋە سېرىق گۈلنى كولاپ چىقىرىپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن
تەڭشەپ چىقتى ۋە ئاندىن ئۇنىڭغا يېلىم ۋە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، رەسىم
بويىقى تەييارلىدى. قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ، مىچې-
لانگېلو ئاخىر ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. مىچېلان-
گېلونىڭ روھى ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن مەمنۇن بولدى. شۇنداق قىلىپ،
ئۇ شوتىغا دەسسەپ چىقىپ سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. كۈنلەر ئۆتتى،
ئايلار ئۆتتى، ئاخىر ئۇنىڭ قەلىمى ئايال پەيغەمبەر ۋە بېشارەتچىنىڭ
ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت ياراتقانىدى. شۇنداق، ئۇ ئە-



قىل ـ پاراسىتىنىڭ پاك ۋە يېتۈكلۈكى جەھەتتە ئالدىنقىلاردىن
ھالقىپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چاپچىپ
تۇرغان ھاياتىي كۈچ، ئۇنى مىسلىسىز ئۇتۇققا نائىل قىلدى. ئۇ بىر
پارچە رەسىملىرى ئىچىدە بىر پارچىسىنى تولۇق پۈتكۈزەلمىگەن
بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن مەيۇسلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئۇ تە-
سەۋۋۇرىدىكى نىشانغا يەتكەنىدى.

مىچېلانگېلو رەسىم سىزىشتا ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىزنا-
سىنى چىقىرىۋېلىپ ئاندىن ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى سىزاتتى. ئاخىرىدا
ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى سىزىپ چىقاتتى. بىر مەردانە رەسسام بۇ
ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلغاچ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:—ناۋادا بىرەر ئىشتا
مەغلۇپ بولساڭ، ئاشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللاندىم، دەپ ئەمەس، بەلكى
چوش كۆردۈم دەپ ھېس قىلىسەن. شۇڭا گۈزەل سەنئەتتە، كىيىملى-
رىڭنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ تۇرۇپ بوياق تەييارلىشىڭ كېرەك. سەن-
ئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەڭ گويا ئەتىگەندىن كەچكىچە مىدىراپ ھار-
مايدىغان تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭكىدەك قەتئىي بولۇشى كېرەك.
مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە يېتىشتە ئۇنىڭدىن باشقا يول يوقتۇر.

## كۆچۈڭنى مەركەزلەشتۈر

مۇۋەپپەقىيەت ھامان بىر خىل ئەجايىپ كۈچنىڭ ھەمراھلىقىدا
ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى بىر ئۇنسىيە كۈچ ھامان بىر ئۇنسىيە ئېغىر-
لىققا تەڭ كېلەلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قايتا تۆ-
رىلىپ، يېڭىچە ھاياتقا قايتا ئېرىشەلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ،
لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالمايمىز.
بەلكى بىر خىل ئەپلىك ۋە ئەمەلىي چارە ئارقىلىق، ئاشۇنداق قايتا
تۆرىلەلمەسلىك ئىللىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايمىز. جۈملىدىن
بىزنى چىرمىۋالغان چۈشەكلەرنى بىراقلا ئۈزۈپ تاشلاپ، پۈتۈن زېھ-
نىمىزنى بىر ياكى بىرقانچە ھالقىلىق نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرەلەيمىز.
بۇ ھال گويا باغۋەنىنىڭ دەرەخنى خالىغانچە شاخلاپ كەلسە ـ كەلمەس
ئۆسۈشكە قويۇۋەتمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھارام شاخلىرىنى قالدۇرماي
پۇتاپ، دەرەخنىڭ غولىدىكى ھاياتىي كۈچنى بىر ياكى بىرقانچە قاۋۇل

شاخقا مەركەزلەشتۈرگىنىگە ئوخشايدۇ.

تۇرمۇشتا، زېھىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاقىلانە چارە، ئۇنى ئىسراپ قىلىش بولسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك رەزىل قىلمىشتۇر. زېھنىمىزنى يوقىلاڭ ئىشلارغا ياكى غايىۋى نىشان ئۈچۈن قاراتمايلى، بايلىق ۋە شۇ ۋەجىدىن كېلىدىغان ئاۋارىچىلىقلارغا سەرپ قىلمايلى ۋە ياكى ئىجتىمائىي ئادەت، سىياسىي، مۇزىكا، بايرامنى تەبرىكلەش مۇراسىملىرى ... ئۈچۈن خوراتمايلى، ئىشقىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا زېھىن كېتىدىغان ئىشلار. شۇڭا مۇنداق بىر جۈملە ئىلاھىي يارلىقنى ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم: «تەقدىرىڭنى مۇخالىپلىققا زورلىما؛ پېشانەڭگە پۈتۈلمىگەن ئىشلارغا ئۆزۈڭنى ئۇرما!»

ئىشقىلىپ جىسمىمىزدىكى بىرەر پارچە بېزەكنى ياكى روھىيىتىمىزدىكى بىرەر خام خىيالنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئۆزىمىزگە ھەقىقىي ئۆزلۈكىمىز ئىچىدە چىن ساداقەت بىلەن يەنە بىر دەقىقىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش قۇدرىتى بېرەلىسەك، بۇنىڭ ئۆزى ساۋابلىقتا چېكى يوق كاتتا ئىش بولغان بولاتتى. چۈنكى ئەل- ئاغىنە، كىتاب، سۈرەت، ئادەتتىكى مەسئۇلىيەت، قابىلىيەت، خۇشامەتچىلىك، ئۈمىد دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ كەينىنى ئۈچۈرۈپ، زېھنىنى ئوغرىلايدۇ؛ ئادەمنى گويا جىددىي ھاۋا ئېقىمىغا دۈچ كەلگەن شاردەك نىشاندىن ئازدۇرۇپ، ئوڭ- تەتۈر چۆرگىلىتىپ، ھايات تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆزلىگەن نىشانىمىزغا بىمالال يېتىشكە ئامالسىز قالىمىز.

شۇڭا سەن ئۆزۈڭگە تەئەللۇق ئىشنى تاللا! شۇ نەرسە يادىڭدا بولسۇنكى، سەن پەقەت كاللاڭ قوبۇل قىلغان نەرسىلەرگىلا ئېرىشىپ، قالغان ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كەچ. شۇنداق قىلساڭلا، سەندىكى ئوقچۇپ تۇرىدىغان كۈچ ئاز- ئازدىن جۇغلىنىپ، ئۆز تەرتىپى بويىچە ئىشقا كىرىشەلەيدۇ؛ ئۆزۈڭمۇ تۇيغۇدىن بىۋاسىتە ھەرىكەتكە ئۆتەلەيسەن. بىر ئادەمنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى كۆز ئالدىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇيغۇدىن بىۋاسىتە ھەرىكەتكە ئۆتۈش چارىسىنى ناھايىتى ئاز قوللىنىدۇ. ئەمما بۇ چارىنى قوللانغاندا ئىقتىدارسىزلىق ۋە ھاماقەتلىكنىڭ چەمبىرىكىدىن ھالقىپ ئۆتكىلى بولىدۇ. ئاشۇ چەمبىرەكتىن ئوڭۇشلۇق ھالقىيالىساڭ، مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە يېتەلەيسەن. نۇرغۇن



سەنئەتكارلار دەل مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، جاسارەت ۋە شىجائەت ساھىبلىرى مىچىلانگېلو ياكى سېللىب بېنوۋېتو. سېللىنى① غا ھەسەت بىلەن تىكىلمەكتە. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىمۇ ئوخشاشلا تەبىئەت ئاتا قىلغان ئىلھام مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان، ئوخشاشلا تەبىئەتنى بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ھاياتىنى بىرەر قېتىممۇ تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ھەردىكەتنىڭ پارتلىما كۈچىگە ئاتاپ باقمىدى. شائىر كامپبېل مۇنداق دەيدۇ: «خىزمەتكە ئادەتلەنگەن ئادەم ئىرادە قىلغان ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى روھلاندۇرغان شېئىرنىڭ كۈچى ئادەتتىكى شېئىرىي ئىلھام ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك ئېھتىياجدۇر.»

دۇرۇس، كۈچۈڭنى مەركەزلەشتۈر! سىياسىي دەمدۇ، ئۇرۇش دەمدۇ، سودا تىجارىتى دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق مۇددىئادىكى ئىدارە قىلىش ماھارىتى دەل كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈشكە مۇجەسسەملەنگەن. نيۇتوننىڭ باشقىلارنىڭ «سىز ئاشۇ كەشپىياتلىرىڭىزنى زادى قانداق قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقىرالىدىڭىز؟» دېگەن سوئالىغا «دىلىمدا مەۋج ئۇرىدىغىنى كەشپىياتتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، دۇنيادىكى ئۇنتۇلماس كاتتا ئىشلاردىن سانىلىدۇ. نيۇتوننىڭ بۇ ئاددىي جۈملىسىدىن مەسىلىنىڭ تېگى- تەكتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مۇبادا سەن سىياسىي جەھەتتىكى بىرەر جۈملە ئەقلىيىنى ئۆگىنىۋالماقچى بولساڭ ئالدى بىلەن پلۇتارك② نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىن: «بۇ شەھەردە كىشىلەر تارېكلىسنى پەقەت بازار ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت بارىدىغان كوچىدىلا كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق زىياپەت، تەبرىكلەش ۋە يىغىلىش دېگەنلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى رەت قىلدى. ئۇ ھوقۇق يۈرگۈزگەن چاغلاردا بىرەر دوستىنىڭ داستىخىنىغا ئەسلا داخىل بولۇپ باقمىدى.» بۇنداق مىساللار سودا ساھەسىدىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئاق كۆڭۈل بىرەيلەن روتسچىلدغا مۇنداق دەپ نەسىھەت قىپتۇ: «بالىلىرىڭىزنىڭ پۇل ۋە

① 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىتالىيىدە ئۆتكەن ھەيكەلتىراش، گۈزەل سەنئەت تەنقىدچىسى، نۇسخا، ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ ۋەكىلى.

② تەخمىنەن مىلادىيە (123 ـ 46) يۇنان يازغۇچىسى.

سودىغا ئۇنچىۋالا بېرىلىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭچە سىزمۇ بالىلىرىڭىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى خالىمايسىز.» بىراق روتسچىلد مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «يوقسۇ، شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مەن ئۇلارنىڭ دەل ئاشۇنداق ئادەم بولۇشىغا تەشنا. مەن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھېس- تۇيغۇلىرىنى، روھىنى، قەلبىنى ۋە جىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ سودا كەسپىگە بېغىشلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى ئاشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ئاندىن بەخت مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ. نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشمەكچى بولغان بولساڭ، ئۇنداقتا سەندە شۇنىڭغا لايىق جاسارەت ۋە ئېھتىياتچانلىق بولۇشى زۆرۈر. ۋەھالەنكى ئاشۇ بايلىققا ئېرىشىش بىلەنلا ئىش تامام ۋەسسالام بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇن ھەسسە كۆپ ئەقىل - پاراسەت ۋە جاسارەت بىلەن ئاشۇ بايلىقلىرىڭنى قوغدىشىڭغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەن ماڭا نەسىھەت قىلغانلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغان بولسام، ئۆزۈمنى ئاللىقاچان ۋەيران قىلىپ بولغان بولاتتىم. يىگىت، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغانىكەنسەن، ئاخىرىغىچە بەل قويۇۋەتمە. مەسىلەن، سېنىڭ ھاراق ئېچىش ئىشىڭنى دەيلى، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلا، ئۇنىڭدىن زېرىكمە. شۇنداق قىلساڭلا لوندوندىكى ئەڭ كاتتا ھاراق سودىگىرىگە ئايلىنىسەن. مەيلى ھاراقچىلىق كاسىپى بولغىن، مەيلى بانكىر بولغىن ۋە مەيلى سودىگەر بولغىن، پەقەت ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش ئىرادىيىسى بىلەن ئىش قىلساڭلا، شۇ ھامان ئۆزۈڭنى گېزىتتىن كۆرىسەن.»

## ئۆزۈڭنىڭ قارارىنى چىقار

كۆرگەن - بىلگىنى باشقىلارنىڭكىدىن جىق، يۈكسەك پاراسەتلىك، ئېگىلمەس - سۇنماس ئادەملەر ئارىمىزدا ساماندەك. لېكىن، ئۇلار پەقەت دەرھال ئۆزىنىڭ قارارىنى چىقىرىشقا قادىر بولالمايۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا پۇرسەتتىن قۇرۇق قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، توختاۋسىز ھاياتلىق قاينىمىدا، ئۆزۈڭنىڭ قارارىنى چىقىرىشىڭ زۆرۈر. مۇمكىن بولسا، قارارىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر قارارلاردىن بولسۇن. بىراق شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىش، بىرەر ئىشقا قارار قىلالماي



دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇرغاندىن مىڭ ئەلا. شۇڭا، سەن ھەرقانداق ئورۇندا كۆزۈڭنى شۇنداقلا ئاچساڭ تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان يولدىن ئاز دېگەندە يىگىرمىنى كۆرىسەن. شۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا سەن ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئاشۇ يوللارنىڭ ئىچىدە بىرىگە دادىل قەدەم بېسىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاقىتتا تەييارلىنىپ تۇرغان بولۇشۇڭ لازىم.

ناۋادا بىر ئادەم خەۋپ - خەتەر ئالدىدا تەمتىرەپ قالماي، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىشقا سالالىسىلا، نەزەر دائىرىسى كەڭرى بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە ئالدىرىماي ئىشقا كىرىشىدىغان سەگەك كىشىلەر، ئۇنىڭغا ھامان قول قويىدۇ. پارلامېنتتىكى قابىل ناتىقلارنىڭ دانا نەزەرىيىلەرگە كامىل بولۇپ كېتىشى، پارلامېنتنىڭ تاكتىكىلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ كارامىتى دەل دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىشتىلا، خالاس. شۇنىڭغا ئوخشاش، قابىل سودىيە، ئاقلىغۇچىلارنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ ئولتۇرماي، ئالاقىدار تەرەپلەرگە ئەڭ ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىنتىلىدىغىنى — ئادىل، ئاشكارا ۋە خاتاسىز ھۆكۈم چىقىرىشلا. ئەڭ ياخشى ئادۋوكاتنىڭمۇ بولغان ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە بايان قىلىشىنىڭ، ھەرقانداق سالاھىيەتنى تولۇق ھازىرلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھاۋالىچىسى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنى مۇشكۇلات ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشنىلا نىيەت قىلىدۇ.

## قەتئىي ئىرادىنىڭ كۈچى

تەكرار مەشىق، مىجەز - خاراكتېرنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بىر خىل ئادەت ۋە قەتئىي ئىرادىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئەرەبلەرنىڭ بارب ئېتى قاشاڭ ئاتقا قارىغاندا ئۇزۇن يولغا چىداملىق كېلىدۇ. كېنېتىكىدىكى ئېلېكتر ئېقىمىنىڭ سۈرئىتى گەرچە ئاستا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ تېخنىكىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قائىدە ئوخشاشلا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرىكىتىگە تەتبىقلاشقا بولىدىغان تەۋرەنمەس

پرىنسىپتۇر. دېمەك، سەن تەكرار مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ۋۇجۇدۇڭدىكى پارتلىما كۈچنى تولۇقلاپ مېڭىشىڭ زۆرۈر. بىز ئادەتتە كۈچىنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم بىر ۋاقىتتىلا مۇجەسسەملىيەلمايمىز، ئەكسىچە ئاشۇ باراۋەر كۈچنى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقا چېچىپ ئورۇنلاشتۇرىمىز. بۇ گويا، بىر دانە ياپراقچىغا يالىتىلغان ئالتۇننى بىر دانە شارغىمۇ يەتكۈزۈپ يالاتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. ۋېست پوئىنت ھەربىي مەكتىپىدىكى باش ئىنژېنېر پولكوۋنىك بېفورد بىر دانە زەمبىرەكنىڭ تەپكىسىگە، تەپكە تاكى چۇل- چۇل بولۇپ كەتكىچە گۆرجەك بىلەن قاتتىق ئۇرغانىدى. ئۇ يەنە بىر زەمبىرەكنى تاكى ئاشۇ زەمبىرەك قىزىپ پارتلاپ كەتكۈچە ئارقا- ئارقىدىن يۈز نەچچە قېتىم ئاتقانىدى. خوش، ئەمدى سوئال قويۇپ باقايلى: زەمبىرەكنىڭ تەپكىسىنى قايسى قېتىمقى زەربە چۇل- چۇل قىلىپ تاشلىدى؟ ئىككىنچى زەمبىرەك زادى قايسى قېتىم ئاتقاندا ئاندىن پارتلاپ كەتتى؟ بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي: بىرىنچى زەمبىرەكنىڭ قۇلىقى ھەر قېتىم تەگكەن گۆرجەكنىڭ زەربىسىدە تەدرىجىي پاچاقلىنىشقا باشلىدى؛ ئىككىنچى زەمبىرەكمۇ ئىستوۋۇل ئىچىدە ھەر قېتىم پارتلىغان ئوقنىڭ زەربىسىدە تەدرىجىي قىزىپ پارتلاشقا يۈزلەندى. ھېنرى① مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىھات، تۆيغۇدىن ئەۋزەلدۇر». بۇ يەردىكى ئىجتىھات تەكرار مەشىق قىلىش، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. جون. كېمبېل مۇنداق دېگەنىدى: «تولۇق بىرەر مەيدان ئويۇن قويۇشتا، پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگىگەن سەھرالىق كەسپىي ئارتىسلار ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىشتىن سىرتقى ئارتىسلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.» بازىل. خاۋېلمۇ ئەڭ ناچار مۇنتىزىم قوشۇنىنىڭمۇ ئەڭ ياخشى دەپ قارىلىدىغان پىدائىي قىسىمنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، مەشىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىسپاتلاشقا ئامراق ئىدى.

بىرەر ناتىق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى مەشىق، دەل ئاممىغا توختىماي نۇتۇق سۆزلەشتۇر. شۇنداق دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇكى، كاتتا ناتىقلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە ئەڭ ناچار ناتىقلاردىن ئىدى. مەسىلەن، كوبدېن تەڭداشسىز ناتىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن، نەق

① مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 370 ـ يىلىدىن 460 ـ يىلىغىچە) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى، ئاتوم ماتېرىيالىزمىنىڭ ئاساسچىسى.



يەتتە يىل سەرپ قىلدى. ئۇ بۇ يەتتە يىل جەريانىدا پۈتكۈل ئەنگلىيىنى ئايلىنىپ نۇتۇق سۆزلىدى. ۋېندېل. فىلىپس ناتىقلىقتا كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن، يېڭى ئەنگلاندىنى نەق 14 يىل ئايلىنىپ، بارغانلا يېرىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

ھەممەيلەن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ باققان. چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشتە ھەربىر خام سۆز ۋە ياردەمچى سۆزنى پىششىق ئىگىلەپ كاللىمىزغا قۇيۇپ بولغىچە ئاشۇ نەچچە ئون بەتلىك مەزمۇننى يۈز قېتىملاپ، مىڭ قېتىملاپ تەكرار- تەكرار ئوقۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ئىكەنلىكىنى، ئاشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن چەت ئەل تىلىنى پۇختا ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. يەنە مەسىلەن، بىر ناخشىچى ھەرقانچە تالانتلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نوتىنى قولىغا ئالغان ھامان، ئاشۇ ناخشىنى ئون- يىگىرمە قېتىم مەشىق قىلغان ئادەتتىكى ناخشىچىچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالمايدۇ.

بىر قىزىقچى دوستۇم مۇنداق دەپ قارايدۇ: تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سەنئىتى نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق سەلتەنەتلىك؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن كەچكى قۇياشنى ئەنە ئاشۇنداق تەڭداشسىز گۈزەل قىلىپ سىزىپ چىقالىدى؟ چۈنكى تەبىئەت دۇنياسى ئاشۇ بىر ھەرىكەتنى سانسىز قېتىم تەكرارلىغانلىقى ئۈچۈنلا. دېمەك، بىر ئادەم ئۆزى پىششىق بىلىدىغان بىرەر مەسىلە ھەققىدە گەپ ئاچقاندا، بىرەر يېڭى تېما ھەققىدە سۆزلىگەندىكىدەك قىينالمايدۇ- دە. مەسىلەن، ئاكسىيە بېرژىسىدا بىرەر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە تەجرىبىگە ئېرىشكەن ئادەمنىڭ گېپىگە باشقىلار دىققەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ پىكرى ئاشۇ سورۇندىن ئايرىلغان ھامان بىر سىنتقا ئەرزىمەيدۇ. دېموكرىتۇس① مۇنداق دېگەنىدى: «نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى تۇغما تالانتى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى كۆپلەپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ.»

تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ خىل سۈركىلىش كۈچى ئەنە ئاشۇنداق توختاۋسىز ۋە تەڭداشسىز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل سۈركىلىش داۋامىدا بىز زەررىچە كۈچىمىزنى ئوغرىلىقچە تېجەپ قالالمايمىز. شۇڭا، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىدىيىمىزنى قانداق ئىپادىلەش ۋە

① مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 370 ـ يىلىدىن 460 ـ يىلىغىچە) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى، ئاتوم ماتېرىيالىزمىنىڭ ئاساسچىسى.

ماڭىدىغان يولىمىزنى قانداق تاللاشتا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ھەرد-
كەت داۋامىدا ماددا ۋە ۋاسىتىنىڭ قارشىلىقىنى قانداق يېڭىش ۋە ئا-
دەمنى ئالغا ئىلگىرىلدۇرىدىغان كۈچكە قانداق ئايلاندۇرۇشتا. بۇ نىشانغا
يېتىشنىڭ تەكرار مەشىقتىن ئۆزگە ھېچقانداق چارىسى يوق. ئىشتىن
سىرتقى ھەۋەسكارلارنىڭ ئۇستا كۆرگەن كاسىپلار(كەسىپ ئەھلى)
بىلەن بەسلىشىشىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قېلىشى دەل ئاشۇ
ۋەجىدىندۇر.

كۈنىگە ئالتە سائەت پىئانىنو مەشىق قىلىش، قول كۆندۈرۈش
ئۈچۈندۇر؛ كۈنىگە ئالتە سائەت رەسىم سىزىشمۇ دەل بوياق تەڭشەش،
گەج ۋە قەلەمنى ئىشلىتىشتە پىشىش ئۈچۈندۇر. پىئانىنو چېلىش
شۇنچىۋالا قىيىن ماھارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇستىلار بىر ئادەمنىڭ
پىئانىنوغا كامىل ياكى كامىل ئەمەسلىكىنى پەقەت ئۇنىڭ پىئانىنو
چالغان چاغدىكى قول ھەرىكىتىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلالايدۇ. مېخانىك ۋە
شاگىرتلارنىڭ كۈچى دەل مىڭ قېتىملاپ مەشغۇلات قىلىش ئارقىلىق
قورال - سايمانلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىشتا، سانسىز
قېتىملاپ قوشۇش - ئېلىش ئارقىلىق ھېسابلاش ماھارىتىنى پىش-
شىق بىلىۋېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئائىلىدىكى ئاشۇنداق كەچمىشلىرىمنى قايتا تونۇش يۈزىسىدىن،
مەن ئەنگلىيىدە مۇنداق دېگەنىدىم: ئەدىب - زىيالىيلار ئارىسىدىكى
نۇرغۇن نەشرىياتچىلار، مۇھەررىر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشقا
مەسئۇل ئەمەلدارلىرى، پروفېسسورلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار باشقىلارنىڭ
ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە نائىل بولغان كىشىلەردۇر. لېكىن ئۇلار
ئەدەبىي تالانتى ئەڭ يۇقىرى كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئەقلىي قابىلى-
يىتى ئادەتتىكىچە ئاددىي كىشىلەر. ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنى-
دىغان يېرى پەقەت سودىگەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان پائالىيەت ئىق-
تىدارى ۋە خىزمەت قابىلىيىتىلا، خالاس. مەيلى قەدىمكى ئەنگلىيىدە
بولسۇن ياكى يېڭى ئىنگلاندتا بولسۇن، ئۆزىدىكى كۈچ - قۇدرەتنى
پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەندۈرەلىگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئەپچىللىك بىلەن
پايدىلانغان ئادەتتىكى كىشىلەر، ھەتتا باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان
كىشىلەردىنمۇ ھالقىپ، ئاخىرى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپنىڭ
باشىسىغا، ھەتتا نوپۇز ئىگىسىگە ئايلىنالىدى.



مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن ھەم ئىن-
سانىيەتتىن ھالقىپ كامالەتكە يېتىشتىكى بەزى سەۋەبلەرنىڭ قابى-
لىيەت ۋە تاشقى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قىممىتىنى چەكلەپ قويۇۋاتقانلى-
قىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. بىز ھە دېسىلا ئادەتتىكى قەھرىمانلارغا
خوش غوجام دەپ باش ئىگىپ قالىمىز. بۇنىڭ بىلەن بەزى قىممەتلىك
مەنبەلەرنى قېزىشقا سەل قارايمىز. نېمىدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىۋاتـ-
قانلىقىمنىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بىراق خاتىرجەم بول، مەن ئۇ
گەپلەرنى، دېمىسەم قۇتۇلالمايدىغان ئاشۇ گەپلەرنى كېيىنكى بابلاردا
بايان قىلىمەن.

بىراق، تەبىئەت دۇنياسى مەۋجۇداتنى ئۆزگەرتىشتە دەل ئاشۇ خىل
ئۈزلۈكسىز مەشىق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان كۈچكە تايىنىدۇ.
شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەككى، ناۋادا سەن تۇرمۇشقا ۋە بۇ ئاددىي
دۇنيانىڭ ئىنئاملىرىغا نەزەر كۆزۈڭنى ئاغدۇرماقچى بولساڭ، ئالدى
بىلەن ئۈزلۈكسىز مەشىق ئارقىلىق جۇغلىنىدىغان كۈچ ۋە روھنى
قەدىرلىشىڭ زۆرۈر. مېنىڭچە كۈچنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە تەت-
بىقلەشكىمۇ بولىدۇ. كۈچمۇ خۇددىي سۇيۇقلۇق بىلەن گازغا ئوخشاش،
ئىنچىكە قانۇنىيەت ۋە تەپسىلىي ھېسابلاشقا بېقىنىدۇ. بىز ئۇ خىل
كۈچتىن ياكى تېجەشلىك بىلەن پايدىلىنىمىز ياكى ئۇنى ئىسراپ
قىلىپ تۈگىتىمىز. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى ۋۇجۇدىدىكى ئۆزىگە لا-
زىملىق كۈچنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندۇرغاندىلا ئاندىن كۈچلۈكلەردىن
بولۇپ يېتىلەلەيدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل كۈچتىن پە-
قەت ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلانغاندا، ھەرقانداق پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت
ياكى مۇۋەپپەقىيەت ئەينەكتىكى گۈلنىڭ، سۇدىكى ئاينىڭ شولىسى-
غىلا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ خىل كۈچ ئالتۇن ئەمەس، بىراق
ئالتۇن تاۋلىيالايدۇ؛ ئۇ نام - ئابروي ئەمەس، بىراق كاتتا مۇۋەپپەقى-
يەتلەرنى يارىتالايدۇ.

ناۋادا ئىرادەڭ ئاشۇ كۈچنى كونترول قىلىپ، ئۇنى تېجەشكە قادىر
بولالىساڭ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلىسەڭ، ئۇ چاغدا
شۇنداق يەكۈنگە كېلىسەن: ئىنسانىيەت بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى،
تەسەۋۋۇر قىلالىغان بارلىق مەنپەئەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھامان ئىشقا
ئاشىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. بەلكى ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەسەۋۋۇرلار ئىنسا-

نىيەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل شەكلىنى ئاتا قىلىدۇ.

دۇنيا خۇددى نازۇك ماشىنىغا ئوخشاش، قىلچە خاتاسىز ھەرد-
كەتلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چەكسىزلىككە سوزۇلغان ھەرىكەت لىنىد-
يىسىدە زەررىچە تاسادىپىيلىق بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سەن
ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس، ئۇ ھەم رەخت توقۇغاندەك ئۇز-
چىۋالا ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە مۇرەككەپمۇ ئەمەس. ئامېرىكىدىكى بارلىق
دەريالارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا، زاۋۇتلىرىمىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.
ئەتىگەندىن كەچكىچە يېڭى ئىنگلاند ئۇچۇن ئەقىل كۆرسىتىشكە پاي-
پىتەك بولۇپ يۈرۈۋاتقان بىزلەردەكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ
تەسىرلىك مىنۇتلار ئاشۇنداق زاۋۇتلاردىن بىرەرسىگە كىرىۋېلىشتىن
باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قىياپىتىگە تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ توقۇش
ماشىنىسى، باسما ماشىنىسى ۋە پاراۋوزنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن،
ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردىن ماشىنىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، بى-
راق بۇ «ماشىنا»لاردىكى ھاماقەتلىك بىلەن نادانلىقنى تۈگىتىشنىڭ
نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. شۇڭا، بىز بىرەر زاۋۇتقا
كىرگەن چېغىمىزدا، زاۋۇتتىكى ماشىنىلارنىڭ بىزگە قارىغاندا ئەدەپ-
لىكرەك ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك بولىمىز. شەيئىلەرنىڭ گۈلتاجى
سانىلىدىغان ئۆزۈڭ بىرەر توقۇش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا مەردانە تۇر-
غان چېغىڭدا، ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ ماشىنىغا قارىغاندا مۇكەممەل ياكى
مۇكەممەل ئەمەسلىكىڭنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باق؛ ئۆزۈڭ بىلەن تو-
قۇش ماشىنىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل «ماشىنا»نىڭ ئاخىرى
قانداق ئاقىۋەت بىلەن تۈگەللىنىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ باق!

بىر فابرىكىدا، ئۈزۈلگەن بىرەر تال يىپ ياكى بىرەر دانە ياپراقچە
نەچچە مېتىر رەختنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈزۈل ـ كېـ-
سىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىرى ئاشۇ رەختنى توقۇشقا مەسئۇل
توقۇمىچى قىزنىڭ مائاشى تۆۋەنلىتىلىدۇ. بۇنى ئۇققان پايچى خۇشال-
لىقىدا قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۆز- ئۆزىگە شۇنداق دەپ پىچىرلايدۇ:
«پاھ، پايدا دېگەن كاساپەت، سەن نېمىدېگەن سۆيۈملۈكسەن!» ناۋادا
ئاشۇ رەختنى سەن توقۇغان بولۇپ، ئاشۇ قىسمەت سېنىڭ
بېشىڭغا كەلسە، توقۇغان سۈپەتسىز رەختىڭ بىلەن خوجايىن ۋە



خېرىدارلارنى ئالدىيالايمەن، دەپ ئويلامسەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈن-
كى، قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ھاياتلىق ھەرقانداق سىپتە توقۇلغان
رەختتىنمۇ ئېسىل ۋە ھەشەمەتلىك «رەخت»تۇر؛ بۇ «رەخت»نى ئاپىد-
رىدە قىلغان ئۇسكۇنە بولسا، كارامىتى ھەرقانداق توقۇش ماشىنىسىد-
دىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئۇسكۇنىدۇر. ئۇ ھەم چەكسىز ۋە پۈتمەس-
تۈگىمەس ماھارەت ساھىبى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا زەررىچە ساختىلىق،
ئالدامچىلىقىڭنى يوشۇرۇشقىمۇ ئامالسىزسەن. بىراق، خاتىرجەم بول.
ئامەت- تەلەي دېگەن ئادىل كېلىدۇ. ھەرقانداق نەپىس ۋە ئېسىل رەخت،
ھەرقانداق ساپ پولات ياكى ھەرقانداق مۇستەھكەم تۈۋرۈك دېگەنلەرنىڭ
ھەممىسى، ھېلىقى بىر توپ ساختا رەختنىڭ قىسمىتى ئارقىلىق
ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ.

# سالاپەت

تەڭدىشى يوق گۈزەللىك ھەم رايىشلىقتىن،
بىنا بولدى ئالتۇن رەڭلىك بىر ئىمارەت.
نازاكەتلىك، مەردۇ - مەردانە قىز- يىگىتلەر،
خالايىقنى تاڭ قالدۇردى ۋاھ، كارامەت.

قىز- يىگىتلەر پەزىلىتى، ئۇزلۇقى ئۇ،
پىچاق بولدى ئېندىمىئون① يۈرىكىگە.
قىز- يىگىتكە يۈزلىنىشنىڭ ئورنى يوقتۇر،
ئالدى ئۇنى زېرىكىشلىك ئۆز ئىلكىگە.

تەلمۈردى ئۇ رۇخسارىغا قىز- يىگىتنىڭ،
كەڭ زېمىنغا تىكتى ئېچىپ جۈپ كۆزىنى.
يېشىل دالا كۆزگۈ②ئىكەن ئەسلىدىنلا،
شۇندىن كۆردى گۈزەللىكنىڭ دەل ئۆزىنى.

گەپتىن قالدى ئېندىمىئون تىللىرىمۇ،
توختىماستىن تېپچەكلىدى يۈرەك شۇ دەم.
بىراق يىگىت - قىزنىڭ تۇرقى شۇنچە ۋەزمىن،
ئېندىمىئون ئازدى شۇندا ئەقلىدىن ھەم.

شۇم پەلەكنىڭ قولى بولدى ئېندىمىئون،
زەئىپلىكى غالىبلىقتىن قالدى مەھرۇم.
ئاشىقلىقنىڭ ئالدىمىدا، ئازابىدا،
بولۇپ قالدى غەمسىسىدە گۆرگە مەھكۇم.

① ئەنگلىيە شائىرى جون. كېيتاز (1821 - 1795 ) نىڭ قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان داستانى «ئېندىمىئون» دىكى پېرسوناژ.
② ئەينەك.



# سالاپەت دېگەن نېمە ؟

بىز دائىم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بالقىپ تۇرغان ھاياتىي كۈچى نەدىن كېلىدىغاندۇر، دەپ سورايمىز. بەرھەقكى، بۇ خىل كۈچ دەل روھتىن كېلىدۇ. دېمەك، تەبىئەتنىڭ مىسلىسىز ھاياتىي كۈچى، روھنىڭ ئىلتىپاتىدۇر. ئۇنداقتا، روھ يەنە قانداق قىلىپ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھاياتلىق گۈلىنى بەرق ئۇرغۇزالايدىغاندۇر؟ بۇنىڭ ھېچقانداق سىرلىق مەخپىيىتى يوق. چۈنكى روھ پەقەت ئۆزىنىڭ سىلىق ۋە پاساھەتلىك بايانى بىلەن گالۋاڭ تەبىئەتنى قاتتىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، كۆزىنى يوغان ئېچىشقا دالالەت قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تەبىئەتنىڭ بايانى گەرچە ھالقىلىق ۋاستە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېگانە ئەمەس. چۈنكى ھاياتلىق گەۋدىسىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان قەددى- قامەت، ھەرىكەت ۋە قىياپەت دېگەنلەرمۇ تەبىئەتكە مول ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلەيدۇ؛ ئۇلار گاچىنىڭ تىلىنى، ئەمانىڭ كۆزىنى ئاچالايدۇ... ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلار مۆرىمەسنى گەپدانغا، ئەرزىمەسلەرنى كارامەت ئىگىسىگە ئايلاندۇرالايدۇ. چۈنكى ئۇلار، سىرخىللەرنى يارىتىدىغان تەبىئەتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ.

بۇ خىل تىلسىز ۋە نازۇك بايان، دەل سالاپەتنىڭ ئۆزىدۇر. سالاپەت مەزمۇن ئەمەس،بەلكى شەكىلدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ بىزگە ھاياتنىڭ تىلغا كىرىپ، مۇۋاپىق شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنى ئايان قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن، ھەيكەلنىڭ تىلى بولمايدۇ. دۇرۇس، ئۇنىڭغا تىلنىڭ نېمە كېرىكى؟ چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تىلسىز ئايان قىلىدۇ. كۆركەم سەھنە شەكلىنى تاماشىبىنلارغا دەبدەبىلىك ئىزاھلاپ بېرىش ھاجەتسىز. ناۋادا شۇنداق قىلىنسا، پايپاققا ناھال قاققاندەك ئىش بولىدۇ.

شۇنداق، ھەرقانداق مەخپىيەتلىك پەقەت بىرلا قېتىم ئاشكارىلىنىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن پۇرسەت ئۆز ئايىغىدىن يوقايدۇ. بىراق، تەبىئەت ئىنسانلارغا ئامەت - تەلەيىنى ئاتا قىلغان. ئىنسانغا ھەدىيە قىلىنغان بۇ ئامەت ئۆزىنى ۋە ئۆز مەخپىيىتىنى ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنت ئوچۇق - ئاشكارا ئەمەس بەلكى يوشۇرۇن نامايان قىلىپ تۇ-

رىدۇ. ئىنسان جىسمىدىكى تەن ۋە روھنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈرەلگەن
ۋە بىۋاستە كۆرگىلى بولىدىغان قىياپەت ياكى ھەرىكەت، سالاپەت دەپ
ئاتىلىدۇ.
ئۇنداقتا، سالاپەت ئەجەبا ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەمەسمىدۇ؟
سالاپەت ئەجەبا ئىدىيىنىڭ كونترول قىلىدىكى سۆز- ھەرىكەتنىڭ تەن-
دىكى ئاشكارا نامايەندىسى ئەمەسمىدۇ؟
ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بىرلا يول بىلەن پۈتىدىغانلى-
قىنى بىلىمىز. دېمەك، سالاپەت ئىنسان جاھاندارچىلىقىدىكى ئەڭ
مۇۋاپىق ئۇسۇلدۇر. ھەرقانداق سالاپەت پانىي دۇنياغا دەسلەپتە پەيدا
بولغان چاغدا، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە سۆيگۈسى ئۇرغۇپ
تۇرغان ھەرىكەتلەردىن ئىدى. كېيىن، قايتا - قايتا ئۆگىنىش ۋە دوراش
ئارقىلىق، كامال تېپىپ ۋە قېلىپلىشىپ، ئۆزىمىزدىكى سۆيگۈ ۋە
ئەقىل- پاراسەتنى نامايىش قىلىدىغان مۇھىم ئۇسۇلغا ئايلاندى. ئەم-
دىلىكتە بولسا، ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەربىر دەقىقىسىدە ئۆزد-
مىزنى بېزەش، جىسمىمىزدىكى ھەربىر ھۈجەيرىنى تۈزەشتۈرۈشتە
ئ م بولسا بولمايدىغان بوياققا ئايلاندى.
ناۋادا، سالاپەتنى پەقەت تاشقى قىياپەت بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دەپ
قار ساق، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن سەھەردىكى چىملىق شۇنچىۋالا جەلپكار
كۆرۈنىدۇ؟ بۇ دەل، گىياھلارنىڭ ياپرىقىغا قونغان شەبنەمنىڭ سېھرىي
كۈچىدىن ئەمەسمۇ؟ دېمەك، سالاپەت گويا ھاياتلىقىمىزنىڭ تايانچىسى
بولغان ھاۋاغا ئوخشاش كەم بولسا بولمايدۇ ھەمدە ئۇ كۈنسايىن كۆ-
چىيىپ بارىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىنى يارىتىدۇ ۋە قارشى
تەرەپكە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەپتۇنكار ئەپسانىلەردە شۇنداق دېيىلى-
دۇ: كونسۇئېلو ئىلگىرى ئاقسۆڭەكلەرگە سەھنە سالاپىتىنى ئۆگەت-
كەنلىكى بىلەن ماختىنىدۇ؛ تالىماۇ رېئال تۇرمۇشتا ناپولېئونغا يۈ-
رۈش- تۇرۇش سەنئىتى جەھەتتە تەلىم بەرگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ.
شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىز: كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئېسىل
سالاپەتنى دانىشمەنلەر ياراتتى. بارون ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرى ئۇ خىل
سالاپەتنى تېزدىن دوراپ ئۆگەندى ھەمدە ھەشەمەتلىك ئوردا ۋە ئېسىل
كىيىم - كېچەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلدى.
جۈملىدىن، ئۇلار ئۆگىنىۋالغان ئاشۇ سالاپەتنى ئۆزگەرمەس ئەندىزە



قىلىپ بېكىتىشتى.

## سالاپەت، كۈچ دېمەكتۇر

سالاپەتنىڭ كۈچى، ئەبەدىي قۇرۇماس بۇلاققا ئوخشاش، بۇلۇقلاپ
تۇرىدۇ. ئۇ، بىر پارچە ئوت. ھەرقانداق قاراڭغۇلۇقمۇ ئۇنىڭ نۇرى ۋە
ھارارىتىنى توسۇپ قالالمايدۇ. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەت بول-
سۇن ياكى دېموكراتىك تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەر-
قانداق دۆلەتتە فېئودال خانلىققا ئوخشاش، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەبىئە-
تىنى يالغاندىن دوراش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى دورامچىلىق قىلىپ
كۆلكىگە قالغان ئادەم تېخىمۇ بەتبەشىرىلىشىپ كېتىدۇ.
سالاپەتنىڭ قۇياش نۇرىغا ئوخشايدىغان تەسىر كۈچىنى ھېچكىم
توسۇپ قالالمايدۇ. مەدەنىي جەمئىيەتتە يېتىلدۈرگەن ئاز- تولا سالاپەت
كىشىلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ - قۇدرەتكە نائىل قىلىدۇ. يەنى
ئاشۇنداق سالاپەتكە ئىگە ھەرقانداق ئادەم گەرچە ۋاي دېگۈدەك سۆمبات-
لىق، باي ياكى ئاقىل بولمىسىمۇ، لېكىن نەگىلا بارمىسۇن ئالقىش،
ھۆرمەت ۋە ئىشەنچكە ئېرىشەلەيدۇ. مۇبادا بىر ئوغۇل بالا گەپ - سۆزدە
ۋەزمىن ۋە سۇباتلىق، ھۈنەرگە كامىل بولسا، ئۇنىڭغا ھەتتا سەنمۇ
نەگىلا بارمىسۇن ئوردىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش، بايلىقنى ئىلكىدە
تۇتۇش ئىقتىدارىنى بېرىسەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوردا ۋە بايلىققا ئېرد-
شىشكە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمىسىمۇ، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئوردىغا كىرىپ،
بايلىقنى ئىلكىدە تۇتۇپ بېرىشنى ئۆزلۈكىدىن ئىلتىجا قىلىدۇ.
قارىماققا بۇ باشقىلارنى ئەخمەق قىلىدىغان كۆزبويامچىلىقتەك
كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ گويا قۇياشنىڭ ھەركۈنى تاڭ بىلەن تەڭ
شەرقتىن كۆتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش بەرھەقتۇر. مەسىلەن، تارتىنچاق ۋە
قورقۇنچاق قىزلارنى ياتاقلىق مەكتەپ، سېرىك مەكتىپى، ئۇسسۇل
مەكتىپىگە ياكى ئىشقىلىپ ئاياللار ئىچىدىكى پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ
يېنىغا ئاپىرىپ قويساق، ئاز كۈن ئۆتمەيلا ئاشۇ قىزلارنىڭ ئاڭلاپ ۋە
كۆرۈپ يۈرۈپ، نازاكەتلىك سۆز- ھەرىكەتنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى باي-
قايمىز. يۈرۈش- تۇرۇشى زامانغا لايىق ئايال كىشىنىڭ جەلپكارلىقى ۋە
باشقىلارنى ئەيمەندۈرىدىغان سالاپىتى، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۆزگىچە

تاكتىكا ۋە ھەرىكەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.
بىراق، باشقىلار بۇ ئايالنىڭ سىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭدىن ئۇنچىۋالا ھېيىقىپمۇ كەتمەي، ئۇنىڭ بىلەن بىمالال باردى-
كەلدى قىلالايدۇ.

سالاپەت ئادەمنىڭ سىپايىلىق بىلەن ئىدارە قىلىش رولىنى
ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ رولنىڭ
كارامىتى ئادەتتە سىلىق ۋە يوشۇرۇن بولىدۇ. ئاددىي پۇقرالارمۇ يۇقىرى
قاتلام كىشىلىرىنىڭ تەبىئىي ھالەت ياكى مەدەنىيەت ھالىتىگە ۋە-
كىللىك قىلىدىغان يەنى ئالىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان ئە-
دەپ ـ يوسۇن ۋە سۆز- ھەرىكىتىگە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆگىنىدۇ.
ئادەتتە، قارىماققا ھېچكىم سىنىڭ سالاپىتىڭگە دىققەت قىلمىغاندەك
كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، سالاپىتىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا باشقىلار-
نىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرىدۇ. دېمەك، ئەتراپىڭدىكى جۈپ ـ جۈپ كۆز-
لەر سالاپىتىڭگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى»
ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، سەن ئاشۇ كۆزلەرنىڭ نازارىتىنى تامامەن ئې-
سىڭدىن چىقىرىپ قويغان چاغلاردا، ئۇ كۆزلەر ئۆزىگە خاس تىل ۋە
ھەرىكەت بىلەن سېنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭغا
ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. يەنى سېنى يۇكسەك مۇكاپاتلار بىلەن ئارتۇقلايدۇ
ياكى ساڭا تېگىشلىك ئارتۇقنى رەت قىلىدۇ.

بىز ھە دېسىلا كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي ئىشلار ھەققىدە توخ-
تىماي گەپ سېتىپ، ئۆزىمىزگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان سالاپەتنى
ئەستىن چىقىرىپ قويىمىز. مەسىلەن، تىجارەت ۋاقتىدا بىز پەقەت
بىزنىڭ نېمە ئالماقچى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدىغان
كىشىلەر ياكى بىزنىڭ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىزغا ياردە-
مى بار كىشىلەر بىلەنلا ھەپىلىشىمىز. بۇ چاغدا ئېڭىمىزدا پراگما-
تىزم مەۋج ئۇرغان بولىدۇ. لېكىن تىجارەت ئاياغلاشقان ھامان، بىزدىكى
ئۇ پراگماتىزملىق ئاڭ ئاللىقاياقلارغا ئۇچىدۇ. ئۆزىمىز ئەركىن ـ ئازادە
روھىي ھالەتكە ئۆتۈپ، ئۇھ دەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز گويا ئاپتاپپە-
رەس قۇياشقا تەلمۈرگەندەك بىزنى ئەركىن ـ ئازادىلىك ۋە بەھۇزۇرلۇققا
ئۈندەيدىغان، سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە پەزىلىتى بىزگە ماس كېلىدىغان، بىز
بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولالايدىغان كىشىلەرگە ئىنتىلىمىز.



سالاپەت نېمە ئۈچۈن بىر خىل بېزەك سۈپىتىدە ئادەمنى ھەممە
كۆز تىككۈدەك جەلپكار قىلمۇۋېتەلەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۇلۇبلاردىكى
خادىملارنىڭ ئوبرازىنى ئاشۇنداق يارقىن يارىتالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جا-
سارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىيەلەيدۇ؟ سالاپەت
ئۇ زادى قانداق سىرلىق ئاچقۇچتۇر؟ ئۇنىڭ بىلەن يەنە قانداق سىرلىق
قۇلۇپنى ئاچقىلى بولار؟ سالاپەت ئادەمگە قىممەتلىك ساۋاق ۋە ئىلھام
بەخش خاراكتېرنىڭ نىشانىدىن بېشارەت بېرىدىكەنغۇ! «سالاپەت»تىن
ئىبارەت بۇ تەڭداشسىز «مەخپىي تېلېگرامما»نى چۈشىنىش ئۈچۈن،
ئادەتتىن تاشقىرى مۆلچەرلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم ئىكەن-
غۇ! مۇشۇلارنى، يەنى ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن مۇرەككەپ
نۇقتىلارنى نەزەرگە ئالغان ۋاقتىمىزدا، گويا قويۇق تۇمان ئىچىدىن
بۆسۈپ چىقىپ، ئىنسان ھاياتىدىكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بۇ
تېمىنىڭ يادروسىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە قۇلايلىق، كۈچ ۋە گۈزەللىك
بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك تۇي-
غۇغا كېلىمىز.

سالاپەتنىڭ بىرىنچى رولى ناھايىتى ئىپتىدائىي كېلىدۇ. يەنى ئۇ
دەسلەپتە بەئەينى ئەرزان تاۋارلارغىلا ئوخشايدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن
ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، مەدەنىيەتنىڭ
ئىپتىداسىدۇر. دېمەكچىمەنكى، سالاپەت كىشىلەرگە بىر- بىرى بىلەن
ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىكتە ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

بىز سالاپەتنى قەدىرلەيمىز. چۈنكى ئۇ مەۋھۇم ئەمما تەڭداشسىز
كۈچ سۈپىتىدە، ئادەمنى دەسلەپكى قەدەمدە قايتا يارىتىپ، ئىنساننىڭ
ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە روھىدىكى ئىپلاسلىقلارنى يۇيۇپ، ۋۇجۇدىنى تا-
زىلاپ ۋە بېزەپ، قەددىنى رۇسلايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ
بىزدىكى ھايۋانىي قىلىق ۋە ئادەتنى تۈگىتىپ پاكلايدۇ. سالاپەت بىز-
دىكى يامان غەرەز ۋە رەزىللىكلەرنى تىرىپىرەن قىلىپ، بىزگە رەزىل
نىيەتلەردىن قول ئۈزۈپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ.
سالاپەت بىزگە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كەڭ قورساقلىقنى ئۆ-
گىنىۋالغان چېغىڭدا، ئىلگىرىكى ئۆتكەن كۈنلىرىڭدىن كۆپ بەخت-
لىك ۋە ئارامخۇدا ياشاۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن.»

قانۇن ھەم ئادىل ھەم كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جىنايى

قىلمىشنىڭ گىرۋىكىنى دەسسەپ يۈرگەن بولمىغۇر ھەرىكەتلەرنى جازالاشقا ئامالسىز. چۈنكى جەمئىيەتتە تەربىيە كۆرمىگەن ئالا كۆڭۈل تومپايلار، خىيالىغا كەلگىنىچە ئويناشقاندەك ئىش قىلىدىغانلار، ئەدەپسىز شاللاقلار ساماندەك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنى زىيانغا ئۇرۇش بەدىلىگە مەنپەئەتلىنىش قىلمىشىنى، باشقىلارنىڭ ھىمايىتىدا قانۇننىڭ جازاسىدىن قاچۇرالىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال. ئەمما ئۇنداقلار بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كەتمىسۇن. چۈنكى ئىبسىل سالاپەتنىڭ جەۋھىرىدىن شەكىللەنگەن جامائەت پىكرى، ئاۋام ئاقىلانە قوبۇل قىلغان مەدەنىي ھەرىكەتلەر ئۇنداق بولمىغۇر كىشىلەرنى جازالىماي قويمايدۇ.

مەسىلەن، تۆھمەتخور ۋە لەنەتخورلار قانداقلا يەردە بولمىسۇن، ئىتقا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇلار گويا ئىپتىبارلىق ئوۋ ئىتىغا ئوخشاش يولدىن ئۆتكەننىڭ ھەممىسىگە قاۋاپ تىنمايدۇ؛ ھەرقانداق ئادەمنى قورقۇتۇپ قاچۇرىدۇ؛ ئۇ «پەقەت مۇشۇنداق قىلساملا مېنى سەمرىتكەن ئىگەمگە يۈز كېلەلەيمەن» دەپ قارايدۇ. مەنمۇ ئىلگىرى ئاشۇنداقلارنى كۆرگەن. سەن ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن ياكى ئۇلار چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان نەرسىلەرنى بايان قىلغان چېغىڭدا، ئۇلار گويا خۇيى تۇتقان ئېشەكتەك بېشىنى قاڭقايتقىنىچە ئۆزى بىلگەنگە ھاڭرايدۇ؛ يەنە تېتىقسىز ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى سېنىڭ ئۇچىقىڭدا ئىسسىنىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؛ ئاغزى بېسىقماي ۋالاقلايدىغان ساقال تاغاقلىرى باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە جەمئىيەت قارىشىنى ساڭا زور قىزغىنلىق ۋە سەۋر - تاقەت بىلەن سۆزلەپ سېنى ھۆ دېگۈزۈۋېتىدۇ؛ يەنە ئۆز ھالىغا ئىچىنىپلا يۈرىدىغان، تەشۋىشلىك ئىجتىمائىي قاتلامغا تەۋە مېشچان بىچارىلەر بار؛ يەنە شۇنداق تەنتەكلەر باركى، ئۇلار سېنىڭ روھىڭغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ سېنى كونترول قىلىدۇ، سېنى باش - ئايىغىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئىرماش - چىرماشلىق ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىزىنى تېپىشقا مەجبۇر قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا كۆز ئالدىمىزدا يەنە ئادەمنى رەللە قىلىدىغان تېتىقسىز نەرسىلەر، قىسقىسى نادانلىق، ۋەھشىيلىك ۋە بىمەنە قىلمىشلارمۇ ساماندەك تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇسكۇللىرىغا يوشۇرۇنغان بالاخور قۇرتلاردۇر. ئۇلار مۇتتەھەملىك بىلەن ھەرقانداق يەرگە باش تىقىشتىن يانمايدۇ ھەم ھېيلىگەرلىك



بىلەن جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش كۆرۈشكە ماھىر كېلىدۇ. شۇڭا، قانۇن ئۇنداقلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇشقا، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە ۋە سېنى ئۇلارنىڭ بالا - قازاسىدىن ساقلاشقا ئامالسىز.

شۇڭا، ئۇنداق بالايىئاپەتنى پەقەت ئەدەپ - يوسۇن، ئاقىللارنىڭ ئۆگۈت - نەسىھەتلىرى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمى قاتارلىقلاردا بېكىتىلگەن ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ چەكلىمە ۋە جازاسىغا تاپشۇرۇش لازىم. چۈنكى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇنداق ئەدەپ - يوسۇن، ئاقىللارنىڭ ئۆگۈت - نەسىھەتلىرى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمى، كىشى قەلبىدە بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا بىخلانغان بولىدۇ.

كىشىلەر مىسسىسسىپپى دەرياسى قىرغىقىدىكى سارايلارنىڭ مېھمانلارغا «ئاممىۋى سورۇنلاردا غىزالىنىدىغان مۆتىۋەرلەرنىڭ كىيىم - كېچىكى چوقۇم پاكىز، رەتلىك بولۇشى لازىم» دېگەن تەلەپنى قويىدىغانلىقىنى ھەممە بۇ تەلەپنىڭ ساراي قوللانمىسىدا ئەسكەرتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دەل ئاشۇ زېمىندا يەنە چېركاۋنىڭ ئورۇندۇقلىرىغا كەلسە - كەلمەس تۈكۈرۈپ، مۇھىتنى بۇلغىماسلىق ھەققىدىكى ئەسكەرتمىلەرنىڭ چاپلاپ قويۇلىدىغانلىقىمۇ ئۇ بىر پاكىت. چارلىس . دىككېنس ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئامېرىكىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، رەزىللىكتە چېكىگە يەتكەن ئىجتىمائىي يوسۇنلارنى ئوڭشاشقا ئاتىغانىدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئاپىرىدە قىلغان مەرىپەت گۈللىرىنىڭ تېخى ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتكىنى يوق. چۈنكى، ئۇ رەزىل ئىجتىمائىي يوسۇنلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىغانىدى. پەقەت ئاشۇنداق رەھىمسىزلىك بولغاندىلا، ھېلىقىدەك تومتاۋاق ۋە بىپەرۋالار ئۆزلىرىدىكى بولمىغۇر غەيرىيلىكنىڭ بەتبەشىرىسىنى ئاشكارا كۆرۈۋالالايدۇ. بىراق ئادەمنى خاۋاتىرلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، كىشىلەرنى ئاگاھ بولۇشقا ئۈندەيدىغان مەزكۇر كىتابنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل غەيرىيلىكتىن دېرەك بېرىدۇ ياكى ئۇنى جەمئىيەت غەيرىيلىكىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئەسلىدە كۇتۇپخانىلارنىڭ تېمىغا ۋاراق - چۇرۇق قىلماسلىق ھەققىدە ئەسكەرتمىلەرنى چاپلاپ يۈرۈشنىڭ، نەپىس ھەيكەللەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنى ئېھتىيات قىلىشقا، ھەتتا مەرمەر ھەيكەللەرنى ھاسا

بىلەن چېكىپ باقماسلىقتا ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق
ئىدى. بىراق رېئاللىق ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەڭ
مەدەنىي شەھەرنىڭ سەنئەت سارايلىرى ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا ئاشۇنداق
ئەسكەرتمىلەر ھەرگىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

## سالاپەت نەدىن كېلىدۇ ؟

سالاپەت، ئىنسانىيەت ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى-
دۇر. ئۇ، خاراكتېردىن تۆرىلىپ، مۇھىتتا يېتىلىدۇ.
ناۋادا سەن ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە ئوخشاش بولمىغان دەۋر-
لەردە سىزىلغان ئوخشاش بولمىغان ئاقسۆڭەك ۋە دېھقانىنىڭ بىر قانچە
پارچە رەسىمىگە بىرلا ۋاقىتتا نەزەر سېلىپ باقساڭ، رەسىمدىكى
پېرسوناژلارنىڭ بىزدىكى ئاقسۆڭەك ۋە دېھقانلارغا ئىنتايىن ئوخشاي-
دىغانلىقىنى بايقايسەن.
زامانىمىز ئاقسۆڭەكلىرى، تىتىپئانىنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان
قەدىمكى ۋېنا ۋالىيسىنىڭ جىسمىدا، قەدىمكى رىم تەڭگىلىرى ۋە
ھەيكەللەردە تەپسىلىي نامايان قىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە دېڭىز
ئارمىيىسى گېنېرال بىرگادىرى پاررى ئېلىپ كەتكەن ياپونىيىنىڭ
شۆھرىتى تەشۋىر لەنگەن رەسىملەردە ئىنتايىن جانلىق ئەكس ئەتكەن.
چەكسىز تۇپراق ۋە تۈگىمەس مەنپەئەت، ئاشۇ بايلىقلارنىڭ ئى-
گىسىگە تەۋە خۇسۇسىي مۈلۈكلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئاشۇ
مۈلۈك ئىگىسىگە قالتىس سالاپەت كىرگۈزىدىغان غايەت زور كۈچ
سانىلىدۇ. ئۆتكۈر كۆز، خۇددى ئۆمۈچۈك توردەك ئىرماش - چىرماش
بولۇپ كەتكەن دەرىجە تەرتىپىنى پەرق ئېتەلەيدۇ، ھەم قارشى تەرەپنىڭ
سۆز- ھەرىكىتىدىن ئۆزىگە بولغان ئېھتىرامىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇ-
نىڭغا بولغان ھۆرمەت- ئىكرامىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى
پەرق ئېتەلەيدۇ. شاھزادىگە ھەر كۈنى كىشىلەر ئىزغىنلىق بىلەن
سەمىمىيەت يەتكۈزىدۇ، ھەتتا ئوردىدىكى كاتتا ئەمەلدار- تۆرىلەرمۇ
ئۇنىڭغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرامىنى ھەدىيە قىلىدۇ. دېمەك شاھزادىمۇ
ئاشۇنداق ھۆرمەت- ئىكرامىنى تەمە قىلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا
ئادەتلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇ، ئۆزىنىڭ



سالاپىتىگە ماس كېلىدىغان ھۆرمەت- ئىكرامنى قوبۇل قىلىش ۋە
ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇشى كېرەك.
بىراق شۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇكى، سالاپەت مەسىلىسىدە
باشقىچىرەك كىشىلەر ۋە شەكىللەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، ئەنگلىيە
ئاقسۆڭەكلىرى ئېتىزدىكى دېھقانلاردەك ياسىنىۋېلىشنى ياخشى كۆ-
رىدۇ. كلاۋېرخوۋس سۆلەتۋاز بايۋەچچىلەردىن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ
كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان پۈزۈر كىيىملىرى ۋە بەڭۋاشلىقلىرى
ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۇرۇش ۋەھىيمىسىنى ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ قالال-
مىدى. قىسقىسى، تەبىئەت بىلەن تەقدىر سەمىمىي كېلىدۇ. ئۇ ھەربىر
ئادەمنىڭ ھاياتىغا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، ھەرقانداق
ئادەم ۋە ھەرقانداق پەزىلەتكە ئۆزىنىڭ مۆھرىنى باسىدۇ.
بىرەر ئادەمنىڭ ئەپتىنى ئۆزىگە تارتىش، تەسەۋۋۇر قىلغىنى-
مىزدەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، بەلكى بەسى مۈشكۈل. جاسارىتى
ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ياش كۆرەڭ تاشقى قىياپەت ئۆزىنى ئەركىن ۋە
بىمالال تۇتۇشتەك سالاپەتنىڭ ئىپادىسىمىش، دەپ ئاڭلىغان چېغىدا
ئېھتىمال مەن ئەمدى ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىم، دەپ قارىشى
مۇمكىن. ئەمما، ئىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. قىسقىسى، شۇ نەرسە
يادىڭىزدا بولسۇنكى، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ھەرقانداق تاشقى قى-
ياپەت ئالدىدا قايمۇقۇپ قالما. بەزىدە، سىلىق - سىپايە تاشقى قىياپەتكە
كۆچلۈك ئىرادىگە تولغان مەنىۋىيەت يوشۇرۇنغانمۇ بولىدۇ. مەسىلەن،
ماسساچۇسېتتس شتاتىدا ياشىنىپ قالغان بىر سىياسىئون بولىد-
غان. ئۇ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە سوتتا مۇھىم ۋەزىپىلەردىمۇ بولغان.
بىراق ئۇ، چىراي ئىپادىسى، ئاۋازى ۋە ھەرىكىتىدىكى ئادەمنىڭ تېنىنى
شۈركەندۈرۈدىغان قىزىققانلىقنى پەقەت تاشلىيالمىدى. ئۇ نۇتۇق
سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئوسال قىلىپ قوياتتى. جۈملىدىن
ئۇنىڭ بوغۇق ۋە خىرقىراق ئاۋازى، ھاسىراشلىرى ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ
تەسىرچانلىقىنى ئاجىزلاشتۇراتتى. بىراق، ئۇ پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ
قانداقلا بولمىسۇن، ئاۋازى خىرقىراپ چىقسىمۇ، بوغۇلۇپ قالسىمۇ،
ھاسىراپ كەتسىمۇ ۋە ياكى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىراپ - جارقى-
راپ كەتسىمۇ ئۆزىنىڭ غەزەپ - نەپرەت ۋە باشقىچە قاراشلىرىنى ئو-
چۇق بايان قىلىپ بېرەتتى. ئۇ نۇتقىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئورۇندۇقتا لا-

سىسىدا ئۇلتۇرغان چېغىدا ئىككى قولى ئورۇندۇقتا چىڭ يېپىشاتتىدە، گويا بىرەر كېسەللى قوزغىلىپ قالغاندەك جىسمى غالىلداپ تىترەپ كېتەتتى. بىراق، شۇ نەرسە يادىمىزدا بولسۇنكى، ئۇنىڭ جىددىيلىك قاپلىغان ئاشۇ چېھرى، ئېگىلمەس- سۇنماس، ئىنتىلىشچان ۋە قەيسەر ئىرادىسىنىڭ ۋە ئاشۇ ئىرادىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەرنىڭ نامايەندىسى، خالاس. ئۇنىڭ ھاياتىغا شاھىت ھەربىر پاكىت ئاشۇ ئەسلىمىگە گويا چەك باستۇرۇپ تىزىلغان قاتمۇقات مەرمەر تاشلارغا ئوخشاش رەتلىك تىزىلغان. بۇ ھال ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

سۇنئىي كۆچنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، بىز پەقەت مەلۇم مەنىدىن ئالغاندىلا ئاندىن سالاپەتنى سۇنئىيلىكنىڭ مەھسۇلى، دەپ ئېيتالايمىز. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، تومۇرىڭىزدىكى قان بەلگىلىك مەلۇمات ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى شەرت. ئۇنداق بولمىغاندا، تەربىيىلىنىش، مەلۇمات دېگەنلەر قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىلگىرى قانداشلىقنى جاھىللىق بىلەن قوغداش، ھەتتا ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلىشىۋېلىش، فېئوداللىق تۈزۈلمە ۋە مونارخىيىنى قوغداشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى ئىدى ھەمدە ئۇ ئاشۇ خىل كونا تۈزۈلمىنىڭ ئاجايىپ مۇستەھكەم ئاساسى بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىنچىكە كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ئاشۇ خىل خاھىشنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدە ئازتولا ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىيالايمىز. ھەرقانداق ئادەم، ئۇ مەيلى ماتېماتىك بولسۇن، مەيلى سەنئەتكار بولسۇن، مەيلى ھەربىي بولسۇن ياكى سودىگەر بولسۇن، بالىسىنىڭ جىسمىدىن تەبىئىي تالانتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىكنى بايقايدۇ. دۇرۇس، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىلەن تەبىئىي تالانت ئۇنىڭ جىسمى ۋە ۋۇجۇدىغا ماسلاشقان بولىدۇ. بىراق، ئۇ كىشى بىرەر ناتونۇش بالىنىڭ جىسمىدىن ئاشۇنداق ئالاھىدىلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شەرقلىقلەر بۇ جەھەتتە ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇلقادىر ئەمىر قىزىقچىلىق قىلىپ مۇنداق دېگەنىكەن: «تىككىنىنىڭ ناۋادا تىكەن بولغان بولسا، ئۇنى ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلساڭمۇ ئۇنىڭدىن چىقىدىغىنى يەنىلا تىكەن؛ تىككىنىنىڭ ناۋادا



چىلان بولغان بولسا، ئۇنى تىكىپ قويۇپلا كارىڭ بولمىسىمۇ، لېكىن توختىماي مېۋە بېرىدۇ. دېمەك، ئاقسۆڭەكلەر چىلانغا، ئەرەب پۇقرالىرى تىكەنگە ئوخشايدۇ.»

## سالاپەتنىڭ نامايان قىلىنىشى

سالاپەتنىڭ يېتىلىش جەريانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئادەم بەدىنىنىڭ بىر خىل سىرلىق ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالىمىز. چۈنكى ئادەم بەدىنى ئەينەك ياكى ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئىدىيە بولسا، ئادەم تېنىدىكى پولات تاختىغا بېسىۋېتىلگەن مۆھۈر. شۇنداقتىمۇ ئۇ(يەنى ئاشۇ پولات تاختىغا بېسىلغان مۆھۈر — تەرجىماندىن) ئۆزىدىكى مەنە - مۇددىئانى ھازىرقىدىن چىن ۋە توغرا ئىپادىلەشكە يەنىلا دېگەندەك قادىر ئەمەس. شۇڭا، تەنىنىڭ ئىپادىلەش مېخانىزمىنى پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيلىرىدىن قېلىنشمايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. ئاقىللار سېنى مۇنداقلا كۆزىتىپ، سېنىڭ ھاياتلىق كەچمىشلىرىڭنى بىلەلەيدۇ. دۇرۇس، ئۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سەندىن خۇپپىيانە سوراپ يۈرمەيدۇ. پەقەت چىرايىڭ، قىياپىتىڭ ۋە ھەرىكىتىڭگە سەپسالىدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ چىرايى، تۇرقى ۋە ھەرىكىتى ئۇنىڭ بارلىقىنى ئاپئاشكارە كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

پۈتكۈل تەبىئەت گارمونىيىسىدىكى بارلىق ئوي- پىكىرنىڭ مۇددىئاسى، ئۆزىنى ئىپادىلەشتۇر. شۇنىڭدەك ئادەم تېنىنىڭ ھەممىلا يېرى تىلغا كىرىپ، ئاشۇ ئادەمنى تاشقى دۇنياغا ئايان قىلىپ تۇرىدۇ. دېمەك، تەن ھارماس - تالماس ئايغاقچىدۇر. ئادەم تېنى گويا جەنۇۋە سائىتىنىڭ ئەينىكىدەك تىنىق ۋە سۈزۈك بولغاچقا، ئۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ بارلىقىنى تاشقى دۇنياغا ئۇدۇللۇق ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. ئادەم تېنى ئاجايىپ ئېسىل شاراب قاچىلانغان چىرايلىق بوتۇلكىغا ئوخشايدۇ ھەمدە ھەۋەس قىلغۇچىلارغا ئىچىدىكى ئېسىل شارابنى توختاۋسىز كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئەڭ چوڭ ئايغاقچىلاردىن بولمىش يۈز بىلەن كۆز، ئاشۇ كىشىنىڭ ھەرىكىتى، يېشى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنت سۆزلەپ تۇرىدۇ. كۆز — كۆڭۈلنىڭ دېرىزىسى. ئۇ روھنىڭ

ئۇربىتىسىدىن بەلگە بېرىپ تۇرىدۇ ياكى روھنىڭ ھەرىكەت مۇساپە-
سىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەمئىي كۆز ھەممىنى قىلچە
ئىككىلەنمەيلا ئاۋامغا بايان قىلىدۇ. بىراق، ناۋادا كۆزنىڭ ئاشۇ باياند-
لىرىنى ئۆز ئاغزىمىزدا ئېيتساق، ئۇ ئەدەپسىز، قوپال قىلمىش سانى-
لىدۇ.

يېقىندا جاھانكەزدى سەيياھتىن بىرى سىبىرىيىدە ئۆزگىچە
ئېتقىدارى بار كىشىلەرنى بايقاپتۇ. ئۇ كىشىلەر يۇپىتېرنىڭ ئەتراپى-
دىكى سەييارىلەرنى كۆرەلىگۈدەكمىش.

بەزى جەھەتلەردە ھايۋانلار بىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەسىلەن،
قۇشلار ئىككى قانىتىغا تايىنىپ، كۆك قەھرىگە چىقىپ ھەممىنى
ئېنىق كۆرەلىگەندىن باشقا، ئۇلار ئادەملەرگە قارىغاندا يىراقنى كۆرە-
لەيدۇ. ئىتنىڭ ئېھتىمال كۆزى قاتارلىق ئەزالىرىغا تايىنىپ، ئادەمنىڭ
چۈشىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل مەخپىي سىگنال ئارقى-
لىق موزىيىغا قېچىش ياكى مۆكۈۋېلىش ھەققىدە بېشارەت بېرەلەيدۇ.
شۇڭا «ئۇنىڭ كۆزى تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن ئېنىق
كۆرەلەيدۇ» دېگەن گەپ چەۋەندازلار ئاتقا باھا بەرگەن چاغدا ئالدى بىلەن
تىلغا ئالىدىغان سۆزدۇر.

ۋەھالەنكى، بۇ پەقەت ھايۋانلارغىلا خاس ئىقتىدار ئەمەس. چۈنكى
دالىدىكى ئۇۋ ياكى ئەمگەكلەردە، ئىنسانلارنىڭ كۆزىمۇ ئاشۇنداق ھايا-
تىي كۈچكە تولۇپ تاشىدۇ. مەسىلەن، بىر دېھقان ساڭا سەپسالغان
چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا ئاتىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدۇ.
ئاشۇ كۆزلەردىن چاقنىغان ئۆتكۈر نۇرلار خۇددى يانىڭ ئوقىدەك ھەر-
قانداق نەرسىگە ئۇچۇپ بېرىپ سانجىلىدۇ. شۇنداق دېسەكمۇ ئارتۇق
كەتمەيدۇكى، بىر جۈپ كۆزنىڭ تەھدىتى نىشانغا توغرىلانغان مىل-
تىقنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ؛ ئۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمەتسىزلىكى ۋە ھا-
قارىتىگە ئەجەللىك پەشۋا ئۇرالايدۇ. باشقىچە روھىي ھالەتنىڭ ھا-
كىملىقىدىكى كۆز، ئۆزىنىڭ شەپقەتلىك نۇرلىرى بىلەن يۈرىكىڭنى
شادلىقتىن لەرزىگە سالالايدۇ، ئەلۋەتتە.

كۆز—كۆڭۈلنىڭ ئەڭ سادىق جاكارچىسى. ئۇ ھامان كۆڭۈلدىن
بالقىغان سىرلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي جاكارلاپ تۇرىدۇ. مەسى-
لەن، كۆزىمىز تۇيۇقسىزلا يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ



قالدى، دەيلى. دېمەك بۇ چاغدا چوقۇم كۆڭلىمىزدە بىر خىيال پەرۋاز
ئۇرغان بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە ياكى
تۈركىيە دېگەندەك دۆلەتلەرنىڭ نامىنى تىلغان ئالغان چېغىمىزدا،
ئاغزىمىزدىن چىققان سۆزگە ئەگىشىپ كۆزىمىزمۇ ئۇدۇللۇق چە-
مىلدايدۇ. چۈنكى، كۆڭلىمىز ئىنتىلگەن ھەرقانداق نازۇك بىلىملەر-
نى، ئالدى كۆزىمىز بىلەن تاللىشىپ ئۆگىنىدۇ. شۇڭا مىچېلانگېلو:
«سەنئەتكارنىڭ ئۆلچىگۈچى قولىدا ئەمەس، بەلكى كۆزىدە» دەپ توغرا
ئېيتقان. كۆزلىرىڭنى گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن مەلۇم
نەرسىگە ئىختىيارىي ئاغدۇرما ياكى سەنئەت ۋە ئەمگەك ئۈچۈن پۈتۈن
ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بىر نۇقتىغا تىكمە، ئۇنىڭ كارامىتىنى كاتالوگقا
پۈتۈپ ئۆگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئادەمنىڭ كۆزى گويا شىرغا ئوخشايدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى جاسارەتكە
تولغان بۇ شىر، ئايىغى يەتكەنلىكى يەرنىڭ ھەممىسىدە سەكرەپ —
تاقلاپ يۈرەلەيدۇ. تىل بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتە-
دىغان ئۇستىكار يوق. ئۇ بىرەر ئوبيېكتنى بايان قىلماقچى بولسا،
باشقىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي سەكرەپ ئوتتۇرىغا
چۈشىدۇ- دە، ئۇنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە خاتاسىز چۈشەندۈرەلەيدۇ.
كۆز «يېشىڭ بىلەن سالاھىيىتىڭ ماس كەلمەيدىغان» دەيدىغان
ئەنگلىيىلىكلەر ئەمەس. ئۇ، نامراتلىقنى كەمسىتمەيدۇ؛ بايلىق، تەلەي-
مات، كۈچ، گۈزەل ئەخلاق ياكى جىنس ئايرىمىسى دېگەنلەر ئالدىدا
قايمۇقۇپمۇ قالمايدۇ. بىراق، ئۇ بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدە سىنى نەچچە
قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىدۇ؛ جىسمىڭ ۋە ۋۇجۇدۇڭنى گويا رېنتگېن
نۇرىدەك ئىنچىكە كۆزىتىدۇ ۋە سىنى ئىگىلەيدۇ.

كۆز ئارقىلىق بىر روھنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسى گويا كۆۋەجەپ
ئاققان كەلكۈندەك يەنە بىر روھقا سىڭىپ كىرىدۇ. كۆز—تەبىئەتتىكى
ئۇستا سېھىرگەر. ئۇ نەزىرىنى شۇنداقلا بىر ئاغدۇرسا، ئۆينىڭ ئىككى
بۇلۇڭىدىكى ئىككى ناتونۇش ئادەمنىڭ تۈيغۇلىرى بىر- بىرىگە باغ-
لىنىدۇ- دە، بۇنىڭ بىلەن مۆجىزىگە يول ئېچىلىدۇ. كۆز ئارقىلىق
ئۇچۇرلار ئىنسان ئىرادىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى ئۇ
خاراكتېردىكى ئۆزگىچىلىكنىڭ رېئال سىمۋولىدۇر. بىز ئادەتتە قار-
شى تەرەپنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە باقىمىز.

كۆز ساداقەتمەن چاكار بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدۇ؛ ھەممىنى ياۋاشلىق بىلەن ئەينەن بايان قىلىدۇ. كۆزدە ئەكس ئەتكەن بەزى نەرسىلەر گاھىدا تېنىمىزنى شۈركەندۈرىدۇ. ئىپلاسلىق ۋە ۋەھشىيلىك ئادەتتە كۆز ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. كۆزگە تەلمۈرگۈچىلەر ئادەتتە كۆزدىن سەممىيلىك ۋە پاك قەلبنى كۆرۈشكە تەشنا بولىدۇ. بىراق، ئەكسىچە رەزىللىك ۋە ئىپلاسلىقنى بايقىغان ھامان، گويا شاتۇتى ياكى شەپەرەڭدەك ئەندىشە ۋە دەككە ـ دۈككىگە قالىدۇ.

مۇنداق بىر كارامەتمۇ بار: مەلۇم بىر روھ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدە ھازىر بولغان ھامان، ئۇ شۇ ھامان يېڭىچە بىر قىياپەتتە كۆزەتكۈچىنىڭ روھىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

ئادەمنىڭ كۆزى، بېسىقماي سۆزلەپ تۇرىدىغان تىلدۇر. مۇھىمى ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئۆزگىچىلىكى باركى، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم كۆزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى لۇغەتسىز ئۇقالايدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ كۆزى تاغ دېگەن چاغدا، ئاغزى باغ دەپ سالسا، پىشقان تەجرىبىلىك كىشىلەر ھامان كۆزنىڭ بايانىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئېغىزنىڭ بايانىدىن گۇمانلىنىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم ئۆز روھىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغان بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردەمدىلا خالايىققا ھەممىنى قالدۇرماي ئايان قىلىۋېتىدۇ. ناۋادا ھەمراھىڭىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىلاپلىق پىكرىڭىزنىڭ ئۇنى ئازابلىغانلىقىنى بايقىغان چاغلىرىڭىزدا، ئۇنىڭ بۇنى رەت قىلىپ ئېيتقان گەپلىرىگە ئىشەنمە. بىر ئادەم مەلۇم بىر خۇش خەۋەرنى خالايىققا جاكارلىماقچى بولغان چاغدىكى كۆز ئىپادىلىرى باشقىچە بولىدۇ؛ ئۇ خۇش خەۋەرنى دەپ بولغان چاغدا بولسا، ئۇنىڭ كۆزى باشقا بىر خىل ئىما ـ ئىشارەتتىن ئۈچۈر بېرىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىللىقلىق ۋە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىمىسا، دېمەك، ئۇنىڭ بارلىق قىزغىنلىق ۋە سەممىيلىكلىرى تېشى پال ـ پال ئىچى غال ـ غال ساختىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ھەمدە ئۇنىڭ بۇ خىل سەممىيلىك ۋە قىزغىنلىقلىرى گويا شامال سوققان بۇلۇتقا ئوخشايدۇ ـ دە، كىشىلەر ئۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئادەمنىڭ لەۋلىرى ئېغىزدىن چىققان گەپلەرنى تۇرلۇك شەكىللەردە ياساپ ـ جابدۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆز ئاشۇ كىشىنىڭ مۇددى-



ئاسىنى، يەنى يۈرەكنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ھامان ئەينەن كۆرسىتىپلا تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ئازمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئانچە ھەيران قالمايدىغانمۇ بولۇپ قالدۇق. مەسىلەن، بىرەيلەن بىرەر يىغىلىشتا خۇددى گاچىدەك لام ـ جىم دېمەي ئولتۇردى ھەم باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز ۋەزنى بار گەپمۇ قىلمىدى، دەپ پەرەز قىلايلى. بىراق ئۇ كىشى ئۆز قوۋمىدىن ياتلاشمىغان ھەمدە ئۆز قوۋمىدىكىلەر بىلەن بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئۆزئارا سىڭىشەلايدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئاشۇ يىغىلىشتىن قايتىپ چىققان ھامان، شۇ كۈنكى رېئاللىقنى تامامەن ئۇنتۇيدۇ. چۈنكى، ھاياتلىق ئېقىنى ئۇنىڭ كۆزى ئارقىلىق يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىپ، يۈرەكتىكى ھاياتلىق بىخلىرىنى سۇغىرىپ، ئاندىن يەنە يۈرەكتىن سىرتقا ئېقىپ چىقىپ، ئۆزىنى نامايان قىلغان بولىدۇ.

دەرھەقىقەت! كىشىلەر بەزىلەرنىڭ كۆزىدىن پەقەت بىر خىل قارامتۇل شىرنىلىك مېۋىنىلا كۆرىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆزىدىن بولسا سۇلىرى سۇپسۈزۈك، ئادەمنى چۆكتۈرۈپ كەتكۈدەك چوڭقۇر قۇدۇقنى كۆرىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن قاتتىق نىزا ۋە نەپسانىيەتچىلىك ئۇچقۇنلىرىنى بايقايدۇ. بۇنداق كۆزلەر كىشىلەرگە گويا ئىغۋا تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك، ھېلىلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەك، ئۇنىڭ زەربىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرھال ساقچى چاقىرمىسا بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، ھەتتا كىشىلەر بۇنداق كۆزنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن پەقەت قاينام تاشقىنلىقتا چۆمگەن برودۋايدىكى كۈرمىڭلىغان كىشىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالسىلا ئاندىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ.

مەن ئۇرۇشخۇمارلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈپ باققان. ئۇنداق كۆزلەر ھېلى باستېرلارنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدا، ھېلى توخۇ يۈرەك دېھقانلارنىڭ قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ، قاباھەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىدۇ. قەدىمكى سپارتانلارغا خاس شەھەردە نەيزە ـ قىلىچلار تىزىۋېتىلگەن ياراقدانلار دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدا خىلمۇخىل كۆزلەرنى كۆرىسەن. ئەنە، تىكىلىپ تۇرغان سىنچى كۆزلەر، جەسۇرلۇق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلەر، ئوغرى مۈشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلەر، ئاپەت يېغىپ تۇرغان كۆزلەر... بەزى كۆزلەردىن ياخشىلىقنىڭ بېشارەتلىرى تامسا، يەنە بەزى كۆزلەردىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ.

رىۋايەتلەردىكى مەستانە ـ ھەيرانلىقتا ئادەمنى مەجنۇن قىلىۋېتىدىغان
كۈچ ياكى ياۋۇز يىرتقۇچلارنىڭكىدەك ياۋايى كۈچ پەقەت ئاشۇ كۆزلەرنىڭ
تېگىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇنى شەكسىز مۇئەييەنلەشتۈرۈش كې-
رەككى، ئۇ خىل كۈچ ئالدى بىلەن كىشىنىڭ ئۆزلۈكىنى يارىتىدىغان
ئىرادىسىدە غالىبلىقىنى جاكارلايدۇ، ئاندىن كۆز ئارقىلىق پارتىلاپ
چىقىپ تارايدۇ. شۇ نەرسە شەكسىزكى، ھەربىر ئادەمنىڭ كۆزى، ئۇنىڭ
ئىنسانىيەتكە خاس بۇ غايەت زور ئۆلچىگۈچتە زادى قانداق ئورۇنىنى
ئىگىلىگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىز
بولساق ئاشۇ ئۆلچىگۈچنىڭ شكالىلىرىنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگىنەل-
مەي ئاۋارە.

مۇكەممەل ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى باشقىلارنىڭ ئىسپاتلاپ يۈ-
رۈشى ھاجەتسىز. چۈنكى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئىرا-
دىسىنى ماختىماي قالمايدۇ. سەۋەبى، ئۇ كىشىنىڭ كۆزى ئۇنىڭ ئىن-
سانىيەت ئۈچۈن خالىسانە ئۆزىنى ئاتاشتىن ئىبارەت نىشانىنى باشقى-
لارغا ئايان قىلىپ تۇرىدۇ. پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا كىشىلەر ئۇنىڭغا
قايىل بولىدۇ، ئىشىنىدۇ ۋە ئەگىشىدۇ. ئەمما كىشىلەر بىزنىڭ كۆ-
زىمىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن بىر خىل ئىپلاسلىقنى بايقىغانلىقى
ئۈچۈنلا بىزگە ئەگىشىشتىن باش تارتىدۇ.

دېمەك، كۆزنىڭ ئەنە ئاشۇنداق زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكى
بىزگە ئايان. شۇڭا ئۇنى توختىماي مەدھىيىلەيمىز، ئۇنىڭغا چوقۇن-
مىز. بۇ پەردە بىز مۇنداق بىر نۇقتىغا يەنى ئادەمنىڭ يۈزىدىكى باشقا
سەزگۈ ئەزالارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس، غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلى-
كىگە سەل قاراۋاتىمىز. ئادەم يۈزىنىڭ بىرنەچچە كۋادرات ئىنگىلىز
چىسى كېلىدىغان كىچىككىنە بوشلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمما
ئادەمنىڭ ئەجدادىدىن ئۇدۇم قالغان ئۆزگىچىلىكى دەل ئاشۇ كىچىك-
كىنە بوشلۇققا سىغدۇرۇلغان ھەمدە ئۇ ئاشۇ كىشىنىڭ بارلىق تارىخى ۋە
ئىنتىلىشلىرىنىڭ شاھىتىدۇر. دۇنياغا داڭلىق ھەيكەلتىراشلاردىن
ۋىكېلمان بىلەن لوۋېت بىزگە ئادەم بۇرنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەزا-
لاردىن ئىكەنلىكىنى، قەيسەر، ئاجىز، سىپايە ياكى قىزىققان ئادەملەر-
نىڭ بۇرنىنىڭ زادى قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن
بايان قىلىپ بەرگەنىدى. مەسىلەن، جۇلىئۇس . كايسېر دانتى ۋە



پىتتىلارنىڭ بۇرنى «بۈركۈت ۋەھىمىسى»دىن بېشارەت بېرىدۇ. چىش
ھەم ئادەمنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ ھەم ئەيىبىنى ئاچىدۇ.
شۇڭا سەزگۈر ئانىلار قىزلىرىغا: «ئاغزىڭىزنى بولۇشىغا ئېچىپ
كۈلمەڭ، بولمىسا باشقىلار ئەيىبىڭىزنى بىلىپ قالىدۇ» دەپ نەسىھەت
قىلىدۇ.

بالزاك قالدۇرۇپ كەتكەن دۆۋە ـ دۆۋە ئورىگىناللار ئىچىدە «قەدەم
ھالىتى نەزەرىيىسى» دېگەن بىر باب بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئادەمنىڭ چىرايى، ئاۋازى، نەپەس ئېلىشى، قىياپىتى ياكى قەدەم
ئېلىشلىرى ھەممىسى بىر- بىرىگە ماسلاشقان بولىدۇ. ئۇلار
ھەم ئوخشاش، خىلمۇ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىدىيىسى-
نى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، ئىنسانلار تېخى بۇ تۆت خىل
ئىپادىلەش شەكلىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىرلا ۋاقىتتا كۆزىتىشكە
قادىر بولالمىدى. شۇڭا سەن ئاشۇلار ئىچىدە چىنلىق بالقىپ
تۇرغان بىرەرسىگە دىققەت قىلساڭلا، پۈتۈنسۇرۇك بىر ئادەمنى
چۈشىنىۋالالايسەن.»

ئوردا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلىپ
تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەۋەس قىلىمىز. جەمئىيەت-
نىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى سۆلەتۋاز، ھەشەمخورلار ئوردىغا كىرىپ
ئورۇنلاشقان ھامان، يۈزلىرىگە بۆلەكچىلا بىر خىل سۈر كىرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي تۈسنى ئالىدۇ.
خۇددى بۇنداق قىياپەتلەر سالاپەتنىڭ نامايەندىسىدەك، ئۇلار
باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئوردا ھۆكۈمرانلىقىدا
«سالاپەتنىڭ ئۆزى كۈچتۇر» دېگەن ئەقلىيە ئۆلچەم قىلىنىدۇ. شۇڭا
تەمكىن ۋە قەتئىي ھەرىكەت، سىلىق ۋە تەسىرچان نۇتۇق، ئۆزگىچە ۋە
نەپىس تەپسىلاتلار ھەمدە ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان ھەرقانداق نەر-
سىنى تۈزەشتۈرۈشتەك تۇرمۇش سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى
مەنسەپدارلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلەيدىغان زۆرۈر بىلىملەردىن
ھېسابلىنىدۇ.

ناۋادا خالىساڭ، سىنىسمۇن، باش روھانىي درىس، رۇدلىپى قاتارلىقلار ھەققىدىكى قامۇسقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسلىمىلەرنى ئوقۇپ كۆر. ئۇ ئەسلىمىلەر ساڭا كارغا كېلىدىغان سىرلارنى سېخىيلىق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ. پادىشاھ ئۈچۈن ئېيتقاندا ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ نام - شەرىپى ۋە تەقى - تۇرقىنى ئەستە تۇتۇش، ئۇنىڭ ئابرۇيى - ئىناۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنىشىچە، بىر شاھزادە بولۇپ، ئۇ دائىم بېشىنى يەردىن ئالماي يۈرىدىكەن. ئۇ، ئۆزىدىكى سۇر - ھەيۋە ئارقىلىق باشقىلارنى تەمتىرىتىپ قويماسلىق ۋە ئۇلاردىكى ئۆزىنى كەمسىتىش ئېڭىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلارمىش.

بەزىلەر ئۆيگە شۇنداق كىرگەن ھامان ئۆي ئىچى گويا كۈن نۇرىغا چۆمۈلگەندەك يورۇپ كېتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مەرھۇم گىراف خوللاند بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە غىزاغا چۈشكەندە، باشقىلارغا دائىم خۇددى كاتتا ئامەتكە نائىل بولغان ئادەمدەك سۆلەتلىك ئەلپازىنى نامايان قىلارمىشكەن. «پارژ بۇۋىمەريەم ئانا چېركاۋى»نىڭ ئەزىزلەر ئورنىدا ئولتۇرغان كىنەزلەر سىرتتىن قارىماققا گويا ئىچىدە بىرەر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، شۇ نەرسە يادىڭدا بولسۇن: ھەرگىز ئورنىنىڭ ئىشكىدىن مارىلىما؛ ئورنىدىكىلەرنىڭ گېپىنى تىڭتىڭلىما!

## قانداق قىلغاندا سالاپەتنى ساقلىغىلى بولىدۇ؟

ياخشى سالاپەتنى ساقلايمەن دەيدىكەنسەن، ئۇنداقتا باشقىلارغا ئۆزۈڭ ئويلىغاندەك ياخشى سالاپەتتە مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. بىر ئۆلىما ياخشى تەربىيە كۆرگەن مۆتىۋەرلەردىن بولۇشىمۇ، ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز جەمئىيەتتە مۇنداق ئىشلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز: ئىنتايىن خۇش پېئىل بىرەيلەننى سىلىق- سىپايە ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ قويساق، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئۆ-



لىمالار بىلەن خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدىغانلىقىنى بايقاپ، ھېلىقى خۇش پېئىللىقلىرى نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ، جىمغۇرلىشىپ كېتىدۇ؛ ئۆزىنى ئىلگىرىكى ھاياتىي كۈچى غايىب بولۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ پەقەت ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى ئۆلىمالاردا بار سۈپەت ۋە پەزىلەتنى ھازىرلىمىغانلىقى ئۈچۈن. شۇڭا، ئۆلىمالارغا خاس سۈپەت ۋە پەزىلەتنىڭ كەملىكى ئۇنى ئاشۇنداق جىمغۇرلۇققا غەرق قىلغان. بىراق، ئۆلىمالاردىن بىرەرسى ئاشۇ توپتىن ئايرىلغان ھامان، ھېلىقى خۇش پېئىل كىشى ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. چۈنكى، ھېلىقى ئۆلىما كوللېكتىپنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە دېگەندەك ئىش قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالغا تېزدىن ماسلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېگەن گەپ.

دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخس، مەيلى بازاردا بولسۇن، پارلامېنتتا بولسۇن ۋە مەيلى مېھمانخانىدا بولسۇن، ھەرقانداق سورۇندا ئادەتتىكىچە كۆرۈنىدۇ. بىز ئۆزىمىزدىن: «ئۇنىڭ زادى قانداق تۇغما تالانتى باردۇر؟» دەپ سورايمىز. بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئۇنىڭدىكى تالانت باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى سالاپەت، كۈچ- قۇدرەتنىڭ بۇلىقى بولغان سالاپەت، ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى ھېس قىلالايدىغان سالاپەت، ئۆزىدىكى ئاشۇ ئەۋزەللىك ۋە كۈچكە ماسلىشالايدىغان سالاپەت... قارىغىنا، ئەنە ئۇ رىقابەتچىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھەرقانداق نەرسە ئايان بولغاچقا، ھەممىگە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئەمدى پەقەت ھەرىكەتكە ئۆتسىلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئاددىي سىر، ئەنە ئاشۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئىش خۇددى ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن بىرەيلەن كۆز ئالدىدىكى ئوڭۇشسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ چارىسىغا ئېرىشكەنلىكىنى تېزلا بايقايدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىرادىسى قارشى تەرەپنىڭ ئىرادىسىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ ھال خۇددى مۈشۈك چاشقاننى بويسۇندۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئۇ

غالىب كىشى ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى ۋە باھانە ـ سەۋەبلىرىنى قارشى تە-
رەپكە پەقەت ئەدەپ ـ ئەخلاق، سەۋرچانلىق ۋە ئىللىق چىرايى ئارقىلىق
كۆرسىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ بويىنىدىكى زەنجىرنى يو-
شۇرۇشىغا، ئۇنى چىرايلىق مارجاندەك يېزىشىگە ھەمكارلىشىدۇ. بۇ-
نىڭ بىلەن قارشى تەرەپ نومۇس ۋە دىلخەستىلىكتىن قۇتۇلۇپ، قارشى
مۇقام توۋلاشتىن يالتىيىدۇ.

## ئاممۇۋى سورۇنلاردىكى سالاپەت

ئاممۇۋى سورۇنلاردىكى سالاپەت، قائىدە ـ يوسۇنغا ياتىدىغان ئۇ-
قۇم بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىمىزگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسىلەن، تىياتىرخانا سۇرلۇك ۋە ھەشەمەتلىك
ئورۇن ئەمەس. بىراق، كەچلىك مۇراسىم كىيىمى كىيگەن كىشىلەر-
نىڭلا تىياتىرخانىنىڭ لۇژىلىرىغا كىرىش سالاھىيىتى بولىدۇ.
دۇرۇس، كەچلىك مۇراسىم كىيىمى—تىياتىرخانا لۇژىلىرىنىڭ
ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. كىشىلەر بىر كۈنلۈك جىددىي
ئىشى ئاياغلاشقاندا ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك ئاممۇۋى سورۇنلارغا
كېلىپ، بىر- بىرى بىلەن ئەسرالىشىدۇ ۋە كۆڭۈل ئاچىدۇ.
دۇرۇس، ئۇنداق سورۇنلار كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە ھەشەمەتلىك
ۋە كۆركەم. بىراق، ھېس- تۇيغۇسى سەمىمىي كىشىلەرگە جۇملىدىن
ئۇلۇغۋار ئارزۇ- ئارمانلارغا تولغان قەھرىمان ئوغۇل- قىزلىرىمىز ئۇ-
چۇن ئېيتقاندا، ئۇنداق ئاممۇۋى سورۇنلارنى ئۇنچىۋالا سىرلىق ۋە مەپ-
تۇنكار قىلىۋەتمىگىنىمىز، ماختاپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇۋەتمىگىنىمىز
تۈزۈك.

ھەممە ھەشەمەتلىك كىيىنگەن، كۆزلەر بىر- بىرىگە سۆيگۈ بى-
لەن بېقىشىدىغان بۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇنلاردا ھەرقانداق ئادەم پۈتۈن
ئەس- يادى بىلەن باشقىلارنى خۇشال قىلىشنى ئويلايدۇ. بىراق، ئۇنداق
سورۇنلارغا بىرەر تۇركىيىلىك ئېسىلزادە كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ



ئۇ يەردىكى ئايالارنىڭ ھەممىسىنى ئولتۇرىدىغانغا ئورۇن يوق
ئۆرە تۇرۇپ قېينىلىپ كېتىۋاتقاندەك، مۈگدىشىۋاتقانلارنى خۇددى
ئوكسىگېن يېتىشمەي ماغدۇرسىزلىنىپ، باشلىرى ئايلىنىپ كېتە-
ۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. جۈملىدىن ئۇ، بۇنداق سورۇن ئەڭ مۇنەۋۋەر
شەخسلەرنىمۇ مۇبالىغە ۋە ياسالمىلىق بىلەن كېرەكتىن چىقىرىدۇ، دەپ
قارايدۇ.

بىراق، بۇنىڭدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى كىشىلەر
ئۇنداق سورۇنلاردا مەخپىي تەرجىمىھاللارنى يازىدۇ ۋە ئوقۇيدۇ. ئەنە،
كىشىلەرنىڭ كۇسۇلداشلىرىغا قۇلاق سال: «ئاۋۇ ئادەم بەزى جەھەت-
لەردىن ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدىكەن. مەن كۆرۈپلا ئۆچ بولۇپ
قالدىم، شۇڭا ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇراي؛ ئاۋۇ ئادەم خۇددى ئىلىشىپ
قالغاندەك دەككە ـ دۈككىدىلا يۈرىدىكەن ـ ھە! پاھ، ئاۋۇ يىگىت ھەم
خۇش پېئىل ھەم ئىلمىي ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركەكلەرگە خاس
جاسارىتىچۇ تېخى، مەن ئاشۇنى تاللىدىم! ھەي، ئاۋۇ ئايالغا قاراڭلارچۇ!
چىرايى سورۇنغا ماسلاشماپتۇ، گەپ ـ سۆزىمۇ تاتلىق ئەمەسكەن،
ۋاي دېگۈدەك لاتاپىتىمۇ يوق ئىكەن. بىراق، ھەممىسى گۈلقەقەلىرى
ئېچىلىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ، چۈنكى سالاپىتىدىن قارىغاندا ئۇ
ئىنتايىن ساغلام كۆرۈنىدىكەن؛ قاراڭلار، ئاۋۇ تەرەپتىكى مىسكىن
بىچارىلەرگە، كېسەلمەن، ئاجىز قېرىلارمۇ تۇرىدۇ، تېخى! ئاۋۇ خانىم
ھەممە بىلىدىغان ئېللىس شۇ، ئۇ بۇ يەرگە شۇنداقلا پەيدا بولۇۋېدى،
پۈتۈن دۇنياغا زۇكام تەگكەندەك بولۇپ قالدى، ھەتتا بۇ زۇكام ساقاي-
ماقتا يوق ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ؛ ئاۋۇ بىرنەچچىسى چاشقان ياكى ئوغرى
تۇتۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان پايلاقچىغىلا ئوخشايدىكەن؛ نورتكوتقا قارى-
غىنا، ئۇ خۇددى فورسىل تەسۋىرلىگەندەك مۇشۇككە ئۇچراپ قالغان
چاشقانغىلا ئوخشايدىكەن.»

تۇرۇپلا ھاياجانلىنىپ، تۇرۇپلا ھارغىنلىق يېتىپ پەسكويغا چۈ-
شۈپ كېتىۋاتقان ئۇ كىشىلەر ئىچىدە مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى
بېرنارىمۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىنتايىن تەبىئىي ئولتۇرۇپتۇ.

ئەنە، سېتىسلىنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرى. ئۇ كۆزلەر شادلىق ئىچىدە ساڭا قىيا باقىدۇ. سېتىسىل ئاشۇ كۆزلىرى بولغىنى ئۈچۈنلا چاقناپ تۇرغان مەرۋايىتقا ئايلىنىپ، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ.

سالاپەت تىلغا ئېلىنسا، بەزىلەر ئۇنى ئەقىللىق كىشىلەر ئادەتتىكى ئادەملەرنى چەتكە قېقىش مۇددىئاسىدا پەيدا قىلغان ھىيلە-نەيرەڭ، دەپ قارايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئازدۇر-كۆپتۇر مەسخىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق، شۇنى كۆرۈشىمىز لازىمكى، زامانغا لايىق كىشىلەر ھامان مازاق قىلغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەردىن ئەمەسلىكىنى چاقماق تېزلىكىدە سېزىپ، زېھنىنى ئۇنداقلارغا قىلچە ئىسراپ قىلمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ كۆرۈش سېزىمى خۇددى يىلاندەك سەزگۈر ۋە چاققان كېلىدۇ. ناۋادا سەن ئۇنىڭغا تەۋە بولمىساڭ، ئۇ سېنى چەكلەيدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ ياكى ئات ئايلىسخانىغا يول سارىخانغا دېگەندەك، سېنىڭ بىلەن تۈيدۇرماستىن ئالاقىنى ئۈزىدۇ. ئۇنىڭ زەربە بېرىش قوراللىرى خىلمۇخىل. ئۇنىڭ بىرىنچى قورالى سېنى شەرمەندە قىلىپ چىچاڭشىتىۋېتىدۇ. ئىككىنچى قورالى تېخىمۇ يامان. ئۇ مەۋھۇم بولغاچقا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالىسەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئىشقا كىرىشىدىغان ۋاقتىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. دېمەك، دەل مۇشۇنداق مەۋھۇم ئەمما ئازابلىق زەربە ئىچىدە ئۇسۇپ، قېرىيدۇ ھەمدە بۇ ھەقىقەتتىن ئەبەدىي گۇمانلانمايدۇ. غېرىبلىق، ئاشۇنداق كىشىلەرنى چىرىتكۈچى ئۆتكۈر زەھەردۇر. ئۇ خىل زەھەر ئۇنداق كىشىلەرنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار جاھاندىكى ھەممىدىن قاقشايدۇ، زارلايدۇ. بىراق، غېرىبلىقنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئۇقالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## سالاپەت ۋە مۇستەقىللىق

مۇستەقىللىق، سىپايە سالاپەتنى ئاساس قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر



دائىم ئۆزىنى ئىلاجىسىز قالغاندەك سېزىدۇ. بۇ دەل ئۇلاردىكى ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولغان. دېمەك ئۇلار بۇنى ئۇقمايدۇ، ئىلاجىسىزلىقىمۇ كۈچىيىپ بارىۋېرىدۇ. ئۇنداقلارنى كۆرگەندە ئامالسىزلىقتىن ئازابلىنىمىز. بەزىلەر ئۆزىنى پېقىرلار تائىپىسىگە تەۋە دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، گويا بىرەرسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلغاندەك ئەتىگەندىن كەچكىچە دەككە-دۈككە ئىچىدىلا يۈرىدۇ. ئۇلار قانداق كىشىگە يولۇقمىسۇن تەشۋىش ئىچىدە قول قوشتۇرۇپ خوش غوجام، دەيدۇ. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشۇنداق ئۆتىدۇ.

بەزىدە ئۆزىمىزنى چۈشىمىزدە، پۈزۈر كىيىنىۋالغان بىر توپ كىشى ئارىسىدا ئالدىن تۇغما تۇرغان، ئۇلار بىزنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قوللىرىنى شىلتىپ ئەيىبلەۋاتقان ھالەتتە كۆرىمىز. گودفرېينىڭ ئەمەلىيىتى بىزنىڭ چۈشىمىزدىكى بىلەن ئوخشاش. چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە ھەر دائىم دېگۈدەك خورلۇق ۋە نومۇسلۇق ئىشلارغا دۇچ كېلىپلا تۇرغانىدى. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، قەھرىمان بولمەن دېيىشكەنسەن، ئۇنداقتا ھەرقانداق يەردە قىلچە چەكلىمىدىن مۇستەسنا ھالدا كارامەت كۆرسىتىپ، ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆز ئىلكىڭگە ئېلىشىڭ، خاتىرجەملىك ۋە ئىللىق چىراي بىلەن، ئەتراپىڭدىكى ھەربىر ئادەمگە ھۆزۈر بېغىشلىشىڭ كېرەك. قەھرىمان دېگەن دەل ئۆزۈڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىمكانلىرىڭ تولۇق تۇرۇپتۇ. قەيسەر ئىرادىلىك كىشى شۇنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇكى، ئۇ پەقەت ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان مەسئۇلىيىتىنى ئەل-جامائەت ئالدىدا ئادا قىلالىسىلا، يېڭىلمەس كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ۋەھىيلىك گەپ بىلەن ساڭا قوقاق سالغانلىق ياكى مۇبالىغە قىلغانلىق ئەمەس. قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەر جەمئىيەت ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن ئەمرىمەرۇپ، پەرھىز ۋە مەجبۇرىيەت دېگەنلەرنى ئىرغىتىپ تاشلىيالايدۇ ياكى ھەقىقىي ئۆزلۈكىگە قايتالايدۇ.——ئېئۇرىپىدېس سوفوكلېستەك نازاكەتلىك سا-

لاپەتنى ھازىرلىمىغان، — دەيدۇ ئاسپاسىيا، — گەپ يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ دۇنيا روھىمىزغا ئىلھام بېرىدىغان ۋە روھىمىزنى ئىدارە قىلالايدىغان ئادەملەرگىلا مەنسۇپ. ئۇلار ئۆزلىرى ھايات ئاتا قىلغان ھايۋانلار ئالدىدا خالىغانچە كېرىلىپ يۈرۈشكە ھوقۇقلۇق.»

## سالاپەتكە ۋاقىت كېرەك

سالاپەتكە ۋاقىت كېرەك. چۈنكى، ئالدىراقسانلىق ۋە قىزىق قانلىق دۇنيادىكى بارلىق كېلىشمەسلىكنىڭ مەنبەسىدۇر. دوستلۇقنىڭ ئەدەپ ـ قائىدە ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت ئاساسىدىلا ئاندىن چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇڭا، دوستلۇقنى ئەدەپ ـ قائىدىگە مۇخالىپ يولسىزلىق بىلەن تۈيۈق يولغا باشلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ خىل خاھىش دوستلۇق گۈلىنى خازان قىلىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە پالاقلاپ يۈرىدىغان ئالدىراش بىچارىلەر، دوستلۇق ئورنىتىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقانلىقىدىن دائىم ئاغرىنىدۇ. دۇرۇس، دوستلۇق دېگەن ئادەم ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك مۇھىم ئىش ـ تە! ئەنە، رووۋلاند ماڭا قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ جىسمى شېرىن سۆيگۈ بالقىپ تۇرغان لاتاپەت ئىچىدە تەۋرىنەتتى. ئۇ گويا بىر پارچە ئاپئاق بۇلۇت ياكى غايىۋى روھنىڭ ئۆزى ئىدى. ئىسىت، دېيەن. چۈنكى بىزنىڭ دوستلۇققا قۇچاق ئېچىشقا ئىمكانلىرىمىز يوق ئىدى. ئەكسىچە، ھەر ئىككىمىز ئايىغى چىقماس ئىش ـ كۈشلەرنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئىسكەنجىسىدە تېپىرلايتتۇق. بۇ نېمىدېگەن ئېغىر تەشنالىق ئازابى ـ ھە!

بىراق، رېئاللىقنىڭ نۇرى ئەبەدىي چاقناپ، قاتمۇقات تۇمانلارنىڭ توسۇقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەر مەزمۇنىنىڭ مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل رەڭدىكى شەكلىنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى توسۇپ قېلىشقا ئامالسىز. مەزمۇندىن ئىبارەت بۇ يادرو ھامان بىر كۈنى سىرتقا بالقىپ چىقىدۇ. ھېلىقىدەك قەدىمكى سالاپەت قەيسەر ئىرادە ۋە ئۆتكۈر كۆزىتىش كۈچى ئالدىدا ئۆزىنىڭ



كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك زەر نۇرلىرىنى يوقىتىپ، تەدرىجىي ئارقىغا چېكىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىرادە ۋە كۆزىتىش كۈچىنى ھىمات قىلغان يېڭى بىر خىل سالاپەت ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇ چاغدا پىكىرىڭىزنىڭ قىممىتى ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى دەل، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز ئىلكىڭىزگە ئالغانلىقىڭىزدۇر.

بىز ئادەتتە خاراكتېرى ئۆزگىچە شەخسلەرنىڭ سالاپىتىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ سالاپىتى لاپ قىلىپلا ئۆچىدىغان نۇرغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى كۆزىتىشكە قۇربىمىز يەتمەي، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپلا قالىمىز. شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، جىمى مەۋجۇدات ئىچىدە ھېچقانداق نەرسىنىڭ سېھرىي كۈچى ھەرىكەتكە سىڭىپ كەتكەن كاتتا سالاپەتنىڭكىدەك كۈچلۈك بولمىسا كېرەك. ناۋادا سەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەپتىدىن ئاشۇ سالاپەتنى بايقاشقا قادىر بولالىساڭ، ئەڭ تەلەيلىك كىشىگە ئايلانغان بولىسەن.

كۆز ئالدىمىزدىكى كىشىلەر بايلىق، نام ـ شۆھرەت، مەرتىۋە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردە ھەممىسى يۈزىگە نىقاب تاقىغان بولىدۇ. ئۇلار ياكى ئۇنىۋېرسىتېت باشلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خادىمى ۋە ياكى پارلامېنت ئەزاسى، پروفېسسور، كاتتا ئادۋوكات دېگەندەك ياسالماناملار بىلەن نېمە دېسە ھە دەيدىغان نادان خەقنى ئالدايدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپمۇ تۇرىدۇ. شۇڭا، سەن ئۆزۈڭنى ھەر دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشۇڭ، ئەڭ بولمىغاندا، ئۇنداق ناملارغا ئېھتىياتچانلىق ۋە تەكەللۇپ بىلەن ۋەزمىن مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. دۇرۇس، پاختىنىڭ ئىچىدە ئوتنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان نەيرەڭۋازلار بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن رېئالىستلارنىڭ كۆزىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھال خۇددى ئاۋات

پارىژ شەھىرىدە ساقچى ئىدارىسى باشلىقى بىرەر تانسىخانىغا كىرگەن
ھامان، ئۇستۇپشىنى ئالماس بىلەن بېزىگەن ساختىپەزلەرنىڭ غە-
مىسسىدە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئىمكانقەدەر ئۆزىنى يوشۇرغىنىغا يا-
كى ئامالسىزلىقتىن قۇيرۇقىنى خادا قىلىش ئۇچۇن تالاغا ماڭغىنىدا،
ساقچى باشلىقىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ئۇنىڭغا ئېچىنىش
ئىچىدە قاراپ قويغىنىغا ئوخشايدۇ. بىر ئايال باخشى مۇنداق دەيدۇ: «-
مەن بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدىلا ھەممىنى كۆرۈپ يەتكەنمەن.
بۇ ھەم پەرۋەردىگار پېشانەمگە پۈتكەن بەخت- تەلەيدۇر.» دېمەك، ئاشۇ
باخشىغا ئوخشايدىغان كاسساندر① ھەر مىنۇت- ھەر سېكۇنت ئىن-
سانلار ئارىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ.

سالاپەت ھەقىقىي كۈچنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى
ئۈچۈن، ئۇ كىشىلەر قەلبىدە ئۆزىنىڭ ئىزناسىنى قالدۇرالايدۇ.
مەسىلەن، بىراۋنىڭ چىرايىدىن بىر خىل كەڭ قورساقلىق ۋە رازى-
مەنلىك ئالامىتىنى بايقىغان بولساق، شۈبھىسىزكى ئۇنى نىشانى ئې-
نىق ئادەم، دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا بىراۋغا تۇغۇلۇشىدىن باشلاپلا مەلۇم
بىر خىل سالاپەتنى سىڭدۈرۈشكە قادىر بولالمىساق، ئۇنى كېيىن ئۇ-
زىگە لايىق سالاپەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن، دېيىشنىڭ
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تەبىئەت دۇنياسى—رېئاللىقنىڭ كاتالىزاتورى. شۇڭا ھەرقانداق
ئىشتا پەقەت تاشقى سۆلەتكىلا ئەھمىيەت بېرىلسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن
ھېچقانداق نەتىجە چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە مەسىلەن، بىرەي-
لەننىڭ بارلىق قىلمىش- ئەتمىشى پەقەت مۇھەببەت ئۈچۈنلا بولسا، ئۇ
كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا پەقەت ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ سايىسىدىن باشقا
ھېچنېمىنى قالدۇرالمايدۇ. بىر ئادەم باشقىلاردىن ئىززەت- ھۆرمەت،
قەدىرلەشنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەمە قىلمىسىلا، ئۇ ئىززەت- ھۆر-
مەت ۋە قەدىرلەشكە نائىل بولالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر
ئادەم بىرەر ئىشنى پەقەت باشقىلارغا كۆز- كۆز قىلىش مۇددىئاسىدىلا

① يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى بېشارەتچى مەلىكە.



قىلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بۇ ئىشى چوقۇم زۇلمەت ۋە سۈرۈن پىنھاندا
ئاخىرلىشىدۇ- دە، بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە
خىلاپلىق قىلىنىدۇ.

ھەققانىيەت—تىرناقچىلىك ھەققانىيەتمۇ ھەر قانداق
ساختا نام- ئاتاقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ خىل يۈزەكى
ھەرىكەتنىڭ يىلتىزى شۇنداق چوڭقۇركى، ئۇ ھەتتا يېنىكدىكى
ھەمراھىنىڭ قىممىتىنىمۇ ئىدىيەڭدىكى ئەركىن داۋالغۇشقا
ئەگىشىپ ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. بىمالال ۋە غەمسىز چاغلىرىڭدا،
كۆكسى- قارنىڭ ئازادىلىشىپ، پىكىر- خىيالىڭ كەڭرى
ئاسماندا ئەركىن قانات قېقىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەتراپىڭدىكى
بارلىق مەۋجۇداتمۇ چىرايىڭدىكى ئۆزگىرىشكە ئېقىپ ئۆزگىرىپ
بارىدۇ.

ھەرقانداق مېتىر، ئۆلچىگۈچ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆينى
ياكى ئۆينىڭ ئۆلىنى ھەقىقىي ئۆلچەپ چىقىشقا قادىر ئەمەس.
چۈنكى سەن بىرەر ئۆيگە شۇنداق كىرگەن چېغىڭدا، ئۆي ئىگىسى
ساڭا قاتتىق تارتىنىش ئىچىدە سۈنئىي تۈزۈت قىلسا، ئۆي
ھەرقانچە ئازادە ۋە چىرايلىق بولسىمۇ، بۇ ئۆي ساڭا نىسبەتەن
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇ خىل ساختا تەكەللۇپلۇق مۇھىتتا
بىردەم تۇرساڭ، ھېس- تۇيغۇلىرىڭدا ھەممە نەرسە تىنىقتىن
توختايدۇ. ئەكسىچە، ئۆي ئىگىسى تەمكىن، بىمالال، خۇشخۇي
ۋە ئەركىن مۇئامىلە قىلسا، ئۇ ئۆي ساڭا مەزمۇت، كەڭ-
كۇشادە ۋە مېھرى ئىسسىق كۆرۈنىدۇ؛ ئۆي گويا پەلەككە تاقاشقان
ئىمارەتتەك ئازادە بىلىنىدۇ؛ ئاشۇ ئاددىيغىنە ئۆي ئىچىدە ئاددىي- ساددا
ئۈستۋاش بىلەن ئولتۇرغان پۇقرا، كۆزۈڭگە قەددى- قامەتلىك،
كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھەتتا مىسىردىكى گىگانت ئادەمدەك بەھەيۋەت
كۆرۈنىدۇ.

سانسكرىت تىلىدىنمۇ قەدىمىي بۇ خىل تىل ئالدىدا ھېچقانداق
گراماتىكىلىق قائىدىلەر كارغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەتتا ئارىستوتېل،

لىبنىز، چامپوللىئون بۇ خىل تىلغا بىرەر گىراماتىكىلىق قائىدە
بېكىتىپ باقالمىغان. بىراق، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان
يېرى شۇكى، ئىنگلىز تىلىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى
ئۇقمايدىغان كىشىلەرمۇ بۇ خىل تىلنى چۈشىنىدۇ. كىشىلەر
تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا ياكى ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا
بىر- بىرىنى دەڭسەپ باقىدۇ. بەزىدە ھەتتا لام دەپ ئېغىز
ئاچماي تۇرۇپمۇ ئاشۇ سىرلىق ۋە قەدىمىي تىلنىڭ ياردىمىدە قارشى
تەرەپنىڭ كۈچى ۋە ساپاسىنى بەش قولدەك بىلىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ
كارامىتى زادى نېمىلىكتىندۇر؟ بۇنىڭدا باشقا سىر يوق. مۇھىمى
ئۇلارنىڭ كۈچ- قۇدرىتى ئاغزىدىن چىققان گەپ- سۆزىدە ئەمەس ياكى
سۆز- ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ باش-
قىلارنى شادلاندۇرغانلىقىدىنمۇ ئەمەس. بەلكى، كىشىلىك قەدىر-
قىممىتىدە يەنى ئۇلارنىڭ خىسلىتى، سالاھىيىتىدە شۇنداقلا ئىلگى-
رىكى قىلمىش- ئەتمىشلىرىنىڭ باشقىلارنى ئۆز باغرىغا ئالغانلىقىدا،
خالاس.

كىشى ھامان ئىلگىرىكى كۈچلۈكلەردىن بىرەرسىگە ئىستائەت
قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگەن- ئېيتقانلىرى ئالقىشلىنىدۇ. يەنە
بىرەيلەن ئاشۇ ئالقىش ساھىبىنى كۈچلۈك پاكىتلار ئارقىلىق رەت
قىلماقچى بولسا، ئۇ پاكىتلار كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. لې-
كىن ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ پاكىتلار تەسىرى بار بىرەر شەخسنىڭ
كۆڭلىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ پاكىتلارنىڭ كۈچى جەم-
ئىيەتكە تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىپ، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ
يۈرىكىگە سىڭىپ كىرىدۇ.

## رومانلاردىكى سالاپەت

سالاپەت، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ كەڭرى سەھنىدە قانات كې-



رىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. رومان—سالاپەت ئە-
دەبىياتى، سالاپەتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە پۈتۈكى. يېڭى كىتاب
(رومان)لار ئۆزىنىڭ يېڭىچە مۇھىملىقى بىلەن قىممەتلىك. ۋەھالەنكى
ئۇنداق يېڭىچە مۇھىملىق پەقەت تۆۋەندىكىدەك رېئاللىقتىن كېلىدۇ:
يازغۇچىلار ئىش - ھەرىكەتنىڭ چۈمبىلىنى قايرىپ، ئۇنىڭ ئىچكىي
ئاملىلىرىنى كۆرۈپ يەتتى. بۇ يازغۇچىلار ئاشۇ ئىش- ھەرىكەتكە مۇ-
جەسسەملەنگەن تۇرمۇشنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ روشەن
قىممەتكە ئىگە قىلدى. ئىلگىرىكى رومانلارنىڭ ئىدىيىسى بايان قى-
لىش ئۇسۇلى قوپال، شۇنىڭدەك ھەممىسى بىر قېلىپقا چۈشۈپ قالغان
بولغاچقا، تۇرمۇشنى مول مەزمۇنلۇق ئەكس ئەتتۈرەلمەي، گويا تاتى-
راڭغۇ يېتىم بالىدەك بويىنىنى قىسىپ قالغانىدى. ئىلگىرىكى
رومانلىرىمىز بىزنى توغرا يېتەكلىيەلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا
تەسۋىرلەنگەن قىز- يىگىتلەرنىڭ تەقدىرىگە ھاماقەتلەرچە كۈلدۇق. ئۇ
رومانلاردا تۇرمۇش يەنىلا كونا مۇقامدا شۇنداق تەسۋىرلەندى:
رومانىدىكى باش قەھرىمان يىگىت، ئەرزىمەس ئورۇندىن ھۆرمەتكە سا-
زاۋەر بىر ئورۇنغا ئۆسىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر چىرايلىق خانىم ۋە
قەلئەگە موھتاج بولىدۇ. رومانىدىكى بارلىق ھېكايە ئۇنى ئاشۇ ئىككى
نىشانىنىڭ بىرىگە ياكى ئىككىلىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.
ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ بۇ كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە پەللىمۇ پەللە
ئۆرلەپ بېرىنۋاتقانلىقىنى چەكسىز ھېسداشلىق ۋە شادلىق ئىچىدە
ئوقۇيمىز. رومانىنىڭ يېشىمىدە ئۇنىڭ نىشانى تولۇق ئىشقا ئاشىدۇ.
يەنى تويى بېكىتىلىدۇ. بىز ئوقۇرمەنلەرمۇ رومانىدىكى داغدۇغىچىلارغا
قېتىلىپ، ھېلىقى باش قەھرىماننىڭ قەلئەسىنىڭ ئالدىغا، تاكى
قەلئە قوۋۇقى گۈمىدە يېپىلغىچە بارىمىز. بۇ چاغدا بىز—بىچارە
ئوقۇرمەنلەر ئۆزىمىزنىڭ نومۇسسىزلارچە سوغۇق تالاغا تاشلاپ قويۇل-
غانلىقىمىزنى، بىزگە مەدەت بەرگۈدەك ھېچقانداق ئىدىيىنىڭ، ۋۇجۇ-
دىمىزنى ئىللىتقۇدەك ھېچقانداق ئەخلاقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى

بايقايمىز.

ۋەھالەنكى خاراكتېرنىڭ غەلىبىسى سېكۇنتلۇقلا ئىش.
ھەرقانداق غەلىبە ھەم شۇنداق. خاراكتېرنىڭ خاسىيەتلىك باغرىدا،
ھەممە نەرسە چەكسىزلىككە قاراپ كېڭىيىدۇ. ھەربىر
قەھرىماننىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرى ئىرادىمىزنى پولاتتەك چېنىقتۇ-
رىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا رومانلار ساڭا پەقەت
مۇنداق بىر سىرنى دەپ بېرەلىسىلا ئۇنى «ئىنجىل»نىڭ يەنە بىر خىلى
دېيىشكە بولىدۇ: ئەڭ گۈزەل تۇرمۇش ئۆزئارا باردى ـ كەلدىدىن، ئەڭ
ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت ئىشىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، سەممىي
كىشىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇق چۈشىنىشىدۇ.
فرانسۇز تىلىدا «دوستلۇق» سۆزى «سەمىمىيلىك بىلەن چۈشىنىش»
دەپ ئىزاھلىنىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ دوستلىرىمىز بىلەن
قىلىشقان قەسەملىرىمىزمۇ «تاكى ئۆلگىچە سەممىي- سادىق دوست-
لاردىن بولىمىز، بىر- بىرىمىزگە ئىخلاس قىلىمىز» دېگەندىن نېرى
كەتمەيدۇ.

ئادەتتە، ھەقىقىي قەھرىمانلار بىر- بىرىگە ئىچ سىرىنى تۆكۈ-
شىدۇ، بىر- بىرىنى چۈشىنىدۇ، بىر- بىرىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. بار-
لىق مۇنەۋۋەر رومانلار ۋە ئېسىل تارىخىي كىتابلارنىڭ سېھرىي كۈچى
دەل ئاشۇ يەردە. ناۋادا سەن بىر ئادەمگە ماھا بېرىشتە «ئۇنىڭ بىلەن
كۆرۈشۈشۈم، ئەسرالىشىشىم ياكى خەت ئالاقە قىلىشىم ھاجەتسىز؛
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقنى كۈچەيتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشى-
مىزنىڭ ياكى ئۆزئارا ئەستىلىكلەر سوۋغا قىلىپ يۈرۈشىمىزنىڭمۇ
ھاجىتى يوق. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا گويا ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشى-
نىمەن. شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بىز بىر- بىرىمىزنىڭ جىسمى ۋە رو-
ھى؛ ئۇ ئەگەر بىرەر ئىشنى قىلسا، مەن ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر
توغرا تاللاش ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىمەن» دېيەلىسەڭ، ئۇنداقتا
يۈكسەكلىك ۋە غايىۋىلىكنىڭ چېكىگە يەتكەن بولىسەن!



## مەشھۇرلارنىڭ سالاپىتى

ئۆزۈم ئۇچراشقان بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن،
بىر خىل تېپىلغۇسىز چىنلىقنى بايقىغانمەن. ئۇلار يۈرەك ـ باغرىنى
باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ سەممىيەت بىلەن تۆكەلەيدۇ. شۇڭا ھەر-
قانداق توسالغۇ ۋە غەيرىيلىكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىت- چىت
بولىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ يوشۇرمىسا ۋە كۆز- كۆز قىلمىسا بولمايدى-
غان يەنە نېمىسى بولسۇن؟

ئاق كۆڭۈل ۋە ئالىيجاناب كىشىلەردە، تېگىپ كەتسىلا پارتلايدى-
غان بومبىغا ئوخشاش زېھىن ۋە ئەقىل بولىدۇ. ئۇلار قارشى تەرەپكە بىر
قاراپلا باھا بېرەلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى غايىۋى
ئاساستا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كارامىتى
بىزدە تاسادىپىي ھازىر بولۇپ قالىدىغان بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدار ۋە
ماھارەتلىرىمىزدىن مۇكەممەل بولىدۇ. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا
ئۇچرىشىشى سەممىي نىيەت ۋە ئوچۇق- ئاشكارىلىق ئاساسىدا ۋۇجۇدقا
چىقىدۇ. چۈنكى، دوستلۇق ۋە مىجەز- خاراكتېرنىڭ ماھىيىتى
بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ياكى تالانتىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز
قابىلىيىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆزىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىك ــ پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتىگە
ئېرىشكەنلىك. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، پاپا، باشىر ئىسىملىك مىسسى-
ئونېرنى چېركاۋدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. مىسسىئونېر قازا قىلغاندىن
كېيىن ئۇ بىر پەرىشتىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇلۇپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا
دوزاخ ئازابى سېلىشقا مەسئۇل بوپتۇ. بىراق، مىسسىئونېر يېتۈك نا-
تىق ھەم ئاق كۆڭۈل كىشى بولغاچقا، نەگىلا بارسا باشقىلارنىڭ ئال-
قىشى ۋە ئىززەت- ھۆرمىتىگە نائىل بولالايدىكەن. ھەتتا ھېلىقى ياۋۇز
پەرىشتىمۇ مىسسىئونېرنىڭ شەپقەت ۋە پاراسەتكە تولغان ۋۇجۇدىنىڭ
تەسىرىدە ئۇنى ئىززەتلەيدىكەن. مىسسىئونېر ھەر قېتىم باشقىلار
بىلەن ئەسرالاشقاندا، ئۇلار مىسسىئونېرنىڭ دېگەنلىرىنى رەت قىلمايلا

قالماستىن، بەلكى مىسسىئونېر تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆز- ھەرد-
كىتىدىن ئۈلگە ئالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەتتا ئاق كۆڭۈل پەرىشتە-
لەرمۇ يىراق- يىراقتىن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان
بوپتۇ. مىسسىئونېرنى ئازابلاشقا ئەمر قىلىنغان ھېلىقى پەرىشتە،
ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق ئازابلارنى ساپتۇ. لېكىن، بۇ ئازابلار ھېچنە-
مىگە دال بولماپتۇ. چۈنكى، مىسسىئونېر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە
شۈكۈر قىپتۇ. شۇڭا ئۇ ھەر قانداق يەرگە بارغان، ھەرقانداق ئادەمنى
كۆرگەن چېغىدا، كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇداتتىن تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان
نەرسىلەرنى بايقىيالايدىكەن ھەمدە دوزاخمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە بېھىشقا
ئايلىنىدىكەن. ئاخىر، ھېلىقى پەرىشتە مىسسىئونېرنى ئېلىپ، ئۆزىگە
ئەمر قىلىنغان ئەسلىدىكى جايغا بېرىپتۇ. ئۇ شۇنداق دوكلات قىپتۇ:
«مەن ھەرقانچە قىپمۇ مىسسىئونېرنى كۆيدۈرەلەيدىغان ئوتنى تاپال-
مىدىم. چۈنكى ئۇ ئۆلسىمۇ توۋا قىلمايدىغان نەرسىكەن!» رىۋايەت قى-
لىنىشچە، ھېلىقى مىسسىئونېر ئاخىر گۇناھىدىن مەغپىرەت قى-
لىنىپ، جەننەتتىن ئورۇن ئاپتۇ ۋە ئەۋلىياغا ئايلىنىپتۇ.

ناپولېئون ئىنىسى جوزېفقا يازغان خېتىدە ئاشۇنداق بىر
كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ چاغدا جوزېف ئىسپانىيە شاھى
ئىدى. ئۇ ناپولېئوننىڭ ئۆز خېتىدە باللىق چاغلىرىدا يېزىشقان
خەتلىرىدىكىدەك قېرىنداشلىق مېھرى- مۇھەببەتنى تىلغا ئالمىغاز-
لىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ناپولېئون جاۋاب خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:
«كەچۈرگىن. سەن قېرىندىشىڭنى يەنە بىر قېتىم جەننەتتىن تاپمەن،
دەپ ئويلامسەن؟ مېنىڭ 40 ياشلىق ھازىرقي ۋاقتىمدىكى ساڭا بولغان
ھېسسىياتىم 12ياش ۋاقتىمدىكىگە ئوخشىمايدۇ. بىراق، ساڭا بولغان
ھازىرقى ھېسسىياتىم ئىلگىرىكىدىن كۆپ سەمىمىي ۋە كۈچلۈك.
چۈنكى، مېنىڭ ساڭا بولغان دوستلۇقۇم ئۇ يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن
ئۇرغۇپ چىققان دوستلۇقتۇر.»

ئاز ئۇچرايدىغان پارلاق سالاپىتىنى پانىي دۇنياغا تەقدىم قىلغان
ئاشۇ قەھرىمانلار نېمىدېگەن كەڭ قورساق كىشىلەر- ھە! بىز ئۇلارنىڭ
ئاددىي- ساددىلىقى، قوپاللىقى ۋە كۆرۈمسىزلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ
كەتمىسەكمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب گۈزەل ئەخلاقتا ۋاي دەپ
كەتكۈچىلىكى يوق ئىكەنلىكىنى كەچۈرۈۋېتەلەيمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ



پەۋقۇلئاددە جەلپكار قەلبى بىزنى قايىل قىلغاچقا، ئۇلارنى چەكسىز
سېغىنىمىز!

مانا ھازىر، قولۇمدا بىر پارچە تېكىست تۇرۇپتۇ. بۇ باللىق
چاغلىرىمدا ئوقۇغان كلاسسىك ئەدەبىياتتا دائىر تېكىست ئىدى. ئۇ
رىمنىڭ رەسمىي تارىخقا كىرگۈزۈلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن
قېلىشمىغۇدەك تېكىست ئىدى. ئۇ تېكىستنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:
ماركۇس . سكوۋرېس بىرلەشمە ئارمىيە ئارىسىدا قۇترانقۇلۇق قىلىپ،
ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەتكە قورال كۆتۈرۈپ قارشى چىقىشىغا سەۋەب
بولدى، دېگەن گۇمان بىلەن كۋىنتۇس . ۋارىيۇس . ئىسپانوسنى ئە-
يىبلەيدۇ. بىراق، كۋىنتۇس . ۋارىيۇس . ئىسپانوس ئىنتايىن قەتئىي ۋە
كەسكىنلىك بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنداق دەپ
جاكارلايمەنكى، بۇ قۇترانقۇلۇقنى دەل سىنات مەھكىمىسىنىڭ ئەمەل-
دارى ماركۇس . سكوۋرېس قىلدى. ئەمما، ماركۇس . سكوۋرېس ئالىي-
لىرى بۇنى ئىنكار قىلدى. مانا ھازىر بۇ ھەقتە پاكىت يوق. سىلەر زادى
قايسى تەرەپكە ئىشىنىسىلەر؟ رىم پۇقرالىرىغىمۇ؟» شۇنداق قىلىپ،
گراژدانلار كېيىنكى كۋىنتۇس . ۋارىيۇس . ئىسپانوسنى ئەپۇ قىلىدۇ.

مۇنداق ئەھۋاللارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز: بىر ئادەمنىڭ
كېلىشكەن قىياپىتى كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بەرسە، ئۇنىڭ
سالاپىتى ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. سالاپەت گۈزەل-
لىككە ئوخشاشلا كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدۇ، كىشىنى تېخىمۇ ئا-
لىيجاناب كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ سالاپەت بەزىبىر ئۇنتۇلغۇسىز
سەرگۈزەشتىلەر داۋامىدا كىشىنىڭ كېلىشكەن تەقى- تۇرقىدىن ئې-
شىپ كېتىدۇ. چۈنكى سالاپەت چاقناتقان ئۇچقۇنلار چىرايلىق تاشقى
قىياپەتنى ئارتۇقچە ياكى كۆرۈمسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىراق،
بۇنداق سالاپەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن، ئادەمدە زېرەكلىك بىلەن
ئىنچىكە كۆزىتىش ئىقتىدارى بولۇشى، ئۇ نېمىنىڭ ھەقىقىي گۈ-
زەللىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى لازىم.

سالاپەت، ئۆزىنى تىزگىنلەش سەنئىتىدۇر. ئۇ يارالمىشىدىن
تارتىپلا ئۆزىگە خاس ئەقىدە ۋە قائىدىنىڭ ھاكىملىقىدىن تايمايدۇ.
شۇڭا سەن باشقىلارغا مادارا قىلما، باشقىلار بىلەن ئېغىز- بۇرۇن
يالاشما، بىراۋدىن كۈچۈكلىنىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىما ياكى

مەخپىيىتىڭنى ئاشكارىلاپ قويما؛ ئاغزىڭ مەھكەم بولسۇن، ئاغزىڭدىن
چىققان گەپلەر ئەڭ مۇۋاپىق بولسۇن، نامۇۋاپىق گەپلەر تىلىڭنىڭ
ئۇچىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىچىڭگە يۇتۇۋەت. ھەربىر ھە-
رىكىتىڭ سىپايە ۋە ئەدەپلىك بولۇپ، بىر خىل يېڭى ۋە دەخلىسىز
كۆچتىن بېشارەت بېرىپ تۇرسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق ياخشى
سالاپەت شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى كاتالىزاتورنىڭ قوزغىتىشىدا نامايان
قىلىنىشى لازىم. بۇ كاتالىزاتور دەل گۈزەل قەلبدۇر.
ناۋادا سەن ھاياتقا شادلىق بېغىشلاشنى نىيەت قىلغان بولساڭ، بۇ
خىل گۈزەل ئارزۇيۇڭ چېھرىڭ، قىياپىتىڭ ياكى ھەرىكىتىڭنىڭ ئەڭ
كامىل بېزەكچىسىگە ئايلىنىدۇ. بىرەر ناتونۇش مۇساپىرغا بىرەر ۋاخ
تاماق بېرىش ياكى ئۆيدە بىرەر كېچە قوندۇرۇش شۈبھىسىزكى ساۋاب-
لىق ئىش. ۋەھالەنكى ھەمراھىڭنىڭ ياخشى ئىنتىلىش ئىدىيىسىگە
قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش، تېخىمۇ كاتتا سا-
ۋابلىق ئىش سانىلىدۇ. بىر پارچە رەسىمنى كۆرگەن چېغىمىزدا دەر-
ھاللا ئۇنى نۇر دەستىلىرى بىلەن يورۇتۇشقا ئىنتىلىمىز. دېمەك،
باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندىمۇ خۇددى ئاشۇ رەسىمگە مۇئامىلە قىلى-
غاندەك ئەدەپلىك ۋە سىپايە پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز لازىم. بۇنىڭدا پەۋ-
قۇلئاددە سۆز- ئىبارىلەر ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى
يوق. چۈنكى ساۋابلىق ئىشنىڭ ئۆزى ھەرقانداق سۆز- ئىبارە ۋە باياn-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
تۇرمۇش گويا گۈللۈك پوجاڭزىدەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە تۇر-
لۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ بىزگە ھېلىدىن ـ ھېلىغا خۇددى
غايىمىزدىكىگە ئوخشاش تەڭداشسىز ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەتلەرنى يۈك-
لەپ تۇرىدۇ. بىراق قانداقلا بولمىسۇن سېنى يەنىلا ئاگاھلاندۇرغۇم
كېلىۋاتىدۇ: تەربىيە كۆرگەن ۋە ئاقىلانە ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقى ئۇ-
چۇن ئېيتقاندا، قەتئىي قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مۇنداق بىر
نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاغرىق ـ سىلاقتۇر.
ناۋادا سەن ئۇخلاۋاتقان بولساڭمۇ، ئويغاق بولساڭمۇ ياكى باش
ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان بولساڭمۇ ۋە
ياكى سېنى چاقماق سوقۇۋەتكەن بولسىمۇ، سەندىن شۇنى ئۆتۈنەي:
بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولسىمۇ، تىنچلانغىن! ھەر-



گىزمۇ ئىپلاسلىق ۋە نالە- پەريادلىرىڭ بىلەن بۇ تىمتاس سەھەرنى
بۇلغىمىغىن. چۈنكى ساڭا ئوخشاش كۆرمىگۈلىغان كىشىلەر ھازىر-
نىڭ ئۆزىدە بۇ تاڭ سەھەرگە تىنچلىق ۋە شادلىق ئاتا قىلماقتا. ئۆتۈنۈپ
قالاي! كۆك ئاسماندىن چىقىپ كەلگىن، بۇ خاسىيەتلىك كۈندۈزنى
مېھرىڭ بىلەن باغاشلا!سىز نۇۋاتقان مەنزىرە رەسىمىڭگە ئاشۇ ئاسماننى
چۈشۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالما. ئابرۇي- ئىناۋەتلىك، شانلىق تۆھپىلەرنى
ياراتقان ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ، ئەمدىلەتىن ئويغانغان ئادەملەر تۇيغا
يېڭىدىن كىرگەن چېغىدا ناھايىتى كەمتەر بولۇشى، مۇقەددەس تۇي-
غۇلارنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىگە ھۆرمەت قىلىشى، باشقىلارمۇ ئۆزىنى
ئۆزئارا سىڭىشكەن ئاشۇ مۇقەددەس تۇيغۇلارنىڭ مەھسۇلى، دەپ بىلى-
شى لازىم. ئىلگىرى مول تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىگە بىر خىل مەدە-
نىيەت ئامىلىنى سىڭدۇرگەن بىر مويسىپىت ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:
«سېنى كۆرگەن چېغىمدا، مەن ئالدى بىلەن قانداق قىلغاندا نەزىرىڭ-
دىكى ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ گۈزەل قىياپەتكە كىرگۈزگىلى بولار،
دېگەننى ئويلايمەن.»
تەربىيە ۋە بىلىم، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ناھايىتى نازۇك
بىر مەسىلە. مېنىڭچە، بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئىجابىي تەرتىپ-
قائىدە بېكىتىپ بېرىشكە ئامالسىزمىز. شۇڭا بىز ئېھتىمال،
پالاكەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەلبىي تەرتىپ ـ قائىدىلەر ئارقىلىق
ئۆزىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشقىلا مەجبۇر بولىمىز. ئىجابىي تەر-
تىپ- قائىدە ۋە قوزغىتىش، يېتەكلەش بولغاندىلا ئاندىن تەبىئەت دۇن-
ياسى ساڭا بىلىم ۋە ئىلھام ئاتا قىلالايدۇ. ھەرقانداق بىر يىگىت ياكى
قىزنى كامالەتكە يەتكەن سالاپەتنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەيمەن، دې-
يىش ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ قىلمىشتۇر. چۈنكى،
تەڭداشسىز سالاپەت ۋە تالانتنىڭ سېھرىنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق
قىلىدۇ. بىراق، گەپنىڭ راستىنى دېگەندە مىڭ بىر مۇشەققەتكە غەرق
بولغان ئادەممۇ ئۇنىڭغا مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، بىرەر قىزچاق-
نىڭ ئەخلاقى ۋە خۇلقىغا مەدھىيە يېزىشتا، قوللار ھەرقانداق ماھا-
رەتلىك بولسىمۇ گالۋاڭلىشىپ قالىدۇغۇ! مۇۋەپپەقىيەتنىڭ پۈرسىتى
ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەستەكلا قىلسىمۇ، لېكىن ئادەملەر ئۈزلۈكسىز
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. تەبىئەت ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نەر-

سىنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىگە يول قويمايدۇ. شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى: مەسىلەن، مەدھىيە يېزىشقا ئەڭ ماھارەتلىك قوللارمۇ ئاجىزلىق قىلغان ھېلىقى قىزنىڭ قىياپىتى ۋە سالاپىتى ئۇنىڭ سەرخىللارنىڭ سەرخىلى ئەمەس ئىكەنلىكىنى دەرھال ئاشكارىلايدۇ. چۈنكى باشقىلارمۇ بار- دە، بىراق، تەبىئەت ئۇنىڭ ئورنىنى يۇكسەلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۇكسەكلىككە يەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. گەپنىڭ قىسقىسى، گۈزەللىك ۋە يارىشىملىقنى ئۆگەتمەن دەپ ئۆگەتكىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇنى قەلەم ياكى تىل بىلەن تەسۋىرلەشتىمۇ ئادەم دائىم ئىككى بېقىننىغا قاراپ قالىدىغان گەپ. شۇڭا، گۈزەل ۋە يارىشىملىق سالاپەت بىزنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرالايدۇ.



## خاراكتېر

قۇياش پاتار لېكىن سىنىڭ ئۇمىدىڭ،
مەڭگۇ يۇمماس ئاشۇ نۇرلۇق كۆزىنى.
ئېتىقادىڭ سۇبھى تاڭنىڭ ئەلچىسى،
قىزارتىدۇ تاڭدا چولپان يۈزىنى.

كۆزۈڭ چەكسىز كۆككە شۇنداق تىكىلگەن،
چەشمەڭ نۇرى ئۆتمۈش كەبى يىراقتا.
ۋاقىت ئۆتەر تويدۇرماستىن تىۋىشسىز،
جور بولىدۇ ئازابىڭغا، پىراقتا.

لەۋزىڭ سىم - سىم يامغۇردىنمۇ سىپايە،
باشلار ئالتۇن دەۋرىڭ تامان ئۆزۈڭنى.
لاتاپىتىڭ ئېھتىراملار ساھىبى،
قاماشتۇرماس ئۇتۇقلىرىڭ كۆزۈڭنى.

ئۆكۈنمەيسەن تارتقان جەبىر - جاپاغا،
ماختانمايسەن مېھنىتىڭگە ئەزەلدىن.
قۇلاق سالغىن رىئاللىقنىڭ سۆزىگە،
قېلىشمايدۇ مەدھىيە ھەم غەزەلدىن:
«باغاشلايدۇ سىنى مەڭگۇ تەبىئەت،
لاتاپىتىڭ چۈنكى گۈزەل پەزىلدىن.»

## خاراكتېر ــــ ئەقلىنىڭ نامەياندىسى

كىتاب، گىزىت كۆرۈپ باققانلار ئېھتىمال مۇنداق بىر ئەھۋالنى بىلسە كېرەك: گراف چاتام ئەپەندىنىڭ گەپ- سۆزلىرىنى ئاڭلاپ

باقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ كارامەتلىك بىر سىرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇ سىرنىڭ ئۇ بايان قىلغان ھەرقانداق نەرسىدىن گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بەزىلەر قايناپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەنگلىيىدىن چىققان ھېلىقى ئىستىبداتلىق فرانسىيە ئىنقىلاب تارىخى ئالىمىدىن مىرابې①نىڭ ئىشلىرىنى بىرىنى قويماي دەپ بولدى، دەپ ئاغرىنماقتا. بىراق مەن ئۇلارغا شۇنى دەپ قويايكى، ئۇنداق ئاغرىنىشلار ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئىستىبداتلىق زات ھەققىدىكى باھانى ئىسپاتلاشتا قىلچە ئاساسى يوق.

ئەمەلىيەتتە تارىختىمۇ مۇنداق ئىشلار جىق بولغان: پلوتاركنىڭ قەھرىمانلىقلىرى ھەققىدىكى خاتىرىدە ئاكا ـ ئۇكا گراكچۇس، ئاكېز ۋە كلوۋمېنېسلارغا ئالاقىدار مەزمۇنلار ئۇلارنىڭ نامىغا ماس كەلمەيدۇ؛ سېر②فىلىپ . سېدنىي، گراف ئېسسېكس ۋە سېر ۋولت . روۋلېي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق شەخسلەر. چۈنكى ئۇلارنىڭ نامى ئۇلۇغ بولغىنى بىلەن تۆھپىسى چاغلىق. ۋاشىنگتون ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئازراقمۇ ئۇچرىتالمايمىز؛ سىچېللېرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىسمى جىسمىغا ماس كەلمەيدىغان مەزمۇنلار يوق ئەمەس.

بۇ يەردە چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر نۇقتا بار: يۇقىرىقىدەك نام ـ ئاتاق بىلەن ئەسەرلەر ياكى نەتىجە ـ تۆھپىلەرنىڭ ئۆزئارا ماس كەلمەسلىك ئەھۋالىنى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرمەن دېيىش قىيىن. چۈنكى ھەقىقىي ئەھۋال چوقۇم مۇنداق بولۇشى كېرەك: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ بەزى جەھەتتىكى پەزىلەتلىرى تولىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە نۇرانە بولغاچقا، ئۇ ھال ھەتتا كىشىلەر ئارىسىدا بىر خىل ئارزۇ ـ تىلەكنى ھاسىل قىلدى. بىراق ئۇ خىل ئارزۇ ـ تىلەك ئاخىرى بېرىپ، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باشقا جەھەتتىكى بارلىق ئۇتۇقلىرىنى يېپىپ كەتتى. جۈملىدىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۈچ ـ قۇدرىتى يوشۇرۇن كىشىلەردىن ئىدى. دېمەك، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «خاراكتېر» يەنى كىشى

① (1791 ـ 1749) 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ داڭلىق پائالىيەتچىسى.

② ياۋروپادىكى پادىشاھلىق ئەللەردە بېرىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋە.



ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن ساقلىنىدىغان، سالاپەت ئارقىلىق بىۋاسىتە رول ئوينايدىغان، ھېچقانداق ۋاسىتىگە مۇراجىئەت قىلمايدىغان بىر خىل غايىۋى كۈچنىڭ ئۆزى دەل مۇشۇدۇر.

كىشىلەر دائىم خاراكتېرنى مەنبەسىنى تاپقىلى بولمايدىغان كۈچ ۋە بىر خىل زېرەكلىك ياكى قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ قىياس قىلىشىدۇ. كىشىلەر ئاشۇ خاراكتېرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆز ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇيۇ، لېكىن ئاشۇ خاراكتېرنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بىلىشكە قادىر بولالمايدۇ. خاراكتېر—ئادەمنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى. شۇڭا ئۇنى سىرداش تۇتقان كىشىلەر كۆپىنچە كىشىلەرگە ئارىلاشمايدۇ، ياكى ئۇلار ھەتتا تۇغۇلۇشىدىنلا خۇشخۇي كىشىلەردىن بولسىمۇ، لېكىن باشقىلار بىلەن ۋاي دېگۈدەك باردى ـ كەلدى قىلماي تۇرۇپمۇ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلالايدۇ. كىشىلەرنى ھەيرانۇھەس قالدۇرالايدىغان ئەدەبىي تالانت، بىر مەزگىل ئىنتايىن شانلىق كۆرۈنگەن بولسا، دەۋر ئالماشقان ھامان ئۇنىڭ نۇرانىلىقى سولۇپ بارىدۇ. ئەمما خاراكتېر خۇددى قۇياشقا ئوخشاش ئۇلۇغلۇق بابىدا ئەبەدىي نۇر چاچىدۇ. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىردەملىك ئىستىبدات ياكى ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان ناتىقلىقتا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلسە، خاراكتېرگە سىرداش بولغانلار بىرەر تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئاداققى مەقسەتكە يېتىشتەك سېھرىي كۈچى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. «ئۇ پەقەت كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ يېرىمىنىلا ئىشقا سېلىۋىدى، مۇۋەپپەقىيەت شۇنىڭ بولدى.» ئۇ تاغنى تالقان قىلغۇدەك ئىش ـ ھەرىكەتكە ئەمەس، بەلكى پەۋقۇلئاددە ئۆزگىچىلىكىگە تايىنىپلا غەلىبە قىلالىدى؛ ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى بويسۇندۇرالىدىكى، ئۇنىڭ ھازىر بولۇشىنىڭ ئۆزى، بىر زور قورالنىڭ بەتلەنگىنىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇ شۇنداقلا پەيدا بولسا، ئەھۋالدا ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگىرىش بولىدۇ.—ھەي، ئىئولې! ھېراكلېسنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟

«مەن ئۇنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدىم،—دەپ جاۋاب بەردى ئېئولې،—شۇڭا ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. ئۇنى كۆرگىنىمدە مەندە بالقىغان بىردىنبىر ئۈمىد ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش، ئەڭ بولمىغاندا جەڭ ھارۋىلىرىدا بەسلىشىش ئىدى.

بىراق، ئۇ بەسلىشىش دېگەننى ساقلاپ تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن. چۈنكى ئۇ مەيلى تۇرغان بولسۇن، ئولتۇرغان بولسۇن ياكى مېڭىۋاتقان بولسۇن ۋە ياكى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بولسۇن مەنىۋىيىتى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شان-شەرەپ قۇچالايدىكەن.»

ئادەتتە، ھادىسىنىڭ زىننىتى بولمىش ئادەم، ئۆزى ياشاپ تۇرغان بۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ پەقەت بىرىمىنىلا ئاتىيالىغان بولىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كارغا كەلمەسلىكىدىن زارلىنىدۇ. شۇڭا، ھاياتلىق جەريانىدا، شەيئىلەرنىڭ ھاياتى ئادەمنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەندەك بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ يارقىنلىشىپ، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ تاشىدۇ. دېمەك ئۇ دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ياكى پەسىيىشى، قۇياش، سان ۋە مىقدارلار ھەققىدىكى قانۇنىيەت بىلەن بىر كاتېگورىيىگە تەۋە ياكى ئاشۇ قانۇنىيەتنىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىشى، خالاس.

## سىياسىي سايلامدىكى خاراكتېر

گەپنى چۈشىنىشلىك قىلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ ئاددىي مىساللارنى كۆرسىتەي. شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، سىياسىي سايلاملاردا مەن مىسال ئالىدىغان ئامىللار كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت ئىنتايىن يۈزەكى ھالەتتە مەيدانغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاشۇنداق ئىنتايىن يۈزەكى ھالەتتە مەيدانغا چىقسا، بىز ئۇنىڭ تەڭداشسىز قىممىتىنى ئاندىن ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. كىشىلەر ئۇنچىۋالا ھاماقەتمۇ ئەمەس. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سايلىغان ۋەكىللىرىدىن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىستىبداتنىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئىستىبداتىغا باشقىلارنى ئىشەندۈرەلىگۈدەك كۈچىنىڭ بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار پارلامېنت ئۈچۈن بىرەر باياناتچىنى يەنى چېچەن، بىلىملىك ۋە گەپدان باياناتچىنى سايلاپ چىقالمىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىش تامام ۋەسسالام بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ناۋادا ئۇ چېچەن، بىلىملىك ۋە گەپدان كىشىلەردىن بولمىسا، ئۇنداقتا خەلق ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تاللاشتىن ئىلگىرىلا، ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار ئۇنىڭ جىسمىدىكى ئاشۇ پاكىتقا



ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى مەلۇم بىر پاكىتقا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ تەلۋە، ئەڭ قىزىققان ئادەملەرمۇ بۇ يەردە رەزىل ۋە قاتىللىق تېررورلۇقلارمۇ بىتچىت قىلالمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل سىرلىق كۈچنىڭ، يەنى پاكىتقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

تۈگىمەس بەس-مۇنازىرە ئارقىلىق قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ، ئۆزىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى يەنە سايلىغۇچىلىرىدىن سوراپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ. ھەممە دۆلەتكە بولغان ھېسسىيات ۋە چۈشەنچە ھېچقانداق يەردە ئۇلارنىڭكىدەك چىن، سەمىمىي ۋە پاك بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئېڭىدا زەررىچە شەخسىي غەرەز مەۋجۇت ئەمەس. سايلىغۇچىلار بولسا، ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ ئاشۇ ۋەكىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ ئۇنىڭ چېھرىگە باقىدۇ. ئۇنىڭ چېھرى سايلىغۇچىلارغا نىسبەتەن بىر ئەينەك ھېسابلىنىدۇ. سايلىغۇچىلار ئاشۇ ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جىسمىنى پاكلايدۇ.

ئەل-جامائىتىمىزنىڭ يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈشىمۇ دەل ئاشۇ خىل ئۇلۇغۋار كۈچكە بولغان ئەڭ كاتتا سىناقتۇر. بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز — ھەريەر-ھەريەردىكى راستچىل قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى دەل ئادەمنىڭ خاراكتېرى. چۈنكى ئۇلارنىڭ «بىز زادى بېجىرىم-مەزمۇت ئادەملەردىنمۇ ياكى ئاجىز، كارغا يارىماس ئادەملەردىنمۇ؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ھەقىقىي بىلگۈسى كېلىدۇ.

## سودىدىكى خاراكتېر

بۇ تېمىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنمە. چۈنكى خاراكتېردىن ئىبارەت بۇ كۈچ، ئىس-تۈتەكسىز جەڭ سانىلىدىغان سودىدىمۇ ئوخشاشلا ئاجايىپ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، تالانتلىقلار مەلۇم بىر ساھە بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنى ئۇرۇش تېخنىكىسى، ھاكىمىيەتچىلىك ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىن باشقا سودا ساھەسىدىمۇ تالانتلىقلار بار.

رايى قايتقان ياكى جۇدۇنى تۇتۇپ قالغان بەزىلەر ئېھتىمال ئۆزد-
ىنى باسالماي «ئاۋۇ ئادەم زادى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا تەلەيلىكتۇر؟» دەپ
چالۋاقىشى مۇمكىن. مەن بۇ «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالغا كېسىپلا
مۇنداق جاۋاب بېرەي: ئۇ كىشىدىكى تەلەيىنىڭ ھېچقانداق سەۋەبى يوق.
چۈنكى سەۋەبنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئادەمنىڭ جىسمىدا ياكى ئاشۇ ئا-
دەمنىڭ ئۆزى ئاشۇ سەۋەبنىڭ نامايەندىسىدۇر. يۇقىرىقى سوئالغا نۇر-
غۇن كىشىلەرنىڭ مەندەك جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى،
ئاشۇ تەلەيلىك كىشىگە شۇنداقلا قارىساڭ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازد-
ىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئاپئاشكارا كۆرەلەيسەن. خۇددى، ناپولېئوننى
كۆرگەن ھامان، ئۇنىڭ ئامىتىنى چۈشىنىپ يەتكىنىڭگە ئوخشاش.
بىز پەقەت باشقىلارنىڭ ئاڭ ۋە تۇيغۇسىغا تايىنىش بىلەن چەك-
لىنىپ قالساق، يېڭى شەيئىلەر ئارىسىدىمۇ يەنىلا ئاتام ئېيتقان ئايارەي
دېگەندەك كونا سەنەمنى، يەنى دۈچ كەلگەن پاكىتنىڭ ماھىيىتىنى
چۈشىنىپ يېتەلمەسلىكتەك كونا ئادەتنىلا كۆرىمىز. ناۋادا تالانتلىق
تۇغما سودىگەرلەردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئۇ چاغدا، بىردىنلا
ئىسمىنى تېپىپ، سودىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ تەبىئىي ھە-
رىكەتلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن بولاتتىڭ. چۈنكى، سودا سا-
ھەسىدىكى تالانت ئىگىسىنى بىرەر شەخسنىڭ ۋاكالەتچىسى دېگەندىن
كۆرە، تەبىئەتنىڭ ۋاكالەتچىسى ياكى سودا مىنىستىرى دېگەن تۈزۈك.
ئۇنداق كىشى تۇغۇلۇشىدىنلا سەمىمىي، نەزەر دائىرىسى كەڭرى
ۋە زېرەك كېلىدۇ. بۇ ئامىللار ئۇنىڭ جىسمىدا چەمبەرچاس جىپسى-
لىشىپ، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئادىتى تەدرىجىي ھەققانىي ئۆلچەم
ۋە ئاممىۋى مەنپەئەتنىڭ كاپالىتىگە ئايلىنىدۇ. كىم بولۇشىدىن قەت-
ئىينەزەر ئۇنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەسىرالاشقۇسى كېلىدۇ.
چۈنكى، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل خاتىرجەملىك ئى-
چىدىكى شەرەپ تۇيغۇسى بالقىپ تۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ
ئىستىبدات ئۇرغۇپ تۇرغان ئىدىيىسى باشقىلارغا چەكسىز مەنىۋى
لەززەت بېرەلەيدۇ.
بۇنداق كىشىنىڭ قىلىدىغان سودىسى بەرھەقكى چەكسىز زورد-
يىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بۈگۈن جەنۇبىي تىنچ ئوكيانىنى ئۆزىگە



پرېستان قىلغان بولسا، ئەتە ـ ئۆگۈن ئېھتىمال پۈتكۈل ئاتلانتىك
ئوكيانىنى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان پورتقا ئايلاندۇرالىشى مۇمكىن.
لېكىن، بۇ ھاسىلاتلار گەرچە ئالەمشۇمۇل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا
ئالاقىدار بارلىق شەيئىلەرنىڭ يادروسى دەل ئاشۇ كىشىنىڭ كاللىسىغا
جايلاشقان بولىدۇ ھەم ئۇ پەقەت ئاشۇ كىشىنىڭ كاللىسىدا تۇرۇشى
كېرەك. چۈنكى بۇ دۇنيادا ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ،
تەۋرىتەلمەيدۇ.
مانا، بۈگۈن تاڭ سەھەر مەن ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇنى جان
كۆيدۈرۈپ جاپالىق ئەجىر قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆردۈم. ئۇنىڭ قوشۇ-
مىلىرى تۈرۈلگەن، ئۆزى ئىلگىرىكىدەكلا سوغۇق قان ۋە تەمكىن ئى-
دى. بۇ ھەم ئۇنىڭدىكى ھەرقانچە سىپايە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ
تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھالەت ئىدى. دۇرۇس، شۇنى ئېنىق بىلىمەن: ئۇ
نۇرغۇنلىغان قەتئىي قارارلارغا كەلدى؛ نۇرغۇن قېتىم جاسارەت بىلەن
«ياق» دېدى. ناۋادا باشقا كىشى بولغان بولسا، ئاشۇ «ياق»نىڭ ئورنىغا
رازىمەنلىك بىلەن «ماقۇل» دېگەن بولاتتى. «ماقۇل» نېمىدېگەن ئېغىر
بالا- قازادىن دېرەك بېرىدۇ- ھە! مەن يەنە ئۇنىڭ سودىدىكى سەنئەتلىك
قەدىر ـ قىممىتىنى، ھېساباتتىكى قالتىس ماھارىتىنى، شۇنداقلا
جەلپكارلىقى ۋە تەدبىركارلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. قىسقىسى، مەن ئۇ-
نىڭ ئادەتتىكى بىر سودىگەر ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئىپتىدائىي پرىن-
سىپىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىجراچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.
چۈنكى ئۇ ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىغا
ئىشىنىدۇ، ئۇ ھەم شۇنى بىلىدۇ: بىر ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا سودىغا كا-
مىل بولمىسا، كېيىن ھەرقانچە ئۆگەنسىمۇ ئەھلىي سودىگەر بولالمايدۇ.

## خاراكتېر — تەبىئىي كۈچ

ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىقتىدار ئادەتتىكىچە رەك
ھەرىكەتتە كۆرۈلسە، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ ئالاچەكمەن
قىلىۋېتىدۇ. ئاشۇ ئىقتىدارنىڭ ساھىبى ناۋادا ئازراق كىشىلەر ئارد-
سىدا ياكى ئۆزىنىڭلا مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدە بولسا، ئۇنىڭ غەي-
رەت ـ شىجائىتى ھامان باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ خىل

كۆچ قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولمىسۇن، مۆلچەرلىمەك قىيىن، ئادەتتىن تاشقىرى كۆچ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەرقانچە ئەسەبىي تەنتەنىمۇ دەرمانسىز پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويالايدۇ. ئاشۇ ئىقتىدار ساھىبى ئۆزىدىكى ئالىيجاناب خىسلەتنىڭ گىپنوزلۇق رولىغا تايىنىپ پەس ۋە ناچار خىسلەتنى مەغلۇپ قىلالايدۇ. بىراق، چۈشەكلەنگەن قابىلىيەتنىڭ كارامەت يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئېھتىمال دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي قانۇنىيەتلەردىن بولسا كېرەك. ناۋادا ئالىيجانابلىق پەسكەشلىكنى باش ئەگدۈرەلمىسە، بۇ ھال ئاخىرى بېرىپ ھېلىقى ئىقتىدار ساھىبىنى سەزمەس قىلىپ قويىدۇ. بۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭ سېھرىي - جادۇ بىلەن تۆۋەن تائىپىدىكى ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرگىنىگە ئوخشايدۇ. كىشىلەر ھامان ئۆزئارا بىر- بىرىگە شۇنىڭغا ئوخشاش چۈشىنىپ بولمايدىغان كۈچ ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھەقىقىي دانىشمەن ئۇستاز، ئۆزىنىڭ گويا رېئاللىقتەك چىن ۋە ئىشەنچلىك تەسىرىنى ئەتراپقا تارقىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بارلىق مەۋجۇداتنى باغاشلايدىغان دەريا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان قەلبلەرگە ئېقىپ كىرىدۇ؛ ھەسرەتلىك نۇر چاقنىتىپ تۇرغان ئوخايو ياكى دونايغا ئوخشاش بىر دەريا ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئالەمدىكى مەۋجۇداتقا سىڭدۇرۇپ، ھەممىنى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن بېزەيدۇ.

كونزىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ مارىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى چۈشىنەلمەي سوراپتۇ:—سىز زادى قانداق ئامال ئىشلەتتىڭىز؟

بىراق كونزىن ئىنتايىن ئاددىيلا جاۋاب بېرىپتۇ:—مەن پەقەت قەيسەر ئىرادىنىڭ ئاجىز ئىرادىگە تەسىر كۆرسەتكىنىدەكلا ئامال ئىشلەتتىم.

دۇرۇس، كايسېر پۇت - قولىدىكى كىشەن - كويزىنى بوشىتىپ ئېلىپ، تۈرمىدىكى گۇندىپايغا سېلىپ قويارماسمۇ؟ كويزا، كىشەن دېگەنلەر بىر ئادەمنى مەڭگۈ بەند قىلىۋېتەلەرمۇ؟ ئەنە، بىر قول بېدىكى گىۋىنىيە دېڭىز قىرغىقىدىن بىر توپ نېگىر قۇلنى كېمىگە باستى. بىراق، ئۇ بىخەستەلىك قىلىپ ئاشۇ قۇللار ئىچىدە توكسون رۇۋۋېدۇلدەك ئادەمنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمىدى. بىز ئەمدى ئاشۇ قول بېدىكى كويزا - كىشەن سېلىپ، يۈزىگە نىقاب تاقاپ كېمىگە



باسقان قۇللار ئىچىدە ۋاشىنگتونىمۇ بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. ئۇنداقتا، كېمە كۆباغا بارا - بارمايلا ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقىدەك ئىمتاسلىقىنى ساقلىيالارمۇ؟ ئۇ كېمىدە كويزا ۋە كىشەندىن باشقا نەرسە ھەيۋە كۆرسىتەلمەسمۇ؟ قىممەت ھېسسىيات كېمىدىكىلەرنىڭ رىشتىنى بىر-بىرىگە باغلىيالماسمۇ؟ ھېلىقى بىچارە قول بېدىكىنىڭ كۆڭلى ئەبەدىي قاپقارا پېتىچە تۇرارمۇ؟ سېھىرلىك شولا ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتالماسمۇ؟ كېمىدىكى قۇللار كويزا - كىشەننى پاچاقلاپ قېچىپ كېتەلمەسمۇ؟ ياكى باشقىچە ئامال - چارە قىلىپ ئاشۇ بىر - ئىككى سۈڭلۈق تۆمۈر ھالقىنىڭ تارتىش كۈچىنى غايىب قىلىۋېتەرمەسمۇ؟...

دېمەك، خاراكتېرمۇ خۇددى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىققا ئوخشاشلا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن چەمبەرچاس جىپسىلىپ كەتكەن تەبىئىي كۈچتۇر. بىز بەزىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئاجايىپ سەزگۈر پوزىتسىيە تۇتىمىز؛ ئۇلار ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ بولغۇچە بىلىپ بولىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىراق بەزىلەرگە خۇددى ئۇلار بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەك بىپەرۋا پوزىتسىيە تۇتىمىز. بۇ يەنە نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي. جۇملىدىن ھەرقانداق ئادەت تارتىش ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. شۇڭا بىزنى جەلپ قىلالىغانلارنى سېزىمىز؛ جەلپ قىلالمىغانلارنى قەتئىي سېزەلمەيمىز. ھەقىقەت—مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. ھەققانىيەت—ھەقىقەتنىڭ كونكرېت شەيئىلەردىكى ئىنكاسى. بارلىق مۇستەقىل تەبىئىي ھادىسىلەر ئۆز قۇرۇلمىسىدىكى پاكلىققا ئاساسەن رەتلىك سىستېما بولۇپ شەكىللىنىدۇ. پاك تەبىئىي ئىرادە ئاشۇ تەبىئىي سىستېمىدىن ھالقىپ چىقىپ، باشقا تەبىئىي ھادىسىلەرگە سىڭىدۇ. بۇ گويا سۇنىڭ ئېگىزلىكتىن پەسكە قاراپ ئاققىنىغا ئوخشايدۇ.

باشقا تەبىئىي كۈچلەرگە ئوخشاشلا، بۇ خىل تەبىئىي كۈچكىمۇ تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بىز تاشنى ئاسمانغا قاردىتىپ ئېتىپ باقايلىچۇ، نەتىجىدە ئاتقان تاشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يەرگە قايتىپ چۈشىدۇ. بۇ ھەقتە خىلمۇ خىل مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، ئوغرىلار قانۇن سىرتىدا ئېسەنكىرەپ يۈرۈپ باقىدۇ؛ ئەپقاچتى گەپلەرگە كىشىلەر ئىشىنىپ باقىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە قىلىدىغىنى يەنىلا ھەققانىيەتتۇر. چۈنكى،

ھەقىقەت كىشىلەرنى شەرتسىز ئىشەندۇرۇش ۋە بويسۇندۇرۇش ئىمتىيازىغا ئىگە.

خاراكتېر، ئايرىم تەبىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق گەۋدىلىنىدىغان ئەخلاق تەرتىپى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر سۇبيېكتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان نەرسىسى يوق. شۇڭا زامان بىلەن ماكان، ئەركىنلىك بىلەن زۆرۈرىيەت، ھەرىكەت بىلەن ئىدىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق سۇبيېكتنىڭ قورشاۋى ئىچىدە ئەركىن - ئازادە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالەمنىڭ ئۆزى چېكى يوق قورشاۋ ياكى قاشاغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ جىسمىمىزمۇ دەل ئاشۇ ئالەمنىڭ روھىدىن نۇرلانغان. ئالەم نۇرىدىن قۇۋۋەت ئالغان ئاشۇ كىشىنىڭ سۈپەت ۋە پەزىلىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆزىدىكى ئاشۇ سۈپەت ۋە پەزىلەتنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىڭدۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى چەكسىزلىكتىكى ئەلمىساقنىڭ قوينىدا غايىب قىلىۋېتىشنى خالىمايدۇ. بەلكى مەنزىلى ھەرقانچە ئەگرى - توقاي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىق ئىنتىلىشلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ مەنپەئىتىدە روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

شۇنداق، ئۇ چامى يەتكەنلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئويغاتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغىنىمۇ دەل ئۇ ئۆزى ئويغىتالىغان نەرسىلەر ئىدى. دېمەك خۇددى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىغىنىغا ئوخشاش، ئۇمۇ دۇنيانى ئۆز قورشاۋىغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆز خاراكتېرىنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان سەھنىگە ئايلاندۇرىدى. ماگنىت ھەرقانداق چاغدا ماگنىت مەيدانى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغىنىغا ئوخشاش، ساغلام روھمۇ ھەققانىيەت ۋە ھەقىقەت بىلەن ماس قەدەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق كۆزەتكۈچىنىڭ نەزىرىدە، ئۇ ئۆزىمۇ قۇياش بىلەن ئۇ ئۆزى تەۋە كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى بىر تۇرلۇك تىنىق جىسىم ھېسابلىنىدۇ؛ كىمكى قۇياشقا قاراپ چامدىيالىسا، ئۇ ئاشۇ «تىنىق جىسىم»غا يېقىنلاشقان بولىدۇ. بىر گورىزونتال سىزىقىدا بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ «تىنىق جىسىم» ئاشۇ كىشىلەرگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋاستە ياكى قۇياش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بەلگىلىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرىدۇر.



# مۇھىتنىڭ قارشىلىق كۈچى

مۇھىتنىڭ قارشىلىق كۈچى، خاراكتېرنىڭ كۈچىنى دەڭسەشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەمدۇر. ناپاك كىشىلەر پەقەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھاياتنى پەقەت ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى، ئۆزى كۆرگەن پاكىتلار ۋە شەخسلەرنىڭ جىسمىدا ئەكس ئەتكىنىدەك ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ھەرىكەت ئاياغلاشمىغۇچە، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئىش - ھەرىكەت ئۇنداق بولمايدۇ. جۈملىدىن ھەرىكەتنىڭ ئەخلاق ئامىلى ئاشۇ ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىنىڭ جىسمىدا ئالدىنئالا ئاپىرىدە قىلىۋېتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا ئاشۇ كىشى ۋۇجۇدقا چىقارغان ھەرىكەتنىڭ ھەق ياكى ناھەق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئىككى قۇتۇپى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، مۇسبەت قۇتۇپ بىلەن مەنپىي قۇتۇپ، ئەر بىلەن ئايال، روھ بىلەن پاكىت، جەنۇب بىلەن شىمال... دېگەندەك. ئەگەر روھ مۇسبەت قۇتۇپ دېيىلسە، ئۇنداقتا پاكىت مەنپىي قۇتۇپ بولىدۇ؛ ئىرادە جەنۇبىي قۇتۇپ دېيىلسە، ھەرىكەت شىمالىي قۇتۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن، بىز خاراكتېرنىڭ تەبىئىي ئورنىنى شىمال دەپ بېكىتسەك، ئۇنداقتا بۇ سىستېمىنىڭ ماگنىت مەنبەسى دەل ئاشۇ خاراكتېردىن كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاجىز روھ يا جەنۇبىي قۇتۇپ ياكى شىمالىي قۇتۇپقا قاراپ ئاغىدۇ. بۇنداق ئاجىز روھنىڭ كۆزلىرى ھامان ھەرىكەتنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ جامەدەك ئېچىلغان بولىدۇ. ئۇ بىرەر كىشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىسىلا ھەتتا پىرىنسىپاللىق مەسىلە دېگەنلەرگە نەزەر سېلىپ قويمايدۇ. ئاشۇ ئاجىز روھ «ئەزىزلىنىش» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇيۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئەزىزلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىر خىل خاراكتېر باركى، ئۇ، باشقىلارنىڭ ئاشۇ خاراكتېر ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق كېلىدۇ؛ يەنە بىر خىل خاراكتېر باركى، ئۇ ئەكسىچە ئۆزىدە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايدۇ.

چۈنكى ئۇلار تېۋىنىدىغان ئىلاھ پەقەت يەككە ـ يەككە ھەرىكەت ۋە ھا-
دىسىنىڭ ئۆزى. ئۇلار ئاشۇ يەككە ـ يەككە ھادىسە، باغلىنىش ۋە كۆ-
رۈنۈشتىن ئۆزگە ھېچنېمىگە سەپسالمايدۇ. بىراق قەھرىمانلار ئۇنداق
ئەمەس. ئۇلار ھەرقانداق ھادىسىنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان قو-
شۇمچە مادداا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئىلگىرى بېكىتىپ قويۇل-
غان ھەرقانداق بىر ھادىسىنىڭ تەرتىپى ئۇنداق كىشىلەرنىڭ تەسەۋ-
ۋۇرىنى قاندۇرالمايدۇ. ئالىيجاناب روھ ھەرقانداق بىر گۇرۇپپا ھادىسە-
دىن ھامان ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ،
ئەمما مەلۇم بىر خىل روھنىڭ قارمىقىغا ئۆتىدۇ ھەمدە ئۆزىدىكى تە-
بىئىي ئۇتۇقنىڭ كۈچى ۋە غەلىبىسىنى ھەرقانداق بىر ھادىسىنىڭ
تەرتىپىگە ئېلىپ كىرەلەيدۇ.
خاراكتېردىكى كەمچىلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن ئە-
مەس. يەنى ھەرقانداق ھادىسىدىكى ئۆزگىرىش ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى
تېخىمۇ ياخشى ياكى تېخىمۇ ناچار قىلىپ ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس.
بىز ھە دېسىلا نۇرغۇنلىغان خۇراپىيلىقلارنى بىتچىت قىلدۇق، دەپ
داۋراڭ سالىمىز. لېكىن، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. ناۋادا بۇ ھەقتە
چوقۇم بىر نېمە دېيىشكە توغرا كەلسە ھەمدە ھادىسىنىڭ ھەقىقىي
ئەھۋالىنى «بىتچىت قىلىش» ئىبارىسى بىلەنلا چۈشەندۈرۈش لازىم
بولسا، ئۇنى مۇنداق دەپ بايان قىلغان تۈزۈك: بىز نۇرغۇنلىغان مەبۇد-
لارنى بىتچىت قىلدۇق ھەم بۇنىڭ پەخىرلەنگۈدەك يېرىمۇ يوق. چۈنكى
بۇ بىز تېۋىنىدىغان مەبۇدنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىنلا دېرەك بېرىدۇ. مانا
ھازىر جوۋۋۇ① ۋە نېپتۇن(يۇلتۇز)غا ئاتاپ بوقا سويۇپ، خېخت②قا ئاتاپ
چاشقان سويۇپ نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزمەيدىغان بولدۇق؛ قىساسكار ئايال
ئىلاھ، دوزاخ ياكى گالۋىنىزمنىڭ ئاخىرقى سوئال ـ سورىقىدىن قور-
قۇپ تىترىمەيدىغان بولدۇق. بىراق ناۋادا يەنە، بىز جامائەت پىكرى دەپ
ئاتىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەر ياكى تەھدىت، تىل ـ ھاقارەت، رەزىل
قوشنىلار، نامراتلىق، ئاغرىق ـ سىلاق، ئىنقىلاب ۋە ياكى ئەجەللىك
پىتنە ـ ئىغۋالاردىن قورقۇپ تىترەپ كەتسەك، بىزنى ئالغا باستى، دې-
گىلى بولارمۇ؟ پەرۋەردىگار بىزدىكى رەزىللىكلەرنى جىنسىمىز، يې-
شىمىز ياكى خاراكتېرىمىز بويىچە گەۋدىلىنىپ چىققىدىغان بىر خىل

①② رىم ئەپسانىلىرىدىكى بىر خىل ئىلاھ.



شەكىلگە ئاساسەن تۇرگە ئايرىپ پېشانىمىزگە پۈتۈپ بولغان. شۇڭا،
ناۋادا بىزدە ۋەھىمە پەيدا بولغان ھامان، پەرۋەردىگار ئۇنى سېزىپ بو-
لىدۇ. نەپسانىيەتچىلىك ۋە ياۋۇزلۇق يۈرىكىمىزنى پىچاق تىققاندەك
ئېچىشتۇرىدۇ. بىراق، ئۇنى جەمئىيەتكە شۇنداق دۆڭگەپ قويساقلا نا-
ھايىتى روشەن مۇنداق بىر رېئاللىقنى يوشۇرغان بولىمىز: ئاشۇ رە-
زىللىكلەرنىڭ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزدىن كەلگەن بولىدۇ. چۈنكى بىز
ھامان ئۆزىمىزنىڭ قورشاۋى ئىچىدە ياشايمىز.
يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ھەققانىيلىق ئۇ، مەڭگۈلۈك غەلى-
بىدۇر. ھەققانىيلىق ئۆز غەلىبىسىنى تەنتەنە بىلەن ئەمەس، بەلكى
ئىمتاسلىق ئىچىدە قۇتلۇقلايدۇ. چۈنكى ئىمتاسلىقنىڭ ئۆزى، مۇقىم
ياكى ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان تەنتەنىدۇر. ئۆزىنىڭ ھەقىقىتى ياكى
قىممىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھادىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش
نومۇسسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. كاپىتالىستلار ئەتىگەندىن كەچكىچە
ۋاستىچىسىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى
ئوبوروتتىكى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ شادلى-
قىنى بازار ئەھۋالىغا ئالاقىدار دوكلاتلاردىكى پاي چېكى باھاسىنىڭ
ئۆرلىگەنلىكىگە ئائىت قۇرلاردىن ئىزدەيدۇ.
ئەڭ ياخشى ھادىسە ئەڭ ياخشى تەرتىپتە مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ ھەم
مەن ئەبەدىي ئىجتىھات بىلەن ئىنتىلىدىغان نۇقتىدۇر. مەن ئورنۇم-
نىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، ئۆزۈم ئۈمىد قىلغان ئىشلاردا كارامەت
كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. شۇڭا، مەن غەلىبىنىڭ چەكسىز
شادلىقىدىن تېخىمۇ ساپ ۋە سەبىي ئۇسۇل ئارقىلىق بەھرىلىنىشنى
ئۆگىنىشىم كېرەك. بۇ دۇنيادا يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان بۇنداق
چەكسىز شادلىقنى كونترول قىلالايدىغان پەقەت بىرلا نەرسە بار. ئۇ
بولسىمۇ، شەيئىلەرنىڭ تەرتىپىگە بولغان ئالدىن كۆرەرلىكتۇر. بۇ
خىل ئالدىن كۆرەرلىك شۇنچىلىك داناكى، بىزنىڭ ھەرقانداق ئۇتۇق ۋە
مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك خۇنۇك كۆرۈنىدۇ.

## ئۆز ئېھتىياجىڭنى ئۆزۈڭ قامدا

مېنىڭچە، ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆزى قامداش، كىشىنىڭ خاراك-

تېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى چىرايدۇر. مېنىڭ پۇلدار كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلغۇم كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار غېرىبسىنمايدۇ، نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتمايدۇ، يۇرتتىن چىقىپ سەرسان بولمايدۇ، مەيۈسلەنمەيدۇ، ئۇلار ۋاقىتلىق خېرىدار ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك خېرىدار، ئەبەدىي ساخاۋەتلىك ۋە بەختلىك كىشىلەردۇر.

خاراكتېر ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىش ۋە ئاغدۇرۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەم باشقىلارغا چوقۇم ئېغىر- بېسىقلىق تۇيغۇسى بېرىشى لازىم. جەمئىيەت ئۇ ناھايىتى يېنىك ۋە شاتىراق بولغاچقا، يىللارنى قەغەز يىرتقاندەك يىرتىپ تاشلاپ، ئېغىزدىكى گەپنى قائىدە- يوسۇن ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

مېنىڭچە بولغاندا، ناۋادا بىرى ماڭا ئاز- تولا خەير- ساخاۋەت قىلىپ، ئاز- تولا قىزغىنلىق يەتكۈزسە، مەن ئۇنى ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىنىۋاتىدۇ، دەپ بىلىمەن. ناۋادا ئۇ تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىماي، مېنىڭ ئاستا بېرىپ ئۇنى چۈشىنىشىمنى كۈتسە، مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭى بىر پەزىلەتكە يولۇققانلىقىمنى سېزىمەن. بۇ ھەم ئىككىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان ۋە روھلاندۇرىدىغان ئىشتۇر.

ئۇ كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل- چارىدە باشقىلارنى پۈتۈنلەي دوراشنى خالىماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ خىل بويۇنتاۋلىقى جەمئىيەت ۋە باشقىلارغا بولغان ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تۈرتكە ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئويغانغان ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ.

كۈرەشنىڭ مەركىزى بولالمىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ، جەمئىيەتتە قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەنە، ئەتراپىمىزدا شادلىق كۈلكىلەر ۋە قۇرۇق گەپلەر ياڭراپ تۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق كۈلكە ۋە قۇرۇق گەپلەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئەنە ئاۋۇ قارىماققا قوپال، سوغۇق تەلەت كىشىلەر جەمئىيەتكە ئاۋارىچىلىق ۋە تەھدىت كەلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن جەمئىيەت ئۇلارنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. جۈملىدىن ياكى ئۇلارغا چوقۇنىدۇ ياكى نەپرەت ئوقۇيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكىلەر، ئۇ مەيلى داھىي بولسۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى كىشى بولسۇن ھەممىسى يۇقىرىقىدەك جەمئىيەت كۆز تىككەن



كىشىلەر بىلەن ئازدۇر- كۆپتۇر مۇناسىۋەتتە بولسا، ئۆزىنى جەمئىيەتكە ئاز- تولا پايدا يەتكۈزدۈم، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق قوپال ۋە سوغۇق تەلەت كىشىلەر ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدە سكېپتىتسىزمنى بىتچىت قىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئەيىبلىمەكتە. چۈنكى سكېپتىتسىزمچىلار: «ئادەمنىڭ ئۆزى بىر قورچاق. شۇڭا يەپ- ئىچىش، ئويناش بىز ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشتۇر» دەپ قارايدۇ.

بەزىلەر ھازىرقى تۈزۈلمىگە ئىتائەت قىلىش يولى بىلەن، جامائەتنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بىراق ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئېتىقادى ئاجىز، كاللىسى گاراڭ كېلىدۇ. ئۇلار بىرەر بىنانىڭ لايىھىسىنى ئاشۇ بىنا پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ. ۋەھالەنكى ئەقىللىق كىشىلەر ئاز سانلىقنىمۇ، كۆپ سانلىقنىمۇ نەزەرگە ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردىكى ھەرىكەت دەل ئۆزىگە ئىشىنىشنى مەنبە قىلغان بولىدۇ.

## ئەمەلىيەتنى ئاساس قىل

ھەرىكىتىمىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە رېئال شارائىتىمىز ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى كېرەك. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باھاسىدا ھەرگىزمۇ خاتا كەتمەيدۇ. مەسىلەن، بوران- چاپقۇنلۇق ئوكياندىكى بىر قاداق سۇنىڭ ئېغىرلىقى كۆلچەكتىكى بىر قاداق سۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە مىقدارى ئاساسىدىلا رول ئوينايدۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن ھالقىغان ھەرىكەتكە ئىنتىلمەيدۇ. پەقەت ئادەملا بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى، ئادەم ھەدېسىلا ساختا سىپايىگەرلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. مەن بىر ئەنگلىيىلىكنىڭ ئەسلىمىسىدىن مۇنداق قۇرلارنى ئوقۇغانىدىم: «مېنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىم بولۇشى لازىم،—دەيدۇ فوكس ئەپەندى(كېيىن گوللاندىيىدە بارونلۇققا ئېرىشكەن)،—چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك جىق خىزمەت قىلدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن.»

سىنبىفېن①ۋە ئۇنىڭ تۇمەن كىشىلىك قوشۇنى ئۆزلىرى ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالىغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەر ئۇلارنىڭ مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئەسلا گۇمانلىنىپ باقمىدى. ئاشۇ قوشۇننىڭ ئەينى زاماندىكى يۇقىرى سەۋىيىسى تا ھازىرغىچە ھەربىي ئىشلار تارىخىدا يەنىلا ئەڭ يۇقىرى پەللە بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر سىنبىفېننى دوراپ باقتىيۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مادارى يەتمىدى.

ھەرقانداق ھەرىكەتنى روياپقا چىقىرىدىغان كۈچنىڭ ھەممىسى رىئاللىقتىن كېلىدۇ. مەن خۇش پېئىل، مۇلايىم ۋە ئاز- تولا تۆھپە ياراتقان بىرەيلەننى تونۇيمەن. ئۇ ھازىر بىر تۈرلۈك ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىراق، مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا ماس كەلگۈدەك جاسارەت ۋە پاراسەتنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىدىم. چۈنكى ئۇ ئاشۇ ئىسلاھاتنى پەقەت ئاڭلىغان مىش- مىش گەپلەر ۋە كىتابتىن ئالغان ئىلھاملىرى ئاساسىدىلا ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرى پەقەت سىناق خاراكتېرىدىكىلا ئىشلاردىن بولۇپ، خۇددى دالىغا ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن شەھەرگىلا ئوخشايتتى. دۇرۇس، ئۇ يەنىلا ئاشۇ شەھەر، ئۇنىڭدا قىلچە يېڭىلىق يوق. شۇڭا ئۇ ھېلىقى ئىسلاھاتنىڭ زەررىچە قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتالمايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىشلىرى ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ياكى مەۋھۇم تالانت ۋەجىدىن بولغان بولسا، ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭدىن تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد كۈتەلەيمىز.

ئەقىل - پاراسەتنىڭ كۆزى رەزىللىك ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش چارىسىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. بىراق، ئاشۇ ئەقىل - پاراسەت ئىلھامبەخش روھ ئەمەس، بەلكى بىرخىل ئىدىيىدىنلا ئىبارەت بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ بىز ئىنتىلگەن مەنزىلنى بىۋاسىتە قولغا كەلتۈرۈش-

① مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 434 - يىلىدىن 355 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن سانغۇن، تارىخشۇناس.



مىزگە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

## چېچەن ۋە ئەستايىدىل بول

بىز ئادەملەر چوقۇم چېچەن ۋە ئەستايىدىل بولۇشىمىز كېرەك. شۇنى ھېس قىلىشىمىز لازىمكى، ئالدىمىزدا ئۆز ئىلكىمىزدە تۇتقىلى بولىدىغان، بەختلىك كېلەچەك تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەم ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى ھەربىر دەقىقىنى يورۇتماقتا. بىر قەھرىمان ھامان باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىشى ۋە ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئالغا ئىنتىلگەن قەدەملىرى باشقىلارنىڭ ئۇنى تولۇق چۈشىنىپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە تەئەللۇق بوشلۇقتا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاشۇ بوشلۇقتا يېڭى- يېڭى كۈچ ۋە نۇرلارنى قاتىدۇ. بۇ ھال ساڭا يېڭى - يېڭى تەلەپلەرنى قويىدۇ. جۈملىدىن ناۋادا سەن ئىلگىرىكى كونا بوشلۇقىڭدا دېلىغول بولۇپ يۈرۈپ، ئۆتمۈشۈڭدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمىسەڭ ھەمدە ئۆزۈڭنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭگە كاپالەتلىك قىلماي، نەتىجىدە ئۇنىڭ قەدىمىگە ماسلىشالمىساڭ، ئاخىرى سېنى ۋەيرانچىلىق ئىسكەنجىسىگە ئالماي قويمايدۇ.

ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ تارقىتىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان بىردىنبىر ئېتىقادى دەل، يېڭى ھەرىكەت—كونا ھەرىكەتنىڭ ئىزاھى دەيدىغان قاراشتىن ئىبارەت. مۇبادا دوستۇڭ كۆڭلۈڭنى غەش قىلىپ قويسا، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاشۇ غەشلىكنى ئويلاۋەرمىگىن. چۈنكى دوستۇڭ ئاشۇ كۆڭلۈڭنى غەش قىلىدىغان كەچۈرمىشلەرنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتتى ھەمدە تېخىمۇ زور كۈچ - قۇدرەت بىلەن سەن ئۈچۈن ئەجىر قىلىشقا باشلىدى. ئېھتىمال سەن ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ بولغىچە، ئۇنىڭ سەن ئۈچۈن قىلغان ئەجرى ساڭا چەكسىز بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

## مۇھەببەت پۈتمەس - تۈگمەستۇر

بىز مېھىر - مۇھەببەتنى تۇتقىلى ۋە كۆرگىلى بولىدىغان نەرسە

بىلەن ئۆلچەشنى ياخشى كۆرمەيمىز. چۈنكى مۇھەببەت پۈتمەس ـ تۈ-
گىمەس ۋە مەڭگۈلۈك بولۇپ، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن...
شۇنداق، دالىلار قۇرۇپ چۆللىشىدۇ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر كونىراپ ئۆرۈ-
لۈپ چۈشىدۇ. بىراق مۇھەببەت مەڭگۈ كىشى كۆڭلىنى شادلاندۇرۇپ،
مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدۇ.

كىشىلەر مۇنداق بىر پەرقنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە ئىزچىل
ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بىرەر كىشىنىڭ خەير- ساخاۋەتلىك
ياكى ئەمەسلىكىگە ئادەتتە ئۇنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ئاپپاراتلىرى ۋە
قۇتقۇزۇش ئۆمەكلىرىگە قانچىلىك نەرسە ئىئانە قىلغانلىقىغا قاراپ
ئەمەس، بەلكى باشقىچە پەرقلەندۈرۈش چارىسى ئارقىلىق باھا بېرىشى-
مىز كېرەك. چۈنكى، بىر- بىرلەپ كۆرسەتكىلى بولىدىغان ئۇ نەر-
سىلەر پەقەت ئىپتىدائىي تۆھپىدىنلا ئىبارەت. دوستۇڭ سېنى مەلۇم
بىر ئىشنى ناھايىتى ياخشى ئاتقۇرغانلىقىڭ ۋەجىدىن ماختىسا، بۇ-
نىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشۈشۈڭ مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن
بىر خىل ئارىسالدىلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ، ساڭا باققان كۆز-
لىرىدە ھەم ھۆرمەت ھەم نارازىلىق بىلىنىپ تۇرسا، شۇنداقلا ئۇلار
ساڭا بولغان قاراشلىرىنى يەنە بىرقانچە يىلدىن كېيىن چوقۇم ئېيى-
تىپ بېرىدىغانلىقىنى ئايان قىلسا، ئۇنداقتا كۆڭلۈڭ ئارامىغا چۈشۈپ،
ئۇلارغا ئۈمىد باغلايسەن.

مەۋقەسىنى بۈگۈنگە قاراتقان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، مەۋقەسىنى
ئەتىگە قاراتقان كىشىلەر هامان شەخسىيەتچى سانىلىدۇ. ئۇلار ئاق
كۆڭۈل رىمىرنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان ھەزىلكەشلەردۇر. گوتا ھەق-
قىدىكى بىر ئەسلىمىدە رىمېر گوتانىڭ باشقىلارغا قىلغان ئىئانە ۋە
ياردەملىرىنى «ستېرنىغا مۇنچىلىك پۇل ئىئانە قىلىندى؛ گېگىلغا
مۇنچىلىك پۇل ئىئانە قىلىندى؛ تېسچېبېنغا مۇنچىلىك پۇل بېرىل-
دى؛ پروفېسسور فوۋس ئىشقا تونۇشتۇرۇپ قويۇلدى؛ خودلغا كېنەزنىڭ
ھۇزۇرىدىن بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىپ بېرىلدى؛ مېيلىنىڭ بىر
يىللىق ئىش ھەققى ھەل قىلىپ بېرىلدى؛ ئىككى نەپەر پروفېسسور
چەت ئەلدىكى ئۇنىۋېرسىتېتقا تونۇشتۇرۇپ قويۇلدى...» دېگەندەك
ئىنتايىن تەپسىلىي خاتىرىلىگەنىدى.

قۇتقۇزۇش پۇلى ھەققىدىكى ئەڭ ئۇزۇن تىزىملىكمۇ قارىغاندا



ئاشۇنداق ئاددىي بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئاۋادا ئادەمگە ئاشۇنىڭغا ئاساسەنلا
باھا بېرىلسە، ئۇ ئىنتايىن بىچارە ھايۋانغا ئايلىنىپ قالغان بولمامدۇ؟
چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بولۇپ، بىر
ياخشى ئادەمنىڭ ئەمەل قىلىدىغان قائىدىسى بىلەن رېئال تۇرمۇشى-
نىڭ ئۆزى ئاندىن خەيرلىك ئىشلاردىن سانىلىدۇ. ئەقلى روشەن، كۆزى
ئۆتكۈر بىرەيلەننىڭ ئېكمانغا تەسۋىرلەپ بەرگەن پۇل خەجلەش ئۇ-
سۇلىدىن گوتانىڭ ھەقىقىي خەير- ساخاۋىتىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:
«مېنىڭ ھەربىر ئېغىز ئېسىل بايانىم بىر تاغار ئالتۇنغا يارايدۇ. مەن
ئۆزۈمدە بار پۇل، ماڭا مىراس قالغان مال ـ مۈلۈك، ئىش ھەققىم ۋە
ئەللىك يىلدىن بۇيانقى قەلەم ھەققىمنىڭ يېرىمىنى ئوقۇتۇش ئىش-
لىرى ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەشكە سەرپ ئەتتىم.» بۇنداق مەزمۇنلارنى،
ئۇنىڭ ماقالە ۋە سۆھبەتلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، بۇ خىل ئاددىي ھەم چاقىقان
كۆچنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېزىپ كۆرسىتىش، بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلا
ئەمەس، ھەتتا گويا قارا سىياھتا ئاسماندىكى چاقماقنىڭ رەسىمىنى
سىزغاندەك قۇرۇق سەپسەتە. بىراق، مەن ئۇزۇن كېچىلەر ۋە دەم ئېلىش
ۋاقىتلىرىمدا ئاشۇنىڭ بىلەن ئۆز كۆڭلۈمنى ياساشنى ياخشى كۆرد-
مەن. بۇ خىل كۆچنى ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە تەقلىد قى-
لىش مۇمكىن ئەمەس. يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان بىر ئېغىز سەممىي
گەپتىن باشقا ھېچنېمە مېنىڭ مەنىۋىيىتىمنى بېيىتالمايدۇ. چۈنكى،
مەن ئاشۇنداق گەپ ـ سۆزنىڭ كۆرسەتمىسى بولغىنى ئۈچۈنلا، ھايات-
لىقنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىمەن. بۇ خىل ھاياتلىق ئۈچقۇنى ئالدىدا،
ئەدەبىي تالانت دېگەنلەر بىر سىنتقا ئەرزىمەيدۇ. مانا بۇلارنىڭ ئۆزى
ئېغىر سۈكۈت ئىچىدىكى روھىمنى ئۇرغۇتىدىغان نەرسىلەر بولۇپ،
ئۇلار روھىمغا تەبىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇسىنى تېشىپ
ئۆتەلەيدىغان كۆز ئاتا قىلالايدۇ. مەن نەدە ئۆزۈمنى نامرات سەزسەم، دەل
شۇ يەردە يەنە ئۆزۈمنىڭ باي ئىكەنلىكىمنى بايقىيالايمەن. شۇنىڭ بە-
لەن ئەمەلىيەت ھامان مۇنداق بىر يەكۈننى چىقىرىدۇ: پەقەت يېڭى بىر
ئەقىل ـ پاراسەت پارتلاپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭغا ھامان خاراكتېر-
نىڭ يېڭى بىر خىل تاپا ـ تەنىسى سوكىدىشىدۇ. جەلپ قىلىش بىلەن
چەتكە قېقىش ئەنە ئاشۇنداق ئاجايىپ چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

جۇملىدىن خاراكتېر ئەقىل - پاراسەتنى ھەم چەتكە قاقىدۇ، ھەم ئۇنى قوزغىتىدۇ. يەنى خاراكتېر ئىدىيىگە سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن يەنە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئەخلاقىي قىممەتنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىدا يەنە ئۆزىنىڭ كەمتۈكلىكىدىن خىجىللىقتا قالىدۇ.

## تۇغما خۇسۇسىيەتنىڭ كۈچى

خاراكتېر—تۇغما خۇسۇسىيەتنىڭ كامالەتكە يەتكەن شەكلى. شۇڭا، ئۇنى دورايمەن ياكى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىمەن، دېيىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر.

پەقەت تەبىئەت دۇنياسى ئىشتىراك قىلغان چاغدىلا، تۇغما خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت بۇ خىل نادىر ئەسەر ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. پەخەس بولغۇنكى، پېشانىسىگە نى - نى ئىشلارنى تەۋرىتىش كارامىتى پۈتۈلگەن كىشىلەر ھاياتلىقنىڭ راۋان لىنىيىسىگە تۇيدۇرماستىن غىمىسىدە كىرەلەيدۇ. شۇنداق، ئافىناننىڭ مىڭ كۆزى يوق. بىراق ئۇ ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ ھەربىر يېڭى ئىدىيىسى ۋە ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان ھېس - تۇيغۇلىرىنى كۆرەلىدى ۋە يورۇتالىدى.

يېقىندىن بۇيان ئىككى ئادەم يەنى كەرەملىك پەرۋەردىگارنىڭ ئىككى ئوغلى ماڭا ئىزدىنىش پۇرسىتى بەردى. مەن ئۇلاردىكى مۇقەددەس خاراكتېرنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇلاردىكى تەسەۋۋۇرنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئانالىز قىلىشۋاتقىنىمدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مەندە ھەيران قالارلىق سىرمۇ يوق. ناۋادا سىر بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت مېنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمدىندۇر. چۈنكى مەن ئەزەلدىن سىلەردەك ئادەملەرنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىگە قۇلاق سېلىپ باقمىدىم، ياكى سىلەردەك ئادەملەر ئەقىدە دەپ ئاتايدىغان نەرسىلەرگە ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىپ باقمىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىدىن مەمنۇن ھەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن. ئۇ قانۇن - قائىدىلەر گەرچە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق دەرىجىدە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەن ئۈچۈن ھەسەلدىن تاتلىق. شۇڭا مېنىڭ ئىش - ھەرىكىتىمدە سەن



تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئەھۋاللار ئەسلا كۆرۈلۈپ باققىنى يوق. مېنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىم ئۇنداق ئەھۋاللاردىن مەڭگۈ مۇستەسنا.» تەبىئەت دۇنياسى ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ جىسمى ئارقىلىق مەن ئۈچۈن خىتاب قىلىدۇ: «دېموكراتىك ئامېرىكىدا خاراكتېر ئەسلا دېموكراتىيىلەشتۈرۈلمەيدۇ. شۇڭا خاراكتېر بازار ۋە ئىجتىمائىي سەتچىلىكلەر بىلەن خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك ئايرىلغان.»

بۈگۈن ئەتىگەن مەن ناھايىتى چىرايلىق بىر دەستە ياۋا گۈلنى بىرەيلەنگە ئەۋەتتىم. ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ گۈللەر ئەڭ ياخشى ئىلھام بۇلىقى بولالايدۇ. چۈنكى ئۇ گۈللەر ھېس - تۇيغۇنىڭ مەنبەلىرىدىن ئۇچۇپ كەلگەن جانغا ئارام غۇر - غۇر شامالغا ئوخشايدۇ؛ ئۇ گۈللەر بىزنى گويا سۆلەت ۋە باھاغا ئەھمىيەت بېرىلىدىغان دەۋردە تۇرۇۋاتقاندەك، بىر مىللەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە مىسرا شېئىرى ياكى نەسرىنى ئوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

كىشىلەر ئۆزى جاندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئەسەرلەرگە نەقەدەر مەپتۇن بولىدۇ- ھە! ئېسكۇلوس، دونداخ، شېكىسپىرلار بولسۇن، ياكى سكوت بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرى يازغان ئەسەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى، كىمكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تېگىپ قويسا ئۇلارنىڭ سىلكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تەنقىدچىلەردىكى غېرىبلىقنىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى يازغان ئەسەرلىرىنى ئۆزلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئەسلا يادىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى داۋام ئېتەلىسىلا، ئويقۇسىدىن ئويغانغاندىن كېيىن بىمەنە سېلىشتۇرۇشلاردىن خالىي بولۇپ، باشقىلارنىڭ خۇشامەت بىلەن چىرىتىشىدىن ساقلىنالايدۇ.

بىراق، بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن مۇكەممەل بولغاچقا، ئۇ قەتئىي مەغلۇپ بولمايدۇ. ئىدىيىنىڭ قان تومۇرى نەدە چوڭقۇر بولسا، شۇ يەردە شۆھرەتپەرەسلىك ۋەھىمە پەيدا قىلالمايدۇ. ئېھتىياتچان دوستلار شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: ھەددىدىن زىيادە ماختاپ ئۇچۇرىۋېتىش، ئادەمنى خاراموشلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. بىراق، ئاشۇ ماختىغانلار بولسا، بۇنىڭغا مېيىغىدا كۈلۈپلا قويىدۇ، خالاس.

ھېلىغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ. بىر تېئولوگىلىك① دوكتور بىر گەپدان مۇخلىسقا نەسىھەت قىلغانىكەن، ئۇ مۇخلىس ئۇنىڭغا چېچىلىپلا كېتىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «دوستۇم، ئادەم دېگەن ماختاپ ئۇچۇرۇش ۋە خورلۇقنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك!» بىراق، نېمىلا بولمىسۇن بىز ئاشۇ سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشلانى توغرا چۈشەنمەيلى. چۈنكى ئاشۇ نەسىھەتلەر تەۋرەنمەس ھەقىقەتتۇر. مەن ئامېرىكىغا كەلگەن ئەس- ھوشى جايىدا دىنىي زاتلاردىن «سىلەر بۇ يەرگە ئالدىنىپ كېلىپ قالدىڭلارمۇ - قانداق؟ سىلەر ئالدام خالتىغا چۈشەمسىلەر ياكى چۈشمەمسىلەر؟» دەپ سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

## تەبىئەتنىڭ ھوقۇقى

خۇددى مەن دېگەنگە ئوخشاش، تەبىئەت دۇنياسى بىر قىسىم ھوقۇققا ئىگە.

تەرغىبات ۋە ئەمرىمەرۇپلىرىمىز شان - شەرەپنى تەنتەكلىك بىلەن قانداق تەقسىم قىلمىسۇن، قانۇنغا تايىنىپ پۇقرالارنى قايتا يارىتىشنى قانداق كۆككە كۆتۈرمەيلى، تەبىئەت دۇنياسى يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ، ئەڭ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنى ناھەقچىلىققا دۇچار قىلىۋېرىدۇ. تەبىئەت ئۆرپ - ئادەت قائىدىلىرىگە ئەزەلدىن بويسۇنمايدۇ، ئەۋلىيالارنى نەزىرىگە ئېلىپ قويمايدۇ. تەبىئەتنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى، گويا نۇرغۇن نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە قۇربى يېتىدىغان، بىراق ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئىشلىتىپ بېقىشقا ۋاقتى چىقمايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

بىر تۈركۈم ئادەم ئىچىدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندە ئاندىن شۇنداق بىر ئادەم چىقىپ قالىدۇكى، ئۇنداق ئادەم ئادەتتىن تاشقىرى يىراقنى كۆرەرلىك ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئاشۇ خىل ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا گويا بىز كۆز تىككەن ئىلاھىي كۈچ مۇجەسسەملەنگەندەك، ئۇنى دانىشمەن دەپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاشۇنداق مۇقەددەس شەخسلەر تۇغما خاراكتېرگە ئىگە بولغان

① تېئولوگىيە - خرىستىئان دىنىدا دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىدېئالىستىك پەلسەپە ئارقىلىق دەلىللىگۈچى بىر خىل تەلىمات.



بولىدۇ. ياكى ناپولېئوننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: ئۇلار تەشكىلاتچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك كېلىدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆزگىچە يول تۇتقانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن مۇقەددەس شەخسلەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى مۇبالىغىلىرىگە چەك قويغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ھە دېسىلا ئۇلارغا يامان كۆزدە قارايدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى بالىلىرىنىڭ بىر- بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش يارىلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ ھەم ئىككى ئادەمنى ئوپمۇئوخشاش قىلىپ ياراتمايدۇ. بىز بىرەر ئۇلۇغ زاتنى كۆرگەن چېغىمىزدا، ئۇنى تارىختا ئۆتكەن يەنە بىر ئۇلۇغ زاتقا ئوخشىتىپ، ھازىرقى ئاشۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەقدىرىي ئاقىۋىتىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ كېتىمىز. بىراق، بىزنىڭ بۇنداق پەرەزلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش ئېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشى بىزنىڭ پەرەزلىرىمىزنى ھامان يوققا چىقىرىدۇ.

ناۋادا ھەرقانداق ئادەمدە ئۆزىگە خاس ھەرىكەت شەكلى بولمىسا، جۈملىدىن ئۆزىمىزنى ھەقىقىي ئۆزىمىزگە ئايلاندۇرالمىساق، خاراكتېرىمىز جەھەتتىكى نۇقسانىنى ئۆزىمىزدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشقا تايىنىپ ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. خاراكتېر، ئۇ ئازادلىككە موھتاج. شۇڭا ئۇنى بوغۇپ قويۇشقا، شۇنداقلا ئاندا - مۇندا ئاڭلاپ قالغان ئەپقاچتى گەپلەرگە قاراپلا خاراكتېر ھەققىدە ئالدىراقسانلىق ۋە كالتە پەملىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى خاراكتېر غايەت زور بىر بىناغا ئوخشايدۇ. ئاشۇ بىنانى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يىراق ۋە ئېگىزدە تۇرۇپ نەزەر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئۇلۇغلارغا تېۋىنىش

مەن ھەيكەللەرنى تارىخ دەپ قارايمەن. مېنىڭچە ئاپوللو بىلەن جوۋۇنانىڭ ھەيكىلى ھەيكەل ئەمەس، بەلكى قېنى ۋە جېنى بار تىرىك ئادەملەر. سەنئەتكارلار تاش ئارقىلىق خاتىرىلىگەن ۋە ئىپادىلىگەن ھەربىر ئۆزگىچىلىكنىڭ، ھەتتا ئاشۇ تاش ھەيكەل ئارقىلىق ئىپادىلەنگىنىدىنمۇ يارقىن ئىكەنلىكىنى ئۇلار رېئال تۇرمۇشتا ئاللىقاچان كۆرۈپ يەتكەن.

ھاياتتا نۇرغۇن ساختىلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، لې-
كىن بىز ئەزەلدىنلا ئۇلۇغلارغا ئىشىنىدىغان ۋە تېۋىنىدىغان قىلىپ
يارىتىلغان. بىز ھە دېسىلا سەركەردىلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلاردا خا-
تىرىلەنگەن ئەڭ تەپسىلىي ئىش - ھەرىكىتىدىن سۆز ئېچىشقا ئامراق.
چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئىدى. بىز بىرەر شەخسنىڭ
ھاياتلىق سەھنىسىدە گىگانت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا موھتاج. چۈنكى،
ئاشۇنداق بولغاندا ئۇنى خاتىرىلەيمىز؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.
بىزگە بۇ نۇقتىنى ئەڭ ئىشەندۈرىدىغانلار دەل رەسساملـەردىكى
ئوبرازلاردۇر. ئۇلار باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە گىگانت ۋە
ھەيۋەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارغا چىن دىلىدىن قايىل بولىدۇ. بۇ
ھال گويا سېلتۇرست ياكى زوروئاستېرنىڭ قابىلىيىتىنى سىناشقا
ئەۋەتىلگەن شەرقلىق سېھىرگەر يولۇققان ئەھۋالغا ئوخشايدۇ. پارس-
لارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھېلىقى يۇنانلىق دانىشمەن بالىخقا يېتىپ
كەلگەندىن كېيىن، گۇستاسپىنىڭ بېكىتىشى بىلەن بىر كۈنى ھەر-
قايسى ئەللەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىر يەرگە يىغىلىپتۇ ۋە ھېلىقى يۇ-
نانلىق دانىشمەن ئۈچۈن بىر ئالتۇن كۇرسىنى تەييارلاپتۇ. كېيىن
ئەۋلىيا سۈپەت سېلتۇرست كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن يۇنانلىق دا-
نىشمەن شۇنداق دەپتۇ: «بۇنىڭدەك قەددى - قامەت، بۇنىڭدەك تەقى -
تۇرقتىن گۇمانلانمايمەن. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەقىقەتتىن باشقا نەرسە
مەۋجۇت بولمايدۇ!» پلاتو مۇنداق دېگەن: «ئەۋلىيا - پەيغەمبەر ئەۋلادلى-
رىنىڭ دېگەنلىرى گەرچە ئىمكانىيەتسىز ياكى دەلىلسىز غايىۋى
گەپلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا شەكسىز ئىشىنىش لازىم.»
ناۋادا مەن تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئەڭ ياخشى پاكىتلارغا ئىشەن-
مىسەم، ئۆزۈمنى ھەمنەپەسلىرىم بىلەن سىغىشالمايۋاتقاندەك، ئوخ-
شاش تۇيغۇغا كېلەلمەيۋاتقاندەك سېزىمەن. مىلتون مۇنداق دەيدۇ:
«جون . بۇللاردشاۋ قولىدىكى زاكون تايىقى يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئە-
گىشىپ يەرگە چۈشۈپ كەتمىگەن سەلتەنەتلىك ھۆكۈمدار ئىدى. شۇڭا
ئۇ سوتتىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتكۈل ھاياتىدا كىشىلەر ئارىسىدا سوتچىلار
ئاتىسىغا خاس تەسىراتنى قالدۇرالىدى.»
بايقىشىمچە، ناۋادا ئادەم جۇڭگولۇقلار ئېيتقاندەك ئۆز تەقدىرىنى



ئالدىن بىلەلىگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ بېشارەتچى ئەۋلىياغا ئاي-
لىنىدۇ - دە، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئاۋام پۇقراغا قارىغاندا تېخىمۇ ئې-
نىق ۋە توغرا چۈشىنىۋالغان بولاتتى. جۇڭگولۇقلار شۇنداق ئېيتىدۇ:
«ئېسىلزادىلەر، تەڭرىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ، ئەۋلىيالارغا تېۋىنغانلى-
قى ئۈچۈن ئەبەدىي ئازمايدۇ. تەڭرى شەكسىزدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلگۈ-
چىدۇر. ئەۋلىيالارغا تېۋىنىپ، ئازماس ئەقىل تاپقان ئېسىلـزادىلـەر
ئىنساننى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ھاسىلىي كالام، ئېسىلزادىلەر پىكىر
دېڭىزىدا غۇلاچ تاشلاپ جاھان ھېكمەتلىرىنى سۈزگۈچىدۇر.»

## دوستلۇق نەقەدەر ئۇلۇغ!

بۇ ھەقتە ئەسكى قەغەزلەر دۆۋىسىدىن قەدىمكى مىساللارنى ئىز-
دەپ، چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەردىن ئۈزۈندە توپلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى
يوق. بىر ئادەمنىڭ تەجرىبىسى، ئۇنىڭ سېھرى جادۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى
ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى چۈشىنىپ يېتىشىگە، خىمىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقى
ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى چۈشەنگەنچىلىك ئىمكانىيەت بېرەلمىسە، ئۇنداقتا
ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز بولغان بولىدۇ.
ئەڭ سالماق ۋە ئەڭ مۇتەئەسسىپ ئادەممۇ، ئىشكتىن چىققان
ھامان ھېچ چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنال-
مايدۇ. چۈنكى بىرەيلەن ئاشۇ كىشىگە كۆزىنى مىختەك تىكىپ تۇرسا،
ئۇنىڭ ئەسلىمىسى ئاشۇ ئەسلىمىگە يوشۇرۇنغان ئىشلارنىڭ ھەممى-
سىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. جۈملىدىن ئۇ كىشى سىرىمنى ئېيتىسام
بولارمۇ، ئېيتمىسام بولارمۇ، دەيدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قىيىنى-
لىدۇ. دېمەك، ئادەمنى قىيىنىغان سىرلارنى قالدۇرماي ئېيتىش لازىم.
يەنە مۇنداق بىر خىل ئادەممۇ بار. ئۇ گويا كۆمۈرچەكلىرى ئۆز ئىق-
تىدارىدىن قالغاندەك گەپ قىلىشقا ئامالسىز. بىراق، دوستىدىن بى-
رەرسى كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا جان كىرىدۇ. يەنى دوستى ئۇنىڭغا لاتا-
پەت، جاسارەت، مۇنازىرە ماھارىتى ۋە خاراكتېر ئاتا قىلىدۇ. يەنە شۇنداق
بىر خىل ئادەم باركى، ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسى پەقەت دوستلىرىغىلا
ئاتالغان. چۈنكى ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ پىكرىنى ئېچىپ ۋە بېيى-
تىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە يەنە بىر ھاياتلىق شامىنى يورۇتقان.

ئادەم بۇ خىل تەلەپچان ۋە ئىناق مۇناسىۋەتنى يۈرىكىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزالىسا، ھاياتلىقتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە گۈزەللىك بولمىسا كېرەك! نېگاتىۋىزمچىلار ئادەمنىڭ كۈچى ۋە تەبىرىدىن گۇمانلىنىدۇ. ۋەھالەنكى كىشىلەر ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك كۆڭۈللۈك ئىچ سىرىنى بېرىش ئىمكانىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاشۇنداق گۇمانخورلارغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋابتۇر. چۈنكى بۇ خىل كۆڭۈللۈك ئىچ سىرىنى بېرىش ئىمكانىيىتى ھەرقانداق ئادەمگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە سىناش پۇرسىتى بېرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا سىر بېرىش ۋە بىر- بىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىن باشقا، ھېچقانداق نەرسە كىشىنى ئۆز ھاياتىدىن مەمنۇن قىلالمايدۇ. نۇرغۇن قېتىملىق ئەسرالىشىش، ئاخىرى ئۆزئارا چوڭقۇر چۈشىنىشكەن ئىككى ئالىيجانابنىڭ يۈرىكىنى بىر- بىرىگە مەھكەم باغلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگىمۇ، قارشى تەرەپكىمۇ شەكسىز ئىشىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى چەكسىز بەخت، ئىنسان ھاياتىدىكى باشقا ھەرقانداق مەمنۇنىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بەختتۇر. سىياسىي، سودا، دىنىي جەمئىيەت دېگەنلەر بۇ خىل بەخت ۋە مەمنۇنىيەت ئالدىدا بىر سىنتقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئىككى ئالىيجانابقا ئوخشاش بىر-بىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەلىسە، ئۇنداقتا ئۇلار ئىدىيىسى، ھەرىكىتى، تالانتى بار ئىلاھ سۈپەت كىشىلەرگە ئايلىناتتى. ئۇ چاغدا تەبىئەت دۇنياسى ئۈچۈن ھېيت بولغان بولاتتى.

يات جىنسلىقلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت، ئاشۇ خىل دوستلۇقنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىلگىرى ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇ خىل شېرىن مۇناسىۋەتنى پەقەتلا ياشلارغا خاس ھېكايە ھېسابلاپ كەلدۇق. بىراق، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاشۇنداق ھېكايىلەر دەل ئىنسان ھاياتىدىكى ھەقىقىي بەخت تۇسىنى ئالدى.

ئادەملەر تۇرمۇشتا بىر- بىرى بىلەن نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆتەلىگەن بولسا، نەقەدەر كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى! كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىگە ماددىي ئېھتىياجى چۈشمىگەن بولسا، ئۇلار بىر- بىرىدىن مەدھىيە، ياردەم ۋە شەپقەت تەلەپ قىلمىسا، پەقەت قەددىمىي قائىدە ـ قانۇنلارنىڭ شارائىتىدىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ئۆتەلەسە، نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى! ئەجەبا بىز باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئاشۇنداق يوسۇن تۇسىنى ئالغان ئاغزاكى قائىدە ـ قانۇنلارنى ئىشقا سالمىساق بولماسمۇ؟ ئەجەبا دوستلىرىمىزغا نېمە دېسە ھە دەپ ساداقەت يەتكۈزۈشىمىز ياكى ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇشىمىزلا كېرەكمۇ؟ ئەجەبا ئۇلارغا ئىلاجسىزلىق ئىچىدە يېلىنىپ ئۆتۈشىمىزلا كېرەكمۇ؟

قەدىمكى ئەپسانىلەردە دېيىلىشىچە، ئىلاھلار بىر- بىرىنى تاشقى شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىقمۇ ھەرگىز ئالدىيالمايدىكەن. يۇنان شېئىرلىرىدا مۇنداق بىر مىسرا بار:

بوييالماس ئىلاھلار، بىر- بىرىنىڭ كۆزىنى.

دوستلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ دەل مۇشۇ خىل مۇقەددەس ھەم زۆرۈر قانۇنىيەتكە بويسۇنغان بولغاچقا، ئۇلار بىر- بىرىگە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ.

دوستلار ئادەتتە بىر ـ بىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالسا، بۇ ئەمەلىيەتتە دوستلۇقتىن تايغانلىق ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئېچىل ـ ئىناقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئادەتتە ياساپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بەلگىلىك قانۇنىيەتنىڭ ئىجازىتى ۋە قارارى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئىلاھلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس سالاھىيىتىگە ئاساسەن ئولىمپۇس تېغىدا رىتى بويىچە قاتارلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ خوجىدارنى ئۆز ئىشىغا سالمايدۇ.

ناۋادا دوستلۇق ئۈچۈن جەبىر ـ جاپا چېكىشكە ھەمدە دوستلار ئۆز ئارا ئۇچرىشىشتا ئۇزۇن يوللارنى بېسىشقا توغرا كەلسە، بۇنداق جەمئىيەتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇ ھال ناۋادا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالمىغان بولسا، بۇنى بىر خىل چۈشكۈنلۈك، نومۇسسىزلىق ۋە زامان سەرخىللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىق شاۋقۇنلا دېگەن تۇزۇك. بۇنداق شاۋقۇن ئىچىدە ھەرقانداق ئادەم ئۆزىدىكى ئەڭ سەرخىل كارامىتىنىمۇ ئىشقا سېلىشقا قادىر بولالمايدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق نۇقسان ۋە ئەيىب باش كۆتۈرۈپ قۇترايدۇ. بۇ ھال گويا ئولىمپۇس تېغىدىكى ئىلاھلار ئۆزئارا ناسۋال قۇتىسىنى ئالماشتۇرغىنىغا ئوخشايدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا، بىز ئەتىگەندىن كەچكىچە تىرىكچىلىك يولىدا

قاتراپلا يۈرىمىز، بىر تۈرلۈك يۈزەكى ۋە ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان پىلانىنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلايمىز ۋە ياكى بىر خىل ۋەھىمە ياكى ئەمىر- پەرمانىنىڭ زورلىشىدا ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەيمىز. ناۋادا بىرەر دوستىمىزنى ئۇچرىتىپ قالساق، ئېھتىمال ئاشۇ «ئىلگىرىلەش»تىن توختاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بىزنىڭ ئۆپكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلغان، تەشۋىش ئىچىدە يۈرىكىمىز دۈپۈلدىگەن، قارىماققا ئىنتايىن ھاماقەت ۋە كۈلكىلىك ھالەتتىمىز. دېمەك ھازىر بىز، ئاشۇ بىھۇدە «ئىلگىرىلەش»تىن توختاپ، تەمكىنلىك بىلەن ئويلىنىش ۋە پۇرسەت بىزگە ئاتا قىلغان كۈچ ـ قۇدرەتنى كاللىمىز ۋە ئەقىل- ئىدراكىمىزگە تايىنىپ زورايتىشقا ئىنتايىن مۇھتاجمىز. بارلىق يۈكسەك مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى دەل پۇرسەتتۇر.

بىر مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ئادەمنىڭ ئۆزى—پىكىر ۋە تۇيغۇدىن بېشارەت. بىر دوست—ئۈمىد ۋە ئارزۇنىڭ پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شامى. شۇڭا بىزنىڭ ھەقىقىي بەختىمىز دەل پىكىر ۋە تۇيغۇنىڭ بېشارىتى بىلەن ئۈمىد ۋە ئارزۇنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىپ بىر ئادەمنىڭ جىسمىدا چىچەكلىشىگە تەشنا بولماقتا. پەقەت دەۋرلا بۇ خىل ئەخلاقنىڭ كۈچىنى ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ. يەنە كېلىپ باشقا ھەرقانداق كۈچ دەل ئاشۇنداق ئەخلاقتىن بالقىغان كۈچنىڭ سايىسى ياكى سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. شېئىر دەل ئاشۇ خىل كۈچتىن روھىي ئوزۇق ئالغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىنى شادلاندۇرالايدۇ. ئادەملەر ئاشۇ خىل كۈچتىن قۇدرەت تاپالىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنى تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈپ قويىدى.

تارىخ ئىزچىل پەسكەشلىك ۋە نومۇسسىزلىق قىلىپ كەلدى. بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەل بىر توپ قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ ئۇۋىسىدىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس. شۇڭا بىز تا ھازىرغىچە يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئەۋلىيا سۈپەت مۇقەددەس ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدۇق. بىلىدىغىنىمىز پەقەت، ئاشۇنداق ئادەملەرگە بولغان ئىنتىلىش ۋە بېشارەتلا، خالاس. بىز ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان، باشقىلارغا شادلىق بېغىشلىيالايدىغان بەھەيۋەت قىياپەتنى كۆرۈپ باقمىدۇق.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز چوقۇم ئادەمدىكى ئەڭ چوڭ مەخپىيەتلىكنىڭ ئەڭ زور ئاشكارا كۈچكە ئايلانغانلىقىنى، خاراكتېردىن بالقىغان كۈچ بىلەن نۇرنىڭ زۇلمەتنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۆزى ئوچۇق ئەما،



قۇلىقى ساق گاچا بولۇپ قالغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزغانلىقىنى چوقۇم كۆرۈپ يېتىمىز. ھازىر رېئاللىقتا ئايلانغان ھەرقانداق ئۇلۇغۋار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مۇساپىنىڭ ئىپتىداسى سۈپىتىدە بىزگە ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەكتە. دۇنيا ئىسلاھلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تارىختا پۈتتى ھەمدە ئۇلارغا چەكسىز ساداقەت بىلەن تېۋىندى. بۇ دەل، خاراكتېر ھەققىدىكى ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەردۇر.

ھەرقانداق دەۋر مۇنداق بىر ياشنىڭ خۇلق ـ مىجەزىدىن پەخىرلىنىدۇ: ئۇ ھەممىنى تەقدىرگە دۆڭگەپ قويمايدۇ. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ جازا مەيدانىدا دارغا ئېسىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پاك تەبىئىتى بىر پارچە تارىخىي داستاندىن تارىغان پارلاق نۇرغا ئايلىنىپ، جازا مەيدانىنى يورۇتىدۇ. ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاشۇ نۇر مەرھۇمنىڭ زەررىچە ئۈششاق كەچمىشلىرىنىمۇ سىمۋولغا ئايلاندۇرىدۇ. ھازىرغىچە، بۇنداق كاتتا مۇۋەپپەقىيەت كۆز ئالدىمىزدا ئەڭ زور پاكىت سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇرماقتا. بىراق، ئىدىيە ئادەمنىڭ سەزگۈلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبىگە ۋە ئادەمنى ئاخىر سوتچى، زاسىداتېل، ئەسكەر ۋە پادىشاھقا ئايلاندۇرالايدىغان خاراكتېرنىڭ كۈچىگە موھتاج. بۇ خىل كۈچ، بارلىق ھايۋانات ۋە مىنېرال ماددىلارنىڭ ئېنېرگىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاخىر سۇيۇقلۇق، دەريا ـ ئېقىن، شامال، يولتۇزلار ۋە ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەن سىڭىشىپ كېتىدۇ.

شۇڭا، بىز بۇنداق ئىلگىرىلەشنى بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقىرالمىساقمۇ، لېكىن ئەڭ بولمىغاندا ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىز لازىم. جەمئىيەتتە، بىر خىل ئۇلۇغۋار كۈچ رېئاللىقتىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىك سۈپىتىدە مەلۇم بىر كىشىگە ئىنئام قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ھال بىزدىن باشقىلارغا باھا بەرگەندە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دوستلىرىم ناۋادا ئۇنداق ئېسىل پەزىلەتنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق، زوقمەنلىك ۋە سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا، مەن ئۇلارنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايمەن.

شۇنداق، ئاقىۋەتتە ھامان بىز زارىقىپ كۈتكەن نەرسە يېتىپ كېلىدۇ، يىراقتىكى بېھىشتىن چاقنىغان پارلاق نۇر، ھەممىمىزنىڭ

جىسمى ۋە ۋۇجۇدىنى يورۇتىدۇ. شۇ چاغدا، بىز ناۋادا پەزىلەت ئىگىسىگە
كوچا چىڭدايدىغان بىكار تەلەپلەردەك قوپال، شەپقەتسىز ۋە چاكىنا
مۇئامىلە قىلىشاق، جەننەتنى تونۇمايدىغان، ھەق- ناھەقنى پەرق ئېتەل-
مەيدىغان رەزىللەرگە ئايلىنىپ قالىمىز. ئادەمنىڭ روھى يوقالسا، ئۇ-
نىڭدا ساداقەت ۋە دىن دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقى ئۆز- ئۆزىدىن
ئاشكارىلىنىپلا تۇرىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىدىكى قا-
لايمىقانچىلىق ۋە تەلۋىلىكتۇر. ئەنە، ھاياتلىقنى باغاشلىغان پايانسىز
قۇملۇقتا، بىز قەدىرلىگەن مەسۇم ۋە پاك ھېسسىياتتىن بىر تال گۈل
ئېچىلدى. بىراق، ئۇ قىممەتلىك گۈل پەقەت مەن ئۈچۈنلا ئېچىلغاند-
دى. ناۋادا ئاشۇ گۈلنىڭ ئېچىلغانلىقىنى مەندىن ئۆزگە ھېچكىم
كۆرمىگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ پاكىتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى پەقەت مەنلا
بىلگەن بولىمەن، خالاس. ئاشۇ قۇملۇقتىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسى
ھۆپپىدە ئېچىلغان چاغدا مېنىڭ خاتىرجەم ۋە ئارمانسىز كۆز يۇمى-
دىغان چاغلىرىم كەلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قايغۇ ھەس-
رەتلىرىم، ھاماقەتلىكلىرىم ۋە كۈلكە - چاقچاقلىرىم ۋاقتىنچە تۈ-
گىگەن بولىدۇ.

بىز زارىقىپ كۈتكەن ئاشۇ مۇقەددەس مېھمان يېتىپ كەلگەن
چاغدا، ئىنسان تەبىئىتى پاك - پاكىز ئاشكارىلىنىدۇ. نۇرغۇن كۆزلەر
ئاشۇ نازۇك ۋە ئاددىي گۈزەل ئەخلاقنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت
ياغدۇرىدۇ. يەنە نۇرغۇن كۆزلەر يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئوربىتىدىن
تالانتنى بايقايدۇ. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل قويماق كېرەك.

مۇھەببەت ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ، ھەممىدىن ئۆزىنى قا-
چۇرىدۇ، ھەممىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ ئۆزىگە شۇنداق قەسەم قىلىدۇ: بۇ
دۇنيادا تەنتەك سارالڭ ياكى بىچارە مىسكىنگە ئايلىنىپ كەتسەممۇ،
ناپاك نەرسىلەرنىڭ ئىككى قولۇمنى بۇلغىشىغا يول قويمايمەن.

مۇشۇنداق پاك مۇھەببەت ئارىمىزدا ئۆز رۇخسارىنى نامايان قىلد-
غان چاغدا پەقەت پاك ۋە غايىلىك كىشىلەرلا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
پەرق ئېتىپ ئۇنى باغرىغا چىڭ باسىدۇ. بۇ، ئاشۇ مۇھەببەتنى تەرىپلەش
ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلىدۇر.



# بىزدىكى چەكلىمە

بىرقانچە يىل ئىلگىرى بىر قىشتا، پۈتۈن شەھەر بويىچە دەۋرد-
مىز نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرە ئاجايىپ قىزىپ كەتتى.
كىشىلەرنىڭ پەلەككە يەتكەن مۇنازىرىلىرى ئاخىرى خىلمۇخىل نە-
زەرىيىلەرنى روياپقا چىقاردى. شۇ چاغدا خۇددى بۇ بەس - مۇنازىرىگە
جور بولغاندەك، بىرقانچە مەشھۇر شەخس بوستۇن ياكى نيۇ يوركتا
شەھەر خەلقىگە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي نۇتۇق سۆزلەپ، دەۋر روھى
تەربىيىسى ئېلىپ باردى. ناھايىتى ماس كېپكەتكەن يېرى شۇكى، دەل
ئاشۇ پەسىلدە دەۋر نەزەرىيىسى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر لوندوندىكى
گېزىت- ژۇرناللارنىمۇ قاپلاپ كەتتى. كىچىك قولىلانمىلاردىن تارتىپ
تاكى خىلمۇخىل گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە شۇ ھەقتىكى
گەپلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.

بىراق، بۇ قىزغىن كەيپىيات مېنى سەل - پەل زېرىكتۈرۈپ
قويدى. مېنىڭچە بولغاندا، دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك بۇ زور مەسىلە ئاخىر
بېرىپ تۇرمۇش مىزانىغا ئالاقىدار ئەمەلىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.
دېمەك، مەن ئەمدى قانداق ياشىشىم كېرەك؟ مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا،
بىز دەۋرنى ئىزاھلاشقا ئامالسىزمىز. چۈنكى بىزنىڭ گېئومېتىرىيەد-
مىز ھازىر ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىدىيىنىڭ كۆكۈلدىكىدەك ئۆزگىرىش
ئوربىتىسىنى ئۆلچەپ چىقىشقا قادىر ئەمەس. چۈنكى دەۋرىمىزدىكى
خىلمۇخىل ئىدىيىلەرنىڭ رېگرېسسىيىسىنى كۆرگىلى ۋە ئاشۇ ئىد-
دىيىلەر ئارىسىدىكى ھايات- ماماتلىق تىركىشىشنى پەسكويغا چۈ-
شۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز پەقەت ئۆزىمىزدىكى ھېس - تۇيغۇنىڭ
باشلامچىلىقىغىلا بويسۇنىمىز. ناۋادا بىز خالاس بولغىلى بولمايدىغان
بىر خىل ئىرادىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى سۈپىتىدە چوقۇم
قوبۇل قىلىشقا بەل باغلىساق، ئۇنداقتا بىز ئەڭ ياخشىسى ئۆز تەپەك-
كۇرىمىزنى ئۆزىمىز ئىشقا سېلىپ، ئۆز يولىمىزنى ئۆزىمىز
تاللىشىمىز لازىم.

ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزغا يېتىش ئۈچۈن تۈنجى قەدەمنى باسقاندىن

كېيىن، بۇسۇپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل چەكلىمىگە
يولۇقىمىز. بىز هامان پەلەككە يەتكەن قىزغىنلىق، جۇشقۇن كەيپە-
يات بىلەن ئىنسانىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۈمىد باغلايمىزۇ، لېكىن
نۇرغۇن قېتىملىق سىناقلاردىن كېيىن، ئىشنى ئەڭ باشتىن يەنى
مەكتەپتىن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىمىز. بىراق، ئانچە
ئىش ئۇقۇپ كەتمەيدىغان ئۇ باللار ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى
قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى تالانت ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ
چىقىشقا ئامالسىز قالىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزگە: «ئۇلار ئەزەلدىنلا
ئاشۇنداق يارىماس تۇرەلگەن ئوخشايدۇ!» دەپ غۇدۇرايمىز. شۇڭا، بىز
ئىنسانىيەتنى ئۆزگەرتىشتە ئىشنى يەنىمۇ باشتىن، جۈملىدىن تۇغۇ-
لۇشتىن باشلىشىمىز لازىم. بۇ زۆرۈرىيەت شۇنىڭدىن بېشارەت بېرى-
دۇكى، بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىگە تالىق تەقدىرى بار ياكى بۇ دۇنيا ئۆزىگە خاس
قانۇنىيەتنىڭ هاكىملىقىدا ھەرىكەتلىنىپ، راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

بىراق، ناۋادا ئاشۇ گىرىمسەنلىك ئىچىدە پەرۋەردىگار راستىنلا
پۇتكۇل مەۋجۇدىيەتكە قول ئىشارىسى قىلالىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا
خالاس بولغىلى بولمايدىغان ھېلىقى ئىرادە ئۆز - ئۆزىنى چۈشەنگەن
بولاتتى. ناۋادا تەقدىرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشنى قارار قىلغان بول-
ساڭ، ئۇنداقتا، ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى ھەققىدە قايتا - قايتا پىكىر
يۈرگۈزۈپ، ئادەمنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يۈكسەك مەس-
ئۇلىيەتنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، خاراكتېرنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مەدھىيە
ئوقۇشۇڭ لازىم. مۇشۇ نۇقتا ئۆز چىنلىقىنى تاپقان ئىكەن، ئۇ ھالدا
قالغان نۇقتىلار مۇقەررەركى چىنلىق بىلەن يورۇيدۇ.

بىراق، بىزنىڭ گېئومېترىيىمىز بۇ نۇقتىلارنىڭ چېكىگە
يېتىشتىن يىراق، ئۇلارنى تەۋرىتىش ۋە مۇرەسسە قىلدۇرۇشقا ئامال-
سىز. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇنىڭ ئەڭ ياخشى
ئامالى—ئۆز ۋاقتىدىلا قەتئىي قارارغا كېلىش. مېنىڭچە، سەن سەمە-
مىيەك بولۇشۇڭ لازىم. چۈنكى سەن ئاشۇ ئىدىيىلەردىن بىرەرسىگە
ئىتائەت قىلىپ، ئۇ ئىدىيىگە يوشۇرۇنغان تارىنى ئاستا چېكىپ، ياكى
ناۋادا سەن خالىساڭ ھەربىر تارىنى زەربە بىلەن ئۇرۇپ، ئاشۇ تارىدىن
ياڭرىغان ئەكس ساداغا تايىنىش يولى بىلەن، ئۆزۈڭ ئىتائەت قىلغان



ئىدىيىنى ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تەدرىجىي پىششىق تو-
نۇپ يېتەلەيسەن. بىز ئەمدى يۇقىرىقىغا ئوخشاش ۋاسىتە ۋە ئۇسۇل
بىلەن يەنە بىر ئىدىيىگە ئىتائەت قىلىپ ۋە ئۇنى ئىگىلەپ باقايلى.
نەتىجىدە ئۇنى ئوخشاشلا تەدرىجىي چۈشىنىپ يېتەلەيمىز، ئىگىلىيە-
لەيمىز. ئاشۇ چاغدىلا، ئاشۇ ئىدىيىلەرنىڭ بىر- بىرىگە ماسلاشقان
ھالدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشىگە ئىشىنەلەيمىز ياكى ئۇنىڭدىن
ئۈمىد كۈتەلەيمىز.

شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتۇقكى، بىز بەزى جەھەتلەردىن تو-
لۇق كۆزىتىپ كېتەلمىگەن بولساقمۇ، لېكىن رېئاللىق، ئەركىنلىك
بىلەن زۆرۈرىيەتنىڭ بىر - بىرىگە دەخلى قىلمايدىغانلىقىنى، شەخس
بىلەن دۇنيانىڭ بىر - بىرىگە ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا
شەخستىكى ھېس- تۇيغۇ خاھىشىنىڭ دەۋر روھىغا ماسلىشىدىغان-
لىقىنى بىزگە ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. دەۋردىن ئىبارەت بۇ تې-
پىشماقنىڭ جاۋابى ھەربىر ئادەم ئۆز بىلگىنىچە تاپسا بولىۋېرىدۇ.
ناۋادا كىمكى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنى تەتقىق قىلىپ باقماقچى بولغان
بولسا، ئۇ چوقۇم يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللىنىشى كېرەك. جۈملىدىن،
كىشىلىك ھايات سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان ھەربىر مۇھىم
مەزمۇننى نۆۋەت بويىچە بىرمۇ بىر تونۇشى ۋە قىدىرىشى لازىم ھەمدە
مەلۇم بىر كىشىگە نىسبەتەن شادلىق ئاتا قىلىدىغان سەرگۈزەشتىلەر-
نىڭ ھەممىسىنى دادىل چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە باشقىلار شەكسىز
ئەكسىچە بىلىدىغان پاكىتلارغىمۇ ئادىل مۇئامىلە قىلىش لازىم.
شۇندىلا، ھەقىقىي چەكلىمىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ
ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ. قىسقىسى، مەلۇم بىر خىل ئامىلغا بولغان
ھەرقانداق شەكىلدىكى ھەددىدىن زىيادە تەلەپ ۋە تەكىتلەشلەرنى توغ-
رىلاپ، ئۇلار ئارىسىدا ئەقىلگە سىغىدىغان ھەقىقىي تەڭپۇڭلۇقنى
ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر.

## ئۇلۇغ زاتلار ۋە ئۇلۇغ ئەللەر

ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، بىز يەنىلا سەممىيلىك بىلەن ئاشۇ
پاكىتلارنى قورقماي سۆزلەپ باقايلى. بىزنىڭ ئامېرىكا ئازدۇر- كۆپتۇر

بولمىغۇر نام ـ ئاتاقتىن قۇتۇلالماي كەلدى. بىز بىلىدىغان ئۇلۇغ زاتلار بىلەن ئۇلۇغ ئەللەر ئەزەلدىنلا ئۆزىنى ئۇچۇرىدىغان پوچىلار ۋە كومېدىيە سەھنىسىدىكى ھەزىلكەشلەر ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى قورقۇنچلۇق ھادىسىلەرنى ئىزلاپ تەكشۈرىدىغان كۆزەتچىلەردۇر. ئۇلار ھامان ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، رېئاللىققا دادىل يۈزلىنەلەيدۇ. سپارتالار دەل ئاشۇنداق ئەللەرنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇلار دىنىنىڭ سۈرىدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيدۇ، ئۆلۈم دېگەنگە پىسەنت قىلمايدۇ. شۇڭا، تۈركىيىلىكلەر ئۇلار بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان شۇ دەقىقىدىلا ئۇلارنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنىڭ ئاشۇ تۆمۈر ياپراقچىغا مۆھۈر قىلىپ بېسىۋېتىلگەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدىغان بولغاچقا، دۈشمەن چەۋەندازلىرىغا شىددەت ئېتىلالايدۇ. تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە پارسلارنىڭ ھەممىسى تەقدىر پېشانىگە شۈكۈر قىلىدۇ.

تەقدىرنىڭ گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتقان پولات چاقى ئاستىدا مىجىلىپ، زۇلۇم چەككەن ھىندىلارمۇ ئۆزلىرىدە ئاجايىپ قەيسەرلىكنى تاۋلىدى. ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدىكى سۈرلۈك كالۋىنىزمچىلارمۇ ئوخشاشلا بىر خىل قەدىر ـ قىممەتنى نامايان قىلدى. چۈنكى ئۇلار، ئالەم ئۆز زىممىسىدىكى ئېغىر يۈك ۋەجىدىن ئۇلارنى تۇرغان ئورنىغا مىدىرىماس قىلىپ مىخلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى. بىراق، ئۇلاردا نېمە چارە بولسۇن؟ ئۇ ئاقىللار بەزى نەرسىلەرنى ئېغىزدىكى گەپ ۋە سايلام بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ خۇددى ئۈزۈلمەس ئارقاندەك بۇ دۇنيانى مەھكەم چىرماپ تۇرغانلىقىنى بايقاشتى.

## تەبىئەتنىڭ زورلۇقى

ھېلىقىدەك ياۋايى ئادەملەر كۆپىنچە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى بىرەر قەبىلە ياكى بۇتقا چوقۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خرىستوسنىڭ چەكسىز رەھىمدىللىكتە ئىپادىلىنىدىغان ئەخلاقى ۋە دەريادەك كۆكسى ـ قارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن ئۆتمەي ئاشۇ بىر توپ كىشىلەرگىلا خاس مەھەللىۋى تېئولوگىيىگە ھەتتا ئىلاھنى ماختاپ



كۆككە كۆتۈرۈشتىن ئۆزگىنى تونۇمايدىغان بىر تەرەپلىمىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى ـ بەزىدە جۇنگ . ستېپلىن ياكى روبېرت . خۇنتېنگتونغا ئوخشاش باستېرلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار گەرچە خۇشخۇي ۋە مۇلايىم كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئاز ـ تولا خەير ـ ئېھسان تۈسىنى ئالغان تەبىئەت قانۇنىيىتى ياكى دىنىي خۇراپىي تەلىماتقا قەتئىي ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىدۇ. مەسىلەن، ھەر قېتىم غۇربەتچىلىكتە قالغان بىرەر ئاق كۆڭۈل ئادەم بىرەر ۋاخ غىزاغا موھتاج بولغاندا، ئاشۇ خىل چاكىنا «ئىلاھىي تەقدىر» شۇ ھامان ھازىر بولىدۇ ـ دە، ھېلىقى غېرىب ئاق كۆڭۈل كىشى بىرەر ـ يېرىم دوللار سەدىقىگە ئېرىشىدۇ.

بىراق شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، تەبىئەت دۇنياسى ئۇنچىۋالا مىسكىن ئەمەس. ئۇ كۆڭلى يۇمشاق، ئەمما ئاجىزە ئانىدەك بىزنى ھامان ئالقىنىدا پۈۋلەپ ئەركىلىتىۋەرمەيدۇ. ئۇ بولۇپمۇ قاتتىق تەلەپچان ئاتىغا ئوخشاش، بىزنى نادانلىقتىن ئويغىتىپ، بۇ دۇنيانىڭ ياۋايىلىق ۋە مۈشكۈلاتلىرىنى بىزگە ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بىرەر ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلىش تەبىئەت ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ چوڭ ـ چوڭ كېمىلەرنىمۇ خۇددى بىر تال تېرىقنى يۇتقاندەك يۇتۇۋېتەلەيدۇ. زىمىستان سوغۇق ئىنسانلارنىڭ ئىسىنىش مەسىلىسىنى ئەزەلدىن نەزەرگە ئېلىپ باقمايدۇ. چۈنكى بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەس. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت قان تومۇرلىرىڭنى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىتىپ، ئىككى پۇتۇڭنى كۆيۈشتۈرۈپ، ئاخىرى سېنى توڭلاپ قالغان بىر تال ئالمىدەك قاتۇرۇپ قويۇشلا، خالاس. دېمەك، ئاغرىق ـ سىلاق، بوران ـ چاپقۇن، تەقدىر، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى، چاقماق... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر سۇبيېكتقا ئەسلا ھۆرمەت قىلمايدۇ. ۋەھشىي يىلان بىلەن زەھەرلىك ئۆمۈچۈكنىڭ ئادىتى، يولۋاس بىلەن باشقا قانخور يىرتقۇچلارنىڭ سەكرەپ ـ ئويناپ يۈرگەن ھايۋانلارغا ئېتىلىپ بېرىپ ۋەھشىيلەرچە ئېغىز سېلىشلىرى، بوغما يىلان چىرمىشىۋالغان ئولجىنىڭ قوۋۇرغىلىرىنىڭ قاراسلاپ سۇنۇشلىرى ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا سىستېمىسىدىكى مەۋجۇتلۇقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئىنسانلارنىڭ ئادەتلىرى ماھىيەتتە ئاشۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئادەتلىرىدىن

قىلچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.
ئەنە، چۈشلۈك تامىقىڭنى ئىنتايىن مەززە قىلىپ يېدىڭ. چۈنكى
قۇشخانا ئېھتىياتچانلىق ۋە ئەدەپ يۈزىسىدىن بىرقانچە چاقىرىم يە-
راقلىقتىكى ئادەم كۆرمەيدىغان يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما بۇ ھال
مۇنداق رېئاللىقنى ھەرگىز يوشۇرۇپ قالالمايدۇ: سەن ۋە مەندەك
گۆشخور ئىنسانلارنىڭ قۇشخانىدىكى ئاشۇ پوكانچى، قاسساپ دېگەنلەر
بىلەن نېمە پەرقى؟ بىز ئۇلارنىڭ—ئاشۇ قانخور ياكى جانخورلارنىڭ
يانتايىقىغۇ! بۇ دۇنيادىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئىشرەت ۋەسۋەسى-
سىدە ياشايدۇ. شۇڭا، بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ جان ساقلاپ قېلىشى ۋە
كۆچىيىشى يەنە بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ قۇربان بېرىشى ۋە يوقىلى-
شىنى شەرت قىلىدۇ.
بىز تۇرۇۋاتقان يەر شارىمۇ ئۇنچىۋالا بىخەتەر بۆشۈكلەردىن ئە-
مەس. چۈنكى، باشقا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سىلكىنىشلىرى يەر
شارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەر شارىنىڭ ئۆزىدىمۇ بالا- قازالار ئاز ئە-
مەس. مەسىلەن، يەر تەۋرەش، يانار تاغ پارتلاش، كىلىماتنىڭ ئۆزگى-
رىشى، پرېتسېسسىيىلىك يۇرۇشۇش... بۇلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىنى
پارە- پارە قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن
ئىنسانلارمۇ ھەدېسىلا يەر شارىغا شىلتىڭ ئاتماقتا. مەسىلەن، دەل-
دەرەخلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ۋەيران قىلىنىشى دەريا- ئېقىنلارنى
قۇرۇتىۋەتتى؛ دېڭىز- ئوكيانلارنىڭ قىنى پەسلەپ، نۇرغۇن شەھەر- با-
زارلار دېڭىزنىڭ تېگىدە قالدى. لىسسىبوندىكى بىر قېتىملىق يەر
تەۋرەشتە، بالا- قازانىڭ غايەت زور دەھشىتى ئادەملەرنى گويا چۆپ ئو-
رىغاندەك ھەش- پەش دېگۈچە قىرىۋەتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن،
نېئاپول(ناپلېسمۇ دېيىلىدۇ—ت)دىكى ئون نەچچە مىڭ ئادەم ئۈچ مى-
نۇت ئىچىدىلا خۇددى خېمىردەك مىجىپ تاشلاندى. دېڭىزلاردا كۆرۈ-
لۈۋاتقان قان بۇزۇلۇش كېسىلى، غەربىي ئافرىقا، كايېننې، پاناما ۋە
يېڭى ئورلېئانلاردىكى مۇدھىش مۇھىت قاتارلىقلارمۇ ئىنسانلارنىڭ
يۈرىكىگە گويا ئۆتكۈر خەنجەردەك سانجىلماقتا. ئېلىمىزنىڭ غەربىي
تۇزلەڭلىكىدە كۆرۈلۈۋاتقان كېزىك ۋە بەزگەك كېسەللىكلىرىمۇ
كىشىلەرنى ۋەھىمە ئىچىدە ئەنسىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە مەجبۇر قى-
لىۋاتىدۇ. بەزى قەبىلىلەردە ئادەمنى خۇددى قارا چېكەتكىدەك قاتۇرۇپ



قويۇۋاتقان خولېرا كېسىلى بىلەن قارا چېچەكنىڭ ئىنساننىڭ جې-
نىغا تېگىلىپ كېلىۋاتقان مەۋھۇم قاتىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.
ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتسىز ئالىلىقانداق زىيان- زەخمەتلەرنى ئېنىقلاپ،
ئاشكارىلاپ يۈرمىسەكمۇ، بىر دانە غوزا كېپىنىكىدە زادى قانچىلىك
پارازىت قۇرتنىڭ بارلىقىنى ھېسابلاپ يۈرمىسەكمۇ، ئۈچەي مەددە
قۇرتى ياكى دېڭىز- ئوكيانلاردىكى ئىنفۇزورىيە قۇرتى تىپىغا تەۋە
مىكرو باكتېرىيىلەرنى ئاختۇرۇپ يۈرمىسەكمۇ، بۇ قۇرت ۋە باكتېرى-
يىلەرنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرمىسەكمۇ،
پەقەت لەھەڭنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن، ئىشقىلىپ دېڭىزدىكى ۋەھ-
شىي ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئۆتكۈر چىشلىرىدىن،
شۇنداقلا دېڭىز تېگىگە يوشۇرۇنغان يەنە ئالىلىقانداق قانخور ھايۋانلار-
نىڭ ئەپتىدىن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نەقەدەر ۋەھشىي ۋە شەپقەتسىز
ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.
مەيلى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرا بولايلى ۋە ياكى ئېسىلزادە
ئەمەلدار بولايلى، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئىلاھىي
تەقدىر ئۆز نىشانىغا بىر خىل ھاماقەتلىك بىلەن، مەنزىلى گۆڭگا،
ئەگرى- توقاي يول ئارقىلىق ئىنتىلىدۇ ھەمدە ئۇ بۇ يولنى بىر خىل
خىيالىي ۋاسىتە بىلەن نىقابلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ۋە ياكى ئادەمنى ۋەھىمىگە
سالىدىغان بۇ مەۋھۇم ساخاۋەتچى ئۆزىنى بىر دانە پاكىز كۆڭلەك ۋە
تېئولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاپئاق ياقىلىقى بىلەن
بېزەپ كۆرسىتىدۇ. ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ ئۇسۇل ئەھمىيەتسىز ئا-
ۋارىچىلىق ۋە ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
ئېھتىمال: «ئىنسانلارغا تەھدىت سېلىۋاتقان بالايىئاپەتلەر بۇنىڭ
سىرتىدىكى نەرسىلەر. شۇڭا، ئۇ ھەقتە بىھۇدە غەم- ئەندىشە قىلىش-
نىڭ ۋە ئىدىسگەندىن كەچكىچە ئاشۇ غايەت زور ئاپەتلىك ئۆزگىرىش
ئۈستىدە كاللا ئۇپرىتىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېيىشىڭ مۇمكىن. دۇ-
رۇس، دېگەنلىرىڭ راست. بىراق، بالا- قازا بىرىنچى قېتىم يۈز بەر-
گەنىكەن، دېمەك ئۇ ئىككىنچى قېتىممۇ يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
بىز ئۇنداق زەربە ۋە قىرغىنچىلىق دېگەنلەردىن بىراقلا قۇتۇلۇشقا ئا-
مالسىزمىز. بۇنداق بولغانىكەن، تەشۋىشمۇ بىزگە سوغدىشىپلا يۈرىدۇ،
دېگەن گەپ.

# ئۇدۇم قالغان تەقدىر

بىراق، بىزنى ھەر مىنۇت ـ ھەر سېكۇنت ئىسكەنجىسىگە ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ تۇرىدىغان تەھدىت بىلەن ھەرقانداق چاغدا تۇيدۇرماستىن بىزگە تۇرتكە بولۇپ تۇرىدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە سېلىشتۇرغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زەربىنىڭ بىزگە بولغان زىيان ـ زەخمىتى ئۇ ئەرزىمەس نەرسىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، تەقدىر دېگەن نېمە؟ تەقدىر، نىشانىنىڭ ۋاستە ئالدىدا قۇربان بېرىشىدۇر. بىز پەقەت ئازراق كۆڭۈل قويۇپ ئويلانساقلا شۇنى بايقايمىزكى، ھايۋانات باغچىسىدىكى ئىنسانلارنىڭ كۆرۈپ تاماشا قىلىشىغا سولاپ قويۇلغان ھايۋانلار ياكى مۇزېيلاردىكى كۈچ ۋە شەكىلدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدىغان تاشقا ئايلانغان ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى دەل تەقدىر ھەققىدىكى داستانلاردۇر. قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى، يىلاننىڭ باش سۆڭىكى دەل ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇلاردىكى چەكلىمىنى زورلۇق بىلەن بەلگىلىگەن. ھايۋاناتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە خاراكتېرى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم جەھەتلەردىكى ھاياتىي كۈچنى بوغۇپ قويىدىغان جىنس ئايرىمىسى، كىلىمات ۋە ئىقتىدار قاتارلىقلارنىڭ ئەكس تەسىرىمۇ بىر چەكلىمىنى پەيدا قىلىدۇ. ھەرقانداق روھ ئۆزى تۇرۇشلۇق بوشلۇقنى شەكىللەندۇرەلەيدۇ. بىراق، ئاشۇ بوشلۇقنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، روھ ئۆز بوشلۇقىنىڭ مەھبۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئادەم ھەرقانچە كالۋا، دۆت بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قوپاللىق بىلەن نەپىسلىككە باھا بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، مەپكەشنى زامانىمىزدىكى ئەڭ دانا پالچىلاردىن دېسەك بولىدۇ. ئۇ يۇزلىرىڭگە تىكىلگەن ھامان، ئىچىدە يانچۇقۇڭدىكى پۇلنى قانداق قىلغاندا تەمكىنلىك بىلەن قولغا چۇشۇرۇشنى دىتلاپ بولىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ بۆرتۈپ چىققان قاشلىرى بىر خىل مەنىدىن بېشارەت؛ باداڭدەك قورساقلىرى يەنە بىر خىل مەنىنىڭ سىمۋولى؛ بىر قېتىملىق قىيا بېقىش، ئىلىپتەك بۇرۇن، تۇتام ـ تۇتام چاچلار، تېرىنىڭ رەڭگى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ خاراكتېرىنى نامايان قىلالايدۇ... ئىشقىلىپ ئادەم ناھايىتى قاتتىق بىر خىل قۇرۇلمىنىڭ ئىچىگە بەند قىلىنغان بولىدۇ.



سەن ئاقىللاردىن مەسلىھەت ئېلىپ باق. باشقا خىلمۇ خىل دوختۇرلاردىن سوراپ باق. ئۇلاردىن «خاراكتېر بىرەر نەرسىنى بەلگىلىيەلەمدۇ ـ يوق؟» دەپ سورا ياكى «دۇنيادا خاراكتېرنىڭ قارارىدىن ئۆتمەيدىغان نەرسە بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىساڭمۇ بولىدۇ.

تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلاردا خاراكتېر ھەققىدە تۆت تۈرلۈك مۇھىم تەسۋىر بار. ئاشۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇپ قويۇشۇڭنى سەممىي تەۋسىيە قىلىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭنىڭ مۇئەييەن ھاسىلاتقا ئېرىشكەنلىكىڭنى، ئىلگىرى ئۇچرىشىپ باقمىغان بىر خىل چىن ئىدىيىنى تونۇپ يەتكەنلىكىڭنى ھېس قىلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

بىز نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەپسېلىپ باقمايمىز؟ ناۋادا مۇشۇ نۇقتىغا دىققەت قىلساڭ، ئاشۇ قارا كۆز ۋە كۆك كۆزلەرنىڭ كىشىلىك ھاياتتا نەقەدەر پەرقلىق روللارنى ئالىدىغانلىقىنى چوقۇم بايقىيالايسەن. دۇرۇس، ئادەم ئۆز ئەجدادلىرى توپىدىن بىراقلا مۇستەسنا بولۇپ چىقىپ كېتەلىسۇنمۇ؟ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامغان ئاشۇ بىر تېمىم سۆيۈقلۇقنى ئۆز قېنىدىن پاك ـ پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلىسۇنمۇ؟ بىر ئائىلىدە شۇ ئائىلىنىڭ ئەجدادلىرى ھازىرلىغان بارلىق سۈپەت ـ ساپانىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈرلەر بويىچە ساقلانغان بولىدۇ. ئاشۇ سۈپەت ـ ساپالارنىڭ بەزىلىرى شۇ ئۇرۇقتىكى ھەربىر پەرزەنتكە شەكسىز مىراس قالىدۇ. بەزىدە بىر ئائىلىدىكى مەلۇم بىر سۈبيېكت شۇ ئۇرۇقتا خاس بىر قەدەر ساپ خاراكتېر ياكى ھەرقانچە قىلىسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان مىجەز ۋە ياكى رەزىل خۇسۇسىيەتكە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق ۋارىسلىق قىلىدۇ.

بەزىدە بىز ئارىمىزدىكى بىرەرسىنىڭ چىراي ئىپادىسىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ «ئاتا ـ ئانىسى ياكى يىراقىراق بىر تۇغقىنىنى دوراپتۇ، كىيىپلا چىقىپتۇ» دېيىشىمىز. ئادەم گويا ئۇنىڭ تېرىسى ئىچىگە يەتتە ـ سەككىز ئادەم سىغدۇرۇۋېتىلگەندەك، ئۆز ئۆمرىدىكى ئوخشىمىغان باسقۇچلاردا، خىلمۇ خىل ئەجدادلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ۋەكىللىك قىلىدۇ. يەنى ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەجدادلىرى يەتتە ـ سەككىزگە يېتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار ئاشۇ كىشىنىڭ يېڭىچە ھايات-

لىق سىمفونىيىسىگە خىلمۇخىل كۈيلەر بىلەن ئاساس سالغان بولىدۇ. ناۋادا سەن كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ باقساڭ، ئۇلارنىڭ چىراي تۇرقى، رەڭگىرويى ۋە كۆز نۇرلىرىدىن ئۇلارنىڭ هاياتلىق ئىمكانىيەتلىرىگە هۆكۈم قىلالايسەن. دۇرۇس، بۇ ئىمكانىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭا «بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشتە، گەپنى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن باشلايمىز يەنى جاۋابنى دەل ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىزدەيمىز. مەسىلەن، سەن پاختا رەخت توقۇش ماشىنىسىدىن «سەن نېمىشقا سارجا توقۇيالمايسەن؟» دەپ سوراپ باققىن. بۇ گېپىمگە كۈلمىگىن. چۈنكى تۇرمۇشتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سوئاللار ئاز ئەمەستە! جۇملىدىن، ئىنژېنېر شېئىرغا ئاشۇنداق تەلەپ قويىدۇغۇ! كۇنلۇكچىنىڭ خىمىيىدىكى بىر قېتىملىق يېڭى بايقاشقا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى راستقۇ! يەنە مەسىلەن، ئېرىق قېزىۋاتقان بىرەيلەندىن «نيۇتوننىڭ قانۇنىنى ئىزاهلاپ بەرگىن» دەپ سوراپ باق. ۋەهالەنكى، ئاتىدىن بالىغىچە بولغان يۈز يىللىق هەددىدىن زىيادە هارغىنلىق، مۇشەققەت ۋە غۇربەتچىلىك، ئۇلارنىڭ نازۇك مېڭە هۈجەيرىلىرىنى يىگىلەتتى... چۈنكى هەر قانداق ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىغا تۆرەلگەن چاغدىلا، تۇغما تالانتنىڭ ئىشىكى غىمىسىدە يېپىلىپ كەتكەن بولىدۇ. دېمەك، ئادەم ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولى ۋە بىر جۈپ پۇتىغا تايانسۇن- دە! ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا كېلەچىكى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بىردىنبىر كېلەچەك ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئاللىبۇرۇن پۈتۈۋېتىلگەن. ئۇ ئادەم بالا ۋاقتىدىلا، ئۇنىڭ ئوماق ۋە بۇدرۇق يۈزلىرى، كىچىككىنە ئورا كۆزلىرى ۋە تاتلىق قىلىقلىرىدىن ئۇنىڭ كېلەچىكى بىلىنەر- بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بارلىق ئىمتىياز، قانۇن دېگەنلەرنىڭ هېچقايسىسى كىشىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، هېچكىم ئاشۇ ئىمتىياز ۋە قانۇننىڭ ياردىمى ياكى مۇداخىلىسىغا تايىنىپ شائىر ياكى شاهزادە بولالمايدۇ.



## تۇغما خۇسۇسىيەت

خرىستوس مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئەر كىشى بىر ئايالغا تىكىلىپ سەپسالغان چاغدىلا، ئۇ ئاشۇ ئايالغا پوخورلۇق قىلىپ بولغان بولىدۇ.» بىراق، گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، ئۇ ئەر كىشى هېلىقى ئايالنى ئۇچرىتىشتىن بۇرۇنلا ئىشرەتخورغا ئايلىنىپ بولغان. چۈنكى، ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە نۇرغۇن ۋەهشىيلىك ۋە ئىدىيىۋى پۇچەكلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هېلىقى ئەر بىلەن ئايالنى كۆرگەنلەرنىڭ هەممىسى، ئۇلارنىڭ ئاللىبۇرۇن بىر- بىرىگە قۇربانلىق بولۇپ بولغانلىقىنى بايقىيالايدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ هەرىكىتى ئادەتتە بىر- بىرىگە زىت بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىشتىهاسى بىلەن جىنسىي تەلىپى ئاشقانسېرى، ئەكسىچە ئۆزى ئاجىزلاپ بارىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە دۇنياغا هۆسن قوشىدۇ. يەنى ئاتا هەرە قانچە كۆپ قۇربان بەرگەنسېرى هەرە كۆنىكى شۇنچە ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. ناۋادا كىشىلەر ئارىسىدىن تۇيۇقسىزلا بىرەر نوچى چىقىپ قالسا، باشقىلار ئۇنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، بۇ «ياۋايى هايۋان»غا يېڭىياچە نىشان بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ئاشۇ نىشانغا يېتىشىگە توققۇزىنى تەل قىلالايدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كىشىلەر بولسا خۇشاللىق بىلەن نام قازىنىش بەدىلىگە ئۆزىنى قۇربان قىلغان بولىدۇ. بىرگە ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئەر- ئاياللارنىڭ هالىتى، ئوخشاش تۇردىكىلەرنىڭ بىرگە ئۆتۈشىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە بەزى ـ بەزىدە يېڭى بىر خىل هۈجەيرە ياكى يېڭى مەخپىيەتلىك هاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ـ يېڭى سىر ۋە مۇزىكا، بىناكارلىق هەمدە تىل خۇسۇسىدىكى يېڭىچە پىكىرلەر تەبىئىي روياپقا چىقىدۇ ياكى ئاللىقاچان يوقالغان قىزىقىش ۋە ئىقتىدار قايتا بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ ئىقتىدارلار گەرچە بىر ئادەمنىڭ تەبىئەت ئۆلچىمىدىكى دەرىجىسىنى قەتئىي ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ تۇيغۇسىدىكى كونا تۇرمۇش ئەندىزىسىنى يېڭىلىيالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، هاياتىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشالايدۇ. ئاخىرىدا بۇ خىل

بېشارەت ۋە يۇزلىنىش مەلۇم بىر تەرەپ ياكى مەلۇم بىر سىستېمىغا
مۇجەسسەملىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ بېشارەت ۋە يۈزلىنىشلەر ئۆز كا-
رامىتىنى تۇشمۇ تۇشتىن ئىشقا سېلىپ ۋە كۈچ- قۇدرەتكە تولۇپ، ئۆز
ئالدىغا يېڭى بىر مەركەز بولۇپ يېتىلىدۇ. بىراق بۇ خىل يېڭى قابى-
لىيەت چاقماق تېزلىكىدە هاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقىنى بىلەن،
ۋەهشىيلىككە كامالىي قۇدرەت بېغىشلىيالمايدۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ تەن
ساغلاملىقىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ. مۇشۇنداق داۋاملىشىپ ئاخىرى،
ئوخشاش بىر خىل تەبىئىي تالانت ئىككىنچى ئەۋلادتىمۇ داۋاملاشسا،
ئۇنداقتا ئادەمنىڭ ساغلاملىقى كۇنسايىن ناچارلىشىپ، نەسىل قالدۇ-
رۇش ئىقتىدارى تەدرىجىي ئاجىزلاپ بارىدۇ.

ئادەم تۇغۇلغاندىلا، پەرۋەردىگار كىمنىڭ مەنىۋى بايلىقى، كىمى-
نىڭ ماددىي بايلىقى ھېرىسمەن كېلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە
پۈتۈۋەتكەن بولىدۇ. ئانا بىر ئاتا باشقا كىشىلەردە بۇ خىل قارىمۇ قار-
شىلىق تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، فراۋېنخوففا بىلەن
دوكتور كارپېنتېر ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا يۇقىرى گىرا-
دۇسلۇق مىكروسكوپتا ئۇلارنى كۆزىتىپ باققان بولساق، ھەتتا ئۇلار-
نىڭ كېيىنكى پارتىيە - گۇرۇھ تەۋەلىكىنىمۇ ئېنىق بىلەلىگەن
بولاتتۇق.

—تەقدىرىڭ ئەجدادىڭنىڭ قىلمىشىدىندۇر،—دەيدۇ ھىندىلار.
شېرلىنگ بۇ ھەقتە دادىللىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئادەمدە
بىر خىل سېزىم بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ سېزىم كېيىن ھاسىل بول-
غان ئەمەس، بەلكى ئاشۇ كىشى تۇغۇلغان چاغدىلا قېنىغا ئەبەدىي
سىڭگەن بولىدۇ. » مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەمنىڭ تارىختىكى
بايانلارنىڭ ھەممىسى دەل ئاشۇ كىشىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە ھا-
ياتلىق ھالىتى ھەققىدىكى باياندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئاشۇ بايانلاردىن
ئۆزىنىڭ ئىنسان ھاياتلىق رېئاللىقىنىڭ بىر ئىشتىراكچىسىلا ئى-
كەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇ. شەرق ۋە غەرب تەپەككۇر ئۇسۇ-
لىدىكى بۇ خىل ئاجايىپ ئوخشاشلىقتىن بىز مۇنداق بىر پاكىتنى
چۈشىنىپ يېتەلەيمىز: ئىنسان تەقدىردىن ئىبارەت بۇ تاغنى شائىرانە
تۈيغۇ بىلەن دەس كۆتۈرۈشكە، شۇنداقلا تۇرلەرنىڭ چەكلىمىلىكىدىن



ھاسىل بولغان بۇ خىل ئىستىبداتلىقنىڭ ئالامىتى بىلەن ئەركىن
ئىرادىنى ئۆزئارا مۇرەسسەلەشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ.

## سىياسىي فىزىئولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك

بىزدىكى سىياسىي نۇرغۇن جەھەتلەردىن فىزىئولوگىيە بىلەن
چەمبەرچاس باغلىنىشلىق كېلىدۇ. بەزى- بەزىدە شۇنداق دۆلەتمەن
كىشىلەر چىقىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقى كىشى-
لەرگە يۇكسەك ئەركىنلىك ئەقىدىسى بېغىشلايدۇ. بۇ خىل ئىدىيە
ئەنگلىيىدە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتكە ئايلانغان. ئەمەلىيەتتە يۇرۇشى بار
دۆلەتمەنلەر كۈچ- قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق چاغلىرىدا، ھامان
تەرەققىيپەرۋەرلەر مەيدانىدا چىڭ تۇرىدۇ. بىراق، بىر پۈتى گۆرگە
ساڭگىلىغاندا بولسا، ئەسلىدىكى مەيداندىن ئېغىپ، ھەممىنى ئىل-
غارلىقنى بوغۇشقا ئۇندەيدۇ- دە، بۇنىڭ بىلەن قەبىھ مۇتەئەسسىپلەردىن
بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھەرقانداق مۇتەئەسسىپ ئۆمرىنىڭ ئا-
خىرىدا ئاشۇنداق بولۇشقا خۇشتار، دېگەنلىك ئەمەس. دېمەكچى بولغى-
نىم: ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇتەئەسسىپلىككە بولغان ھېرىسمەنلىك
پەقەت شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكى ۋەجىدىنلا پەيدا بو-
لىدۇ، خالاس. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر ئۆزىدىكى سالاھىيەت ۋە ماھى-
يەتنىڭ ئىسكەنجىسى ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ خىل مەۋھۇم چەكلىمە ئا-
خىرى ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بىلەن جەڭگىۋارلىقىنى تەدرىجىي خورىتىپ
تۈگىتىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر راھەتپەرەسلىككە ۋارىسلىق قىلىش-
تىن باشقىنى بىلمەيدىغان تۇغما مەجرۇھ—بىچارە ئاقساق- چولاق ۋە
ئەمالاردىن بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق- سو-
غۇقلىرىدىن پاسسىپلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. بىراق، تەبىئىي
جاسارەتلىك كىشىلەر، قوپال چىگرا ئاھالىلىرى، نېۋ خامپىشىردىكى
گىگانت ئادەم ۋە ناپولېئوندەك، بۇركېدەك، بروگخەمدەك، ۋېبستېردەك
شۇنداقلا كوسسۇتتەك كىشىلەر، گەرچە سەكراتتا چۈشۈپ قالغان،
ھەتتا ئاجىزلىق، ئاغرىق - سىلاق، پالەچلىك ۋە پۇل قاتارلىق كىشى-
لىك ھاياتنىڭ چىرىتكۈچىلىرى ئۇلارنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ،
ھالسىرىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار توسقۇنسىز ۋەتەنپەرۋەرلەر-

دىن سانىلىدۇ.
ئەڭ قۇدرەتلىك ئوي ـ پىكىر ئادەتتە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ
ئېڭىدا يوشۇرۇن ساقلانغان بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ جەسۇر-
سۇباتلىق مىللەتنىڭ جىسمىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. سايلام مې-
نىڭچە ئادەتتىكى ئېغىرلىق ئۆلچىمى بويىچە ئېلىپ بېرىلسا كېرەك.
ناۋادا سەن مەلۇم بىر بازاردىن ۋىيگېرى پارتىيىسى بىلەن دېموكراتىك
پارتىيىسى ئەزالىرىدىن 100 دىن ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى ئادەتتىكى
گىردىن ئۆتكۈزۈپ، پۇرژىنىلىق تارازىدا تارتىپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئې-
غىرلىقىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۆلچەپ باقساڭلا ئېھتىمال قايسى پارتى-
يىنىڭ سايلامدا ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا توپتوغرا ھۆكۈم قىلالايسەن.
قىسقىسى، شەھەر مەمۇرىيىتى ئەزالىرى، شەھەر باشلىقى ياكى مۇئا-
ۋىن شەھەر باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىشتا، ئۇلارنى گىرغا چىقىرىپ
تارتىپ بېقىش، سايلام بېلىتىنىڭ ئاز ياكى كۆپ چۈشىدىغانلىقىغا
ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلىدۇر.

## كۈچ ۋە مۇھىت

ناۋادا پەن بىلەن شۇغۇللانساق مۇنداق ئىككى ئاملغا سەل قارى-
ماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭ بىرى كۈچ، يەنە بىرى مۇھىت. بىز ھەر
قېتىملىق ئۆز ئارا باغلىنىشى بار بايقاشلاردىن تۇخۇمدىن ئىبارەت بۇ
شەيئىنىڭ پەقەت يېگانە بىر كۆپۈكچە ئىكەنلىكىنىلا چۈشىنىمىز.
دېمەك يەنە 500 يىلدىن كېيىن، كەلگۈسىدىكى كۆزەتكۈچىلەر قالتىس
سەزگۈرلىشىپ كەتسىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ مىكروسكوپلىرى شۇنچىلىك
ئالىيلىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بايقىيالايدىغىنى يەنىلا تو-
خۇمنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر كۆپۈكچىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ.
ھايۋانات بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ توقۇلمىلىرىدىمۇ ئەھۋال
شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئىپتىدائىي كۈچ ۋە سىلكىنىشنىڭ رولى يېگانە
بىر كۆپۈكچىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق، يېگانە
بىر كۆپۈكچە... ! مانا بۇ، ھەممىگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئۆكتەم
مۇھىتنىڭ ئۆزىدۇر. ئوكېن مۇنداق دەپ قارىغانىدى: «يېگانە بىر مۇ-
ھىتتا يەنى قاراڭغۇ زۇلمەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۆپۈكچە ھايۋانات



بولۇپ يېتىلىدۇ. ناۋادا ئاشۇ كۆپۈكچە يورۇقلۇقتا بولسا ئۆسۈملۈككە
ئايلىنىدۇ. ھايۋاناتنىڭ تېنىدىكى كۆپۈكچە تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگى-
رىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئاخىرى بېرىپ، ئاشۇ
ئەبەدىي تۇراقلىقلاشقان كۆپۈكچىلەرگە مۇجەسسەملەنگەن سىرلىق
ئىقتىدارنى ئاشكارىلايدۇ.» ناۋادا شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا ئاشۇ كۆپۈكچە
بېلىق، توخۇ ياكى تۆت ئاياغلىق ھايۋانلارنىڭ بېشى، پۇتى، كۆزى ۋە
تىرنىقى قاتارلىقلارنى روياپقا چىقىرىدۇ، دېگەن گەپ. دېمەك بۇ كۆ-
پۈكچە، سېھىرگەرنىڭ تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلى-
ۋېتىدىغان سىرلىق ساندۇقىغىلا ئوخشايدۇ.
مۇھىت، يەنە تەبىئىي خۇسۇسىيەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قولۇڭدىن
كېلىدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى تەبىئىي خۇسۇسىيەتكە تەۋە
بولىدۇ. بىز نۇرغۇن ئىشلاردا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا يېتەلمەي ئۆتۈپ
كېتىمىز. چۈنكى مۇنداق ئىككى نەرسە ھەر مىنۇت ـ ھەر سېكۇنت
بىزنى خۇددى جۇۋازغا قوشقان كالىدەك چۆرگىلىتىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ
بىرى مۇھىت، يەنە بىرى ھاياتلىق. ئىلگىرى بىز، ئەگەردە كاللا ئىشى-
لىتىدىغانلا بولساق، كۆزىمىزگە چېلىقىدىغانلىكى نەرسىنىڭ ئىجابىي
كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز، دەپ قارىغانىدۇق. ئەمما ئەمدى
راۋۇرۇس ئەقلىمىزنى تاپتۇق. چۈنكى، سەلبىي كۈچنىڭمۇ مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى ياكى مۇھىتنىڭ بارلىق كۈچلەر ئىچىدە تەڭ يېرىمىنى
ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق. چۈنكى تەبىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ
ئۆزى، ۋەھشىيلىك ۋە ياۋۇزلۇق يېتىلىدىغان مۇھىتتۇر. مەسىلەن،
گالۋاڭ مېڭە، مۆكۈپ تۇرغان زەھەرلىك يىلان، يىرتقۇچلار ۋە قىيا
تاشتەك ئېغىر تاڭلاي سۆڭىكى قاتارلىقلارنىڭ زوراۋانلىق خاھىشىدى-
كى ھەرىكىتىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار خۇددى مەلۇم بىر
خىل شەرتنىڭ چەكلىمىسىدىكى قورال ـ سايمانغا ئوخشايدۇ. مەسى-
لەن، پاراۋوز ئۆزى پىششىق بىلىدىغان رېلىستا كۈچ- قۇدرىتىنى تو-
لۇق نامايان قىلالايدۇ. ئەمما رېلىستىن شۇنداقلا ئايرىلغان ھامان تە-
سەۋۋۇر قىلغۇسىز بالا- قازانى پەيدا قىلىدۇ. يەنە مەسىلەن، قار- مۇز-
نىڭ ئۈستىدە ئۇچقانداق يۇرەلەيدىغان چانا، قار- مۇزدىن ئايرىلغان ھا-
مان ھاياتلىقنى مەنئى قىلىدىغان بويۇنتۇرۇققا ئايلىنىدۇ.
تەبىئەت دەستۇرى، ئۇ تەقدىر- قىسمەت دەستۇرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ

غايەت زور بەتلىرىنى بىردىن، بىردىن ۋاراقلايدۇ، ھەرگىز قايتىلىمايدۇ. ئۇنىڭ بىر بېتى يېپىلغان ھامان يەر شارىدا بىر قەۋەت گرانىت قاتلىمى ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مىڭ يىل كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنى تەبىئەت دەستۇرىنىڭ يەنە بىر بېتى ئۆرۈلىدۇ-دە، يەر شارىدا بىر قەۋەت ئۇيۇل تاش ياتمىسى ھاسىل بولىدۇ؛ يەنە مىڭ يىل ئۆتىدۇ، ھېلىقى ئۇيۇل تاش ياتمىسى كۆمۈرگە ئايلىنىدۇ؛ يەنە مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇپراق ھاسىل بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. تەبىئەت دەستۇرى تۇنجى تۈركۈمدە ئاپىرىدە قىلىپ كۆرسەتكەن ھايۋانلار ئىنتايىن بەتبەشىرە بولۇپ، ئۇلار ئۆسۈملۈك شەكلىدىكى ھايۋانلار، ئۈچ بوغۇملۇق قۇرتلار ۋە بېلىقلاردۇر. شۇنىڭغا سوڭدىشىپلا كەسلەنچۈك تىپىدىكى قورقۇنچلۇق ھايۋانلار ئاپىرىدە بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ئاددىي ھايۋانلار ئىدى. تەبىئەت دەستۇرى ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ جىسمىغا پەقەت ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوبرازىنىڭ يۈزەكى ئىزناسىنىلا سىزغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى شاھىنىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ئوبرازىنى ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغانىدى.

يەر يۈزىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. سەييارىلەرنىڭ سىرتقى يۈزى تەدرىجىي سوۋۇپ قۇرۇشقا باشلىدى. يەر يۈزىدىكى مەۋجۇدات ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى ئىنسان پەيدا بولدى. گىرىمسەن زېمىن ئاخىرى ئۆزىنىڭ گىرىمسەن كۆزىنى ئاچتى. بىراق شۇنى چۈشىنىپ يېتىش زۆرۈركى، بىر خىل تۈرنىڭ ھاياتى چەككە يەتكەن ھامان، ئۇ ئاشۇ ھاياتلىق سەھنىسىدىن مەڭگۈلۈككە غايىب بولىدۇ، ھەرگىز قايتىلانمايدۇ.

ھەرقانداق نەرسە مەلۇم شەرتنىڭ چەكلىمىسىدە پەيدا بولۇپ راۋاجلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادا ئىللەتسىز شەيئىي مەۋجۇت بولمايدۇ. بىراق، ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەڭ نادىر شەيئىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. نەسەب تارىخى ھەم تائىپە تارىخىمۇ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مەلۇم بىر تائىپە تەڭداشسىز غالىب كېلىدۇ؛ يەنە بىر تائىپە تىن تارتماي مەغلۇپ بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، قاتمۇقات دەرىجىگە ئايرىلغان سىنىپلاردىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ.

تارىخ بىزگە بىر مىللەتنىڭ ئىنتايىن زور تەسىرچانلىقا ئىگە



بولالايدىغانلىقىنى ئايان قىلدى. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك، فرانسىيەلىك ۋە گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكا ۋە ئاۋسترالىيىنىڭ ھەرقايسى دېڭىز ساھىلى ۋە بازارلىرىدا مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرۇپ، ئاشۇ ئەللەرنىڭ ئىقتىساد ۋە سودىسىنى مونوپول قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. شۇڭا بىز ساغلام ۋە غالىبلىققا ئىنتىلىدىغان ئادەتكە قايىل بولىمىز ھەم ئۇنى مەدھىيىلەيمىز. بىز ھەمىشە يەھۇدىيلار، ئىندىئانلار ۋە نېگىرلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىمىز. يەنە شۇنىمۇ بىلىمىزكى، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يەھۇدىيلارنى تۇخۇمىدىن قۇرۇتۇشقا نىيەت قىلىشماقتا. لېكىن، رېئاللىق بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەنلىكىنى ئايان قىلدى. ئادەمنىڭ خۇشى يوق قوپال يازغۇچى كىنوكىسنى مىسالغا ئالايلى. ئۇنىڭ بېسىقماس گەپلىرى گەرچە زەھەردەك ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزگە ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز ھەقىقەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ «قالدۇق ئىرقلار» دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق چىقارغان قىرتاق يەكۈنىگە قاراپ باقايلى: «تەبىئەت ئارغۇنلارنى ئەمەس، بەلكى ساپ قانلىقلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ... ھەر بىر ئىرقنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئەت مۇھىتى بولىدۇ... بىرەر مۇستەملىكە باشقا ئىرقلاردىن ئايرىلسا، گويا كىشىلەر ئۇنتۇپ كەتكەن بىر جۈپ قوم ئالما كۆچىتىنىڭ تەدرىجىي سولۇپ، ئاخىرى قۇرۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش، كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىدۇ...»

سۆيۈملۈك دوستلىرىم، ئەنە، گېرمانىيە ۋە ئىرېلاندىيىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ تەقدىرىمۇ گويا نېگىرلارنىڭكىگە ئوخشاش قۇش ماياقلىرىغا تولۇپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى ئۇلار جاپاغا چىداپ يەر ئېچىپ، قورسىقىغا ئاش تېپىش ئۈچۈن، كېمە بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەپە بىلەن ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدى. ئاخىرىدا، ياپپېشىل ئوتلاقلارنى قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى پايانسىز تۈزلەڭلىكتە بەخىرامان سۇنايلىنىپ ياتتى.

## ستاتىستىكا ئىلمى

بىر خىل يېڭى پەن تۇسىنى ئالغان ستاتىستىكا، ئالماستەك

قاتتىق كىشەنلەر ئىچىدىكى يەنە بىر يېڭى ئاسارەتتىن بولۇپ قالدى. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇرساقمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان قائىدە ـ پرىنسىپقا ئايلىنىپ كەتتى. جۈملىدىن، مەيلى تاسادىپىي شەكىللەنگەن بولسۇن ياكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا پەيدا بولۇپ قالغان بولسۇن، ئىشقىلىپ يېتەرلىك ۋە كەڭرى نوپۇس ئاساسىغا ئېرىشەلىسەكلا ئۇنى دەپتەردىكى ئۆلۈك ھېسابىنىڭ پولاتتەك دەلىلى قىلىۋېرىمىز. بوستۇندا بوناپارتتەك بىرەر ئوفىتسېر، جېنىنى . لىنىددەك بىرەر ناخشىچى ياكى بوۋددەك بىرەر دېڭىزچىنىڭ قاچان تۇغۇلىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. بىراق، ئىككى مىليارد ياكى200 مىليون نوپۇسنىڭ ستاتىستىكىلانغان پىكرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ھەقتە بىرەر پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغىلىمۇ بولىدۇ.

مۇتەئەسسىپ تالىپلارغا ئوخشاش مەلۇم بىر خىل پەۋقۇلئاددە كەشپىياتنىڭ ئېنىق ۋاقتىغا ھۆكۈم قىلىش، ئەلۋەتتە كۈلكىلىك ئىش. چۈنكى، ئۇنداق كەشپىيات ئادەتتە ئاز دېگەندىمۇ ئەللىك قېتىملىق قايتا ـ قايتا سىناق ۋە تەجرىبە ئاساسىدا ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ. ئادەم ــ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ماشىنا. ئادەمنىڭ ئۆز جىسمىدىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن ياساپ چىققان نەرسىلىرى بولسا، دەل ئاشۇ «ماشىنا»نىڭ ئويۇنچۇق مودېلى، خالاس. ھەر قېتىم بىرەر جىددىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ئادەمنىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى ئۇنى شۇ چاغدىكى ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئۆز بەدىنىدىكى قۇرۇلمىلارنى تەقلىدىي يارىتىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشقا دالالەت قىلىدۇ. مىغىلداپ تۇرغان ئادەم دېڭىزى ئىچىدىن ھەقىقىي زورروئاستېر ياكى مانرۇخنى ئىزدەپ تېپىش ئاسان ئەمەس. ھالبۇكى نۇرغۇن ئىجادكارلارنىڭ شەكسىز كەشپىياتچى بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئالدىن تۈپتوغرا ھۆكۈم قىلىش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇلار گويا دېڭىزغا چۈشكەن يامغۇر تامچىسىغىلا ئوخشايدۇ.

قورال ـ سايمان ياساش ئىقتىدارى ــ ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگار بەرگەن تۇغما تالانتىدۇر. بۇ خىل تەبىئىي تالانت خۇددى خىمىيىدىكى ئاتومنىڭ ئۈستىگە مەھكەم يېپىشقاندەك، گويا ئادەم نەپەسلىنىدىغان ھاۋا ۋاكانسون، فرانكلىن ۋە ۋاتلاردىن تەركىب تاپقاندەك ھەممە ئادەمدە بولىدۇ.



مىليون ئادەمدىن ئاران دېگەندە بىر نەپەر ئاسترونوم، بىر نەپەر ماتېماتىك، بىر نەپەر ھەزىلچى شائىر ۋە بىر نەپەر مىستىتسىزمچى چىقىدۇ. ئاسترونومىيە تارىخىنى ئوقۇپ باققانلار كوپېرنىك، نيۇتون ۋە لاپلاسلارنىڭ شۇ خىل كەشپىياتنىڭ تۇنجى تەشەببۇسچىسى ئەمەس ياكى ئاق قەغەزگە تۇنجى قېتىم رەسىم سىزغان رەسسام ئەمەس، بەلكى ئالدىنقىلارنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالالىغانلىقى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن تالېس، خېپپارچۇس، ئېمپېدوكلېس، پىتاگوراس قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى ئىلىم ئىشىغا سەرپ قىلغان. ناھايىتى مۇرەككەپ گېئومېترىيىلىك كاللىسى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسابلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى بار بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبى دۇنيانىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ ماسلاشقان.

## تىزگىنلەش مىزانى

تىزگىنلەش مىزانىدىن مەلۇمكى، ئىنسانلارغا تەبىئەتنىڭ رولىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ۋەجىدىن كېلىدىغان جازا، ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان ـ زەخمەتنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىچە ئەمەس. ئاچارچىلىق، كېزىك، قىروۋ ئۈششۈكى، ئۇرۇش ۋەجىدىن زەئىپلىشىپ ئۆلۈۋېلىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئىرقلارنىڭ ھالىتى بۇ دۇنيانىڭ ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدىغان كەلتۈرمىشلىرىدىن دەپ قارىلىشى كېرەك. دۇرۇس، ئۇلار تاغ چوققىسىدىن يۇمىلاپ چۈشكەن شېغىل تاش، تۇرمۇش يولىمىزنى توسۇش ئارقىلىق ئىش ـ ھەرىكىتىمىزگە كاشىلا قىلىۋاتقان توسۇق، خالاس. بىراق، ئۇلار بىزگە بىز قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىپ قانداقتۇر «تاسادىپىيلىق» دەۋاتقان ئىشلارنىڭ بىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا گويا ماشىنىدەك ئىنتايىن توغرا مېخانىكىلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەكتە.

شۇنداق، دەھشەتلىك بالايىئاپەت كەبى بۇ خىل كۈچ ئالدىدا، بىز شۇقەدەر ئاجىزمىز. شۇڭا، ئۇلارنى توسۇش خۇسۇسىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمىز خۇددى ياچېۋەكنىڭ ھارۋىنى توسۇپ باققىنىغا ئوخشاش كۈلكىلىك بىر ئىش. بۇ گويا مىليونلىغان كىشى زوراۋانلىق قىلسا،

بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېتىراز بىلدۈرگىنىگە ئوخشايدۇ. بوران ـ چاپقۇن ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ دولقۇن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى، بىراق دولقۇننىڭ ئۇلارنى بىتچىت قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولىمىز. دۇرۇس، ئۇ كىشىلەر ئاخىرى ئىلاجسىزلىق ئىچىدە قارشى تەرەپكە ھەسرەت بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا باقىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاشۇ دولقۇن ئىچىدە ئامان ـ ئېسەن لەيلەپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى، ئەڭ ئاقىلانە تاللاشتۇر. چۈنكى، بۇ بەختسىزلىك ئىچىدىكى ئەڭ زور بەخت، خالاس. توغرا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەزەر كۆزىنى كونترول قىلىشقا ھوقۇقلۇق. بىراق، بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كەلتۈرمىشنى پەقەت پېشانىدىنلا كۆرگۈلۈك.

شەيئىلەر ئاجايىپ كامال تاپقان، قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بۇ دۇنيانىڭ يادروسى بولمىش ماكانىمىزدا كۆزىمىزگە تۇنجى چېلىققان روشەن رېئاللىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشقا، ئۇ ھەقتە گەپ قىلماي بۇتتەك جىم تۇرۇۋېلىشقا ئامالسىزمىز. چۈنكى، تۇرمۇش ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىمىزدە گۈزەل ۋە ئەجابىي نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، رەزىل ۋە قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلايدىغان بولساق، راستچىللىق ۋە سەممىيلىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان بولىمىز. بىر ئادەمنىڭ كۈچى دەل بىر خىل تەبىئىيلىك ئارقىلىق تەدرىجىي جۇغلىنىدۇ. جۇملىدىن كىشىلەر سانسىز قېتىملىق سىناق ۋە تەجرىبە نەتىجىسىدە تەبىئىيلىكنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرى بىلەن ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇپ، ئاخىرى ئاشۇ تەبىئىيلىكنىڭ سىرلىق ۋە يېگانە نۇرىنى كۆرۈشكە قادىر بولالايدۇ. شۇ چاغدىلا بىز ئەركىنلىك ئالىمىگە قاراپ مەزمۇت بىر قەدەم باسقان بولىمىز.

بىز ئادەتتە «تەقدىر » دەپ قارايدىغان ئامىل، تەبىئىتىمىزگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بىز ئۇنى «چەكلىمە» ياكى «چەكلىمىلىك» دەپ ئاتايمىز. شۇڭا بىزنى كونتروللاپ تۇرغان نەرسىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت ھاياتلىقنىڭ بىخ سۈرۈپ ياشىنىشىنى چەكلىيەلىسىلا، بىز ئۇنى تەقدىر دەپ بىلىمىز. ناۋادا قىلمىشىمىز ۋەھشىيلىك ۋە شەپقەتسىزلىك بولسا، تەقدىرمۇ بىزگە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەھشىيلىك ۋە شەپقەتسىزلىككە تولغان ۋەھىمە-



لىك ئەپتى بىلەن باقىدۇ. شۇنىڭدەك بىزگە زەربە بېرىۋاتقان، كاشىلا بولۇۋاتقان مۇھىتمۇ بىزنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ مەدەنىيلىشىشىمىز ۋە ئالىيجانابلىشىشىمىزغا ئەگىشىپ، ئاستا ـ ئاستا سىپايىلىشىپ بارىدۇ. مۇبادا بىز جىسمانىي چەكلىمىلەردىن ھالقىپ، ئاسايىشلىقتا تولغان مەنىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلىسەك، ئۇنداقتا رەقىبلىرىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش روھىي ھالەتتە مەيدانغا چىقىدۇ. قەدىمكى ھىندى رىۋايەتلىرىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ۋىشنۇ ئۆز ئۆمرىدە ماھامايانىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە باشتىن ـ ئاياغ زىچ ماسلىشىدۇ. جۈملىدىن ماھامايا قۇرتتىن راكقا، راكتىن پىلغا ... ئىشقىلىپ قانداق ھايۋانغا ئۆزگەرمىسۇن، ۋىشنۇ ئاشۇ ھايۋاننىڭ ئەركىكىگە ئۆزگىرىدۇ؛ ماھامايا ئاخىرى ئادەمگە يەنى ئايال ئىلاھقا ئۆزگەرگەندە، ۋىشنۇمۇ ئەر ئىلاھقا ئۆزگىرىدۇ. دېمەك، روھنىڭ پاكلىنىشىغا ئەگىشىپ، چەكلىمىلەر قەدەممۇ قەدەم ئازىيىپ بارىدۇ. بىراق، زۆرۈرىيەت چەمبىرىكى ھامان تەقدىرنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە كېلىپ توختايدۇ. قەدىمكى سكاندىناۋىيە ئاسمىنىدىكى ئىلاھ ئالۋاستى فېنرىسنى تاغدەك ئېغىر تۆمۈر بىلەن بېسىپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا، ئۇ ھېلىقى ئىلاھنىڭ بوينىغا مەشۇت ۋە ئۆمۈچۈك توردىنمۇ يۇمشاق زەنجىرنى سېلىپ، ئاشۇ يۇمشاق زەنجىر ئارقىلىق ئىلاھنى بويسۇندۇرىدۇ. ئىلاھ قانچە تىركەشكەنسېرى ئۇنىڭ بوينىدىكى زەنجىر شۇنچە چىڭقىيدۇ. تەقدىر چەمبىرىكىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۇمشاقلىق ئىچىدە مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ. مەيلى براندى بولسۇن، ئىلاھىي شاراب بولسۇن ۋە ياكى شېئىر بولسۇن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھېلىقى يۇمشاق زەنجىرنى ئېلىپ تاشلىيالمايدۇ. چۈنكى پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىنى شائىرلار ئىخلاسمەنلىك بىلەن بەيئەت قىلىدىغان ھېلىقىدەك ئالىيجانابلىق بولسا، ئىدىيىدىكى بەڭۋاشلىق، تەنتەكلىك ۋە قۇرۇق خىياللارنىڭ ھەممىسى ئىدىيىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە مۇخالىپ كېلىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئىدىيە ھەرگىزمۇ تەقدىردىن ھالقىيالمايدۇ، يەنى ئىدىيە تەقدىر زەنجىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي ، ئۆز رولىنى پەقەت مەڭگۈلۈك مىزاننىڭ قوماندانلىقىدىلا جارى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ئەخلاق ئالىمىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ، تەقدىر يەنىلا ئىدىيىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ گويا ھەيۋەتلىك باقاۋۇلدەك ئادەم-

نىڭ ئىدىيىسىدىكى تەكەببۇرلۇققا بولغان ئىنتىلىشنى تۈگىتىپ،
كەمتەرلىكنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. تەقدىر كىشىلەردىن ھەققانىيەتنى ھا-
ياتلىققا باشتىن ـ ئاياغ سىڭدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ناۋادا ھاياتلى-
قىڭدىكى ھەققانىيەت ئېڭى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان ھامان، ئۇ ساڭا
ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. دېمەك تەقدىر مىزانى «پايدىلىق ئامىللار راۋاج
تاپىدۇ، زىيانلىق ئامىللار زاۋال تاپىدۇ» دەپ قارايدىغانلىقى ئۇچۇنلا ئا-
دىلدۇر. گرېكلەر شۇنداق دەيدۇ: «گۇناھ قىلساڭ بەرھەقكى ئۇنىڭ
جازاسىغا ئۇچرايسەن. شۇڭا پەرۋەردىگارغا ساداقەتمەن بولمىقىڭ
زۆرۈردۇر.» ۋالېسنىڭ شېئىرلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەرۋەردىگار
رەزىللەرگە مەغپىرەت قىلمايدۇ.» ئىسپانىيىنىڭ كلاسسىك شائىر-
لىرىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارنىڭ راۋۇا كۆرۈشى، ئۇ
ۋاقىتلىقتۇر.»

ئىنساننىڭ ئىدراكى، چەكلىمىنى بۇزۇشقا ئامالسىز. يەنى ئىنى-
سان پاراستى ئاخىرىدا ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يېتەلىسىمۇ، لېكىن
ئاشۇ پاراسەت بىلەن ئەركىن ئىرادە يەنىلا تەقدىرگە ئىتائەت قىلىدۇ.
بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن بىز يۈزەكى پىكىر يۈرگۈزۈپلا تومتاق يەكۈن
چىقارماسلىقىمىز، ئەكسىچە قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە تەبىئەتنىڭ
ئۆلچىمى ياكى ماھىيەتلىك پەرقلەرنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە
باشقا ئامىللارغىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىمىز
كېرەك.

## ئالەمنىڭ گۈلتاجى، مەۋجۇداتنىڭ جەۋھىرى

شۇنداق، بىز تەقدىر ئېقىمىدا ئۆتمۈشكە نەزەر سالماقتىمىز. بىز
شۇنى سەزدۇق: مەيلى ماددىلار ئارىسىدا بولسۇن، ئىنساننىڭ قەلبىدە
بولسۇن، ئەخلاقتا بولسۇن، ئىرقلار ئارىسىدا بولسۇن، سىنىپلارنىڭ
سۆرەلمىلىكىدە بولسۇن، ئىدىيە ۋە خاراكتېردە بولسۇن... ئىشقىلىپ
ھەرقانداق ئورۇندا، تەقدىر ھامان تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر
خىل توسۇش ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق، تەقدىرنىڭمۇ ئۆزىگە
خاس ئىگىسى بار. چۈنكى چەكلىمىنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم بىر چەكلى-
مىلىك تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرىدۇ. مەيلى قايسى نۇقتىدىن



كۆزەتمەيلى، ئۇ چەكلىمىلەر بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇ
ئىككى مەنبەلىك دۇنيانىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى بولمىش كۈچمۇ
خۇددى تەقدىرگە ئوخشاش پۈتمەس ـ تۈگىمەستۇر. ناۋادا تەقدىرنى
كۈچكە سوغدىشىپ ئۇنى تىزگىنلەيدۇ، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا كۈچمۇ
تەقدىرگە جور بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىدۇ. شۇڭا تەقدىرنى
تەبىئەتنىڭ تارىخى قاتارىدا ئۇلۇغلىشىمىز كېرەككى، لېكىن تارىخنى
ھەرگىزمۇ تەبىئەت تارىخى بىلەن چەكلەپ قويماسلىقىمىز لازىم.

چۈنكى بىز شۇنداق سوئاللارنى قويىمىز: بۇ ماددىي دۇنيانى زادى
كىم ئانالىز قىلىپ باھالايدۇ؟ ئۇ ھەقتىكى سوئاللارنى كىم ئوتتۇرىغا
قويىدۇ؟ ئۇنىڭغا كىم جاۋاب بېرىدۇ؟ ئادەم تەبىئەت كاتېگورىيىسىگە
مەنسۇپ ئەمەس. ئۇ باشقا تەبىئىي شەيئىلەر بىلەن قوشكېزەك قې-
رىنداش ئەمەس. بىراق ئۇ تەبىئەت زەنجىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان
بىر ھالقىسىدۇر. ئادەم ئۇ بىر رەزىل ۋە شەرمەندە مەخلۇق ئەمەس،
بەلكى ئۆز تەقدىرىنى تالىشىدىغان ئىسيانكار، جاھان سەيناسىنىڭ
يىغىندىسى، ئالەمنىڭ گۈلتاجى، مەۋجۇداتنىڭ جەۋھىرى.

ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان
شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئاشكارىلاپ بەردى. ئەنە، كېلەڭسىز،
ھاماقەت، تۆت پۇتىنى قول ئورنىدا ئىشلىتىدىغان، بەتبەشىرە بېلىق-
سىمان تۆت پۇتلۇق مەخلۇق، تېخىچە ئىككى پۇتلۇق ھايۋانغا
ئۆزگىرىپ بولالىغىنى يوق. بىراق ئۇمۇ يېڭى بىر كۈچكە ئېرىشىشكە
ئىنتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ باشقا نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان بىر قىسىم
تۇغما ئىقتىدارىنى قۇربان قىلىشى لازىم. بىراق، ئىنساننىڭ جىسمىدا
سەييارىلەرنى پارتلىتىپ، يېڭى پلانېتىلارنى ھاسىل قىلالايدىغان
ئۇچقۇن، شۇنداقلا سەييارە ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ياراتقۇچىسى يو-
شۇرۇنغان. ئادەمنىڭ بىر يېنىدا تاغ جىنسلىرى، ئالماس، لوپولىت،
تورف ھاۋزىسى، ئورمان، دېڭىز ۋە دېڭىز ساھىلى قاتارلىق تەبىئەت
سىستېمىسى، يەنە بىر تەرىپىدە تەبىئەتنى ھاسىل قىلالايدىغان ۋە
ئېرىتەلەيدىغان ئىدىيە بىلەن روھ تۇرۇپتۇ. ئىنسان دەل ئاشۇ ئىككى
خىل ئامىلنىڭ ئارىسىدا، پەقەت شۇ نۇقتىدىلا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ
مەزمۇت تۇرىدۇ؛ پەرۋەردىگار بىلەن ئىبلىس، روھ بىلەن ماددا، شاھ

بىلەن سۈيىقەستچى، كەمەر بىلەن قايناق ھىس- تۇيغۇ... ئىنسانغا
ھەمدەم بولىدۇ ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ كۆزى ۋە مېڭىسى ئارقىلىق ئالغا
قاراپ بەخىرامان ئىلگىرىلەيدۇ.

## ئەركىنلىك زۆرۈرىيەتتۇر

ئىنسان ئەركىن ئىرادىنىڭ غايەت رولىغا سەل قارىماسلىقى لا-
زىم. شۇڭا ئۆزئارا زىتلىقنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىگە قارىماي «ئەركىنلىك
زۆرۈرىيەتتۇر!» دەپ نەرە تارتايلى. ناۋادا خالىساڭ، تەقدىرىڭگە قول
كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىقىنىدا مۆمىنلەرچە قول
قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، «قىلمىش ـ ئەتمىشلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىردىن-
دۇر» دېسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق مەن ساڭا شۇنداق دەيمەن:
ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى، تەقدىرنىڭ بىر قىسمىدۇر؛ زۆرۈرىيەت ئالدى-
مىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتۈش، تەقدىرنىڭ تارىخىدۇر.

روھىتىكى تاللاش بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئىمپۇلس تۇيغۇسى گويا
ماگىمىدەك ئەبەدىي ئۆركەشلەپ تۇرىدۇ. بىلىم تەقدىرنى ئازاد قىلىدۇ.
شۇڭا، بىر ئادەم تەپەككۇر قىلالىسىلا بىز ئۇنى ھۆر ئادەم، دېسەك بو-
لىۋېرىدۇ. ھېچكىم بىزنى «ئەركىنلىك» دەپ توۋلاۋاتقان كۆرەڭ قۇل-
لار(بىزنىڭ كۆپ سانلىقىمىز قۇللاردۇر)دەك بىزار قىلالمىسىمۇ،
ھېچقانداق نەرسە بىزنى مۇستەقىل پىكىر ۋە ھەرىكەت قىلىشىنى
ئۇقماي تۇرۇپ، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دەپ ئېيتقى قەغەز قارىسى
سىياھ زاكونلارنى ياكى قانۇنىي سايلام ھوقۇقىنى ھەقلىق دەپ قاراي-
دىغان كىشىلەردەك نەپرەتلەندۈرەلمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر كۆزىنى
ئېچىپ ئۆز تەقدىرىنى كۆزىتىپ ۋە تەقدىردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شۇ
ئارقىلىق تېخىمۇ پايدىلىق بىر نىشانغا يۈزلەندى. دېمەك، رېئاللىق بۇ
باشقا بىر نۇقتىئىنەزەردۇر! ئىنسانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مىسلى
كۆرۈلمىگەن كاتتا ئىش. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىنسان ئورنىدىن دەس
تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سەپىرىنى باشلىدى. ئىنسان بىلەن رېئال
شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاشۇ رېئال شەيئىلەردىن پايدى-
لىنىش ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئۆزگىرىپ، ئىنساننىڭ
ئاشۇ رېئال شەيئىلەرگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشى كەلمەسكە كەتتى



ھەمدە بۇ ھال ئىنساننىڭ نورمال تۇرمۇش ھالىتىگە ئايلىنىپ، ئۆز-
ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بولغان مىزان تۈسىنى ئالدى.—تەبىئەتكە تولا
سىنچىلاپ قاراپ كەتمە، چۈنكى ئۇنىڭ ئېتى تەقدىردۇر،—دەيدۇ ئۇ-
لۇغلار. چۈنكى چەكلىمىلەر ئۈستىدە ھەددىدىن زىيادە كاللا قاتۇرۇپ
كەتسە، ئۇ مەيۈسلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەقدىر- قىسمەت ، ئۆمۈر
يۇلتۇزى دېگەندەك نەرسىلەر ئۈستىدە گەپ ساتىدىغانلار چاكىنا ۋە
خەتەرلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاخىرى ئۆز پۇتىغا ئۆزى كەكە چې-
پىپ، ئۆزىگە ئۆزى كۈلپەت كەلتۈرىدۇ.

ئىلگىرى مەن تۇيغۇسى كۈچلۈك قەھرىمان مىللەتلەرنى پە-
خىرلىك تەقدىرچىلەر، دەپ تەرىپلىگەنىدىم. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى
ئۆز تەقدىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئۆملى-
شەلەيدۇ؛ ھەر قېتىم بىرەر تاسادىپىي كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا
پەرۋەردىگارنىڭ ساداسىغا سەمىمىي قۇلاق سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ھەرقانداق يامان ئىشتىنمۇ نۇسرەت قازىنىپ، ئۆمۈر مەنزىلىدە بىمالال
ئالغا يۈرەلەيدۇ. بىراق، بۇ خىل قائىدە ۋە ئەقىدە ئاجىز، ھۇرۇنلارنىڭ
ئىلكىگە چۈشۈپ قالسا، ئۇ باشقىلاردا بۆلەكچە تەسىرات قالدۇرىدۇ.
چۈنكى جۈرئەتسىز، ئىچى زەھەر كىشىلەر ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى
تەقدىرگە دۆڭگەپ قويىدۇ. ناۋادا تەقدىردىن دۇرۇس پايدىلانغاندا، ئۇ
ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى رۇسلاپ، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمىزنى ئا-
لىيجاناپ تەبىئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلەيدۇ. تەبىئەتنىڭ كۈچى
تەڭداشسىز كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمە
بويسۇندۇرالمايدۇ. دۇرۇس، ئىنسانلارمۇ ئاشۇ تەبىئەتتەك توسقۇنسىز
كۈچكە تولسۇن! ئىنسانلار خىيالىي دۇنياسىدىكى ئۆز بېشىمچىلىقى-
نى تۈگىتىپ، تەبىئەت يۈكسەكلىكىدىكى سالاپىتى ۋە ئۇتۇقلىرى بى-
لەن ئۆز تەقدىرىدىكى ھاكىملىق ئورنىنى نامايان قىلسۇن! ئىنساننىڭ
ئىرادىسى گويا يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچى مەۋھۇم ئارقان بىلەن يەر
شارىغا باغلاپ قويغاندەك مۇستەھكەم ۋە تەۋرىمەس بولسۇن! شۇندىلا
ھېچقانداق كۈچ، ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب ئۇنى قايىل قىلالمايدۇ؛
ھېچقانداق ھىيلە ـ نەيرەڭ ئۇنى ئۆزىگە قارىتالمايدۇ، ئۆز نىشانىدىن
ۋاز كەچكۈزەلمەيدۇ. بىر ئادەم دەريا ـ كۆل، ئورمان ياكى تاغ ـ ئېدىرلار
بىلەن بەسلەشكەندە ئۇلارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلالىشى لازىم. ئۇ ھەرد-

كەتچانلىق ۋە ئۇچقۇرلۇقى بىلەن ھەممىنى بېسىپ چۈشسۇن!

تەقدىرگە يۈزلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ھايات- ماماتقا پەسەنت قىلماسلىقتەك ئۇلۇغۋار روھنى تۇرغۇزۇشتۇر. چۈنكى تەقدىرنىڭ كۆرسەتمىسىدە ياشايدىغانلىقىڭنى چۈشىنىپ يەتكەن چېغىڭدا، دېڭىزدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ياكى دوستۇڭنىڭ ئۆيىدە يامرىغان خولېرا كېسىلىگە ياكى تۈن قاراڭغۇسىدا ئۆيۈڭگە باستۇرۇپ كىرگەن بۇلاڭچىغا ۋە ياكى مەجبۇرىيەت سەپىرىڭدە يولۇققان ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە دادىل يۈزلىنىپ، مەردانە تاقابىل تۇرالايسەن. ناۋادا تەقدىرنىڭ ئۆزۈڭگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بايقىساڭ، ئۇنداقتا ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنگىن!

دېمەك، تەقدىر ئەنە ئاشۇنداق ھەممىگە سىڭىپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنداقتا ئىنسانمۇ ئاشۇ تەقدىرنىڭ بىر قىسمى، دېگەن گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ئۇسۇلى بويىچە، تەقدىرگە تەقدىر بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا بولىدۇ. مۇبادا ئالەم ياۋۇزلۇقلىرىنىڭ قىسمەن تاسادىپەن ئامىللىرى قۇتراپ قالسا، ئۇنداقتا ماددا ۋە روھ مولېكۇلىلىرىدىن بولمىش بىز ئىنسانلارمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك بىلەن تاقابىل تۇرىمىز. بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى، ناۋادا تېنىمىزدە ھاۋا بېسىمىغا قارشى تۇرۇش كۈچى بولمىغان بولسا، ھاۋا بىزنى ئاللىقاچان مىجىۋەتكەن بولاتتى. نېپىز ئەينەكتىن ياسالغان بىر دانە ئەينەك تۇرۇبىغا لىقمۇلىق دېڭىز سۈيى قاچىلانسا، ئۇ دېڭىزنىڭ تاغنى تالقان قىلىۋەتكۈدەك زىلزىلىرىنى توسۇپ قالالايدۇ. ئەگەر زەربە بېرىش كۈچى چەكسىز بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا قايتۇرما زەربە كۈچى بىر سىنىقتا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## يۈكسەك ئىجادچانلىق

نېمىلا دېگەنبىلەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەقدىرگە تەقدىر بىلەن تاقابىل تۇرۇش، پەقەت ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش تاكتىكىسىلا، خالاس. تەقدىر ئوكيانىدا گويا بېلىق سۇدا ئۈزگەندەك بىمالال شۇڭغۇش ئۈچۈن، ئىنساندا يۈكسەك ئىجادچانلىق بولۇشى لا-



زىم. روھنىڭ نۇرى ئىنساندىكى قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتتى. بىز ئاشۇ نۇرنىڭ يورۇقىدا قۇللۇقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىك ئالىمىگە كىردۇق. بىز ئۆزىمىزگە مۇنداق لىللا باھا بېرەلەيمىز: بىز ئانىدىن تۇغۇلغاندىن كېيىن، رېئال تۇرمۇشتا يەنە قايتا تۇغۇلىمىز، ھەتتا نۇرغۇن قېتىم قايتا تۇغۇلىمىز. ئىنسان يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ھامان، ئۇنى قاتمۇقات كەچۈرمىشلەر ئۆز قورشاۋىغا ئالىدۇ. ۋەھالەنكى بىز ئاشۇ قورشاۋدىن ئوڭۇشلۇق بۆسۈپ چىقالىغان چېغىمىزدا يېڭى بىر ھاياتلىققا ئېرىشىمىز. بۇ نېمىدېگەن مۇھىم بىر جەريان- ھە! بىز يېڭى كەچۈرمىشلەرگە يولۇققاندا، ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىمىز، ھەتتا يەتتە قات ئاسمان ياكى توققۇز قات ئاسمان ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىمۇ پاك- پاكىز ئۇنتۇيمىز.

ھاياتلىقنىڭ بايرىمى كۈنى—ئەڭ ئۇلۇغ كۈن، ئەڭ يېڭى كۈن، ئەڭ مۇھىم كۈن. ئۇ كۈنى ئىنسان روھىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، مەۋجۇداتنىڭ سىستېمىلىق بىرلەشكەنلىكىنى، ئالەم مىزانىنىڭ ھەممىلا يەردە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كۆز ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنىڭ مۇقەررەر، زۆرۈر ۋە ئەڭ ئېسىل شەيئىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. يەنى بۇ خىل يۈكسەك بەخت گويا ئىلاھ كەبى پەرىشتىگە چۈشۈپ، بىزگە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ ۋە بىزگە تەسىر كۆرسىتىپ، قەلبىمىزنى ئېرىتىدۇ. دۇرۇس، ئۇ خىل بەخت بىزنىڭ جىسمىمىزدا مەۋجۇت بولىدۇ. ياكى، ئۇنداق دېگەندىن كۆرە، بىز ئىنسانلار دەل ئۇنىڭ قوينىدا ياشايمىز، دېگەن تۈزۈك. مۇبادا ھاۋا ئۆپكىمىزگە يېتىپ بارالىسا، بىز نەپەسلىنىپ، مەۋجۇت تۇرالايمىز. ئەكسىچە بولسا، بىر تىنىقتا ئۆلگىنىمىز شۇ. مۇبادا نۇر كۆزىمىزنى يورۇتالىسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتنى كۆرەلەيمىز. ئەكسىچە بولسا، زۇلمەت ئىچىدە ئۆمرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز. مۇبادا ھەقىقەت قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالالىسا، بىز كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قۇدرەت تېپىپ، ئاشۇ ھەقىقەتكە باراۋەر يۈكسەكلىككە يېتەلەيمىز. جۈملىدىن خۇددى كۆككە تاقاشقان گىگانت ئادەمدەك ئەرش بىلەن پەرش ئارىسىدا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايمىز. شۇندىلا بىز ياراتقۇچى، مۆلچەرلىگۈچى ۋە بىشارەتچىگە ئايلىنىپ، تەبىئەت نامىدىن ئېغىز ئاچالايمىز.

بۇ خىل كۆزنىتىش ئىقتىدارى ھەش- پەش دېگۈچە بىزنى ئالەم-

نىڭ روھىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ خىل روھ بارلىق مەۋجۇداتقا ھەتتا ئۆزىمىزگە ناھايىتى ماسلاشقان بولۇپ، گويا بىزنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشىمىزگە ئوخشايدۇ. ئېنىق كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ يورۇتۇشى بىلەن پىكىر بايان قىلغۇچىنىڭ ئۆز روھىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىپ دېگەنلىرى بەرھەق راست بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، روھ ئۆلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشى كەسكىن قىلىپ شۇنداق دېيەلەيدۇ: روھ ھەممىگە قادىر ۋە يېڭىلمەس بولغىنى ئۈچۈن مەن مەڭگۈ ھايات غەيۇر كىشىمەن!

روھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەمەس، بەلكى بىز روھنىڭ ئىچىدە ياشايمىز. ئۇ يارالغۇچى ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىدۇر. شۇڭا ھەرقانداق شەيئى ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئۆزگىرىدۇ ھەم باشقا تاشقى كۈچ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ روھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئاشۇ روھتىن بەھرىمەن بولغۇچىلاردىن ھالقىيدۇ؛ ئەكسىچە، بەھرىمەن بولۇشنى بىلمىگەن كىشىلەردىن يىراق ـ يىراقلارغا قاچىدۇ. چۈنكى روھتىن بەھرىمەن بولۇشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ قوي، كالىدىن قىلچە پەرقى بولمايدۇ. روھ قانداقتۇر ئىلگىرى ئۆتكەن ئالىيجاناب ئاقىللار، ئىنجىل، ئاساسىي قانۇن، ئىنستىتۇت ياكى ئۆرپ ـ ئادەتتىن ئەمەس بەلكى ئۆزىدىن تۇغۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەجدادى دەل ئۆزىدۇر. روھ نەدە جۇلالىق نۇرىنى چاچالىسا، شۇ يەردە تەبىئەت ئۆزىنىڭ زوراۋانلىقىنى يوقىتىدۇ.

روھنىڭ ئوبيېكتى بىر پۈتۈن ھەقىقەت بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئايرىم ھەقىقەتكە ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيدۇ. بىرەر پاراسەت ئىگىسىنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل ئالغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ بارلىق ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىشقا ئۇتتەك ئىنتىلىمىز. بىراق، ئاشۇ كىشىنىڭ ئالدىدا تۇرغان چېغىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ روھى كۈچلۈك مەۋج ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ھېلىقى پاراسەت ئىگىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنتۇيمىز ـ دە، زېھنىمىز ئۆز ئىدىيىمىزنىڭ يېڭىياچە رولىغا مۇجەسسەملىنىدۇ. يەنە كېلىپ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوي ـ پىكرىگە ھېلىقى پاراسەت ئىگىسىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشتىياق باغلايمىز. بۇ خىل مەنىۋى ھالەت بىزنى بىردىنلا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر خىل مەنزىلگە ئېلىپ كىرىدۇ.



بۇ خىل مەنزىل، بۇ خىل ئۆزىدىن مۇستەسنا ھالەت، بۇ خىل ئۆزۈمچىلىككە قىلىنغان مەسخىرە ۋە بۇ خىل مىزان يۈكسەكلىكى، ئاخىرى مەنىۋىيىتىمىزنى بىر نۇقتىغا مۇجەسسەملەپ، بىزنى روھىي چېچىلاڭغۇلۇقتىن خالاس قىلالايدۇ. ئىلگىرى بىز، بىرەر مەركىزىي نۇقتىنى تاپالماي ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا تەمتىلەپ مېڭىپ باققاندۇق. مانا ئەمدى گويا بىرەر شار جىسىمنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغاندەك چىقىش نۇقتىمىز بىلەن نىشانىمىز ھەققىدە تولا كاللا قاتۇرۇپ كەتمەي، مەنزىلىمىز ئاتا قىلغان ئەركىنلىك ۋە شەرەپتىن پەخىرلىنىپ تۇرۇپتىمىز.

ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن كۈچ ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. يەنى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ قانچىلىك ئاشسا، ئورگانىك جىسىمنىڭ شۇنچىلىك كۈچكە تولىدۇ. ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئېنىق بىلىدىغان ئادەم، ئىنتىلىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ ۋە يېتەكلەپ ماڭالايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ زۆرۈر نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىيالايدۇ. دېمەك، بىز ئىنسانلار ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالايمىز. بىز گەرچە گاھىدا ئۈگدەپ قالساقمۇ، لېكىن چۈشلىرىمىز بىزگە ۋاكالىتەن ھەممىنى ئىدارە قىلالايدۇ. ئوي ـ پىكىرلىرىمىز گەرچە بىر سائەتلىككىلا تارىخ ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ قەدىمىي زۆرۈرىيەتنى، يەنى روھ، ئىدىيە ۋە ئىرادىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرگە ئاپىرىدە بولۇپ، بىرگە يوقىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى ھەممىگە ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ھوقۇقى ۋە كارامىتىنى ھەمدە بۇ تەڭداشسىز ھوقۇق ۋە كارامەتلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرجان ـ بىرتەن ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. بىراق، ئۇ ئوي ـ پىكىرلەر ماڭا ياكى ساڭىلا خاس ئىدىيە ئەمەس، بەلكى بارلىق روھنىڭ ئىرادىسىدۇر. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق روھقا سىڭىپ، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئاشۇ روھقا ئايلانغاندىن كېيىن، ئادەمگە ئادىمىيلىك ئاتا قىلىدۇ.

مەن ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ ئۈستىدە مۆئەييەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلەيدىغان، بارلىق ئاتوملارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر خىل ھاۋا

ئىقىمىنىڭ مەغرىبكە قاراپ مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدىغان پاكى تۇرمايدى-
غانلىقىنى راستتىنلا ئۇقمايمەن. بىراق شۇنى ئېنىق بىلدىمكى، كى-
شىنىڭ روھى مەلۇم دەرىجىدىكى ئۆزلۈك ئېڭى يۈكسەكلىكىگە يەت-
كەندىن كېيىن، ئۇ بىر تۇرلۇك ئېنىق سېزىمغا ئېرىشىپ، شۇ ئار-
قىلىق بىر تۇرلۇك خالىس بىلىم ۋە مۇددىئانى هاسىل قىلىدۇ. ئى-
رادىنىڭ بىر تىنىقى پۈتكۈل روھ ئالىمىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنى مەڭگۈ
ئۆزگەرمەس توغرا ۋە زۆرۈر يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلەندۇرەلەيدۇ. چۈنكى
ئۇ بارلىق ئەقىل - پاراسەت نەپەس ئالىدىغان هاۋا، شۇنداقلا جاهاندىكى
بارلىق مەۋجۇداتنى رېتى بويىچە ئۆز يولىغا سالالايدىغان ئىللىق
شامالدۇر.

ئىدىيە روھنى كامال تاپقۇزۇپ، ئۇنى مەۋجۇداتنى يارىتىش يۈك-
سەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددىي ئالەم ماگىمىدەك ئېرىپ
ئاقىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، ئادەملەرنىڭ هەرقانداق ئۆز ئىدىيىسىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە هەرىكەت قىلىدۇ. لېكىن كىمنىڭ ئوي - پىكرى
تېرەن بولسا، شۇ كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ- دە، بۇنىڭ بىلەن
قارشى تەرەپنى مەپتۇن قىلىپ، ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. مۇئەييەن مەز-
گىلدە، بىر ئادەم يەنە بىرىگە قارىغاندا پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس ئىرا-
دىسىگە تېخىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ.

## ئەخلاقىي تۇيغۇنىڭ كۈچى

مۇبادا كۈچلۈك ئوي - پىكىر ئەركىنلىكنى يارىتالايدۇ، دېيىلسە،
ئۇنداقتا ئەخلاقىي تۇيغۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەنىۋىيەتتىكى ئۆزگى-
رىش چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سىرلىق ۋە مۇرەككەپ
بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئانالىز قىلىمەن، دېيىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتىن
باشقا نەرسە ئەمەس. بىراق شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، هەقىقەتنى
بىلىش بىلەن هەقىقەتنىڭ جەزمەن يېڭىدىغانلىقىغا بولغان كۈچلۈك
ئىنتىلىش بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق
كۈچلۈك هېس - تۇيغۇ ئىرادىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدۇ. يەنە
كېلىپ هەر قېتىم بىر تۇرلۇك كۈچلۈك ئىرادە تىكلەنسە، ئۇ كىشى



جىسمىدىكى بارلىق ئەزالارنى مەلۇم بىر خىل نەتىجە خۇسۇسىدا تەش-
كىللەپ، تەن بىلەن روھتىكى بارلىق كۈچ - قۇۋۋەتنى يىغىپ، ئاشۇ
نىشانغا قاراپ يۈزلەندۇرەلەيدۇ.

هەرقانداق ئۇلۇغۋار كۈچ هەقىقىي ۋە نېگىزلىك كېلىدۇ. قەيسەر
ئىرادىنى ياساپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىش
تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىر قاداق ئېغىرلىقنى تەكىپۇڭلاشتۇرۇش
ئۈچۈن، چوقۇم يەنە بىر قاداق ئېغىرلىق بولۇشى لازىم. كۈچ، ئىرادى-
نىڭ نەرىدە ئايان بولمىسۇن، ئۇ چەكسىز ئالەم كۈچىنىڭ تۇرتكىسى-
دىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن، يارالېك بىلەن بوناپارت ئۆزلىرى-
نىڭ مەلۇم بىر هەقىقەتكە تايىنىۋاتقانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەندى.
ئەكسىچە بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى سولغان بولاتتى. چۈنكى،
هەرقانداق چەكلىك ئىرادىنى ئازدۇرغىلى، بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. بى-
راق، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن نىشانى بىلەن بىرجان - بىرتەن بولغان كۈچ
چەكسىزلىككە يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئازدۇرۇش ياكى سولدۇرۇش
مۇمكىن ئەمەس. هەممىمىزنىڭ ئەخلاقىي تۇيغۇغا يانىدىغان كەچ-
مىشلىرىمىز بولغان. بىز بۇنداق هېس - تۇيغۇ قاينىمىدا تاللاشقا ئا-
مالسىز. شۇڭا، پەقەت ئاشۇ چەكسىز كۈچكىلا ئىلتىجا قىلىمىز. يۇ-
رىكىمىزنىڭ دۇپۇلدەشلىرى، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەهدىدۇر. ناۋادا «ئا-
لىيجاناب» كەلىمىسى يۇرىكىمىزنىڭ دۇپۇلدەشلىرىدىن ئىبارەت بۇ
«ناتىۋان بالا»غا بىر خىل قورقۇنچلۇق كۈچتىن بېشارەت بەرمىگەن
بولسا، بىز ئاشۇ كەلىمىنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن
بولاتتۇق. قەهرىمانلىق هەققىدىكى هەرقانداق دەرسلىكلەر، هەرقانداق
بىر مەردانە شەخسىنىڭ ئىسمى ۋە ئىش - ئىزلىرى هەرگىزمۇ ئەر-
كىنلىكنىڭ يەكۈنى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك هەققىدىكى هېكمەت-
تىنلا ئىبارەت. پارس شائىرى خەفىزنىڭ بۇ هەقتە يازغان «ئەركىن-
لىك، ئۇ جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا پۈتۈلگەن، بىراق سېنىڭ بەختسىز-
لىكلىرىڭدىن ئەپسۇسلىنىمەن. چۈنكى تەقدىرىڭ ئۆزىنىڭ ئاسىيلىق-
لىرىغا بەرداشلىق بېرىپتۇ » دېگەن مەزمۇندىكى مىسرالىرى ئادەمنىڭ
قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

تارىخنى ئوقۇپ قويساقلا تەقدىرچىلەردىن بولۇپ كېتەرمىزمۇ؟
هالبۇكى، ئۇنىڭغا قارشى پىكىرلەردە غايەت زور جاسارەت بالقىپ تۇ-

روپتۇ. قايناق تۇيغۇ پەقەت بىر دەقىقە داۋام ئەتسىمۇ، لېكىن ئاشۇ تۇيغۇ تۇغقان پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىشتەك ئەركىن ئىرادە، ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىپ بولمايدىغان ئالەمنىڭ كۈچىگە مەردانە تىركىشەلەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن ھېس ـ تۇيغۇ ھەرگىزمۇ ئىرادە ھېسابلانمايدۇ. ئىدراكىي سېزىم بەئەينى مۇزغا ئوخشايدۇ. ئەڭ ئالىي ساۋابلىقمۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىنتىلىشلەر داۋامىدا سولۇپ تۈگەيدۇ. خۇددى ۋولتايرⓘ ئېيتقاندەك: «ئالىيجاناب كىشىلەر توخۇيۇرەك كېلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېغىر بەختسىزلىكىدۇر.»

ئىرادىنىڭ كۈچى ئىدراكى سېزىم بىلەن ئىنتىلىش ئۆزئارا سىڭىشكەندىلا ئاندىن روياپقا چىقىدۇ. ناۋادا ئۆزۈڭنى ئۆز ئىرادەڭگە ياكى ئىرادەڭنى دەل ئۆزۈڭگە ئايلاندۇرالمىساڭ، ئۆزۈڭگە تۇرتكە بولغۇدەك كۈچكە ئېرىشەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. ئېھتىمال كىشىلەر مەردانىلىك بىلەن شۇنداق دەيدۇ: ئادەم ھەقىقەتنىڭ ئەكس تەسىرىنى سېزەلمەي تۇرۇپلا، ھەقىقەت ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە تەييارلانغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەرقانداق ھەقىقەتنى توغرا تونۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىرادە، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەم سۇرلۇك ھەم قورقۇنچلۇق ئامىلدۇر. شۇنىڭدەك، جەمئىيەتتە ئىرادە كەم بولسا، ۋىجدانسىزلىق ۋە خوشامەتچىلىك ئەۋج ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنلا بۇ دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچ ۋە دىنغا ھاجىتى چۈشكەن. ھالبۇكى، بۇ دۇنيادا ھەقىقەتنىڭ داغدام يولى تۇرۇپتۇ. ئاشۇ يولنى پەرق ئېتەلىگەن قەھرىمان، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆز نىشانىغا قاراپ دادىل ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. بۇ دۇنيا بولسا ئۇنىڭغا ئەبەدىي يۆلەك بولىدۇ. كۆزىتىپ تۇرغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۇ قەھرىمان چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق قۇياشقا ئايلىنىدۇ. ئۇ سەندىن رازى بولسا سەن ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىسەن. ناۋادا سەندىن نارازى بولسا، پەقەت خورلۇق ئىچىدە ئۆزۈڭنىڭ كارغا كەلمەسلىكىڭدىن ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىسەن. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزى بەئەينى قۇياشتەك ھەيۋەتلىكتۇر.

ⓘ (1694 ـ 1778) فرانسىيە يازغۇچىسى، پەيلاسوپ ۋە مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر.



شۇ نەرسە يادىڭدا بولسۇن: بىر ئادەم بۈيۈك ئىناۋەتكە نائىل بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ مېڭىمىزدە ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان شەرەپ بىلەن قەدىر ـ قىممەتلا ئەكس ئېتىدۇ. نەتىجىدە بىز سان ـ سىپىر، پۇل، كىلىمات، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى ۋە تەقدىر دېگەنلەرنى تەبىئىي ئۇنتۇيمىز.

## چەكلىمە ــ ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئۆلچىگۈچىسىدۇر

ناۋادا چەكلىمىنىڭ بىر خىل تۇزاق ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، قاقشاپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. تەقدىر ئالدىدا ئادەم گويا دادىسىنىڭ ئالدىدا ئەركىلەپ تۇرغان بالىغا ئوخشايمىز. چۈنكى بالا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆسۈپ بېرىۋاتقان بويىنى ئالدىدىكى تامغا تەڭلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىنى بۇ مەۋھۇم ئابىدىگە يېزىقسىز خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. بىراق، ئۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاشۇ ئۆينىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بالىلىق چاغلىرىدا ئاجايىپ بۈيۈك بىلىنگەن تامنىڭ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۆلچەشكە قۇربى يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ھېلىقى تامنى ئۆرۈۋېتىپ، تېخىمۇ ئېگىز تام سوقۇشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسىدا ھامان كۆرۈلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ زادى قاچان كۆرۈلىدىغانلىقى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا، خالاس.

جەسۇر ياشلارنىڭ ھەممىسى ھەر دائىم چېنىقىپ، تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ دولدۇلغا يوگەن سېلىپ مىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. ئۇ چېنىقىش داۋامىدا پەقەت ئۆزىدىكى ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن ئالدىدىكى غايەت زور توسالغۇلارنى تەڭداشسىز قورال ۋە سولماس قاناتقا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ. مانا ھازىر بىزگە تەقدىر بىلەن كۈچ ـ قۇدرەت ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنداقتا تەقدىر بىلەن كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ماس ھالدىكى بىردەكلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنسەك بولارمۇ؟ ئادەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى پەرۋەردىگارى بولىدۇ. يەنى ئىنسان ئۆي، جەمئىيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت، مۇھەببەت ۋە دىندا بىر

پەرۋەردىگارغا ئىشىنىپ ئۇنىڭ ھاكىملىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىراق
مېخانىكا، پار ۋە كىلىماتقا قانداق تاقابىل تۇرۇش، سودا، سىياسىي...
قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى باشقا بىر كۈچنىڭ ھاكىمى-
لىقىدا تۇرۇۋاتقاندەك سېزىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر پەرۋەردىگارغا
بەيئەت قىلىدۇ ھەمدە مەلۇم بىر جەھەتتىكى ئۇسۇل - چارىنى قوللانسا
ئىنتايىن ئېغىر خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇ خىل ھالەت ئاش - نانغا ئوخشاش ئومۇملاشقان. مەسىلەن، ئۆيدە ئىنتايىن
ئالىيجاناب، سەمىمىي ۋە مەرد كىشىلەر ئاكسىيە بىرژىسىدا بۆرە ۋە
تۈلكىگە ئايلىنىدۇ؛ مېھماندارچىلىقتا ناھايىتى تەقۋادار ۋە ئىخلاسمەن
كۆرۈنگەن كىشىلەر، سايلامدا پەرۋەردىگارنىڭ لەنىتىگە قالغان ئال-
ۋاستىغا بىر بېلەت تاشلايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنداق كىشىلەر
پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر خىل ھىممەتتىن بەھرىمەن بو-
لۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىراق، ئۇلار پار كېمىسى، تارقىلىۋاتقان
كېسەل ۋە ياكى ئۇرۇشنى كۆرگەن چېغىدا، بۇنى شەيتاننىڭ ھاياتنى
ۋەسۋەسىگە سېلىشى، دەپ قارايدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، مۇناسىۋەت بىلەن ئالاقە ھەرگىزمۇ
تاسادىپىي مەيدانغا چىقمايدۇ ھەمدە مەلۇم ۋاقىت ۋە ئورۇن بىلەن
چەكلەنمەيدۇ. مۇناسىۋەت بىلەن ئالاقە ھەرقاچان، ھەر زامان مەۋجۇت
بولۇپ ۋە رول ئويناپ تۇرىدۇ. مۇقەددەس تەرتىپ ئۆز بۇرچىنى ھەر-
گىزمۇ ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىن مۇستەسنا جايدا تۈگەتمەيدۇ، بەلكى
چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ تۇرىدۇ. دوستلۇقنىڭ كۈچى ھەرقان-
داق جايدا، يۇقىرىقى قانۇنىيەت بويىچە رول ئوينايدۇ. بىراق، نادانلىق
قاپلىغان جايدا ئىنسانلار تەقدىر بىلەن قارشىلىشىپ، ئاخىرى ۋەيران
قىلىدۇ. شۇڭا ھاسىلىي كالام: تەقدىر، ئوي- پىكىرنىڭ يالقۇنلىرىدا
تاۋلانمىغان پاكىت شۇنداقلا سىرى يېشىلمىگەن زاكوندۇر.

## ئەقىل - پاراسەتنىڭ كۈچى

ئەقىلنىڭ كۈچى چەكسىز. بىزنى يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن دەرغەزەپ
بىلەن ئېتىلىپ چىققان ھەر قېتىملىق دەھشەتلىك ئىپلاس ئېقىن،
ئەقىل- پاراسەتنىڭ تۈرتكىسىدە، پايدىلىق كۈچكە ئايلىنىدۇ. دۇرۇس،



تەقدىر—ئىنسان ئۈچۈن سىرى يېشىلمىگەن زاكون. پايانسىز دېڭىز-
نىڭ سۈيى كېمە ۋە ماتروسلارنى گويا چاڭ - توزاننى سۈمۈرگەندەكلا
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە غەرق قىلىۋېتەلەيدۇ. بىراق، ئادەم سۇ ئۈزۈش ۋە
يەلكەن ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ۋە كېمى-
لەرنى يۇتۇۋەتكەن دېڭىز سۈيى ئادەملەرگە يول بېرىپ، ئۇلارنى گويا
ئۆزىنىڭ كۆپۈكلىرىدەك سۇ يۈزىگە لەيلىتىپ، خۇددى بىرەر تال پەيىنى
ئۈچۈرغاندەك ئالغا سىلجىتىدۇ. زىمىستان سوغۇق ئەزەلدىن ئىنسان-
لارنىڭ ھارارەت جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ باققان
ئەمەس. ئۇ تېرە ۋە مۇسكۇللىرىڭنى تېشىپ، جان - جېنىڭغا ئۆتۈپ،
ئاخىرى سېنى خۇددى مۇز دانىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ. ئەمما، سەن
چاڭغا تېيىلىشنى ئۆگىنىۋالساڭ، قار- مۇز ئۈستىدە ئاجايىپ نەپىس،
كۆڭۈللۈك ۋە شائىرانە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بو-
لىسەن. بۇنىڭ بىلەن، زىمىستان سوغۇق پۈت - قولۇڭنى غىدىقلاپ،
مېڭەڭنى جانلاندۇرۇپ، ساڭا غەيرەت قوشىدۇ ۋە سېنىڭ ئۆسۈپ يې-
تىلىش مەنزىلىدە ئوقتەك ئۈچۈپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا چاپقان ئاۋانگارت-
لاردىن بولۇشۇڭغا تۈرتكە بولالايدۇ.

زىمىستان سوغۇق ۋە بىپايان دېڭىز جاھاننىڭ ھۆرمىتىگە نائىل
ساكسون مىللىتىنى ياراتتى. بىراق پەرۋەردىگار بۇ جەسۇر مىللەتنى
رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلىۋەتتى. ۋەھالەنكى بۇ مىللەت ئوكياننىڭ
قىرغىقىدىكى ئىنگىلاندقا نەق 1000 يىل بەند قىلىۋېتىلگەندىن
كېيىن، تەبىئەت ئۇلارغا يەنە 100 ئىنگىلاند ۋە 100 مېكسىكىنى
ئىنئام قىلدى. شۇنداق، تەبىئەت ھەممىگە جۇملىدىن بىرنەچچە مىك-
سىكىلا ئەمەس، ھەتتا دېڭىز سۈيى بىلەن پارنىڭ سىرلىرى، ئېلېكتر
ئېقىمىنىڭ سۈرئىتى ۋە سىلكىنىشلىرى، مېتاللارنىڭ ئېگىلىش-
چانلىقى، ھاۋا بىلەن ماگنىتنىڭ ماشىنا، روللۇق ھاۋا شارى... قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى يۇتۇۋېتەلەيدۇ.
دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قىدىرىپ بايقىشىڭنى كۈتمەكتە.

قارا كېزىك ئەڭ يامان كېسەللىكلەردىن بولسىمۇ، زەردابىنى
ھەيدەشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالسىلا، قارا كېزىكنىمۇ يوقات-
قىلى بولىدۇ. دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان مەزگىلدە قان بۇزۇلۇش كېسىلى پەيدا
قىلىدىغان بالا- قازانى لىمون سۈيىگە ئوخشاش ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپ-

لىك نەرسىلەر ياكى ئادەتتىكى بىر قىسىم يېمەكلىكلەر ئارقىلىق
يۇقاتقىلى بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىۋاتقان
خولېرا بىلەن ياۋا چېچەك، زەھەر ھەيدەش ۋە ئەملەش چارىسىنىڭ نە.
تىجىسىدە تامامەن يوقالدى. دېمەك، ھەرقانداق بىر يۇقۇملۇق كېسەل.
نىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى بولىدۇ. بىز ئاشۇ سىرنى يېشەلىسەكلا ئۇ
كېسەلنى يېڭەلەيمىز. ھەر قېتىم سۇنئىي ئۇسۇلدا زەھەر سۈيۈقلۇ.
قىنى ئېلىشتا، تەسلىم قىلىنغان كىشىلەرنىڭ تېنىدىن پايدىلىق
نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن
بەڭۋاش كەلكۈننى ئىتائەتمەن چاكارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خىزمە.
تىگە سالالايدۇ؛ يىرتقۇچلارنى كۆندۈرۈپ قورال ـ سايمان سۈپىتىدە
ئىشلىتىدۇ ياكى ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق ـ تۈلۈك، تېرىسىنى كىد.
يىم ـ كېچەك قىلىدۇ. ئادەملەر خىمىيىلىك پارتلاشنى بويسۇندۇردى.
بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل خىمىيىلىك رېئاكسىيە، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە
خۇددى سائەتنىڭ چىكىلدىغىنىغا ئوخشاش ئادەتتىكى ھادىسىلەردىن
بولۇپ قالدى. ئىلگىرى تەڭداشسىز، دەپ قارىلىدىغان كەلكۈن ۋە
يىرتقۇچلار مانا ئەمدى ئىنسانىنىڭ دۇلدۇلىغا ئايلاندى. دېمەك، ئىنسان.
لار تۆرلۈك ھەرىكەت شەكىللىرى ئارقىلىق ئات، شامال، پار، ھاۋا شارى
ۋە ئېلېكتر كۈچى... قاتارلىقلار بىلەن قوراللانغاندىن كېيىن ئۆزىنى
«ئۆز كارامىتىگە تايىنىپ، بۇركۈت ئوۋلىغۇچى ئەزىمەت» دەپ جاكار.
لىدى. قىسقىسى، ئىنسان ھەممىنى بويسۇندۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ.

پار تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە نەزىرىمىزدە قورقۇنچلۇق ئال.
ۋاستى ئىدى. شۇڭا، ھور يەنى پاردىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستىنىڭ چەي.
نەكنى، ھەتتا پوتكول ئۆينى پارتلىتىپ ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن ئەن.
سىرىگەن ھەرقانداق مىسكەر چەينەك سوققاندا چەينەك يايقۇچىنىڭ
ئۈستىگە ھور چىقىپ كېتىدىغان كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ قويىدۇ.
ۋورسېستېر، ۋات ۋە فۇللېرتونلار شۇنداق دەپ قارايدۇ: نەدە ئېنېرگىيە
بولسا، ئالۋاستى ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار شۇ يەردە بولغان بولىدۇ.
ئېنېرگىيىنى بىكاردىن ـ بىكار ئىسراپ قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.
ئىنسانلار ئۇنى بايقىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى لازىم. مەسىلەن،
ھوردىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستى چەينەكنى ھەتتا پوتكول ئۆينى ۋەيران



قىلىۋېتەلەرمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا، بىز ئىزدەۋاتقان پالۋان دەل شۇنىڭ
ئۆزىدۇر. جۈملىدىن ئىنسان ئاشۇ ئالۋاستىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ،
تاقابىل تۇرۇش تېخىمۇ قىيىن بولغان باشقا خەۋپ ـ خەتەر ۋە بالا ـ
قازانى يېڭىپ ۋە مال قىلىپ، ئۇنى يىكتەك قىلىۋېتەلەيدۇ. مەسىلەن،
كەڭ كۆلەملىك تۇپراق، بۈيۈك تاغ، سۇنىڭ ئېغىرلىقى ياكى قارشى
كۈچى، مېخانىكا ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ قىلمىش ـ ئەت.
مىشلىرى، دەل ئاشۇ خەۋپ ـ خەتەر ۋە بالا ـ قازانىڭ جۈملىسىدىندۇر.
دېمەك، ئىنسانىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋاقىتنى ئۇزارتىپ، مۇساپىنى
قىسقارتالايدۇ.

خۇددى موللا كۆپ يەردە قوي ھارام دېگەندەك، ھەرقانچە ئالىي
دەرىجىلىك پار ماشىنىلىرىمۇ ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۆزگىچە نەتىجە
يارىتالمىدى. چۈنكى ئەپكار ئامىمىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بۇ دۇنيادىكى
ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىشلاردىن بولۇپ كەلگەنىدى. ئويۇن ـ تاماشىغا
خۇشتار مىللەتلەر بۇ ھەقتە مۇنداق ئۇرۇنۇپ باقتى. جۈملىدىن جامائەت
پىكرىنى بىر بولسا جامائەت پىكرى بىلەن يوققا چىقاردى؛ بىر بولسا
قاتمۇ قات جەمئىيەت قاتلىمى ئارقىلىق تەقىب قىلدى. بۇ جەمئىيەت
قاتلاملىرى ئەسكەرلەر، يەر ئىگىلىرى ۋە سەلتەنەتلىك پادىشاھتىن
تەركىب تاپىدۇ ھەمدە بۇنداق مۇرەككەپ جەمئىيەت قاتلاملىرى جامائەت
پىكرىنى قورغان، ئەسكىرىي قىسىم ۋە ساقچىلارنىڭ زەنجىر ـ
كىشەنلىرى ئارقىلىق باسىدۇ ۋە قامال قىلىدۇ.

سىياسىي ساھەدىكى ھېلىقى «فۇللېرتون»، «ۋات»لار بىر دەكلىك
پرىنسىپىغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار جامائەت پىكرىنىڭ غايەت زور
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئالللىبۇرۇن چۈشىنىپ بولغان.
بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى قانائەتلەن.
دۇرۇش(چۈنكى ھەققانىيەت ھەرقانداق ئادەمنى رازى قىلىدۇ)، جەمئى.
يەت تەركىبلىرىنى قايتا رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، جەمئى.
يەتتىكى قورقۇنچلۇق ئىشلارنى دۆلەتكە ئەڭ پايدىلىق ۋە ھاياتىي كۈچى
ئۇرغۇپ تۇرغان شەكىلگە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن
«قايتا رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش» ھەرگىزمۇ جەمئىيەت تەركىبلىرىنى
تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى باراۋەر جەمئىيەت قات.
لىمىغا مۇجەسسەملەش دېمەكتۇر.

شۇنى رازىمەنلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەن تەقدىر ھەق-
قىدە ئاغزى بىسىقماي ئۆگۈت ـ نەسىھەت قىلىشقا ئىنتايىن ئۆچ. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە كىم پۇزۇر كىيىنگەن سىپايە زىبالىيىنىڭ كېلىپ،
بىرەرسىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە خالىغانچە يەكۈن چىقىرىشىنى خالايدۇ
دەيسەن؟ زادى كىم «ساكسون ياكى كايت مىللىتىگە خاس پەۋقۇلئاددە
رەزىللىك پېشانەڭگە پۈتۈلۈپ كەتكەن، جىسمىڭغا سىڭدۇرۇۋېتىلگەن»
دېگەن سۆزگە ئىشىنىدۇ دەيسەن؟ چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن ئاجايىپ ئۇلۇغۋار
ئۈمىدلەرنى كۈتكەن، بىپايان زېمىنغا چىن ئېتىقاد باغلاپ، نى – نى
ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى. بىراق ھازىرچۇ؟ ھېلىقىدەك رەزىل-
لىكلەر ئۇنىڭ نەپسانىيەتچى، ھەمدۇساناچى، قۇل مىجەز خۇشامەتچى،
توخۇ يۈرەك ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. ناھايىتى بىلىملىك
بىر دوختۇر ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: ـــنېئاپول (ناپلېس) لارمۇ دەل ئا-
شۇنداق كىشىلەردىندۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىنلا
سېپى ئۆزىدىن مۇتتەھەمگە ئايلىنىدۇ. بۇ گەپلەر گەرچە سەل – پەل
ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك ئاڭلانسىمۇ، لېكىن نېئاپوللارنىڭ ئەمەلىيىتى
بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئادەم ئۆز كەمچىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز
قابىلىيىتىدىن بارغانسېرى ھېيىقىشى لازىم. چۈنكى ئادەمدىكى ھەم-
مىنى بېسىپ چۈشىدىغان قابىلىيەت ئاشۇ كىشىدىكى كۈچ ـ قۇدرەت-
نى ھامان خورىتىپ، ئاخىرى ئۇ كىشىنى كاردىن چىقىرىدۇ. ئەكسىچە،
كەمچىلىك بولسا ئۇ كىشىگە ئاستىرتىن مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭ كۈن-
سايىن قۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈچ- قۇدرەت بۇلىقىنى تولۇقلاپ، ھاياتلىق
پىشاڭىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ
ئەڭ روشەن بەلگىسى بولمىش سەۋر- تاقەت، مانا ئەمدى يەھۇدىيلارنى
يەر شارىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندۇردى. ناۋادا تەقدىرنىڭ ئۆزى رودا ۋە
رودا كېنى بولسا، رەزىللىك تەرەققىيات داۋامىدا ئىجابىي رول ئوينى-
يالىسا، چەكلىمە بىزنىڭ زۆرۈر كۈچ ـ قۇدرىتىمىزگە ئايلىنالىسا ۋە
ياكى بالايىئاپەت، رەقىبلەر كۈچى، ئېغىر بېسىم دېگەنلەر بىزنى پەرۋاز
قىلدۇرالايدىغان قاناتقا ئايلىنالىسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا خۇشاللىق بىلەن
قۇچاق ئاچساق بولىۋېرىدۇ.



## كامالەت ـــ تەقدىرنىڭ ھامىيسى

دۇرۇس، كامالەت تەقدىرنىڭ قوينىدا يېتىلىدۇ. ئەگەر ئالەم ئۆز
بايانىدا ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق ئۇچۇن تىرىشىدىغانلىقىنى
ئېتىراپ قىلمىسا، بۇ توغرىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە خاتا
بايان ياكى ئەكسىچە بايان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلى-
شىمىز زۆرۈركى، مەيلى ئومۇمىي يۈزلىنىش بولسۇن ياكى قىسمەت
تەرەققىيات بولسۇن ھەممىدە مەنپەئەت نىشانلانغان بولىدۇ ھەمدە ئۇ
ھاياتىي كۈچ بىلەن ئوڭ تاناسىپ ھاسىل قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر
سۇبيېكتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىدىكى توقۇلمىلار كۆزىنى
ئۇن ـ تىنسىز يۇمغان، ئەمما باسىدىغان مۇساپىسىدىكى ئەركىنلىك-
نىڭ دەرۋازىسى داغدام ئېچىلغان بولىدۇ. بۇ بىز ئۇچۇن زوق ۋە ھوزۇر
بېغىشلايدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، بىزگە ئېچىلغىنى پەقەتلا ئەركىن-
لىكنىڭ ئىشىكى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق-
نىڭ داغدام يولىدۇر. يەر يۈزىگە بىرىنچى تۈركۈمدە ئاپىرىدە بولغان
تۈرلەر ئىنتايىن ئىپتىدائىي ۋە يىرىك تۈرلەر بولۇپ، ئاللىقاچان ئۇ-
لارنىڭ تۇخۇمى قۇرۇپ كەتتى. ئىككىنچى تۈركۈمدە ئاپىرىدە بولغان-
لىرى بولسا، تېخى مۇكەممەللەشكىنى يوق ياكى ئۆلۈم ئالدىدا
تېپىرلاۋاتىدۇ ۋە ياكى يۈكسىلىش ۋە ئالىي سورتلۇق تۈرلەرگە ئايلى-
نىشنى كۈتمەكتە. ۋەھالەنكى، ئەڭ يېڭى تۈرلەردىن بولمىش ئىنسانلار
ئارىسىدىكى ھەربىر مەردانە ھەرىكەت، ھەربىر يېڭى ئىدراكىي سېزىم،
باشقىلار ئاتا قىلغان مۇھەببەت ۋە مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان-
نىڭ تەقدىر جىلغىسىدىن چىقىپ، ئەركىنلىك ئالىمىگە قەدەم قوي-
غانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئىرادىدىكى يۈكسىلىش، توقۇلمىلارنىڭ بويۇنتۇرۇق ۋە كىشەن-
لىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. ئىرادىنىڭ ئازادلىقى بۇ دۇنيانىڭ مەقسىتى
ۋە نىشانىغا ئايلاندى. شۇڭا، ئىنسانغا نىسبەتەن ھەر قېتىملىق بالايى-
ئاپەت ئىنساننى بىباھالىققا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە شۇ ھەقتىكى بېشا-
رەتتىنلا ئىبارەت. نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنساننىڭ تىرىشچان-
لىقلىرى گەرچە تېخى دېگەندەك نەتىجە بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن

ئىنسانلار ئۆز تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ئۆز نىشانىنى نامايان قىلى-
دى. ھايۋانات ھاياتىنىڭ دەۋرىيلىكى، قانغا قان، جانغا جان ئالىدىغان
بىر مەيدان ئېلىشىش، يېمەكلىك تالىشىش مۇددىئاسىدىكى بىر مەي-
دان جەڭ... قىسقىسى، ھايات ـ ماماتلىق تىركىشىش بولغىنى ئۈچۈن،
ئازابلىق ئىڭراشلار، غالىبلارنىڭ نەرە تارتىشلىرى ھەر دائىم ئاڭلى-
نىپ تۇرىدۇ. دېمەك، پۈتكۈل ھايۋانات توپى، ئۆزئارا بىرىكىش ئارقىلىق
شەكىللەنگەن ھايۋانات يىغىندىسى، دەل ئاشۇنداق قىرغىنچىلىق ئى-
چىدە پىشىپ ۋە يۈكسىلىپ، ئاخىرى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلام پايدىلى-
نىدىغان قورالغا ئايلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ خىل تەرەققىيات جەريانىنى
ئېگىز ۋە يىراقتا تۇرۇپ كۆزىتەلىگەن ئىنسان، ئۇنىڭدىن خۇشاللى-
نىشى كېرەك.
بىراق، تەقدىرنى كۆزىتىش، قانداق قىلغاندا ئەركىنلىك ئالى-
مىگە تەدرىجىي ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قانداق قىلغاندا
ئەركىنلىكنى تەقدىرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىشتىنلا
ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان چوقۇم ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان
بولۇشى لازىم. جۈملىدىن، ھەر بىر شەيئىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئىنتايىن
يىراققا تۇتىشىدىغانلىقىنى كۆزەتكىن، ياكى قولۇڭدىن كەلسە ھازىر
بار يىپ ئۇچىغا ئاساسەن قارشى يۆنىلىش بويىچە ئىزدەپ، ئاشۇ يىپ
ئۇچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تېپىپ چىققىن. چۈنكى بارلىق جانلىق-
لارنىڭ ھاياتى بىردەكلىككە ئىگە ھەم بىر- بىرىگە ئەسلىدىنلا مۇنا-
سىۋەتلىك. بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر بىر- بىرىگە شۇنچىلىك
چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىنى تېپىپ چى-
قىشقا ھېچكىمنىڭ ئەقلى ۋە قۇربى يەتمەيدۇ. دېمەك، چەكسىز تەبى-
ئەت دۇنياسى ئەنە ئاشۇنداق مۇرەككەپ ۋە قاتمۇ قات قۇرۇلمىلاردىن
تەركىب تاپقان. كرېستوۋېر . لام سەلتەنەتلىك شاھ ئىبادەتخانىسىنى
مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ناۋادا كىمكى بۇ ئىبادەتخانىنى سېلىشتا بى-
رىنچى پارچە تاشنىڭ نەدىن باشلاپ تىزىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلى-
سە، ئۇ ئاشۇنداق ئىبادەتخانىدىن يەنە بىرنى سالالىغان بولاتتى.» شۇن-
داق، ئادەم ياساپ چىققان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى ئامىلىنى تېپىش
ئەنە ئاشۇنداق قىيىن. چۈنكى ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئىنتايىن
تەڭپۇڭ ۋە ھەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خۇددى بىر پۈتۈن ئۇيۇل



گەۋدىگىلا ئوخشايدۇ.
شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تورى تەبىئەت قوينىدا
يەنى ئۇچەك ئۇيقۇسىدا ئەكس ئېتىدۇ. ئىلگىرى ئۇچەك ئۇيقۇسى
دېگەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى كۆزەتكەن كىشىلەر، بەزى
ھايۋانلارنىڭ قىشتا، ئەمما بەزى ھايۋانلارنىڭ يازدا ئۇچەككە
كىرىۋالىدىغانلىقىنىبايقىدى. شۇڭا «ئۇچەك ئۇيقۇسى» دېگەننى قىش
بىلەنلا چەكلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بەزى ھايۋانلار قىش پەس-
لىدە سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قىشتا تاپقىلى بو-
لىدىغان يېمەكلىكنىڭ مىقدارىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاشۇنداق ئۇزۇنغا
سوزۇلغان ئۇچەك ئۇيقۇسىغا كىرىدۇ.

## تەڭپۇڭلۇقنى ساقلا

كۆز نۇرغا، قۇلاق ئاڭلاش سېزىمىنى غىدىقلايدىغان ھاۋاغا، ئىك-
كى پۇت زېمىنغا، بېلىق قانىتى سۇغا، قۇش قانىتى ئاسمانغا ماسلاش-
تۇرۇپ يارىتىلغان. دېمەك پەرۋەردىگار ھەرقانداق شەيئىنى ياراتقاندىلا
ئۇنى مەلۇم بىر خىل پەۋقۇلئاددە ياشاش مۇھىتىغا ماسلاشتۇرىدىغان
قىلىپ ياراتقان. ھايۋانلار بىلەن ئاشۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىت گويا بېلىق
بىلەن سۇدەك زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر- بىرىگە سىڭىشىپ
كەتكەن. شۇڭا، ھەربىر رايوندا ئاشۇ رايوننىڭ مۇھىتىغا ماس
كېلىدىغان ھايۋانات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ھايۋانات بىلەن يې-
مەكلىك، پارازىت قۇرت ۋە ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ كۈشەندىلىرى ئوتتۇر-
سىدا ئىنتايىن زىچ ماسلىشىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. شۇڭا تەڭپۇڭ-
لۇق، ئەڭ ئالىي قانۇنىيەتتۇر. دېمەك، تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى مۇ-
قەررەركى بالايىئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاخىرى يەنە يېڭى بىر
خىل تەڭپۇڭلۇقنى ھاسىل قىلىدۇ.
قىسقىسى، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش لازىم. ماددىلارنىڭ مىقدار جە-
ھەتتىن كېمىيىپ ياكى ئارتىپ كېتىشىگە ھەرگىز سەل قاراشقا
بولمايدۇ. بۇ خىل ماسلىق مۇناسىۋىتى ئادەمگىمۇ ئوخشاشلا باب كې-
لىدۇ. مەسىلەن، ئادەم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئىسسىق تامىقى

تەييار بولۇپ بولغان، مەشتە ئىللىق ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان، ئۆي
ئىچى جانغا ھۇزۇر ساپ ھاۋاغا تولغان بولىدۇ؛ يامغۇردىن كېيىنكى
پاتقاقچىلىق قۇرۇيدۇ، ھېلىقى كىشىنىڭ دوستلىرىمۇ دەل شۇ چاغدا
يېتىپ كېلىدۇ. مېھىر - مۇھەببەت، مۇزىكا، كۆز ياشلىرى ۋە شوخ
كۇلكىلەر ئۇلارنى باغرىغا باسىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاددىي
ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدۇر.
بىراق، مەۋھۇم ھالدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنىمۇ ھەممە
يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. پەرۋەردىگار ياراتقان ھەرقانداق شەيئى ئۇ يا-
شايدىغان ھاۋا ۋە ئۇنىڭغا لازىملىق يېمەكلىك بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.
ھەرقانداق شەيئى تەبىئىي تۇيغۇسىدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ۋە
ئەتراپىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى بويسۇندۇرۇش يولى بىلەن ئۆز كۇ-
چىنى كۆرسىتىشكە ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىگە قورال قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.
چۈنكى ئۇ ئەتراپىدىكى رېئال ۋە مەۋھۇم شەيئىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرمىسا، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ.
بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دانتى بىلەن كولۇمبۇنىڭ
دۇنياغا كېلىشى بىزگە «ئاشۇ ئاجايىپ گۈزەل ئاسمان بىلەن بىپايان
زېمىندا زادى نېمە ئۆزگىرىشلەر بولدى؟» دېگەن سوئالنى قويدى.
دېمەك، بۇ ئۆزگىرىشلەر زادى قانداق يۈز بەردى؟ تەبىئەت دۇنياسى
ھەرگىزمۇ ئىسراپخور زالىم پادىشاھ ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن تېجەش-
لىك مېھنەتكەش. ئۇ ھەمىشە ئۆز نىشانىنى ئەڭ دانا ئۇسۇللار بىلەن
ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ ھال گويا گېنېراللىنىڭ ئەسكەرلەرگە «قورغانىغا
ئېرىشمەكچى بولساڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن ياسا!» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.
تەبىئەت دۇنياسىمۇ مەيلى غايەت زور پلانېتا بولسۇن، ياكى كۆزگە
كۆرۈنمەيدىغان مىكرو جانلىقلار بولسۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى ھايۋانات ۋە
ئۆسۈملۈكلەر بولسۇن ئۆز قوينىدىكى ھەربىر شەيئىلەرنىڭ ھەممى-
سىنى ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆزى قاندۇرۇشقا بۇيرۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، پلا-
نېتىلار ئۆزىنى ئۆزى يارىتىدۇ، ھۈجەيرىلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن ھاسىل
بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزىگە لازىملىق شەيئىنى يارىتىدۇ. مەسىلەن،
مەيلى چالىقۇشى بولسۇن ياكى ئۇچار ئەجدىھا بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىنى ئۆزى ياسايدۇ. دېمەك، ھايات پەيدا بولغان
ھامان ئۆز- ئۆزىنى يېتەكلەش ئېڭى ھاسىل بولۇپ، ماددىنى قوبۇل



قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەرىكىتى كېلىپ چىقىدۇ.
ھاياتلىقنىڭ ئۆزى ئەركىنلىك دېمەكتۇر. يەنە كېلىپ ھاياتلىق
بىلەن ئەركىنلىك مىقدار جەھەتتىن ئوڭ تاناسىپ ھاسىل قىلىدۇ.
دېمەك، ھېچ ئىككىلەنمەيلا «يېڭى بىر ھايات پەيدا بولغان ھامان
ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ» دەۋەرسەڭ بولىۋېرىدۇ. ھاياتلىق ئۆزى تۇرغان مۇ-
ھىتتا ئىختىيارىي ۋە ئاڭلىق رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا تەدرىجىي قىيا-
مىغا يېتىدۇ. ئۇنداقتا سەن زورىيىپ، ئەتراپقا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە
تاكامۇللىشىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ ھاياتلىقنى ئۆزىنى دەڭسەش ۋە باھا-
لاشتا پەقەت ئۆزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، دەپلا قارام-
سەن؟ ئۇنى سەن پەقەت ئۆز تېرىسى ئىچىگىلا ئورالغان، دەپ ھېسابلا-
مسەن؟ شۇنى ئۇنۇتمىغىن: ھەتتا كىچىككىنە مايىقوڭغۇزنىڭ
بەدىنىدىكى نۇرمۇ ئاز دېگەندە بىرەر چاقىرىم يەرگىچە يېتىپ بارالايدۇ.
ئادەمدىكى سېزىمنىڭ يېتىپ بارىدىغان دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ.
نەق يېرىنى ئېيتساق ئادەمدىكى سېزىم، ھەتتا يۇلتۇزلارغىچە يېتىپ
بارالايدۇ.
بىرەر ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ دۇنيانىڭ ھەممىنى
ئۆزىگە سىغدۇرالايدىغان كۆڭلىدە، ئۇ ئىشنى زادى قانداق قىلىش
ھەققىدىكى پىلان ئاللىقاچان بېكىتىلىپ بولغان بولىدۇ. يەنى بۇ دۇنيا
ئۇ ئىشنى قانداق باشلاش، قانداق راۋاجلاندۇرۇش ۋە قانداق ئاخىرلاش-
تۇرۇشنى ئېنىق بىلىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ بىخى ۋاقتى كەلگەندە ئۇرۇق،
شۆپۈك، غول، پوست ياكى تىكەنلەرنى ئۆزلۈكىدىن ھاسىل قىلىدۇ.
جانلىقلارنىڭ بىرىنچى ھۈجەيرىسى تەلەپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئاشقا-
زان، ئېغىز، بۇرۇن ۋە تىرناققا ئۆزگىرىدۇ. نەتىجىدە بۇ دۇنيا تەبىئىيلا
ئاشۇ جانلىقنى لايىق ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭغا بىرەر قەھرىمان
ياكى پادىچىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۆز زامانىسى تەقدىر دانتى
بىلەن كولۇمبۇنى ئىتالىيىلىك قىلىپ ياراتتى. ناۋادا ھازىر بولغان
بولسا ئۇلار رۇسىيىلىك ياكى ئامېرىكىلىق بولۇپ چىققان بولاتتى.
ماددىلار پىشىپ يېتىلگەن ھامان، كونىلىرىنىڭ ئورنىنى يېڭىلىرى
باسىدۇ. بۇ خىل ماسلىشىشچانلىق ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. سۇبيېكتى-
نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان نىشان، ئۆزىدىن ھالقىغان مەقسەت ۋە پ-
لانېتىلارنىڭ تۆۋەنلەپ كرىستاللىشىشى ۋەجىدىن ھاسىل بولغان

يىرتقۇچلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتلىق مۇناسىۋىتى ئە-
بەدىي داۋاملىشىپ، ئەدىرىجىي تېخىمۇ گۈزەل، ھەتتا تەڭداشسىز گۈزەل
ھاياتلىق ئامىللىرىغا ئايلىنىدۇ.

## دۇنيانىڭ سىرى

بۇ دۇنيانىڭ سىرى دەل ئادەملەر بىلەن ھادىسىلەر ئارىسىدىكى
ئىرماش- چىرماش مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم ھادىسىنى پەيدا
قىلىدۇ، ئوخشاشلا ھادىسىمۇ ئادەمنى يارىتىدۇ. ئېھتىمال،— «زامان»
دېگەن نېمە؟ «دەۋر» دېگەنچۇ؟—دەپ سورايسەن. ئەمەلىيەتتە بۇ سوئال-
نىڭ جاۋابى تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا تۇرۇپتۇ. شۇنداق، ئىلگىرى ئۆتكەن
يىراقنى كۆرەر ۋە ئارسلاندەك جەسۇر شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بىردىن
دەۋر ۋە زامانغا ۋەكىللىك قىلىدىغۇ؟ گوتا، گېگىل، مېتتېرنىچ، ئادا-
مىس، كالخوئۇن، گۇئىزوت، كوبدېن (1865 ــ 1804، ئەنگلىيىلىك
كارخانىچى،لىبېرالىست، ئەركىن سودىنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن.)،
كوسسۇت، روسچىلد، ئاستور ۋە شۇلارغا ئوخشاش بىر قىسىم كىشىلەر
ئۆز دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلالىدىغۇ؟
ئادەم بىلەن دەۋر ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەت خۇددى
ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ياكى بىر خىل ھايۋانات
تۇرى بىلەن ئۇنىڭ يېمەكلىكى ۋە ئۇ تايىنىدىغان ئىپتىدائىي ھايۋانلار
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش ئىنتايىن مۇۋاپىق ھالەتتە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، ئادەم بىلەن تەقدىر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا
باغلىنىش نۇقتىسى يوشۇرۇن ئۇچۇن، ئادەم ئۆز تەقدىرىنى يات بىلىدۇ.
روھ كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
چۈنكى ھادىسە، ئىدىيىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇ-
ڭا، بىز ئۆزىمىز ئىلتىجا قىلغان نەرسىلەردىن ئەبەدىي رازى بولىمىز.
ھادىسە—قامىتىڭنىڭ سايىسى بولۇپ، ئۇ ساڭا گويا ئۆزۈڭنىڭ تېرى-
سىدەك ياراشقان ھەمدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشى ئۆ-
زىگە ناھايىتى ماسلاشقان بولىدۇ. چۈنكى، ھادىسە ئادەمنىڭ تەن ۋە



روھىدىن ئورتاق تۇغۇلىدۇ. دېمەك، تەقدىرنىڭ روھى دەل ئۆزىمىزنىڭ
روھىدۇر. شۇڭا ھافىز مۇنداق يازىدۇ:

ۋادەرىخا بىلدىم، بۇرۇن بىلمەپتىمەنغۇ،
ئىقبال يولۇم تەقدىر بىلەن بىر تەن ئىكەنغۇ!

ئۆي، يەر- زېمىن، پۇل، ئىسراپچىلىق، ھوقۇق ۋە نام ـ شۆھرەت
قاتارلىق ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ ساراڭ قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى بىر- بىرىگە ئوپمۇ ئوخشاش. پەقەت ئۇلارنىڭ ئۈستىنى يې-
پىپ تۇرغان بىر- ئىككى پارچە خىيالىي تۈيغۇ يوپۇقلا ئۇلارنى بىر-
بىرىدىن پەرقلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئادەمنى ئۆزلۈكىدىن قاش ـ
قاپاقنى يېرىپ قان تۆكۈشكە ئۈندەيدىغان، ئاخىرى ئۇلارنى ھەر كۈنى
تاڭ سەھەردە كوچىغا چىقىپ رەسمىي نامايىش قىلىشقا ئېلىپ بارى-
دىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئىچىدە، ئادەمنى قاتتىق ھەيران قالدۇرۇدى-
غىنى دەل بىزنى ھادىسىنىڭ يەككە ـ يېگانە، ھەربىكەتتىن مۇستەقىل
ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدىغان ئاۋازلاردىن باشقا ئاۋازلار بولۇپ، ئۇ گويا
ئىزغىرىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان كۈنلەردە كىشىلەر ئەڭ تەقەززا بولى-
دىغان قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ. كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر سېھىرگەرنىڭ
قولىدىكى ياغاچ قونچاقنىڭ چاچلىرىنى كۆرەلەيدۇ. لېكىن ئاشۇ
چاچنى توقۇپ چىقىش سەۋەبى ۋە نەتىجىسىنى ھاسىل قىلىدىغان يىپ
ئۇچى ئالدىدا ھەرقانچە ئۆتكۈر كۆزمۇ پەقەت ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي
ھەسرەتتە قالىدۇ. دۇرۇس، بىز ئۇنىڭ دەل كۆزىمىزنىڭ ئالدىدا مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى بىلىمىزۇ، لېكىن كۆرەلمەيمىز.

## تەبىئەتنىڭ مېۋىسى

تەبىئەت بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىن يارىتىلغان تەقدىر مېۋىسى
ئارقىلىق، ئۇنى ئۆز تەقدىرىگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ماسلاشتۇرىدۇ.
دۇرۇس، ئۆردەك سۇدا ئۈزۈشنى، بۈركۈت بوران ـ چاپقۇننى بۆسۈپ ئۆ-
تۈپ كۆكتە پەرۋاز قىلىشنى، سۇ قۇشلىرى دېڭىز بويىدا ئويناشنى

ياخشى كۆرىدۇ؛ ئۇۋچى كۆز يەتكۈسىز ئورمانلىقتا مەردانىلىق كۆر-
سىتىشكە ئىنتىلىدۇ؛ ئورگان خادىمى بوغالتىرنىڭ ئۈستىلى ئالدىدا
ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنچىكە ھېسابلىشىشقا ئامراق كېلىـــدۇ؛
ئەسكەرلەر بولسا ھەمىشە ئالدىنقى سەپتىكى گۈلخانلارغا كۆز تىكىپ
تۇرىدۇ... دېمەك، ھادىسە بىلەن ئادەملەرمۇ ئەنە ئاشۇنداق تومۇرداشلىق
ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ لەززىتى خىزمەت ياكى
سورۇندا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان ئادەمدە
ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى تۇرمۇش، ئۇ بىر ئەسەبىي شادلىقتۇر.

بىز مۇھەببەتنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا پەقەت غەرەز ئۇقمايدىغان
ئەسەبىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا مەلۇم بىر خىل كۈچ تەرىپىدىن
پەرۋەردىگارنىڭ بوياق ـ سۇرۇخلىرى بىلەن سىزىپ چىقىلغان رەزىل
نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز. بىز گويا يېمەك ـ
ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقىدەك تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرى بىلەن
قىلچە كارى يوق يۈرىدىغان سەۋدايىلارغا ئوخشاش چۈشىمىزدىكى ئەڭ
ئەشەددىي بىمەنىلىكلىرىمىزدىن پەرۋايىمىز پەلەك يۈرىۋېرىمىز. شۇڭا،
ھاياتلىق جامىمىزغا بىر تامچە ئۈزۈم ھارىقىنى تېمىتىپ قويسىلا،
ناتونۇش ئادەم ۋە تىرىكچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىچقويۇن ـ تاش-
قويۇن بولۇپ كېتىمىز.

ھەرقانداق شەيئى ئۆزىگە تالىق مۇھىت ۋە دائىرىنى ئۆز ئەھۋالىغا
قاراپ تاپىدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ. مەسىلەن، موزايۋېشى ئۆزىنىڭ يېيىشقاق
ئۈۋىسىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە نەشپۈت يوپۇرمىقىغا سالىدۇ؛ كۆك-
پىت ئالمىغا ئۇۋىلايدۇ؛ بېلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قاسىرىقى ئىچىگە
ئورنىنىپ مۇشەققەت ئىچىدە ياشايدۇ... ئادەملەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز
روزغارىدا بىر ئۆمۈر تىنىم تاپماي تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ياش ۋا-
قىتلىرىمىزدا ھەسەن ـ ھۈسەندەك ياسىنىپ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن
ئىلگىرىلەيمىز، باسقان ئىزلىرىمىزدىن نۇسرەت گۈللىرى ئۈنىدۇ.
چاچلار ئاقىرىپ چىشلار سارغايغاندا بولسا، يەللىك بوغۇم ئاغرىقى،
كېزىك، رېماتىزم، گۇمانخورلۇق، تەشۋىش ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ
ئىسكەنجىسىدە ئۆتىمىز.



بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەقدىرىنى، دوستلىرى بولسا
ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى يارىتىدۇ. بىز ھېرودوتۇس① ۋە پلۇتاركلاردىن
تەقدىرنىڭ دەلىللىرىنى ئىزدەپ باقتۇق. لېكىن بۇ دەلىللەرنىڭ
ھەممىسى دەل ئۆزىمىزنىڭ جىسمىدا تۇرۇپتۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆزد-
نىڭ تەبىئىي ساپاسىنى نامايان قىلالايدۇ. بۇ خىل خاھىش قەدىمكى
ئېتىقادلاردىمۇ ئىپادىلەنگەنىدى. مەسىلەن، بىز تەقدىردىن ئۆزىمىزنى
قاچۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىزۇ، لېكىن ئاخىرقى ھې-
سابتا يەنىلا تەقدىرگە يۈزلىنىمىز. مەن مۇنداق بىر نۇقتىنى بايقىغا-
نىدىم: ئادەم ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى باشقىلارنىڭ ماختىشىنى
ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ماختاپ، ئۇ-
نىڭ ئەڭ نېگىزلىك ياكى ئەتراپلىق بولغان ئۆزگىچىلىكىنى ئىسپات-
لىشىغا تېخىمۇ ئىنتىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى، شۇ كىشىگە مەنسۇپ ۋە ئۇنىڭغا ھە-
مىشە ھەمراھ بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ. قارىماققا
بىر ئادەم ۋۇجۇدقا چىقارغان ھادىسە بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرى خۇددى
ياقا يۇرتلاردا ئۇچرىشىپ قالغان ناتونۇش كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ھادىسە
گويا ھاۋا شارىغا ئوخشاش، ھامان خاراكتېرگە ئەگىشىپ كېڭىيىپ ۋە
تارىيىپ تۇرىدۇ. ئىنسان، ئۆزىنى خۇددى ئىلگىرى ئويۇنچۇقلار ئارد-
سىدا سەزگىنىگە ئوخشاش، ھازىرمۇ غايەت زور بىر خىل سىستېما
ئىچىدە يېڭىياچە بىر رولنى ئالماقتا. ئىنساننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى
ئۇنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى، ھەمراھلىرى ۋە ھەرىكىتىدە ئاشكارىلىنىدۇ.
ئىنسان قارىماققا، بىر قېتىملىق ئامىتى كېلىپ قالغاندەك كۆرۈن-
سىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سەۋەب ـ نەتىجىدىن قۇرۇلغان مۇساپىدە تەدرى-
جىي ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. جۈملىدىن، ئۇ بوشلۇققا لايىقلىشىش ئۈچۈن
ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تاراشلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق شەھەر ـ بازار-
دىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ھەرىكىتى ئاشۇ
شەھەر ـ بازاردىكى تىرىكچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، زاۋوت، بانكا،
چېركاۋ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي ھالەت قاتارلىقلارنى ئىزاھ-
لاپ بېرىدۇ. ئاشۇنداق شەھەر- بازارلاردا كۆرگەن ھەممە نەرسە، سەن
يوقىرىقىدەك كىشىلەرنى تېخى ئۇچراتمىغان چېغىڭدا سېنى ئاز- تولا

① (مىلادىيىدىن بۇرۇن 425 ـ 484) يۇنانلىق داڭلىق تارىخشۇناس.

گاڭگىرىتىپ قويىدۇ؛ ئۇلارنى ئۇچراتقاندىن كېيىن بولسا ئىنتايىن ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ماسساچۇسېتتىس شتاتىدىكى يېڭى بېدفورد، لىين، لوۋېل، لاۋرېنسى، كلىنتون، فىتچبېرگ، خولىيوكې، پورتلارند ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن قايناق بازارلارنى زادى كىمنىڭ بەرپا قىلغانلىقىنى بىلمىمىز. ناۋادا ئاشۇ بازارلارنى بەرپا قىلغان كىشىلەرنى گويا خرۇستالدەك تىنىق دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا سىنىڭ نەزىرىڭدە ئۇلار ئىنسان ئەمەس، بەلكى ھايات شەھەرگە ئايلىنىدۇ. ئۇلارنى نەگە ئاپارمىغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىن شەھەرنى بەرپا قىلالايدۇ.

تارىخ—تەبىئەت بىلەن ئىدىيىنىڭ بىر- بىرىگە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ خۇددى پىيادىلەر يولىنىڭ قاسىنقىدىكى تاش رېشاتكىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىككى ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىرىشىپ، ئاخىرى ئاز- تولا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق ھادىسە ئىتتىرىش ياكى ئىتتىرىلىشنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ماددا بىلەن روھمۇ مەڭگۈ تەڭپۇڭسىزلىق بىلەن تەڭپۇڭلۇق ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىنسان كۆچ- مادارىدىن كەتكەندە، يەر شارى ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئالىدۇ. ئاندىن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسىتى ۋە ھېس- تۇيغۇسىنى يەر شارىغا ئۇرۇق قىلىپ چاچىدۇ ۋە بارا- بارا يەر شارىنى ئىككى قولىدا دەس كۆتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۆز ئىدىيىسىنى ھەرقانداق يەردە جۈملىدىن ئىككى قولىغا تايىنىپ ياراتقان چىرايلىق گۈللۈك ۋە ئۈزۈملۈكلەردە نامايان قىلىدۇ. ئالەمدىكى ھەرقانداق قاتتىق جىسىم يېڭى بىر ئىزدىنىش ئىچىدە سۇيۇق جىسىمغا ئايلىنىشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرىدۇ ھەمدە قاتتىق جىسىمنى سۇيۇلدۇرىدىغان كۈچ، دەل روھنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر. مەسىلەن، بىر كونا تام يەنىلا شۇ پېتى مەزمۇت تۇرغان بولسا، بۇنى ئىدىيىنىڭ كەمچىلىكىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. ناۋادا ئاشۇ تامنى نىشان قىلغان كۈچنىڭ ئورنىغا دانا بىر خىل كۈچ ئالماشتۇرۇلسا، ھېلىقى مەزمۇت كونا تام شۇ ھامان سۇدەك يۇمشاپ، يېڭىچە بىر خىل شەكىلگە كىرىدۇ- دە، روھنىڭ ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ.



## دۇنيا — ئېقىپ تۇرغان ماددا

ھازىر بىز، بۇ شەھەردە ئۆزى خان- ئۆزى بەگ ياشاۋاتىمىز. ئۇنداقتا، بۇ شەھەرنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ ئۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھاسىل بولغان بىر- بىرىگە ئانچە ماس كەلمەيدىغان ماددىلارنىڭ دۆۋىسى ئەمەسما؟ دۇرۇس، مەرمەر تاشنىڭ پۇت- قولى بولمىغاچقا، ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەپچىل پۇت- قول ئاتا قىلغان؛ ئۇ ئۆزلۈكىدىن دۆۋىلىنىشنى ئۇقمىغاچقا، ئادەملەر قولى ئۇلارنى ئاشۇنداق دۆۋىلەپ چىققان. دېمەك، ئادەمنىڭ بىر جۈپ قولى ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك. يەر باغرىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن تۆمۈر، تاشلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا ھەممىنى ئېرىتىۋېتەلەيدىغان يالقۇن بولمىش ئىنساننىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. يەر يۈزى ۋە دېڭىز- ئوكياندا چېچىلىپ ياتقان ياغاچ، ھاك، خام ماتېرىيال، مېۋە- چېۋە، كوكۇس دېگەنلەرنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ. بىراق، بۇ يەردە بولسا ھەرقانداق كىشى ئۇنداق نەرسىلەرنى خالىغانچە ئېلىپ ئىختىيارىي ئىشلىتىدۇ.

پۈتكۈل دۇنيا ئېقىپ تۇرغان ماددىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىدىيىنىڭ پىلتىسى ئارقىلىق ئېلېكتر قۇتۇپى بىلەن ئېلېكتر ئېقىمىنىڭ تۇتىشىدىغان نۇقتىسىغا ئېقىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار توپىغا تەۋە ھەرقانداق مىللەت بۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن يارالغان بولۇپ، ئاشۇ ئىدىيە ئۇلارغا ھاكىملىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئوخشىمىغان پارتىيە- گۇرۇھلارغا ئايرىيدۇ. يەنە كېلىپ قەھرى- غەزىپى تاشقان ئۇ كىشىلەر، ئاشۇنداق ھەقىقەتتىن يىراق ئابستراكت ئۇقۇملار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغان بولىدۇ. قىسقىسى، ئىدىيىۋى ساپا مىسىرلىقلار بىلەن روماناالرنى، ئاۋىستراليىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلارنى پەرقلىق قىلىپ ياراتتى.

بىرلا ۋاقىتتا تەڭ سەھنىگە چىققان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمىمىز. بەزى نۇقتىئىنەزەرلەر گويا بۇلۇتتەك ئاسماندا لەيلەپ يۈرىدۇ. بىز دەل ئاشۇ خىل نۇقتىئىنەزەر.

لەردىن قۇرۇلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاشۇنداق نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ دەۋتىگە ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىمىز. دۇرۇس، بىز ھەقىقەتەن يۇمشاق قۇلاق. بىراق، بەزى كىشىلەر باشقىلاردىن ھامان غالىب كېلىدۇ ھەمدە ئاشۇنداق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتا، ئىختىرا بىلەن بايقاشنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋاقىت جەھەتتە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەقىقەت ئاسماندا لەيلەپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كاللىسى ئىنتايىن سەگەك كىشىلەرلا ئۇنى ئىگىلەپ باشقىلارغا كۆرسىتەلەيدۇ. بىراق، بىرقانچە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ھەممە ئادەم ئاشۇ ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقىنى ھېس قىلالايدۇ. بولۇپمۇ ئەڭ سەزگۈر ئىنسان بولمىش ئاياللار كەلگۈسىدىكى ئاشۇ دەقىقىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر جارچىسىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ زاتلار يەنى دەۋر روھىنى ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلىدىغان، چاقىرىققا يۈزدەيۈز ئاۋاز قوشالايدىغان كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسى سەزگۈر، ئىدىيىسى جانلىق بولۇپ، گويا چاقناپ تۇرغان نۇرغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىنتايىن ئاجىز تارتىش كۈچىنىمۇ ھېس قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ روھى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىنچىكە يىڭنىنىڭ ئۇچىدا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىزدىگەندىلا، ئاندىن بايقىغىلى بولىدىغان كۆزگە كۆرۈنمەس ئېقىنلارنىمۇ ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

ئىنسانلار مۇناسىۋەتتى يالقۇن ئىچىدىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. موللېر «بىناكارلىق ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن بىرەر بىنا، گەرچە ئۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا كۆركەم سېلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاشۇ بىنانى سېلىشتىكى نىشان ـ مەقسەتكە ئۇيغۇن كەلگەن بولسىلا، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ كۆركەم سېلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان بولىدۇ.» ئەمما مەن شۇنى بايقىدىمكى، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىدىكى بىنانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىردەكلىك، ئىنتايىن كۈچلۈك خەۋپ ـ خەتەرنى ھامىلە قىلغان بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئەتراپقا توختاۋسىز يامراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئادەمنىڭ قېنىدىكى قالايمىقانچىلىق ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ؛ ئادەمنىڭ بىلىكىدىكى بۆرتمە گۆشلەر ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزى ۋە ئۇ ياسىغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرىدا ئۆز كارا-



مىتىنى كۆرسىتىدۇ. ناۋادا كۆزىمىز رېنتىگېن بولغان بولسا، ئۇنىڭ بىلىكىدىكى ھېلىقى بۆرتمە گۆشلەرنىڭ دەل ئۇنىڭ قەلبىدە ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولاتتۇق. مۇبادا بىر ئادەمنىڭ ئۇنىدە ئالدى ـ ئارقىغا ئېغىپ تۇرىدىغان ئاۋاز بولغان بولسا، ئۇ ئاۋاز ئاشۇ ئادەمنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، شېئىرلىرى، كىنايىلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىغا، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋە مېھىر ـ شەپقەتلىرىگە سىڭىپ كىرىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىدىكى ۋەھشىيلىكنىڭ دەھشىتىدىن قېچىپلا يۈرىدۇ؛ ئۆزىنىڭ ئاغرىق ـ سىلاقلىرىدىن ئازابلىنىپلا يۈرىدۇ. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىگە كاشىلا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ گويا ئۆسۈملۈكلەرنىڭكىدەك پارازىت قۇرتلىرى بولىدۇ. جەسۇر، كەسكىن ۋە خاپىغان بىر ئادەم ئېھتىمال ھازىرنىڭ ئۆزىدە يوپۇرماقلىرىمىدىكى لىماكس ۋە مىتىلەردىنمۇ دەھشەتلىك كۈشەندىگە يولۇقماقتا. چۈنكى ئۇنداق ئادەم سالجا، مىتە دېگەندەك خىلمۇ خىل زىياندا ھاشاراتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرىگە ئۇچراپلا تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالدى بىلەن بىرەر ئالدامچىنىڭ تۆھمىتىگە قالىدۇ؛ ئاندىن ئەرز ـ شىكايەت ۋاكالەتچىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئالدامچى تېۋىپتىن بىرى پەيدا بولىدۇ. ئاخىرىدا، ھېلىقىدەك «باستېر» ئاتلىق كۆپنى كۆرگەن، گەپدان، گويا مولوچتەك زەھەرخەندە ۋە شەخسىيەتچى كىشىلەر ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى ئادەتتە تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. ناۋادا يىپ ئۇچى چىن بولسىلا، ئىدىيە ئاشۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، گويا ئەينەكتە ئەكسىنى كۆرسەتكەندەك ئاپئاشكارا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ روھى چەبدەسلىكتە ۋايىغا يەتكەندە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بەزىلەر رىتىم، تاسادىپىيلىق، بېشارەت، دەۋرىيلىك ۋە ئالدىن كۆرەرلىكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىزدىگەن ئادەمنى ئۇچرىتالىشى گويا تەنىنىڭ ئۆز روھىنى تاپقىنىغا ئوخشاش ئەپ كېلىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ھەمراھلىرى ئويلىغىنىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ بولغىچە، ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى سانسىزلىغان ئۇچۇرلار ئۇلارغا بولغۇسى ئۆزگىرىشلەردىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ.

دۇرۇس، خۇددى ياۋا ئۆت ـ چۆپلەردەك گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ
مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە تورى ھەقىقەتەن مۇرەككەپ كېلىدۇ! بىراق، ئارد-
سالدىلىق ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇرغان بۇ خىل تۇرمۇشىمىز ئىچىگە
يوشۇرۇنغان پىلان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمىز بولسا بىر- بىرىگە ئىند-
تايىن ماسلاشقان بولىدۇ. مۇرەككەپ تەبىئەت دۇنياسىغا قاراپ بىز
ھەيرانۇ ھەس قالىمىز. مەسىلەن، چىۋىن ئۆز جۈپتىنى زادى قانداق
تاپىدىغاندۇ؟ بىراق شۇنى بايقايمىزكى، ئىككى ئەر كىشى ياكى ئىككى
ئايال كىشى قانۇن بولمىغان ياكى تەنىنىڭ بىرلىشىشى بولمىغان
ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئالتۇندەك چاغلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئارا
ئىچىكىش بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەلەيدۇ. بۇنى شۇنىڭدىن ھېس
قىلغىلى بولىدۇكى، بىز ئىنتىلگەن نىشانىمىزغا ھامان يېتەلەيمىز؛
بىز قاچقان نەرسە، ئوخشاشلا بىزدىنمۇ قاچىدۇ. گوئېتې① شۇنداق
دەيدۇ: «ياش ۋاقتىمىزدا زارىقىپ كۈتكەن نەرسىلەر، ياشانغان چېغد-
مىزدا ئالدىمىزدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ.» دۇئا ـ تىلاۋەتىمىز ئە-
جابەت بولۇپ، قانائەت تاپىمىزۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى
يەتكۈچە تارتىمىز. شۇڭا، ھەرگىزمۇ بىخەستەلىك قىلماسلىقىمىز،
ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك. يەنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا چوقۇم
يېتەلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن پەخەسلىك ئىچىدە پەقەت يۇكسەكلىككىلا
ئىنتىلىشىمىز لازىم.

## ئىنسانلار ھالىتىنىڭ سىرى

تەقدىر، ئەركىنلىك ۋە ئالدىن بېشارەت قاتارلىق ئىنسانلار تارى-
خىدىكى ئەڭ قەدىمىي سىرلار ئالدىدا بىز ھەقىقەتەن ئامالسىزمىز.
چۈنكى ئۇ ھەقتە پەقەت بىرلا خىل چۈشەنچىگە ئىگىمىز، بىرلا خىل
چۈشەندۇرۇش ئۇسۇلىنى بىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ، قوش يۆنىلىشلىك
ئاڭ تۇرغۇزۇش ئۇسۇلىلا، خالاس. ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا مۇنداق ئىككى
خىل ئاتنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ مىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي
خاسلىقى، يەنە بىرى ئاممىۋى خاسلىقىدۇر. ئىنسانلارنىڭ بۇ ھالىتى

① (1832 ـ 1749) داڭلىق گېرمان شائىرى، ياۋروپا ئاقارتىش ھەرىكىتى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچى.



گويا ئۇستا سېركچىنىڭ ئوقتەك كېتىپ بارغان بىر ئاتنىڭ ئۇستى-
دىن چەبدەسلىك بىلەن يەنە بىر ئاتنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ مىنگىنىگە
ياكى ئىككى پۇتىدا پاراللېل كېتىپ بارغان ئىككى ئاتنى دەسسەپ
تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، بىر ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ قۇربانىغا ئاي-
لانغاندا، ئولتۇرغۇچ نېرۋىلىرىنىڭ ئاغرىقىدا قىينالغان بەللىرى ئۇ-
نىڭ روھىنى پالەچ قىلىپ قويىدۇ؛ خۇددى پۇت ـ قولىنىڭ شەكلى
ئۆزگىرىپ كەتكەندەك، ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلە-
نىدۇ؛ ئۇنىڭ خاپىغان ۋە شەپقەتسىز يۈزى بىلەن شەخسىيەتچى مىجە-
زىلا قالىدۇ؛ ئۇنىڭ تار قەلبىنى مەنمەنلىك ۋە تەلۋىلىك ئىگىلەپ
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەدەملىرىدىكى ساختىلىقلار كۆرەڭلىكلە-
رىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ ياكى ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ قەبىھلىك-
لىرى تەرىپىدىن كۇكۇم ـ تالقان قىلىنىدۇ... نەتىجىدە ئۇ ئالەم بىلەن
قايتا ئۇچراشقان چېغىدا ئۇ قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى قايتا ئوڭشايدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇربانلىقلىرى بۇ ئالەمنىڭ ھاياتلىق مۇناسىۋەت-
لىرىنى ئىنتايىن زور مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئازاب- ئو-
قۇبەتكە دۇچار قىلغان ۋەھشىي ئالۋاستىدىن قۇتۇلۇپ، پەرۋەردىگار تە-
رەپكە ئۆتىدۇ. پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئارقىلىق، مەۋ-
جۇداتقا ھىممىتىنى يەتكۈزىدۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن،
ئىرق ۋە خىسلەت جەھەتتىكى ئالىيجانابلىقا ئىنتىلىدۇ. مۇنداق بىر
ساۋاقنى ئېسىڭىزدە تۇتقىن: پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىدا، ئىككى خىل
ئامىل ئۇستىلىق بىلەن ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھەرقان-
داق نەرسە سېنى سەزمەس ياكى پالەچ قىلىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۆمرۈڭنى
ئاغرىنىش ۋە رەنجىش ئىچىدە ئىسراپ قىلىۋەتمە. چۈنكى، پەرۋەردىگار
ھامان مەلۇم شەكىلدىكى بىر خىل ئىلاھىي كۈچنىڭ ۋاستىسى بى-
لەن تارتقان زىيانلىرىڭنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدۇ. ياخشى نىيەت ھامان
بىر خىل زەربىدار كۈچ ئارقىلىق ئۆزىنى قورالاندۇرىدۇ. پەرۋاردىگار
ئالەمنى كېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەن چاغدا، ھەتتا ئۇششاق شېغىللار-
دىمۇ ئەقىل نۇرى چاقنايدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئۆزىنى تۆت پۇت-
لۇق قاناتلىق تەختكە ئايلاندۇرىدۇ.

# قول تۇتۇشۇپ مېھراب ياسايلى

بىز مۇقەددەس بىرلىك ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ مېھراپ ياسايلى!
چۈنكى ئۇ تەبىئەت بىلەن روھنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ھەتتا ھەربىر
زەررىچە ئاتومنىمۇ ئورتاق نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. قار
ئۇچقۇنلىرى، قۇلۇلە قېپى، ياز مەنزىرىسى ياكى جىمىرلاپ تۇرغان
يۇلتۇزلارغا ھەرگىز ھەيران قالمايمەن. چۈنكى ئۇلار تەبىئەت دۇنيا-
سىدىكى ئەڭ ئاددىي مەۋجۇداتتۇر. بىراق، ئالەم رېئاللىقلىرىدىن ھال-
قىغان ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكلەرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يادىمغا كەلتۈر-
سەم ئىختىيارسىز ھەيرانۇھەس قالىمەن. ھەرقانداق زۆرۈرىيەت گويا
سۈرەتتەك كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. چىرايلىق ھەسەن ـ ھۈسەن، ئەگ-
رى ـ بۈگرى ئۈپۈق سىزىقى، كۆپكۆك قۇببىلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى
كۆرۈش سەزگۈمىزنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ھېلىقىدەك
ھاماقەت ھەۋەسكارلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە چىرايلىق گۈللەر،
قۇياش نۇرىدا تاۋلانغان رەڭدار بۇلۇتلار ياكى شارقىراتمىلارنى مەدھى-
يىلەپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئەما ئەمەس. شۇڭا، چاقناپ
تۇرغان شانلىق نۇر بىلەن گۈزەللىكنى، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە
سالىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. بىراق، ئەتراپتىن تاسادىپىي چاقناپ قال-
دىغان ئۇچقۇننى ئىزدەپ تېپىشنىڭ نەقەدەر زېرىكىشلىك ئىش ئى-
كەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. ئىساننىڭ چىن قەلبىدىكى زۆرۈرىيەت،
قولىدىكى چىرايلىق ئەترگۈلنى بۇ قاراڭغۇ دۇنيانىڭ چېكىسىگە
قىستى. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ماسلىشىشچانلىق ۋە
شادلىقىغا ئىنتىلىش مۇددىئاسى ئايان بولدى.
مۇقەددەس زۆرۈرىيەت ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ مېھراب ياسايلى! ناۋادا
مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا بىز ئىنسانىنى ھۆر دەپ قىياس قىلساق، ئۇن-
داقتا تاسادىپەن ھاسىل بولۇپ قالىدىغان ئىرادىمۇ شەيئىلەر مىزانىدىن
غالىب كېلىدۇ. بۇ خىل ئىرادە، ھەتتا كىچىك بالىنىڭ يومران قول-
لىرىنىمۇ ئاسماندىن قۇياشنى يۇلۇپ ئېلىش كارامىتىگە ئىگە قىلا-
لايدىغان ئىنتايىن تاسادىپەن ئىرادىدۇر. ناۋادا بىر ئادەم تەبىئەتنىڭ



تەرتىپىنى تاسادىپىيلىق ئىچىگە بۆرۈۋېتەلىسە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
زادى كىم ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىنئامغا نائىل بولالىسۇن؟
مۇقەددەس زۆرۈرىيەت ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ مېھراب ياسايلى!
چۈنكى ئۇ زۆرۈرىيەت ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئۆزئارا ماسلىقىغا كېپىل-
لىك قىلالايدۇ؛ داۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ، دوست بىلەن دۈشمەننىڭ،
ھايۋانات بىلەن پلانېتلارنىڭ ۋە يېمەكلىك بىلەن ئاشۇ يېمەكلىكلەرنى
يېگۈچىلەرنىڭ تۈركۈم تەۋەلىكىنىڭ بىردەكلىكىگە كېپىللىك قى-
لالايدۇ. ئاسترونومىيىدە بوشلۇق چەكسىز دەپ قارالسىمۇ، لېكىن بۇ
سىستېما ئىچىدە خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ئامىلنىڭ تەسىر كۆر-
سىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. گېئولوگىيىدە ۋاقىت چەكسىز دەپ قا-
رالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئىلگىرىكى مىزان بىلەن ھازىرقى مى-
زاننىڭ قىلچە پەرقى يوق. ئۇنداقتا بىز تەبىئەتتىن نېمانچە قورقىمىز؟
ئەجەبا ئۇ «پەلسەپە بىلەن تېئولوگىيىنىڭ نامايەندىسى» ئەمەسمۇ؟ بىز
زادى نېمە ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ ياۋايى كۈچى بىلەن كۇكۇم ـ تالقان بو-
لۇپ كېتىشتىن قورقىمىز؟ ئەجەبا بىزمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تەبىئىي
ئامىللاردىن تۆرەلگەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بىزنىڭ خىلمۇخىل خۇسۇسىي
غەرەزلەرنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، ئاشۇ زۆرۈرىيەت ئالدىدا قاراپ
پەرۋاز قىلمىقىمىز زۆرۈر. چۈنكى ئاشۇ زۆرۈرىيەت ئىنساننىڭ ئۆز
ئىستىقبالىنى ئوچۇق كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئۇلارنى پېشا-
نىسىگە پۈتۈلگەن خەۋپ-خەتەردىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ شۇنداقلا پې-
شانىگە پۈتۈلمىگەن خەۋپ ـ خەتەرنى چاقىرىپ ئەكېلىشنىڭ مۇمكىن
ئەمەسلىكىگە دادىل ئىشەندۈردى. زۆرۈرىيەت ئالدىدا قاراپ يېقىنلى-
شايلى، يېقىنلىشايلى، يەنىمۇ يېقىنلىشايلى! ئاشۇ زۆرۈرىيەت قات-
تىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىنسانلارغا بۇ دۇنيادا قانداق-
تۇر تاسادىپىيلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، بۇ دۇنياغا پەقەت مى-
زاننىڭلا ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋې-
لىشنى ئۆگەتتى. بۇ مىزان ئۇنچىۋالا ئاددىي ئويۇن ئەمەس. بەلكى بىر
تۈرلۈك ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. يەنى شەخسكە تەۋە بولمىغان، شۇنداقلا

شەخسكە پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىزمۇ بولمىغان بىر خىل ئەقىل- پاراسەتتۇر. شۇنداقلا سۆز - ئىبارىلەرنى مەنسىتمەيدىغان، چۈشەنچىدىن ھالقىغان، شەخسنى ئېرىتىۋېتەلەيدىغان ئەقىل- پاراسەتتۇر. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىغا قايناق ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. بىراق، پاك قەلب ئالدىدا يېڭىلىدۇ؛ پاك قەلبنىڭ ئۆزىگە چەكسىز كۈچ- قۇدرەت ئاتا قىلىشىغا تەشنا بولىدۇ.



# قوشۇمچە

## ئېمېرسوننىڭ ئىلھامبەخش ئەقلىيلىرى

● ئۆزىگە ئىشىنىش، قەھرىماننىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر .

● ئۆزىگە ئىشىنىش—مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىرىنچى سىرى.

● ئېنىق نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلىگەن ئادەمگە دۇنيا يول بېرىدۇ.

● ئۆزۈڭنىڭ ھەممىگە قادىر، توسقۇنسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەن. ھەر قېتىملىق رەھىمنى يەڭگىنىڭ، ھاياتلىقنىڭ تۇنجى دەرسىنى ئۆگەنگىنىڭدۇر .

● باشقىلار مېنى تەقدىرنىڭ ئوغلى دەپ قارايدۇ. بىراق مەن ئۆز تەقدىرىمنى يارىتقۇچىمەن .

● ھەرقانداق ئادەم قابىلىيەت ئىگىسىدۇر.

● كىمكى بىرىنچى قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانالىسا ، ئىككىنچى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتكە دادىل ئىنتىلىدۇ.

● قانداق تىلدا سۆزلىمىگىن ، لام دەپ ئېغىز ئېچىشىڭ بىلەن تەڭ پەزىلىتىڭ مانامەن دەپ ئاشكارىلىنىدۇ .

● پەزىلەت، بىر خىل ئىچكى كۈچ بولۇپ، ھېچقانداق ۋاسىتىنىڭ ياردىمىسىز رول ئوينايدۇ.

● ئېسىڭدە بولسۇن: كۈنلەرنىڭ ھەممىسى خاسىيەتلىكتۇر. ھەربىر كۈننى ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى كۈنى دەپلا بىلسەڭ، ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشەلەيسەن .

● ھەسەتخورلۇق نادانلىقتىن، دورامچىلىق ئۆلۈۋېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز خىسلىتىڭنى ساقلىشىڭ لازىمدۇر.

● بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئىقتىدارى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر يېڭى ئىقتىدارىدۇر. بىر ئادەمنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقى، نېمە

بىلىدىغانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايدۇ. بۇنى بىلىش ئۇ-
چۇن پەقەت سىناپ بېقىش كېرەكتۇر.

● قىيىنچىلىق، ئاغىمچى ۋە توخۇ يۈرەكلەرنىڭ ئارقىچە چې-
كىنىشتىكى باھانىسى، مەردانىلەرنىڭ ئالغا ئىنتىلىشتىكى ۋاستى-
سىدۇر.

● جىسمىمىز، تەبىئەت دۇنياسىدىن ياردەم ۋە كۈچ ئالىدىغان
ۋاستىدۇر . چۈنكى، ساغلام ۋە دۇرۇس تەن، ھەرقانداق ئۇلۇغ ھەرى-
كەتنىڭ ئاساسىدۇر.

● ماڭا نىسبەتەن، ھەيران قالارلىق ۋە يىرگىنىچلىك رېئال
پاكىت مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى مەن پەقەت سىناپ كۆرىمەن ، ئەبەدىي
ئىزدىنىمەن . شۇڭا، ئۆتمۈشۈم يوق.

● پۈتۈن زېھنىنى قويۇش، خاراكتېرنىڭ شۇنداقلا قابىلىيەت-
نىڭ بىردىن بىر ئۇلىدۇر .

● گۈزەل ئەخلاق، ئۆزىگە ئىشىنىشكە تايىنىدۇ.

● خاراكتېر، ئەقىلدىن ئالىيدۇر. ئىندىيە—ئىقتىدار، تۇرمۇش
بولسا ئاشۇ ئىقتىدارنىڭ ئىجراچىسىدۇر .

● ھالال ئادەم، لەۋزىدە تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاداققى يۆلەنچۈكى،
، ساداقەتتۇر.

● ۋاقىت كىشىگە تەسەللى بېرىدۇ. بىراق، ئادەمنىڭ خىسلىتى
ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ كەلتۈرمىشلىرىنى توسىدۇ.

● رېئاللىققا توغرا قاراش، دادىللىقتىن بېشارەتتۇر .

● قايناق ھېسسىيات بولمىسا، ھېچقانداق ئۇلۇغۋار ئىشنى
باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

● قەھرىمانلار جاسارىتى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرق-
لەنمەيدۇ. بۇ يەردىكى پەرق پەقەت ئۇلارنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا بەش
مىنۇت ئارتۇق بەرداشلىق بەرگەنلىكىدىلا .

● ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلار دەسلەپتە ئۇلۇغۋار
كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۆزىنى بۈيۈكلۈككە يېتەكلىيەلى-
گەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلالىدى. ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقۇچى-
لاردىن بولمىش بۇ كىشىلەر كەسكىن ئىرادىلىك ئۆگەنگۈچىلەردۇر .

● ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بىلەن مەيدانغا چىقىدىغان ۋە



خاسلىقى بار كىشى، ھەقىقىي ئۇلۇغ كىشىدۇر.

● دوستلۇق ساداقەت، ئاددىي- ساددىلىق ۋە تەبىئىيلىك، غەم-
خورلۇق، ئورتاق قىزىقىش قاتارلىق بەش ئامىلدىن ياشىرىدۇ.

● نېمە ئىش قىلساڭ جاسارەت بىلەن قىل.

● ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاخىرلاشتۇرۇش، ھەربىر قەدەمنى باسقان
ئاداققى ھامان مەنزىلنى تېپىش ۋە ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش، ئە-
قىل- پاراسەتتىندۇر.

● تالانت—شەيئىلەرنى ھەرىكەتكە ئۈندەيدىغان ئىقتىدار. قابى-
لىيەت شەيئىلەرگە ماسلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا ئىپادىلى-
نىدۇ.

● توسقۇنسىزلىق، قابىلىيەتتۇر.

● ناۋادا قۇلنىڭ بويىنىنى زەنجىردە باغلىغان بولساڭ، زەنجىر-
نىڭ بىر ئۇچى سېنىڭ بوينۇڭغا باغلىنىدۇ.

● مىجەز- خۇلقۇڭدىكى زەررىچە نۇقسان، بارلىق بېزەكلىرىنىڭ
سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ.

● ئاي شارىغا قاراپ ماڭغان تۆت هارۋىنىڭ ئىزىدىن بېسىش،
پاتقاقلىق يولدىكى قۇلۇلىنى ئەگەشكەنگە قارىغاندا ئادەمنى ئۆز مەنزى-
لىگە ئاسانراق ئېلىپ بارالايدۇ.

● ئۆي ئۇلىنىڭ كەڭلىكى ئۆگزىنىڭ ئېگىزلىكىنى بەلگى-
لەيدۇ.

● دوستلۇق، ساغلام ۋە ئەھمىيەتلىك ھاياتنىڭ كەم بولسا بول-
مايدىغان تەركىبىي قىسمىدۇر.

● دوستلۇق—شادلىقنىڭ بۇلىقى، ساغلاملىقنىڭ خېمىرتۇرۇ-
چى .

## ئېمېرسوننىڭ ئۆمۈر بايانىدىن ئارىيلەر

ئېمىرسون 1803 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يەنى سايلام كۈنى
ماسساچۇسېتتس شتاتىدىكى بىر باستېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
ئاتا ـ ئانىسى ئەنگلىيىلىكنىڭ پۇشتىدىن ئىدى. ئىككى ياش ۋاقتىدا
دادىسى ئۇنىڭغا «گالۋاڭ ئوقۇغۇچى» دەپ لەقەم قويغان.

1812 ـ يىل. بوستۇندىكى شەخسلەر ئاچقان لاتىنچە مەكتەپكە كىرگەن ۋە شېئىر يېزىشقا باشلىغان.

1817 ـ يىلدىن 1821 ـ يىلغىچە. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، مۇدىرنىڭ ئالاقىچىسى بولغان ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان. ئاشخانا ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىش ۋە تەتىلدە دەرس ئۆتۈش يولى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىغان . ئوقۇش پۈتكۈزگەندە سىنىپتىكى 59 ئوقۇغۇچى ئىچىدە 13 ـ بولغان. ئالتە ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەن باللار نامىدىن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ شەرەپكە ئۇ نائىل بولغان.

1829 ـ يىلدىن 1930 ـ يىلغىچە. 1 ـ ئايدا بوستۇندىكى ئىككىنچى چېركاۋدا ياردەمچى باستىر بولغان. دادىسىغا ئوخشاش، شتات كېڭەش پالاتاسىنىڭ باستىرى بولغان. 12 ـ ئايدا بوستۇن مەكتەپ ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان.

1832 ـ يىل. باستىرلىقنىڭ رولىدىن ئەنسىرەشكە باشلاپ «بۇ كەسىپنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپتۇ» دەپ قارىغان ۋە «ئىلگىرىكىگە پۈتۈنلەي سىڭىشتۈرگىلى بولمايدىغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئۆلۈك ئەندىزە بويىچە ئىبادەت قىلىۋاتىمىز» دېگەن. ئىككىنچى چېركاۋ مۇدىرىيىتىگە سۇنغان ئىبادەت شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپى رەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، باستىرلىقتىن ئىستېپا بەرگەن.

1833 ـ يىلى 7 ـ ئايدا لوندونغا بېرىپ جون . ستۇئارت . مىل (1806 ـ 1873، ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ، ئىقتىسادشۇناس ۋە لوگىك.)، كولېرىدگې (1772 ـ 1834، ئەنگلىيىلىك شائىر، داڭلىق تەنقىدچى.) ۋە ۋوردىسۋارز (1770 ـ 1850، ئەنگلىيىلىك شائىر.) بىلەن كۆرۈشكەن. شوتلاندىيىگە بېرىپ كارلىلنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئورناتقان.

1886 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مارگارېت . فۇللېر ئېمېرسوننىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ھەپتە تۇرغان.

1839 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇنبەرگە چىقىپ ۋەز ئېيتقان. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قىزى ئېللون دۇنياغا كەلگەن. بوۋاققا تورېئاۋنىڭ ئاپىسى كىندىكئانا بولغان.



1841 ـ يىل 3 ـ ئايدا «ئۆزۈڭگە تايان» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن لوندون ۋە پارىژدا ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ دۇنياۋى شۆھرەت قازىنىشىغا ئاساس سالغان. شۇ يىلى ئەتىياز تورېئاۋنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇنى گۈللۈككە قاراش ۋە يۈگۈر- يېتىم ئىشلارغا ھەمكارلاشتۇرۇش بەدىلىگە ھەق بەرگەن. شۇ يىلى ياز، مېئانې شتاتىدىكى ئۇتۇېل ئىنستىتۇتىدا «تەبىئەتنىڭ ئۇسۇلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن؛ قىشتا، «دەۋر» تېمىسىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇرغان.

1842 ـ يىل. مارگارېت . فۇللېر ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن ئورنىغا «گنومون » ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولغان. نيۇ يوركتىكى سەپىرىدە «ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن. ياش مۇھەررىر . ئۇنىڭ نۇتقى ھەققىدە ئوبزور ئېلان قىلغان.

1843 ـ يىل. شۇ يىلى ئەتىياز ستاتېن ئارىلىدىن خىزمەت تېپىپ بەرگەن. شۇ يىلى ياز، ئۆيىدە. ئۇنى «ئۇ ئەۋلىيا ئەمەس...، بىراق ئۇنىڭ ئىستېداتىدىن قارىغاندا ئۇ ئىنتايىن سەمىمىي ۋە ھۆرمەتلىك ئادەم ئىكەن» دېگەن.

1844 ـ يىل. ۋاردېن كۆلىنىڭ يېنىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋالغان.

1845 ـ يىل. تورېئاۋنىڭ ۋاردېندىكى ھېلىقى يەرگە ئۆي سېلىۋېلىشىغا ئىجازەت بەرگەن.

1847 ـ يىل. 10 ـ ئايدا كېمە بىلەن لىۋېرپۇلغا بارغان. كېيىن ئەنگلىيىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ھەرقايسى سانائەت شەھەرلىرىگە بېرىپ، نۇتۇق سۆزلىگەن.

1850 ـ يىل. تورېئاۋنى مارگارېتنىڭ كېمە چۆكۈپ كېتىش ۋەقەسىگە ئۇچرىغاندا يېتىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى ئىزدەشكە فىر ئارلىدىكى دېڭىز ساھىلىغا ئەۋەتكەن. شۇ يىلى قىشتا، «تۇرمۇش مىزانى» دېگەن تېمىدا بىر يۈرۈش نۇتۇق سۆزلىگەن.

1860 ـ يىل. نيۇ يورك ، يېڭى ئىنگلاند ۋە تورونتولاردا نۇتۇق سۆزلىگەن. 12- ئايدا «تۇرمۇش مىزانى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

1862 ـ يىل. ۋاشىنگتوندا «ئامېرىكا مەدەنىيىتى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن ۋە لىنكولىننى قوبۇل قىلغان.

1863 ـ يىل. كومىتېت ئەزالىقىغا سايلىنىپ، ئامېرىكا ۋېست

پوئىنت ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۇپىتىنى تەكشۇرۇشكە قاتناشقان ۋە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا، غەرب قىسىملىرىدا نۇتۇق سۆزلىگەن.

1864 - يىل. خاۋتورنىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، «بۇ ئادەم ئازاب ئىچىدە يېگانە ئۆتتى. ئۇ چىداش مۇمكىن بولمىغان يېگانىلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتسىز قازا قىلدى» دەپ ھەسرەت چەككەن. «ئامېرىكىلىقلار تۇرمۇشى»، «جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرى» دېگەن تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، ئامېرىكىلىقلارنى ئويغىنىشقا، سىياسىي تۈزۈمدىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تۈزەشكە ئىلھاملاندۇرغان ھەمدە ئامېرىكىنى «ئەڭ ئاخىردا بارلىققا كەلگەن بۇ دۆلەت، پەرۋەردىگارنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئەڭ زور ھىممىتىدۇر» دەپ ئاتىغان. شۇ يىلى يېڭى قۇرۇلغان ئامېرىكا سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىكىگە سايلانغان.

1865 - يىل. خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان لىنكولىنىنى «مەزكۇر قۇرۇقلۇقنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى» دەپ ماختىغان. گۆيرراندنىڭ گېنېرال لىغا قويغان تەسلىم بولۇش شەرتىنى يەڭگىل بولۇپ قالدى، دەپ قارىغان. شۇ يىلى جەمئىي 77 قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەن.

1872 - يىل. سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، نۇتۇق سۆزلىگەندە دائىم گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالغان. 7 - ئايدا كونكوردتىكى تۇرالغۇسىغا ئوت كېتىپ، ئېغىر زىيان تارتىپ كەتكەن. ئۇنىڭ دوستلىرى 17 مىڭ دوللار جۇغلاپ ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بەرگەن ۋە چەت ئەلدە ئارام ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. 10 - ئايدا قىزى ئېللون بىلەن بىرگە مىسىر، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان. پارىژغا بارغاندا ھېنرى . جامىس ئۇلارنى باشلاپ لوۋرې سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغان. كارلىل بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەن ۋە خېرمان . گلىن ، خىپپالىت . تاينا ، ئېۋان . تۇرگېنېف، فرېدىخ . ماكس ، بېنجامېن . جوۋېت ، جون . رۇسكېن بىلەن ئۇچراشقان.

1882 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كونكوردتا ئۆپكە كېسىلى بىلەن قازا قىلغان.



# ئېمېرسون خاتىرىلىرى

## مۇھەببەت ھەققىدە

قەلبىنىڭ ھەر بىر لەۋزىنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن ئىشقا ئېرىشىش شەكلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ھەر بىر شادلىقى يېگىچە ئارزۇ - ئىستەكنى تەۋەللۇت قىلالايدۇ. ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرىنى تىزگىنلىگىلى بولمايدۇ، ئۇ توختاۋسىز، تۇراقسىزدۇر؛ ئىنساننىڭ تۇنجى ھېسسىياتى بولغان ئاق كۆڭۈللۈككە رەھىمدىللىق يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىنساپ - دىيانەتكە ئۈندەيدۇ. بەخت ھەققىدىكى تەجرىبىلەر ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ خۇپپىيانە ۋە نازۇك بىر يېقىنلىقنىڭ بارلىقىنى، يەنە كېلىپ كىشىنى ئەڭ مەستانە قىلىدىغان نەرسىنىڭمۇ دەل مۇشۇ مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ؛ بۇ مۇناسىۋەتتە دىن كەبى ئەسەبىي ھېسسىياتمۇ بار بولغاچقا، مەلۇم پەيتتە بىراۋلارنى تىزگىنلەپ ئۇنىڭ قەلبىدە ئىنقىلاب، ئىسلاھات پەيدا قىلالايدۇ. ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلەن باغلاپ، ئائىلىۋى ۋە جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرى ئاتا قىلىدۇ، يېگىچە بىر تۇرلۇك ھېسداشلىق تۇيغىسىنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇپ، بىلەن ئەسلىي ، ھېس - تۇيغۇسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ. خاراكتېرىگە جەسۇرلۇق ۋە مۇقەددەسلىك ئالامەتلىرىنى قاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتى بەرپا بولىدۇ، شۇندىن ئېتىبارەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى نەسىلدىن نەسىلگە ئۇلىشىپ، ئەبەدىي تەرەققىي قىلىدۇ.

مۇھەببەتتىكى نازۇكلۇقتا ھەر ۋاقىت غەيرەت - جاسارەت ھەمراھ بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ كىشىلەردىن بۇنداق تەبىئىي بىرىكىشنى يارقىن ۋە ھەرخىل تۈستە بېزەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ رولچىلىرى ياشلار بولۇشى، يارقىنلىق روياپقا چىقىپ بولغان شۇ دەمدە قىز - يىگىتلەر چوقۇم يۈرىكىنىڭ ھەر بىر دۈپۈلدەشلىرىگە سەمىمىيلىك بىلەن يۈزلىنەلىشى لازىم.

ياشلىقتىكى گۈزەل تەسەۋۋۇر ھەرقانداق بىر سوغۇق قان تەپەككۇرنىڭ ئارىلىششىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ، پىشىپ يېتىلىش ۋە مۇتەئەسسىپلەرچە بىلىم ـ سەۋىيە ئىنسانىيەتنىڭ گۈلزارلىق دەۋرىنى تەدرىجىي خازانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئاتالمىش «مۇھەببەت سوتى ۋە پارلامېنتى» ئەزالىرىنىڭ زىيادە تەلەپچانلىقىم ۋە رەھىمسىزلىكىمنى ئەيىبلەيدىغانلىقى ماڭا چۈشىنىشلىك، شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ مۇنۇ «ئەيىبنامە»م ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچىمەن: «بىز ھەمىشە تىلغا ئالىدىغان قايناق ھېسسىيات ھەمىشە ياشلارنىلا ساھىبخانا قىلىدۇ، دېيىلسىمۇ ، ئەمما ياشانغانلاردىمۇ بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ قايناق ھېس ـ ھاياجان ساھىبلىرىنىڭ روھىي ـ ھالىتى مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ، ئەدناسى بۇ خىل ئەسەبىي ھېسسىيات ياشىنىپ قالغانلارغا نېسىپ بولۇپ قالغىنىدا، ئۇلارنى ھەرقانداق نەۋقىرانلاردىن قېلىشمايدىغان قىلىۋېتەلەيدۇ، پەقەتلا ئىپادىلەش شەكلىدىكى ئالىيجانابلارچە قىياپەت بىلەنلا ياشلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، خالاس.

مۇھەببەت بەئەينى دەھشەتلىك ئوت، بۇ ئوت قەلبىمىزنىڭ پىنھان، خىلۋەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى كۆل ـ قوقاسلارنى تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، يات بىر يۈرەكنىڭ چەت بېغىشلىرىدا پىلىلداپ تۇرغان ئۇچقۇنلارغا تېگىشىپ، ئۇنى قاقشىتىپ كۆيدۈرىدۇ، ئۇچقۇن يانغىنغا ئايلىنىپ، كىشىلىك جەننەتتىكى ھەر بىر قىز ـ ئوغۇلنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدۇ، نۇر بەخش ئېتىدۇ، كائىناتتىكى بارچە مەخلۇقاتمۇ بۇنىڭدىن رىزقىنى ئالماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە 20 ياكى30 ياشلىق كىشىدىكى قايناق ھېسسىياتنى ياكى 80 ياشلىق كىشىدىكى ھېسسىياتنى تەسۋىرلەشكە زورۇقۇشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق. قايناق ھېسسىياتنىڭ دەسلەپكى ھالىتىنى زىيادە تەكىتلەپ سۈپەتلەش ئۇنىڭ تۈگەللىمە باسقۇچلىرىنى تەسۋىرلەشنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلدۇرغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىكى تۈگەللىمە باسقۇچقا ئېغىشمۇ دەسلەپكى باسقۇچقا خاس سۈپەت ـ بەلگىلەرنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قالدۇرۇشى مۇمكىن. سەۋر ـ تاقەت ۋە مىيىز(يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھە) نىڭ مەددىتىدە قەلبىمىزنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىشلا بىز كۈتەلەيدىغان بىردىنبىر ئۈمىدتۇر، ئەلۋەتتە. ئىچكى



قانۇنىيەتلا ھەقىقەتنى تىرىك، جانلىق، كۆزگە چېلىقارلىق، ھەتتاكى قايسىلا نۇقتىنى چىقىش قىلماڭ، تېگى ـ تەكتىنى دەرھاللا ئايدىڭلاشتۇرالايدىغان ھالەتتە تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ.

بۇنىڭدىكى بىرىنچى ئامىل شۇكى، ھەرگىزمۇ پاكىتقا زىيادە بويسۇنماسلىق كېرەك، ئۇمىدكە يوشۇرۇنغان ھېسسىياتنى( تارىخىي ھېسسىيات ئەمەس) مۇلاھىزە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم، چۈنكى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنچىكە سەپسالغىنىدا، ئازار يېگەندەك، گۇمران قىلىنغاندەك، بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى تۇرمۇش ئەمەستەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ. ھەممىمىز ئۆتمۈشنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، قانداقتۇر بىر خىل كەمتۈكلۈكنى بايقايمىز، باشقىلارنىڭ ھاياتى بولسا مۇكەممەل، ئېۋەنسىزدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ھەممەيلەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھېسسىياتنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ، بۇ خىل ھېسسىيات ئىلگىرى بىزگە ئەڭ سەمىمىي ساۋاق ۋە روھىي تەسەللى بەخش ئەتكەن، بۇنىڭلىق بىلەن ئىنساننى ئەڭ دەسلەپكى ھېسسىيات سەرگۈزەشتىگە قايتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ جاسارىتىنى يوقىتىپ قويۇشى، ھاياتتىن ئۇھسىنىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە!

مەن شۇنىڭغا ھەيران، نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ يېشى چوڭايغاندىن كېيىنكى پۇتمەس ـ تۈگىمەس ھەسرەت ـ نادامەتتى ياشلىقىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسكە ئالغىنىدا ئازابىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، كەچۈرمىشلەردىكى سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغاندۇ؟

كىشى ئىدىيە ياكى ھەقىقەت ئاتموسفېراسىدا تۇرغىنىدا بارچە شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنىدۇ، ئەسلىمە دېڭىزىدا ئۈزۈپ، ھاياتىڭىزنىڭ ھەربىر باسقۇچىدىكى بارلىق شەيئىلەرگە نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرغىنىڭىزدا بولسا، ھەممىنى شۇنچىلىك مەنىسىز ھېس قىلىسىز. ئەستايىدىللىق بىلەن تەسىراتتىن ئۆتكۈزۈش كىشىنى ئازابلىسا، قىزغىنلىق بىلەن سوقۇلغان پىلان كىشىنى ئۈمىدكە تولدۇرىدۇ، ئۆزىڭىزنى قالتىس ھېس قىلىسىز. رېئال ھاياتتا، زامان ۋە ماكاننىڭ ھەسرەت ـ دامىتىگە چىرمىلىپ تۇرغانچە مەيۈسلىنىشىمىز، چۈشكۈنلىشىشىمىز، ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. تەپەككۇر، غايە،

ئەتىرگۈل كەبى خۇشاللىق قوشۇلۇپ، ئەبەدىيلىك تەنتەنىسىگە چۆم-
گەن ئاشۇ دەقىقىلەردە مېيۇز ئەتراپىمىزدا تۇرۇپ بىزنى قۇتلۇقلىشىمۇ
مۇمكىن. بىراق، نام، شەخس، هازىر، ئۆتمۇشتىكى مەنپەئىتىمىزنىڭ
بىر قىسمىغا ھەمىشە قايغۇ ھەمراھ بولغىنى بولغان، ئەلۋەتتە.
شەخسىي پاراڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تېمىسى ئىچىدە ھەمىشە
مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇملۇق، بۇ نىس-
بەت بىزگە ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرىدىكى ئاجايىپ كۈچلۈك خۇ-
مارنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ھەممىگە تونۇلغان بىر ئەرباپنى ئائىلى،
كىشىلەر ھەممىدىن بەك ئۇنىڭ قايسى تەرىپىنى چۈشىنىشنى خالاي-
دۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ رومانتىك تارىخىدىكى ئاشۇ «سەتچىلىكلىرى»،
سەيىيارە(ئۆتۈشمە) كۇتۇپخانىلاردا قانداق كىتاب ئەڭ كۆپ تارقىلىد-
غانلىقى قاتارلىقلار؟
ئاشۇ رومانلار، بىزنى ئۆزىنىڭ تەسىرلىك، رومانتىك ھېكايە
قايىنىمىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇرغۇپ چىققان تۇرمۇش ۋە
تۇغما خاراكتېر پۇرىقىدىن مەست بولماي ئىلاجىمىز يوق.
بىراق رېئال دۇنيادا، كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتتە رومانلاردىكى بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق ۋىسال شادلىقىغا
چۆمۈلىدىغان ھېكايىگە ئوخشاش كىشىنى ئەسەبىيلەرچە شادلاندۇرا-
لايدىغان نەرسىلەر بارمىدۇ؟
بىز ئۇلار بىلەن ئەزەلدىن تونۇشمايمىز، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇچ-
رىشىپ قېلىشىمىز ناتايىن، ئەمما بىز ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ قولتۇق-
لاشقىنىنى ۋە ياكى ئۇن - تىنىسىز ھالدا بىر - بىرىگە تىكىلىپ قا-
راشقىنىنى بۇلار بىلەن ناتونۇش ئەمەستەك، ئۇلاردىن ئۇنچىۋالا يىراق
ئەمەستەك ھېس قىلىمىز، ھەتتا بىز ئۇلارنى چۈشىنەلەيمىز، ھېس-
سىياتىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز، تېخى بۇنداق رومانتىك مۇھەببەت
تارىخىنىڭ قانات يېيىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئاشىق - مەشۇق-
لارنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.
چىن ھېسسىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئاشكارىلانغان ھالىتى ۋە گار-
مونىك تۈس ئالغان مۇھەببەت دەل ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرىدىكى
كىشىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرىدۇر، بۇ ھەتتا ياۋايى تەبىئەت-
لىك بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ مۆتىۋەرلەرچە سالاپەتتە ئەكس ئېتىپ



كۆزنى قاماشتۇرۇشى مۇمكىن.
كەنتتىكى ئاۋۇ بالا ھەمىشە مەكتەپ ئەتراپىدا قىزلارنى بوزەك
ئېتىپ ئوينايدۇ، بۈگۈن ئۇ مەكتەپتە سومكىلىرىنى رەتلەۋاتقان ئو-
ماققىنە بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بو-
لۇپ، كىتابنى قولىغا ئېلىۋاتقان شۇ دەقىقىدە، قىزنى كۆز يەتمەس
يىراقلىقتا، كىشى بارالمايدىغان، بىراق بېرىشقا چەكسىز ئىنتىلىد-
غان مۇقەددەس يەردە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ يەنىلا بۇرۇن-
قىدەك قىزلار ئارىسىدا ئۆكتەملىك قىلىپ يۈرۈۋەردى، بىراق ئۇ ئۇ-
لارنىڭ ئىچىدىكى بىرىگە يېقىنلىشىشتىن ئەيمىنەتتى، بۇ ئىككى
كىچىك بايقۇش بايىلا تېخى بىر - بىرسىنى تونۇمايتتى، مانا ئەمدى
مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزئارا ھۆرمەتلەشنى ئۆگەندى.
مەكتەپتىكى قىزلار يېزا ماگىزىنىغا مەشۇت يىپ ياكى قەغەز
ئالغىلى بېرىپ، يۈزلىرى دۈپدۈگىلەك، ياۋاش، تۇزۇتلۇك پىركازچىك
بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى، پاراڭ بىر هازا داۋاملاشتى، كىممۇ
ئۇلارنىڭ بىر قارىسىڭىز ئىش كۆرگەن، بىر قارىسىڭىز گۆدەكلەرچە
مەستخۇشلۇق تېمىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈشكە خۇشتار ئەمەس دې-
يەلەيسىز؟ يېزىدا ئۇلار ئۆزئارا مانا مۇشۇنداق باراۋەر، يەنە كېلىپ بۇ
باراۋەرلىك ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئوزۇق بولىدۇ، بەل تولغاپ ناز قى-
لىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، قىزلار قىزىق - قىزىق قۇرۇق پاراڭ جەريا-
نىدا، تەبىئىيلا ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقىنى، قىزغىن خاراكتې-
رىنى ئىپادە قىلىشىدۇ، بۇ قىزلار بەلكىم چىرايلىق ئەمەستۇ، بىراق
ئۇلار ئاشۇ كېلىشكەن يىگىتلەر بىلەن دوستانە، ئوچۇق - يورۇق مۇنا-
سىۋەت ئورنىتالايدۇ. بۇلار بىردەم - يېرىمدەم چاقچاقلىشىدۇ، تۇرۇپلا
ئىدگار، جۇناس، ئالمىرا توغرىسىدا ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ كېتىدۇ،
پالانچىنىڭ تانسا كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقى، پوكۇنچى-
نىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى، مۇزىكا
مەكتىپىنىڭ قاچان ئوقۇش باشلايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تالىشىپ
كېتىشىدۇ ياكى بولمىسا ئەرزىمەس بىر ئىشلار توغرىسىدا كۇسۇر-
لىشىپ قويىدۇ، كۈنلەر ھېچكىمگە باقماي ئۆتۈپ، يىگىتلەر بىردەملا
خوتۇن ئېلىش قۇرامىغا يېتىپ قالىدۇ. ئەنە ئاۋۇ يىگىت ئۆزىنىڭ
كۆڭلىدىكى سەممىمىي ۋە يېقىملىق ھەمراھىنى نەگە بېرىپ ئىزدەشنى

بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئۇچۇن مىلتۇننى ھەسرەتلەندۇرگەن ئالىم ـ ئەدىبلەر ۋە ئۇلۇغلارنىڭكىدەك كۇتۇلمىگەن مۇشكۇلات، خىيىمخەتەرلەرمۇ يوق.

ئىلگىرى بىرەيلەننىڭ مېنى «مەلۇم بىر ئاشكارا سورۇندا سۆزلىگەن نۇتقىدا ‹مېنىڭ ئەقلىيلىككە بولغان ئىشەنچىم، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە بولغان قارىشىمنى تولىمۇ سوغۇقلاشتۇرۇۋەتتى› دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم» دېگىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالغانىدى، ھېلىھەممۇ بۇنداق ئۆسەك سۆزلەردىن خېلىلا ھەزەر ئەيلەيمەن. مۇھەببەت دۇنياسىنى ئەزەلدىن ئادەملەر بەرپا قىلىدۇ، ئەمما، ھېلىقىدەك ئىنسانىي خاراكتېرگە ئاسىيلىق قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى دەپسەندە قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنمايدىغان، ئەقلىيەتچى ھەم شەپقەتسىز پەلسەپچىلەر شاش قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەت شاپائىتىدە تېڭىرقاپ تۇرغان ياشنىڭ قەلبىنى ھەرگىزمۇ توغرا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى بىر ياشنىڭ كىشىلىك ھاياتقا ئەمدىلا قەدەم قويغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەخت ئىلاھەسىنىڭ ۋە شادلىق پەرىشتىسىنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ، سەۋدايىلارچە ھالەتكە كېلىشى كىشىنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنى لال قىلىۋېتەلەيدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ بىر سېلىشتۇرغۇسىز گۈزەل قىياپەت. بىراق، ئارىدىن يەنە 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇنىڭ ھەممىسى بۇلۇتتەك تارقىلىپ كەتسىمۇ، بىراق ئەسلىمىنىڭ ئۇزۇن دەرياسىدا چۆكمەي تۇرۇۋالىدىغىنى يەنىلا ئاشۇ ئەڭ گۈزەل، باشقا خاتىرىلەرنىڭ يالتىراقلىقىنى بېسىپ كېتىدىغان ئەسلىمىمىز بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئەستىلىكلەر بوۋايلارنىڭ پېشانىسىدىكى گۈلچەمبىرەكلەرگە مۆكۈۋالىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزىنىڭ خىلمۇخىل ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى يادىغا ئالغىنىدا، بىر مەھەللىك مۇھەببەتنىڭ شېرىن ئەسلىمىسىگە يەتكۈدەك گۈزەل خاتىرىلەرنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز ئەسلىيەلمەيدۇ، شۇ ۋاقىتتا مۇھەببەت ئۆزىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ئاجايىپ كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل كۈچ ھەتتا بىر قىسىم مەنىسىز ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئارىلىشىپ كېتىپ، غۇۋا ئەسلىمىلەر ئارىسىدا تېخىمۇ روشەنلىشىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ خىل كۈچنىڭ



قەلبىمىزگە قانداق سىڭىپ كىرگىنىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەلەيدۇ، ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشى ھەممەيلەننى يېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ گوياكى مۇزىكا، شېئىر، سەنئەت خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كىشى ۋۇجۇدىدا بىخلىنىشىدۇر. بۇ دەقىقىدە، مۇنداقلا بىر ئاۋازنىڭ سۇسقىنا بىر بېشارىتىمۇ كىشى قەلبىنى ئويغىتىۋېتىدۇ، يايرىتىدۇ، مەلۇم بىر ئوبراز ھەققىدىكى ئازغىنە مەلۇماتمۇ قەلبىڭىزگە سۇقۇنۇپ، تامغا بولۇپ بېسىلىدۇ، ئۇ كەلسە نەپەسلىرىڭىز بوغۇلۇپ، دىققىتىڭىز شۇنىڭغا قارىتىلىدۇ، ئۇ كەتكەندە بولسا، روھىڭىز ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ياشلار دېرىزە تۈۋىدە كۆزەتچىلىكتە تۇرۇشىدۇ، بىر جۈپ پەلەي، بىر تال شارپا، بىرەر تال تاۋار گالستۇك، ئەدناسى ئات ھارۋىسىنىڭ چاقى قاتارلىقلارمۇ ئۇلارنى خىيالغا چۆمدۈرەلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۇچۇن ھەرقانچە يىراق يەرمۇ چەت، جىمجىت بىلىنمەيدۇ، ئۇنىڭ كۆز قارىشى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، تېخىمۇ كەڭ ۋە سەرخىل ئالاقە تورى بەرپا قىلىدۇ، تاتلىق ـ تاتلىق پاراڭلارغا ماھىر بولۇپ قالىدۇ.

بۇلارنى ئۇنىڭغا قەدىناس دوستلىرى( مەيلى ئۇلار قانچىلىك سەمىمىي، مۇنەۋۋەر ئادەملەر بولسۇن) بەرگەن ئەمەس، چۈنكى ئۇ چۈش قويىندىكى ئادەمدۇر، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، سۆز ـ ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى پولۇتاچ ئېيتقاندەك:««ئوتتا تاۋلىنىپ، يېرىم كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇسىغا قايتىپ كەلگەن» ئوبرازلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ھاياتىمىزدىكى قىران چاغلار ياكى قېرىلىق مەزگىللەر بولسۇن، مۇھەببەت ئاتا قىلغان بەخت يەنىلا بىزنى قانائەتلەندۈرۈپ بولالمايدۇ، ئازاب ۋە ۋەھىمە ئارقىلىق كۈنلەرنى بېزىگىمىز كېلىدۇ، ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە يەنىلا بىلىپ ـ بىلمەي قەلبىمىزنىڭ داۋالغۇۋاتقانلىقىنى سېزىمىز.

بىز بىلىشنى ئارزۇلايدىغان مەخپىيەتلىكلەرگە ئالاقىدار مەلۇم بىرى مۇھەببەتنى مۇنداق سۈرەتلىگەنىكەن:«ئۇنىڭدىكى ئازابلىق ھېسسىيات بارلىق خۇشاللىقلارنى بېسىپ چۈشەلەيدۇ.»

ئۇ كۈنلەردە كۈندۈز ھەمىشە شۇنچىلىك قىسقا، كېچىنى بولسا خىيال، ئەسلىمە قوينىدا، نامەلۇم بىر سىياقنى قايتا ـ قايتا ئەسلەپ

كېچىچە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ كۆزلەردە ئايمۇ شۇنچىلىك ھېسسىياتچان، مېھرىبان بولۇپ كېتىدۇ، ساناقسىز يۇلتۇزلار مېنىڭ يېزىقىم، گۈل بولسا مەخپىي بەلگەم، ئاسمانمۇ ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكىغا ئىسقىرتماقتا، ئۇ كۆزلەردە بەزى نەرسىلەر لەيلەپ، ئۈزۈپ يۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ، خۇددى خىيالىمدا چاقنىغان تۇيغۇدەك، كوچا - كويلاردا مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر بولسا رەسىمنىڭ ئۆزى.

قايناق ھېسسىيات ياشلارغا بۇ دۇنيانى يېڭىۋاشتىن بىنا قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ بولىدىكەن، بارچە كائىنات ھاياتىي كۈچكە، مەنە، ئېتىبارغا تولىدۇ، زېمىن بولسا بوش، ئازادە كۆرۈنىدۇ، مانا، شاختىكى قۇشمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىۋاتىدۇ، سۈزۈك ئاۋازى قۇلاققا ئۇزۇلمەي ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، ئاسمانغا قاراپ بېقىڭە، توپ - توپ ئاق بۇلۇتلارمۇ تەبەسسۇم بىلەن باقىدۇ، ئورمانلىقتىكى ياپيېشىل دەرەخلەر، يەلپۈنۈۋاتقان ئوت - چۆپلەر، نومۇسچان گۈللەر گويا ئۇنى پىنھان سىرلىرىنى ئېيتىشقا جەلپ قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ ئوماقلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭدا تارتىنىشتىن ئەسەرمۇ يوق، يۈزلىرى چوغ كەبى قىزارغان.

زېمىن ئانا ھەمىشە ئىنساننى پەپىلەيدۇ، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ، خىلۋەت بىر يېشىلزاردا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ سۆيگۈسىنىمۇ بېسىپ چۈشەلەيدىغان ئاجايىپ گۈزەل بىر ئائىلىنى—سۆيگۈنى ئۇچرىتىدۇ.

قاراڭ، ئورمانلىقتىكى ئاۋۇ گۈزەل «ساراڭغا»! ئۇ ھازىر ھەممە يېقىملىق ئاۋاز ۋە گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ ئىگىسى، مانا، ئۇ ئەمدى مەغرۇرلىنىشقا، دىمىغى ئۈستۈنلۈك قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق، ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكىنىچە يولدا كېتىپ بارىدۇ، ياپيېشىل دەل - دەرەخلەر، كۆپكۆك ئوت - چۆپلەر بىلەن خۇددى ئۆز ۋۇجۇدىدىن زۇخسار گۈل، ئۇچقۇلاق، لەيلىقازاق ھىدى تارىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بەھۇزۇر مۇڭداشتى، ئېقىنلار ئارا كېسىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ شىر - شىر قىلىپ ئېقىۋاتقان سۇلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

بىر خىل كۈچ ئۇنىڭغا كائىناتنىڭ گۈزەللىكىنى بايىقاتتى،



ئۇنىڭدا گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قىزغىن ھېسسىيات ئاپىرىدە قىلدى، ئۇ مۇزىكا ۋە شېئىرغا ئاشىق بولۇپ قالدى، كىشىلەر ھېسسىياتىنىڭ مەدىتىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ چىقالايدىغانلىقى، بۇنىڭدىن ئۆزگە ھەرقانداق بىر شارائىتتىمۇ بۇنى ئورۇندىيالمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ھەقىقەت، ئەلۋەتتە.

دەل مۇشۇ كۈچ قىزغىن ھېسسىياتنىڭ ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپلا قالماي، يەنە قىزغىن ھېسسىياتنى تېخىمۇ كەڭ تارىتىپ، قوپاللىقنى نازاكەتلىك، قورقۇنچاقنى جەسۇر قىلىپ بارماقتا ئىدى، پەقەت سۆيگەن كىشىسىنىڭ قوللىشى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئاشۇ جىۋەك بەستىدىن پۈتكۈل دۇنيانى مەنسىتمەيدىغان جاسارەت تۆكۈلەيتتى، بۇ خىل كۈچ گەرچە ئۇنى باشقىلارغا تاپشۇرغاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا كۆپ ياقتىن ئالغاندا ئۇنى ئۆزىگە تاپشۇرغان ئىدى، شۇ ئۇ باشقىچىلا بىر ئادەمگە، يېڭىچە ھېسسىياتنىڭلا ئەمەس، يېڭىچە نىيەتنىڭمۇ ئىگىسىگە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە نىيەت - ئىقبالىدا سەمىمىيلىك ۋە مۇقەددەسلىك بار ئىدى، ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكە تەۋە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياسى بار، ئۇ بىر ئىنسانغا، بىر روھقا ئايلاندى.

ئەمدى بىز بۇ خىل ئىنسان خاراكتېرىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ نەزەر سېلىپ باقساق قانداق؟

ئۇ ھېلىھەم ياشلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەكتە. دەل مۇشۇ پەيتتە ھەممىمىز گويا ئالتۇن نۇرلىرىنى ھەممىدىن بەھرىلەندۇرگەن قۇياشنى قارشى ئالغاندەك گۈزەللىكنىڭ كېلىشىنى شۇنچىلىك قىزغىن كۈتۈۋالماقتىمىز، چۈنكى گۈزەللىك كىشىلەرگە شادلىق ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە نادامەتمۇ ئەكېلەلەيدۇ، قارىماققا ئۇ تولىمۇ مۇكەممەلدەك قىلىدۇ. مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىراۋنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە بولغىنىدا ئۇ ھەرگىزمۇ كۆڭلىدىكى قىزنى يوقسۇل ۋە تەنھا قىياپەتتە تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى گۈلزارلىقتىكى ياپيېشىل دەرەخ دەپ قارايدۇ، دەرەخ ئەتراپىدىكى بارلىق گۈللەر شۇنچىلىك نازاكەتلىك، يېقىشلىق، خۇش پۇراق تارقىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، قىزچاقمۇ يىگىت بىلەن بىرگە ئايلانغاچ يىگىتنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ھەمىشە مۇھەببەت ۋە سالاپەت بىلەن يولداش ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بولغاچقىلا دۇنيا مۇشۇنداق رەڭدار ۋە

گۈزەل بولغانلىقىنى تونۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. قىز ئۆزىنىڭ
نەزىرىدىكى قوپال، بەتخۇي ئادەمنى تەلتۆكۈس ھالدا ئۇنىڭ (يىگىت-
نىڭ) زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ باشقا بىراۋغا
ئۆزگىرىپ، شەخسىيەتسىز، ئۇلۇغۋار، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىدىن خالىي
بولغان بىر مەخلۇقنى ئۇنىڭغا تۆلەم سۈپىتىدە سۇنىدۇ، شۇنداق قى-
لىپ، قىز ئۇنىڭ نەزىرىدە ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل شەيئى ۋە ئەخلاقنىڭ
ۋەكىلىگە ئايلىنىدۇ، يىگىتمۇ ئۆز يارىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆزى ئالاقە
قىلىدىغان باشقا كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ،
بىراق ئۇنىڭ دوستلىرىلا قىزنىڭ ئانىسى، سىڭلىسى ۋە قىزغا ئالا-
قىدار باشقا كىشىلەرنىڭ سايىسىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولالايدۇ، ئاشىق
نەزىرىدە قىز گويا ياز كۈنلىرىدىكى ئاخشامغا، مۇقەددەس سۈبھىگە،
رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەنگە ۋە ئۇچۇۋاتقان قۇشنىڭ شاد ناخشىسىغا
ئوخشايدۇ.

«خۇلقى ئوبدان، پەزىلىتى دۇرۇس» بولۇش قەدىمدىكىلەرنىڭ
گۈزەللىك قارىشىنىڭ سىمۋولىدۇر. ھالبۇكى، ئىنسان تاشقى قىيا-
پىتى ئارقىلىقمۇ قانداقتۇر بىر خىل سېھرىي كۈچ تارتالايدۇ، گەپ
ئۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم قىلىشتا، شۇنداققۇ؟! ئېنىقىن سۇدەك رايىش
ھېسسىيات ۋە ئەلا بولغان ئۆزلۈك ئارىسىدا تۇرغان بىز ئۇ خىل نامەلۇم
ھېسسىياتنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىزمىز، شۇنداقلا
ئۇنىڭ بىزنى قايسى يۆنىلىشكە باشلىغىنىنىمۇ ئاڭقىرالمايمىز، ئەل-
ۋەتتە. ئۇنى مەلۇم بىر ئورگانىك گەۋدە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلساق،
ئۇنداقتا بىز ئۇنى پاچاقلاپ تاشلىماقتىمىز، ئۇ قانداقتۇر جەمئىيەتتە
كىشىلەر پىششىق بىلىدىغان، ھېچ بولمىغاندا تەسۋىرلىنىيەلەيدىغان
ھەرقانداق بىر تۈردىكى دوستلۇق ياكى سۆيگۈ مۇناسىۋىتى ئەمەس، مەن
ئۇنى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان، ئېرىشىش بەسىي مۈشكۈل بولغان
مەنزىل، سېلىشتۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى نەپىس ۋە تاتلىق
مۇناسىۋەتكە، ئەتىرگۈل ۋە رۇخسار گۈل بېشارەت بەرگەن ۋە سەزدۈر-
گەن مۇناسىۋەتكە، بىز مەڭگۈ يېقىنلىشالمايدىغان بىر خىل گۈزەل-
لىككە ئوخشىتىمەن. ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئۇنىڭ ئاق كەپتەرنىڭ
بوينىدىكى يالت - يۇلت قىلىپ پارقىرايدىغان، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە
يوقاپ كېتىدىغان ئاشۇ نۇر دەستىسىگە ئوخشايدىغانلىقىدا، بۇنداق



گۈزەللىك بەئەينى ھەرقانداق قالتىس شەيئىلەرگە ئوخشاش ھەسەن -
ھۈسەنسىمان تۇسىنى ئۆزىدە ھازىر قىلغان، ھېچكىم ئۇنى ئاچ كۆز-
لۈك بىلەن مەلۇم مەقسەتلىرى ئۈچۈن يۇلۇۋالالمايدۇ، گېرمانىيىلىك
پروزا يازغۇچىسىچى جىئىن پائول رىچتىرن} (1825 -1763 )، نىڭ
مۇزىكا ھەققىدە دېگەنلىرىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى:«يوقال! كۆزۈمدىن
يوقال! ماڭا ئېيتقانلىرىڭ ئۆمرۈم بويى تاپالمىغان، كەلگۈسىدىمۇ
مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىلەر ئىكەن!» ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى
بولغىنىنى سىزگە بۇنىڭدىن بەك ئايان بولماس ھەقچان!؟

بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇلدا قىلىنغان مۇنازىرىنى ھەر قانداق بىر
ساختا سەنئەت ئەسىرىدىن بايقىۋېلىش تامامەن مۇمكىن. مىسالغا ئال-
ساق، ھەيكەلتىراشلارنىڭ روھى، جاسارىتى ھەمىشە دېگۈدەك بىر خىل
ئۆتكۈنچىلىك ئىچىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆتكۈنچىلىك ئىچىدە ئىپا-
دىلەنگەن ھېسسىياتى ئارقىلىق ھېسسىياتنى تەسۋىرلىگىلى بولماي-
دىغانلىقىنى ئىپادىلىشىدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى ئاشۇ بىر پارچە تاش ھەر-
گىزمۇ تاش ئەمەس: ئوخشاش بىر قائىدىنى رەسىم سەنئىتىگىمۇ تەت-
بىقلاش مۇمكىن، شېئىرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى
ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىدا ۋە ياكى كىشى-
نىڭ روھىيىتىنى قاندۇرالايدىغانلىقىدا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ
بىزنى ئاشۇ يېتىش بەسىي مۈشكۈل بولغان ئاداققى مەنزىلگە ئىنتى-
لىشكە ئىلھاملاندۇرغىنىدا ئەكسىنى تاپىدۇ. خۇددى ئەنگىلىيىلىك
ئەدەبىياتش لەندور(1864 -1775) ئەنگلىيىلىك ئەدەبىياتشۇناس:«ئۇ
مەلۇم بىر مۇكەممەل ھېسسىيات ۋە مەۋجۇتلۇققا ئالاقىدارمىكەن؟»دەپ
ئېيتقاندىكىدەك بىزنى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىدۇ.

شەخسىي گۈزەللىكمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇ بىز ئاداققىچە
ئىنتىلىدىغان، مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان ھېكايىگە ئايلانغان چېغىدا،
ھەتتا قاراپ تۇرغۇچىلارنىمۇ ئۆزىنى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ۋە ھېچنې-
مىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلغىنىدا، ئۇلۇغ كايسارمۇ بۇ ھېس-
سىياتقا جور بولۇپ، كۆك ئاسمان ۋە پاتقان قۇياشنىڭ قالدۇق نۇرلى-
رىنى ئىگىلىۋېلىشقا ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئاڭقىرىغان ئاشۇ مىنۇتلار-
دىلا ئاندىن بۇ خىل گۈزەللىك «سېھرىي كۈچ» دەپ ئاتىلىشقا، بىر
خىل «ئۆزلۈك» دەپ ئاتىلىشقا ئالدى بىلەن مۇناسىپ بولالايدۇ.

«سېنى ياخشى كۆرگەن بولسام ناۋادا، سەن قانداق قىلغان بولاتتىڭ شۇ چاغدا» دەيدىغان بىر گەپ بار، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆزىمىز ھېس قىلغان «ئاتالمىش سۆيگۈ»مىز ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئىدىيىڭىز قاتلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئىدىيىڭىزدىنمۇ يۇكسەكلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ سىز ئەمەس، شان-شەۋكىتىڭىزمۇ ئەمەس، ئۇ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا بار، بىراق سىز ئۇنى تۇيمايسىز، مەڭگۈ ھېس قىلالمايسىز.

گۈزەللىك ھەققىدىكى بۇنداق قاراش ئاتا-بوۋىلىرىمىز يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن قاراش بىلەن بىردەك، ئۇلارچە: «ئادەمنىڭ روھى پەقەت رېئال دۇنيادىلا ئىپادىلىنىپ چىقالايدىغان تۇرۇقلۇق، داۋاملىق باشقا بىر دۇنياغا، ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان باشقا بىر دۇنياغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ، روھ دەل ئاشۇ دۇنيادىن بىزنىڭ دۇنيايىمىزغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق قۇياش نۇرى ئاستىدا ھەش-پەش دېگۈچەلىكلا سۆرەلمە، لىڭتاسما بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ، بۇ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىلا كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەپسۇس، ئۇنىڭ كۆرگىنى پەقەت ئەسلىي شەيئىنىڭ سايىسىلا خالاس. شۇنداق بولسىمۇ، خۇدا روھقا ئاتا قىلغان ياشلىق نۇرى ئۇنى نەپىس بىر گەۋدىنىڭ ياردىمىدە، جەننەتتىكى گۈزەللىك، سەممىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى ئەسكە ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭلاشقا، مەلۇم بىر يىگىت بىر قىزنىڭ ۋۇجۇدىنى—دەل مۇشۇنداق نۇرغا يۆگەلگەن گۈزەل بىر گەۋدىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىشنى ئىستەيدۇ، قىزنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، يورۇش-تۇرۇشى ۋە ئەقىل-پاراستىگە سىنچى كۆزلىرىدە سەپسالىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن زور خۇشاللىق ۋە بەخت تاپىدۇ، چۈنكى، قىزچاق ئۇنىڭغا بارلىق گۈزەللىك مۇجەسسەملەنگەن شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن شەپە بېرىدۇ، گۈزەللىكنىڭ مەنبەسىنى ئىشارەتلەيدۇ.»

روھ ناھايىتى كۆپ ماددىي ئوبيېكتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ كەتكەن ھامان چاكىنا، قوپال نەرسىگە ئۆزگىرىپ، ئۆزىدىكى قانائەتنى خاتالارچە گۆش (تەن) كە ئىتتىرىپ قويىدۇ، بىراق گۆش گۈزەللىك ۋەدىسىنى روياپقا چىقىرىشقا مەڭگۈ قادىر بولالمىغاچقا، روھنىڭ ئېرىشەلەيدىغىنى پەقەت ھەسرەت-نادامەتلا، خالاس. ناۋادا روھ غايىبانە خىيالىمىزنىڭ بېشارىتىنى، ئۆزىنىڭ تەلپىنى قوبۇل ئېتەلىگىنىدە



ئىدى، بەدەندىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىنساننىڭ ھەربىر قىلىق-ھەرىكىتىدىن زوقلانغان، ھەربىر خاراكتېرىنى تەسىراتىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان بولاتتى.

ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئۆزئارا يېقىنچىلىقى ئۇلارنىڭ پاراڭ ۋە يورۇش-تۇرۇشى جەريانىدا ئاشكارىلىنىدۇ، ئۇلار ھەقىقىي گۈزەل قەسىرگە، مۇھەببەتنىڭ كۆيدۈرگۈچ گۈلخانىغا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن قەدەم تاشلايدۇ، مۇھەببەتنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئاتەشدانىدا رەزىل ھېسسىياتلار خۇددى قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ تەپتى ئوچاقتىكى ئوت ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغاندەك كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار پاكلىنىدۇ، ئالىيجانابلىشىدۇ، قىزغىن مۇھەببەت قاينىمىدىكى كىشىلەر ئۇلۇغ، مۇقەددەس، كەمتەر، ھەققانىي شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئاشۇ يۇكسەك پەزىلەتلەرنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇلارنى تېخىمۇ تەلتۆكۈس چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدىغان بولىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر يەككە تەرىپىگە بولغان سۆيگۈ ھېسسىياتىنى پۈتكۈل قىسمىغا قارىتىلغان سۆيگۈ يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ، گۈزەللىك «روھى» خۇددى قاناتلىق ئىشىككە ئوخشايدۇ، ئىشىك قاناتلىرى ئارقىلىق پۈتۈنلەي سەممىمىي ۋە پاك روھلاردىن تەشكىللەنگەن جەمئىيەتكە قوشۇلالايدۇ. بۇ يەردە ئۇ جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش داۋامىدا رېئال دۇنيادىكى بارلىق نۇقسانلار ۋە ساختىلىقلارنى ئېنىقى بىلەن كۆزىتىشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ تاۋاپ قىلغان قىز گۈزەللىكى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ گەرچە كەمچىلىكلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ چىقىشقا، ئۆز ئارا سەمىمىي بولۇش، ھۆرمەت قىلىش، دەخلى قىلىشماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، بىر-بىرىنى ئەيىبلەشكە، ھال ئېيتىشىشقا موھتاج بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا بۇلارنى بىللە يېڭىشكە قادىر بولالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ناۋادا مۇھەببەت قۇچىقىدىكى ئىنسان مۇشۇ روھنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇقەددەس گۈزەللىكنىڭ ئالامەتلىرى بارلىقىنى بايقاپ، مۇقەددەس نەرسىلەرنى باشقا دۇنيادىن يۇقتۇرۇپ كەلگەن ساختىلىقلاردىن ئايرىۋالالىغىنىدا ئىدى، روھ بەرپا قىلىش شوتىسىغا يامىشالىغان، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ مۇقەددەس چوققىسىغا يېتەلىگەن، مۇھەببەت ۋە ئەقىل-پاراسەت ئېرەم بېغىغا

قەدەم تەشرىپ قىلالىغان بولاتتى.

ھەر بىر دەۋرنىڭ ھەقىقىي دانالىرىنىڭ ھەممىسىلا مۇھەببەتنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرۈشىدۇ، بۇ تەلىماتنىڭ مەڭگۈگە ۋاقتى ئۆتمەيدۇ - يۇ، مودىمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ، پلاتون، پلوتارچ، ئاپالىئوس قاتارلىقلارمۇ مۇھەببەتنىڭ سىرلىقلىقىنى مۇشۇنداق سۈپەتلىگەن، پىتراك، مىكىلانجىلو ( بۇلار ھەممىسى قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىم دەۋرىدىكى يازغۇچى ۋە پەيلاسوپلار ھېسابلىنىدۇ) لارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇلار قانداقلا چۈشەندۈرسۇن، ئىشقىلىپ نىكاھ قانداقتۇر بىر خىل خۇپىيانە ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەنگەن، بۇ خىل مۇھاكىمە (بايان) ھەر بىر ئادەمنى تىزگىنلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر كۆزى يەنىلا گەمىدە تىمىسقىلاپ يۈرەتتى، ھەتتا قانچىكى كەسكىن گەپمۇ سۆرلەنگەن ۋە ئېزىپ يانجىلغان چوشقا سىنىدەك«ھىد»لىق بولۇپ تارقىلاتتى، بۇنداق ئېھتىياتچان پوزىتسىيىنى تەنقىدلىگەن ۋە چەتكە قاققان سادالار ئىچىدە مۇھەببەتلا ھەقىقىي بىر نەزەرىيىنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلالىغان ئىدى. ئەگەر ياش ئاياللار مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشىش داۋامىدا بۇ خىل قاراشتىن يۇقۇملاندى دېسەك، ئۇ ھالدا ئىنسان خاراكتېرىدىكى ئۈمىد ۋە ھېسسىيات تەدرىجىي ھالدا قاغجىراشقا، زەئىپلىشىشكە يۈز تۇتقان بولىدۇ، ناۋادا ئىنسانىيەتكە بەخشەندە قىلىنغان تويىنىڭ مەنىسى پەقەت ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئېجەشچانلىقى بىلەن خاتىملىنىپ قالىدىغان بولسا، يەنە كېلىپ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشتا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نىشانى قالمىغىنىدا، ئەھۋال بەلكىم تېخىمۇ ئوساللىشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ.

مۇھەببەتكە بولغان بۇنداق خىيال ۋە ئۈمىد مەيلى قانچىلىك گۈزەل بولسۇن، پەقەت ۋە پەقەت بىزنىڭ بىر قېتىملىق ئويۇنىمىز، خالاس. روھ ئىچىدىن سىرتىغا تېپىپ ئۆزىدىكى نۇرنى تەدرىجىي ئاشكارا قىلىدۇ، مەيىن دولقۇنلىرىنى توختىماستىن بۇژغۇنلىتىپ، سەييارىلارغا نۇر چاچىدۇ ياكى بولمىسا ئېرىقلاردىكى قورام تاشلارغا سوقۇلۇپ كىرىدۇ، روھنىڭ يورۇقى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن



بولغان نەرسىلەرنى — ھەر بىر ئۆي جاھازلىرىنى ۋە ئويۇنچۇقلارنى، بالا باققۇچى ۋە مالايلارنى، ھويلا - ئاراملارنى ۋە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى يورۇتىدۇ، بۇ ئائىلە بىلەن ئالاقىسى بارلارمۇ بۇنىڭدىن بەھرىلىنىدۇ، نۇر يەنە سىياسىينى، جۇغراپىيە ۋە تارىخنى يورۇتىدۇ، تۇرلۇك - تۇمەن شەيئىلەر تېخىمۇ ئالىي، تېخىمۇ ئىچكى بولغان قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە ئانالىز قىلىدۇ، ئۆزلۇكىگە قايتماقچى بولىدۇ، ئاستا - ئاستا بىز ھەرقانداق تەۋەلىك، يۇقىرى - تۆۋەنلىك، ئاز - كۆپلۈك ۋە ئادەت ۋە شەخس دېگەنلەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە ۋە تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدىغان بولىمىز. سەۋەب بىلەن نەتىجە ھەقىقەتەنمۇ ھەمنەپەسكەن، روھىي ئىنتىزارلىق ۋە تاشقى مۇھىت گارمونىك ھالدا بىرلىشىپ، ئۇزلۇكسىز ھالدا غايە ۋە ھەقىقەتنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكىگە يېقىنلىشىپ، بىزنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن كونترول قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىز ھەرگىزمۇ ئالىي مۇناسىۋەتلەر يۇكسەكلىكىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلەر قوينىغا چېكىنمەيمىز، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قانچىلىك مۇقەددەس سۆيگۈ، يۈرەكنى لاۋۇلداپ كۆيدۈرىدىغان ھېسسىيات بولسۇن، ئۇنىڭ يەنىلا بىزدىن يىراقلىشىدىغان، غايىب بولۇپ كېتىدىغان پەيتى بولىدۇ. شۇڭا بىز باشلىنىش - مۇقەددىمە، تۈگەللىمە دېگەنلەرنى كۆرەلمەيمىز، چۈنكى بىزگە ھېچقانداق بېشارەت بېرىلمەيدۇ. تار ئۆيدە نەۋقىران قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە تىكىلگىنىچە تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە بولغان ئىنتىلىشكە، ساپ ۋە غىدىقلىغۇچى ھېسسىياتنىڭ مېۋىسى بولمىش ئىستەككە تويۇنغان، بۇ دەقىقىدە ئۇلار تەپەككۇر قىلىشنى ئويلىمايدۇ، ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئېپىدېرما (سىرتقى پوست) نىڭ يېتىلىشى ۋە غۇنچىنىڭ ئېچىلىشىنى باشلىنىش قىلىدۇ، خۇپىيانە ھالدا كۆز دولقۇنلىرىغا قېتىلىپ كەتكەن ئاشۇ مىنۇتتىن ئېتىبارەن، بۇ بىر جۈپ ياش ئۆزئارا ئەدەپ - ھۆرمەتنى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشنى بىلىدىغان بولىدۇ، گويا ئوتتەك لاۋۇلداپ يانىدۇ، دېڭىزدەك ھۇشقىتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ توختايدۇ. قايناق ھېسسىيات يارغا نەزىرىدىكى «يار»نى ئېھۋەنسىز بىر شەخس سۈپىتىدە تونۇتىدۇ، روھ ئىمكانقەدەر گۆش (تەن) سىرتىدا ئاشكارىلىنىدۇ، گۆش

( تەن) بولسا تامامەن روھقا تەئەللۇق بولغان بولىدۇ.

روميئو ئۆلۈپ كەتتى، ىىراق ئۇ كىچىك ـ كىچىك يۇلتۇز بولۇپ
پارچىلىنىپ، ئاسماننى يورۇتماقتا، بۇ ىىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق كى-
شىلەرگە كىشىلىك ھايات روميئو ـ ژۇلىتتاچە بولسا ئاندىن مۇكەم-
مەل بولىدىغانلىقىنى ئېيتالىدى. بۇنداق روھقا تويۇنغان شەكىللىگە
بارلىق قاراڭغۇلۇق، كۈندۈز، بىلىم، قابىلىيەت، دۆلەت، دىن مۇجەس-
سەملەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكلى تۈمەن خىل بولغان
روھقا مۇجەسسەم بولغان، ئەلۋەتتە.

ئۆزئارا مۇھەببەتكە، ئىشەنچلىك ۋە سەمىمىي قەسەملەرگە، شې-
رىن ـ شېكەر گەپلەرگە مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ دەقىقىدىكى «ئۇ»
ماڭا ئوخشىمايدۇ، ھەر ىىر ئوماق يۇلتۇزدىن زوق ئالغاندا، ئوخشاش ىىر
پارچە بۇلۇتقا نەزەر سالغاندا، ئوخشاش ىىر پارچە كىتابنى ئوقۇغاندا
ئۇنى ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولدى، دېيىشكە بولامدۇ؟

ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى قايتا ـ قايتا ئەل-
گەكتىن ئۆتكۈزىدۇ، تەخمىن قىلىدۇ، ھەر خىل مەنپەئەتلەرنى—
ۋستىلۇق، تۇرلۇك پۇرسەت ۋە بايلىق قاتارلىقلارنى ئېتىبارغا ئېلىنىش-
دۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ گۈزەل ئەبەدىيلىك
ئۈچۈن، ئاشۇ مۇكەممەل، زەخمەتسىز، ئوماق ھاياتلىق ئۈچۈن ھەرقانداق
بەدەل تۆلەشكە رازىلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقىشىدۇ. شۈڭىمىكىن،
باللارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى تامغىلىنىدۇ، خېيىم-
خەتەر، ھەسرەت ۋە ئازاب ئۆزئارا چىرمىشىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ،
سۆيگۈ ئۆزىنىڭ دىلكەش ھەمراھى ئۈچۈن، ئۇنىڭ «مەڭگۈلۈك كۈچ»
بىلەن ئىنتىلپاق تۇزۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

نىكاھ بەرپا بولۇشى بىلەن تەبىئەتنىڭ ھەر ىىر بۇلۇڭ ـ پۇچ-
قاقلىرىغا يېڭىچە قىممەت بەخش ئېتىلىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت
تورى ئىچىدىكى ھەر ىىر كۆزۈنۈش ئالتۇندىن ھەللەندى، روھ بولسا
يېپيېڭى، سۆيۈملۈك ىىر ئاتموسفېرادا يۇيۇنماقتا ئىدى، ئەپسۇس ىىز
بەرپا قىلغان بۇ نىكاھ ۋاقىتلىق ىىر ھالەت، ئەلۋەتتە.

تەن (گۆش) دىكى تۆرەلمە ئىچىدە قاتتىق ئۇيقۇغا چۆشكەن، كى-
شىنى تولىمۇ ئەيمەندۈرىدىغان ھېلىقى روھ بولسا ئەمدى بۇرۇنقىدەك



ھەمىشىلا گۈل، مەرۋايىت، شېئىر، تالاش ـ تارتىشتىن، ھەتتاكى باشقا
ىىر قەلبىنىڭ گۈلزارلىقىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشتىن قالدى، دې-
مىسىمۇ ئۇ ھامان ىىر كۈنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئۆزىنى ئويۇن-
چۇقتەك پورەكلىگەن شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر، رايىش ھېسسىيات-
لارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، تېخىمۇ بىپايان ۋە ئو-
مۇمىيۈزلۈك بولغان زېمىننى ئىزدەشكە ئاتلانماي قالمايدۇ.

شەخس ۋۇجۇدىدىكى روھنىڭ مۇكەممەللىككە، بەختكە ئىنتى-
لىش ئىستىكى تۈپەيلىدىن قارشى تەرەپنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كەمتۈك-
لۈكنى، يەڭگىلتەكلىكنى ۋە قاملاشماسلىقنى بايقىدى. شۈبھىلىنىش،
سەمىمىيلىك ۋە ھەسرەت ئۇنىڭ كەينىدىن شەكىللىنىشكە تۇتۇندى،
ئالىيجانابلىق ۋە گۈزەل پەزىلەت ئۇلارنى ئۆزئارا تارتىشتۇرۇپ يۈر-
گەچكە ئاجايىپ ىىر سىمۋولغا ئايلىنىپ قالدى. گەرچە بۇ پەزىلەت
قانچىلىك پىنھان، تۇتۇق بولمىسۇن يەنىلا مەۋجۇت ئىدى، ئۇ گاھى
پەسەيسە، گاھى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلەتتى. كۆڭۈل بۆلىدىغان
ئوبيېكتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، يۈزەكى ھادىسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ،
ماھىيەتكە تايىنىش كېرەكلىكىنى توختاۋسىز ھالدا ئەسكەرتىپ تۇ-
راتتى، ئازار يېگەن قەلب تەسەللىگە ئېرىشتى، ھاياتلىقنىڭ ئۆزلۈمەي
داۋاملىشىپ بۇنىڭ پەقەت ىىر قېتىملىق ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئىس-
پاتلىدى. ئويۇن قاتناشقۇچىلىرى شاھمات ئورۇقى بولۇش سۈپىتىدە
توختاۋسىز ئورنىنى يۆتكەپ تۇراتتى، ئۆزئارا ھەمكارلىشاتتى، ئۇلار
پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق ئىشقا سالالىغاندىلا ئاندىن
ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالايتتى، ىىر ـ ىىرىنىڭ ئەۋزەل ۋە پاس-
سىپ ۋەزىيىتىنى ئىگىلىيەلەيتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنسانىيەت-
نىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى جەريانىدا بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتى ۋە
مەقسىتى ئايان بولدى، كىشىلىك ھاياتتىكى ھەممە، مەيلى ئۇنى بىل-
گىلى بولسۇن ـ بولمىسۇن، ھەممىسىلا ئەر ۋە ئاياڭدىن ئىبارەت بۇ
ئورگاننىڭ تەننىڭ ئارىسىغا ئەپچىللىك بىلەن قېتىلىپ كەتتى.

مۇھەببەت بەخش ئېتىلگەن ئىنسان پۈتمەس ـ تۈگىمەس لەززەت
ۋە ھۇزۇرۇدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

دۇنيا ئايلانماقتا، بارچە شەيئى تۈمەنمىڭ خىل بولۇپ ئۆزگەر-
مەكتە، قەلب دېرىزىمىزنى تېشىپ ئۆتۈپ، يىراقلارغا باققىنىمىزدا

ۋۇجۇدىمىزغا مۆكۈكلۈك پەرىزاتنى بايقايمىز، ئىبلىس ۋە ئالۋاستى-
نىمۇ ھېس قىلىمىز، خىلمۇخىل گۈزەل پەرىلەتلەر بۇلارنى يۇغۇرۇپ
بىر گەۋدە قىلىۋېتىدۇ. پەرىلەت ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولىدىغانلا بولسا،
بارلىق رەزىللىك كىرگۈدەك تۆشۈكى، مۆككۈدەك جايى قالماي، پۇ-
شايمان ۋە ئاللاقىزادىلىك ئىچىدە قاچقان بولاتتى، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ
ئىلگىرىكى ئۆتتەك مۇھەببىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سو-
ۋۇشقا، قايناق ھېسسىياتى ئاجىزلىشىشقا ۋە دائىرىسىنى كىچىكلىتىشكە
باشلىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل ھېسسىيات ئاخىرقى ھېسابتا يە-
نىلا بىر خىل مۇكەممەل ۋە ھەقىقىي چۈشىنىشكە ئېرىشكىنى ئې-
رىشكەن ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ئېقىنلىرىدا ئۇلار قىلچىمۇ ئاھ ئۇر-
ماستىن بىر ـ بىرىگە بېغىشلىغان ئەر ـ ئاياللىق مەسئۇلىيىتىنى
ئۈستىگە ئېلىشىدۇ، ئىلگىرىكى ئاشۇ ئۇرغۇپ تۇرغان قەلبىدىكى قاي-
ناق ھېسسىيات بىلەن ئۆزلىرىنىڭ غايىسىدىكى راھەتلىك ھەم چەك-
لىمىسىز بىر ھالەتنى بەرپا قىلماقچى بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ
راستتىنلا مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئەڭ ئا-
خىرىدا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەڭ دەسلەپتە بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشقا
قىزىقتۇرغان بارلىق نەرسىنىڭ ئاشۇ مۇقەددەسلىكىنىڭ (سۆيگۈنىڭ)
سىرتقى ياپتىرىقى — چاپىنى ئىكەنلىكىنى، ئاشۇ سېھرىي كۈچكە
تولغان سېھىرلىك ئەپسۇننىڭ پەقەت ۋاقىتلىق مەۋجۇتلۇق ئىكەنلى-
كىنى بايقىشىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئالدىن
ماتېرىياللارنى تەقلەپ قويغانغا ئوخشاش ئالدىن بەلگىلەپ قويغان پې-
لانى بار، بۇنىڭدىن سىرت قەلبى ۋە ئىدىيىسى يىلدىن ـ يىلغا ساپ-
لىنىشىپ، يۈكسىلىپ تۇرغاچقا، نىكاھىمۇ ئەمدى ھەقىقىي مەنىدىكى
نىكاھ بولالايدۇ، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ باشتىن تارتىپ تەييارلىقى بول-
غاچقا يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ھەتتا بۇنداق يىراقنى كۆرەرلىك ئۆزلىرى-
نىڭ ئېھتىياجىدىنمۇ ھالقىپ كېتىدۇ.
ئەر ۋە ئايال ھەم ئۆزئارا سىغىشالمايدىغان ھەم ئايرىلالمايدىغان
بىر گەۋدە، پەقەت ھېلىقىدەك نىشان(مۇھەببەت) بولغاچقىلا، ئۇلار نى-
كاھتىن ئىبارەت بۇ ئۆيگە سولىنىپ 50 ـ 40 يىلنى بىللە ئۆتكۈزىدۇ،
مۇنداق ھالەتتىن مەن ھەيرانلىق ھېس قىلمايمەن، چۈنكى ياشلىق
پەيتلىرىدىكى قەلبىم بۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن بېشارەت بېرىپ بولغان



ھەم مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن، تۇغما
تەبىئىتىم گۈزەللىك بىلەن بۇ ئۆكۈككۈرنى ئانچە ـ مۇنچە بېزىگەن،
خاراكتېر، ئەقىل ـ پاراسەت، سەنئەت بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، يېڭى
تۈينىڭ تەبرىك ۋە تەنتەنىلىرىگە قېتىلىپ كەتكەن ئىدى.
بىز مۇھەببەتنىڭ تەربىيىسىنى مانا مۇشۇنداق قوبۇل قىلىمىز،
بۇنداق سۆيگۈ جىنس ئايرىمايدۇ، بىر تەرەپكە يانمۇ باسمايدۇ، ئەكسىچە
نەدىلا بولمىسۇن گۈزەل پەزىلەت ۋە پاراسەت، پاراسەت ۋە پەزىلەتنى
يۈكسەلدۈرىدىغان مەقسەت، نىشان ئىزدەيدۇ، ماھىيىتىدىن ئالغاندا بىز
ھەممىمىز بىر چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلارمىز، يېڭى ئۆگەنچىلەرمىز.
مانا مۇشۇلا بىزنىڭ ئەبەدىي ھالىتىمىزدۇر، بىراق بىز ھەمىشە ئىخ-
تىيارسىز ھالدا ئۆزىمىزنىڭ ھېسسىياتىنىڭ پەقەت كېچىنى ئۆت-
كۈزگەن چېدىردا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. مەيلى قانچى-
لىك ئاستا بولسۇن، ھېسسىياتنىڭ ئوبيېكتى ھەمىشە ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ، خۇددى ئىدىيىنىڭ ئوبيېكتى ئۆزگىرىپ تۇرغاندەك. بەزى ۋا-
قىتلاردا ھەتتا، ھېسسىيات بىر ئادەمنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، ئۇنى بوي-
سۇندۇرالايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئۆزىنىڭ بەختىنى بىر ياكى بىر نەچچە ئا-
دەمگە تەۋسىيە قىلىشقا مەجبۇرلاپمۇ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
ھېس ـ ئىدراكى يەنە بىر قېتىم ئۆز ھالىتىگە — يۇمىلاق ياي شە-
كىللىك، سامانيولىسىمان چىراغ نۇرى قۇچىقىدا پارلىغان نۇردەك
ھالەتكە قايتىپ قالىدۇ، بۇلۇت كەبى يوپۇرۇلۇپ، مۇھەببەت ۋە ۋەھىمە
تۇپەيلى پەيدا بولغان چەكلىك «ئۆزلۈك»نى ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ،
خۇدا بىلەن بىر گەۋدە بولۇشقا تۇرتكە بولغىنىدا، بىزمۇ ئۆزلۈكى-
مىزنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئۇلاشقان بولىمىز.
«روھنىڭ يۈكسىلىشى بىزنى نېمىلەردىن مەھرۇم قالدۇرار»
كىن دېگەندەك ئەندىشىدە بولۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، روھ — باش-
تىن ـ ئاياغ تەۋرەنمەي ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان شەيئى، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان مۇناسىۋەتلەر شۇنچىلىك گۈزەل، شۇن-
چىلىك تارتىملىق، ئۇلار بىزنى تېخىمۇ يېڭى بولغان نەرسىلەرگە ئىگە
قىلالايدۇ، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئېلىپ، تا ئاداققىچە دەۋرلىنىپ
تۇرىدۇ.

# سوۋغا ھەققىدە

كىشىلەر: «بۇ دۇنيا ئاللىقاچان ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالدى، ھەر بىر كىشى ئۆزىگە قەرز بولسىمۇ، ئەزەلدىن تۆلەپ باققىنى يوق، ئەسلىدە بالدۇرراق چوڭراق سوت مەھكىمىسىدىن بىرىگە بېرىپ ئۇزۇلۇپ كەتسىلا ئىش تۈگىمەسمىدى؟» دېيىشمەكتە.

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ھەممىمىز بۇنداق«نەس بېسىش»تىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، شۇنداق ئىكەن، قەرز تۆلىگەندە ئىچىمىز ھەرقانچە ئاچچىق بولۇپ كەتسىمۇ، مەرد قىياپەتكە كىرىۋالماي بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ مېنىڭ قارىشىم ئەمەس، مېنىڭچە بۇ خۇددى كىشىلەر مىلادى بايرىمى، يېڭى يىل ۋە باشقا بايراملاردا سوۋغات ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاپقان باھانىسىگە ئوخشاشلا بىر ئىش، خالاس.

سوۋغات ئىشلىرىدىكى ئەڭ ھالقىلىق نۇقتا، ئۇنى قانداق تاللاشتا، ئەگەر مەن تۇيۇقسىزلا بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشنى ئويلاپ قالغان بولسام، قانداق سوۋغا بەرسەم بولار، دەپ بىر ھازاغىچە، تاكى پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكۈچە ئويلاپ كېتىمەن، گۈل دۇنيادىكى ئەمەلىي ئىشلىتەلىش قىممىتىگە ئىگە بارلىق نەرسىلەر بىلەن تەڭ تۇرالايدىغىنىنى مەغرۇرلۇق بىلەن جاكارلىغاندەك قىلىدۇ، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئاجايىپ «شەرىپى»، ئوچۇق ۋە كۆركەم سالاپىتى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈل ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر مەڭگۈ ئەڭ مۇۋاپىق سوۋغا بولالايدۇ.

گۈلنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇنداق تەبىئىي خاراكتېرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا ئاددىي، قاتمال شەيئىلەر بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ، كېيىنكىسى گۈلنىڭ ئالدىدا قارىماققا ھۇنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدىن ئاڭلانغان مۇزىكىغا ئىنتائەت قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ.

ئۇلۇغ تەبىئەت بىزنى ھەرگىزمۇ ئەركىمىزگە قويۇۋەتمەيدۇ،



چۈنكى بىز ئۇنىڭ بالىسى، ئەرمىكى ئەمەس، ئۇ بىزنى ئەركە قىلىۋەتمەيدۇ، ئۆزى بويسۇنىدىغان تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ بىزگە يەتكۈزىدۇ. كىشىنىڭ ھەستىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، ئاشۇ مەغرۇر گۈللەر، توغرىسىنى ئېيتقاندا سۆيگۈ ۋە گۈزەللىكنىڭ، كۆڭۈل خۇشلۇقىنىڭ مۇجەسسەمى بولمىش گۈللەر كائىناتنىڭ ئەركە بالىلىرىدۇر.

كىشىلەر ھەمىشە:«ھەممە كىشى مەدھىيە، خۇشامەتكە ئامراق، گەرچە ئۇنىڭغا ئۇنچە ئاسان ئىشىنىپ كەتمىگەندەك قىلسىمۇ» دېيىشىدۇ، بۇ سۆز ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بىزنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ، سوۋغا ـ سالام ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

گۈل بىزگە مەدھىيىگە ئوخشاش كۆڭۈل شادلىقى ئەكېلەلەيدۇ، بۇنداق شېرىن بېشارەت «مەن»نىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلايدۇ، مېۋە ـ چېۋىمۇ مۇۋاپىق سوۋغا ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ماددىي بويۇملارنىڭ گۈلتاجىسى، چۈنكى ئۇ ئۆزىدە ئاجايىپ سىرلىق قىممەتنى مۇجەسسەم قىلغان، ناۋادا بىراۋ مېنى يۈز مىل نېرىدىكى بىرسىنى يوقلاشقا ئەۋەتىپ، ئالدىمغا بىر سېۋەت يېڭى، يازلىق مېۋىدىن قويۇپ قويسىلا، ئەمگىكىم بىلەن ھەققىم ئۆزئارا تەڭلەشتى، دەپ رازى بولۇپ كېتەر ئىدىم.

ئادەتتىكى سوۋغىلارغا كەلسەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرى ئەڭ مۇۋاپىق ھەم ئەڭ گۈزەل سوۋغا بولالايدۇ، جىددىي ئېھتىياجلىق بويۇملار بولسا تېپىلغۇسىز ئېسىل سوۋغىدۇر، بىراۋنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشىپ قالسىڭىزلا، ئاۋۋال خۇشلۇقىڭىزنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ تاللاپ كېتىسىز، بۇ خۇددى يالاڭ ئاياغ بىرى ئىشىكىڭىز ئالدىدا تۇرسا، ئۇنىڭغا رەڭ تەڭشەش تاختىسىدىن بىرنى بېرىش ـ بەرمەسلىكنى ئويلاشمىغىنىڭىزغىلا ئوخشايدۇ.

مەيلى ئائىلىدە بولسۇن ياكى سىرتتا بولسۇن، باشقىلارنىڭ يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى تەل ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە خۇش بولىسىز، كۆڭلىڭىز ئارام تېپىپ قالىدۇ، بۇنداق ئەقەللىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىم، شۇڭا زۆرۈر

بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىش ھەممىشە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇل بولۇپ كەلگەن.

كىشىلەر بىر-بىرىگە ھاجەتمەن بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، سوۋغا قوبۇل قىلغۇچى تەرەپكە ئۇنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قارارنى چىقارتقۇزۇش ھەمدە ئىمكانقەدەر ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش قەھرىمانلىقتا ياتىدۇ، شۇڭا بۇنداق باتۇرلۇق بىئەپرەك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا خۇشخۇيلارچە، ئۇلۇغۋارلارچە تاكتىكا دەپ تەرىپلىنىشكە تېگىشلىك. ناۋادا ئۇنىڭ تەلىپى بەكلا چېكىدىن ئېشىپ كەتكۇدەك بولسا، باشقا بىراۋ (ئۈچىنچى شەخس) ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇڭ، قىساس ئىلاھەسىنى بۇ رولنى ئېلىشقا تەكلىپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەن ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ روللارنى ئېلىشقا رازى، ئەلۋەتتە.

سوۋغىنىڭ پرىنسىپلىرى ھەققىدە بىر دوستۇمنىڭ دېگىنىدەك ئىش كۆرۈش كېرەك: «زۆرۈر بۇيۇملاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان سوۋغا — سوۋغا قوبۇل قىلغۇچىنىڭ خۇلقىغا ماس كېلىدىغان، سوۋغا ئارقىلىق كىشىگە ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ياكى ئۆزىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرالايدىغان سوۋغىدۇر». بىراق بىز ھۆرمىتىمىز ۋە كۆڭلىمىزنى ئىپادىلىيەلەيدۇ، دەپ ئىشەنگەن سوۋغىمىز كۆپ ھاللاردا بەكمۇ تومپاي بولۇپ قالىدۇ، ئۈزۈك ياكى ئۈنچە-مەرۋايىتلار گەرچە سوۋغا ھېسابلىنالمىسىمۇ، ھەرھالدا كۆڭلىمىزنى سۆزلەپ بېرىدىغان سەپلىمە بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ياخشى سوۋغا دەل سىزنىڭ بىر پارچىڭىز، خۇددى شىلىۋېلىنغان بىر كېسىم گۆشىڭىزگە ئوخشايدىغان پارچىڭىزنىڭ ئۆزى شۇ، شۇڭلاشقا شائىرلارنىڭ سوۋغىتى شېئىر، پادىچىنىڭ سوۋغىتى قوي؛ دېھقان بۇغداي سوۋغا قىلسا، كان ئىشچىسى چىنىتاش سوۋغا قىلىدۇ، غەۋۋاسنىڭ سوۋغىتى بولسا مارجان ۋە قۇلۇلە قېپى، رەسسامنىڭ ئەكەلگىنى بولسا ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى، قىزچاق بولسا ئۆز قولى بىلەن تىككەن ياغلىقنى كۆڭۈل سوۋغىسى قىلىدۇ. بۇلار كىشىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان، يەنە كېلىپ ئەڭ مۇۋاپىق سوۋغىلار بولالايدۇ، چۈنكى بۇنداق سوۋغات تەقدىم قىلغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزلۈك (ئەسلىي) نى ئەسلىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ، بىر كىشىنىڭ سوۋغىتى ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ،



ئادەمنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ سىمۋولى بولالايدۇ، سىزنىڭ ماگىزىنىدىن مەن ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى سېتىۋېلىشىڭىزنى تولىمۇ ئېتىبارسىز ھەم جانسىز (ھېسسىياتسىز) بىر ئىش (تەبىئىيلا ئېلىپ بېرىلغان) دەپ قارىساقمۇ، ئالتۇن-كۈمۈش پەقەت زەرگەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئېتىقادىڭىز ۋە تۇرمۇشىڭىزغا سىمۋول بولالمايدۇ، بۇلار پەقەت پادىشاھلارغا ياكى ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان كىشىلەرگە (بۇلار ئەمەلىيەتتە مالىيە كۈچى تۆۋەنرەك بولغان بايلارنى كۆرسىتىدۇ) سوۋغا قىلىشقا ماس كېلىدۇ، بۇنداق سوۋغا ئەمەلىيەتتە سىمۋول خاراكتېرلىك جىنايەتنىڭ ياكى قاقتى-سوقتىلىق قىلمىشىنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

مەنپەئەتنىڭ پرىنسىپى خۇددى خەتەرلىك دېڭىز بوغۇزىغا يۈرۈش قىلىۋاتقاندەك، سەپەردە تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە پاراخوت مەزمۇت بولسا بۇ باشقا گەپ، سوۋغا-سالام قوبۇل قىلىش ھەرگىزمۇ بىرلا كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس، ئۇنداقتا سىز سوۋغا بېرىشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلالايسىز؟ بىز ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىزلا ئۆتۈپ كېتىشكە رازى، بىز بىزگە سوۋغا بەرگەن كىشىلەرگە ئۈنچە كەڭ قورساق بولالمايمىز، شۇڭىمىكىن بىزگە سوۋغا تەڭلىگەن ئاشۇ قول بەكمۇ قاتتىق چىشلىۋېتىلىشى تۇرغانلا گەپ. بىز مۇھەببەت ۋەجىدىن بېرىلگەن سوۋغىنى قوبۇل قىلالايمىز، چۈنكى بۇ ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسىنى قوبۇل قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ مەقسەتلىك شاپائىتىنى قوبۇل قىلغان بىلەن ئوخشاش ئەمەس.

ئۇنىڭغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزسەك ئىززەت-ھۆرمىتىمىز ۋە قەدىر-قىممىتىمىز ئازراق پېتىدىن چۈشۈپ كەتكەندەك ئويلاپ قالىدىغانلىقىمىز ۋەجىدىن، بەزىدە ئۆزىمىز يەۋاتقان گۆشتىنىمۇ زېرىكىپ قالىمىز.

• بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ئۇنىڭ بارچىسى، بىرىمۇ كەم قالمىغاندىلا ئاندىن قانائەت قىلىمىز، بىراق ئۇ بىزگە تۇپراق، ئوت ۋە سۇدىن ئۆزگە ھېچنېمە — پۇرسەت، مۇھەببەت، غۇرۇر ۋە ھۆرمەت ئاتا قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز جەمئىيەتنى ئەيىبلەيمىز.

خاتىرجەم ھالدا سوۋغا قوبۇل قىلالايدىغان كىشىنىڭ ھەممە كىشى ئەزىزلەيدىغان ئابرۇيلۇق كىشى بولۇشى ناتايىن، كىشىلەر سوۋغا قوبۇل قىلىشقىنىدا خۇشاللىنىشنىڭ ئورنىغا ھەمىشە ھەسرەتلىنىدۇ، بۇنداق ھېسسىيات ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. ھەر قېتىم، ھەر بىر تال سوۋغىدىن خۇشاللانغان ياكى قايغۇرغان چېغىمدا، بىر بولسا باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلسام، بىر بولسا ئۆزۈمنى تۆۋەن چاغلاپ قالىمەن، كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدىغان، باشقا بىر دۇنيانىڭ ئادىمىدىن سوۋغا ئېلىپ، مۇستەقىللىقىم تاجاۋۇزغا ئۇچرىغىنىدا تولىمۇ ھەسرەتلىنىپ كېتىمەن، سىزمۇ بۇ قىلىقىمنى ياقتۇرمايسىزغۇ دەيمەن؟

ناۋادا بىر پارچە سوۋغا مېنى قىنى- قىنىمغا پاتمىغۇدەك خۇشال قىلالىسا، سوۋغا بەرگەن كىشى دەل كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغان بىرى شۇ، ئۇ مېنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇنىڭ سوۋغىسىنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى كۆرۈپ يېتەلىگەن چېغىدا، مەن خىجالەتتە قېلىشىم مۇمكىن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، سوۋغا — سوۋغات بەرگۈچى مەن تەرەپكە باشلىغان ئېقىن، مېنىڭ بۇ ئېقىن تەرەپكە ئېقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشىشىم زۆرۈر، سۇ تەكشى ئاققان پەيتتە ئۇنىڭ نەرسىسى مەن تەرەپكە، مېنىڭ نەرسەم ئۇ تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭ نەرسىسى ماڭا، مېنىڭكى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا: «دەرۋەقە سىنىڭ مىيىڭ ۋە ھارىقىڭ ماڭا تەئەللۇق بولدى، سەن ئۇ نەرسىلەرنى يەنە بىر قېتىم سوۋغا قىلساڭ قانداق» دېسەم، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىنى ئىنكار قىلغىنىم بولامدۇ، قانداق؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋغىدا چوقۇم مۇۋاپىق بىر گۈزەللىك بولسا بولسۇنكى، ئىشلىتەلمىسەكمۇ ھېچقىسى يوق. بولمىسا، ئۇنداق سوۋغىنىڭ قەستەن چىشىغا تېگىشتىن پەرقى قالمايدۇ، ئىلتىپاتقا نائىل بولغان تەرەپمۇ ئىچ- ئىچىدىن مىننەتدار بولۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى بارلىق ئىلتىپاتقا ئېرىشكۈچىلەر بارلىق تىمون ( شېكىسپىرنىڭ «ئافىنانىڭ تىمونى»دىكى باش پېرسوناژ، ئۇ ئىنسانلارغا، بارلىق ئادەمزاتقا نەپرەتلىنىدىغانلارنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ قالغان) لاردىن نەپرەتلىنىدۇ، ئۇلار سوۋغىنىڭ قىممىتى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە سوۋغىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولمىش خەزىنىنىڭ خىيالىنى سۈرىدۇ.



مەن ئاشۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ «تىمون بوۋاي»نىڭ غەزىپىنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى قوللاشنى خالايمەن، باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىنى تەمە قىلىش تولىمۇ چاكىنىلىق، يەنە كېلىپ بۇ ئىلتىپاتقا نائىل بولغۇچىنىڭ شەپقەتسىزلەرچە ئەدەپلىنىشكە ئۇچرىشى مۇمكىن، ئەگەر سىز تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىزغا نائىل بولۇپ قالغان بىراۋنىڭ قېشىدىن ئامان- ئېسەن كېتەلىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇنى سىزنىڭ كاتتا خۇشاللىقىڭىز دېيىشكە بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش كىشى ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان مەسئۇلىيەت. شۇڭا ئىلتىپاتىڭىزغا قەرز بولغۇچىنىڭ كاچىتىڭىزغا كېلىشتۇرۇپ سېلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

مەن بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنى ھۆرمەتلەيمەن، چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن مىننەتدار بولمايدۇ، پەقەت: «شاپائەتچىڭگە خۇشامەت قىلما» دەپلا قويىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ مەن ئاتالمىش مۆتىۋەرلەرگە سوۋغا قىلماقچى بولغان ئاگاھلاندۇرۇش سۆزىنىڭ ئۆزى شۇ.

مەن ھەمىشە قاملاشمىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى ئېھتىمال ئادەم ۋە سوۋغا ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىقمىدۇ، دەپ، تېڭىرقاپ قالىمەن.

سىز كۆكسى- قارنى كەڭ بىرىگە ھېچنېمە سوۋغا قىلالمايسىز، چۈنكى سىز بايىلا ئۇنىڭغا تەسىراتتىن بىرنى بەردىڭىز، ئۇنىڭ سالاپىتىمۇ سىزنى شۇ ھامان ئادەمگەرچىلىك قەرزىگە بوغۇپ قويىدى.

بىراۋنىڭ دوستىنىڭ ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغان سوۋغىتىغا سېلىشتۇرغاندا، دوستىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمى ئەكسىچە تولىمۇ ئاز ھەم شەخسىيەتچى بولغان بولىدۇ. دوستىغا ياردەم قىلىشتىن ئىلگىرىكى «ئۇ» بىلەن ياردەم قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى «ئۇ» يەنىلا بۇرۇنقى پېتى تۇرىدۇ، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ دوستۇمغا قىلغان شاپائىتىمنى بولسا تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، بۇنىڭدىن سىرت، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆتۈلگەن ئىشلار ياخشىمۇ بولىدۇ، ناچارمۇ بولىدۇ، تاسادىپىيمۇ يۈز بېرىدۇ، ئۆزىمىز خالاپمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بىز باشقىلارنىڭ ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىققا ئېرىشكەنلىكى سەۋەبلىك بىزدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى ئاڭلىيالمايمىز، بىزمۇ بۇنىڭدىن ھېچقانداق خىجىللىق ھېس

قىلمايمىز، غۇررۇرىمىز زەخىم يېگەندەكمۇ تۇيۇلمايدۇ. بىز پەقەت ناگان - ناگاندا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يۈزلىشىپ قالغىنىمىز بىلەن، كۆپىنچىسى ۋاستىلىك يوللار بىلەن ئىش كۆرىمىز. باشقىلارغا يۈزتۇرا ياخشىلىق قىلساق، ئەلۋەتتە ئۇلار بۇنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، بىراق بۇنداق مۇكەممەللىك تولىمۇ ئاز تېپىلىدۇ، چۈنكى ھەقىقىي دۇرۇس بىر ئىنسان ياخشىلىقنى ھەمىشە سېخىيلىق بىلەن قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ مىننەتدار بولۇشىنى پىسەنتىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

مەن سۆيگۈنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن، مۇھەببەت سوۋغاتىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھىدۇر، بىز ھەدېسىلا ئۇنىڭغا قول شىلتىپ بۇيرۇق سوقۇپ يۈرسەك قاملاشمايدۇ، ئۇنىڭ بىزگە پادىشاھ ۋە گۈل يوپۇرمىقىغا ئوخشاش نەزەردە بېقىشىغا يول قويايلى!

مۇنداقمۇ كىشىلەر بار، ئۇلار ھەمىشە*كىملەرنىڭدۇر ئۆزىگە ئېسىل سوۋغىلارنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلارنىمۇ مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى، چۈنكى بۇ دېگەن كوچا - كوينىڭ قائىدىلىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدە بىر ھوقۇق، ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن باشقىسىدا مەن بىزنىڭ سېتىلىپ كەتمەسلىكىمىزنى كۆرۈش ئىستىكىدىمەن. چىن مەنىدىكى ئىلتىپات ۋە مەردلىك سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ئارقىلىق تەقدىرىڭىزنى كونترول قىلىنىشىڭىزدا ئۆز ئەكسىنى تاپالمايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ سىز ئۈچۈن «مۇنداقلا»بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقىدىم، سىزنىڭ ماڭا موھتاج ئەمەسكەنسىز، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھەرگىزمۇ ھېس قىلمايدىكەنسىز، گەرچە سىز ماڭا ئۆي ۋە يەر ئاتا قىلغان بولسىڭىزمۇ، مەن يەنىلا كۆڭۈل خانىڭىزدىن سىرتتا قالدۇرۇلدۇم. ئاتا قىلىشنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، ئۇ پەقەت تەسەۋۋۇرلا خالاس، بىراق مەن باشقىلارغا ئاتا قىلىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىشكە ئۇرۇنغىنىمدىلا ئاندىن بۇنىڭ بىر دانىشمەن پىلانلىغان ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىدىم، بولمىسا، ئۇلارنىڭ سىزنى قوبۇل قىلىشى خۇددى ئالما يېگەنگە ئوخشاش بولغانلىقتىن، يەپ بولۇپلا ئۇنتۇشى ئېھتىمال. سىز ئۇلارنى ياخشى كۆرسىڭىزلا، ئۇلارمۇ سىزنى ھېس قىلىشى، سىز بىلەن مەڭگۇ بىللە ئۆتۈشكە خۇشتار بولۇشى مۇمكىن.



# دوستلۇق ھەققىدە

بىز ئىلگىرى دائىملا ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان: «بىز چوقۇم ئاق كۆڭۈل بولۇشىمىز كېرەك» دېگەندىنىمۇ كۆپ ئاق كۆڭۈللۈككە موھتاج، گەرچە ئىنساننىڭ شەخسىيەتچى تەبىئىتى بەئەينى قىشنىڭ مۇدھىش شاملىرىدەك پۈتكۈل دۇنيانى ئۇچۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت خۇددى ساپ ئىسىر ( غەربلىكلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىسىرنى ئالەمنى تولدۇرۇپ تۇرغان ئەڭ ئاساسىي ئېلېمېنت دەپ قارىغان) دا تۇرغاندەك، ھېلىھەم سۆيگۈ ئېلېمېنتلىرىغا چىلىنىپ تۇرماقتا. لەمپە ئاستىدا ھەمىشە نۇرغۇن كىشىلەرنى تاسادىپىي ھالدا ئۇچرىتىپ قالىمىز، گەرچە ئۆزئارا تىل ئالاقىمىز تولىمۇ ئاز بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمىز، ئۇلارمۇ بىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ، كوچا - كويلاردا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلەن سۈۋۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىمىز، چېركاۋدا بولسا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىمىز، گەرچە بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىغىنىمىز بىلەن تەبىئىيلا چىقىشىپ كېتەلەيمىز، كۆزلىرىمىزدىكى ئىپادىگە سەپسېلىش ئارقىلىق ئۆزئارا يېقىنلىشىمىز.

ئىنسانىيەتنىڭ مانا مۇشۇنداق ھېسسىياتلارغا مەپتۇن بولۇشى شادلىقىغا شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شېئىرلاردىن ۋە ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى كۈس - كۈس پاراڭلاردىن باشقىلاردىكى كۆيۈنۈش ۋە ئەپۇچانلىق ھېسسىياتلىرىنى، ئوچاقنى چۆرىدەپ ئوت سۇنۇۋاتقاندىكىدەك ئىللىقلىقنى ھېس قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالايمىز، ھالبۇكى، بۇنداق ئىللىقلىق ئوتتىنىمۇ شىددەتلىك، بۇ خىل تەشەببۇسكارلىق ھەتتا كىشىنى ھاياجانلاندۇرۇپ قەلبىدىكى ئەڭ گۈزەل ھېسسىياتلىرىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇرلايدۇ، ئەڭ مۇقەددەس، چىن مۇھەببەتتىن تارتىپ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگىچە تۇتاشقان بۇ خىل ھېسسىيات تۇرمۇشنى شۇنچىلىك مول ۋە لەززەتلىك قىلىۋەتكەن دوستلۇق تۇيغۇسىنىڭ ئۆزى شۇ.

ئەقلىمىز ۋە هاياتىي كۈچىمىز بۇ ھېسسىياتنىڭ بېيىشىغا ئەگىشىپ يۈكسىلىدۇ، ئەدىبلەر يېزىقچىلىققا تۇتۇش قىلغىنىدا، يىللاردىن بۇيانقى ئازابلىق ھېسسىيات ۋە ئەسلىمىلىرىنىڭ ئۇلارغا مۇۋاپىق تەپەككۇر يولى ۋە قولاي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاتا قىلىشى ناتايىن، بىراق ئۇلار دوستلىرىغا بىر پارچە خەت يېزىۋاتىدۇ، دەيلى، دەل مۇشۇ دەقىقىدە نازۇك پىكىرلەر ۋە قالتىس سۆز تىزمىلىرى تەرەپ-تەرەپتىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئاق كۆڭۈل بىر پۇقرانىڭ ئۆيىگە تەۋسىيە قىلىنغان بىر ناتونۇش مېھمان كەلدى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسى چوقۇم ھەم خۇشاللىنىدۇ ھەم ئازابلىنىدۇ، ھەتتا بىسەرەمجان بولۇپ كېتىشىدۇ. ئۇلار مېھماننى ئەنسىرەش كەيپىياتىدا كۈتۈۋالىدۇ، ئۆيلەرنى تازىلايدۇ، نەرسە-كېرەكلەرنى تىزىدۇ، يېڭى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرىدۇ، يەنە تېخى سەھەردە تۇرۇپ ئۇنىڭغا تاماق تەييارلايدۇ، چۈنكى تەۋسىيە قىلىنغان مېھمان توغرىسىدا ئاڭلايدىغىنىمىز پەقەت ئۇنىڭ ياخشى تەرىپى، ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۆزگىچە ئىشلىرى، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ مۇكەممەل بىر يۈزىنىلا بىزگە كۆرسىتىدۇ، ئۇ دەل بىزنىڭ ئارزۇيىمىزدىكىدەك بىر ئادەم، بىز تەسەۋۋۇرىمىز ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋالىمىز، ھەتتا ئۆز-ئۆزىمىزگە: «قانداق قىلسام ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشالايمەن، چىقىشالايمەن» دەپ سوئال قويۇپ، ئۇزىمىزدىن ئۆزىمىز ۋايىم يەپلا كېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئويلىنىمىز، گەپ-سۆزلىرىمىز ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدىن قالتىسراق چىقىدۇ، تەپەككۇرىمىز تېخىمۇ ئېچىلىپ، خاتىرىمىزمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكى ئۇششاق-چۈششەك گەپلىرىمىز بولسا ئىچىمىزدىلا قېپقالىدۇ، مول، قالتىس مەزمۇنلۇق بىر تېمىدا سائەتلەپ، سۆزلىشىپ كېتىمىز، قىلىشىدىغىنىمىز ساپلا ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ مەخپىي بولغان سەرگۈزەشتىلەر توغرىسىدىكى گەپلەر، ئەدناسى قېشىمىزدا قاراپ تۇرغان قەدىناس ئاغىنىلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ئەسلىدە مۇنداقمۇ ئاجايىپ زوۋۇادارلىق قابىلىيىتىمىز بارلىقىغا ھاڭ-تاڭ قېلىشىدۇ، شۇنداقتىمۇ پاراڭ تېمىسى مېھماننىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى، كەمچىلىكى ۋە چولتىلىقىغا يۆتكەلگەندىلا سۆھبىتىمىز تەبىئىي ھالدا ئۈزۈلىدۇ. بۇ



ۋاقىتتا ئۇ بىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى، ئەڭ يېقىنقى ۋە ئەڭ ياخشى ئىشلىرىمىزنى ئاڭلاپ بولغان بولىدۇ، ئەمدى ئۇ بىزگە ناتونۇش ئەمەس، دەل مۇشۇ پەيتتە قوپاللىق، خاتا چۈشىنىشتىن ئىبارەت قەدىناسىمىز يەنە يېتىپ كەلدى. مېھمان يەنە بىر قېتىم ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدا، گەرچە پاكىز ئۆيدىن، يېڭى ئۈستىۋاش ۋە مول زىياپەتتىن بەھرىلىنەلىدىمۇ دەيلى، بىراق ئوقچۇپ تۇرغان يۈرەك ۋە قەلبنىڭ ئالاقىسىدىن مۇستەسنا قالىدۇ، ئەلۋەتتە.

يەنە قانداق نەرسە ھېسسىياتنىڭ جۇش ئۇرۇشىدىن بەكرەك كىشىنى شادلاندۇرۇپ، كىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياش، شاش بولغان دۇنيا بەرپا قىلىپ بېرەلەيدىغاندۇ؟ ئىككى كىشىنىڭ ھېسسىيات ۋە ئىدىيە جەھەتتە تاسادىپىي كېلىشىپ قېلىپ ئۆزئارا باغلىنىپ، قوشۇلۇشىدىنمۇ ئارتۇقراق ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىش بارمىدۇ؟ يۈرەكلەر ئۆزئارا يېقىنلىشىش ئۈچۈن كۈچلۈك تېپىرلىغان پەيتلەردىكى يورۇش-تۇرۇشلار نەقەدەر نازاكەتلىنىك-ھە! بىز ئۆزىمىزنىڭ شۇ ھېسسىياتىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ پەيتتە، يەر ئانىمۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتتى، قىشمۇ بولمىدى، قاراڭغۇ كېچىلەرمۇ يوق بولدى، جىمىكى ھەسرەت، جىمىكى ھارغىنلىقلار ھەتتاكى مەسئۇلىيەتلەر غايىب بولۇپ كەتتى، پەقەت ياخشى كۆرگەن كىشىمىزنىڭ سىيماسى ئاجايىپ نۇر ۋە ھېچقانداق نەرسە تولدۇرالمايدىغان، پۈتمەس-تۈگىمەس ئەبەدىيلىك تاراتقىنىچە قېپقالدى. روھنى جەزملەشتۈرگىنىڭىزچە تەسەۋۋۇرىڭىزنى قويۇپ بېرىۋېرىڭ: ئالەمنىڭ قانداقتۇر بىر جايىدا ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ دوستى بىلەن بىر تەن، بىر ئۈستىخان بولۇپ كەتتى، كۆڭۈل قانائەتلەندى، يايرىدى، تەنتەنە قىلىپ توۋلىدى: «تۈمەنمىڭ يىل ياشا»!

سەھەر، ئويغانغىنىمدا قەلبىمنى كونا-يېڭى دوستلىرىمغا بولغان مىننەتدارلىق چۇلغاپ تۇرۇپتۇ، ئەجەبا خۇدانى «نەقەدەر گۈزەلسەن-ھە» دەپ تەرىپلىمىسەم بولارمىدى!? «ئۇ» ھەر كۈنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ماڭا بېشارەت بېرىپ تۇراتتى، تەنھالىقنى قۇچاقلىغىنىمچە جەمئىيەتتىن ئاغرىناتتىم، (دۆتلۈكۈمدىن ئەمەس)، باشقا قانداقتۇر بىر سەۋەب تۈپەيلى ھەر زامان ئىشكىم ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئاقىل، سۆيۈملۈك ۋە ئالىيجاناب كىشىلەرنى

كۆرسەممۇ كۆرمەسكە سالاتتىم.
ماڭا زەن قويغان، مېنى چۆشەنگەن كىشىلەر بىر قىسىمىغا
ئايلىنىپ كەتتى، ئۇلار مېنىڭ مەڭگۈلۈك بايلىقىم، زېمىن ئانا ھەر
ھالدا ماڭا بىر نەچچە قېتىم مانا مۇشۇنداق شادلىنىۋېلىش پۇرسىتى
بېرىشكە پىخسىقلىق قىلىپ يۇرمىدى. شۇڭلاشقا بىز ئۆزىمىزنىڭ
مۇناسىۋەت يولىنى — يېپيېڭى مۇناسىۋەت تورىمىزنى توقۇۋېلىشقا
قادىر بولالىدۇق، يەنە كېلىپ نۇرغۇنلىغان ئىدىيىلەر سېپى ئۆزىدىن
داۋاملىشىشچانلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆزىمىز بەرپا قىلغان يېڭى
دۇنيادا ئاز ـ ئازدىن يىلتىز تارتىشقا ئۈندىيەلىدۇق، كونا سەيياردىكى
ياتلار ۋە تاۋاپچىلارنىڭ تېرىلىۋېلىشىغا ئەسلا يول قويمىدۇق.
دوستۇم تەكلىپىمىزلا يېتىپ كەلسە، بۇ خۇدانىڭ ماڭا قىلغان
ئىلتىپاتىدۇر، ئەڭ قەدىمىي ھوقۇقۇمغا، مۇقەددەس ۋە گۈزەل ئەخلاق-
نىڭ ئۆزىدىكى مايىللىق كۈچىگە ئاساسەن ئۇلارنى بايقىيالىدىم. ئەڭ
توغرىسىنى دېسەم، مېنىڭلا ئەمەس، مەن ۋە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھازىر
بولغان مۇقەددەس مەسخىرە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىجەز، ئالاقە،
جىنس، مۇھىت قاتارلىقلار بىلەن قورشالغان قورغاننى پاچاقلاپ تاش-
لىدى. مەن ئىلگىرى كۆڭلۈمدە بۇلارغا يول قويغانىدىم، ئەمدى بولسا
ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈۋېتىدىغان بولدۇم. مەن سىلەرگە ئالەمچە تەشەك-
كۈرۈمنى بىلدۈرىمەن: «سىلەر ھەقىقەتەن قالتىس، ئاجايىپ ئادەمىسى-
لەر! سىلەر ماڭا بۇ دۇنيانىڭ يېپيېڭى يۈكسەكلىكىنى قېزىپ بېرىپلا
قالماي، پىكىر، خىياللىرىمنىڭ قىممىتىنىمۇ جاكارلاپ بەردىڭلار،
بۇلار ھازىر تۈنجى شائىرنىڭ يېڭى شېئىرىغا — ئۆزۈلمەس شېئىرىي
كۈيلەرگە ئۆزگەردى. مۇناجات، قەسىدە، ئېپوسلار ھېلىھەم ئوقۇلماقتا،
ئاپوللو، مىيۇزلار ئۇنى دېكلاماتسىيە قىلماقتا. سىزنىڭچە بۇ شېئىر-
لار، ئەڭ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ بىر پارچىسى بولسىمۇ بىز بىلەن ۋىدا-
لىشىپ كېتەرمۇ؟ ئۇنداق بولمايدىغىنى ماڭا ئايان، بىراق مەن دەل
مۇشۇ «ئۇنداق بولماسلىق» تىن ئەنسىرەيمەن، چۈنكى بىزنىڭ مۇنا-
سىۋىتىمىز تولىمۇ پاك، ھەتتا بىز پەقەت ساددىلارچە يېقىنلىقنىلا
تايىنىمىز. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قوغدىغۇچى ئىلاھىم ئالاقىگە تولىمۇ
ماھىر بولغاچقا، مەيلى مەن قەيەردە بولاي، بۇ خىل يېقىنلىق مۇنا-
سىۋىتى ھەرقانداق ئېسىلزادە ئەر ۋە ئاياللىنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ


تۇرغىنى تۇرغان.
بۇ جەھەتتە مەن ئىنسان تەبىئىتىدىكى قانداقتۇر بىر ئاجىز-
لىقنى تەن ئالىمەن، ھېسسىياتىمىز ئارىسىدا« مۇھەببەتنىڭ ئېسىل
ھارىقىدا تەڭشەلگەن كەلسە ـ كەلمەس ئىچكەن شېرىن زەھەر» بول-
غاچقا، كۈتۈلمىگەن خەتەر بىزگە سۇۋۇشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
بىرى بىلەن يېڭىدىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىم مەن ئۈچۈن ئاجا-
يىپ كاتتا ئىش، ئۇ مېنى ئۇيقۇمدىن بىدار قىلىشى مۇمكىن. ماڭا
گۈزەل دەقىقىلەرنى ئاتا قىلغان ئادەمگە مەستانە بولۇپ كېتىمەنۇ،
بۇنداق خۇشاللىقىم ھېچقانداق نەتىجىسىزلا شۇ كۈنى كۆككە سورۇ-
لۇپ بولىدۇ. يېڭى ئوي ـ خىياللىرىمغا رىغبەت بېرەلمەيدۇ، قىلى-
مىش ـ ئەتمىشلىرىمگىمۇ ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.
مەن دوستۇمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن جەزمەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ-
كىدىن ئىپتىخارلانغاندەك ئىپتىخارلىنىشىم كېرەك، دوستۇمدىمۇ
مۇشۇنداق گۈزەل پەزىلەت ھازىر. ئەلۋەتتە، ئۇ مەدھىيىگە ئېرىشكە-
نىدە، ئاشىق باشقىلاردىن بولغۇسى ئايالىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندى-
كىدەك، مېنىڭ كاللاممۇ ئازراق قىزىشى كېرەك. بىز دوستىمىزنىڭ
گۈزەل پەزىلىتىنى يۈكسەكرەك تەخمىن قىلالايمىز: ئۇ بىزدىن ئاق
كۆڭۈل، بىزدىن مۇلايىم، ئېزىقتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى
بىزنىڭكىدىن ئۈستۈن دېگەندەك ... ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدارلىكى نەر-
سىلەرنى—بۇنىڭ ئىسمى، تەقى ـ تۇرقى، كىيىنىشى، ئۇنىڭ كىتاب-
لىرى ۋە باشقا تەئەللۇقاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى گۈزەللەشتۈرۈۋالىمىز،
ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغىنىمىزدا بىزگە
ئۆزگىچىرەك تۇيۇلىدۇ، ھەتتا ئاشۇرۇۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن.
شۇنداق، مۇھەببەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسكويغا چۈشۈشى يۈرە-
كىمىزنىڭ تارىيىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئوخشايدۇ، دوستلۇقمۇ خۇددى
روھنىڭ يارقىنلىقىغا ئوخشاش كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلالايدۇ. ئا-
شىق ئۆزىنىڭ مەشۇقىغىلا دىققەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ راستىنىلا ئۆزى
كۆككە كۆتۈرگەندىكىدەك ئېۋەنسىز ياكى ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاش-
تۇرماقچى بولىدۇ. دوستلۇقنىڭ ئەڭ گۈزەل مىنۇتلىرىدىكى زەررىچە
ھەسەت ۋە ئازغىنە گۇماندىن چۆچۈپ كېتىمىز، بىز ئۆزىمىزنىڭ
قەھرىمانىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا يۈكلەپ قويغان ئاشۇ نۇردىن تارىغان گۈ-

زەل پەزىلەتلەردىن گۇمانلىنىمىز، ئاخىرىدا بولسا بۇ مۇقەددەسلىكنى ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ماكانلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىن بەكرەك چوقۇنىمىز.

كەسكىنرەك ئېيتقاندا روھ—ئۆزىگە چوقۇنغان ئادەمدىن ئېشىپ كېتەلەيدىغان روھنى ياخشى كۆرىدۇ، كەسكىن ئىلمىي روھ بويىچە بولغاندا، بارلىق كىشىلەر دائىم پەقەتلا خوراپ، تۈگەپ كېتىمەيدىغان ئارزۇ ئىلكىدە بولغان بولىدۇ. بىز ئاشۇ خۇشاللىق قەسىرىنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئىزدەشتىن قورققانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۆزىمىزنىڭ مۇھەببەت بېغىمىزنى چۆلدەرىتىپ قويساق بولامدۇ؟ مەن ئۆزۈم كۆرگەن ئاشۇ شەيئىلەرگە ئوخشاش چىن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مەن چىن بىر نەرسە بولىدىغان بولسام، ئۇنداقتا شەيئىلەرنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان بۇنداق سەۋەبلەردىن قورقۇپ يۇرمەسلىكىم كېرەك، گەرچە ئۇنى تېخىمۇ سەزگۈر ئورگانلار بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىملىقىنى، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك گۈزەللىكىنىڭ تاشقى گۈزەللىكىدىن چېنىپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسامۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە.

تېخىنكا تەرەپىدىن ئالغاندا زىرائەتنىڭ يىلتىزىنى ھەرگىزمۇ چانىۋېتىشكە بولمايدۇ، گۈلچەمبىرەك ۋە بېزەك ياسىغاندىمۇ پەقەت شاخلارنىلا كېسىپ ئېلىۋېتىمىز، خالاس. كىشىنى يايرىتىۋېتىدىغان خىياللارنى قىلىۋېتىپ، جىنايەتچىنىڭ تەۋەككۈلىگە پېتىپ تۇرۇپ شەك ـ شۈبھىسىز ئايان بولغان بىر ھەقىقەتنى كۆرسىتىشنى ئويلاپ قالدىم. مەيلى ئۇ زىياپەت ئۈستىلىمىزدىكى قەدىمكى مىسىرنىڭ بىر پارچە باش سۆڭىكى بولسىمۇ كېرەك يوق، ئۆزىنىڭ قارىشىغا كانىدەك چاپلىشىۋالىدىغانلار ئېھتىمال ئۆزىگە بەك تەمەننا قويىدىغانلاردۇر، ئۇلارچە ئۆزلىرى نېمىلا قىلسۇن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا مەغلۇبىيەت بەدىلىگە ئېرىشكەن، ھەرقانداق ئەۋزەللىك، ھەرقانداق ھوقۇق، ھەرقانداق پۇل ـ مال، ياكى ئىمتىياز ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمەيدۇ. ئۆزۈمنىڭ يوقسۇللۇقۇمغا (ھەرگىزمۇ سىزنىڭ بايلىقىڭىزغا ئەمەس) تايىنىشتىن باشقا تاللىشىم يوق، مەن سىزنىڭ ئېگىزىڭىز بىلەن ئۆزۈمنىڭكىنى بىردەكلەشتۇرۇشكە ئامالسىز، كۆزنى قاماشتۇرىدىغىنى پەقەت يۇلتۇز، سەييارىلەردىكى غۇۋا نۇر، سۇسقىنە ئاي نۇرى، مەن سېنىڭ ئۆزۈڭ ھۇزۇرلىنىدىغان ئاشۇ رولنى شۇنچىلىك زوق



بىلەن مەدھىيىلىگىنىڭنى، ئۆزۈڭ تەرىپلىگەن توپقا قېتىلىپ كەتمەكچى بولغىنىڭنى ئاڭلىدىم، بىراق مەن شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، مەيلى ئۇ قانچىلىك ئېسىل كىيىنگەن بولسۇن، گاداي گرېتسىيىلىككە ئايلىنىۋالمىسىلا، مەن ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرمەيمەن.

ئاھ! دوستۇم، ئەلۋەتتە، مەن «ئىدراك قىلىنغان شەيئى»نىڭ كۆلەڭگىسىنىڭ سېنىمۇ ئۆزىنىڭ «ھەقىقەت»، «ئادالەت»، «سەنسىز مەۋجۇتلۇق» دېگەندەك ئالىيجاپار قۇچىقىغا (ئەلۋەتتە سېنىڭ سايەڭگە نىسبەتەن) سۆرەپ كىرگەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن، ئۇ مېنىڭ روھىم ئەمەس، بەلكى «ئۇ»نىڭ رەسمى، ھەيكىلى.

سەن ئەمدىلا كەلدىڭ ـ يۇ، شىلەپە، چاپانلىرىڭنى ئېلىپ كېتىشىنىڭ قارىنىنى ئاستىڭ، روھىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق دوست تۇتۇش راستىنىلا دەرەخنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشىغا ئوخشاش يېڭى، يوپۇرماق بىخ چىقارغان ھامان كونىسىنى سىقىپ چۈشۈرۈۋېتەمدىغاندۇ؟ بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ئېلىش تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى، ھەر قېتىم كىشىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ھالەت پەيدا بولۇشى ھامان ئۇنىڭغا قارشى ھالەتمۇ ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ. روھ دوستلۇق ئارىسىدا ماكانلىشىدۇ، ياكى بولمىسا تېخىمۇ يۇكسەك بولغان ئۆزلۈك ئىچىگە ياكى تەنھا بىر مەنزىلگە كىرىپ كۆلىدۇ، بىر مەزگىل تەنھالىقتىن كېيىنلا ئاندىن، باشقىلار بىلەن سىردىشىپ، دوستلىشىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل شەخسىي ئالاقە تارىخىدا ئىنچىل ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، مۇھەببەتنىڭ تەبىئىتى بىزنىڭ بۇرادەرلىرىمىز بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈمىدىمىزنى تىرىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭىدىن ئەسلىگە قايتقان تەنھالىق تۇيغۇمىز بىزنى بۇنداق ئىنتىلىش ئىچىدىن قايتىپ چىقىشقا چاقىرىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشىنىڭ ھاياتى دوستلۇققا تەلپۈنۈش ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئېھتىمال دوستلۇقنىڭ ھەر بىر يوشۇرۇن ئاشىقى مۇنۇ خەتنى يېزىپ قالسا ئەجەب ئەمەس:

«قەدىرلىك دوستۇم، ئۆزۈڭنىڭ ئىستىبداتىڭغا چىنپۇتكىن، مېنىڭ كۆڭلۈمگە يېقىن قالغىنىڭغا ئىشەنگىن، مەن ھەرگىزمۇ سەن

بىلەن ئالاقىدار ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئول-
تۇرمايمەن، مەن ئۇنچىۋالا ئەقىللىق بولمىغاچقا، كۆڭلۈمنى ئاسانلا
ئۇتتۇۋالالايسەن، مەن سېنىڭ تالانتىڭغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىمنى بىل-
دۈرىمەن، ئۇ ھېلىھەممۇ مەن ئۇچۇن تېگى كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇرلۇق،
شۇنداقتىمۇ مەن سېنىڭمۇ مېنىڭ تالانتىمنى چۈشىنىدىغان، چۈ-
شەنمەيدىغىنىڭنى قىياس قىلىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن، شۇ-
ڭىمىكىن، سەن مەن ئۈچۈن پەقەت بىر شېرىن ئازاب، مەن مەڭگۈگە
ساڭا ھەم تەۋە، ھەم تەۋە ئەمەس.»

ئەلۋەتتە، بۇ خىل ھەسرەتلىك شادلىق ۋە شېرىن ھەسرەت ھەم-
راھلاردىن بولالىسىمۇ، لېكىن ئۇزاققىچە بىللە ياشىيالمايدۇ، ئۆزئارا
بىر ـ بىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتەلمەيدۇ، بۇ خۇددى رەخت ئەمەس، ئۆ-
مۈچۈك تورى توقۇغانغا ئوخشايدۇ.

بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ھاپىلا ـ شاپىلا ئاخىرلىشىپ قالغاچقا
قىسقا ھەم يېتەرسىز بولىدۇ، چۈنكى دوستلۇقىمىزنىڭ ئاساسى پەقەت
ۋە پەقەت ئېسىل شاراب ۋە شېرىن چۈش، ھەرگىزمۇ مۇستەھكەم،
تەۋرەنمەس كۆڭۈل ئەمەس.

سەمىمىيلىك ۋە ئەبەدىيلىككە ئوخشاش تەبىئىي ۋە ئېتىكىلىق
پرىنسىپلاردىن توقۇلغان تورلا دوستلۇقنىڭ پرىنسىپلىرى بولۇشقا
ھەقلىق، بىراق بىز ئاللىبۇرۇنلا غىل ـ پاللا يوقاپ كېتىدىغان كى-
چىككىنە مەنپەئەتنى نىشانلاپ قويغان، بىز خۇدانىڭ ئېرەم بېغىدىكى
ئەڭ ئاستا ئۆسىدىغان، كۆپىنچىلىرى يازدا، قىشتا ئاران پىشىدىغان
مېۋىلەرنى ئۈزۈۋالدۇق، ئىزدەۋاتقان دوستىمىز ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر
ئەمەس، بەلكى مىجەزى بىزگە يېقىن كېلىدىغان، كەمچىلىكى بار ئا-
دەتتىكى ئادەم. ئىسىت، ئەمگىكىمىز بىكارغا كەتتى، چۈنكى پۈتكۈل
ۋۇجۇدىمىز سىرلىق بولغان قايتۇرما زەربە قوراللىرى بىلەن قورالل-
نغان، پالاكەتكە يولۇققان ھامان بۇ قوراللار رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا
تۇتۇنۇپ، گۈزەل شېئىرىي مىسرالارنى ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرگە
ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. ئىشقىلىپ، ھەممىلا كىشى ئۆزىدىكى غۇرۇرنى
يېڭىپ تۇرۇپ دېگۈدەك باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقاچقا، قىلىۋاتقان
ئالاقىسىمۇ پەقەت مۇرەسسەدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ھەممىدىن
ئېچىنارلىقى شۇكى، تۈرلۈك گۈزەل شەيئىلەر جەۋھىرى ۋە خۇش



ھىدى ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋاقىتتا غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ھەي، رېئال
ئالاقە كىشىنى نەقەدەر ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ـ ھە؟ ئۇنىڭ سىزنىڭ پە-
زىلەت ۋە ئىقتىداردا كامالەت تاپقان كىشى بولۇشىڭىز بىلەنمۇ كارى
يوق.

ئاغىنىدارچىلىقىمىز كۆڭۈلدىكىدەك، كاللىمىزمۇ سەگەك ۋاق-
تىدا، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈل-
سىزلىكلەر، ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغان زەربىلەر، بىمەھەل چەتكە قېقى-
لىشلار، ئىدراكلىق بىلەن ئىدراكسىزلىقنىڭ گىرەلىششى قاتار-
لىقلار ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق. مانا ئەمدى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدا-
رىمىزدىن مەھرۇم قالغىنىمىز بىلەن، تەنھالىق ئىككىمىزنى ئەر-
كىنلىككە چىقارغانىدى.

مەن ھەر بىر مۇناسىۋەتكە باراۋەر مۇئامىلىدە بولىمەن، باراۋەرلىك
مېنى ھەممە دوستۇمغا ئوخشاش كۆزدە قاراشقا ئۈندەيدۇ، شۇنداق بول-
غاچقا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسى بىرى بىلەن ئالاقە قىلماي قانائەت
ھاسىل قىلالايمەن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ ماڭا ناھەقچىلىك قىل-
مايدۇ، ناۋادا مەن بىر مەيدان ئادىل بولمىغان مۇسابىقىدىن قورقۇپ بەل
قويۇۋەتسەم، ئۇنداقتا قېپقالغان مۇسابىقىلەردىن ئېرىشكەن خۇشاللى-
قىممۇ چاكىنا ۋە تۇتۇرۇقسىز بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. دوس-
تۇمنى قىيىنچىلىقتىن پاناھلىنىدىغان جاي قىلىۋالغىنىمدا، ئۇ-
زۇمدىن ۋاز كەچكەن بولىمەن، ئەلۋەتتە.

قورۇنۇش ۋە ئېتىبارسىزلىق خۇددى بىر قەۋەت مۇستەھكەم
كەلگەن قوغدىغۇچى قاسىراقتەك، ئىچىدىكى ئەزالىرىنىڭ بالدۇر يې-
تىلىشىنى توسۇپ قويغاچقا، تاقەتسىزلىكىمىز كەسكىن ئەيىبلى-
نىشكە ئۇچرايدۇ، ناۋادا ئەڭ ئېسىل روھمۇ تېخى ۋايىغا يەتمەستىن،
تونۇلۇشقا ۋە تەۋەلىنىشكە يۈزلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنى تونۇتۇشقا
ئالدىراپ كېتىدىكەن، ئۇ ھالدا بىكارغىلا زورۇققان بولىدۇ.

ھۆرمەت قىزىل ياقۇتنى تۈمەن يىللاردىن ھالقىتىپ تەبىئىي بىر
قانۇنىيەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرالايدۇ، ھەتتا بۇ خىل قانۇنىيەت ئە-
بەدىي رول ئوينىيالايدۇ، دەل مۇشۇ ئارىلىقتا، ئالپىس ۋە ئاندىس تاغ
تىزمىلىرى گاھ خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن ـ ھۈسەندەك

بىردە كۆرۈنسە، بىردە كۆرۈنمەي قويىدۇ. ھاياتىمىزدىكى مۇنەۋۋەر روھتا يېشىلچىلىقنى بەدەل قىلىپ ئالىدىغان جەننەتنىڭ، سۆيگۈ ۋە تەڭرىنىڭ ماھىيىتى يوق، ئۇ يۈزەكى نەرسىلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل بىر قىممەت ۋەجىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ كېرەك قىلىدىغىنىمىز ھەرگىز ساددىلارچە ھەشەم ئەمەس، بەلكى بىزنى ئۆزئارا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلدۇرالايدىغان، دوستلۇققا يېقىنلاشتۇرالايدىغان، ئۆزىنىڭ چىنلىقىغا، بىپايان چەكسىزلىككە ئىگە دوستلۇقنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەلەيدىغان ئەڭ ئاددىي بولغان قىممەت، خالاس.

بۇ تېمىنىڭ سېھرىي كۈچىگە قارشى تۇرغىلى بولمىغاچقا، ۋاقىتىنچە بولسىمۇ ھېلىقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەت مەنپەئىتى دېگەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، سالماقلىق ھەم مۇقەددەس بولغان مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختىلاي.

«ئۇ»نىڭدا گەرچە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۇتلەقلىق بولسىمۇ، ھەتتاكى ئۇ مۇھەببەتنىڭ تىلىنى گۇمانلىق ۋە ئادەتتىكىچە كۆرسىتىپ قويسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ساپلىقى مۇھەببەتنىڭكىدىنمۇ مۇقەددەستۇر.

مەن دوستلۇققا زىيادە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلمايمەن، ئەكسىچە ئەڭ قوپال جاسارەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەرەپدارىمەن. دوستلۇقنىڭ ئەڭ سەمىمىي ۋاقتى ئۇنىڭ ئەينەك تالاسى ياكى قىرو گۈلى بولغان ۋاقتى ئەمەس، بەلكى بىز ھەممىمىز بىلىدىغان ئەڭ مۇستەھكەم بىر نەرسە بولغان ۋاقتىدۇر.

تالاي يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرۇقلۇق ئۆزىمىز ۋە تەبىئەتنى قانچىلىك چۈشىنەلىدۇق؟

ئىنسانىيەت تېخى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان يولدا بىر قەدەممۇ ماڭمىدى، ئىنسانىيەت بىمەنىلىكتە ئەيىبلەنمەكتە، بىراق، مەن بۇرادەرلەر بىلەن بولغان روھىي ئالاقە جەريانىدا خۇشاللىق ۋە مېھرىبانلىق ئاتلىق بىر نەرسىنى تېپىپ باقالىدىم. ئۇلارنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سەمىمىيىتى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق پوستلۇق مېۋىنىڭ مېغىزى، خاراكتېر ۋە ئىدىيە بولسا ئۇنىڭ شاكىلى، بەخت تۇيغۇسى بولسا دوستلۇق سايىدايدىغان ئۆي! ئۇ چوقۇم ياخشى سىلىنىشى كېرەك، كىشىگە ياقىدىغان شىپاڭ ياكى ئەگمە ئىشىكىنى



پۈتكۈزگەندىن كېيىن«ئۇ»نى تولۇق بىر كۈن ياخشى كۈتۈۋېلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ نەقەدەر مۇقەددەسلىكىنى چۈشىنەلىسە ھەم ئۇنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلالىسا، ئۆزىمۇ بەختتىن يايرىغان بولار ئىدى! ئىتتىپاق تۈزۈشنى خالايدىغان ئادەم پەيدا بولۇشى ھامانلا ئۇ گويا ئولىمپىس ئىلاھىدەك تەييارلىنىپ، كاتتا مۇسابىقىگە قاتناشقان بولاتتى، ئەلۋەتتە مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ياشانغانلار ئىدى، ئۇ بولسا مۇسابىقە ۋاقتى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار، شىددەتلىك رىقابەت دېگەنلەرنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان، مۇسابىقىنى دەپ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل خاراكتېرلەرنى زەخمەتكە ئۇچراتمايدىغان تەنھا يەڭگۈچى. تەقدىرنىڭ سوۋغىتى گاھىدا بار، گاھىدا يوق، بىراق مۇسابىقىنىڭ سۈرئىتى كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئالىيجانابلىقنى ۋە ئەرزىمەس ئىشلارغا نەزىرىنى سالمايدىغان مەردانىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ قويىدۇ.

دوستلۇقتا ئىككى تۈرلۈك ئامىل بولىدۇ، ئىككىلىسىلا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، مەن نومۇر ئارقىلىق ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەيمەن، شۇنداقلا بۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. ئۇنىڭ بىرى، سەمىمىيەت، دوست دەل مەن سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان كىشى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىچ ـ باغرىمنى تۆكەلەيمەن، مەن ئاخىرى ماڭا شۇ قەدەر سەمىمىي ۋە باراۋەر مۇئامىلىدە بولىدىغان بۇرادىرىمنى تاپالىدىم، ئەمدى مەن ياسالمىلىق، قائىدە ـ رەسمىيەت، گۇمان دېگەندەك يېپىشىپ تۇرىدىغان ئىچ كىيىملىرىمنى ئىمكانقەدەر سېلىپ تاشلاشقا تەييار، بىراق بۇلار دەل ئىنسان سېلىپ تاشلىيالمايدىغان سۆلەت بېزەكلىرىدۇر. مەن ئۇلار بىلەن ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللار ياردىمىدە خۇددى ئىككى دانە ئاتوم بىر يەرگە كەلگەندىكىدەك يالىڭاچلارچە چىقىشىپ ئۆتۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كۈچەيمەن، سەمىمىيلىك مۇقەررەر بولغان، خۇددى پەقەت يۇقىرى تەبىقىگىلا تەئەللۇق بولغان، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا «ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان» شاھلىق تاجى ۋە ھوقۇقتەك مۇقەررەر بولغان ھەشەمەت بۇيۇمى، بۇنىڭدىن ئۆزگە قوغلىشىدىغان ۋە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ھېچنېمە يوق.

تەنھا كىشى ھەمىشە سەمىمىي كېلىدۇ، ئىككى، ئۈچى ئۇنىڭغا قوشۇلۇشى بىلەنلا ياسالمىلىق بىخلىنىشقا تۇتۇنىدۇ. بىز خۇشامەت،

قۇرۇق پاراڭ، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئارقىلىق ھەمراھىمىزدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز ياكى ئۇلارغا تاقابىل تۇرىمىز، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ ئىچىمىزدىكىنى بىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. مەن مۇنداق بىرىنى تونۇيمەن، ئۇ دىنىنىڭ ھىمايىتى بىلەن ئۆزىدىكى بارلىق سۆلەت تونلىرىدىن ۋاز كېچەلىدى، بارلىق خۇشامەت ۋە كونا مۇقام، قائىدىلەردىن خالاس بولالىدى، ئۇ ئۆزىگە يولۇققانلىكى ئادەمگە چىن يۈرىكىدىكى، ئەڭ ئۆتكۈر ۋە ئەڭ دەل گېپىنى دېيىشنى خالايتتى. دەسلىپىدە ئۇ رەت قىلىشقا ئۇچرىدى، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى «ساراڭ» دېيىشتى، بىراق ئۇ يەنىلا مۇشۇنداق قىلىۋەردى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىختىيارسىزلا شۇنداق قىلىپ سالاتتى. بۇنداق ھالەت خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن ئۇ پايدىسىنى كۆردى، ئۆزىنى تونۇيدىغانلىكى كىشىلەر بىلەن سەممىي مۇناسىۋەت ئورناتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلىش خىيالىدا بولمايدىغان، قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن قايمۇقتۇرمايدىغان بولدى.

ھەممىمىزدە سەممىي بولۇشنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك، ئىش قىلغاندا ئۇلۇغۋار بولالىغۇدەك، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيەلىگۈدەك، شېئىرىي كەيپىيات تۇغالىغۇدەك، ھەقىقەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنالىغۇدەك قەلب بار، يەنە كېلىپ بۇلار ئىنسانغا ئۆزىنى ئىپادىلەتكۈزەلىدى.

بىز كۆپىنچە جەمئىيەتنىڭ بىزگە كۆرسەتكىنى يۈزى ۋە كۆزىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يان تەرىپى ۋە ئارقىسىدەك ھېسسىياتتا بولۇپ قالىمىز. ياسالما، سۇنئىي بىر دەۋردە باشقىلار بىلەن سەممىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ساراڭلىقى قوزغىلىپ قېلىشتىن پەرقى بولارمۇ؟ بىزنىڭ قەددىمىزنى رۇسلاپ ماڭىدىغان ۋاقتىمىز تولىمۇ ئاز، چۈنكى بىز ئۇچرىغانلا كىشىگە مەيلى ئۇ نام ـ ئابرۇيلۇق، تالانتلىق، شەك كەلتۈرگۈسىز دەرىجىدە خەيرى ـ ساخاۋەتلىك بولسۇن، بولمىسۇن سالام ـ سەھەت قىلىشقا مەجبۇر.

ئەمەلىيەتتە، دوست ئەقىل ـ ئىدراكتا بەقۇۋۋەت كىشىلەردۇر، ئۇ پەقەت مېنىڭ ئۆزۈمگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەرگىزمۇ سەممىيىتىمنى سىناپ كۆرمەيدۇ، دوستۇم ماڭا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئەمما ماڭا ھېچقانداق



ئارتۇقچە ئاسارەت ئەكەلمەيدۇ، شۇڭا دوستلۇق تولىمۇ زىددىيەتلىك بولغان بىر نەرسە، مەن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمەن. مەن ئىسپاتلانغان مەۋجۇتلۇقۇم ئارقىلىق ئاشۇ كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمەن. مەن مەۋجۇتلۇقۇمغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىنى كۆرەلىدىم، ئۇ شۇنچىلىك يۈكسەك، شۇنچىلىك رەڭدار ۋە ئالاھىدە، ئۇ باشقىچە بىر شەكىلدە پەيدا بولدى، بۇنداق مەپتۇنكارلىق بەلكىم بىر دوستۇم تەرىپىدىن ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ كاتتا ئەسىرى دەپ قارىلىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

دوستلۇقنىڭ يەنە بىر ئېلېمېنتى مۇلايىملىق. بىز خىلمۇخىل ۋاستىلەر، قانداشلىق، غۇرۇر، ۋەھىمە، ئارزۇ، بايلىق، جەلپ قىلىش، نەپرەت، قايىللىق، ئوخشىمىغان مۇھىت، ئوخشىمىغان ئالامەت ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىش قاتارلىق رىشتىلەر ئارقىلىق باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز، بىراق بىز باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى ئۆزىگە تارتقۇدەك پەزىلەتلەرنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشەنمىگەندەكلا قىلىپ كېتىمىز.

بىز ئۇلارغا بەخت تىلىدۇق، توغرا، بىز دەرۋەقە تولىمۇ سادا، بىراق بىز ئۇلارغا مۇلايىملىق بەخش ئېتەلىدۇقمۇ؟

بىراۋ مېنىڭ سۆيۈملۈك كىشىمگە ئايلانغىنىدا، مەن ئۆزۈمنىڭ تەقدىر نىشانىمنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يېتىپتىمەن، دەپ ئويلايمەن. مەن كىتابلاردىن بۇ مەسىلىنىڭ يادروسى ھەققىدە بىۋاستە ئېيتىلغان بىرەر خەتنىمۇ تاپالمىغان بولساممۇ، لېكىن مۇنداق بىر سۆز ھېلىھەم يادىمدا تۇرۇپتۇ، ئىسىمدە قالغىنى بويىچە ئېيتىپ باقاي:

«مەن ھەم خىجىللىق ھەم تۈزلۈك بىلەن ئۆزۈمنى مەن پۈتۈنلەي ئۇلارغا تەئەللۇق بولغان ئادەملەرگە بېغىشلايمەن، شۇنداق قىلىساملا مەن ئۇلارغا ئايلىنالايمەن، قانچىكى چوڭقۇر سۆيگەن ئادەمگە بېغىشلايدىغىنىمنىڭ شۇنچىلىك ئاز بولىدىغانلىقىدىن بەك ئەپسۇسلىنىمەن.»

مەن، دوستلۇق يالغۇز كۆز ۋە ئېغىزغىلا موھتاج ئەمەس، ئۇ يەنە ئۇزۇن بىر جۈپ پۇتقا موھتاج دەپ ئويلايمەن، مۇشۇنداق بولغىنىدىلا ئۇ ئاندىن مەزمۇت تۇرالايدۇ، ئۆزىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ، شۇندىلا

بولۇتلارغا تاقىشالايدۇ.
مېنىڭچە، ئۇ ئاۋۋال ئادەتتىكى ئادەم، ئۇنىڭدىن كېيىن پەرىشتە
بولۇشى كېرەك، بىز دائىم چاكىنا ئادەملەرنى ئەيىبلەيمىز، چۈنكى
ئۇلار مۇھەببەتنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇھەببەت
سوۋغا ئالماشتۇرۇش، ئۆتنىگە لاپقۇت. مۇھەببەت ياخشى بولغان قوش-
نىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بار، ئۇ كىيسەلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدۇ،
ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ھەمدەم بولالايدۇ، بىراق سىز بۇ خىل مۇناسى-
ۋەتنىڭ سىرلىقلىقى ۋە يۈكسەكلىكىنى كۆرسىتىڭىزمۇ كۆرمەسكە
سېلىۋالىسىز.
گەرچە بىز كىچىك ئوغرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەڭرىنى ئىزدەپ تې-
پىشنى ئۈمىد قىلمىساقمۇ، بىراق يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا شا-
ئىرنىڭ مۇداپىئە سېپى زىيادە ئىنچىكە بولۇپ، ئادىللىق، ۋاقىتچاند-
لىق، ساداقەت، ۋە ھېسداشلىق قاتارلىق ئادەتتىكى گۈزەل پەزىلەتلەر-
دىن قۇيۇلغان رومانتىك ھېكايىسى كار قىلمىغان ئەھۋالدا، ئۇنى كە-
چۈرۈپمۇ ئولتۇرمايمىز.
دوستلۇق نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ مودا ۋە بىدئەتلىكنىڭ
ئىتتىپاقىنى ئىپادىلەپ بېرىشتىن بىزارمەن. مەن دېھقان ۋە ئوغرى
ئوتتۇرىسىدىكى ئاغىنىدارچىلىقنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى
بۇ ھەشەمەتلىك، ئابرۇيلۇق ۋە ياغلىما يېقىنلىقتىن شەكىللەنگەن
دوستلۇقتىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتكەن. كېيىنكىسى ھەمىشە تېرە تا-
راقشىتىپ سۆلەتۋازلىق قىلىدۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ھاراق - شاراب،
ئېسىل زىياپەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قايتا ئۇچراشقانلىقىنى تەب-
رىكلىشىدۇ.
دوستلۇقنىڭ بىر تۈرلۈك كەسكىن، ئاددىي - ساددا، ھەممە ئادەم
قاتنىشالايدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەت تەشكىللەشتۇر، ئۇ بىز باشتىن
كەچۈرگەن ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئالاقىدىنمۇ بەكرەك تەلەپچان.
دوستلۇق ھەمىشە تۈرلۈك ئالاقە ۋە ھايات - ماماتلىق سىناقلار ئارى-
سىدىن بىر خىل قوللاش ۋە تەسەللىي ئىزدەيدۇ، ئۇ تىنچ تۇرمۇشنى،
نازاكەتلىك ھېسسىياتنى ۋە سەھرالاردىكى سەيلىي - ساياھەتنى خالاي-
دۇ، مۇشەققەتلىك يوللارنىمۇ، قاتتىق - قۇرۇق زىياپەت ئۇستىلىنىمۇ،
ئۈمىدسىزلىك، نامراتلىق ۋە زىيانكەشلىكنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ، ئۇ



ھەمىشە نەپىس تىللار بىلەن باغلىنىدۇ، دىنىنىڭ مەپتۇنكارلىقى بى-
لەنمۇ ھەمنەپەس بولالايدۇ.
بىز چوقۇم بىر - بىرىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاجىتى ۋە ھاياتلىق
مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك غورۇر، ئابرۇيغا ئىگە قىلىشىمىز،
يەنە كېلىپ دوستلۇق ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك جاسارەتكە،
پاراسەتكە ۋە ئىتتىپاقلىققا ئىگە قىلىشىمىز لازىم. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ
ئۆزى سىزغان دائىرىدە ئۆزى ئايلىنىپ، چاكىنىلىق پاتقىقىغا پېتىپ
قېلىشىغا يول قويماسلىقىمىز، بەلكى سەزگۈرلۈكىنى ساقلاشقا، ئى-
جادچانلىققا ماھىر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، زېرىكەرلىك، بىر قې-
لىپتىكى خىزمىتىگە ئۆزگىچىلىك ۋە ئىدراك بېغىشلىشىمىز كې-
رەك.
دوستلۇقنى تۈرلۈك خاراكتېرلەرگە—ئاز كۆرۈلىدىغان، بىباھا
خاراكتېرگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ماسلىشالايدىغان تۇغما خاراك-
تېرگە موھتاج، دەپ ئېيتىشقا تامامەن بولىدۇ. بۇنى قايسىدۇر بىر
شائىرنىڭ «مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، مۇھەببەت ئىككى تەرەپنىڭ
تەلتۆكۈس ماسلىشىشىغا موھتاج» دەپ ئېيتقىنىدەك چۈشىنىش
مۇمكىن. بىراق ھەممىلا دوستلۇقنىڭ سىناقلاردىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا
كېلىشىپ، سىڭىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت بۇنداق كەم - كۈتىسىز
گۈزەللىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلمىقى بەسىي مۇشكۇلدۇر، خۇددى ئۆت-
كۈر ۋە سالماق پىكىرلىك بىر قىسىم پسىخولوگلار ئېيتقاندەك: «-
ئىككى ئادەمدىن ئارتۇق دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن دوستلۇقنىڭ مۇ-
كەممەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.»
مەن ئۇنچىۋالا كەسكىن قاراشتا ئەمەسمەن، چۈنكى مەن باشقى-
لارغا ئوخشاش ئۇنچىۋالا يۈكسەك دوستلۇق ھېسسىياتىنى باشتىن
كەچۈرمىگەندۇرمەن ۋە ياكى كۆپىنچە ھاللاردا ئالىيجاناب ئەر ۋە ئايال-
لاردىن تەشكىللەنگەن چەمبەر ئارقىلىقلا تەسەۋۋۇرۇمنى قاندۇرۇپ
كەلگەندىمەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك - تۈمەن ئالاقىلىشىش
ئۇسۇلى مەۋجۇت، يەنە كېلىپ بۇ ئارىلىقتا قانداقتۇر ئالىيجانابلارچە
چۈشىنىش ئىقتىدارى مۇجەسسەملەنگەن، بىراق بۇنداق بىرگە بىر
ماڭىدىغان قائىدىنىڭ سۆھبەتلىشىشكە نىسبەتەن دوگمىراق (قارى-
سىغا ھۆكۈم قىلىشقا ياتىدىغان) ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم، چۈنكى

مۇڭدىشىش دوستلۇقنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ھاسىلاتىدۇر، ئېسىل نەرسىلەرنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ ياخشى - يامان ئىككى نەرسىنى ئىلەشتۇرۇۋەتكەندىن پەرقى، ھەتتاكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز ئىككى ئادەم بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۆزلەشسىڭىز تولىمۇ خۇشال بولغاندەك، ھەم مەنپەئەتلەنگەندەك ھېسسىياتتا بولىسىز. ئەگەر ئۈچۈڭلار بىر يەرگە كېلىپ پاراڭلاشساڭلار، سىز بىر ئېغىزمۇ يۈرەك سۆزى ئاڭلارمەنمىكىن دەپ خام خىيال قىلماڭ، ئۇنىڭ سىرتىدا مەنىسىزلىك ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئىككى ئادەم پاراڭلاشقاندا بولسا، بىرەيلەن ئاڭلايدۇ، ئۈچەيلەندە بولسا، ھېچكىممۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك، ئۆزئارا سەممىيلىك قىلىشقا، قىزىقسىنىپ ئاڭلاشقا ئامالسىز قالىدۇ. مەسىلەن، ئېسىل مېھمانلار بىلەن لىق تولغان زىياپەت زالىدىن كۆرە ئىككى كىشىلىك ئۈستەلدىكىلەرنىڭ پارىڭى بەكرەك قىزىپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ كۇسۇرلىشىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتىمۇ يوق.

ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا، شەخسىي ئۆزلۈكىمىز توپىنىڭ روھى ئارىسىغا قېتىلىپ كېتىدۇ، كوللېكتىپنىڭ روھىنىڭ دائىرىسى بىپايان بولۇپ، شۇ مۇھىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ، دوستلۇق مېھرى، قېرىنداشلىق مۇھەببىتى، ئەر - ئاياللىق سۆيگۈسى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئالدىدا بىردەك ئىناۋەتسىز، ھەتتا بۇ خىل ھېسسىياتلار ئارىلاشمىغىنىدا تېخىمۇ ئېسىل بولۇشى مۇمكىن، توپقا ئورتاق بولغان ئىدىيىنى چىقىش قىلغان، پەقەت ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئاسارىتىدىن ۋاز كېچەلىگەن كىشىنىڭلا كوللېكتىپ ئارىسىدا سۆزلەش سالاھىيىتى بولىدۇ، ئەقلىيلىكنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بۇ بەلگىلىمە ئالىيجاناب پارىڭىمىزنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى بۇزۇۋەتتى، شۇنداق قىلىپ يېڭى پارىڭىمىز ئىككى روھنىڭ مۇتلەق قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

پەقەت ئىككىلا ئادەم ئايرىم تۇرغىنىدىلا ئاندىن تېخىمۇ ساپ بولغان ئالاقە پۇرسىتى تۇغۇلالايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مۇڭدىشالىشى ئۇلار ئارىسىدىكى ھەمنەپەسلىكتىن بەلگىلىنىدۇ، قىلچىمۇ كېلىشەلمەيدىغان ئىككى ئادەم ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە خۇشاللىق



بېغىشلىيالمايدۇ، يەنە كېلىپ بىر - بىرىنىڭ يوشۇرۇن ئالاھىدىلىكىنىمۇ تەخمىن قىلالمايدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بىز خۇددى ئۇنىڭ بىر بۆلۈك ئەبەدىي بايلىقىنىڭ گېپىنى قىلىشۋاتقاندەك پالانى ئالاقىگە تولىمۇ ماھىركەن، دەپ كېتىمىز. بىراق بىراۋ ھەرقانچە ئۆز پىكىرلىك، ناتىق ئاتالسىمۇ، لېكىن پاراڭلىشىش ۋاقىتلىق ئالاقىلا خالاس، ئۇ ئۆزىنىڭ نەۋرە ئۇكىسى ياكى تاغىسىنىڭ ئالدىدا گەپ تاپالماي تۇرۇپ قېلىشى، باشقىلار ئۇنى خۇددى قۇياش شەكلىنىڭ قۇياش دېگىنگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغىنىنى ئەيىبلىگەنگە ئوخشاشلا ئەيىبلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. بىراق قۇياشنىڭ شەكلى قۇياش نۇرى ئاستىدىلا ۋاقىتتىن دېرەك بېرەلىگىنىدەك، ئۇمۇ ئىدىيىسىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان ئادەم بىلەن بىرگە بولغىنىدا ئاغزىنى قايتىدىن ئېچىشقا باشلايدۇ.

دوستلۇق ئوخشاش ۋە ئوخشىماسلىق ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇققا، بىر تەرەپ نامايان قىلغان كۈچ ۋە سۈكۈت ئارقىلىق يەنە بىر تەرەپنى ماسلىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا موھتاج، بىراق بۇنداق قىلىش ھەمىشە كىشىنى ئانچە خۇشال قىلمايدۇ، مەن تەنھا ھالدا دۇنيانىڭ ئۇ بېشىغا يۈرۈش قىلىشقا رازىكى، دوستلىرىمنىڭ بىر ئېغىز گەپ ياكى بىر كۆز ئىپادىسىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىدىكى ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىشتىن ھالقىپ كېتىشىنى خالىمايمەن.

قارشىلىق ۋە رايىشلىق ماڭا ئوخشاشلا تۇسالغۇ ئەكېلىدۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۆزلۈكىنى ساقلىشىغا، ئۆزى بولۇشىغا يول قوياي، ئۇنىڭكى بولسا مېنىڭكى، مېنىڭ بۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان بىردىنبىر خۇشاللىقىم شۇكى: ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان، لېكىن مەندە بولمىغان نەرسىمۇ ماڭا تەۋە بولدى، مەن بۇلارنىڭ جەسۇر ۋە كەسكىنلىك بىلەن بىزنىڭ پارىڭىمىزغا ئارىلىشىپ كېتىشىنى، ئەڭ بولمىغاندا قارشىلىشىش سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر چەتكە چېكىنىۋېلىشى ياكى مۇرەسسەچىلىك قىلىشىدىن بىزارمەن، دوستلۇقنىڭ گۇپپاڭچىسى بولغىنىدىن تىكىنى بولغىنىنى ئەلا بىلىمەن.

ئالىيجاناب مەنىدىكى دوستلۇقنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى مۇستەقىل بولۇشتۇر، ئالىي ۋەزىپە ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان

قابىلىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىككىيلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ
كېتىشنىڭ ئالدىدا چوقۇم مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان
ئىككى ۋۇجۇد بولۇشى كېرەك. كىشىلەر تۇرلۇك ـ تۇمەن پەرقلەر ئا.
رىسىغا ئورتاقلىقنىڭ يوشۇرۇنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالىشى مۇم.
كىن، بۇ خىل ئورتاقلىق ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ، دوست.
لۇقمۇ ئىككى خىل بەھەيۋەت ھەم قورقۇنچلۇق خاراكتېرنى ئۇلارنىڭ
ئۆزئارا دۇشمەنلىك قىلىشىشىغا، تەشۋىشلىنىشىگە قارىماستىن تۇ.
تاشتۇرۇپ تۇرالايدۇ.

پەقەت كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، مەڭگۈلۈك ئالىيجانابلىق ۋە ئاق
كۆڭۈللۈكنى ماھىيەت دەپ بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئارىلا.
شىشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان كىشىلەرلا مەستانىلەرچە مۇئامىلىگە
ئەرزىيدۇ، ئالماسمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىسۇن، ئارىلىشىۋالماڭ،
ئوخشاش قائىدە بويىچە ھەقىقەتنىڭ تۇغۇلۇشىنى تېزلىتىشنى زىيادە
ئارزۇ قىلىپ كەتمەڭ. دوستلۇق ئىختىيارلىققا موھتاج، بىز دائىم
دوست تاللاش، دوست تاللاش دەپ كېتىمىز، بىراق دوستمۇ ئۆز ئالدىغا
بىزنى تاللايدۇ. ھۆرمەت دەل دوستلۇقتىكى مۇھىم بىر تەرەپ، دوس.
تىڭىزغا خۇددى ئاجايىپ بىر مەنزىرە، كۆرۈنۈشكە مۇئامىلە قىلغاندەك
مۇئامىلە قىلىڭ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا سىزدە بولمىغان ئارتۇقچىلىقلار
ھازىر، شۇڭلاشقا چەتكە ئۈتۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنىڭ تېخىمۇ يۇكسە.
لىشى، راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بوشلۇق ھازىرلاپ بېرىڭ.

سىز دوستىڭىزنىڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنىڭ دوستىمۇ، ياكى
ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ دوستىمۇ؟ ئالىيجاناب قەلب ئۈچۈن، نۇرغۇنلى.
غان كونكرېت ئىشلار جەريانىدا دوست مەڭگۈ ناتونۇش ئادەم، مۇشۇنداق
بولغاندىلا ئاندىن ئۇ سىزنى ئەڭ مۇقەددەس دائىرە ئىچىدە قوبۇل قىلا.
لايدۇ، يېقىنلىشالايدۇ. سەبىي ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ دوستلۇقنى
ئۆزىنىڭ بايلىقى دەپ قارىشىغا يول قويۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلەرچە
ئىنتىلگىنى ۋاقىتلىق، ھەممىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان شادلىق خا.
لاس، ھەرگىزمۇ ھېلىقى ئەڭ يۇكسەك مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئەمەس.
بىزنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئەمەلىيەت ئارقىلىق بۇ كەسىپداشلار
ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشىك بېلىتىگە ئېرىشىشىمىزگە يول قويۇڭلار،
بولامدۇ؟ نېمىشقا ئۇ خىل يۇكسەك ھەم گۈزەل قەلبكە تاجاۋۇز



قىلىسىلەر، تۆكمە قىلىپ ساتىسىلەر؟ نېمىشقا ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن
دوستۇڭلار بىلەن مەلۇم شەخسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا چىڭ تۇرۇ.
ۋالىسىلەر؟ ئۇلارنى يوقلاپ ئۆيىگىچە بارمىساڭلار ياكى ئۇنىڭ ئانىسى،
ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن تونۇشمىساڭلار زادى بولمامدۇ؟
ئۇمۇ نېمە ۋەجىدىن سىلەرگە ئوخشاش قىلىدۇ؟ ئەجەبا، بۇلارنىڭ ھەم.
مىسى بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە ماھىيىتىمىدۇ؟

بۇنداق بولمىغۇر تىرىشچانلىقلارنى قىلمايلا قويۇڭ، ئەكسىچە
ئۇنىڭ بىزنىڭ بىر تۇرلۇك روھىمىزغا ئايلىنىپ كېتىشىگە رۇخسەت
قىلىڭ، مەن ئۇنىڭدىن بىر تۇرلۇك بېشارەتكە، ئىدىيىگە، سەمىمى.
يەتكە ۋە كۆز ئىپادىسىگە (ھەرگىزمۇ بىرەر يېڭى خەۋەرگە ياكى بىر
قاچا قىزىق شورپىغا ئەمەس) ئېرىشىپ قېلىشىم مۇمكىن. مەن تۆۋەن
دەرىجىدىكى ھەمراھىمنىڭ يېنىدىن شۇنىڭغا ماس ھالدىكى سىياھى،
قۇرۇق پاراڭ ياكى قوشنىدارچىلىق دېگەندەك قانائەتلىنىشكە ئېرىشە.
لەيمەن. مەن ۋە دوستۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت زادىلا تەبىئەتكە خاس
بولغان مول شېئىرىي ھېسسىياتتەك مۇكەممەل، رومانتىك ھەم ھەممە
كائىناتنى قاپلىيالايدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغ بولماسلىقى كېرەكمۇ؟ كۆك
قەرىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلاردەك، جىرا سۇلىرى يالاپ ئۆتكەن چىم.
لىقلاردەك بىزمۇ دوستلۇقىمىزنى مۇقەددەس ھېس قىلالماسمىزمۇ؟

دوستلۇقنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ھەرگىزمۇ كەلسە ـ كەلمەس
كۆز ـ كۆز قىلماسلىقىمىز، بەلكى ئۇنىڭ ئاشۇ مۇقەددەس ئۆلچەمگە
كۆتۈرۈلۈشىگە يول قويۇشىمىز لازىم. ئۇنىڭ مەنسىتمەسلىك چىقىپ
تۇرغان بېقىشلىرى نەقەدەر ئېسىل ـ ھە؟ ئۇنىڭ سالاپىتى ۋە يۇرۇش ـ
تۇرۇشى نېمىدېگەن سەلتەنەتلىك، قانداق گۈزەل ـ ھە؟! بۇلار سىزنى
تولىمۇ ئەرزىمەس، كىچىك قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى سىزنىڭ مەزمۇتلى.
قىڭىزغا ھەسسە قوشۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىگە چوقۇنۇڭ، ئۇ.
نىڭ قانداقتۇر بىر ئىدىيە تۇپەيلى ئەرزىمەس بولۇپ كەتمەسلىكىنى
ئۈمىد قىلىڭ، ئۇلارنى ئائىلىڭىزنىڭ تەۋەررۇكىدەك ئەزىزلەپ ساقلاپلا
قالماي، باشقا ھەممە كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ قويۇڭ! ئەگەر ئۇنى
دۇشمىنىڭىز دەپ قارىسىڭىزمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك چىرايلىق
دوستىڭىز بولۇشىغا ئىمكان بېرىڭ. بويسۇنماسلىقمۇ كىشىنىڭ
ھۆرمىتىنى قوزغىتالايدۇ، ھەرگىزمۇ سىزگە ئازغىنە مەنپەئەت بېرىپ

قويۇپلا ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يوقاتمايدۇ، تاشلىنىپ قالمايدۇ.
مۇشۇكنىڭ تاش كۆزلىرى تۆككەن نۇرغا، ئالماسنىڭ نۇرىغا كۆزلە-
رىڭىز بەك يېقىن تۇرۇۋالسا ئېنىق كۆرەلمەيسىز. مەن دوستۇمغا خەت
يازدىم، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئەلۋەتتە سىز
ئۇچۇن بۇلار تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ، بىراق مەن بۇنىڭدىن بەك رازى،
بۇ بىر قەلبنىڭ سوۋغىتى، ئۇ ھەم باشقىلارغا تۇتۇشقا ئەرزىسە، ھەم
ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، بۇنىڭدا ھېچكىممۇ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلالمايدۇ،
ئاشۇ سۆز ـ جۈملىلەر ئارىسىدا قەلبلەر (ھەرگىزمۇ تىلىمىز ئەمەس)
بىر ـ بىرىگە ئىشىنەلەيدۇ ھەمدە مۇنداق بېشارەتنى بىزگە ئاشكارىلاي-
دۇ:« مۇنداق بىر مەۋجۇتلۇق مەۋجۇت، ئۇ تارىختىكى بارلىق قەھرى-
مانلىق روھىدىنمۇ مۇقەددەس.»

دوستلۇقنىڭ بۇنداق مۇقەددەس قانۇنىيىتىنى ھۆرمەت قىلىۋې-
رەيلى، ئەلۋەتتە، بۇ سىزنىڭ تاقەتسىزلىكىڭىز ياكى گۈلنىڭ مۇ-
كەممەللىكىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قارىشىڭىز تۈپەيلىدىن ئەمەس.
بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ دوستى بولالىغىنىمىزدىلا ئاندىن ئۇنىڭ
دوستى بولالايمىز، جىنايەت ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بۇنداق قانائەتلىنىش
ھېسسىياتىغا ئېرىشەلەيدۇ، خۇددى قايسىدۇر بىر لاتىن ماقالىدا «سىز
باراۋەر ئاساستا ئۆزىڭىزنىڭ ئەيىبكارى بىلەن پاراڭلىشالايسىز» دەپ
ئېيتىلغاندىكىدەك.

ئۆزىمىز ھۆرمەتلەيدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن
دەسلەپىدىلا مۇنداق قىلىش تەسكە توختايدۇ، شۇنداقتىمۇ، مەن سوغۇق
قان خاراكتېرىمىزدىكى ئەرزىمەس خۇنۇكلۇكلەرمۇ پۈتكۈل دوستلۇق-
نى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش-
مايدىغان ئىككى كىشى ئارىسىدا قانداقمۇ چوڭقۇر دەرىجىدىكى تىنچ-
لىق بولسۇن؟ پاراڭ جەريانىدا ئۇلار ئىچىدىكى بىر تەرەپ پۈتكۈل دۇن-
ياغا ۋەكىللىك قىلالىسا ئىش باشقىچە بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە.
دوستلۇقتىن ئۆزگە يەنە قانداق ئۇلۇغ نەرسە باردۇ؟ شۇنداق بول-
غانىكەن، بىز ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە بۇ ئۇلۇغ روھنى داۋام ئەت-
كۈزەيلى! بىر ئاز تىنچلانساقلا، بەلكىم ئۇلۇغ ئىلاھنىڭ شىۋىرلاش-
لىرىنى ئاڭلاپ قالارمىز، لېكىن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىشىمىز ھا-
جەت ئەمەس. مەيلى بۇ خىل سۆزلەش ئۇسۇلى قانچىلىك يۈكسەك،



پاساھەتلىك ۋە يېقىملىق بولسۇن، كىم سىزنى ئاشۇ ئېسىل روھنىڭ
نېمىنى قانداق دەۋاتقانلىقىنى مۇلاھىزە قىلسۇن دەپتۇ؟ ھاماقەتلىك ۋە
ئەقىللىقلىقنىڭ ساناقسىز قاتلىمى بولىدۇ، سىزگە نىسبەتەن مەيلى
نېمىلا دېسىمۇ يەنىلا ياساملىق ھېسابلىنىدۇ. كۈتۈڭ، قەلبىڭىز
چوقۇم ئۆزلۈكىدىن سۆزلەيدۇ، تاقەت قىلىڭ، تاكى ئۇنىڭ سىزنى ئا-
داققىچە ئەل قىلىش زۇرۇرىيىتى تۇغۇلغۇچە، كېچە ۋە كۈندۈز كال-
پۇكلىرىڭىزنى ئۆتنە ئالغۇچە كۈتۈڭ.

گۈزەل پەزىلەتنىڭ بىردىنبىر مۇكاپاتى گۈزەل پەزىلەتتۇر،
دوستلۇقتا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلىمۇ باشقىلارنىڭ دوستى
بولۇشتۇر. بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكىڭىز ئۇنىڭغا يېقىنلاش-
قانلىقىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەگەر ئىككى ئادەمدە ئورتاق ھەۋەس بول-
مىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا سىز بىلەن ۋىدالىشىپ
كېتىدۇ، سىزمۇ مەڭگۈ ئۇنىڭ سەممىي تەرىپىگە نەزىرىڭىزنى ئاغ-
دۇرالمايسىز. بىز ئاشۇ ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ بىزدىن تولىمۇ يى-
راقتا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز، يىراقلاردىن نەزەر سېلىشىمىز ـ يۇ،
بىراق چەتكە قېقىشمايمىز، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە جەزمەن
دوقۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟

بۇنىڭدىن كېيىن، تولىمۇ ئۇزۇندىن كېيىن، بىز ئىجتىمائىي
ئالاقىدىكى ھەرقانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەۋسىيىلەرنىڭ، ئۆرپ ـ ئا-
دەت، يوسۇنلارنىڭ بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ئارزۇيىمىزدىكىدەك مۇناسىۋەت
ئورنىتىشقا قىلچىمۇ ياردىمى يوقلۇقىنى بايقاپ يېتىمىز. ئەمەلىيەتتە
بىزنىڭ خاراكتېرىمىز يۈكسىلىپ ئۇلارنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن
تەڭلەشكەندىلا، ئوتتۇرىمىزدا باراۋەر ئاساستا سىڭىشىپ كېتىش مۇ-
ناسىۋىتى شەكىللىنەلەيدۇ، مۇشۇ باسقۇچقا يېتىپ تۇرۇپمۇ، ئۇلار بى-
لەن ئارىمىزدا يەنە دوستلۇق شەكىللىنەلمىسە، ئۇلارنى قايتىدىن ئويـ-
لىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى بىز ئاللىبۇرۇن ئۇلارغا
ئايلىنىپ بولغان، ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ كەتكەندۇق.

قىسقىسى، مۇھەببەت، بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك قىممىتىنىڭ
باشقا بىرسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىشى ئەمەس، كىشىلەر بەزى
ھاللاردا دوستلىرى بىلەن نام ـ ئەمەللىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ
ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ، كىشىلەرنىڭ دوستلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ ياخشى

كۆرىدىغان نەرسىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ روھى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلى-
يالايدۇ.

دوستلۇق پەزىلىتىگە قويغان تەلىپىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن-
سېرى، قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلغان ھەقىقىي دوستلۇق بەرپا
قىلمىقىمىزمۇ شۇنچە تەسكە توختايدۇ، شۇڭا بىز دۇنيادىن تەنھالا
ئۆتۈپ كېتەيلى، يۈرىكىمىزدىن تەلپۈنگەن دوستلۇق ھېسسىياتى پە-
قەت چۈش ۋە قىياس پېتى قېلىۋەرسۇنمۇ؟ بىراق، يۈكسەك ئارزۇ ھە-
مىشە سادىق قەلبنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، ئالەمنىڭ تارتىش كۈ-
چىنىڭ سىرتىدىكى باشقا ساھەلەر، ئاشۇ بىزنى سۆيىدىغان، بىزمۇ
ئۇلارنى سۆيىدىغان كىشىلەر ھېلىھەممۇ ھەرىكەتتە تۇرماقتا، سەۋر
بىلەن كۈتمەكتە، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماقتا. تەبرىكلەشكە تېگىش-
لىكى شۇكى: ياشلىقىمىزدىكى گۆدەكلەرچە، ساددىلارچە، ئاڭقاۋلارچە،
شەرمەندىلەرچە ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ئالىلبۇرۇن تەنھالىق قوينىدا
ئۆتۈپ كەتتى، بىز چوڭ بولۇپ ئىش ئۇققۇدەك بولغىنىمىزدا «قول
بېرىشىپ قەھرىمانلارچە ئۇچراشتۇق».

پەقەت ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلىغانلىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارغا
قۇلاق سېلىپ بېقىڭ، شۇندىلا تۆۋەن مۇقامدىكى كىشىلەر بىلەن
دوستلۇق ئىتتىپاقىنى تۈزمەيسىز، ئۇلارنىڭ يېنىدا دوستلۇق دەپ
ئېيتقۇدەك ھېچنەرسە يوق، ئالدىراقسانلىقىمىز ھەممىشە بىزنى خۇدا-
نىڭ نەزىرى چۈشمىگەن ئاڭقاۋ ۋە ئەخمىقانە دوستلۇق مۇناسىۋىتى
قوينىغا سۆرەپ كىرىدۇ، مەيلى قانچىلىك زىيان - زەخمەتكە ئۇچرى-
ماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ يولىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭ، يوقاتقىنىڭىزدىن
ئېرىشكىنىڭىزنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ، ئۆزلۈكىڭىزنى
نامايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى خاتا مۇناسىۋەتلەر قوينىدىن يى-
راقلاشتۇرۇپ تۇرۇڭ، شۇنداقلا يەنە ئەزىمەتنىڭ——ئاشۇ قىممەتلىك تا-
ۋاپچىنىڭ مۇرىڭىزگە شاپىلاقلىشىغا يول قويۇڭ، پەقەت ئىككى قې-
تىم.

مەن دوستلۇقىمىزنىڭ گويا بىز چىن سۆيگۈمىزدىن مەھرۇم
قالغاندەك ئۇنچىۋالا مەنۋىلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، بۇ بىر
ئالەمچە غەم - غۇسسە.

مەيلى بىز ئۆزىمىز ئاساسلىنىدىغان نۇقتىئىنەزەرگە قانچىلىك



ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەيلى، بىلىم سەۋىيىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگى-
شىپ، تەبىئەت گەرچە بىزنىڭ ئانچە - مۇنچە شادلىقلىرىمىزنى تار-
تىۋالغىنى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بىزنىڭكى توغرا ئىكەنلى-
كىنى ئىسپاتلىدى، يەنە كېلىپ بىز بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان شادلىق
تۆلىمىگە ئېرىشەلىدۇق، ئۇ بىزنى مۇتلەق تەنھالىق ھېس قىلدۇرماق-
چى بولىسىمۇ، بىز يەنىلا چەكسىز ئۇمىدۋارلىق بىلەن ئۆزىمىزدە
ئەسلىدىنلا ھەممە نەرسە تەلدەك ھېس قىلالىدۇق. بىز ياۋروپانى ياكى
باشقىلارنى قوغلىشىشقا ئاتلاندۇق ياكى بولمىسا كىتاب ئارقىلىق
كۆنلىرىمىزنى قۇۋناقلاشتۇرۇپ يۈردۇق. بىز بۇ پائالىيەتلەرنىڭ تەن-
ھالىقىدا، يەنە كېلىپ ئۆزىمىزنى تونۇشقا چاقىرىدىغانلىقىغا چىنپۇ-
تەتتۇق. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ھېچنېمىمىز يوق، باشقا كىشىلەرمۇ
ھەم شۇنداق، ياۋروپا پەقەت جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر پارچە دەپنە
بۇيۇمى، خالاس. ھېلىقى كىتابلارمۇ ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئەمەس، شۇڭا
بىزنىڭ چوقۇنۇش مەبۇدىمىزنى پاچاقلاپ تاشلاشقا، سائىللارچە تۇر-
مۇشنى توختىتىشىمىزغا رۇخسەت قىلىڭلار، بىز ھەتتا ئەڭ دىلكەش
دوستىمىزدىنمۇ ۋىدالىشىمىز، ھەتتا ئۇلارغا ئۇچۇقلا ئۆكتە قوپۇپ:
«سىلەر زادى كىم؟ بىزنى قويۇۋېتىڭلار، سىلەرگە ئەمدى ئىككىنچى
يۆلىنىۋالمايمىز، ئاھ! بۇرادەر، سېنى ئەمدى ئىككىنچى كۆزۈم كۆر-
مىسۇن!» دەيمىز. بىزنىڭ بۈگۈنكى ۋىدالىشىشىمىز ئەتىكى تېخىمۇ
ئېسىل سەھنىدە قايتا ئۇچرىشىش ئۈچۈن، بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ
مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى بىز ئۆزلۈكىمىزگە تېخىمۇ بەك
يېقىنلاشتۇق.

بىر دوستىنىڭ چوقۇم ئىككى يۈزى بولىدۇ، ئۇ ھەم ئۆتمۈشكە
قايتىپ كېتەلەيدۇ، كەلگۈسىگىمۇ نەزەر سالالايدۇ، ئۇ گويا مەن يىللار
قوينىدا يوقىتىپ قويغان بالامنىڭ ئۆزى، كەلگۈسىمدىن بېشارەت
بەرگۈچى دانىشمەن، يەنە كېلىپ ئەڭ ئۇلۇغ دوستۇمنىڭ باشلامچى-
سى.

دوستۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم گوياكى بىر كىتابقا ئوخ-
شاش، مەن ئۇنى ئۆزۈم ئەڭ ئوڭاي تاپالايدىغان جايغا تىزىپ قويساممۇ،
لېكىن ئۇنى بەك ئاز ئوقۇيمەن.

بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل قارىشىمىز ئارقىلىق

ئىجتىمائىي گۇرۇھ بەرپا قىلىشىمىز لازىم، دوستۇم بىلەن بەك كۆپ
ئالاقە ـ سۆھبەتلەردە بولۇشقا ئامالسىزمەن، ناۋادا ئۇ بەك ئۇلۇغ بولسا،
مېنىمۇ قالتىس قىلىۋېتىشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ مەن ئىزچىل
هالدا غۇرۇرنى قايرىپ قويىدىغان سۆھبەتنى سوقالماي كەلدىم. ئاشۇ
ئالەمشۇمۇل يىللاردا ساناقسىز بېشارەتلەر كۆز ئالدىمدىكى بوشلۇقتا
چۆرگىلەپ يۈرۈشتى، ئۇلارغا ئۆزۈمنى بېغىشلىشىم كېرەك ئىدى،
بېغىشلىدىم، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ بوشلۇققا كىردىم، چىقىپ
كەتتىم، مەقسىتىم يەنىلا ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاسمى-
نىنىڭ بىر چېتىدە ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇشى مېنى ئەنسىرەتكەن
بىردىنبىر ئىش بولدى، مۇشۇ پەيتتە ئۇلار ئاسماندىكى ئەڭ يورۇق نۇر
دەستىلىرىلا ئىدى، خالاس.
گەرچە دوستۇمنى مەدھىيىلىسەممۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلە-
شىشكە، ئۇلارنىڭ خىيالىي ئوبرازلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشكە
يەنىلا ئامالسىزمەن، چۈنكى مەن بارلىقىمدىن مەھرۇم قېلىشتىن
قورقىمەن، مەن ئۈچۈن بۇنداق يۈكسەك ئىنتىلىشتىن، روھىيەت
ئاسترونومىيىسىدىن، ياكى يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى قىدىرىپ تەك-
شۈرۈشتىن ۋاز كېچىش سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىز ۋە ھېسداشلىقى-
ڭىزغا ئىنتىلىشكە ئۆتۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ماڭا بىر تۇرلۇك ئا-
ئىلىۋى شادلىق بەخش ئېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ۋاقىتتا مەن ئۆزۈمنىڭ
مۇقەددەس ئىلاھىي يوقاتقىنىمنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىمەن،
بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھەسرەت چېكىشىممۇ مۇمكىن. دەرۋەقە،
كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە كەيپىياتىم تولىمۇ ئوسال بولۇشى، پەقەت
قاملاشمىغان نەرسىلەرلا ئېڭىمنى ئەسرا قىلىۋېلىشى مۇمكىن. مەن
يەنە سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى شېئىرىي ھەمراھىڭىزنى يوقىتىپ قوي-
غىنىمدىن پۇشايمان يەپ، قايتىدىن قېشىمغا قايتىپ كېلىشىڭىزگە
تەشنا بولۇشۇم مۇمكىن، ناۋادا سىز راستىنىلا كەلمەكچى ياكى بىر
قىسىم يېڭى خىيالىي سىيمايىڭىز ئارقىلىق قەلبىمگە سىڭىپ كى-
رىشنى ئەمەس، بەلكى قەلبىمنى تولدۇرۇشنى ئىستىسىڭىز، ئۇنى پە-
قەت سىزنىڭ نۇرىڭىزلا ئىكەن، دەپ ئويلايمەن، خالاس.
مەن يەنىلا ھازىرقىغا ئوخشاش سىز بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئا-
مالسىز، مەن مانا مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك ئالاقىنى دوستۇمغا تەئەللۇق



قىلدىم، ئۇنىڭ يېنىدىن ئېرىشكەنلىرىمنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ بار-
لىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماھىيىتى، گەپنىڭ ئېنىقىنى قىلغاندا،
ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگىنى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ تەۋە بولمىغان
نەرسىلەر، بىراق بۇلار بەربىر ئۇنى مەنبە قىلغان، ئۇلار بىلەن مېنىڭ
دوستلۇقۇم ئوخشاشلا ئاجايىپ سىرلىقلىقتا ۋە ساپلىقتا تويۇنغان
بولغاچقا، ئۇچرىشىپ قالساق ھىجران ئازابىنى تارتقاندەك، ئايرىلىپ
كەتسەك ئەزەلدىن ئايرىلمىغاندەك تۇرىمىز.
يېقىندىن بېرى مۇنداق ئويلاپ قالدىم: بىر تەرەپ دوستلۇقنى
قەدىرلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپ بولسا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەيدۇ،
قارىماققا بۇنداق قىلىش ئېھتىمالغا بەك يېقىنقىنەك قىلىدۇ، ھەتتا
مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ ھالقىپ كەتتى، مەن زادى نېمە ئۈچۈن قار-
شى تەرەپنىڭ سۆرۈنلۈكىنى پەسەنتىمگە ئالغۇدەكمەن، يەنە كېلىپ
مۇشۇ تۇيەيلى ئۆكۈنگىدەكمەن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم باش ئاغرىقى تاپقۇدەك-
مەن؟
قۇياش ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ بىر بۆلۈك نۇرى ئارقىلىق بارچە ھا-
ياتلىقنى يورۇتىدۇ، كۆپ قىسىم نۇرى بولسا بىپايان ئالەم بوشلۇقىغا
كېتىپ قالىدۇ، بىراق ئۇ بۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ ئاغرىنغان، ئۆ-
كۈنگەن ئەمەس. مەردلىكىڭىز ۋە ئالىيجانابلىقىڭىز ئارقىلىق ئاشۇ
قوپال ۋە سۆرۈن بۇرادىرىڭىزنى تەربىيىلەپ ئەدەپكە ئۆگىتىپ قويۇڭ،
ناۋادا ئۇ بۇنىڭغا پەقەتلا ماسلىشىپ بېرەلمىگۈدەك بولسا، ئۆزلۈكىدىنلا
قويۇۋېتىشنى خۇدا قىلىۋېتىدۇ، سىز بولسىڭىز ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدىكى
پارلاق نۇر بەرىكىتىدىن تېخىمۇ ئالىيجانابلىشىپ كېتىسىز، ھەر-
گىزمۇ «قۇرت ـ قوڭغۇزلار» بىلەن سەپ تارتىشىپ يۈرمەستىن، جەن-
نەت ئىلاھى بىلەن بىرلىكتە پەرۋاز قىلىپ، بىللە نۇر چېچىپ يۈرى-
سىز.
كىشىلەر: «جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن سۆيگۈ شەرمەندىلىك» دەپ
قارىشىدۇ، بىراق ئالىيجاناب قەلب سىزگە شۇنداق بايان قىلىدۇكى،
چىن سۆيگۈنىڭ جاۋابى بولغان ئەمەس، بۇنداق سۆيگۈ ئەرزىمەس ئوي-
يېپكىتىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ قەلبكە تارتقىنى
مەڭگۈلۈك نەرسىلەر. پەقەت ئاشۇ قوپال ھەم زورمۇزور تاقالغان نىقابلار
يىرتىلىپ تاشلانسىلا سۆيگۈ ھەرگىزمۇ ھەسرەت چېكىپ يۈرمەيدۇ،

بەلكى بۇنداق ئاسارەتلەردىن ئازاد بولالىغىنى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەركىن-
لىككە چىقىدۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ، تېخىمۇ مۇستەقىل-
لىشىدۇ. بىراق بۇنداق نۇقتىئىنەزەردىن قانداقتۇر بىر خىل قارا
يۈزلۈكنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ، لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن دوست-
لۇق تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ساپ، ھەم تەلتۆكۈس مەردانىلىك، ئى-
شەنچ دېمەكتۇر، ئۇنىڭغا زەررىچىلىك ھەسەت، مۇنداقلا ئۆز مەيلىگە
قويۇپ بېرىلگەن كەمچىلىك ئارىلاشسا زادىلا قاملاشمايدۇ. دوستلۇق
مۇھەببىتى ئۆز ئوبيېكتىنى مۇقەددەسلىككە كۆتۈرگەندىن ئېتىبارەن
ئۇلار ئۆزئارا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

## چەمبەر (يۇملاقلىق) ھەققىدە

كۆز بىرىنچى چەمبەر، ئۇ ھاسىل قىلغان كۆرۈنمە يۈز بولسا
ئىككىنچى چەمبەر، بۇنداق تۈنجى چەمبەرلەر ساناقسىز قېتىم پۈتكۈل
تەبىئەت قوينىدا چۆرگىلىدى، دۇنيانىڭ بەلگىلىرى ئىچىدە چەمبەر
ئەڭ ئالىي سىمۋول. سىت. ئاۋگوستىن خۇدانىڭ ماھىيىتىنى چەمبەر
قىلىپ تەسۋىرلىگەن، چەمبەر شەكىللىك يەر بولغىنى بىلەن يۇملاق
دائىرىسىز جاي مەۋجۇتمىدۇ؟ بىزنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىمىز ئەنە ئاشۇ
تۈنجى شەكىلگە تۇتاشقان مول مەنىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ.
ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر پائالىيىتىنىڭ تەكرارلىنىش ياكى تولۇق-
لىنىشتەك ماھىيىتىنى مۇزاكىرە قىلغىنىمىزدا، بىز ئالدىبۇرۇنلا
بىر تۇرلۇك ئېتىكىلىق «مەنە»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ بولغان بولى-
مىز، نۆۋەتتە بىز كەلتۈرۈپ چىقارماقچى بولغىنىمىزمۇ مۇشۇنىڭغا
ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر نەرسە خالاس، ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى-
مىز بۇنىڭ باشقا ھەرقانداق ھەرىكەتتىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى
بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.
بىزنىڭ ھاياتىمىز ھەقىقەتكە شاگىرتتۇر، بىزنى ئوراپ تۇرغان
ھەر بىر چەمبەر ئۆز - ئۆزىدىن يەنە بىر چەمبەرنى سىزىپ چىقىدۇ.
تەبىئەتنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇچى يېڭى بىر باشلى-
نىش، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بولسا مەڭگۈگە يېڭى بىر سۇبھى كۆتۈ-
رۈلۈپ تۇرىدۇ. چوڭقۇر دېڭىز تېگىدە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر بولغان



دېڭىز ياتىدۇ، بۇنداق پاكىت ئەخلاق ۋە مۇكەممەللىكنىڭ «قول يەت-
مەيدىغان» ۋە «لەيلەپ يۈرىدىغان» (ئىنساننىڭ قولى ئۇنىڭغا مەڭگۈ
يەتمەيدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە دالالەت قىلسا، يەنە
بىر تەرەپتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنى توسىدۇ، ئۇنىڭ فۇنك-
سىيىسى بىلەن ئادەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ياتىدىغان ھەر بىر ئىش
يولى يولىدا ئۆزئارا باغلىنىدۇ) خاراكتېرىگە سىمۋول قىلىنىدۇ.
تەبىئەتتە مۇقىم نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ئالەم ھەرىكەتتىكى ئالەم
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئەبەدىيلىك پەقەت دەرىجىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز،
خالاس. خۇدانىڭ نەزىرىدە بىزنىڭ پەرشارىمىز پەقەت ئېنىق بولغان بىر
تەرتىپ، ھەرگىزمۇ بىر دۆۋە پاكىت ئەمەس. بۇ تەرتىپ پاكىتنى ئې-
رىتىپ، پارچىلاپ ئاقتۇرالايدۇ، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز كۆزقاراشلى-
رىمىزنىڭ كۆپۈپ (بۆرتۈپ) چىقىشى، ئۇنىڭ كەينىدە شەھەر ۋە تۈ-
زۈلمىلەرنى سۆرىگەن نۆۋەتچى پويىز قاتنايدۇ، بىزنىڭ باشقا بىر كۆز
قاراشقا يۈكسىلىشىمىزگە رۇخسەت قىلىڭلار، شۇندىلا بۇ پويىز
كۆزدىن غايىب بولىدۇ.
گرېتسىيىنىڭ ھەيكەل ياسالمىلىرى (ئويمىلىرى) خۇددى
قار - مۇزدىن ياسالغاندەكلا ئېرىپ كەتتى، پەقەت ئۇ قالدۇرغان پارچە -
پۇرات نەرسىلەرلا ھەممە يەرنى بىر ئالدى، بۇ خۇددى بىز—6، 7—ئاي-
لاردىمۇ تاغ جىلغىلىرى ئىچىدە قالدۇق قار دۆۋىلىرىنى، مۇز پارچى-
لىرىنى ئۇچرىتالىشىمىز مۇمكىن بولغىنىدەكلا بىر ئىش. چۈنكى
ئۆتمۈشتە گرېك ھەيكەلتىراشلىقىنى بەرپا قىلالىغان تالانت بۈگۈنكى
كۈندە باشقا بىر نەرسىنى ئىجاد قىلماقتا، گرېك يېزىقىنىڭ ئۆمرى
ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولغىنى بىلەن يەنىلا يوقىلىش ھالاكىتىدىن قۇ-
تۇلالماي، ئۆزىنى تارتىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان چوڭقۇر ئازگالغا
چۈشۈپ كەتتى، بۇ ئازگال يېڭى ئىدىيىلەر كونا ئىدىيىلەر ئۈچۈن
قېزىپ بەرگەن يەرلىك ئىدى، قەدىمى پلانېتىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە
يېڭى قۇرۇقلۇق قەد كۆتۈردى، ئالدىنقى دەۋرنىڭ چىرىكلىكى يېڭى
دەۋردىكى ئىرقنى ئېمىتىپ، يېڭى سەنئەت كونا سەنئەتنى دەپسەندە
قىلماقتا ئىدى. سۇچىلىق ئىلمى سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساشقا سالغان
مەبلەغنى كېرەكسىز قىلغان بولسا، مىلتىق دورىسى قەلئەلەرنىڭ
رولىنى يوققا چىقىرىۋەتكەنىدى، تۆمۈريول بولسا توپا يول ترانسپور-

تىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس قىلىۋەتكەن، يەلكەن-
لىك كېمىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ھور ماشىنىسىنىڭ ئورنىنى
توك ئالماقتا ئىدى.
سىز گرانىت مۇنارلارنى «ئۇلار بوران ۋە يامغۇرنىڭ زەربىسىنى
توسۇپ، يىللارنى قېرىتىپ مەغرۇرلۇق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ»
دەپ مەدھىيىلەپ كەتتىڭىز، بىراق بۇلارنى ھەرىكەتلىك ئىككى كە-
چىك قولنىڭ ياسىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بىناكار ئىمارەتنىڭ ئۈستۈن
تۇرىدۇ، بىراق بۇ قولىنىمۇ ئېسىل ۋە ئەپچىل بولغىنى ئاشۇ كۆرگىلى
بولمايدىغان ئىدىيىدۇر، ئۇنى ئاشۇ بىر جۈپ قول ئىجاد قىلغان، شۇڭا
مېمار ئىمارەتتىن ئۇلۇغ، ئاشۇ بىر جۈپ قول ئېپى كەلگەندە ئۇنى
بىردەمدىلا ئىتتىرىپ ئۆرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن، بىراق قولىنىمۇ چېۋەر،
چەبدەس بولغىنى بىز ئاددىي كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيدىغان «ئىدىيە-
روھ»تۇر، ھالبۇكى، «روھ»نىمۇ ئاشۇ بىر جۈپ قولىمىز بەرپا قىلغان،
شۇڭلاشقا ئەڭ قوپال بولغان «ئاقىۋەت»نىڭ كەينىدە ئەڭ «گۈزەل»
بولغان «سەۋەب» يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ، بىز بولساق ئۇنى كۆرۈۋې-
لىش ئۈچۈن خىلىلا زورۇقۇپ كېتىمىز. بۇ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ گۈزەل
بولغان «سەۋەب» نىڭ «نەتىجىسى»، بۇ سىر ئېچىلىشتىن بۇرۇن،
بىزگە ھەرقانداق نەرسە، ھەرقانداق ئىش مەڭگۈلۈكتەك تۇيۇلىدۇ. مە-
سىلەن، باي، مۈلۈكدارلار قارىماققا ئايال زاتىنى ئۆزگەرمەس، مۇقىم
مۈلۈك دەپ قارايدىغاندەك تۇرىدۇ، سودىگەرلەرنىڭ نەزىرىدە ھەر قانداق
بىر خام ماتېرىيال بايلىقنىڭ مەنبەسى، ئۇنى تېپىشىمۇ، يوقىتىشىمۇ
بەك ئاسان. شەھەر پۇقراسى ئۈچۈن، بىر پارچە باغ، مۇنبەت يەر، دېھ-
قانچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار ئالتۇن كان ياكى دەريا ئېقىنىغا ئوخشاش
ئۆزگەرمەس نەرسە سانىلىدۇ. بىراق بىر دېھقان ئۈچۈن يەر ھەرگىزمۇ
ئۆزگەرمەس، مۇقىم نەرسە بولماستىن، خۇددى ئاشلىقتىن مول ھو-
سۇل ئېلىش ياكى ئالالماسلىقتا ھۆددە قىلغىلى بولمايدىغىنىغا ئوخ-
شاش كېيىپ ئېيتقىلى بولمايدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئىشلار
مۇنداقلا قارىساق بىخەتەر، ئەبەدىيدەك تۇيۇلىدۇ، بىراق ئۇنىڭمۇ باشقا
شەيئىلەرنىڭكىگە ئوخشاش مەلۇم بىر «سەۋەب»ى بولىدۇ، مەن «سە-
ۋەب»نى چۈشەنگەندىن باشلاپلا، ئاۋۇ دالا يەنە مۇشۇنداق بىپايان پېتى
تۇرامدىغاندۇ؟ دەرەخلەردە ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئاۋۇ يوپۇرماقلار



شۇنداق ئۆزگىچە ئىكەن، يەنە مۇشۇنداق تۇرۇش - تۇرماسلىقىنىڭ
سەۋەبىنى ئويلىنىپ كۆرسەم بولامدىغاندۇ؟ دېگەندەك ئىشلارنىمۇ چۈ-
شىنەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەسلىدە، ئەبەدىيلىك قاتلامنى بىلدۈر-
دىغان بىر سۆز ئىكەن، شەيئى دېمەك ئادەتتىكى ماددا، جىسىم دېمەك-
لىك ئىكەن، روھنىڭ كۆچىگە قارىتا سۇنئىي ھەمراھنىڭ كۆچى ھا-
مان قورغان توپىنىڭكىدىن چوڭ بولۇپ كەتمەيدىكەن.
بىر ئادەمنىڭ خاھىش، ئارزۇسى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدۇر، گەرچە ئۇ
قارىماققا كەسكىن، جەسۇر كۆرۈنسىمۇ، يەنىلا چوقۇم رولچىدىن بى-
رىگە (ئىدىيىگە) ئىتائەت قىلىشى، قىلمىش - ئەتمىشلىرىمۇ بۇنىڭغا
ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلىشى كېرەك، پەقەت ئۇنىڭغا قوماندانلىق قى-
لالايدىغان ئىدىيىلا ئۇنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئىنسانىنىڭ ھاياتى ئۆز - ئۆزى-
نى ئايلىنىدىغان، كىچىكلىكىدىن پەرق قىلغىلى بولمىغۇدەك بىر
چېكىتتىن باشلىنىپ، ھەر قايسى تەرەپلىرى باشقا بىر چوڭراق چې-
كىتكە قاراپ كېڭىيىدىغان، كېڭىيىشنى مەڭگۈ توختاتمايدىغان بىر
چەمبەرگە ئوخشايدۇ، بۇ چەمبەرنىڭ ئوقى بولسۇن - بولمىسۇن ئەۋ-
لادمۇ ئەۋلاد ئايلىنىشنى توختاتمايدۇ، ئۇنىڭ ئايلىنىش دائىرىسىنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكى شەخسنىڭ مەنىۋى كۈچى ۋە ھەقىقەت كۈچىنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكىگە باغلىق بولىدۇ، چۈنكى بىر تۈرلۈك ئىدىيىنىڭ
شەكىللىنىشى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا سىرتىغا كېڭىيىپ ماڭى-
دىغان دولقۇنسىمان يۈملاق كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، بىر
ئىمپېرىيە، بىر سەنئەت قائىدىسى، مەھەللىۋى ئۆرپ - ئادەت، دىنىي
مۇراسىملار دەسلەپتە ئاستا - ئاستا بىر ئومۇرتقىغا توپلىنىدۇ، ھا-
ياتلىق داۋامىدا كېڭىيىپ، مۇستەھكەملىنىدۇ، ئارقىدىن پاسىل -
چېگرالار شەكىللىنىدۇ، بۇ دەل ئىدىيىنىڭ كۈچىنىڭ تەدرىجىيلى-
كىدىن بەلگىلەنگەن، بىراق روھ ئۆتكۈر ھەم سەزگۈر كۈچ - قۇۋۋەتكە
ئىگە، ئۇ تۆت ئەتراپتىكى چېگرا - پاسىللارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ
چوڭقۇر بولغان جايدا يېڭىدىن بىر يول ياساپ، يۇقىرى بىر دولقۇنغا
كۆتۈرۈلۈپ، توختاشنى، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆزى ئاخىرلاشتۇرۇشنى
ئىستەش مۇمكىن، يەنى روھ تىزگىنلىنىشنى، ئاسارەتنى ياقتۇرمايدۇ،
يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھامانلا سىرتقا كېڭىيىشنى ئىستەيدۇ، توسقۇنسىز
ھالدا چەكسىزلىككە كېڭىيىشكە تۇتۇنىدۇ.

«مەلۇم بىر ئاداققى پاكىت باشقا بىر قاتار پاكىتلارنىڭ تۇنجىسى، مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسال قائىدە ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا باشقا بىر ئۇنىۋېرسال قائىدىدە ئۆزىنى ئىپادىلىشى مۇمكىنغۇ؟ چەمبەرسىمان كەلگەن مۇھىتىمىز (ئەتراپىمىز) بولسا پاسىلسىز، قورشاۋسىز، يۈگەنسىزدۇر...»

بۇ كىشى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولدى، توغرا، تولىمۇ ياخشى سۆزلىدى، گەپلىرى بىر ئېغىز سۆز بىلەن جاننى ئالغۇدەك دەل جايىدا، ئۆتكۈر چىقتى... بارچە شەيئى يېڭى تۈس ئالدى! ئۇ بىر زەبەردەس ئەزىمەت! كۆردىڭىزمۇ، بىز ئەمدىلا «يەرشارىنىڭ كۆرۈنۈشى بىر چەمبەر» دەپ جاكارلاپ تۇرغانىدۇق، ئاۋۇ تەرەپتە يەنە بىرەيلەن دەس تۇردى ـ دە، چەمبەرنىڭ سىرتىغا يەنە بىر چەمبەرنى سىزدى، بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم سۆزلىگەن كىشىمىز «ئادەم» بولۇشتىن مەھرۇم قىلىنىپ، پەقەت ۋە پەقەت تۇنجى سۆزلىگۈچى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشتىكى بىردىنبىر ئامالى ئۆز تەلىماتى تېشىغا يەنە بىر چەمبەر سىزىش ئىدى.

ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق قىلىشىدۇ.

بۈگۈن، كۆڭۈلنى بىسەرەمجان قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاشۇ «نەتىجە» سۆزى دەرھاللا بىر خەتكە قىسقىراپ كەتتى، قارىماققا ئېلىۋېتىلگەن سۆز تەبىئەتنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىزاھلىغىلى، ھەتتا تېخىمۇ قاپ يۈرەك بولغان باشقا بىر ئۇنىۋېرسال ئۇقۇمغا قېتىلىپ، ئۇنىڭ بىر مىسالىغا ئايلىنىپ كېتىش ئۈچۈن كەتكەندەك قىلاتتى.

ئەتە، ئىدىيىدە يېڭى بىر كۈچ بارلىققا كېلىدۇ، ئۇ سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزنى، بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، سىزنى چۈشىنىمىزدىكى ھېچقانداق ئېپوستا تەسۋىرلىنىپ باقمىغان بىر جەننەتكە باشلايدۇ، بىز خۇددى بېشارەتلەردە ئەسكەرتىلگەنگە ئوخشاش بۇ دۇنيانىڭ خىزمەتچىسىلا ئەمەس، بەلكى بولغۇمىز كەلگەن (بولۇشنى ئويلىغان) ئادەم، ئادەم كەلگۈسى دەۋرنىڭ پەيغەمبىرى.

بىز بۇ سىرلىق ئۆگزىگە شوتىغا بىر بالداق، بىر بالداق يامىشىپ ئاندىن چىقىمىز، ھەرىكىتىمىز قىيىنلاشقانسېرى يېڭى بىر كۈچ بىزنى تۇرتۇپ قويىدۇ، ھەربىر نەتىجە ئىز باسارلارنىڭ تەھدىتى ۋە



تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ، ھەر قانداق كونا نەتىجە ھامان يېڭى نەتىجە بىلەن سىغىشالمايدۇ، ئۇنى چەكلەيدۇ، يېڭى قاراش دائىملا كونىسىنىڭ ھەسىتىگە ئۇچرايدۇ، مۇستەھكەم كونا قاراشقا نىسبەتەن يېڭى بىر قاراشنىڭ بارلىققا كېلىشى بەئەينى نىگاتىۋىزىم (گۇمانچىلىق) نىڭ تېگى يوق ھاڭغا چۈشكەندەكلا بىر ئىش، بىراق «كۆز» بۇنىڭغا تېزلا ئادەتلىنىپ كېتىدۇ، چۈنكى «كۆز» ۋە «ئۇ» ئوخشاشلا بىر «سەۋەب» نىڭ «نەتىجە»سى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بىگۇناھلىقى ۋە پايدىلىقلىقى ئاشكارا بولغان ھامان ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسى خوراپ تۈگەيدۇ، يېڭى بىر يورۇقلۇق (تاڭ) يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال قېرىپ، ئاجىزلاپ قالىدۇ.

يېڭى ئۇنىۋېرسال ئۇقۇمدىن ھەرگىزمۇ خاۋاتىرلىنىپكەتمەڭ! ئەجەبا بۇ «تومپاي»پاكىت تومپايلىقىدا روھىي تەلىماتلىرىڭىزنىڭمۇ سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋەتمىگەندۇ؟ ئۇنىڭغا يول قويماڭ، بولمىسا ئۇ سىزنىڭ ماددىي تەلىماتلىرىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىز ۋىجدانىمىزغا مۇراجىئەت قىلىدىغانلا بولساق، ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق ئۆزگەرمەس نەرسە يوقلۇقى ئايان بولىدۇ. ھەممىمىز باشقىلار بىزنى چۈشەنمىگەندەك ھېس قىلىمىز، بىراق كىشىنىڭ قەلبى ھەقىقەتكە چوقۇنىدىكەن، ناۋادا سەكرات ئالدىدىمۇ مۇقەددەس روھقا مۇراجىئەت قىلىدىكەن، مەن ئىشلارنىڭ بىز ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىغا چىنپۈتىمەن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۇجرا، ئەڭ ئاخىرقى سىرلىق قەسرنى ئەزەلدىن ئېچىپ باقمىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. ئەلۋەتتە، بىلگىلى، ئانالىز قىلغىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسىلەر ھامان مەۋجۇت، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەممە كىشىنىڭ بىردىن پۈرسىتى بولغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ كەيپىياتى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدۇ، بۈگۈن كاللامغا نۇرغۇن ئويلار كەلدى، ئۆزۈمنىڭ خۇشاللىق ھېسسىياتىمنى يېزىپ چىقالىشىم مۇمكىن، بىراق مەن ئەتىمۇ بۇلارنى ئوخشاش ئىدىيە ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ چىقالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، مېنىڭ يېزىقچىلىقىم ۋە مەن يېزىپ چىققان «ئۇ» پەقەت دۇنيادىكى ئەڭ تەبىئىي بىر ئىش، خالاس. تۈنۈگۈن مەن بۇ يەرنىڭ بىر قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، بىراق بۈگۈن قارىسام بۇ يەردە شۇنداق كۆپ نەرسىلەر بار ئىكەن، يەنە بىر ئايدىن كېيىن مەن بۇ يەر توغرىلىق

ئارقا - ئارقىدىن بىر دۆۋە ئەسەرلەرنى يېزىۋېتىشىمگە ھەرگىز شۇبھىلەنمەيمەن. نېمىسىنى دەي، مەن ئۆزۈمنىڭ تەۋرەنمەس ئىشەنچىم ئۈچۈن، قىلچىمۇ رولى بولمىغان جاسارىتىم ئۈچۈن ھەسرەت چەكتىم، بەھەيۋەت دولقۇننىڭ تۆۋەنلىشىدىن ھەسرەت چەكتىم! مەن بۈگۈن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خۇداسى، ئەتە بولسا مەن تام تۈۋىدىكى بىر تۈپ ياۋا ئوت.

ئىزچىل تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۆزۈمدىن ھالقىماقچى، ئۆزۈم ياراتقان يۈكسەك پەللىگە يەتكەندىن كېيىن يەنە بىر يېڭى پەللە يارىتىشقا تىرىشتىم، تىرىشچانلىقىم مېنى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر قوينىدا نامايان قىلدى. بىز ئېتىراپ قىلىنىشقا زارىقىمىز، بىراق ئېتىراپ قىلغان ئادەمنى كەچۈرمەيمىز. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى دەل مۇھەببەتتە، بىراق مەن بىر دوست تاپقىنىمدا ھەمىشە ئۆزۈمنىڭ كەمچىلىكى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يۈردۈم. مېنى ياخشى كۆرۈش قارشى تەرەپنى ئەيىبلىگەنلىككە باراۋەر، ناۋادا ئۇ تولۇق «ياخشى» بولغىنىدا ئىدى، مېنى كۆزگە ئىلماسلىقتا سالاھىيىتى توشقان، مەنمۇ ئۇنى قوبۇل قىلالىغان، ھېسسىياتىمنىڭ مېنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان بولاتتىم.

بىر ئادەمنىڭ چوڭ بولغىنىنى ئۇنىڭ دوستى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ، بىراق ئۇ بىر ھەقىقەت ئۈچۈن بىر دوستىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بىراق تېخىمۇ ياخشى بولغان بىرىگە ئېرىشىدۇ.

مەن ئورمانلىقتا سەيلە قىلغاچ دوستلىرىمنى ئويلىغىنىمدا خىيالىمدىن مۇنۇلار كەچتى:

مەن نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەبۇدقا چوقۇنۇشتەك بۇ ئويۇننى ئوينىغۇدەكمەن؟ ناۋادا ئەتەي كۆرمەسكە سېلىۋالمىسام، ئاتالمىش ھۆرمەتلىك ۋە ئېسىلزادە ئاتالغان كىشىلەردىكى چەكلىمىلىكنى ئېنىقى بىلەن ھېس قىلالايمەن، بىلەلەيمەن. ئۇلار باي، ئالىيجاناب، ئۇلۇغ، بىراق بۇلار ئەلۋەتتە بىز پىخسىقلىق قىلماي ئىشلەتكەن مەدھىيە سۆزلىرى، ھەقىقەت بولسا تولىمۇ ئازابلىق. ئاھ، مۇقەددەس قەلب، مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا خوش دەيمەن، ئۇلار ئەمەسكەنسەن! ھەربىر كىشىنى ئېتىبارغا ئېلىش ئۈچۈن بىز شۇنچىلىك يۇقىرى بەدەلنى— جەننەتنى تۆلىدۇق، بىز قىسقىغىنا ھەم ياسالما بولغان شادلىقنى دەپ



پەرىشتىنىڭ تەخت سۇپىسىغا ئاسىيلىق قىلدۇق.

بىز چوقۇم ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق ساۋاقلارغا ئېرىشىپ تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز كىشىلەردىكى چەكلىمىلىكنى بايقىغان چېغىمىزدا ئۇلار ئەمدى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ھەۋەسىمىزنى قوزغىتالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جىنايىتى چېگرا - پاسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئىدى، سىز ئۇنى بايقىغان ھامانلا، ئۇمۇ يوقىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدا تالانت بارمىدۇ؟ ئۇنىڭدا يۈرەك بارمىدۇ؟ ئۇ بىلىملىكمۇ؟ ياق، بۇلارنىڭ ھېچقايسى كېرەككە كەلمەيدۇ، تونۇغۇن ئۇ سىزنىڭ تېخىچىلا مەۋجۇت بولغان چەكلىمىسىز سېھرىي كۈچىڭىزگە نىسبەتەن يەنىلا ئاجايىپ ئۇلۇغ ئارزۇدا بولغانىدى، بۇ ئارزۇ كىشىنى بىپايان دېڭىزدا غۇلاچلاپ ئۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرەتتى، ھازىر سىز ئۇنىڭ قىرغاقلىرىنى بايقاپ قالدىڭىز، ئۇنىڭ پەقەت بىر كۆلچەكلىكىنى سېزىپ قالدىڭىز، دەرۋەقە سىز ئۇنى قايتا كۆرۈشكە مەڭگۈ ئامالسىز بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنمەيسىز، ئەلۋەتتە.

ئىدىيە جەھەتتە ئالغا باسقان ھەر بىر قەدىمىمىز خۇددى قانۇن - نىزاملارغا ئوخشاش بىزنى قارىماققا كېلىشەلمەيدىغاندەك تۇرغان نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن بىردەك بولۇشقا تۈرتۈپ تۇرىدۇ.

ئارستوتېل ۋە پلاتون ئىككى ئىلمىي ئېقىمنىڭ داھىيلىرى دەپ ئاتالغان، ئەقىللىق كىشىلەرلا ئارستوتېلنىڭ پلاتونلىشىپ كەتكىنىنى بايقىيالايدۇ، دېمىسىمۇ ئىدىيە جەھەتتە كەينىگە بىر قەدەم چېكىنسىلا ئىختىلاپلارمۇ بىردەكلىشىدۇ ھەمدە بۇلار بىر پرىنسىپنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ قالىدۇ، بىراق بىز تېخىمۇ ياخشى پىكىر، ئىختىلاپلارنى توسقۇنلۇقتا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ھەرگىزمۇ زىيادە چېكىنىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

ئۇلۇغ تەڭرىم بۇ پلانېتىغا مۇتەپەككۇردىن بىرنى سوۋغا قىلغىنىدا، سىزنىڭ«ھەممىمىز خەتەرگە يولۇقىدىغان بولدۇق» دەپ ۋايىم يېيىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ھالەت خۇددى بىر شەھەرگە ئوت كەتكەن بولسا، نېمىلەر ئامان قالىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئوتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمىگەنگە ئوخشايدۇ. ئەتىسىلا ھالقىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىلىم - پەن مەۋجۇت ئەمەس،

ئاتالمىش ئەدەبىياتنىڭ ئۈچمەس شۆھرىتى، ئۈچمەس نام دېگەنلەرمۇ هامان قايتا باھالىنىدۇ، ھەتتا تەنقىدكە ئۇچرايدۇ. ئادەمنىڭ ئارزۇسى، قەلبىدىكى ئوي ـ خىياللىرى، مىللەتنىڭ دىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئىچىدە يېڭى پرىنسىپلارغا باش ئەگمەيدىغان بىرىمۇ يوق، ئومۇملاشتۇرۇش ھەمىشە ئىلاھىي مۇقەددەسلىكنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۇرىدۇ، ئۇنىڭغا هامان ھاياجانلىق نەپەسلەر ھەمراھ بولۇپ كۆلىدۇ.

جاسارەت—ئۆزلۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىدۇر، ئۇ بولغىنى ئۇچۇنلا بىر ئادەمنى غۇلاتقىلى، ئۇنىڭدىن تەلتۆكۈس ھالقىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بىراق سىز ئۇنى قەيەرگە قويماڭ، ئۇ سىزگە بويسۇنىدۇ. پەقەت ئۇ ھەقىقەتنى تاللىغان ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان كونا قاراشلىرىدىن ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن بۇنداق قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئۇ ھەرقانداق بىر جايدىن ھەقىقەت قوبۇل قىلىشقا، ئۆزىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا قابىل ھەم قادىر، بىراق ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، خىرىستوسقا بىلدۈرگەن ئەقىدىسى، دۇنياسى ھەر ۋاقىت يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، خالىغان ۋاقىتتا يوقىلىپمۇ كېتەلەيدۇ.

غايىۋىزمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان باسقۇچلىرى بولىدۇ، دەسلەپتە بىز ئۇنى خۇددى «ماگنىت ئىلگىرى بىر ئويۇنچۇقلا ئىدى» دەپ چۈشەنگەندەك پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىنلا چۈشىنىمىز، كېيىن، ياشلىق مەزگىلىمىزدە، شېئىر ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمىزدا بولسا غايىنىڭ مەۋجۇت چىنلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تەرەپلەردىن غايىنىڭ چىن نەرسە ئىكەنلىكىگە چىنپۇتىمىز، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەقىقەت ئاستا ـ ئاستا مۇنتىزىم ۋە ھەيۋەتلىك تۈس ئېلىشقا باشلايدۇ، بىز بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىنلىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغان بولىمىز، ھازىر ئۇ ئەخلاقتا ئۇيغۇن، ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھەقىقەت قىياپىتىدە نامايان بولۇپ بولدى.

بىز خۇدانىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىنى بىلىمىز، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى دەل بىزنىڭ قەلبىمىزدە، بارچە كائىنات ئۇنىڭ سايىسى، بىركىللىيچە غايىۋىزم ئەيسانىڭ ئىدىيىسىنى چالا ـ پۇچۇقلا چۈشەندۈرۈپ قويىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق «پۇتكۇل تەبىئەت



ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ (مېھرىبانلىقنىڭ) شىددەت بىلەن ئايلىنىشىدۇر، ‹ئاق كۆڭۈللۈك›ئۆزىنى تاماملايدۇ ھەم ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى مۇنداقلا بايان قىلىپ قويىدى. بىزگە تېخىمۇ ئېنىقى شۇكى، ھەرقانداق بىر دەۋردىكى تارىخ ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى بىلىمنىڭ خىل، تۈرىگە بىۋاستە تايىنىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئەزىز بىلگەن نەرسىلەرمۇ تامامەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى نۇقتىئىنەزەر، ئۇنىڭدىن بەرپا بولغان كائىناتنىڭ تەرتىپ ـ تۈزۈملىرىگە بويسۇنىدۇ. بۇ خۇددى ئالما دەرىخىنىڭ ئالما بېرەلىگىنىگە ئوخشايدۇ، بىر تۇرلۇك يېڭىچە مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ ھەممە جەھەتتىن يېڭىچە تۈس ئېلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

پاراڭ چەمبەر ئويۇنىدۇر، پاراڭلىشىۋاتقان چېغىمىزدا، بىز ئەتراپىمىزدا سۈكۈتتە تۇرغان پاسىل تېشىنى يۆتكىۋېتىمىز، سۆھبەتكە قاتناشقان ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرى تەئەللۇق بولغان روھنىڭ ترېنىرلىقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، مۇقەددەس روھ يېتىپ كەلگەن ھامانلا ئۆزلىرىنى ئەركىن ھالدا نامايان قىلىشقا باشلايدۇ، ئەتىسى ئۇلار بەلكىم بۇ يۇقىرى پەللىدىن چېكىنىشى مۇمكىن، سىز ئۇلارنىڭ يەنىلا ئاۋۋالقى ئېگەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك مىنگەشكەنلىكىنى بايقىيالايسىز.

بىزگە قايتىدىن يېڭى ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئاشۇ نۇر ئوتتۇرىمىزدا چوقچىيىپ تۇرغان سېپىل تاملارنى يورۇتقىنىدا ئىمكانقەدەر كۆپرەك بەھرىلىنىشىمىزگە يول قويۇڭلار، ھەربىر يېڭى سۆزلىگۈچى يېڭى نۇرنى قۇچاقلىغىنىچە، بىزنى ئالدىنقى سۆزلىگۈچىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىدۇ، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ، ھەممە ئىدىيىنى چەتكە قاققۇچى ئىدىيىسى ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىپ، بىزنى يېڭىۋاشتىن باشقا بىر قۇتقۇزغۇچىغا تەلپۈنىدىغان قىلغان چاغدا ھوقۇقىمىز ئەسلىگە كېلىپ، يېڭىۋاشتىن« ئادەم» بولغاندەك ھېس قىلىمىز.

بىر ھەقىقەتنى جاكارلىغان چېغىمىزدا، زادى قانداق ھەقىقەت ھەر قانداق دەۋر، ھەر قانداق دۇنيادا يەنە قايتا روياپقا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالىمىز، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، جەمئىيەت خۇددى مەرمەردەك قېتىپ كەتكەن بولىدۇ، بىز

روھىمىز قۇرۇق پېتى ئۇ يەردە ساقلىنىمىزدا، ئېھتىمال ھامان
كۆڭلىمىز پۈتۈن بولىدىغانلىقىغا، ئاشۇ ئۇلۇغ سىمۋولنىڭ قورشاۋىدا
قالىدىغىنىمىزغا ئىشىنىدىغاندىمىز. بىراق بىزگە نىسبەتەن بۇ
سىمۋول ھەرگىزمۇ ھەقىقىي سىمۋول ئەمەس، پەقەت ئادەتتىكى،
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئويۇنچۇق خالاس. ئىلاھ يېتىپ كەلگەندىن
كېيىن، بۇ ھەيكەللەرنى لاۋۇلداۋاتقان ئوتتەك قىزغىن ئادەملەرگە ئاي-
لاندۇردى، ئۇ كۆزىنى لاپپىدە ئېچىۋېدى، بارچىنى ئورىۋالغان پەردە شۇ
ھامان كۆلگە ئايلاندى، ھەر بىر ئائىلە مەنقۇلاتلىرى، ھەر بىر تال
تەخسە، ئورۇندۇق، سائەت، قۇبىنىڭ مەنە ۋە تۇسلىرى ئېنىقى بىلەن
ئاشكارىلىنىشقا باشلاپ، تۇنۇگۇنكى تۇمان ئىچىدە تېخىمۇ بەھەيۋەت-
لەشتى، گاھ كۆرۈنۈپ گاھ كۆرۈنمەيدىغان پاكىتلار—بايلىق، كىلە-
مات، مائارىپ، خاراكتېر گۈزەللىكى قاتارلىقلارنىڭ نىسبىتىدە ھەيران
قالارلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى، بىز ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ ئىشەنگەن نەر-
سىلەرمۇ تەۋرىنىشكە، قاراس - قۇرۇس ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى، ئە-
دەبىيات، شەھەر، دۆلەت، دىن قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇل تېشىدىن
ئايرىلىپ، بىزنىڭ كۆزىمىزچە ئۇسسۇلغا چۈشتى، بۇ يەردە بىز ھې-
لىقى ئۇشتۇمتۇت كېلىپ كېتىدىغان ئېھتىياتچانلىقنى قايتىدىن
كۆردۇق.

پاراڭلىشىش ياخشى ئىش، سۈكۈت ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا، ئۇ سۆھبەت-
نىڭ تېتىقسىزلىشىپ كېتىشىنى ئازايتىدۇ، پاراڭلىشىش ۋاقتىنىڭ
ئۇزۇن - قىسقىلىقى پاراڭ سالغۇچى ۋە تىڭشىغۇچى ئىككىيلەن ئوت-
تۇرىسىدىكى ئىدىيە جەھەتتىكى ئارىلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەگەر
مەلۇم بىر نەرسىنى ئىككىلا تەرەپ چۈشىنەلىسە، بۇ توغرىدا يەنە
سۆزلىششنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ھەممە نەرسە
ئايان بولۇپ كەتسە، تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇل-
مايدۇ.

ئەدەبىيات بىزنىڭ نۆۋەتتىكى چەمبىرىمىز ئىچىدىكى بىر نۇقتا،
بۇ نۇقتا ئارقىلىق يەنە بىر نۇقتىنى سىزىپ چىقالايمىز. ئەدەبىياتنىڭ
كېرىكى بار، چۈنكى ئۇ بىزگە يۈكسەك مۇنبەر ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ، بىز
بۇ مۇنبەردە تۇرۇپ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىمىزغا نەزەر سالىمىز، ئەگەر ئۇ
بىزگە كىران تەييار قىلىپ بەرگىنىدە ئىدى، تۇرمۇشىمىزنى يۆتكەپ



ئەكەتكەن بولاتتۇق. بىز قەدىمكى بىلىملەردىن خەۋەر تاپتۇق، بۇنىڭ
بىلەن ئىمكانقەدەر گرېتسىيىگە، فىنىك ۋە رىم ئۆيلىرىگە ئورۇنلى-
شالىدۇق، يەنە مۇشۇ سەۋەبتىن فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ
تۇرالغۇلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ زېرەكلەرچە مۇئامىلە قى-
لالايمىز، ئوخشاش قائىدە بويىچە، ياۋايى تەبىئەت قوينىدىكى بارچە
شەيئىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ياكى تېخىمۇ ئۇلۇغۋار بولغان دىن
ئارقىلىق ئەدەبىياتنى كۆرەلەيمىز، تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل چۈشى-
نەلەيمىز، بۇ خۇددى ئېتىمىزدا تۇرۇپ ئېتىمىزنى ئېنىق كۆرگىلى بول-
مىغىنىغا ئوخشاش، ئاسترونوملار يەرشارى ئوربىتىسىنىڭ دىئامېتى-
رىنى باشقا پلانېتىلارنىڭ كۆرۈنۈش پەرقىنى بايقاشتىكى ئاساس قىل-
غىنىمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن، ئەلۋەتتە.

بىز شائىرلارغا ھۆرمەت قىلىمىز، چۈنكى بارلىق بىلىم ۋە ئە-
قىل قامۇسلارغا مۇجەسسەملىنىپ كېتەلمەيدۇ، مېتافىزىكىلىق نۇق-
تىئىنەزەرمۇ ھەممىنى يۇغۇرالمايدۇ، شىنتاي*(شىنتاي دىنىدىكى
كامىننىڭ بۇيۇملىرى) مۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. ئۇلارنى40 قۇر شېئىر ياكى
سېنارىيىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

كۇندىلىك تۇرمۇشتا، مەن كونا يولۇمنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئى-
شەنمىگەچكە، ئۇنىڭدا تەكرار مېڭىۋەردىم، بىر كۈنى، ھېلىقى پىت-
راركا، ئارىستو دېگەنلەر ماڭا تەسەۋۋۇرغا باي بىر كۇپلېت قەسىدە،
بەھۇزۇر، شوخ ۋە رومانتىك بىر پارچە دراما يېزىپ بەردى، بۇلار دادىل
ئىدىيە ۋە ئەمەلىيەتلەرگە تويۇنغانىكەن، ئۇلار كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن
ماڭا تەسىر كۆرسەتتى، ئىلھاملاندۇردى، ئادەت قۇلۇپلىرىمنى چېقىپ
تاشلىدى، مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ كۆز ئالدىمدا تۇرغان بارلىق
ئۇمىدنى كۆرەلىدىم، ئۇ قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ بۇ دۇنيادىكى جاھىل
ھەم تاشلاندۇق نەرسىلەر تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، مەن بولسام نە-
زەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ئىككىلىسىنى مۇجەسسەم ئەتكەن تۇپتۇز بىر
يولنى تاللاش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

تەبىئەتنىڭ ھوشيارلىقى بىزنى پاك - پاكىز يۇيۇپ قويىدى،
چۈنكى ئۇ بىزنى تەبىئەتنىڭ سوۋغىسى بولغان گۈزەل دېڭىزغا ماكان-
لاشتۇرۇپ قويغانىدى، ئېھتىمال بىزگە ئۆتمۈشتىكى تەزكىرىلەرنى
ئەسلەش پۇرسىتى چىقمىدىغاندۇ، ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىلەر قىلىچە

ئىككىلەنمەستىنلا خرىستىئان دىنىنى قەدىرلىگەن، بىراق ئۆزىنىڭ
دىنى تەلىماتلىرىنى خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ تۈزىقىغا تەل-
تۆكۇس دەسسەتكەن بىرمۇ ياش پەيلاسوپ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان،
پاۋىلنىڭ جاسارەتلىك سۆزلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە
تەرىپلەشلىرىگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس، تۆۋەندىكىسى پاۋىلنىڭ سۆ-
زى: «پەرۋەردىگار بارچىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئەيسا پەرۋەردىگارغا
ئىتائەت قىلىشى كېرەك، شۇندىلا پەرۋەردىگار جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئى-
گىسى بولالايدۇ.»

كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەدھىيىسىنىڭ بەكمۇ ئۇلۇغ بولۇپ
كېتىشىگە، بەكلا ئالقىشلىنىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك،
ئىنسان تەبىئىتى بارچە مەۋجۇداتنى چەتكە قېقىشقا، ئەركىنلىككە،
چەكلىمىسىزلىككە ئىنتىلىشكە، كىتابتىن باشقا نەرسىلەردىن خۇ-
شاللىق تېپىشتەك جەسۇرلۇق ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ جا-
ھىللارنىڭ مۇتەئەسسىپ ئەقىدىلىرىگە قارشى تۇرۇشقا بەكمۇ تەقەززا
قىلىدۇ.

بىز تەبىئەت دۇنياسىنى بىر يۇرۇش ئوخشاش مەركەزلىك چەمبەر
دەپ پەرەز قىلساق تامامەن بولىدۇ، بىز دائىم تەبىئەت دۇنياسىدىكى
يەڭگىل ئورۇن يۆتكىلىشنى سېزىمىز، بۇلار بىزگە بىز ماكانلاشقان
ئاشۇ سىرتقى يۇزنىڭ ھەرگىزمۇ مۇقىم ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز-
گىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ، مانا مۇشۇنداق ھەر خىل شەكىل
ۋە رەۋىشتە ئۆزئارا زىچ باغلانغان ئالاھىدىلىكلەر، بىرىكمىلەر، ئۆسۈمە-
لۈكلەر، مېتاللار ۋە ھايۋانلار قارىماققا ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلىي
سەۋەبلىرى ۋەجىدىن بۇ يەرگە—سىرتقى يۈزگە ماكانلاشقاندەك تۇرىدۇ،
ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت خۇدا ئىشارەتلىگەن تىل ياكى
تىلدەك ئۆزگىرىشچان كەلگەن بىر خىل ۋاستە ياكى ئۇسۇلدىن ئى-
بارەت، خالاس.

خىمىكلار ۋە ناتۇرالىستلار ئاتومنىڭ ماسسىسى ۋە ئېلېكترونى-
نىڭ بىرىكىش كۈچىنى تەتقىق قىلغان چېغىدا، ئۇلار بەلكىم تېخىمۇ
مۇھىم بولغان بىر قانۇنىيەت ھەققىدە ئىزدەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن.
ئەمەلىيەتتە ئۇلار تەتقىق قىلىۋاتقان قانۇنىيەت بۇ قانۇنىيەتنىڭ پەقەت
بىر بۆلىكى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغا بىرى، خالاس. مەسىلەن:



تىلىكى بىرنىڭ يولى بىر»، سىزگە تەۋە بولغان نەرسە تەبىئىي ھالدا
سىزگە مايىل كېلىدۇ، ئۇنى قېينىلىپ، تارتىلىپ قوغلىشىشىڭىز-
نىڭ ھاجىتى يوق، ئېھتىمال ھېلىقى خىمىكلار ۋە ناتۇرالىستلار ئۆ-
زىنىڭ ماھارىتىنى يەنە ئۆزىگە ئۆگىتىۋاتامدىغاندۇ؟

بىراق بۇ پرىنسىپمۇ تەقرىبىي بىر پرىنسىپ، ھەرگىزمۇ ئاداققى
پرىنسىپ ئەمەس، ھەممە يەرنى قاپلاش (مەۋجۇتلۇق) لا ھەممىدىن
چوڭقۇر پاكىت، دوستلۇق ۋە پاكىت ئاجايىپ - غارايىپ مۇناسىۋەت
ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپنى ئۆزىگە تارتىشقا موھتاج
ئەمەس، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ نەرسىلەر قەلبىنىڭ ئەبەدىي
ئىجادچانلىقى ئىچىدىلا بەرپا بولالايدۇ، چۈنكى سەۋەب ۋە نەتىجە بىر
پاكىتنىڭ ئىككى يۈزىدۇر.

بۇ خىل مەڭگۈلۈك قائىدە بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنى بىر قاتار
قىلىپ تىزىپ چىقالايدۇ ھەمدە ئەڭ ئېسىل پەزىلەت ئارقىلىق باشقا
بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنى غايىب قىلىۋېتىدۇ، ئۇلۇغلاردا بىزگە
ئوخشاش ئادەتتىكى كىشىلەردىكى ئاتالمىش «ئېھتىياتچانلىق» يوق،
بار دېگەندىمۇ بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىلغان
ئېھتىياتچانلىقتۇر، بىراق ھەممە كىشى چوقۇم بىلىۋېلىشى كېرەك-
كى، ئۇ بۇ ئېھتىياتچانلىقنى قۇربان قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى قانداقتۇر
ئىلاھلارغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇنى پەقەت ئاسا-
يىشلىق، خاتىرجەملىك ئۈچۈنلا قۇربان قىلغان بولسا، ئۇ يەنىلا ئېھ-
تىياتچانلىق قىلغان بولىدۇ، ناۋادا ئۇنى تېخىمۇ ئۇلۇغ بىر ئىشەنچكە
بېغىشلىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا ئات ۋە سەپەر سومكىسىنىڭ ھا-
جىتى قالمىغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىبۇرۇنلا «ئۇچقۇر ماشى-
نىسى» بار بولدى.

جەففىرى ئۆتۈكىنى كىيگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئورمانلىقتىن
ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالايدۇ، چۈنكى شۇندىلا يىلان ئۇنىڭ پۇتىنى چا-
قالمايدۇ، بىراق ئەيلۇن ئەزەلدىن بۇنداق خەۋپنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ
باقمىغان، ئۇزاق يىللاردىن بېرى، بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېچقايسىسىنى
يىلان چېقىۋېلىپ باقمىدى، بىراق مېنىڭ قارىشىمچە، ئېھتىياتچان-
لىق ئارقىلىق كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋاقىتتا، كىشى
ئالدىبۇرۇن جىنايەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان بولىدۇ. مەن

ئويلايمەن، ئەڭ زور دەرىجىدىكى ئېھتىياتچانلىق دەل ئەڭ تۆۋەن دەرد-
جىدىكى ئېھتىياتچانلىقتۇر، مەركەزدىن بىر سەكرەپلا ئورىنتا سىر-
تىغا چىقىپ كېتىش بەكمۇ ئۇشتۇمتۇتلۇق ئەمەسمۇ؟

مۇنداق پەرەز قىلىپ كۆرەيلى: بىز ئۇلۇغ تەبىئەت(مىجەز) نى
قونالغۇ قىلىشتىن بۇرۇن، ياكى بۇ چەمبەرنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر
چەمبەرنى سىزىشتىن بۇرۇن زادى قانچە قېتىم ئاشۇ ئارتۇقچە پىلان-
ھېسابلار قوينىغا سىپىلىپ كەتمىدۇق؟

ئەڭ كەمتەر كىشى باتۇرانە مىجەزگە بەكمۇ تونۇش كېلىدۇ،
كەمبەغەل ۋە ئەڭ پەس كىشىنىڭمۇ ئەڭ ئاداققى پەلسەپۋى پاكىتنى
ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بولىدۇ، ئۇلار بۇ جەھەتتە سىزگە ئوخشاش.

«ھېچكىم خۇدانىڭ پاناھىدا ساقلىنىشقا موھتاج ئەمەس»، «ھەممە
نەرسە قانچە تۇمانلاشقانسېرى شۇنچە ياخشىلىنىدۇ»، بۇ ئىككى ئەق-
لىيە سۆزدە ترانسسېندېنتالىستچىلىق (تەجرىبىدىن ھالقىمى-
چىلىق) ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بىر ئادەم بىر قەدەر يۇكسەكرەك نۇقتىدىن ئوخشاش بىر ئىشنى
كۆزەتكەندە، ئېھتىمال ئۇنىڭ ھەققانىيىتى يەنە بىرىنىڭ ناھەقچىلى-
كى، بىرىنىڭ نەزىرىدىكى «گۈزەل» لىك يەنە بىرىنىڭ نەزىرىدىكى «-
سەت»لىك، بىراۋنىڭ«ئەقىللىق»لىقى يەنە بىرىنىڭ نەزىرىدە«ھاماقەت-
لىك» بولۇشى مۇمكىن. بىراۋ «ئادالەت قەرزنى قايتۇرۇشنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ»، دەپ قارىسا، يەنە بىراۋ «قەرزنى قايتۇرماي، قەرز ئى-
گىسىنىڭ كېلىشىنى ئەلەم ئىچىدە كۈتۈۋاتقان كىشى ئادەمنىڭ
ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ»، دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قەرزنى
قايتۇرمىغان كىشىنىڭ يەنە باشقىچە قارىشى بولىدۇ، يەنى ئۇ ئۆزىدىن:
«مەن زادى ئاۋۋال قايسىنى قايتۇرسام بولار، باينىڭكىنى ئاۋۋال قايتۇ-
رايمۇ ياكى كەمبەغەلنىڭكىنىمۇ، مال قەرزىمنى ئاۋۋال تۆلەيمۇ ياكى
ئىنسانچىلىق قەرزىمنىمۇ ياكى تەبىئىي مەنىۋى قەرزىمنى تۆلەي-
مۇ؟»دەپ سورىشى مۇمكىن. بىراق سىزگە نىسبەتەن، ھېساب، ۋاكا-
لەتچىدىن باشقا ھېچقانداق پرىنسىپ دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس، بىراق
مەن ئۇچۇن سودا قانچىلىك مۇھىم دېيىسىز، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئې-
تىقاد، سەممىيەت، ئىرادە قاتارلىقلارلا ھەقىقىي مۇقەددەس نەرسى-
لەردۇر، مەن سىزگە ئوخشاش بىر خىل مەجبۇرىيەتنى باشقا بارلىق



مەجبۇرىيەتلەر قاتارىدىن ئايرىپ چىقىپ، مېخانىك ھالدا پۈتۈن كۈ-
چۈمنى قەرز قايتۇرۇشقا قارىتىۋەتمەيمەن.

مېنىڭ ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمغا يول قويۇڭ، شۇندىلا سىز
گەرچە ئىلگىرىلىشىم بىر ئاز ئاستا بولسىمۇ، خاراكتېرىمدىكى ئىل-
گىرىلەشنى بايقىيالايسىز. ئەلۋەتتە، قەرزدىن چوقۇم خالاس بولۇش
كېرەك، بىراق سىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەلىپىڭىز ئادىل بولۇش، بول-
ماسلىق بىلەن چەكلىنىپ قالمىسۇن، ئەگەر بىر كىشى قەرز قايتۇ-
رۇشقىلا بېرىلىپ كەتسە، بۇ ئەڭ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ
پۇلدىن باشقا قەرزى يوقمۇ؟ ئۇ باشقا قەرزنى ھەممىنىڭ ئاخىرىغا قو-
يۇپ، بانكىردىن ياكى پومېشچىكتىن ئالغان قەرزنى ئەڭ ئاۋۋال قاي-
تۇرۇشى زۆرۈرمۇ؟

پەقەت ۋە پەقەت «ئاخىرلىشىش» دەپ سانىلىدىغان پەزىلەت مەۋ-
جۇت ئەمەس، بارچە پەقەت باشلىنىشلا خالاس، جەمئىيەتنىڭ گۈزەل
ئەخلاقى دەل مۇقەددەس جىنايەت. قەلبىمىزدىكى چوڭقۇر ۋەھىمىنى
ئىسلاھ قىلدۇق، چۈنكى بىز گۈزەل پەزىلەتىمىزدىن ياكى مۇھىم دەپ
قارىغان بارلىق نەرسىلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى ئاشۇ ئەڭ رە-
زىل بولغان جىنايەت ئازگىلىغا دەپنە قىلىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
بايقىدۇق.

ئاشۇ ئەڭ مۇقەددەس پەيتلەردە پەيدا بولغان ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ
بىزنىڭ «خاتالىقىمىزغا توۋا قىلىش كېرەك» دەيدىغان قاراشلىرى-
مىزنى ئۇزۇل-كېسىل بىتچىت قىلىۋەتتى. مەن كۈن-كۈنلەپ ئۆ-
زۈمنى ئەيىبلەيتتىم، ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىن
ئاغرىناتتىم، بىراق خۇدا مەدھىيىلەپ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن ئىدىيە
ئېقىمى روھىمنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن بۇيان مەن ئۆتمۈشتىكى كەل-
دى-كەتتىلەر بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان، بىچارىلەرچە ئول-
تۇرمايدىغان بولدۇم، ئەكسىچە كەلگۈسىدىكى كۈن، ئايلاردا قانچىلىك
رىزقىم بارلىقىنى تەخمىن قىلاتتىم، چۈنكى بۇ مۇقەددەس پەيتلەر ماڭا
ئاتا قىلغان «ھېچنېمە يوق يەر يوق» ۋە «ھەممە نەرسە بولىدۇ» نىڭ
بىر خىلى ئىدى، ئۇ ھېچقانداق ئۇزۇل-كېسىل داۋاملىشىدىغان نەر-
سىگە موھتاج ئەمەس ئىدى، ئۇ پەقەت سىزنىڭ زېھنىڭىزنى خىزمەتكە

قاراتقان ـ قاراتمىغىنىمىزغىلا كۆڭۈل بۆلەتتى، قانداقتۇر ۋاقىت دې-
گەنلەر بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيتتى.
«بىراق... ھەي، چەمبەرنى(يۇمىلاقلىقنى) تەشەببۇس قىلىدىغان
پەيلاسوپلار!» مەن بىر ئوقۇرمەننىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم،
ھەي، ئوقۇرمەن، سىز ئاللىبۇرۇن مۇتلەق گۇمانلىنىش تەلىماتىنىڭ
قورشاۋىغا چۈشۈپ بوپسىز، سىز ئېرىشكەن يەكۈن بارلىق ھەرىكەتىد-
كىز بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە، شۇنداقلا رەھىمدىللىق ۋە ياۋۇزلۇق
ئارىسىدا ئۇلاردىن پەرقسىزلا تۇرغاندەك قىلىدۇ، سىز بىزگە «ئەگەر
بىزنىڭ ‹راست › بولسا، بىزنىڭ جىنايىتىمىزنىڭ روھى بار تاشقا
ئايلىنالايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ بۇ تاش بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى خۇ-
دانىڭ ئالىمىنى قوپۇرۇپ چىقالايدىغىنىمىز» نى مەمنۇنلۇق بىلەن
ئېيتىشقا ھەقلىقسىز.
بىراق مەن ئۆزۈمنى ئاقلاش ئويىدا ئەمەسمەن، مەن ئۆسۈملۈك-
لەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئىچىدىن ھېلىقى ئېسىل پرىنسىپ-
نىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرگىنىمنى ئېتىراپ قىل-
غىنىمدا، كۆڭلۈم ئاجايىپ يايراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىنساننىڭ پەزى-
لەتلىرى قاتارىدىكى رەھىمدىللىق پرىنسىپىنىڭ ئىزچىل ھالدا ئە-
زەلدىن ئېتىراپ قىلىنىپ باقمىغان شەخسىيەتچىلىك تۆشۈكلىرىگە،
ھەتتا شەخسىيەتچىلىكنىڭ دەل ئۆزىگە ئۆزۈلمەستىن ئېقىپ كىرى-
ۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە تېخىمۇ بەكرەك شادلىنىپ كەتتىم، شۇڭلاشقا
جىنايەتنىڭ سىپى ئۆزىدىن تۇغما بىر نەرسە بولۇشى، دوزاختا مۇتلەق
قانائەتنىڭ يوق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن
ئىدىيىلىرىمگە بويسۇنۇپ، تەسەۋۋۇرلىرىم قوينىغا شۇڭغۇغىنىمدا،
ئوقۇرمەنلىرىمگە:«مەن يالغۇز بىر ئەمەلىيەتچىلا ئەمەس»دېيىشنى
زۆرۈر تاپتىم، شۇندىلا ئۇلارنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويغان بولمايتتىم.
مېنىڭ قىلغان، ئەتكەنلىرىمگە ھېچقانداق قىممەت يۈكلىمەڭ-
لار، قىلالمىغان ئىشلىرىمغا نىسبەتەن زەررىچە شۈبھىدە بولۇشۇڭلار-
نىڭمۇ ھاجىتى يوق، خۇددى مەن يالغاندىن بىر قىياپەتكە كىرىۋېلىپ،
ھەممە نەرسە يا ھەق، ياكى ناھەق بولىدۇ، دەپ كۆرسەتمە بېرىۋاتقاندەك.
مەن ھەممە شەيئىنى خاتىرجەمسىزلىككە مەھكۇم قىلىۋەتتىم، مەنچە،
مۇقەددەس بولغان بىرمۇ شەيئى يوق، ئەلۋەتتە چاكىنا بولغان



شەيئىيوق، مەن پەقەت تەجرىبە ئۇستىدىكى ئادەم، مەڭگۈ توختاپ قال-
مايدىغان ئىنتىلگۈچى، مېنىڭ كەينىمدە «ئۆتمۈش» مۇ يوق.
شۇنداقتىمۇ، بىز ۋە باشقا بارلىق مەۋجۇداتتا ھازىر بولغان ئۇز-
لۇكسىز ھەرىكەت ۋە ئىلگىرىلەشنى ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك بىلەن
ھېس قىلىپ يېتەلمەيمىز، پەقەت ئۇنى روھىمىز قېتىدىكى مەلۇم
تۇراقلىق پرىنسىپ بىلەن كۈچەيتىپ سىلىشتۇرغىنىمىزدىلا ئاندىن
ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.
چەمبەرنىڭ ئەبەدىيلىكى ئىزچىل ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن چې-
غىدىلا ياراتقۇچى ئۇنىڭغا ماكانلاشقان بولىدۇ، مەركەزگە ماكانلاشقان
ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ئىختىرادىن، بىلىم ۋە ئىدىيىدىن ھالقىپ
كەتكەن، بارلىق چەمبەرنى سىغدۇرۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن
ئوخشاش بولغان، ھاياتلىقتىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان ئۇلۇغلۇقنى
ئىجتىھات بىلەن بەرپا قىلىدۇ، بىراق ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىدۇ،
چۈنكى بۇرۇن بەرپا بولۇپ بولغان ھاياتلىق قانداق قىلىپ تېخىمۇ
ياخشى بولغان ھاياتلىق بەرپا قىلىش ھەققىدە كۆرسەتمىگە ئېرىشىپ
بولغانىدى.
شۇڭلاشقا بارچە مەۋجۇدات ئۇيقۇدىكى مەۋجۇدات ئەمەس، شۇنداقلا
نەپەستىنمۇ توختىمىدى، بىر ئىزىدا سۈكۈتتىمۇ تۇرالمىدى، ھەممە
توختىماي يېڭىلانماقتا، يېڭىدىن بىخ سۈرمەكتە، ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.
بىز نېمە ۋەجدىن چىرىپ كەتكەن ۋە ئاشقان ـ تاشقان نەرسىلەرنى بۇ
يېڭى ئېراغا باشلاپ ئەكىرىمىز؟ تەبىئەت قېرىپ مادارىدىن كەتكەن
شەيئىلەرگە نەپرەتلىنىدۇ، قېرىلىق قارىماققا بىردىنبىر كېسەلدەك،
باشقا كېسەللەر ئۇنىڭدىن يۇققاندەك تۇرىدۇ، بۇ كېسەلنى تەلۋىلىك،
ئۆز بېشىمچىلىق، ساراڭلىق، ئەخمەقلىق، جىنايەت دېگەندەك تولىمۇ
كۆپ ناملار بىلەن ئاتايمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى قېرىلىقنىڭ قوزغى-
لىش ئالامەتلىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توختاپ قالغۇچىلار، كونسېر-
ۋاتىپلار، ئۇلار شەخسىيەتچى، ئۇلار لايغەزەل، ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەش
يولىدىكىلەر ئەمەس...
بىزنىڭ بۇنچىۋالا ھەسرەت چېكىشىمىزنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق،
بىز ۋە بىزدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان نەرسىلەر ئۆزئارا ھەمنەپەس بولالى-
سىلا، ھەرگىز قېرىمايمىز، قېرىمايلا قالماستىن، ھەتتا تېخىمۇ

ياشىرىپ كېتىمىز.

بوۋاقلىق، ياشلىق مەزگىلىدىكى ئىنسان يېڭى شەيئىلەردىن ئاسان تەسىرلىنىدۇ، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، جاسارەتلىك كېلىدۇ، بىراق ساۋاق(بىلىم) تەلەپ قىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمىزنى يۇقىرىغىراق تىككىنىمىزدە بۇلارنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ پەقەت ھەر تەرەپتىن كەلگەن كۆرسەتمىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنىلا بايقايمىز. 70 ياشلىق بوۋاي ـ مومايلار بەلكىم ئۆزىنى بىلمەيدىغان ھېچنېمىسى يوقتەك ھېس قىلىشى مۇمكىن، ئۇلار زۇرۇر ۋە مەۋجۇت نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش ئۇچۇن ئارزۇدىن ۋاز كەچتى، ياشلارغا تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ساۋاق بەردى، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ مۇقەددەس ساداغا ئايلىنىشىغا، ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن بولۇشقا، ھەقىقەتنى تېپىشىغا رۇخسەت قىلايلى، شۇنداق قىلساق ئۇلارنىڭ نەزىرى تېخىمۇ ئۈستىگە تىكىلىدۇ، قورۇقلىرى يوقىلىپ كېتىدۇ، يېڭىۋاشتىن ئارزۇ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەززىلىك ھىدلىرى ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاشقا تۇتۇنىدۇ، پەقەت قېرىلىق ئىنسانىيەتنىڭ قەلب تۆرىگە قوللىرىنى سوزمىسىلا بولىدۇ.

تەبىئەتنىڭ ھەر بىر مىنۇتى يېڭىدۇر، ئۆتمۈش بولسا كەلمەسكە كەتكەن، ئۇنتۇلغان، كەلگۈسى مۇقەددەس قىياپەتتە كۆزگە تاشلىنىدۇ، ھاياتلىقتىن، توختاۋسىز ئىلگىرىلەشتىن، روھنى ئۇرغۇتقۇچى قەلبتىن ئۆزگە ھېچقانداق نەرسە مۇتلەق ئىشەنچلىك ئەمەس، قەسەم، ئەھدىلەر ھەرگىزمۇ سۆيگۈنى ئاسارەتكە ئالالمايدۇ، ئۇنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك سۆيگۈگە ئىنتىلىشىنى توسالمايدۇ، يۇكسەكلىكىدىن ئەتىكى يېپيېڭى ئىدىيە ئالدىدا قىلچىمۇ ئادەتتىكىدەك بولۇپ قالمايدىغان ھەقىقەت مەۋجۇت ئەمەس، كىشىلەر خاتىرجەملىكنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق ئۇلار خاتىرجەمسىزلىك قوينىغا تاشلانغىنىدىلا ئاندىن مۇشۇنداق قىلالايدۇ.

ھاياتلىق ئۇزۇلمەس مۆجىزە، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەرپا قىلىۋاتقان ئاشۇ پەيتلەردە، بۇگۇنى ئەتىكى كەيپىياتىمىزنى، شادلىقىمىزنى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى تەخمىن قىلالمايمىز، پەقەت كۈندىلىك ھەرىكەت، كەيپىيات دېگەندەك يۈزەكىرەك كەيپىياتلارغىلا پالان ـ پوكۇن دېيەلەيمىز. بىراق «ئۇ» تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرىنى،



روھنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەرىكەتلەرنى يوشۇرۇپ قويغان، بۇلارنى بىلىشكە ئىلاجسىزمىز، مەن چىنلىقنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، پايدىلىقلىقىنى چۈشىنىمەن، بىراق ھەقىقەتنىڭ ماڭا قانداق ياردەم بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمەيمەن، چۈنكى «مەۋجۇتلۇق» لا «بىلىش»نىڭ بىردىنبىر كىرىش ئىشىكى.

ئىنسانلار توختىماستىن ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە كونا ۋەزىيەتنىڭ بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىمۇ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ، بىراق ئۇلار ھازىر كونا ۋەزىيەت بولۇشتىن قالغان.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆتمۈشنىڭ بارلىق ئىقتىدار، قابىلىيەتلىرى ھازىر، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا تاڭ سەھەرنىڭ ھىدىدۇر، يېڭى (يېڭىلانغان) پەيتتە، ئىلگىرى توپلىغان سۇنئىي ۋە كېرەكسىز بىلىملەرنى تولۇقى بىلەن چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئاشۇ دەمدىلا بارلىق مەۋجۇداتنى تۇنجى قېتىم ئاڭقىرغاندەك بولدۇم.

ھەرقانچە ئاددىي«تىل» بولسىمۇ، سىزدە مۇھەببەت ۋە ئۈمىد بولمىغىنىدا ئۇ «تىل» نىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىشىڭىز قۇرۇق گەپ، تالانت ۋە پەزىلەت ئارىسىدىكى پەرق كونا شەيئىلەردىكى مۇكەممەللىك تۇپەيلى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھوشيارلىقنى داۋام ئېتىشتە، ئەڭ ئۈستۈن نىشانىنى تۇرغۇزۇشتا، يېڭى يولىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان كۈچ ۋە جاسارەتنى قىدىرىپ قېزىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، پەزىلەت قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ھازىرنى، شاد ـ خۇرام، قەتئىيانە پەيتنى بەرپا قىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئىجادىيەتنى بەدىلىگە بارلىق ھەمراھلارنى تېخىمۇ بەكرەك يېقىن قىلىۋېتىپلا قالماي، ئۇلار ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدە مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا تېخىمۇ يۇكسەكلىك بىلەن ئورۇنداشنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

پەزىلەت يەنە پەۋقۇلئاددە بولغان شەيئىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى «نۇر ـ شەرەپ» نى غايىب قىلىۋېتىدۇ، بىز زەپەر قۇچقۇچىلارنى كۆرگىنىمىزدە ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ئالەمشۇمۇل جېڭى ياكى قانداقتۇر مۇۋەپپەقىيىتى دېگەنلەرنى ئۇنچىۋالا بەك ئويلاپ كەتمەيمىز، بىزنىڭ بۇرۇن بەزى نەرسىلەرنى تولىمۇ كۆپتۈرۈۋەتكىنىمىز چۈشىنىشلىك، بىز سانىغان «مۇشكۇلاتلار» ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە

«جاپا» ئاتىلىشقىمۇ يارىمايدۇ.

ئۇلۇغلارنىڭ قەلبى ئاسان لەرزىگە كەلمەيدۇ، ئوڭايلىقچە ھەسرەتمۇ چەكمەيدۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زاھىر بولۇپ بولغان ھەرقانداق بىر ئىش باشقىلاردا ئۇنچىۋالا كۆپ تەسىر قالدۇرالمايدۇ.

كىشىلەر بەزىدە«كۆردۈڭمۇ، مەن مۇشۇنچىۋالا قىيىنچىلىقلارنى يەڭدىم، مەن ھازىر بەك خۇش، مۇشۇنداق كۆپ مۇشكۇللەرنى قانداق يەڭگىنىمنى كۆرۈپ قوي» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ، ئەگەر بۇ گەپ مېنىڭ ئالدىمدا چىقىپ قالسىدى، ئۇلار قىيىنچىلىقلارنى ئۆزلىرى ئېيتقاندەك دەرىجىدە يېڭەلمىگىنىنى ھېس قىلغان بولاتتى. چۈنكى ھەقىقىي مەنىدىكى «يېڭىش» ئۇ قىيىنچىلىقلارنى تەلتۆكۈس غايىب قىلىۋېتىشنى، خۇددى مەززىسىز بىر ئىشنى تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش چەمبىرىكىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندەكلا يوقىتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن مەلۇم بىر نەرسىگە ئىنتىلىگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنى ئەستىن چىقىرىۋېتىمىز، رەسىم ـ قائىدە مەجبۇرىيەتلىرىنى، مەڭگۈلۈك ئەستىلىكلىرىمىزنى، قانداق قىلىشنى، نېمە مەقسەتتىن قىلىدىغانلىقىمىزنى ئاڭقىرالمىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىمىز، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، يېڭى بىر «چەمبەر» سىزىپ چىقىمىز.

قىزغىن قەلبسىز ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ قازىنىنى ئاسقىلى بولمايدۇ، تۇرمۇش يولى مۆجىزىكار كېلىدۇ، ئۇ ئۇزلۇكسىز ھالدىكى ۋاز كېچىشكە موھتاج، تارىختىكى ئۇلۇغ پەيتلەر ھامان تالانت ۋە ئىدىيىنىڭ كۆچىدىن بەرپا قىلىنغان بولىدۇ، خۇددى ئولىيۋر كىرومۋىل ئېيتقاندىكىدەك: «بىراۋ ئۆزىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە كېتىۋاتقىنىنى بىلەلمىگەن ۋاقىتتا ئالللىبۇرۇنلا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولىدۇ.»

چۈش ۋە مەستلىك، چېكىملىك ۋە هاراق دېگەنلەر خۇددى ئىلاھكەبى مۆجىزىكار تالانتنىڭ يالغان ھالىتى، مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ «خەتەرلىك» قىزىقىشىنى قوزغىيالايدۇ، ئوخشاش بىر قائىدە بويىچە، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت ئويۇن ۋە ئۇرۇش ـ تالاش ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان تەلۋە ھاياجانغا، قەلبكە تەقلىد قىلىنىۋالغان يالقۇنلۇق ئىستەك ۋە مەردانىلىككە ئۆزىنى ئېتىشىدۇ.



# ئۆزىگە تايىنىش ھەققىدە

ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ سىرتىدىن ئىزدىمەڭ! (لاتىن خەلق ماقالى)

بىر كۈنى ئاتاقلىق بىر رەسسام يازغان بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇپ قالدىم، ئەسەر كونا قېلىپ، رامكىلاردىن خالىي ھالدا ئۆزگىچە يېزىلغان، باش تېما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر بىر سۆز، جۈملىدىن ئىستېھزا پۇراپ تۇراتتى، شېئىردىكى ھېسسىيات ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن ئىدىيىۋى پىكىردىنمۇ بەكرەك قىممەتلىك ئىدى.

شۇڭا دەيمەن، پىكرىڭىزنىڭ، قەلبىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىكى، ئەڭ چىن نەرسىنىڭ ھەممىلا ئادەمگە خوپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ!

بۇ دەل بىز دەۋاتقان تالانتنىڭ ئۆزى شۇ، قەلبىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا مۆكۈنگەن ئېتىقادنى ئېيتالىسىڭىزلا ئۇ ئەڭ ئاشكارا ھەقىقەتكە—ئەڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمگە بۇيرۇلغان ئۈمىد تۇمشۇقىدەك بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكىدىكى ئوي ـ خىياللىرىمىزنى تاكامۇللاشتۇرغۇچى ھەقىقەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. روھنىڭ تۆرىدىن، ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئاڭلانغان تىۋىشنى ھەممىلا ئادەم يېقىملىق ۋە تونۇش ھېس قىلىدۇ، شۇندىلا كىشىلەر مىيوز، پلاتون، مىلتونلارنىڭ ئۇلۇغ تەرىپىنىڭ كىتابىي بىلىملەرنى، ئەنئەنىنى مەنسىتمەسلىكىنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى ھەقىقەتنى دېيەلىگەنلىكىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشىدۇ.

ئادەم چوقۇم يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكلا يوقاپ كېتىدىغان ئىلھام نۇرىنى كۆزىتىشنى، بايقاشنى، تۇتۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ شائىرلارغا، مۇقەددەس ئاسماندىكى نۇر جىلۋىسىگە ھەۋەس قىلىپ ئۆتمەسلىكى

كېرەك. بىراق كىشىلەر ھەمىشە تۇيۇقسىز كەلگەن ئىدىيە، پىكىرلىرىگە سەل قارىشىدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارغا تەۋە نەرسىلەر.

تالانتنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى ئىچىدىن بىز بۇرۇن ھە دېسىلا چۆرۈۋەتكەن نۇرغۇن ئىدىيىلەرنى بايقايمىز، بىراق بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ئۇلار مەغرۇر، مۇقەددەس قىياپەتتە تۇرۇۋالىدۇ. بىز ئۇچۇن ئاشۇ ئۇلۇغ سەنئەت ئىدىيىلىرىنىڭ تەربىيىۋى قىممىتىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزگە ئۆزىمىزنىڭ پىكرى باشقىلارنىڭكىگە پەقەت ئوخشىمىغان تەقدىردىمۇ ئازادە كەيپىيات بىلەن ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئۇنىڭ ئەتىلا باشقىلارنىڭ نىقابىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇلار گەرچە بىز ئىزچىل ئويلاپ كەلگەن ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن شۇ پەيتتە ئۇنى باشقىلاردىن قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز، بۇ، كىشىنى نەقەدەر ئۇيالدۇرىدىغان ۋە مالال قىلىدىغان ئىش - ھە!؟

ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا مۇنداق بىر ئېتىقادقا ئېرىشىش پۇرسىتى بولىدۇ: «ھەسەت بىلىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى، تەقلىدچىلىك ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر، ‹ياخشى› ياكى ‹يامان›، ‹ئىجازەت› ياكى ‹ئىجابەت› بولسۇن تەقدىرىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئىلكىدە بولغىنى ئەلا.»

بىزگە بىپايان كائىنات بەخشەندە ئېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تىرىشىپ تەر تۆكمەي بولمايدۇ، تېرىقچىلىق قىلمىساق مەززىلىك كۆممىقوناقلار ھەرگىزمۇ ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدۇ، تەبىئەت ئىنسانغا ئاتا قىلغان كۈچ سىرلىق بولىدۇ، ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچكىم سىزنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتىڭىز بارلىقىڭىزنى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە، تىرىشمىسىڭىز ئۆزىڭىزمۇ بىلەلمەي قېلىشىڭىز تۇرغانلا گەپ. ھەر بىر ئىش، ھەربىر چىراي، ھەر بىر ئادەمنىڭ چوڭقۇر تەسىرى پەقەت سىز بىلەنلا تۈگەپ كېتىدۇ، ئۇنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا قالدۇرمايسىز، بۇنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئېسىمىزگە مەھكەم ئورناشقان نەرسىلەردە ئالدىن بەلگىلىنىۋېلىنغان گارمونىيە مەۋجۇت، ئەمەلىيەتتىمۇ خاتىرىمىزدىكى ئۇ قاراش ۋە ئىدىيىلەر ئەمەلىيەتكە، قائىدىگە ئۇيغۇن ئىدى. بىز چوقۇم ئۇلارنى ئەينى بويىچە باشقىلارغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك، بىراق تەڭرىم



ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىر توخۇ يۈرەك ئارقىلىق بايان قىلىشنى خالىمايدۇ، پەقەت جان - جەھلى بىلەن ئايانماي بەدەل تۆلەشتىن قورقمايدىغانلارلا بۇ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىسا ھەرگىزمۇ كۆنلەردىن رىزقىنى يۇلۇپ ئالالمايدۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ تالانتىمۇ ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ، ئىلھامىمۇ، ئىجادچانلىقىمۇ، ئۈمىدىمۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ.

ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، شۇندىلا قەلبىڭىز مۇشۇ تارغا ماسلىشىپ تەۋرىنىدۇ، مۇقەددەسلىكنىڭ ياراتقۇچىسى سىزگە كۆرسەتكەن ئورۇننى قوبۇل كۆرۈڭ، ئەينى جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ باغلىنىشىنى ئېتىراپ قىلىڭ، ئۇلۇغلار ھەمىشە مۇشۇنداق قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى تالانتىغا بالىلارچە سەبىيلىك بىلەن ئىشىنىدۇ، يۈرەك سۆزلىرىنى بىمالال ئىزھار قىلالايدۇ، ئىككى قولى ۋە پۈتۈن كۈچىگە تايىنىپ، باشقىلارغا باش بولىدۇ.

بىز ئىنساندۇرمىز، بىز چوقۇم ئەڭ ئالىيجاناب قەلبىمىز بىلەن بۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى تەقدىرنى قوبۇل قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ تىنچ بىر بۇلۇڭدىكى يەسلى ياكى دوختۇرخانىغا مۆكۈۋالماسلىقىمىز، جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ئىستىھكامنى تاشلاپ قاچىدىغان قاچاق ئەسكەردەك شەرمەندىلىك قىلماسلىقىمىز كېرەك.

بىز ھەم باشلامچى، ھەم قۇتقۇزغۇچى، شۇنداقلا ئىجرا قىلغۇچىلارمىز، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ پاسىقلىق ۋە قاراڭغۇلۇققا قاراپ جەسۇرلارچە ئىلگىرىلىگۈچىلەرمىز.

بالا، بوۋاق، ھەتتاكى ھايۋانمۇ بىزگە تەبىئەت ئاتا قىلغان مۇقەددەس بېشارەتنى، ئۆز ئىرادىمىزگە ئاسىيلىق قىلغۇچى كۈچ ۋە ۋاسىتىلەرنى، بۆلگۈنچى ۋە ئىسيانچى قەلبىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىشەنمەس پوزىتسىيىمىزنى مۆلچەرلەپ چىقىشقا قادىر، ئەسلىدە ئۇلار يوق نەرسىلەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ پارچە ئەمەس، مۇكەممەل ئىكەن، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى تېخى بويسۇندۇرۇلماپتۇ، بىز بۇلارغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يۈزلىنەلەيمىز - يۇ، لېكىن ئۆزىمىز ئارامسىزلىنىشقا باشلايمىز.

بوۋاق ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ، ئەكسىچە ھەممە كىشى ئۇنىڭ

كۆزىگە قارايدۇ. شۇڭلاشقا كىچىككىنە بىر بوۋاق دائىم تۆت، بەش كىشىنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىرىگە ھەمراھ قىلىپ، ئەتراپىدا چۆرگىلەتەلەيدۇ.

خۇددا ياشلارغا ۋە چوڭلارغىمۇ ئوخشاش شوخلۇق ۋە سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىپ، مېھىر - شەپقەتلىك، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدىغان ئادەم بولۇشتەك تەلىپىنى ھەرگىز بىر يانغا قايرىپ قويمىغان، بىراق شارائىتنى ئۇلارنىڭ ئۆزى يارىتىشى لازىم ئىدى.

بىز ياش، ئۇلار بىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولالمىغىنى ئۈچۈن ئاجىز، دەرمانسىز ئەمەس. ئاڭلاڭ، قوشنا ئۆيدىن كېلىۋاتقان ئاۋۇ سوزۇق ۋە ياڭراق ئاۋازنى، قارىغاندا ئۇلارمۇ ئۆز قۇرداشلىرى بىلەن چىقىشىشنى ئۆگىنىۋالغان ئوخشايدۇ، سەل ئۇياتچان بولسىمۇ كېرەك يوق، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىنىڭ قايسى ۋاقىتتا چوڭلارغا ھاجىتى چۈشمەيدىغىنىنى بىلىۋالدى.

كىچىك بالىلار تاماق مەسىلىسى ئۈچۈن ۋايىم يەپ يۈرمەيدۇ، ئاقسۆڭەك، ئېسىلزادىلەر بولسا ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ يۈرمەيدۇ، ئۇلار نامايان قىلغان «ھېچ ئىش بولمىغاندەك» قىياپەت ئەمەلىيەتتە ئىنسان خاراكتېرىدىكى ساغلام بولغان روھىي ھالەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

مېھمانخانىدىكى بالا تىياتىرخانا بىناسىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى زالنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان تاماشىبىنغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قورۇنۇپ - تارتىنىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ نەزىرى بويىچە كۆز ئالدىدىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنى بالىلارچە يەڭگىللىك ۋە ساددىلىق بىلەن كۆزىتىدۇ، ئارتىسلارنىڭ ماھارىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپلا ئۇلارغا ياخشى، يامان، قىزىق، مەززىسىز دېگەندەك باھالارنى تىزىۋېتىدۇ، «ئاقىۋەت»، «پايدا - زىيان» دېگەننى ئويلاپمۇ قويمىغاچقا ئۆزگىچە ھەم لىللا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ، ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئۇ سىزگە ياخشىچاق بولمايدۇ.

شۇنداق، ياشلار ئاللىقاچان ئۆز ئىدىيىسىگە مەھكۇم بولۇپ كېتىشتى، قانداقتۇر قالتىس بىر ئىش - ھەرىكەت مەيدانغا كەلدىمۇ، ئۇ (ئىش - ھەرىكەتنى قىلغۇچى) شۇ ھامانلا ساناقسىز كىشىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق



قىلىدۇ، بەزىلەر بولسا نەپرەتلىنىدۇ، ئىشقىلىپ كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇ پەيتتىكى ھېسسىياتىنى ئۇنىڭ ئىپادىسى، ئەينى ھالىتى دەپ قىياسلاش مۇمكىن.

ھەرگىزمۇ سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالىدىغان ئالدىراڭغۇلۇقنى قىلىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىراپ كەتمەڭ، چۈنكى سىزنىڭچە ھېلىقى بىتەرەپ ھالەت يەنە تەكرارلىنارمۇ؟

لەۋزىدىن ۋاز كېچەلىگەن ياكى مۇشۇنداق ئاسارەتكە مەھكۇم قىلىنىپ باققان، ئەسلىدىكى تەبىئىي، چىن ھالىتىنى ساقلاپ ھېچقانداق تەرەپكە ئېغىپ كەتمەيدىغان، تەھدىتتىن تەمتىرىمەيدىغانلارلا چوقۇم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ، تۇرلۇك ۋەزىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلالايدۇ. بۇنداق قاراشلار ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ قارىشى ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ زۆرۈرلۇك. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئىسيان، ئىستېھزا ۋە ئۆتكۈرلۈك تېمىپ تۇرغاچقا كىشىنى ئەيمەندۇرەلەيدۇ، بۇلار بىز باقىي ئالەمدە تۇرغىنىمىزدا ئاڭلىيالايدىغان ئاۋازلار، بىراق بىز پانىيغا قايتقان ھامان ئۇمۇ بارا - بارا ئاجىزلايدۇ، ھەتتا ئاڭلانمايدۇ.

جەمئىيەت ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئىرادە ۋە جاسارىتىگە تاقابىل تۇرىدىغان سۇيىقەست ۋە مىكىرلەرنى تولۇقى بىلەن ھازىرلاپ سەپراس تۇرۇۋاتىدۇ ئۇ خۇددى پاي شىركىتىگە ئوخشايدۇ، شىركەتتىكى ھەربىر خادىم پايچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى، چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرغان ئەركىنلىكى ۋە ئەجرىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك. بۇ جاۋاب ئىچىدە ئەڭ تەخىرسىز بولغان گۈزەل ئەخلاق دەل ئىتائەت قىلىشتۇر. ئەلۋەتتە، ئۆزىگە تايىنىش ئىتائەتچانلىقنى ئەڭ ھەسرەتلەندۈرىدىغان نەرسىدۇر، جەمئىيەت ئامراقلىق قىلىدىغىنى رېئاللىق ۋە يېڭىلىق يارىتقۇچى ئەمەس، بەلكى ساختىلىق ۋە يامان ئادەتلەر.

ئەگەر ھەقىقىي ئەزىمەت بولىمەن دەيدىكەنسىز ھەرگىزمۇ سۇنىڭ ئېقىشىغا، شامالنىڭ چىقىشىغا باقىدىغان ئىتائەتمەن بولۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. جاھاننى بىر ئالغۇدەك شەرەپكە نائىل بولۇشنى ئىستىسىڭىز ھەرگىزمۇ يۈزەكى خەير - ساخاۋەت، ساختا ھەرىكەتلەرگە ئىلىنىپ قالماستىن، ئۇنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشىڭىز كېرەك.

ھەرقانچە مۇقەددەس نەرسە بولسىمۇ، بىزنىڭ «قەتئىيانە ئەس-ھوشسىز»غا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۆزىڭىزنى ئازاد قىلىپ ئۆزلۈكىڭىزگە قايتىڭ، ئىشىنىڭكى، سىز چوقۇم كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيسىز.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، تولىمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىم ئىدى، يېقىن بىر دوستۇم ئۆزىنىڭ كونا دىنىي تەلىماتلىرىنى ماڭا تاڭماقچى بولغانىدى، مەن ئۇنىڭغا شۇ ھامانلا رەددىيە بېرىپ: «ئۆزۈمگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسامالا سەن ئېيتقان مۇقەددەس ئەنئەنە مېنى نېمىمۇ قىلالىسۇن؟» دېسەم، دوستۇم: «بىراق سېنىڭ بۇ مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى خۇدادىن ئەمەس، ئېھتىمال ئالۋاستىدىن كەلگەندۇ» دېدى جاۋابەن. مەن ئۇنىڭغا: «مەيلى، مۇشۇنداق بولسىمۇ بولسۇن، بىراق ناۋادا مەن ئالۋاستىنىڭ ئوغلى بولسام، مېنىڭ ئالۋاستىغا تايىنىپ ياشىشىمغا رۇخسەت قىل» دەپ جاۋاب بەردىم.

مېنىڭ نەزىرىمدە، مېنىڭ تەبىئىتىم ھەققىدىكى قانۇنىيەتتىن باشقا ھېچقانداق قانۇنىيەت مۇقەددەس ئەمەس، ئاتالمىش «ياخشى-يامان»دېيىلگىنى ئەمەلىيەتتە تەبىئىتىمىزنىڭ سىرتىدىكى قۇرۇق نام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ۋاقىت ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، پەقەت مېنىڭ ئىرادەمگە خوپ كەلگىنىلا توغرا، ئىرادەمگە ئاسىيلىق قىلغىنى بولسا مۇتلەق خاتا.

ھەرقانداق قارشىلىق ئالدىدا مەن ئۆزۈمدىن باشقا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى قۇرۇق ئابرۇيدەك، غىل-پاللا قىلىپ چاقنىغان يالقۇندەك ھېسابلاپ، يەنىلا «ئۆزلۈك»ىمدە چىڭ تۇرىمەن. بىزنىڭ شۇنچە ئاسانلا قۇرۇق ئابرۇي، ئازغىنە مەنپەئەت ئەتراپىغا ئولىشىپ، مەززىسىز جەمئىيەت ۋە قاتمال تۈزۈمگە ئىتائەت قىلغىنىمىزنى كۆرگىنىمدە بەكمۇ ئۇيىلىپ كېتىمەن.

گەپ-سۆزگە چېۋەر، ئابرۇيلۇق كىشىلەر بىزنى ھەقىقەتتىنمۇ بەكرەك تىزگىنلىۋالماقتا، بىز چوقۇم كۆكرىكىمىزنى كېرىپ، قەددىمىزنى رۇسلاپ، ھاياتىي كۈچىمىز ئۇرغۇپ تۇرغانلاردىن بولىدىغانلىقىمىزنى ئۇچۇق-ئاشكارا بىلدۈرەلىشىمىز كېرەك. زەھەرخەندىلىك ۋە ياسالمىلىق مېھىر-شەپقەت تونىنى ئارتقىنىچە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرامدۇق؟!



ناۋادا قەھرلىك ھەم جاھىل بىرى «قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتەك مۇقەددەس» ئىشنى ئۈستىگە ئالماقچى بولسا، باربادوسنىڭ ئەڭ يېڭى خەۋەرلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ مېنى ئىزدىسە، ئۇنىڭغا: «بالاڭغا ئىچ ئاغرىت، ساڭا ياغاچ كېسىپ بېرىدىغان ئادەملىرىڭگە ئىچ ئاغرىت» دېيىشىم يوللۇق بولارمۇ؟

كىشى چوقۇم مۇلايىم، كەمتەر، سالاپەتلىك بولۇشى، ھەرگىزمۇ نەچچە تاغنىڭ ئارقىسىدىكى قارا تەنلىككە چەكسىز مېھىر-شەپقىتىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەپقەتسىز، زالىم تەبىئىتىنى پەردازلىۋالماسلىقى لازىم.

«يىراقتىكىگە ۋاي دېيىش ئۆز ئۆيىدىكىلەرنى ئۆچ كۆرگەنگە باراۋەر.» بۇنداق سۇپەتلەش قارىماققا تولىمۇ قوپال ھەم مەنتىقسىزدەك بىلىنىدۇ، بىراق ھەقىقەت ھامان شەخسنىڭ ھېسسىياتىدىن قىممەتلىك بولىدۇ. سىزنىڭ ساخاۋىتىڭىزنىڭ چوقۇم بىر چېكى بولۇشى لازىم، بولمىسا بۇ ھېچقانداق بىر ساۋاب، ساخاۋەت بولالمايدۇ. تەبىئىتىم مېنى ھەمىشە بىر ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا مەن ئاتام، خوتۇنۇم، ئاكا-ئىنىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈشتىن قاچماسلىقىم، ھەتتا ئىشىك بېشىغا «ئەمەلگە ئاشماس فانتازىيە» دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەن ئۈچۈن ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۈتۈش ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىياللارغا بېرىلگەندىن ياخشىراق ئوخشايدۇ، بىراق بىز ھەرگىزمۇ كۈنلەپ-كۈنلەپ ۋاقتىمىزنى بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ئاجراتساق بولمايدۇ-دە؟

مەن نېمىشقا باشقىلار بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىماي، تەنھا تۇرۇشقا ئىنتىلىمەن، سىزنىڭ مېنى بۇنى چوقۇم زورۇقۇپ چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە بولماسلىقىڭىزنى سورايمەن. يەنە كېلىپ كۆز ئالدىمدىكى ئاۋۇ رەھىمدىل كىشىگە ئوخشاش مېنىڭمۇ يوقسۇزلارنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشىمنى ئۈمىد قىلماڭ، ئەجەبا ئاشۇ يوقسۇل كىشىلەر ماڭا تەۋەمىدۇ؟

گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئەي، ئەخمەق خەير-ئېھسانچىلار! مەن ئۆزۈم ئاران يىغقان ھەر بىر سېنت، ھەر بىر تىيىن پۇلۇمنى ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز بولمىغان ئاشۇ كىشىلەرگە بېرىشنى خالىمايمەن، بىراق روھىمنىڭ غەلىيانى بويىچە، بىر قىسىم كىشىلەرگە

قانچىلىك بەدەل تۆلىسەممۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەتتا ئوت دېڭىزىغا
سەكرەشتىنمۇ يانمايمەن، بىراق مەن ھەرگىزمۇ «نام ـ ئەمەلى» تولا
ھەم مودا بولغان خەير ـ ئېھسان پائالىيەتلىرىگە ۋە ئەخمەقلەر مەك.
تىپىنىڭ مائارىپىغا ھەتتا ئاشۇ سان ـ ساناقسىز قۇتقۇزۇش گورۇھە.
غىمۇ ئىشتىراك قىلمايمەن. بىراق مەن يەنىلا ئاجايىپ بىر تەڭقىس.
چىلىقتا قالغىنىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن، بەزى ۋاقىتلاردا
مەن ھەتتا گاھى ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ھالدا پۇل چىقىرىپ قالىمەن،
بىراق بۇنداق خەير ـ ئېھسان ھەرگىزمۇ قانداقتۇر ساۋابلىق ئىش
ھېسابلىنالمايدۇ، بۇندىن كېيىن مەن چوقۇم ئەركەكلىك جاسارىتىم
بىلەن بۇنداق ئىشلارنى قەتئىي توسىمەن.

ئادەتتە گۈزەل پەزىلەتنى مەلۇم بىر دائىرىگە ئەمەس، بەلكى رەس.
مىيەت سىرتىغا ياتىدىغان ئىشلارغا تەۋە، دەپ قارايمەن. ئىنسان بىلەن
گۈزەل پەزىلەت ھەمىشە ئۆزئارا بىرىگە ھەمنەپەس كېلىدۇ، ئادەمنىڭ
ساۋابلىق ئىشلىرى، ئالايلى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش،
كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە ياردەم بېرىش قاتارلىقلارنىڭ كۈندىلىك
سەيياره ئويۇنىغا قاتناشماي، جەرىمانە تۆلەش ئارقىلىق ئورنىنى تول.
دۇرغاندىن پەرقى يوق. ئۇلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشى پەقەت
بۇ دۇنيادىكى پۇشايمىنى ۋە گۇناھىنى يۇغىنىغا باراۋەر، بۇ خۇددى ئۇ.
زىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان كېسەلنىڭ ۋە روھىي كېسەل
بىمارلىرىنىڭ كۆپ پۇل تۆلەپ بالنىستا ياتمىقى زۆرۈر بولغاندەكلا
ئىش. ئۇلارنىڭ گۈزەل پەزىلىتى زاھىتلىق بىلەن گۇناھىنى يۇغانلىق،
مېنىڭ گۇناھىمنى يۇغۇم يوق، پەقەت تۇرمۇش كەچۈرگۈم بار، مەن
تۇرمۇش ئۈچۈن ياشايمەن، ھەرگىزمۇ مەلۇم شانلىق شۆھرەت ئۈچۈن
ئەمەس، ئۇلار ماڭا نىسبەتەن تولىمۇ چاكىنا تۇرمۇشتۇر. مۇشۇنداق
ئويلىغىنىمدىلا ئاندىن ئاددىي ـ ساددا ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش كەچۈرەلەي.
مەن، مېنىڭ شەرەپلىك ۋە پاراكەندە تۇرمۇشنى قوغلاشقۇم يوق، مەن
پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئاچ ـ زېرىنلىق ۋە كېسەللىك ھەسرىتى تارتىش.
تىن خالىي ساغلام ۋە شېرىن بولۇشىغا ئىنتىزار. مەن ئىنسان سۆ.
يىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ ئاساسىي پاكىتنى ئىزدەيمەن،
بۇ تەرەپنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، پەقەت خەقنىڭلا قىلمىش.
لىرىنى تالاش ـ تارتىش قىلىشنى خالىمايمەن. مەن ئۆزۈمدە مانا



مۇشۇنداق ئاتالمىش خەير ـ ساخاۋەتلىك قەلبىنىڭ بولۇش ـ بولماس.
لىقىنى ئانچە مۇھىم دەپ كەتمەيمەن. مەن يەنە ئەسلىي ھۇزۇرلىنىشقا
تېگىشلىك ھوقۇقۇمنىڭ ئالاھىدە ھوقۇق قاتارىدا، مەندىن بەدەل تەلەپ
قىلىشىغا ھەرگىز ماقۇل بولالمايمەن، گەرچە مەندە تەبىئىي سۈپەتلەر
تولىمۇ ئاز بولسىمۇ، مەن يەنىلا ھەقىقىي ئۆزۈم بولالىدىم، ھەرگىزمۇ
تۇرلۇك ۋاستىلىك پاكىتلار ئارقىلىق ئۆزۈمنى ياكى دوستلىرىمنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتمىدىم.

«مەن چوقۇم باشقىلار مەندىن قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى
ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمگە ئالاقىدار ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك.»

بۇ خىل پرىنسىپ مەيلى رېئال تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى ئىدد.
يىۋى پائالىيەتتە بولسۇن تولىمۇ مۇھىم، ئۇ ئۇلۇغلۇق ۋە ئەرزىمەس.
لىكنى ئايرىيدىغان تۈپكى ئۆلچەم، بىراق بۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش
تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. چۈنكى ھەمىشە مۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر—
ئۆزلىرىچە «بىزنىڭ خىزمىتىڭىز ۋە مەسئۇلىيىتىڭىزنى چۈشىند.
شىمىز سىزنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن» دەۋالىدىغانلار مەۋجۇت.

باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ياشاش دۇنيادىكى ئەڭ ئاسان ئىش،
ئۆزىمىزنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسى بويىچە، باشقىلاردىن مۇستەسنا ياشاشمۇ
ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس. ئۇلۇغلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇلار ئۆز.
لىرىنى شاۋقۇن ـ سۈرەنگە شۇنداقلا ئاتالغان ھەمدە ئۆزگىچە ۋە
مۇستەقىل خاراكتېرى ۋە پەزىلىتىنى مۇكەممەل ساقلىيالىغان.

كۆز ئالدىڭىزدىكى ئاشۇ كونا قائىدە ۋە نامۇۋاپىق ئادەتلەردىن ۋاز
كېچىشىڭىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار سىزنىڭ زېھنىي كۈچىڭىزنى
چېچىپ، ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ، ئادىمىيلىكىڭىزنى خۇ.
نۈكلەشتۈرىدۇ، ناۋادا سىز قاتمال بىر چېركاۋنى قوغدايمەن، دەيدىكەن.
سىز، چوقۇم ئاللىبۇرۇن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ بولغان ئىنجىل ئىنس.
تىتۇتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭىز، بىر توپ ئادەملەرگە ئەگىشىپ
ھۆكۈمەتكە قارشى ياكى قوللاپ بېلەت تاشلىشىڭىز، خۇددى تۆۋەن دە.
رىجىلىك زاپخوزدەك زىياپەت ھازىرلىشىڭىز، بۇ خىل نىقابلارنىڭ
يوشۇرۇشى بىلەن باشقىلارنىڭ سىزنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرد.
ڭىزنى بىلىشىگە مۇشكۇلچىلىك يارىتىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭدىن
باشقا يەنە ئاز بولمىغان زېھنىي كۈچىڭىز كۈندىلىك تەرتىپلىك

تۇرمۇشىڭىزدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشىڭىز ئۈچۈن ئىسراپ بولۇپ ما-
ڭىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىزگە تەۋە ئىشلارنى قىلماقچى بولسىڭىز مەن
بۇنى چۈشىنىمەن، توغرا، ئۆزىڭىزگە تەۋە خىزمەتنى قىلىۋېرىڭ،
شۇندىلا ئۆزىڭىزنى «بەرپا» قىلالايسىز، ئادەم چوقۇم ھەدېسىلا ئىتائەت
قىلىشنىڭ مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىغاندەكلا ئىش ئىكەنلىكىنى چوقۇم
بىلىشى كېرەك، پەقەت سىزنىڭ مەزھىپىڭىزنى ئايرىۋالالىسامىلا مۇ-
قامىڭىز (سەپسەتىڭىز) ماڭا ناتونۇش بولماي قالىدۇ، مەن ئىلگىرى بىر
پوپنىڭ ئۆز چېركاۋىنىڭ بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئۆزىنىڭ
تەرغىباتلىرىنىڭ تېمىسى قىلىپ جاكارلىغىنىنى ئاڭلىغان، بىراق
ئۇ قانداقتۇر يىڭىراق بولغان بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ قىلمىغان، پەقەت
بەزىبىر چېركاۋ تۈزۈم، قائىدىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسلىرىنى
ئېغىزى - ئېغىزىغا تەگمەي سۆزلىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاشۇ بەلگىلى-
مىلەر بويىچە ئىش تۇتۇپمۇ كەتمەيدۇ، بۇنىڭ ماڭا ئېنىق بولماسلىقى
مۇمكىنمۇ؟

ئۇ چوقۇم بىرلا تەرەپتىن — چېركاۋ يول قويغان نۇقتىدىنلا
مەسىلىگە قارىغان بولۇشى، ھەرگىزمۇ مۇستەقىل بىر ئادەم سۈپىتىدە
ئەمەس، بەلكى بىر رايوننىڭ پوپى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى
مۇمكىن. ئۇ پەقەت بىر تەكلىپ قىلىنغان سېنزور (تەپتىش)، سوت-
تىكى سۆز - ھەرىكەتلىرى پەقەت ساختىلىق، خالاس.
ئەمەلىيەتتە، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنداق - بۇنداق قولىياغ-
لىقلار ئارقىلىق كۆزلىرىنى تېڭىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر
خىل مودا بولۇۋاتقان قاراشلارغا مەھكۇم قىلىشىدۇ، بۇنداق ئىتائەت-
مەنلىك ئۇلارنىڭ بىر نەچچە ئىشتىلا ساختىلىق، سۇنئىيلىك قىلى-
شىنى ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىشلاردا «تېشى پال - پال، ئىچى غال -
غال» لىق قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەقى-
قىتىمۇ ھېچقانداق بىر ھەقىقەتكە ياتالمايدۇ، ئۇلار ئېيتقان «ئىككى»
ئەمەلىيەتتە «ئىككى» مۇ ئەمەس، «تۆت» مۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ ئۇلار-
نىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى كىشىگە باش ئاغرىقى ئەكېلىدۇ، ھەتتا
ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى قايسى نۇقتىدىن كىرىپ تۈزىتىش-
نىمۇ ئاڭقىرالماي قالىمىز. يەنە كېلىپ ئۆزىمىز ئەگەشكەن پارتىيە -
گۇرۇھنىڭ مەھبۇسلۇق كىيىمىنى كىيىشىمىزگە ئەگىشىپ،



تەبىئىتىمىزمۇ قۇتراشقا باشلايدۇ، بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چىرايىمىز،
بەدەن قىياپىتىمىز ئاستا - ئاستا تولىمۇ رايىش ۋە ئەخمىقانە ھېس-
سىياتنى ئىپادىلەشكە كۆنۈكۈپ كېتىدۇ، ھەتتا پەۋقۇلئاددە بىر سەر-
گۈزەشتمۇ بىزنى بىئەپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق ھېسسىيات
بىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلىرىمىزدىمۇ روي بەرگەنىدى، مېنىڭ دې-
مەكچى بولغىنىم «باشقىلارنى مەدھىيىلىگەن پەيتتىكى ساختا چى-
راي»نى بىرى بىلەن تۇرغاندا ئۆزىمىز قىزىقمايدىغان تېمىنى مۇھا-
كىمە قىلغاندا گەرچە بىئاراملىق ھەم ئەپسىزلىك ھېس قىلساقمۇ،
يەنىلا ھىجىيىپ تۇرغان چىرايىمىزنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.
ئۆلۈك قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىۋالماسلىق سىزنى كىشىلەرنىڭ
ئەيىبلىشىگە ۋە نارازىلىقىغا ئۇچرىتىدۇ، شۇڭا ئادەم چوقۇم ۋەزىيەتكە
بېقىپ ئىش تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم، كوچا - كويلاردا ياكى
دوستلىرىڭىزنىڭ ساراي ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتقان بولسىڭىز، ئەترا-
پىڭىزدىكىلەر سىزگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارىشى مۇمكىن. ناۋادا بۇ
خىل بىزارلىق كۆزگە ئىلماسلىقتىن ۋە توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن پەيدا
بولغان بولسا، يەنە كېلىپ سىزمۇ مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولغان
بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز چوقۇم سالپايغان پېتى ئۆيىڭىزگە قايتالاي-
سىز. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ غەزەپلىك بېقىشىنىڭ ئۇلارنىڭ
كۆلۈشىگە ئوخشاشلا ئۇنچىۋالا چوڭقۇر سەۋەبىمۇ يوق، ئۇ پەقەت شا-
مالغا، گېزىت ئىلاۋىسىگە ئوخشاش، بىردە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈل-
سە، بىردە پەسىيىدۇ، ھېچقانداق ئاساسى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئاممى-
نىڭ نارازىلىقى پارلامېنتنىڭكىدىن ياكى مەكتەپنىڭكىدىنمۇ قور-
قۇنچلۇق بولغان بولىدۇ. مۇستەھكەم ئىرادىلىك، تۇرمۇشقا پىشقان
كىشىلەر ئېھتىمال ياخشى تەربىيە كۆرگەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ قەل-
بىدىكى نارازىلىقنى ئاسانلا تۈگىتىۋېتەلىشى مۇمكىن. ئۇلار غەزەپ-
لەنگەندىمۇ شۇنچىلىك سالماق ۋە سۇلكەتلىك، ئېھتىياتچان، چۈنكى
ئۇلار ئىش چىقىپ قېلىشتىن بەك قورقىدۇ، يەنە كېلىپ تېگى -
تەكتىدىن بەك ئاجىز كېلىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ غەزىپى ئۇلغىيىپ ئا-
ۋامنىڭ غەزىپىگە ئايلىنىپ كېتىپلا قالسا، بۇنىڭ بىلەن تەڭ ساددا،
نامرات كىشىلەرمۇ تەۋرىنىشكە، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا جاي-
لىشىۋالغان ياۋايى ۋە ئاڭقاۋ كۈچلەر قۇتراشقا، غۇدۇراشقا باشلىمايدۇ،

دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق نارازىلىققا، ئەرزىمەس، كىچىك ئىشلارغا نىسبەتەن «مېھىر ـ شەپقەت پوزىتسىيىسىنى دىنىي ۋاستە قىلغان مېھىر ـ شەپقەت يولىنى تۇتۇش» كېرەك.

ۋەھىمە بېسىۋېلىش ۋە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكتەك ھېسسىياتلاردا بولۇشىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ھەمىشە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمەيدىغان بىرلا پرىنسىپقا، ئۆتمۈشتىكى يۇرۇش ـ تۇرۇش شەكلىمىزگە ئەمەل قىلغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىقىدۇ، چۈنكى بۇلار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بېكىتىلىپ كەتكەن جاھاندارچىلىق قىلىشتىكى بىردىنبىر ئاساسىمىز ياكى ئۆتمۈشتىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمىزنىڭ ئەندىزىسى، بىزنىڭ باشقىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغۇمىز يوق.

ئۇنداقتا بىز نېمىشقا «ھوش ـ كاللا» سى بار ئادەم بولۇشنى ئويلايمىز؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا چىرىپ كەتكەن ئەسلىمىلىرىمىزنى ئەگەشتۇرۇپ يۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەيمىز؟ ئەجەبا، بۇ مەسىلىلەردە بىزدىن ئىلگىرى پىكىر بايان قىلغۇچىنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن زىددىيەتلىك بولۇپ قېلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ زىددىيەتلىك بولۇپ قالسىمۇ چوڭ ئىش ئەمەسقۇ؟

پاراسەتنىڭ بىر تۇرلۇك پرىنسىپى بىزگە:«ھەرگىزمۇ پەقەت ئەسلىمەڭگىلا تايىنىپ قالما، ئەكسىچە ئۆتمۈشنى بۈگۈنكى رېئاللىققا تارتىپ كىرىپ، مىڭلىغان كۆزلەرنىڭ ھۆكۈمىگە سۇن، شۇنداقلا مەڭگۈ يېڭى بىر كۈندە، مېتافىزىكىدا ياشا، بىز خۇدانىڭ ئادەملىشىپ كېتىشىنى رەت قىلغاندۇق، بىراق كىشىلەر سەممىمىي ھەرىكەتلىرى، پۈتۈن نىيىتى ئارقىلىق خۇدانى كۆككە ئۇچۇرغىنىدا، خۇددى يوسېف چاپىنىنى پاھىشىخانىدا پاھىشىنىڭ قولىدا ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئۇنىڭغا رەڭگارەڭ تاشقى قىياپەت بەخش ئېتىلىپ قالدى، يەنىلا ئاشۇ ئاتالمىش قائىدىلەرنى تاشلاپ قاچقىنىمىز تۇزۇكتەك تۇرىدۇ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىردەكلىكنى قارىغۇلارچە قوغلىشىش قەلبىنىڭ چاكىنىلىقىنىڭ ئىپادىسى، ئاشۇ ئەرزىمەس سىياسەتپەرەسلەر، تايىنى يوق پەيلاسوپلار ۋە پوپلارغا چوقۇنۇش كىشىنى تولىمۇ سەسكەندۈرىدۇ، ئۇلۇك قائىدىلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىش پەقەت ئۇلۇغ بىر قەلبنى ئادەتتىكىچە، ئەرزىمەس بىر قەلبكە ئايلاندۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق قىلغاندىن



كۆرە ئۆزىڭىزنىڭ تامدىكى سايىسىگە قاراپ تۇرغىنىڭىز ئەۋزەل.

بۈگۈن ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىۋېلىڭ، نېمىنى ئويلىغان بولسىڭىز شۇنى دەۋېلىڭ، ئەتە يەنە ئەتىكى ئوي ـ پىكىر بولىدۇ، ئەتە دېسىڭىز ئېھتىمال بۈگۈنكى سۆزلىرىڭىز بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى چىقىشى مۇمكىن:«ھا، ھا، سىز چوقۇم باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىشىگە يولۇققان ئوخشايسىز.»

بىراق خاتا چۈشىنىلىش راستتىنلا شۇنچىلىك قورقۇنچلۇقمۇ؟ پىساگوراسمۇ خاتا چۈشىنىلگەن، سوقرات، ئەيسا، ليۇتېر، كوپېرنىك، گالىلېيلارمۇ خاتا چۈشىنىلىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان، ھەر بىر سەممىمىي ۋە مۇقەددەس، قان ـ گۆشتىن پۈتۈلگەن تەن، پاراسەتلىك ھەم ئالىيجاناب روھنىڭ قايسىبىرى خاتا چۈشىنىلمىگەن، ئۇلۇغلارنىڭ قىسمىتى باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىشىگە ئۇچراشتۇر.

مەن «ھېچقانداق كىشى ئۆزىنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ» دەپ قارايمەن. ئىرادىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ۋۇجۇدىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق پرىنسىپىنى مەنبە قىلىدۇ، خۇددى ئاندىس تېغى ھىمالايا تېغىدىن شەكىللەنگىنىگە ئوخشاش، گەرچە ئۇلارنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن يەرشارىنىڭ شار يۈزىدىن قارىغاندا بۇ پەرق ئۇنچە چوڭ بولۇپ كەتمەيدۇ.

بىز بىر ئادەمنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى قانداق قىياس قىلىشنى بىلەلمەيمىز، چۈنكى ئىنساننىڭ خاراكتېرى خۇددى بىر پارچە ئۇچۇق قۇرۇلمىلىق شېئىر(ئۇيغۇرچىدىكى مۇساۋىيات تەرەپبايىن يېقىن كېلىدۇ) ياكى ئالېكساندىرچە شېئىر* (يەنى قانداق تەرتىپتە، ئوڭ ئوقۇسىڭىزمۇ، يانتۇ ئوقۇسىڭىزمۇ جۈپلىنىپ چىقىرىلغان سۆز ئوخشاش چىقىدىغان شېئىر شەكلى) غا ئوخشايدۇ، خۇدا بىزگە مانا مۇشۇنداق كىشىنى خۇشال قىلىدىغان دالا تۇرمۇشىنى ئاتا قىلىپ، ئەس ـ ھوشىمىزنى تېپىشقا ئىشارەتلىدى، بىزنى ھەر كۈنلۈك ئوي ـ خىياللىرىمىزنى ئالدى ـ ئارقىمىزغا قاراپ ئارىسالدى بولماستىن، ساداقەتمەنلىك بىلەن خاتىرىلەشكە بۇيرۇدى، بىز ھېچنېمىنى بايقىيالمىغان تەقدىرىمۇ بۇ خىل تۇرمۇش يەنىلا شۇنداق مۇكەممەل ۋە سىمفونىك (رىتىملىق) ئىدى.

كىتابىم قاتلىرىدىن قارىغاي ۋە ئارچىلارنىڭ مەززىلىك ھىدى

تارقىلىپ، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرسۇن، دېرىزەم ئالدىدىكى قارلىغاچلار ئۇنى چىشلەپ ئەكېلىپ، قورايدىن مەن ئۈچۈن بىر ئۇۋا ياساپ بەرسۇن.

ئادەم كېتىدۇ، ئېتى (نامى) قالىدۇ، خاراكتېر كىشىنىڭ ئىرادىسىنى ھەممىدىن بەكرەك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، كىشىلەر دائىم ئادەمنىڭ تاشقى ئىپادىسى ۋە ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ گۈزەل پەزىلىتى ياكى رەزىللىكىنى بەكرەك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بىراق ئۇلار گۈزەل پەزىلەت ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۆزىنىڭ ھېدىنى ئۆزى تارتىپ تۇرىدىغانلىقىغا سەل قارايدۇ.

كىشىنىڭ ھەرىكىتى تۈرلۈك ـ تۈمەن خىل بولىدۇ، بىراق ھەر بىر ھەرىكەت( قىلمىش) ئەمەلىي بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئارىسىدا ھەمىشە قانداقتۇر بىرخىل بىرلىككە كېلىش مۇناسىۋىتى ھازىر بولغان بولىدۇ، مەلۇم بىر ئارىلىق، مەلۇم بىر بىلىش شارائىتىدا!! قىلمىشنىڭ كۆپ خىللىقى كۆز ئالدىمىزدىن غايىب بولۇپ كېتىپ، باشقا بىر يۈزلىنىشنىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە بويسۇنىدۇ.

مەيلى ھەرقانچە ياخشى پاراخوت بولسىمۇ، بەش يۈز چاقىرىم ئارىلىقتىكى سۇ يولى يەنىلا ئەگرى ـ بۈگرىلىك بەلگىسىنى ئىپادىلەيدۇ، بىراق تېخىمۇ يىراق ئارىلىقتىن قارىساق بۇ خىل ئەگرى سىزىقنىڭ تۈزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمەلىي بولغان قىلمىش پەقەت بۇنىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش»لىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن يەنە ئۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىلمىشىغا قارىتا ئىزاھات بېرەلەيدۇ، بىراق كونا قائىدىلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىش بىلەن ھېچنېمىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، مۇستەقىل ھەرىكەت، مۇستەقىل قىلمىشلا ھازىرقى ئۆزى ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولالايدۇ.

ئۇلۇغلۇق كەلگۈسىنى سۆزلەشتىن كېلىدۇ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ بىگۇناھ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلالىغىنىمدا ئىدى، باشقىلارنىڭ سوغۇق نەزىرىگە پەرۋا قىلمىغان، ھازىرقى قىلمىشىمنىڭ ھازىرقى ئۆزۈم ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولۇۋاتقىنىنى ئىسپاتلىغان بولار ئىدىم.

كېلەچەك مەيلى قانداق بولمىسۇن، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قەددى-



ڭىزنى رۇسلاپ ئاتلىنىشىڭىز كېرەك، ئادىمىيلىكنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ھازىردىن باشلاپ تەدرىجىي توپلىنىدۇ، بىزنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق ساۋابلىق ئىشلىرىمىز چوقۇم بۈگۈنكى بىز ئۈچۈن پايدىلىق، پارلامېنتتا، جەڭگاھتىكى قەھرىمانلارنىڭ سەلتەنەتتى كىشىنى خىيالىي ھېسسىياتقا چۆمدۈرۈپ، تەپەككۇر دەرياسىدا ئۈزدۈرىدۇ، بىراق بۇلار زادى نەدىن كەلگەن؟

ئۇلار ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن شانلىق يىللار ۋە پارلاق تۆھپىلەرنى ئېنىق بىلىدۇ، دەل مۇشۇ شانلىقلىق خۇددى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان بىر توپ پەرىشتە ئۇنى پاناھىغا ئالغاندەك ئۆزىنىڭ بارلىق شەۋكىتىنى دادىل قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلارغا ئاتا قىلىۋېتىدۇ. دەل مۇشۇ نەرسە چازامىس گرافنىڭ ئاۋازىنى چوڭ قوڭغۇراقتەك ياڭراتقان بولسا، ئەل باشى(پرېزدېنت) ۋاشىنگتوننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى تېخىمۇ ئالىيجانابلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىنى ئادامسنىڭ كۆرۈش پەردىسىگە ئاپىرىپ تاشلاپ بەرگەندى.

شان ـ شەرەپ نېمىشقا كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ھۆرمىتىنى قوزغىيالايدۇ؟ چۈنكى ئۇ غىل ـ پال قىلىپ يوقاپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئۆتمۈشتىكى ياخشى قىلمىشلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بىز بۈگۈنمۇ شان ـ شەرەپنى مۇقەددەس بىلمەكتىمىز، چۈنكى ئۇ بۈگۈنگە تەئەللۇق ئەمەس، بىز شانۇ شەۋكەتنى قىزغىن سۆيىمىز، ئۇنىڭغا ھۆرمىتىمىزنى ئىزھار ئېتىمىز، چۈنكى ئۇ بىزنى ھەرگىزمۇ قىزغىن سۆيۈش ۋە ھۆرمەتلەش تۇزىقىغا دەسسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن، مۇستەقىل ھالدا شەكىللىنىدۇ، مەيلى ئۇ ياشلارنىڭ ۋۇجۇدىدا نامايان بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۇنىڭدا قەدىمكى ھەم ساپ قان سىستېمىسى ھازىر.

مەن بۇنىڭ «تولۇق ئىتائەت قىلىش»، «ئۆلۈك قائىدىلەرگە مەھكەم يېپىشىۋېلىش» دېگەندەك سۆزلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىشىمىز بولۇپ قېلىشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنى كەلگەن يېرىگە ھەيدەش كېرەك، شۇندىلا ئۇ بۇندىن كېيىن ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ يۈرمەيدۇ.

بىزنىڭ تاماق تارتىلغانلىق قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئەمەس، سىپارتانىڭ نېيىدىن تارالغان يېقىملىق مېلودىيىنى ئاڭلىشىمىزغا

ئىجازەت قىلىڭلار، ئەمدى ھەدېسىلا خوش- خوش دەپ بەل ئېگىپ،
ناماقۇل بولۇپ يۈرمەيلى، مەلۇم بىر كاتتا شەخس ئۆيۈمگە مېھمانغا
كەلگۈدەك بولسا، ئۇنى مەقسەتسىزلا ياخشى مېھمان قىلىشنى، ئۇ-
نىڭمۇ ماڭا مەندەك قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، مەن ئادىمىي مۇھەب-
بەتنى— چىن يۈرەكتىن چىققان سەمىمىي سۆيگۈنى تەشەببۇس قى-
لىمەن، بىزنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى لۈلىلىق، تۈلكىلىكلەرگە،
قارىغۇلارچە ئۆز- ئۆزىگە تەمەننا قويۇشلارغا، ئۆرپ- ئادەتلەرگە يۈز-
مۇيۇز يۈزلىنىشىمىزگە ۋە ئۇنى ئاياىماستىن سۆكۈشىمىزگە ئىجا-
زەتلەر سورايمىز.

سودا ۋە سىياسىي ئىشلار مۇنداق بىر پاكىتنى — ھەر بىر
دەۋردە ئەڭ ئاداققى خۇلاسە دەپ تەرىپلەنگەن بىر پاكىتنى ئاشكارا قىلد-
دى: «نەدە قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغانلار بولسا، شۇ يەردە ئۇلۇغ ۋە ئى-
شەنچلىك مۇتەپەككۇرلار ۋە پائالىيەتچىلەر رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ،
ھەقىقىي مەۋجۇت بىر ئادەم ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ماكان ۋە زامانغا تەۋە
ئەمەس، بەلكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يادروسىدۇر، ئۇ نەگە بارسا تەبىئەت
شۇ يەردە بولىدۇ، ئۇ سىزگە، ھەممىمىزگە، ھەممە شەيئىگە ‹ئۆزۈڭ-
لارنى دەڭسەپ بېقىڭلار›دېيىشى مۇمكىن.»

ئادەتتە جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ئىش بىزگە مەلۇم
بىر ئىش ياكى ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرالايدۇ، خاراكتېر ياكى رېئال-
لىق بولسا بۇنىڭغا ئامالسىز، ئۇلار پەقەت كائىناتتىكى تۈمەن مىڭ
خىل مەۋجۇدات ئىچىدىكى بىرى خالاس. ئادەم چوقۇم ئۆزىگە تايىنىشى،
ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى ئەرزىمەيدىغان قىلىپ كۆرسىتەلىشى لا-
زىم. ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىر سادا،
بىر دۆلەت، بىر دەۋر، چەكسىز زامان ۋە ماكان، خادىملار ئارقىلىق ئۇ-
زىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگۈچى (ئەلۋەتتە
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ پىلانىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر)، كايسار
تەۋەللۇت بولدى، بىر قانچە ئەسىردىن كېيىن بىز رىم ئىمپېرىيە-
سىنى كۆرەلىدۇق، خرىستوس (ئەيسا) تۇغۇلدى، مىليونلىغان قەلب
ئۇنىڭغا تاياندى، ھازىرمۇ كىشىلەر گۈزەل پەزىلەت ۋە يوشۇرۇن ئىقت-
تىدارنى ئۇنىڭ بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلماقتا، مۇئەييەن بىر جەم-
ئىيەت تۈزۈمى خۇددى تەركىدۇنيا ئانتونىي ۋە مۇناستىرخانىنىڭ



تۈزۈمى، لىيۇتېر ۋە دىنىي ئىسلاھات، فوكىس ۋە قوڭۇر رەڭلىكلەر
جەمئىيىتى، ۋېسلىي ۋە ۋاستىئىزم، كلاركسون ۋە قۇللۇق تۈزۈمنى
بىكار قىلىش، سىسىپيو ملتون ۋە ئۇنىڭ «رۇم(رىم) نىڭ چوققى-
سى» دەپ ئاتىلىشىغا ئوخشاش مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنىڭ
كۆلەڭگىسى (دارىتمىسى)، خالاس. جەمئىيەت ئۆزىنى قىلچە ئۇپرات-
مىغان پېتىلا ئاشۇ قەيسەر ۋە غەيۇر شەخسلەرنىڭ تەزكىرىسى قوينىغا
سىڭىشىپ كېتىدۇ.

بىز «ئۆزلۈك» مىزنى تونۇشنى،«ئۆزلۈك»نى جەزملەشتۈرۈشنى
ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم، ئۆزىمىزگە تەۋە دۇنيادىمۇ خۇددى قۇتقۇزۇ-
ۋېلىنغان بىچارە يېتىمدەك، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىدەك ياكى ياخ-
شىچاق كىشىلەردەك خۇدۇكسىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ سايىمىزدىن ئۆزد-
مىز ئۈركۈپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزدىن قاچۇرۇپ ياشىماسلىقىمىز كې-
رەك، بىراق ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزلۈكىنىڭ قىممىتىنى ئىزدەشكە
ئىنتىلمەيدۇ، ئۇلار ئېگىز بىر مۇنار ياكى مەرمەر ھەيكەلگە ھاڭۋېقىپ
قارىغىنىدا، پەقەت ئۆزلىرىدىن نومۇس قىلىشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قىم-
مىتىنى بايقاشقا سەرپ بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاشۇ ھەيكەلنى ياساشقا
كەتكەن ۋاقتىتىنىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ،
ئۇنىڭ نەزىرىدە، بىر شاھ سارىيى، بىر ھەيكەل، بىر پارچە قىممەتلىك
كىتاب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان روھقا
ئىگە، بۇ خۇددى ئېسىل كىيىنگەن بىر پەيتۇنكەشنىڭ نەپىس بىر
سۆلكەت بىلەن:«جانابلىرىنى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلمەيۋاتىمەن»دېگى-
نىدەكلا بىر ئىش، ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەئەللۇق
بولغان. ئۇنى جەلپ قىلىندىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى ئاڭلايدىغان
نەرسىلەر ئىدى.

بۇ بىر رەسىم ماڭا قانداقتۇر دەۋەتلەندۈرۈشلەرنى قىلماستىن،
بەلكى مېنىڭ تەنقىدلىشىمنى، مېنىڭ ئۇنىڭدىكى تەرىپلەنگۈدەك
سالاھىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئىلگىرى مۇنداق بىر مەسەل تارقىلىپ يۈرگەنىدى: «بىر هاراق-
كەش جىق ئىچىۋېلىپ، كوچىدا خۇددى بىلمەي يېتىپ قاپتۇ، بىرى
ئۇنى گېرتسوگ مەھكىمىسىگە كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ، پاكىز تازىلىغاد-
دىن كېيىن گېرتسوگنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ، ئۇ

ئويغىنىپ قارىسا، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە خۇشامەتلەرنى ياغدۇرغىنىچە ئۇنىڭ بىر مەزگىل ئېسىنى يوقاتقىنىنى ئېيتىپتۇ».

بۇ مەسىلىنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىدىكى بىر سەۋەب شۇكى، ئۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنىڭ ئوبرازلىق سىمۋولى، كىشىلىك ھايات گويا مەست بولۇپ كوچىدا يېتىپ قالغانغا ئوخشايدۇ، سىز تۇرۇپلا ھوشىڭىزغا كېلىپ، سەگەكلىشىشىڭىز، شۇنىڭدەك ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلىدە ھەقىقىي بىر مۆتىۋەر ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىشىڭىز مۇمكىن.

كىتاب ئوقۇش تىلەمچىلىك، ھەم يالاقچىلىق قىلىش دېمەكتۇر، تارىخنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنى داۋامىدا تەسەۋۋۇرىمىز بىزنى ئالداپ كەلدى، پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەك، ھوقۇق ۋە قورۇق (ساراي) ئادەتتىكى پۇقرالار ئارىسىدىكى يوھان ۋە ئېدۋاردقا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ دەبدەبىلىك، ھەشەمەتلىك نەرسىلەر ئىدى، شۇڭلاشقا بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشاش، ھاياتىنىڭ سالمىقىمۇ تەڭ بولۇپ كەلدى، بىراق نېمىشقا كىشىلەر ئالفىرىد، سكاندىربىرگ ۋە گوستاۋۇسنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ؟ مەيلى، ئۇلارنى ئاجايىپ پەزىلەتلىك كىشىلەرمۇ، دەيلى، ئەجەبا ئۇلار ئېۋەنسىز، قۇسۇرسىز كىشىلەردىنمىدۇ؟

بۈگۈن بىر ئادەمنىڭ ئار-نومۇسى خۇددى ئۆتمۈشتىكى نامى ئەلگە پۇر كەتكەن كاتتا كىشىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەدىمىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ شەخسىي قىلمىشى تۇپەيلىدىن بەلگىلەنمەكتە، ئەگەر ئاددىي پۇقرادىن بىرى قەددىنى رۇسلاپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قاراشلىرىنى روياپقا چىقارسىلا، شان-شەرەپنىڭ ئۇلۇغ نۇرى ئەمىرنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ — ئەزىمەتنىڭ بېشىغا يۆتكىلىشى مۇمكىن.

پادىشاھ، بەگلەرنىڭ قىلىق-ھەرىكەتلىرى ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ دىققەت مەركىزىدىن ئايرىلماي، ئۇلارنىڭ ئۈلگىسىگە، ھۆرمەت ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كەلگەن، بىراق كىشىلەر ئاشۇ ئېسىلزادە خان-غوجاملارنىڭ ۋە كاتتىۋاشلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچىلا ئىش كۆرۈشكە سەۋر قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. خان-غوجاملار بولسا كىشىلەرنىڭ



شەيئىلەرگە تۇتقان ئۆلچىمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەتتى،، پۇل-مال بىلەن ئەمەس بەلكى شان-شەۋكەت ئارقىلىق مۇكاپات-جازانى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، شەخسنىڭ ئىرادىسىنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتەتتى ھەمدە بۇ مەخپىي ۋاستىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ چوقۇم بەھرىلىنىشكە تېگىشلىك ھوقۇق ۋە شەخسىي ھوقۇق ئېڭىنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەكلا بارلىق «دەسلەپكى-ئىپتىدائىي»قىلمىشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سېھرىي كۈچى قاتارلىقلارنى ئىزاھلىيالايمىز، كىم «ئىشەنچىنى قوبۇل قىلغۇچى؟» بارچە شەيئى ئومۇميۈزلۈك تايىنىدىغان دەسلەپكى «ئۆزلۈك» قانداق نەرسە؟ ھېلىقى كۆرۈنۈش پەرقى مەۋجۇت بولمىغان، ئۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ئامىللار كەمچىل بولغان، ئىلىم-پەنمۇ تەتقىق قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان «تۇرغۇن يۇلتۇز»نىڭ ماھىيىتى زادى نەدە، زادى قانداق نەرسە ئۇنىڭ گۈزەل نۇر دەستىسىنى ئاۋۇ مۇستەقىلرەك، ئەمما ئۇششاق-چۈششەكرەك ۋە ئەيىب-نۇقسانى كۆپرەك ئۆتمۈشلەر قوينىغا چېچىشقا تۈرتكە بولغان؟

بۇنداق شۈبھىلەر بىزنى مۇنداق بىر مەنبەگە باشلاپ كېلىدۇ: «تالانتنىڭ، گۈزەل پەزىلەتنىڭ ياكى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى دەل بىز ‹ئىستىخىيىلىك قىلمىش›ياكى‹تۇغما ھەرىكەت› دەپ نام بەرگەن نەرسە شۇ، بۇنداق باشلانغۇچ ئەقىلنى ‹ بىۋاستە سەزگۈ›، كېيىنكى مائارىپ تەربىيىسىنى بولسا بولسا ‹تەلىم › دەپ ئاتىدۇق.»

بۇلاردىن باشقا يەنە مۇنداق بىر نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغاچقا، مۇلاھىزىمىزنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلەلمىدۇق: «بارچە شەيئى ئورتاق ماھىيەتكە ئىگە، چۈنكى مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى ئاڭسىزلىق ئىچىدە ئۈن-تىنسىز ھالەتتە ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ بارچە مەۋجۇدات، ئالەم، زامان، ماكان ۋە ئادەمدىن ھېچقانداق پەرقى يوق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن بىر تەن، بىر گەۋدە، ئۇلار بىر يىلتىزدىن مەنبەلەنگەن.»

بىز ئەڭ دەسلەپتە بارچە مەۋجۇدات بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ ياشايمىز، پەقەت كېيىنچىرەك ئۇلارنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۈرلۈك قىياپىتى دەپ قاراپ، يىلتىزداشلىقىمىزنى ئەستىن چىقىرىمىز، بۇ

دەل قىلمىش ۋە ئىدىيىنىڭ بۇلىقى، كىشىلەرگە ئاتا قىلىنغان ئەقىل - پاراسەتنى قوبۇللاش ئورگىنى، بۇ نۇقتىنى چوقۇم سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

بىز چەت - چېتى يوق پاراسەت قويىنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ھەقىقەتنى قوبۇل كۆردۇق، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرەلىدۇق، شۇڭا بىز ھەق - ئادالەت، ھەقىقەتنى ئايرىغان چېغىمىزدا، ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانماسلىقىمىز، ئەكسىچە ئۇنىڭ شەۋكىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يول بېرىشىمىز لازىم. بىز ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، ئۇنىڭ ساھىبى(خوجايىنىنى) نى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە بارلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەر قول تىقالمىدى، بىز پەقەت ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنىلا ئېنىقلىيالىدۇق.

ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز ئېڭىدىكى ئاپتونومىيىلىك قىلمىش ۋە ھېسسىياتنى ئايرىپ چىقالايدۇ، شۇنىڭدەك مۇتلەق ئېتىقادنىڭ دەل مۇشۇنداق ئاڭسىز قىلمىشلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالايدۇ، پەقەت جايىدا ئىپادىلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭدىكى قائىدىنى خۇددى كېچە ۋە كۈندۈزنى چۈشەنگەندەكلا، مۇنازىرىسىز ھالدا ئېنىق چۈشىنىشى مۇمكىن.

«باش چۆكۈرۈش، بېرىلىش» بىلەن «بىلىم ئىزدەش»قىلمىشى دائىم تەۋرىنىپ، داۋالغۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، قىلچە ئاساسسىز بولغان خام خىيال ۋە ئاجىز كەلگەن كىشىلىك تۇيغۇ ھەمىشە بىزنىڭ قىزىققاق كۆڭلىمىز ۋە نىيىتىمىزگە خوجايىنلىق قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىگە خاس ئىدىيىسى يوق كىشىلەر دائىم ئۆز تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئىزاھلىغاندا پات - پات ئۆزى بىلەن ئۆزى زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار تۇيغۇ ۋە قاراشنى ئايرىپ چىقىشقا ئىلاجسىز كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزىنى ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر شەيئىنى كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلىپ تاللاۋاتىمىز، دەپ ئويلايدۇ - يۇ، ئۆز تۇيغۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال ئەمەس، بەلكى مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ، ناۋادا مەن مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكنى بايقىغان بولسام، ئوغلۇممۇ كەينىمدىنلا بۇنى بىلگەن بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە باشقىلارمۇ بۇنى بايقايدۇ. ئەلۋەتتە، مەندىن بۇرۇن بۇنى ھېچكىم بايقاپ باقمىغان بولۇشى كېرەك، مېنىڭ تۇيغۇمغا ئاساسلانغاندا، بۇ



بايقاش خۇددى قۇياشنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئوخشاش قىلچىمۇ شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھەقىقەت بولغان بولىدۇ.

ئادەم ۋە ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ ساپ بولىدۇ، بىراق ئىستەك سىرتقى ياردىمى ئارقىلىق ئۆزىنى بىر كۆرسىتىۋېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، خۇدا ئېغىزىنى ئاچقاندا، «ئۇ» نىڭ ئېيتقىنى پەقەت بىر ئىشلا ئەمەس، بەلكى ھەممە، ئۇنىڭ ئۇنى پۈتكۈل كائىناتتا ياڭرايدۇ، رېئال تەپەككۇر قېتىدىن يورۇقلۇق، تەبىئەت، زامان ۋە ئىنسانىيەتنى، ھەممە يېڭى مەۋجۇتلۇقنى ئاپىرىدە قىلىدۇ، سەممىمىي قەلبلا مۇقەددەس پاراسەتنى چېكىگە يەتكۈزەلەيدۇ،، كونا نەرسىلەر خۇددى بۇلۇتلار تارقاپ كەتكەندەك كۆزىمىزدىن غايىب بولىدۇ، دىن، ئۇستاز(دىنىي ئۇستاز)، نوم ۋە ئالەم تەدرىجىي ھالدا يىمىرىلىشكە باشلايدۇ، سەممىمىي كۆڭۈل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنى ھازىرغا، مۇشۇ دەقىقە، مۇشۇ مىنۇتقا سىڭدۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق شەيئى، ھادىسىنى مۇقەددەسلەشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزئارا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان قىلىۋېتەلەيدۇ.

مەۋجۇداتنىڭ تۆپكى يادروسى مۇددىئادا ئاشكارىلىنىپ چىقالايدۇ، مۆجىزە كۆپ يۈز بەرگەنسېرى ئايرىم، ئەرزىمەس مۆجىزىلەر ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ، مۇشۇ تۈپەيلى، ناۋادا بىراۋ ئۆزىنىڭ خۇدا ھەققىدە بىلگەن ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ، سىزنى باشقا بىر دۇنيانى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە، باشقا بىر ئەلدىكى مەلۇم بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئىستېمالدىن قالغان گەپلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققىنىدا، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئىشىنىپ سالماڭ، سىزچە، پۈتۈنسۇرۇك بىر مەۋجۇتلۇق شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن كاۋچوك دەرىخىدىن ئۈستۈن تۇرالارمۇ؟ «پىشىپ يېتىلىش» ئاتا - ئانىلاردا كۆپرەك ئىپادىلىنەمدۇ، ياكى بالىلاردىمۇ؟ ئۇنداق بولسا يەنە نېمە ئۆچۈن ئۆتمۈشكە چوقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ؟

بىزدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن ئاشۇ دەۋرلەر ساغلام ئەقىل ۋە قەلبىنىڭ نوپۇزىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىشى مۇمكىن، زامان، ماكان پەقەت كۆزىمىز ئىجاد قىلغان پىسخىك «تۈس»لا ئەمەس، بەلكى يەنە «نۇر»، شۇڭا روھ يوقالغان جاي قاپقاراڭغۇ بولىدۇ. تارىخ ناۋادا بىزنىڭ

هازىرىمىز ۋە كەلگۈسىمىزگە خۇشاللىق ئەكېلىدىغان مەسىللا بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ پەقەت قارامىلىق بىلەن قىلىنغان، كىشىنى زەخىملەندۈرىدىغان قىلمىش بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

كىشىلەر ئالىلىبۇرۇنلا توخۇ يۈرەك، «خوش ــ خوش»چى بولۇپ كەتتى، ئۇلار ئەمدى مەردۇ مەردانە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەمدى «مەن مۇنداق قارايمەن»، «مەن بولسام» دېگەنلەرنى قىلغۇدەك يۈرىكى يوق، ئۇلار ھەدېسىلا مۇقەددەسلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ قاراپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى، ئۇلار ھەتتا يايپېشىل گىياھلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە ھۇپپىدە ئېچىلغان ئەتىرگۈلدىن ئىختىيارسىزلا ئۈيىلىدۇ، دېرىزەم ئالدىدىكى ئەتىرگۈللەر ئۆزلىرىدىنمۇ بەكرەك پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىرگۈل ياكى ئۇلاردىنمۇ چىرايلىقراق بولغان ھەمراھلىرىنى كۆرگەندە، ھەرگىزمۇ ھاڭۋېقىپ قاراپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن ياشىيالايدۇ، مۇشۇ پەيتتە ئۇلار خۇداغا ئوخشاشلا بىر مەۋجۇتلۇق، خالاس. ئۇلار ئۈچۈن زامان (ۋاقىت) مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى ئەتىرگۈللا مەۋجۇت، ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر بىر دەقىقە تولۇق بىر مۇكەممەللىك. غۇنچە پورەكلەپ ئېچىلغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ، يۇپۇرماق ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۈتۈپ بولىدۇ.

پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈلدىكى ھاياتلىق ئىزناسى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پورەكتەك ئۈنچىۋالا كۆزنى چاقنىتالمايدۇ، قاقاس دالىدىكى يىلتىز ئىپادىلىگەن ھاياتلىق ئىزناسى بولسا سىز ئويلىغاندەك ئۈنچىۋالا ئازمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ تەبىئىتى قانائەتكە ئېرىشتى، شۇنىڭدەك ھاياتلىقتىكى ھەر بىر دەقىقىمۇ كائىناتنى قانائەتلەندۈردى، بىراق ئىنسانىيەتلا ھەمىشە مۇشۇنداق سۆرىلىپ، ئەسلىمىگە پېتىپلا يۈردى، ئۇلار بۇگۈندە ياشىمىدى، بەلكى ھەمىشە دېگۈدەك ئۆتمۈشتە، ئۆتمۈشتىكى ئىشلار قوينىدا ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ ياشاپ كەلدى، يەنى قېشىدىكى بايلىققا ئېرەن قىلمىدى، پەقەت پۈتىنىڭ ئۇچىدىنلا ئەنسىرەپ يۈرۈشتى. سىز بولسىڭىز زامانىڭ ئاتىسى بولۇپ (زاماندىن ھالقىپ)، تەبىئەت بىلەن بىرلىكتە ھەر بىر دەقىقىدىن بەھرىلىنىڭ، بولمىسا بەخت ۋە ئامانلىق ھۇزۇرىنى سۈرەلمەيسىز.

بۇ نۇقتا ئۆز ــ ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ ئاۋۇ



قەيسەر دانىشمەنلەرگە قاراپ قويۇڭلار، پەقەت شۇنداق گەپلەرنى قىلالمىسىلا، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا خۇدانىڭ تەلىملىرىگە قۇلاق سالمىغۇدەك يۈرەك يوق: داۋۇد، جىرىمىياخن ياكى پاۋلىنىڭ نېمە دېگەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ، بىز ھەرگىزمۇ خۇددى كىچىك بالىدەك ھەدېسىلا بىر نەچچە پارچە دىنىي تېكىستلەر، بىر نەچچە ئادەمنى كۆتۈرىگە ئېلىۋالماسلىقىمىز، مومىمىز ياكى مۇئەللىمىنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆلۈك ھالدا يادلىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ھەم تالانتى ھەم خاس خاراكتېرى بار بەزى كىشىلەرنى يولۇقتۇرۇپ قالدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلىيەلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتۇق. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ سۆزىنى بىر خەتمۇ قالدۇرماي يادلىدۇق، ئۇلارنىڭ گەپ ــ سۆزلىرىگە مۇجەسسەم بولغان كۆز قاراشلارنى قوللاپ ــ قۇۋۋەتلەپ بولۇپلا، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سۆزلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتۇق، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بىز بۇ سۆزلەرنى ھەر ۋاقىت، ھەر زامان دەل جايىدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ بولغان ئىدۇق.

ئەگەر بىز ھاياتتا چىن، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ياشايمىز دەيدىكەنمىز ئۇنى چىنلىق بىلەن كۆزىتەيلى، خۇددى كۈچلۈكلەر مەڭگۇ قەيسەر، ئاجىزلار مەڭگۇ توخۇ يۈرەك، زەئىپ بولغىنىدەك، يېڭى بىلىشكە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىنلا، بىزنى مەھكۇم قىلىۋالغان ئەزىز ئەسلىمىلىرىمىزنى خۇددى ئەخلەتنى چۆرۈگەندەك چۆرۈۋېتەيلى.

ھازىرغا قەدەر بۇ تېمىنىڭ چىن مەنىسى تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇلمىدى، ئېھتىمال مەڭگۈ ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمايدىغاندۇ، چۈنكى بىز تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمىگەن ئۇ نەرسە پەقەت بىۋاسىتە تۇيغۇغا بولغان يىراق ئەسلىمە، خالاس. ئۆزۈم بىلىدىغان ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇل بويىچە چىقىرىلغان مۇنۇ قارىشىمغا قۇلاق سالغايسىلەر:

«بەخت يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئۆزۈڭنىڭ ھاياتى ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولسۇن، بارلىق نەرسىلەر كۆندىكىگە ئوخشىمايدىغان بولسۇن، باشقىلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى پايلاپ، ئېنىقلاپ يۈرگۈچى، چىرايىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ كەتكۈچى، ھەرقانداق ئىسىم ــ فامىلىنى پىسەنتىڭگە ئېلىپ كەتكۈچى بولما، چۈنكى مەن دەۋاتقان ئۇ مەنزىل ــ بەخت ۋە ئىدىيە ساڭا ناتونۇش بولغان پۈتۈنلەي يېڭى نەرسىلەردۇر، ئۇلار ئۇلگە

ۋە تەجرىبىنى خالىمايدۇ، سەن ئادەملەرگە ئەگىشىپ ئەمەس، بەلكى
بۇلۇتلارنى بويلاپ ماڭىسەن.»
بۇرۇن مەۋجۇت بولغان بارلىق ئادەملەر ھازىر بۇ قاراش تەرىپىدىن
ئۇنتۇلغانلارنىڭ ۋەكىللىرىگە ئايلىنىپ قالدى، ۋەھىمە ۋە ئۈمىد ئۇ-
لارنى تەڭلا ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغانىدى، گەرچە ئۈمىد ئىچىدە تۇر-
غىنىدا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇيىدەك ئاياغلاشماس تەرەپلەردىن بەھرىمەن
بولالىغان بولسىمۇ، لېكىن خىيال قوينىدىكى شۇ پەيتلەردە تۇرغىنىدا
ئاتالمىش مىننەتدارلىق، تەلتۆكۈس شادلىق دېگەنلەر مەۋجۇتلۇقىنى
يوقاتتى، دەل مۇشۇ دەمدە، قايناق ھاياجاندىن ھالقىپ كەتكەن قەلب
شەيئىلەردىكى ئورتاقلىقنى ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان سەۋەب- نەتى-
جىلىك مۇناسىۋەتنى، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەقىقەت ۋە
ئادالەتنى ئۆزى مىڭ تەستە قولغا كەلتۈرگەن سۈبيېكتىپ خاتىرجەم-
لىك ئارقىلىق ھېس قىلىپ يەتتى.
بىپايان تەبىئىي ماكان، ئاتلانتىك ئوكيان، جەنۇبىي تىنچ ئوك-
يانلار شەكىللەندى، ئاڭغىچە ئېرالار ئالماشتى، يىللار، ئەسىرلەر ئۆ-
تۈۋەردى، ھەممە ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئىلگىرى
ئوي - پىكىرلىرىم ھەر بىر تۇرمۇش كەچۈرۈش ھالىتىم ۋە مۇھە-
تىمنىڭ بارلىقى بولغان بولسا، ھېلىھەم شۇنداق، مانا بۇ بارلىق ھا-
يات - ماماتلىقنىڭ ئاساسىدۇر.
قىممەتلىك بولغىنى پەقەت ھاياتلىق، ھەرگىزمۇ ئۆتۈپ كەتكەن
كۈن - ئايلار ئەمەس. كۈچ - قۇۋۋەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان
شۇ پەيتتە پارتلاپ چىقىدۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە يەنە يوقاپ كې-
تىدۇ. مەۋجۇتلۇق ھامان كونا ھالەت يېڭى ھالەتكە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى
پەيتتە، دېڭىز قولتۇقلىرىدىكى مەۋج ئۇرۇۋاتقان دولقۇنلاردا، نىشانغا
ئېتىلغان ئوقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنى تولىمۇ بىزار قى-
لىدىغان مۇنداق بىر ئەمرىمەرۇپ بار: «كۆڭۈل ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ،
چۈنكى بۇ خىل ئۆزگىرىشچانلىق دائىم ئۆتمۈشنى كەمسۇندۇرىدۇ،
بايلىقنى يوقسۇزلۇققا، شان - شەرەپنى شەرمەندىلىككە ئايلاندۇرۇپ،
مۇقەددەسلىك ۋە رەزىللىكنى قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ.» ئەيسا ۋە يەھۇ-
دىيلارنى تەڭلا ئىنكار قىلىدۇ، مۇشۇنداق تۇرسا يەنە نېمە ئۈچۈن «ئۆ-
زگە تايىنىش»نى ئاغزى - ئاغزىمىزغا تەگمەي تەكىتلەيمىز؟



چۈنكى قەلب(كۆڭۈل) مەۋجۇتلا بولىدىكەن، كۈچ - قۇۋۋەتمۇ
مەۋجۇت، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئىشىنىش كۈچى ئەمەس، بەلكى«دەس-
لەپكى» ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، باشقىلارغا تايانساق، ئېھتىمال بۇ
تولىمۇ چاكىنا ۋە رەزىل پاراڭغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭ-
لاقتىمۇ يەنىلا دېمەي بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن
يەنە رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتماقتا، مەن ئۆزۈمنىڭ خوجايىنى، قېنى
كىم ئۆزىگە مەنچىلىك بويسۇنالايدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قولىڭىزنى
كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.
كەيپىياتىمنىڭ قولۇمدىن يېتىلىشىگە بويسۇنۇپ يۈرۈپ، مەنمۇ
ئۇنى ئالىقىنىمدا تۇتۇپ تۇرالىدىم.
بىز ياخشى ھەرىكەتلەرنى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان چېغىمىزدا
ئېنىشقىدۇر ئۇنىڭغا مۇۋاپىق گەپ تاپالماي كېتىمىز - يۇ، ئۇنىڭ
«ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان» پرىنسىپ بولسىمۇ، شەخس ۋە كول-
لېكتىپنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، لېكىن
ئۆزلىرى بېكىتىۋالغان باشقا پرىنسىپ بويىچە بارلىق شەھەر، مىل-
لەت، پادىشاھ، باي ۋە شائىرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئىتائىتىگە ئالىدىغان-
لىقىنى كۆرەلمەيمىز، چۈنكى ئۇلار بىز ئېيتقان گۈزەل قىلىق، ھە-
رىكەت ساھىبلىرىدىن ئەمەس.
خۇددى باشقا تېمىلارغا ئوخشاش بۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ بىز تېزلا
مۇنداق بىر تۈپكى پاكىتقا ئېرىشەلەيمىز:«بارچە شەيئىگە ھۆكۈم چى-
قىرىش قادىر ئاللاھقا باغلىق.»
ئۆزىگە تايىنىش ياراتقۇچىنىڭ تەبىئىتى، ئۇ ياخشىلىقنىڭ ئۆل-
چەملىرىنى بەرپا قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى تۆۋەن دەرىجىلىك ھاياتلىق
شەكلىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان بارلىق مەۋ-
جۇدات ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھازىر بولغان مۇشۇ خىل پەزىلەتكە تا-
يىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
سودا - سېتىق، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ئۇ-
رۇش، مۇنازىرە شۇنىڭدەك شەخسنىڭ تەسىرى قاتارلىقلار بىزنىڭ
مۇلاھىزىمىزدە مەيلى سالماقلىق ياكى سالماقلىق بولمىسۇن ۋە مەيلى
گۈزەل قىلىق ياكى ساختا قىلمىشنىڭ ۋەكىلى بولسۇن يەنىلا ھۆر-
مىتىمىزنى قوزغىيالايدۇ، مەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوخشاش بىر

پرىنسىپىنىڭ مۇقىم تەرەققىيات ئۈچۈن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇ-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىدىم، بۇنىڭ بىرى بولغان قابىلىيەت مەۋ-
جۇتلۇق تەرتىپىنى قىياسلاشنىڭ تۈپكى ئۆلچىمى بولالايدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولمىغان شەي-
ئىنىڭ ئۆز ئىمپېرىيىسىدىن ئورۇن ئېلىشىغا يول قويمايدۇ، سەييا-
رىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە زورىيىشى، ئايلىنىشى ۋە ئايلىنىش ئور-
بىتىسىنى ھاسىل قىلىشى، قاتتىق شامالدا قىڭغىيىپ كەتكەن دە-
رەخنىڭ يەنە تۈزلىنىشى ھەرقانداق بىر مەۋجۇداتتىكى ھاياتلىق ئىق-
تىدارىنى قۇۋۋەتلەپ، قامداپ، كۈچەيتىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس روھنىڭ
ئۆزلۈكسىز كۆرۈنۈشىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىز چوقۇم تۆت تەرەپكە قاتراپ يۈرمەستىن،
«ئۆيىمىزدىن چىقماي» ئولتۇرۇشىمىز ( بۇ يەردە ئۆزىگە تايىنىش
كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كېرەك، شۇندىلا خۇدا بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغىلى بولىدۇ. تەكەللۇپسىزلا ئۆيىمىزگە ئۇسۇپ كىرگەن ئادەم،
كىتاب، تۈزۈملەرگە بۇ خىل ئاددىي ھەم مۇقەددەس ئەمرىمەرۈپنى جا-
كارلاپ، ئۇلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇشىمىز، ساددا ھەم پاكلىقىمىز
ئارقىلىق ئۇلارغا «ئۆزلۈك پرىنسىپى»غا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئۇلارغا
نامايان قىلغان تەبىئەتنىڭ كەمبەغەللىكى ۋە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق
بايلىقىمىزنىڭ سىرتىدىكى بايلىقىمىز ئىكەنلىكى»دەك كېسەمنى
چىقارغۇزۇشىمىز كېرەك.

ھالبۇكى، كۆز ئالدىمىزدىكىلەر پەقەت ئاددىي ئادەملەر، خالاس.
كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە ئادەملەردىن ئەيمىنىپ يۈرمەيدۇ،
ئۇلار تېگى ـ تېگىدىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ يۈرەك تىۋىشلىرىغا
قۇلاق سېلىشنى، دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن مۇڭدىشىشنى خالىمايدۇ،
بەلكى ھەدېسىلا سىرتقا چىقىپ، باشقىلارنىڭ ئىدىشىسىدىن بىر
ئىستاكان سۇ ئېلىپ كىرىدۇ.

بىز چوقۇم مۇستەقىل ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك، مەن تىلاۋەت
مۇراسىمى باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى جىمجىت چېركاۋنى، ھەرقانداق
شەكىلدىكى مەنزىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئاشۇ ھالەتنى ياخشى
كۆرىمەن. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان تىلاۋەت ئورنىدا ياكى مۇ-
قەددەس سۇپىدا ئولتۇرۇشىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا شۈنچىلىك يىراق، سوغۇق



قان ھەم ئالىيجاناب كۆرۈنىدۇ! مېنىڭمۇ مەڭگۈ ئاشۇنداق ئولتۇرۇ-
شۇمغا رۇخسەت قىلىڭلار!

بىز نېمىشقا خوتۇنىمىز، ئاتا ـ ئانىمىز، دوستلىرىمىز ۋە بالى-
لىرىمىزنىڭ خاتالىقىنى ئۆستىمىزگە ئالغۇدەكمىز، ئەجەبا ئۇلار بىز
بىلەن بىر ئوچاقنى چۆرىدەپ بىللە ئولتۇرغىنى ئۈچۈنمۇ، ياكى بىز
بىلەن نەسىلداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپاتى بولغىنى ئۈ-
چۈنمۇ؟ مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ بىھۆرمەتلىكلىكى ۋە ئەخ-
مەقلىقىنى قوبۇل قىلالمايمەن، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىل بولۇپمۇ
قويمايمەن. بىراق سىزنىڭ مۇستەقىللىقىڭىز ھەرگىزمۇ مېخانىك
ھەم ئۆلۈك ھالدىكى مۇستەقىللىق بولماستىن، بەلكى روھىي جە-
ھەتتىكى مۇستەقىللىق، بىر خىل يۈكسىلىش بولۇشى كېرەك.

كىشىلەر پات ـ پاتلا ئادەتتىن تاشقىرى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن
سىزنى مالال قىلىپ تۇرىدۇ، دوست، مېھمان، بالىۋاقا، كېسەللىك،
ۋەھىمە، نامراتلىق، خەير ـ ساخاۋەت بىرلىكتە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ،
ئىشىكىڭىزنى قېقىپ: «سىرتقا چىق، بىز بىلەن بىرگە بول» دېگى-
نىدە، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلىي ھالىتىڭىزنى ساقلىشىڭىز،
ھەرگىزمۇ چىقىپ ئۇلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتمەسلىكىڭىز
لازىم، باشقىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە پىسەنت قىلماسلىق، يول
قويماسلىق، ھېچكىمنىڭمۇ يېقىنلىشىشىغا يول قويماسلىق پوزىت-
سىيىسىدە بولۇش كېرەك.

«ياخشى كۆرگەننىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرۈش، زىيادە ئىن-
تىلىش بىزنى سۆيگۈدىن مەھرۇم قىلىدۇ.»

ناۋادا بىز ئىتائەتمەن ۋە ئىشەنچلىك مۇقەددەس ھېسسىياتقا ئې-
رىشىشنى بىردىنلا ئەمەلگە ئاشۇرالمىساقمۇ مەيلى، ھېچبولمىغاندا
قىزىقتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇرۇش ھالىتىگە كىرىپ، ئەپسانە
قويىنىدىكى چاقماق ئىلاھى ۋە باش ئىلاھنى ئويغىتىپ، ساكسۇنلاردەك
قەيسەر ۋە باتۇر بولساقمۇ ھېساب، تىنچ دەۋردە ھەقىقەتنى سۆزلەش بىز
سۆزلەۋاتقان بۇ «تەرەپ»نىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

باشقىلارنىڭ ساختا قىلمىش، يالغان ھېسسىياتلىرىنى چەكلەپ
قېلىڭ، ھەرگىزمۇ بىز بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشىۋاتقان بى-
خۇدلاشتۇرۇلغان ۋە بىخۇدلاشتۇرغان كىشىلەرنىڭ قەلبىمىزدە خام ـ

خىيال بولۇپ ساقلىنىشىغا يول قويمايلى، ئۇلارغا:«ھەي، ئاتا، ھەي ئانا، خوتۇنۇم، باللىرىم، قېرىنداشلىرىم، دوستلىرىم! بولدى، ئەمدى يېتەر! مەن ئىزچىل ھالدا ساختىا قىياپەتتە سىلەر بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈردۇم، بۈگۈندىن باشلاپ مەن ھەقىقىي ئۆزۈم بولىمەن، سىلەرنىڭ مېنىڭ بۈگۈندىن تارتىپ ھېچقانداق پرىنسىپقا ئەمەل قىلماي (ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەي تۇرۇۋالمىسىلا) ياشايدىغىنىمنى چۈشىنىشىڭلارنى سورايمەن. ئەمدى مەن سىلەر بىلەن شەرتنامە تۈزۈشۈپ ياشىمايمەن، بەلكى قىلالىغىنىم بويىچە ياشايمەن، مەن ئىمكانقەدەر ئاتا ـ ئانامغا بالىلىقىمنى يەتكۈزۈپ، ئۆيۈمنى باقىمەن، خوتۇنىمغا سادىق ئەر بولىمەن، بىراق مەن چوقۇم ئىلگىرى قىلىپ كۆرمىگەن تەلتۆكۈس يېڭى بىر شەكىل ئارقىلىق بۇ مۇناسىۋەتنى ساقلىشىم كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆرپ ـ ئادەتكە قامىلىپ قالماسلىقىم، ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆزۈم بولۇشۇم كېرەك. ئەمدى ھەرگىزمۇ سىلەرنى دەپلا ئۆزۈمنى ياكى سىلەرنى نابۇت قىلمايمەن، خاسلىقىقا ئىگە مېنى ياقتۇرساڭلار بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ چوڭ خۇشاللىقىمىز بولاتتى، ئەگەر بۇنداق قىلالمىساڭلار، سىلەرنىڭمۇ ئويلىغىنىڭلار بارلىقىنى چۈشىنەلەيمەن، مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنىڭ ياخشى ـ يامان تەرىپىمنى ياساندۇرۇپ، تۈزەشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، مەن چوڭقۇر شەيئىلەرگە مۇقەددەسلىك مۇجەسسەم بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن، ئومۇمەن مېنى خۇشاللاندۇرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان، قەلبىمگە بېشارەت بەرگەن ئىشلارلا بولىدىكەن، مەن قىلچە ئىككىلەنمەيلا قىلىپ كۆرىمەن. ناۋادا سىز ئالىيجاناب ۋە ئېسىلزادە بولسىڭىز سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، بولمىسىڭىز ساختىلارچە قىياپەت، يالغان ھېسسىياتىم بىلەن سىزگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ ئولتۇرمايمەن. ناۋادا سىز سەمىمىي، تۈز كۆڭۈل بولسىڭىزمۇ، مېنىڭ ھەقىقەتىمگە قارشى بولسىڭىز، سىزنىڭ ئۆز ھەمراھىڭىزنى تېپىۋېلىشىڭىزغا ھېچقانداق توسالغۇ يوق، مەنمۇ ھەم شۇنداق قىلىمەن. بۇنداق قىلىشىم ھەرگىزمۇ شەخسىيەتچىلىكتىن ئەمەس، بەلكى ھۆرمەت ۋە سەمىمىيلىكتىن بولغان. مەيلى بىز يالغانچىلىق قويىنىدا قانچىلىك ماكان تۇتمايلى، سىزنىڭ، مېنىڭ شۇنداقلا، بارلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى ھەقىقەت قويىنىدا ئوخشاشلا ئىپادىلىنىپ چىقالايدۇ.



ئەجەبا بۇ قائىدىلەر بۈگۈن قۇلىقىڭىزغا شۇنچە سەت ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىز مەن ۋە ئۆزىمىزنىڭ ماھىيىتىمىز ئارقىلىق بەرپا قىلغان بارلىق نەرسىنى ياقتۇرۇپ قالىمىز.

ناۋادا بىز ھەقىقەتنى قوغلىشىۋەرسەك، ئۇ ھامان بىر كۈنى بىزگە ئېزىتقۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ھالبۇكى راستىنىلا مۇشۇنداق بولىدىكەن، دوستلىرىڭىزغا ئازاب ئەكەلگەن بولىسىز، بىراق، مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ئەركىم ۋە ئىقتىدارىم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زېئىپ ھېسسىياتىنى قۇتقۇزۇشتىن ۋاز كېچەلمەيمەن ـ دە؟!

بۇنىڭدىن سىرت، ناۋادا سىز نەزىرىڭىزنى مۇتلەق ھەقىقەت ئالىمىگە تىككەن بولسىڭىز، ھەممە كىشى ئەقىل ـ ئىدراكىنى تاپقان ئاشۇ دەمدىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقالايدىغىنىمنى ھەم مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتىڭىز.

ئادەتتىكى ئاممىا سىزنىڭ ھەممىگىلا ئىشلەيدىغان ئۆلچەملەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغىنىڭىزنى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىنىڭىزنى ئەخلاقتىن، قانۇن ـ ئىنتىزامدىن چەتنىگەنلىك دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. تەلۋىلەرچە ئىش قىلىدىغان ئالىقانات مۇخلىسلار ھەمىشە يالغان پەيلاسوپ نامى بىلەن ئۆز جىنايەتلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن قانداقلا بولمىسا يەنىلا ئاڭ پرىنسىپى (پۇشايمان) ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئىككى خىل پۇشايمان قىلىش شەكلى ئىچىدىكى بىرى ئارقىلىق گۇناھىمىزنى يۇيۇشىمىز لازىم، بىۋاسىتە ئۇسۇلنى قوللانسىڭىزمۇ، ياكى بولمىسا خاتالىقىڭىز ئۈستىدە ئويلىنىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى پاكلاپ، قەلبىڭىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئويلىنىپ بېقىڭ: سىز ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا ـ قولۇم، شەھەر ـ بازار، شۇنىڭدەك ئىت ـ مۈشۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنىلا ئاشۇ مۇرەسسەلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەڭشىدىڭىزمۇ، يوق؟ ئۇلار ئىچىدىكى ھەربىر نەرسە يەنىلا سىزنى پەسەنتىگە ئېلىپ قويماي ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟

بىراق، مەن بۇنداق ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان شەكىل ئارقىلىق ئۆزلۈكۈمنى قۇتقۇزۇشنى خالىمايمەن، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم قاتتىق تەلەپ قويالايمەن، مېنىڭ ئۆزۈمگە خاس مۇكەممەل جاھاندارچىلىق ئۇسۇلۇم بار. ئاڭ پرىنسىپى ئاتالمىش مەسئۇلىيەت

پرىنسىپىنى ئىنكار قىلىدۇ، ناۋادا بىراۋ بۇ پرىنسىپنى بەكلا بوشكەن دەپ قارىسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا بىر كۈن ئەمەل قىلغۇزۇپ باقايلى.

ئەلۋەتتە، ئىنسانىيەتنىڭ ئادەتتىكىچە مەقسەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بىر باشلامچى بولۇشقا جۈرئەت قىلمىقى راستتىنلا ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان جاسارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ چوقۇم ئالىيجاناب قەلبكە، قەتئىي ئىرادىگە، شۇنداقلا ئۆتكۈر نەزەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئەزىمەتلەرنىڭكىدەك مۇستەقىل تەلىمات، جەمئىيەت، قائىدە ـ قانۇن بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى بىر مەقسەت ـ نىشانمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئالغاندا باشقىلارغا ئوخشاش ئېتىقادىدىن يانمايدىغان ئادەم بولۇشتىكى زۆرۈر بۇيۇم بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر كىمدە كىم ئاتالمىش ئىندىۋىدۇئال «جەمئىيەت»نىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىنى مۇلاھىزە قىلالايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن بولاتتى. بىز ھەقىقەتتىن، تەقدىردىن، ئۆلۈمدىن قورقىمىز، ھەتتا ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزدىن قورقىمىز، شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئېرايىمىزدىن تەلتۆكۈس ئۇلۇغ ئادەم چىقمايدۇ، بىز تۇرمۇشىمىزنى، جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنى ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج. بىراق بىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نامراتلىشىپ سۇنغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۆزى قوغداشقا ئىلاجىسىز قالغانلىقىنى، ئۇلۇغۋار ئىرادە ۋە ئەمەلىي كۈچتىن تولىمۇ يىراقلاپ، پەقەت تىلەمچىلىككە تايىنىپلا كۈن ئۆتكۈزىدىغىنىنى بايقىدۇق. بىزنىڭ ئائىلىمىزنى بېقىشىمىزنىڭ تىلەمچىلىك قىلغاندىن پەرقى يوق، بىز ئۆزىمىزنىڭ سەنئىتىنى، كەسپىنى، نىكاھىنى ۋە دىنىمىزنى تاللىيالمىدۇق، بۇلارنى جەمئىيەت بىز ئۈچۈن تاللاپ بەردى، خالاس. بىز ھەممىمىز لەشكىرىي ئىشلارنى قەغەز يۈزىدىلا سۆزلەيدىغان ھەربىي، تەقدىردىن قېچىپ يۈرىدىغان قاچاق ئەسكەر، ئەمەلىيەتتە، كۈرەش بىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى ئىدى.

بىزنىڭ ياشلىرىمىز تۇنجى قېتىم كەسىپتە ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇپلا مەيۇسلىنىپ كېتىدۇ، ئاۋۇ سودىگەرنىڭ سودىسى ئاقمۇۋېدى، كىشىلەر ئۇنى ۋەيران بولدى، دېيىشتى. خۇددى قايسىدۇر بىر ئالىي



مەكتەپنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى مەكتەپ پۈتكۈزۈپ بىر يىلغىچىمۇ نيۇيورك ياكى بوستون شەھەر ئىچى ياكى شەھەر سىرتىدىكى مەلۇم بىر رايوندىن بىرەر خىزمەت تاپالمىسا ،دوستى ھەم ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ئۇ روھى چۈشكەن بىر ئادەم، توختىماي ئۆزىدىن ئاغرىنىسىمۇ بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. يەنە بىر مىسال ئالساق، زەبەردەس كەلگەن بىر ياش يېگى خامپىشىر شتاتى ياكى ۋېرمونت شتاتىغا كېلىپ، چارۋا باقتى، يەر تېرىدى، يايىمىمۇ ئاچتى، مەكتەپ قۇردى، پوپىمۇ بولدى، گېزىت تەسىس قىلدى، پارلامېنتقىمۇ كىردى، ئۆي ـ زېمىن تىجارىتى قىلدى، ئىشقىلىپ، ھەممە ئىشلارنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى ئۇلاپ بىرەر قېتىمدىن سىناپ باقتى. بىراق بىرەر قېتىممۇ مەيۇسلىنىپ باقمىدى، ئۇنىڭ كىشىلىك قىممىتى شەھەردىكى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇ توختاۋسىز ئالغا باسقان، ھەرگىزمۇ «كەسپىي دىكتاتورا» سى بولمىغىنىدىن قىلچىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ يۈرمىگەن، چۈنكى ئۇ ياسالمىلىقتىن خالىي ھالدا چىن مەنىدىكى تۇرمۇشنى كەچۈرگەن، شۇڭلاشقا پۇرسەتكە بىرلا قېتىم ئەمەس، بەلكى تالاي قېتىم ئېرىشەلىگەن.

ستوئىك مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئېچىشىغا، كىشىلەرگە: «بىز ھەرگىزمۇ شامالغا ئەگىشىپ ئىرغاڭلايدىغان مەجنۇنتال بولماستىن، بەلكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىمىز، رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىشىنىشىمىز ھەمدە ھەممىنى ئەل قىلالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەت بەرپا قىلىشىمىز كېرەك» دېيىشىگە يول قويايلى.

ئادەم گۆش بىلەن قاندىن پۈتۈلگەن تەبىئىي گەۋدە، ئۇنىڭ يارىلىشى جاھاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈندۇر، ئۇ چوقۇم بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىزدىن ھار ئېلىشى كېرەك. ئۇ مۇستەقىل ئىش كۆرۈشنى، قانۇن، كىتاب، مەبۇد، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنى دېرىزە سىرتىغا تاشلىۋەتكەن ئاشۇ دەقىقىدىن تارتىپلا بىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشنى قويۇپ قويۇپ، مىننەتدار بولۇشقا باشلىدۇق. «تەلىمچىلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى شانۇشەۋكەتنى تارىخقا قايتىدىن پۈتۈشى كېرەك» دېگەنلەرنى قەلبىمىزدىكى تولۇپ تاشقان ھۆرمەت، ئىپتىخار بىلەن ئويلاپ كەتتۇق.

شۇنىسى روشەنكى، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئۆزىگە ئۆزى خوجا

بولۇش، ئۆزىگە تايىنىش دىن، مائارىپ، ئىستەك، ئىنتىلىش، تۇرمۇش
ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ئالاقە، مال - مۈلۈك ھەتتا نەزەرىيىۋى قاراشلار
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ساھەلەردە بىر مەيدان ئىنى-
قىلاب قوزغىيالايدۇ.
بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ قانداق دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغانلىقىغا
قاراپ بېقىڭلار. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش مۇقەددەس ۋەزىپىسىدە غەيۇرلۇق ۋە
قەتئىيلىك كەم، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تالادا پالاس قېقىپ يۈرىدۇ، مەلۇم
بىر پەزىلەت ئارقىلىق قانداقتۇر بىر يېپىنچىغا ئېرىشمەكچى بولى-
دۇ - يۇ، لېكىن تەبىئىيلىك بىلەن تەبىئەتتىن ھالقىش، گارمونى-
يە(ماسلىشىشچانلىق) بىلەن مۆجىزە قاتارلىقلار گىرەلىشىپ كەتكەن
سىرلىق قەسىردە ئىزىقىپ قېلىشىدۇ. دۇئا - تىلاۋەت ئارقىلىق مەلۇم
بىر ماددىي ياكى كونكرېت نەرسىگە—ئەسلا مۇكەممەل بولمىغان نەر-
سىگە ئېرىشىشنى ئىستەش بەكمۇ چاكىنىلىق. دۇئا - تىلاۋەت دېگە-
نىمىز ئەسلىدە ھەممىدىن يۇكسەك تۇرىدىغان بىر نۇقتىئىنەزەرنى
چىقىش قىلىپ، ھاياتلىقتىكى پاكىتلار ھەققىدە مۇلاھىزىگە پېتىش
دېمەكتۇر. ئۇ روھنىڭ تىمتاس ھالىتى، نەپەسلەنگەندىكى قەلبنىڭ
مونولوگى، خۇدا ئۆزىنىڭ پەزىلەت، سۈپەتلىرىنى جاكارلىغان چېغى-
دىكى روھىي ماھىيەت، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى مەلۇم بىر شەخسىي
ئىستەككە يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىش چاكىنىلىقتا تەڭ، ئوغرى-
لىقتىن پەرقى يوق. تۇغما تەبىئەت ۋە ئاڭنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارىسىدا
ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە بىردەك بولماسلىق مەۋجۇت، پەقەت خۇدا بى-
لەن ئادەم بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەندىلا، تالانت ھەرگىزمۇ خارلىنىپ
يۈرمەيدۇ، بەلكى تۈرلۈك قىلمىشلار ئىچىدىن دۇئا - تىلاۋەتنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقىنى بايقىۋالىدۇ.
دېھقان ئېتىزدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يەر ئوتىغاچ دۇئا قىلىدۇ،
كېمىچى پالاق ئۇرغاچ دۇئا قىلىدۇ، بۇ دۇئالارنىڭ مۇددىئاسى تولىمۇ تار
دائىرىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا ياڭرىتىلغان ھە-
قىقىي دۇئا بولالايدۇ.
فىلەچىرنىڭ «بۇندۇكا» ناملىق درامىسىدا، باشقىلار كاراتاچىقا
ئىلاھ ئادەيتىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ كەل، دېگەندە ئۇ
مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى دەل بىزنىڭ



تېرىشچانلىقىمىز ئىچىگە مۇجەسسەم قىلىنغان، بىزنىڭ ئەزىمەتلى-
رىمىز دەل بىزنىڭ ھەقىقىي ئىلاھىمىز.»
ساختا دۇئانىڭ يەنە بىر خىلى ئەپسۇسلىنىشتۇر. قانائەت قىلى-
ماسلىق ئۆزىگە تايىنىش روھىنىڭ كەملىكىنىڭ، ئىرادە ئاجىزلىقى-
نىڭ ئىپادىسى. ناۋادا ئاپەتتىن ئەپسۇسلىنىش ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچ-
رىغۇچىلارغا ياردەم بېرەلەيدىغان ئىش بولسا، ئەمىسە ئىچىنىپ، ئەپ-
سۇسلىنىۋېرىڭ. ئۇنداق قىلغىلى بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا ئۆز زىممى-
ڭىزدىكى بىر ئىشنى قىلىڭ، بولمىسا، ئاپەتنىڭ كەينىنى سىز چې-
قىرىۋەتكەن بولۇپ قالىسىز.
ئىچ ئاغرىتىش بىر خىل تۆۋەن مۇقامغا ياتىدىغان قىلمىش، ئاشۇ
روھى سۇنغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا ھەقىقەتنى يەتكۇ-
زۇپ، قەلبىنى ساغلاملاشتۇرۇڭ ياكى ئۇلارنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك ھا-
ياجان ۋە زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىڭ، ئۇلار قايتىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئە-
قىل - ئىدراكى بىلەن ئالاقە قىلىشنى باشلىسۇن، بۇنىڭ ئەكسىچە
ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتسىڭىز
قانداق بولىدۇ؟
بەختنىڭ مەخپىي رېتسېپى دەل بىزنىڭ قېشىمىزدىكى شاد -
خۇراملىقتا، ئۆزىگە تايانغۇچىلار ھەمىشە ئىلاھ ۋە ئادەمنىڭ نەزىرىگە
ئىلىنالايدۇ. بارلىق دەرۋازىلار ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرىدۇ، ھەممىلا
كىشى ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرىدۇ، بارچە شان - شەۋكەت ئۇ-
نىڭ بېشىغا قونىدۇ، ھەممە كۆز ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن باقىدۇ،
بىزنىڭ سۆيگۈمىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى ئىزدەيدۇ، ئەزىزلەيدۇ،
چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق تەلەپنى قويۇپ باقمىغان. بىز ئاجايىپ
چوڭقۇر مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن ئۇنى قەدىرلەيمىز، ئاس-
رايمىز، مەدھىيىلەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئە-
يىبلىشىمىزگە پىسەنت قىلغىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈكىدە چىڭ
تۇرغانلىقىدىن ئىدى، ئاسمان ئىلاھى ئۇنىڭغا ئامراق، ئادەتتىكى ئادەم-
لەر بولسا ئۇنىڭغا ئۆچ، «ئېگىلمەس - سۇنماس ئاددىي بىر ئادەمنىڭ
نەزىرىدە» زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ: «باشپاناھقا ئېرىشكەن ئىلاھ
ھەرگىزمۇ ئەركىن - ئازادە يۈرەلمەيدۇ.»
دۇئا ئادەمنىڭ ئىرادىسىدىكى بىر ئىللەت، ئوخشاش قائىدە بويىچە

كىشىلەرنىڭ دىنىي قائىدە، ئەمرىمەرۇپلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەس - ھو-
شىدىكى بىر خىل كېسەللىك دېيىشكە بولىدۇ، بۇنەرسىلەر خۇدا
مەستانىلىرىگە: «ئەگەر خۇدا بىزگە ئوخشاش سۆزلىمىسە، ئۆلۈپ كې-
تىشىمىز مۇمكىن، سىزنىڭ، باشقىلارنىڭ بىز بىلەن سۆھبەتتە بو-
لۇشۇڭلارنى سورايمىز، ئىشىنىڭلاركى بىز نەسىھەتىڭلارنى پىسەن-
تىمىزگە ئالمايدىغان ئىشنى قىلمايمىز» دەپ ئېيتىدۇ، مەيلى مەن نەدە
بولاي، قېرىنداشلىرىمنىڭ قەلبىدىكى خۇدا بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە
ئىلاجىسىزمەن، چۈنكى ئاللا ئاللىبۇرۇن مۇقەددەس قەسىرىنىڭ دەرۋا-
زىسىنى ئېتىۋالغان ئىكەن، ئۇلار ئېيتقان ئاشۇ سۆزلەر پەقەت قېرىن-
داشلىرىمنىڭ، ئۆز قەلبىدىكى خۇدانىڭ مەسەللىرىنى تەكرارلىشى
ئىكەن، خالاس.

كونىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىسىنى يارىتىدىغان ھەر بىر
كاللىدا يېڭى بىر پوستلاق - قاتلام سىستېمىسى شەكىللەنگەن بو-
لىدۇ، ناۋادا تولىمۇ چېۋەر، ئاجايىپ ئىقتىدارلىق بىر كاللا (لوكى، لا-
ۋويىستىر، خوتتۇن، بەنزام، فورتىيىرلارنىڭ كاللىسىدەك) بولسا،
چوقۇم ئۆزىنىڭ قەۋەت، قاتلاملىرىنى باشقىلارغا تاڭالىغان بولاتتى،
سىزنىڭچە بۇ يەنە بىر يېپيېڭى سىستېما ئەمەسمىدۇ؟ ئۇنىڭ مەغ-
رۇرلۇقى ۋە ئىدىيىسىكى چوڭقۇرلۇق ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ۋە ئۇ-
گەنچىلەرگە ئاتا قىلىنغان شەيئىنىڭ سانى بىلەن شۇنچىلىك ئۇدۇل
كېلىدۇ. ھالبۇكى بۇلار ئاساسلىق قىلىپ مېسسىئون ۋە دىنىي تە-
لىماتلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مېسسىئون ۋە دىنىي تەلىماتلار
ئوخشاشلا ھوشيار بىر كاللىنىڭ تۇپكى مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئادەم بە-
لەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى بويىچە بەرپا قىلىنغان قاتلام سىستېمە-
سىدۇر. كالۋىن دىنى، كۇۋەيكىرىزم، سىۋىدىنبۇرگىرىزم قاتارلىق دى-
نىي تەلىماتلار دەل مۇشۇنىڭغا ياتىدۇ.

ئۆگەنچىلەر ( شاگىرتلار ياكى تالىپلار) ھەممە نەرسىنى يېڭى
ئاتالغۇلارنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ مۇنازىرە قىلىشقا ھېرىسمەن كې-
لىدۇ. خۇددى بوتانىكىنى يېڭىلا ئۆگىنىۋاتقان قىز بالىنىڭ كاللى-
سىدا زېمىن(تۇپراق)، تۆت پەسىل قايتىدىن شەكىللەنگەنگە ئوخشاش،
مەلۇم بىر پەيتتە ئۇلار كاتتا ئۇستازلارنىڭ ئىدىيىسىنى تەتقىق
قىلىش باھانىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىمۇ ئۇزلۇكسىز



ئېشىش بولغانلىقىنى بايقىشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە
بۇنداق قاتلام سىستېمىسىنىڭ چېگراسى قائىدىسىز كەلگەن مېڭىدە
چېكىگە كۆز يەتكۈسىز كائىناتنىڭ چېگراسى بىلەن بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئاسماندىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بولسا ئاشۇ
ئۇستازلار قويۇرغان ئاسمان گۈمبىزىگە ئېسىلغان، ئۇلار سىلەردەك
«يات»لارنىڭ نېمىشقا بۇلار— («سىلەر جەزمەن قانداقتۇر بىر ۋاسى-
تىلەر ئارقىلىق بىزنىڭ قېشىمىزدىن نۇرنى ئوغرىلاپ كەتتىڭلار») نى
چۈشىنىۋالىدىغان ھوقۇقىڭلار ئىگە ئىكەنلىكىڭلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا
ئىلاجىسىز، ھالبۇكى ئۇلار بۇلارنى—(قائىدە- تەرتىپتىن قىلچە ئەسەر
يوق، ئەل قىلغىلى بولمايدىغان «نۇر»نىڭ ئۇنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ
قېچىپ چىقىشىنى، ھەتتاكى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرى-
شىنى) بايقىۋالالمايدۇ، ئۇلارنى ئۆز مەيلى بويىچە چۇرۇقلاشقىلى،
ھەممىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغىلى قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلار سەمىمىي ھەم
پەزىلەتلىك بولىدىكەن، يېپيېڭى، پاكىز كۆلبە شۇ زامانلا تار، پاكار،
چاك كەتكەن، قىيسايغان، ئۆرۈلگەن، ھەتتا كۇمپەيكۇم بولۇپ كەتكەن
ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىدۇ - يۇ، ئەبەدىي بىر «يورۇقلۇق» ياشلىقىنىڭ
خۇشال ھىدىنى تارىتىپ، گويا خۇدا ياراتقان تۇنجى سەھەردەك دەستە -
دەستە شەپەقلەر چېچىلىپ پۈتكۈل ئالەمنى يورۇتۇشقا باشلايدۇ.

ئىككىنچى، «ئۆزلۈك مەدەنىيەت ئېڭى»كەمچىل بولۇش بارلىق
مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئامېرىكىلىقلارنى ئىتالىيە، ئەنگلىيە ۋە
مىسىر مەدەنىيەتلىرىگە قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان، ئۇنى چۆرگىلەپ
كېتەلمەيدىغان قىلىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ئىتالىيە، گرېتسىيە مەدەنى-
يىتىدىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدا ھۆرمەتلىنىپ، ئەزىزلىنىپ كەلگەن
كىشىلەر بولسا خۇددى بىر تال يەر شارى ئوقىدەك ھەر ۋاقىت ھەر
زامان ئۆز ئالىمىدىن ( ئوربىتىسىدىن) ئايرىلماي تۇرۇۋېلىپ، تېخىمۇ
كۆپ قېتىلغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۆزىمىزگە ئىشەنگەن چېغى-
مىزدا مەسئۇلىيەت دەل بىزنىڭ ئائىلىمىز بولۇپ قالىدۇ، قەلبىمىز
مېھماندارچىلىققا بېرىشنى خالىماي ئۆيدە مەھكەم ئولتۇرىدۇ، ھەر
قانداق شارائىتتا مەيلى ئېھتىياج تۇپەيلىدىن، مەيلى مەسئۇلىيەت ۋە-
جىدىن ئۇنى ئۆيىدىن ئايرىلىشقا ياكى ياقا يۇرتلارغا مېھمانغا بېرىشقا
دەۋەت قىلىسىڭىزمۇ ئۇ يەنىلا ئۆيىدىن ئايرىلمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ

ئاشۇ قىياپىتى، چىراي ئىپادىسى كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت
ۋە پەزىلەت تارقىتىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. سەلتەنەتلىك بىر ئەزد-
ەت شەھەر ئاتلاپ، باشقىلارنى يوقلاپ بارسا، ھەرگىزمۇ ياخشىلىقنىڭ
شاگىرتى ياكى مۇلازىمى بولالماي قالىدۇ.

مەن ئەلۋەتتە سەنئەت، تەتقىقات، خەير ـ ساخاۋەت ۋەجىدىن پۈت-
كۈل يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىش سەپىرىگە قارشى تۇرۇۋاتمايمەن، بۇ
ھەقتە پالان ـ پوكۇن دېيىش مەقسىتىممۇ يوق. مۇنداقچە ئېيتقاندا
ئىنسان ئاۋۋال ئائىلىسىنى قامدىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئارزۇ ـ
ئىستىكى، گۈزەل شەيئىلەرنى ئىزدەش يولىدا قەلئە، قىتئە ئاتلاپ
سەپەر قىلماسلىقى كېرەك. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ئوۋ خۇمارىنى
بېسىش مەقسىتىدە سەپەرگە چىققۇچىلار ئۆزلۈكىدىن ئايرىلغانلاردۇر،
ئۇلار گەرچە ياپپاش بولسىمۇ كونا، قاتمال نەرسىلەر ئارىسىدا يەنىلا
قېرىپ، مۈكچىيىپ كېتىشى مۇمكىن. زىبىس، پالمىيرادىلارنىڭ
ئىرادىسى ۋە كاللىسى ئاشۇ قەدىكى شەھەرلەردەك كونا ھەم غۇلاپ
كەتكەن خارابىنى يۆتكىگەنگە باراۋەر يۈكسەكلىكتە تۇرىدىغان جاسا-
رەتتۇر.

ساياھەت ـ سەپەر ئەخمەقلەرنىڭ جەننىتى، دەسلىپىدە ئۇ بىزگە
بارغان يەرلىرىمىزنىڭ دوستانە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇردى، مەن
ئۆيدە ئولتۇرۇپ نەپلۇس (يەر نامى)، رىمنىڭ چۈشىنى كۆرگەن، ئۇ
يەرلەرنىڭ گۈزەللىكىدىن مەست بولۇپ بارلىق كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى
كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى تەقلەپ، دوست-
لىرىمغا خوش ئېيتىپ دېڭىز بىلەن يۈرۈپ كەتتىم، نەپلۇستا ئويغان-
غان چېغىمدا ئەتراپىمدىكى رەھىمسىز رېئاللىق، زەخىملەنگەن ئۆز-
لۈكۈم مېنى پەقەت قېچىشتىن ئۆزگە يولى يوق ئاجايىپ بىر ئىلاج-
سىزلىقتا قويغانىدى. ۋاتىكان، چېركاۋ دېگەنلەر كۆز ئالدىمدا ياتاتتى،
مەن يالغاندىن بولسىمۇ كۆرگەنلىرىمدىن مەست بولغاندەك بولۇۋالاي
دېسەممۇ ئەپلەشمىدى، مەيلى قەيەرگىلا بارماي غايەت زور بىر ئۈمىد-
سىزلىك ماڭا ھەمراھ ئىدى.

ئۈچىنچى، «سەپەر مەپتۇنكارلىقى» ئەمەلىيەتتە قانداقتۇر بىر
يامان كېسەلنىڭ كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە
تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى. ئىدىيىمىز ئۇياق ـ بۇياقلاردا



سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە، چۈنكى مائارىپ تۈزۈلمىمىز يۈزەكىلىك،
يەڭگىلتەكلىككە ھامىلدار بولۇپ قالدى، گەرچە تېنىمىز «ئۆي»دىن
چىقماسلىقا مەجبۇرلانسىمۇ، لېكىن روھىمىز ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پالاس
قېقىپ يۈرمەكتە. بىز تەقلىد قىلىپ باقتۇق، بىراق سەرسان بولۇپ
يۈرگەن ئىدىيىگە تەقلىد قىلغاندىن باشقا يەنە نېمىگە تەقلىد قىلا-
لايتتۇق؟ بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز چەتنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە سېلىنغان،
تەكچىلىرىمىز چەتنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدا بېزەلگەن، بىزنىڭ قا-
راشلىرىمىز، ھەۋەس، قىزىقىشلىرىمىز، ئىقتىدارىمىز جايىنى تاپ-
ماستىن ھەدېسىلا «ئۆتمۈش» ۋە «يىراق»لارغا تەلمۈرىدۇ.

قەلب سەنئەت گۈللەنگەن جايلاردا سەنئەت يارىتىدۇ، سەنئەتكارلار
بولسا ئۆز كاللىسىدىن تەقلىد ئىزدىشىدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى
قىلماقچى بولغان ئىشقا، ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى كۆزىتىشكە سەرپ
قىلىۋېتىشكە باراۋەر.

بىراق بىز نېمىشقا دورىك ۋە كوسكچە ئۇسلۇب بويىچە ئىش
كۆرىمىز؟

گۈزەل، قۇلاي يەنە كېلىپ ئاجايىپ يۈكسەك ئىدىيە، شۇنىڭدەك
نەپىس ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىقلار بىزگە، ئۇنىڭغا، ھەممىگە ئوخ-
شاشلا يېقىن.

ناۋادا ئامېرىكىنىڭ سەنئەتكارلىرى ئۈمىدلىك ۋە مۇھەببەتلىك
قەلبى بىلەن ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان ھەر بىر ئىشنى ئىنچىكە
كۆزەتسە، كىلىمات، تۇپراق، كۈننىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، كىشىلەر-
نىڭ ئېھتىياجى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مەۋجۇتلۇق شەكلى قا-
تارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمىسا، ئۇ ھەر بىر
كىشىگە خوپ كېلىدىغان سارايىنى سېلىپ چىقالايدۇ، ئۆز مەيلىمۇ
قانائەتكە ئېرىشىدۇ.

ئۆزلۈكىڭىزدە چىڭ تۇرۇڭ، ھەرگىزمۇ تەقلىد قىلماڭ، ئۆمرۈ-
ڭىز بويى توپلاپ، تەييارلىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭىز ھەر بىر دەقىقىدە
ئىستېداتىڭىزنى جەۋلان قىلدۇرۇشىڭىزغا ھەمدەم بولىدۇ، ئەگەر سىز
باشقىلارنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پاراستىنى ئۆزلەشتۈرىمەن
دەيدىكەنسىز، ئۇنى پەقەت ۋاقتىنچە، قىسمەن ئىگىلىيەلىشىڭىز
مۇمكىن.

ئىنسانغا ئارتۇقچىلىقنى پەقەت ياراتقۇچىلا ئۆگىتەلەيدۇ، ئەگەر بۇنى ئۇ ئۆزى ئاشكارىلىمايدىكەن، باشقىلار قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ شېكىسپىرگە بىلىم بەرگەن ئۇلۇغ ئۇستاز زادى قەيەردە؟ يەنە كىم فرانكىلىن، ۋاشىنگتون، باكون، نيۇتونلارنى «تۇغالايدۇ»؟

ئۆزىڭىزنىڭ زىممىسىدىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىڭ، ھەرگىزمۇ ئاچ كۆزلۈك ۋە ئالدىراقسانلىق قىلماڭ، دەل مۇشۇ پەيتتە پىدىياسىنىڭ غايەت زور مىتىنى، مىسىرلىقلارنىڭ سېغىز كۆرىكى، موسېس ۋە دانتىنىڭ قەلىمىدەك قورقۇمسىز ھەم قۇدرەتلىك بولۇش ھەرگىزمۇ شۇلار ئەينى دەۋردە ئېرىشكەندەك سالماققا ئېرىشەلمەيدۇ، قەلبىڭىز ھەرگىزمۇ تۈرلۈك ـ تۈمەن ۋاستە ئارقىلىق غۇرۇرىڭىزنى ئەل قىلىش دەۋاسى قىلغۇدەك دەرىجىدە «بېيىپ» كېتەلمەيدۇ. بىراق، سىز ئاشۇ مەرتىۋىلىك پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزغا زەن سېلىشنى خالىسىڭىز، چوقۇم ئوخشاش بىر ئۇسۇل بىلەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشىڭىز كېرەك، چۈنكى قۇلاق ۋە ئېغىز تەبىئىتى ئوخشاش بولغان ئىككى ئەزادۇر، ساددا ھەم يۇكسەك مەنزىلگە ماكانلىشىپ، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىڭىز بىلەن ھەمسەپەر بولسىڭىزلا چوقۇم «بىرىنچى ھايات»ىڭىزنى يەنە قايتىدىن يارىتالايسىز.

تۆتىنچى: بىزنىڭ دىنىمىز، مائارىپىمىز، سەنئىتىمىز نەزىرىنى چەت ئەلگە تىككەن، ئىجتىمائىي كەيپىياتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ھەممە كىشى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى دېگەن نام ئارقىلىق ئۆزىنى پەردازلىشىدۇ ـ يۇ، ئەمەلىيەتتە بىرمۇ كىشى ئالغا ئىلگىرىلىمەيدۇ.

جەمئىيەت قىلچىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىمىدى، ئەكسىچە ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىشنىڭ سۈرئىتى ئوخشاشلا تېز بولماقتا. ئۇ نادانلىق—ۋار ـ ۋارلىق دەۋرى، مەدەنىيەت دەۋرى، خرىستىئان دەۋرى، ھاللىق جەمئىيەت، پەن ـ تېخنىكا دەۋرى قاتارلىق توختاۋسىز ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، بىراق بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھېچقايسىسى «ئىسلاھات ـ يېڭىلاش» ئەمەس، چۈنكى بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشكىنىمىز بىلەن، يوقاتقىنىمىزمۇ كۆپ بولدى. جەمئىيەت كۆنۈككەن يېڭى ماھارەت ـ تېخنىكىلار ئەسلىدىكى ماھىيىتىنى يوقاتتى.

كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان،



بېرىلىپ پىكىر قىلالايدىغان ئامېرىكىلىقلار بىلەن قىپيالىڭاچ يېڭى زېلاندىيەلىكلەر نەقەدەر روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان—ھە؟ ئالدىدىكىسىنىڭ يانچۇقىغا سائەت، قەلەم ۋە دوللار سېلىنغان بولسا، كېيىنكىسىنىڭ بايلىقى ھاسا، نەيزە، پاخال بورا ۋە ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش تىقىلىشىپ ياتىدىغان بىر ئېغىزلىق ساتما بىلەن كۇپايىلەنگەن. بىراق ئىككى خىل تىپتىكى بۇ كىشىلەرنىڭ تەن ساپاسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاللىبۇرۇنلا ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي ـ ئەسلىدىكى» جىسمانىي كۈچىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن، ناۋادا ساياھەتچىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولسا، ئاشۇ ۋار ـ ۋارلارنىڭ بېشىغا بىر پالتا چېپىۋەتسىڭىز بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن خۇددى ھېلىقى پالتا ئۇنىڭ بىرە ـ يېرىم تىرنىقىنى بوشىتىپ قويغاندەكلا گۆشلىرى يەنە ھىملىشىپ، يارىسى ساقىيىپ كېتىدۇ. بىراق ئوخشاش ئۇرۇلغان بىر پالتا بىر ئاق تەنلىكنى جەھەننەمگە ئۇزىتىشى مۇمكىن.

مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ئات ھارۋىسىنى ياسىيالىغىنى بىلەن، ئىككى پۇتىنى ئىشلىتىشتىن مەھرۇم قالدى، ئۇلار بەدىنىنى ھاسا بىلەن تىرىگەن بولسىمۇ، مۇسكۇللىرىنىڭ كېڭىيىپ ـ تارىيىشىدىن كەمدىن ـ كەم پايدىلاندى، بىلىكىدە نەپىس ئىشلەنگەن جەنۋە سائىتى بولغىنى بىلەن، كۈنگە قاراپ ۋاقىتنى پەرق قىلىدىغان ئىقتىدارىنى يوقاتتى، گېرىنارد رەسەتخانىسى ياسىغان كالېندارغا ئېرىشىپ، قانداقلىكى ئۇچۇر كېرەك بولسا تاپالىغىنى بىلەن، كوچىلارنى بىر ئالغان كىشىلەر ئاسماندىكى يۇلتۇزنى تونۇيالماس، ياز ياكى قىشنى، ئەتىياز ۋە كۈزنى كۆزىتىشنى ئۇقماس بولۇپ قالدى. كالېنداردا ھەممە ئايان بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كاللىسىدا ھېچقانداق بەلگە ـ ئىزنا يوق ئىدى، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرى ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى نابۇت قىلدى. كۇتۇپخانا ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى زىيادە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى تاسادىپىي ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانىنى كۆپەيتىۋەتتى، بۇلاردىن ئېھتىمال مۇنداق بىر مەسىلە كېلىپ چىقىدىغاندۇ: «قۇلايلىق ماشىنا بىر خىل توسالغۇمۇ قانداق؟ نەپىسلىكنى قوغلىشىش بىزنى قانداقتۇر بىر غەيرەتتىن مەھرۇم قىلدىمۇ، يوق؟ خرىستىئان دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلەر ۋە شەكىللەر قويىنىغا

تاشلىشى بىلەن قانداقتۇر بىر ياۋايى ھاياتنى كۆچمىزدىن مەھرۇم قالدۇقمۇ، قانداق؟

چۈنكى ستويىك مۇرىتى دېگەن بەربىر ستويىك مۇرىتى-دە؟ بىراق خرىستىئان دىنى خانىدانلىقىدا خرىستىئان مۇرىتى يەنە نەگە بارماقچىدى؟

ئەخلاق ئۆلچىمى ئارىسىدىكى چەتنەش ئېگىزلىك بىلەن ھەجىم ئوتتۇرىسىدىكى چەتنەشتەك ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ بۇرۇنقى دەۋردىكى ئادەملەردىن ئۇلۇغ بولۇشى ناتايىن، بىر دەۋرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدىكى ئۇلۇغلار بىلەن ئاخىرىدىكى ئۇلۇغلار پەقەت ئازراقلا پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچ19-ئەسىردىكى ئىلىم-پەن، سەنئەت، دىن، پەلسەپە قاتارلىقلار 2300-، 2400-يىللار ئىلگىرى پلۇتارچنىڭ قەلىمىدە تەسۋىرلەنگەن ئۇلۇغلاردىنمۇ ئۇلۇغ كىشىلەرنى يارىتىشقا ئامالسىز.

ئىنسانىيەت ھەرگىزمۇ ئالغا قاراپ يۈكسەلمىدى، فوسىيون، سوقرات، ئاناشاگوراس، دىيوجىنىس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ كىشىلەردىندۇر. بىراق ئۇلار بىزگە ھېچقانداق ئۇرۇق(نەسىل) قالدۇرمىدى، گەرچە بەزىلەر ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ ئۇرۇقتىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزىنى بۇ جەمەت نامىدا ئاتىمىدى، بەلكى مۇستەقىل بىر «ئۇرۇق» ياراتتى، يېڭى تەلىمات ياراتتى.

ناۋادا مەلۇم بىر دەۋرنىڭ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە كەشپىياتلىرى ئاشۇ دەۋرچە ياسانمايدىكەن، خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتالمايدۇ، ئىسلاھ قىلىنغان ماشىنىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىق ئاقىۋەتلەر ئۇنىڭ بارلىق شانۇ شەۋكەتلىرىنى يوققا چىقاردى. خۇدسون ۋە بېرىڭ بېلىقچىلىق كېمىسىگە ئولتۇرۇپ شانلىق ئۇتۇقلارنى ياراتالىدى، ئۇلارنىڭ شانۇ شەۋكىتى، پەن-تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ تۈگەتكەن، ئېسىل كىيىنگەن پاررىي ۋە فرانكىلىن نامىلىق پاراخوت ئەترىتىنى ھەيرانۇھەس قالدۇردى. گالىلېي پەقەت دراما كۆرۈشتە ئىشلىتىدىغان ئاددىي بىر دۇربۇن بىلەن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قاتار مۆجىزىلەرنى——ھەيۋەتلىك ھەم سېلىشتۇرغۇسىز ئاسترونومىيىلىك ھادىسىنى ياراتتى، كولومبو بىر دانە پالۇبىسى يوق كىچىك كېمىگە ئولتۇرۇپ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقىدى.



مەلۇم بىر ئارىلىقتا ھامان شاللانغان پېتى ئەسلا ئىشلىتىلمەيدىغان بىر قىسىم ماشىنىلار ۋە قوراللار بولغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە بۇلار بىر نەچچە ياكى بىر نەچچە يۈز يىل مۇقەددەم ماختاشقا سازاۋەر بولغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن، كۆز ئالدىمىزدىلا يۈز بېرىدىغان بۇنداق ئىشلار ئەلۋەتتە بىزنى ھەيرانۇھەس قالدۇرۇشقا يېتىدۇ. ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى بىر ئادەم بولۇپ چىقىشى دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

بىز ھەربىي ئىشلار سەنئىتىدىكى ئىلگىرىلەشنى دائىملا پەن-تېخنىكىغا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز، بىراق ناپولېئون چېدىر تىكىپ جەڭ قىلىپ پۈتكۈل ياۋروپانى ئىستائىتىگە ئالدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ خۇددى لاس كاساس: «بۇ ئىمپېراتورنىڭ قارىشىچە مۇكەممەل ئارمىيە قۇرۇش ھەرگىزمۇ رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئەمەس، ناۋادا قورال، ئوق-دورا، ئاشلىق، جەڭ ھارۋىلىرى ئۈزۈلۈپ قالغۇدەك بولسا، ئەسكەرلەر ھەرگىزمۇ رىملىقلارنىڭ ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ يۇرمەيدۇ، بەلكى قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى قول سېلىپ ئۇن تارتىپ، بولكىنىمۇ ئۆزى پىشۇرۇپ يەيدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك، «قورۇق قول بىلەن، تەقلىدسىز، ھايات-ماماتلىق جەڭ قىلىش» ئېتىقادى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

جەمئىيەت خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ، دولقۇنلار دومىلاپ-دومىلاپ ئالغا قاراپ ئاققىنى بىلەن دېڭىز سۈيى بىر ئىزىدا جىم تۇرىدۇ، ھەربىر قەترە دېڭىز دولقۇنى ھەرگىزمۇ دېڭىز ئويمىنى تەرىپىدىن دېڭىز قىرىغا سوقۇلمايدۇ، ئۇلاردىكى بىردەكلىك پەقەت يۈزەكى كۆرۈنۈش، خالاس.

بۈگۈن، بەزى كىشىلەر دۆلەت قۇردى، بىراق ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چۈشكۈنلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆزدىن يىتتى، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۇنيا شۇنىڭدەك ئۇنى قوغداشقا ئىشلىتىدىغان ھاكىمىيەتكە تايىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تايىنىش روھىنى تىكلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىدۇ، كىشىلەر نەزىرىنى ئۆزىدىن يۆتكەپ، تاشقى شەيئىلەرنى كۆزدىتىشكە قاراتقان ئۇزاق زامانلاردىن بېرى، دىن، ئىلىم-پەن، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى قاتارلىقلارنى مال-مۈلكىنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ قا-

رايدىغان، بۇ خىل ئاپپاراتلارغا قارشى بارلىق ھۇجۇمغا قارشى تۇرىدى-
غان بولدى، چۈنكى ئۇلارچە بۇ مال ـ مۈلۈككە قارىتىلغان ھۇجۇم ئى-
دى، ئۇلار ئۆز ـ ئارا ھۆرمەتنى ئۆلچەشتە ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلى-
كىگە ئەمەس، ئۇنىڭ نېمىسى بارلىقىغا قارىدى، شۇنداقتىمۇ تەربىيە
كۆرگەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز تەبىئىتىگە يېتىۋاشتىن ھۆرمەت
قىلىش تۇيغۇسىدىن، مال ـ دۇنياسىدىن نومۇس قىلدى، بۇرۇن ئېرىش-
كەنلىرىدىن سەسكەندى. ناۋادا بۇ نەرسىلەر مىراسخورلۇق، ھەدىيە ياكى
قانۇنسىز ئۇسۇللار بىلەن ئېرىشكەن تاسادىپىي ئامەت بولسۇن، بۇلارنى
ئۆزىگە تەۋە تەئەللۇقات سۈپىتىدە كۆرمەي، پەقەت ئۇنى بىر چەتكە قو-
يۇپ قويۇشتى، چۈنكى ھازىرچە بىرەر ئۇرۇش ـ تالاش بولۇپ ئۇنى بۇلاپ
كەتكىنى يوق.

بىراق ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ بەزى زۆرۈر نەرسىلەرگە
ئېرىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار لازىم ئېتىدىغىنى رېئال بايلىق، ئۇ
ھەرگىزمۇ ئەزىمەت، زوراۋان، ئىنقىلاب، سۇ ئاپىتى، مۆلدۈر ياكى ۋەي-
ران بولۇش دېگەنلەرگە باقمايدۇ، ئەكسىچە مەڭگۈ ئۆزىگە تايىنىپ دا-
ۋاملىشىدۇ، ئۆزلۈك بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولىدۇ، خۇددى خەلپە
ئەلى:«تەقدىرىڭ سېنى ئىزدىمەكتە، شۇڭا سەن ئۇنىڭغا بولغان ئىند-
تىلىشىڭنى توختات» دەپ ئېيتقاندەك.

بىزنىڭ «تاشقىرىدىكى نەرسىلەر»گە بولغان زىيادە ئىنتىلىشى-
مىز سانغا بولغان قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، پار-
تىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنى ئاچقانسېرى كۆپىيىدۇ، يىغىلىشلارمۇ
كۇنسايىن ئاۋۇپ كېتىدۇ، ھەر بىر يىغىن، يىغىلىشقا ئاسماننى ئۆ-
رۈۋەتكۇدەك دەبدەبىلىك ئاھاڭدا قىلىنغان مۇنداق باياناتنامىلەر ھەمراھ
بولىدۇ: «ئېسىسكىستىن كەلگەن ۋەكىللەر! خامپىشىرلىق ۋەكىل-
لەر!» مىڭلىغان كۆزلەر تىكىلىدۇ، نەچچە مىڭ مۇرە قىمىرلايدۇ، ياش
ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكىدىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلى-
قىنى ھېس قىلىشىدۇ، بۇلارغا ئوخشاش، ئىسلاھاتچىلارمۇ دائىم يىد-
غىن ئاچىدۇ، تالاي ئاۋاز بېرىشلەر، تالاي كېسىم ـ قارارلار...

دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىلەر پەقەت بارلىق تاشقى ياردەمدىن ۋاز
كېچىپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالىسا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك قەيسەرلى-
كىنى، ئەبەدىي مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرەلەيدۇ.



ھەر قېتىم يېڭىياچىدىن بىرى ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغان ۋا-
قىتتا ئۇ ئاجىزلاپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، ئەجەبا بىر ئادەم بىر شەھەر-
چىلىك بولالمامدىغاندۇ؟ توختاۋسىز ئۆزگىرىشچانلىق ئىچىدە باشقى-
لارغا يېلىنماستىن ئۆزىڭىزنى تىرەپ تۇرالايدىغان تۈۋرۈكتىن بىرنى
دەرھال تىكلىيەلمەسسىزمۇ؟

كۆچ ـ قۇۋۋەتنىڭ تۇغما بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيدىغان، ئۆ-
زىنىڭ شۇنچىۋالا ئاجىز بولۇشىدىكى سەۋەبنى باشقىلارغا تايىنىشتىن
ئىزدەيدىغان كىشىلەر مۇشۇنداق ئويغا كەلگەن ھامانلا قىلچە ئىككى-
لەنمەستىن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە تايىنىشقا باشلايدۇ، ئىشلىرىنى
تەرتىپكە سېلىپ، قەددىنى رۇسلايدۇ، ئۆز ۋۇجۇدقا ئۆزى مەسئۇل بو-
لۇپ، مۆجىزە يارىتىشقا تۇتۇنىدۇ، ئەجەبا ئىككى پۇتى بىلەن دەس
تۇرغان ئادەم بېشى بىلەن تىكلىنىپ تەتۈر تۇرغان ئادەمگە قارىغاندا
مۇقىم، تەڭپۇڭ تۇرالمامدىكەن؟

ئىش مۇشۇنداقلا بولىدىكەن، ئاتالمىش «تەقدىر» ئاتلىق نەرسى-
دىن تولۇق پايدىلىنىڭ، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن دو تىكى-
شىپ، ھەممىگە ئېرىشىدۇ ياكى ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى توختىماي ئايلىنىۋاتقان تەقدىر چاقى تەرىپىدىن بەلگىلى-
نىدۇ. شۇنداقتىمۇ چوقۇم بۇنداق ھالال بولمىغان نەرسىلەردىن ۋاز
كېچىپ، خۇدانىڭ سوتچىسى بولمىش «سەۋەب» ۋە «نەتىجە» بىلەن
ئالاقە قىلىشنى باشلاڭ. سىز ئاللىبۇرۇن «قىسمەت» چاقىغا قىسى-
لىپ قالدىڭىز، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايلىنىشىدىن ئەس ـ ھوشى-
ڭىزنى يوقىتىپ يۈرمەڭ. سىياسىي ساھەدىكى مۇۋەپپەقىيەت، كى-
رىمنىڭ كۆپىيىشى، كېسەلدىن خالاس بولۇش، ئۇزۇن ئايرىلغان
دوستنىڭ قايتىپ كېلىشى ياكى باشقا خۇشاللىق ئىشلار سىزنىڭ
روھىڭىزنى ئۇرغۇتالايدۇ. شۇندىلا سىز گۈزەل كېلەچەكنىڭ كۆز ئال-
دىڭىزدىلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز، بىراق سىز ھەرگىزمۇ
مۇنداق بىر پرىنسىپنى شەكىللەندۈرۈۋالماڭ: «ئۆزىڭىزدىن، غالىب-
لىقتىن ئۆزگە ھېچقانداق نەرسە سىزگە خاتىرجەملىك ئەكېلەلمەيدۇ.»

# تەبىئەت ھەققىدە

بىراۋ تەنھا ئۆتۈشنى ئىستىمەك بولسا چوقۇم ئىجتىمائىي ئالاقىنى تەرك قىلغاندەك ئۆز ھۇجرىسىنى تەرك ئېتىشى كېرەك.

مەن كىتاب ئوقۇۋاتقان ۋە يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان چېغىمدا يېنىمدا ھېچكىم بولمىسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا تەنھا ئەمەس، ئادەم تەنھالىق ھوزۇرىدىن راۋۇرۇس بەھرىمەن بولىمەن دەيدىكەن، ئەڭ ياخشىسى يۇلتۇزلارغا قارىغان، جەننەتنىڭ كۆكۈچ نۇرىغا چىلىنىپ ئۆزىنى كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن خالىي تۇرغاندەك ھېس قىلغىنى تۈزۈك.

ئىنسان ھەتتا: «ئەجەبا ئاسمان ئۆز جىسمىدىكى سەلتەنەتلىك ۋە يۈكسەك گۈزەللىكنى بىزگە ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن شۇنچىلىك سۈزۈك بولۇپ كېتەمدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاشقا مەجبۇر بولۇپمۇ قالىدۇ. شەھەر كوچىلىرىدا تۇرۇپ قارىسىڭىز كۆكۈچ نۇر ئاستىدىكى ھەممە نەرسە ئاجايىپ ھەيۋەت ھەم گۈزەل قىياپەتتە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ناۋادا بۇ مىڭ يىلدا بىر قېتىم يولۇقىدىغان مەنزىرە بولسىدى، كىشىلەر مەدھىيىلىمەي ھەم ئەيمەنمەي تۇرالارمىدى، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ شەھىرىگە بولغان مەڭگۈلۈك خاتىرە سۈپىتىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىغان بولارمىدى!

مەيلى قانداقلا بولسۇن، «ئۇلار» ھەر ئاخشىمى گۈزەل پەرىشتە كەبى ئىللىنقلىقى ۋە تەبەسسۇمى بىلەن كائىناتتىكى بارلىق نەرسىگە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

يۇلتۇزلارغا قارايمىز ـ يۇ، بىراق كۆزىمىز يەتمەيدۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ئويغىتىدۇ، ئىشقىلىپ ئىنسانلار تەبىئەتكە ئازراقلا كەڭ قورساق بولسا، تەبىئەت ئۇلارغا غەمخورلۇقىنى ۋە سۆيگۈسىنى سوۋغات قىلىدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئالىيجاناب، ھەرگىزمۇ پەس، شەرمەندە ئەمەس، دۇنيادىكى ئەڭ زېرەك كىشىمۇ ئۇنىڭ سىر ـ مەخپىيەتلىكلىرىنى خورىتىپ تۈگىتەلمەيدۇ. كائىناتنىڭ ھەممە



مۇكەممەللىكىنى بايقىۋالغانلىق بىلەن ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىنىڭ تۈگەپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلۇغ تەبىئەت ھەرگىزمۇ دانىشمەنلەرنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قالمايدۇ، گۈل، ھايۋانات، تاغ جىلغىسى قاتارلىقلار تەبىئەتنىڭ ۋايىغا يەتكەن ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. خۇددى بۇلار ھەمىشە سەبىي باللارغا مىسلىسىز شادلىق ۋە ھوزۇر بېغىشلىيالىغىنىغا ئوخشاش.

بىز ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەبىئەتنى كۆزەتكىنىمىزدە ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلانغىنىمىزدا، شېئىرىي تۇيغۇ تەبىئىي رەۋىشتىلا پەيدا بولىدۇ. ئوخشىمىغان تۈردىكى تەبىئەت جىسىملىرى مۇكەممەل بىر تەبىئىي مەنزىرىنى تەشكىل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا نېمىنىڭ ياغاچچى ئويغان ياغاچ، نېمىنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتقا، سۈرەتلىك تۇيغۇغا تويۇنغان ھاياتلىق مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى ئايرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشىنى ئازدۇرىدىغان مەنزىرىلەر كۆپ ھاللاردا 20 ـ 30 دېھقان قورۇسىغا ئورتاق بولغان كۆرۈنۈش. بۇ بىر پارچە زېمىن مىللىرىنىڭ، ئاۋۇسى بولسا لوكىنىڭ بولسا، ئاۋۇ دەرەخ تەرەپتىكىسى مانىنىڭنىڭ زېمىنى، بۇنداق تەنھا، ئايرىم ـ ئايرىم تۇرغان زېمىن ھەرگىزمۇ مۇكەممەل بىر كۆرۈنۈشنى تەشكىل قىلالمايدۇ. ئۇپۇق سىزىقىدا ئەكس ئەتكەن كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مەنزىرە شۈبھىسىزكى قىممەتلىك بايلىق، بۇ بايلىق پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ شېئىرىي تۇيغۇ ۋە ئەقىل كۆزىگە ئىگە كىشىلەرگە مەنسۇپ، باشقىلار بۇنىڭغا ئامالسىز. بىراق بۇ قورۇقلاردىكى ئەڭ قىممەتكە ئىگە نەرسە — شېئىر ئېكىنزارلارنىڭ يەر ھۆججىتىگە ئەسلا پۈتۈلۈپ باقمىغان.

گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، چوڭلار ئىچىدە تەبىئەتنىڭ ماھىيىتىنى ئاڭقىرالايدىغانلار بەك ئاز، كۆپىنچە كىشىلەر قۇياشتىن ھەقىقىي ھوزۇرلىنىپ باقمىغان، چوڭلارنىڭ نەزىرىدە قۇياش كۆپ ھاللاردا غىل ـ پال قىلىپ يوقاپ كەتكىنى بىلەن، باللارنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ئۆتۈپ، قەلبىنى يورۇتالايدۇ. قارىماققا، ئىچكى دۇنياسى ۋە ھېسسىياتى بىردەك ماسلاشقان كىشىلەرلا تەبىئەتنى چىن يۈرىكىدىن سۆيەلەيدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇلار ھەتتا چوڭ بولغاندىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا با-

لىلارچە ساپ ھېسسىياتىنى ساقلاپ قالايدۇ، قەلبى ھەر زامان ئاسمان - زېمىن بىلەن بىللە بولىدۇ. پەقەت ئۇلۇغ تەبىئەت بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرسىلا قەلبىدىكى مالالچىلىقلار ۋە ھەسرەتلەرنى ئۇنتۇپ، ئىختىيارسىز رەۋىشتە چەكسىز شادلىققا چۆمەلەيدۇ، ئۇلار تەبىئەت ئاپىرىدە قىلغان ھاياتلىقتىن، پەقەت تەبىئەتتىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئېيتقىلى بولمايدىغان تۇرلۇك - تۇمەن ھەسرەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلىيالايدىغان «سەزگۈ» سىنى يوقىتىۋەتمەيدۇ. پەقەت ھاۋا ئۇچۇق كۈنلەردە، ياز كۈنلىرىدىلا ئەمەس بەلكى ھەر بىر پەيتتە، ھەر بىر پەسىل ئۇلارغا خۇشال كەيپىيات بەخش ئېتەلەيدۇ. تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرى قۇلاقتىن كەتمەيدىغان كەچقۇرۇندىن تارتىپ، تىمتاس تۈن كېچىگىچە، ھەر بىر دەقىقە، ھەر بىر ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا كىشىلەرنىڭ روھىي - كەيپىياتىغا ماسلىشىپ بېرەلەيدۇ.

كائىنات كىشىلەرگە شاد - خۇرام كەيپىيات ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا ھەسرەت - نادامەتلىك تراگېدىك كەيپىياتمۇ سوۋغا قىلالايدۇ، كىشىلەر روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ۋاقتىدا، سۇبھى ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق، قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاسمان ئۇلارغا ھېچقانداق تۇيۇلمايدۇ. گەرچە قەلبىمىز ھېچقانداق ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىنى تۇيمىغان بولسىمۇ يەنىلا خاتىرجەم ۋە خۇشال تۇرالايمىز، ھەتتا ۋەھىمە گىرۋەكلىرىگە دەسسەپ تۇرۇپمۇ خۇشال بولۇشىمىز مۇمكىن. ئورمانلىقتا ئۇزۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولۇشى، ئازاب - ئوقۇبەت قويىنىدىن يىلان قاسىراق تاشلىغانغا ئوخشاش قەدەممۇ قەدەم قۇتۇلۇپ چىقىشى، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ قەلبى بالىلاردەك تۇرۇشى مۇمكىن. ئورمانلىقتىكى ھايات كىشىنى مەڭگۈ ياشارتىپ تۇرىدۇ، خۇدانىڭ بۇ ئورمىنى قوينىدا، قانداقتۇر بىر خىل مەردانە ۋە مۇقەددەس ھىد ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى پائالىيەت خۇددى مەڭگۈ ئاياغلاشمايدىغان كاتتا بايرامغا ئوخشايدۇ، مېھمانلار بۇ يەردە بىرەر مىڭ يىل تۇرۇۋەتسىمۇ زېرىكىپ قالمايدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، كىشىلىك دۇنياسىدىكى بارلىق رەزىللىكلەر بۇ يەردە تىرىلىشكە ئىلاجسىز، بۇ يەردە شەرمەندىچىلىك، بالايىئاپەت مەۋجۇت ئەمەس، بىراق مەن خاتالىشىپتىمەن، ئۇلۇغ كائىناتمۇ بۇنىڭغا نائىلاجدەك قىلىدۇ.



قاقاس دالىدا تۇرغىنىمدا ئوي - خىياللىرىم ساپ ھاۋادا يۈيۈنۈپ چەكسىز بىر بوشلۇققا — شەخسىيەتچىلىك ۋە ئەبجەش خىياللاردىن خالىي مەنزىلگە قاراپ كۆتۈرۈلدى. مەن سۈپسۈزۈك بىر كۆز ئالمىسىغا ئايلىنىپ قالدىم، ياق، مەن ھېچنېمە ئەمەس، شۇنداقتىمۇ مەن بارچە كائىناتنى ئېنىقى بىلەن كۆرەلىدىم، ھەممىگە ئورتاق ئوي - خىياللار ۋۇجۇدۇمغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى، مەن خۇدانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتىم، ئەڭ يېقىن دوستۇمنىڭ ئىسمىمۇ ماڭا شۇنچىلىك يات ۋە بۆلەكچە ئاڭلىناتتى، قېرىنداش، تونۇش - بىلىشلەر، خوجايىن ياكى مالاي دېگەنلەر مەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس، قورقمىسىمۇ بولىدىغان ئاۋارىچىلىك بولۇپ كەتكەنىدى.

مەن چەكسىز ھەم ئەبەدىي گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىمەن، مەن قاقاس دالىدىكى مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ئاۋات شەھەر ۋە بازارلاردىكىلەردىنمۇ بەكرەك ئىللىقلىقىنى، يېقىنلىقىنى بايقىدىم. جىمجىت دالا، ئۇپۇق سىزىقىنى باغاشلاپ تۇرغان مەنزىرە ئىنسانلارغا ئۆز تەبىئىتىگە ئوخشاشلا گۈزەل نەرسىلەرنى ئاتا قىلالايدۇ.

دالا ۋە ئورمانلىق كىشىلەرگە ئاجايىپ شادلىق ئاتا قىلالايدۇ، بۇ شادلىقتا ئىنسانلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان سىرلىق ئالاقە ئەكس ئېتىدۇ. بۇ يەردە بىز ھەرگىزمۇ تەنھالىق ھېس قىلمايمىز، غەمخورلۇققىمۇ ئېرىشىمىز، ئۇ ماڭا قول پۇلاڭلاتقانىدى، مەنمۇ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم، شامالدا قاراسلاپ كەتكەن دەرەخ ماڭا ھەم سىرلىق ھەم تونۇش كۆرۈندى، ھەم ھەسرەتلەندىم، ھەم ئۇمىدكە تولدۇم، بىراق بۇلارنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. ئەلۋەتتە، نەتىجىدە، مەيلى قانچىلىك بويۇنتاۋلىق قىلمايلى، بىزنىڭ ھەمىشە قانداقتۇر يۈكسەك ئىدىيە ۋە گۈزەل ھېسسىياتقا ئەل بولغىنىمىز بولغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، كىشىنى شۇنچىۋالا يايرىتىدىغان بۇنداق كۈچ - قۇۋۋەت ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ تەئەللۇقاتى بولماستىن بەلكى، ئىنسانىيەتنى مەنبە قىلغان ياكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ گارمونىيەسىدىن بارلىققا كەلگەن، ئىنسانلار چوقۇم بۇ بايلىقنى ئۆزىنى تىزگىنلىگەن ئاساستا پايدىلىنىشى كېرەك. چۈنكى تەبىئەت دائىم بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىۋەرمەيدۇ، تۇنۇگۇنلا خۇشبۇي ھىد ۋە

رەڭگارەڭ نۇر تارتىپ تۇرغان تىئېنسۇن باغچىسى بۈگۈن سولغان،
پەرىشان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. تەبىئەتتىمۇ ھېسداشلىق كۆڭلى بار، ئا-
زاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئېغىر ئەمگەككە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئەم-
گەكچىلەرنىڭ پەرىشان ۋە سولغۇن بولۇشتىن ياكى غەزەپ چېقىنلى-
رىدا چېقىلىشتىن ساقلانمىقى تەس. بايىلا دىلكەش دوستىنى ئۆلۈم
پەرىشتىسىگە تارتقۇزۇپ قويغان كىشىنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر پەرد-
شانلىقنىڭ، مۇدھىشلىكىنىڭ ئەسرا قىلمىقى تەبىئىي، دەل مۇشۇ
پەيتتە ھەتتا ئاسمان بۇلۇت كەينىگە مۆكۈنۈپ ئۆزىنىڭ مىسلىسىز
سۈزۈك، ئۇلۇغ قىياپىتىنى يوشۇرىدۇ.



# ئامېرىكا ئالىملىرى (ئۆلىمالىرى)

***(بۇ ئېمېرسوننىڭ 1837 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خارۋارد
ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقى، نۇتۇق مەدەنىيەت، ئىدىيە ساھە-
سىدە غايەت زور تەسىر قوزغاپ، ئامېرىكا ئىلىم ساھەسىدە «مۇس-
تەقىللىق خىتابنامىسى» دەپ تەرىپلەنگەن)***

پرېزىدېنت ئەپەندى، ھەرقايسىڭلار:

يەنە بىر ئەدەبىيات يىلى باشلىنىش ھارپىسىدا، سىلەرگە
سەممىي ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئۆتمۈشتىكى بىر يىلىمىز
ئۈمىد ـ ئارزۇغا تولغان، بىراق تىرىشچانلىقىمىز يەنىلا يېتەرلىك
بولمىغان بىر يىل بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىز
ھەرگىزمۇ قەدىمكى رىملىقلارنىڭكىگە ئوخشاش پەقەتلا كۈچ ۋە
ماھارەت سىنىشىش ياكى ئېپوس، تراگېدىيە ياكى قەسىدە دېكلامات-
سىيە قىلىش يىغىلىشى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بىز ھەم
ئوتتۇرا ئەسىردىكى شېئىر ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش مۇھەببەت
ياكى سۆيگۈ ئۈچۈن يىغىلمىدۇق، بىزنىڭ يىغىلىشىمىز بۈگۈنكى
دەۋر ئەنگلىيە ۋە ياۋروپا قىتئەسىدىكى ھەر قايسى پايتەختلەردىكى
دەۋرداشلارنىڭ ئىلىم ـ پەننىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن
يىغىلىشلىرىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھالا بۈگۈندىكى بۇ يىغىلىش
مۇراسىمىمىز پەقەت ۋە پەقەت قەدىناسلىق، دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنىڭ
سىمۋولى، بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ئەدەبىي
ئىجادىيەتكە مەيلى بولمىغىنى بىلەن، ئەدەبىياتقا بولغان
قىزغىن مۇھەببىتىنى ھېلىھەم ساقلاپ كەلگەنلىكىنى

ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە مۇشۇنداق بولغانىكەن، بۇ سىمۋول ئەزىزلىنىشكە، خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي مەيلىنى يوقاتقىلى بولمىغانغا ئوخشاش قەدىرلىنىشكە موھتاج. بەلكىم بۇنداق دەۋر ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەندۇ، شۇڭا بۇمۇ يەنە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشى، يېڭىلىنىشقا ئېرىشىشى كېرەك. بۇنداق بىر دەۋردە، ئۇشبۇ چوڭ قورۇقلۇقنىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا پاتقان روھى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ، بۇ دەۋر تەشنا بولغىنىغا ئۇزۇن بولغان سوۋغىنى تەقدىم قىلدى. بۇ تۆھپە ماشىنا تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىدىنمۇ ئېشىپ كېتەلەيدىغان كەشپىياتتۇر. باشقىلارغا تايىنىدىغان كۆنلىرىمىز، باشقا ئەللەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن ئۆگىنىدىغان شاگىرتلىق دەۋرىمىز ئاخىرى ئاياغلاشتى. بىزنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا قاراپ ئاتلىنىشىمىزغا ھەمدەم بولۇۋاتقان مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىز ئەمدى ھەرگىزمۇ يات ئەل ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشلىتىپ ئالغان كونا ئاشلىققا رازى بولۇپ يۈرمەيدۇ. يېپيېڭى ئىش ۋە پائالىيەتلەر يۈز بېرىۋاتماقتا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك، ئۇلارمۇ ئۆزىنى كۈيلەشكە موھتاج، يېڭى شېئىرىيەتنىڭ بېپايىدىن گۈللىنىدىغانلىقىدىن، خۇددى ئاسترونوملارنىڭ بېشارىتىدەك يېڭى بىر دەۋرگە تەشنا بولىدىغانلىقىدىن كىممۇ شۈبھىلىنەلىسۇن؟! بىزنىڭ ئاسمان گۈمبىزىدىكى لىرا يۇلتۇزلىرىمىز چوقۇم تالاي مىڭ يىللار ئۆچمەيدىغان يېڭى شىمالى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئايلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئۈمىدنى قۇچاقلاپ تۇرغىنىمچە بۇ تېمىنى—مەيلى سۆز ئىشلىتىش، مەيلى دەۋرىمىز ۋە تەشكىلىمىزنىڭ خاراكتېرى ئېھتىياجى تەرەپتىن بەلگىلىنىپ چىققان بولسۇن، «ئامېرىكا ئالىملىرى»دېگەن تېمىدىكى نۇتۇقنى قوبۇل كۆردۇم.

دەۋر ئۆزگەرمەكتە، بىز بۇ يەرگە ئۇنىڭ تەزكىرىسىدىكى يېڭى



بىر سەھىپىنى ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق، يېڭى دەۋر ۋە يېڭى ئىشلارنىڭ ئۆز خاراكتېرى ۋە ئارزۇسىنى قانداق نۇرلاندۇرغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشۈمگە ئىجازەت قىلىڭلار.

ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن بىر مەسەل بولۇپ، ئۇنىڭغا بىز ئويلاپ يېتەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى ئەقىل - پاراسەت مۇجەسسەملەنگەن، بۇ مەسەلدە: «ئالەم بىنا قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا تەڭرى بىر ئادەمنى خالايىق قىلىپ سايلاپ، خۇددى بارماقلارنى ئايرىۋەتسە قولنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەتكىلى بولغاندەك ئۇنى ئۆز ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت ئالالايدىغان قىلماقچى بولغان» لىقىدەك مەزمۇن سۆزلەنگەن.

قەدىمكى بۇ مەسەلدە مەڭگۈ يېڭى ھەم يۈكسەك تۇرىدىغان مۇنداق بىر ئېتىقاد مۇجەسسەملەنگەن: «ئادەم» بارلىق ئالاھىدە شەخسلەر ئارىسىدا قىسمەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ياكى مەلۇم بىر خىل تەبىئىي تالانت ئارقىلىق نامايان بولىدۇ، پەقەت پۈتكۈل جەمئىيەتنى كۆزەتكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنى تولۇق تاپقىلى بولىدۇ.»

بۇ يەردىكى «ئادەم» دېھقانمۇ، پروفېسسور، ئىنژېنېرمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يىغىندىسى، «شەخس» بىر دىن تارقاتقۇچى، ئۇ بىر ئالىم، سىياسەتشۇناس، ئۇ ئىشلەپ چىقارغۇچى ياكى جەڭچى. بۇنداق ئىقتىدارلار ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى مەۋجۇت جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان شەخسكە ئاز - ئازدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، ھەر بىر شەخس بىر گەۋدە ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ بىر بۆلۈك ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ پېشانىسىگە ئۆزىگە خاس كەسىپ پۈتۈلگەن بولىدۇ.

بۇ مەسەل بىزگە يەنە مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىدۇ: «شەخس» ھېلىقى «ئادەم» بولۇشنى سىناپ باقماقچى بولسا چوقۇم ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھېلىقى گەۋدىدىكى باشقا قىسىملارغا قوشۇلۇشى

كېرەك، بىراق ئېچىنارلىقى شۇكى، بۇ ئىپتىدائىي قۇرۇلمىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت بۇلىقى ئاللىبۇرۇن باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن، ھەتتا شۇنداق ئىنچىكە تەقسىملىنىپ بولاق ئېقىنلارغا ئايرىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئۇلارنى ئەسلا قوشقىلى بولمايتتى، بۇ خىل جەمئىيەت تۈزۈلمىسى خۇددى ئايرىم ئەزالارنىڭ پۈتۈن بىر گەۋدىدىن ئايرىلىشىغا ئوخشايتتى، بەئەينى پۈتۈنسۈرۈك بىر بارماق، بىر بويۇن، بىر ئاشقازان، بىر قولتۇق دېگەندەك، بەئەينى ئىزىتقۇدەك ھەممە يەرنى چارلاپ چىقسىڭىزمۇ بىرمۇ مۇكەممەل ئادەمنى كۆرەلمەسلىكىڭىز دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئادەم مۇشۇ ۋەجىدىن تۈرلۈك شەيئىلەرگە، شەكىل ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشى ياساپ تۈرلۈك ـ تۈمەن ھايۋاناتقا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. دېھقاننىڭ خىزمىتى ئېتىزغا بېرىپ، يېمەكلىك يىغىش، بىراق ئۇ بۇنداق ئالىيجاناب ئىشى ئۈچۈن مەدھىيىلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆرەلەيدىغىنى سېۋەت ۋە قول ھارۋىسى، شۇنداق قىلىپ ئۇ مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈلۈپ «دېھقان» بولۇپ قالدى، «ئادەم» غايىب بولدى. سودىگەرلەر ئەزەلدىن ئۆز كەسپىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ھېس قىلىپ باقمىغان، ئۇ ئۆز كەسپىنىڭ ئاز ـ ئازدىن چۈشۈۋاتقان تامچە سۇلىرى ئارىسىدا روھىنى پۇلغا تېگىشىۋېتىدۇ، پوپلار شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى، ئادۋوكاتلار بولسا ئۆلۈك قانۇن قامۇسى، ئىنژېنېردا سۈپەت ئۆزگىرىشى روي بېرىپ ماشىنىغا ئايلىنىپ قالدى، ماتروس پەقەت پاراخوتنىڭ سىيرىلما ئارقان، خالاس.

بۇنداق ئىش تەقسىماتى جەريانىدا ئالىملار (ئۆلىمالار) ئىلىمنىڭ ۋەكىللىرى قىلىنىپ ئايرىلدى، نورمال ئەھۋال ئاستىدا ئۇ بىر «ئادەم»، ئۇ تەپەككۇر قىلىۋاتىدۇ، نۆۋەتتە ئۇ چېكىنگەن (سۈپەت ئۆزگىرىشى ياسىغان) ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن كەسىپ تەقسىملىۋېتىلگەن



جەمئىيەتنىڭ قۇربانلىق بۇيۇمى بولالىدى، خالاس. ئۇ پەقەتلا بىر «خىيالپەرەس»، تېخىمۇ يامىنى كەلسە ئۆز خىياللىرىنىڭ دورامچى شاتۇتى.

«خىيالپەرەس» سۈپىتىدىكى ئالىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، تەبىئەت ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى، دەۋەتلىك كارتىنىلىرى بەدىلىگە ئۇنى ئىلھاملاندۇرماقتا، نېمىلەرگىدۇر دەۋەت قىلماقتا، تارىخ ئۇنى تەربىيىلىسە، كەلگۈسى ئۇنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئەجەبا ھەممىلا كىشى ئىلىم ئەھلى بولالامدۇ؟ ئەجەبا ئەتراپىمىزدىكى ھەممىلا نەرسە ئىلىمگە پايدىلىقمىدۇ؟ ئەجەبا تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھەر بىر ھەقىقىي ئالىم راستىنىلا سېپى ئۆزىدىن ئالىم بولالىغانمىدۇ؟

مەيلى نېمىلا بولسۇن، يەنىلا مۇنۇ قەدىمىي ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىسىڭىزدىن چىقىرىۋەتمە: «بارچە شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ، ئۇنىڭ نۇقسانلىق تەرىپىدىن ئېھتىيات قىل.»

تۇرمۇشىمىزدا، ئالىملار كىشىلەردىكى ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇشنى خاتا تەرەپكە يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدەك ئىشلار بىز ئۈچۈن ئانچە چوڭ يېڭىلىق ئەمەس، ئۇنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۇ ئۇچرىغان تەسىرگە ئاساسلىنىپ بىرنېمە دېيىشىمىزگە ئىجازەت بەرگەيسىلەر.

## 1

تەبىئەتنىڭ ئىنسان روھىغا بولغان تەسىرى تولىمۇ مۇھىم، ھەر كۈنى كۈن چىقىدۇ، كۈن پاتىدۇ، كېچە ۋە كۈندۈز ئالمىشىدۇ، شاماللار ھۇشقۇتىدۇ، ياپيېشىل مايسىلار ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ھەر كۈنى، ئەرلەر، ئاياللار مۇڭدىشىدۇ، ئۆزئارا بېقىشىدۇ، كۆيۈنۈشىدۇ، ئالىملارمۇ بۇ مەنزىرىلەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. قىممەت سىستېمىسى مانا مۇشۇ يەردە يىلتىزلىنىدۇ، تەبىئەت ئالىم ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنىڭ يا بېشى يا ئايىغى يوق، چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، تەڭرى بەرپا قىلغان ئۈزۈلمەس بىر تور، تەكرار ئايلىنىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا قايتىپ كېلىدۇ، بۇ ئەھۋال ئالىملارنىڭ روھى ئەسلىيلىكى بىلەن ئوخشىشىدۇ، ئۇنىڭ باشلىنىشى

ۋە نەتىجىسىنى كۆزەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ شۇنچىۋالا مۇكەممەل، بىراق ئۇنىڭغا نوختىا سىلىشىڭىز يوق گەپ. ئۇ يېقىنمۇ ئەمەس، يىراقمۇ ئەمەس، تەبىئەتنىڭ نۇرى ھەر بىر سىستېمىنى چاقنىتىپ، پارلاق نۇرلارنى چاچقۇزۇپ تۇرىدۇ. بۇ نۇرلار ھېلى ئاستىن، ھېلى ئۈستۈن بولۇپ چېچىلىدۇ، مەركىزىمۇ يوق، چەك - چېگراسىز، مەيلى غايەت زور شەيئى بولسۇن ياكى كىچىككىنە جانلىق بولسۇن بۇ ئەھۋال ھەممىگە ئوخشاش.

تەبىئەت ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئۆز ئەكسىنى ئۇچقاندەك نامايان قىلدى، ئۇقۇملارنى تۈرگە ئايرىش باشلىنىپ كەتتى. ياش بىر قەلبكە نىسبەتەن شەيئى بولسا «ئايرىملىق»، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يوق، بىراق كېيىنچە ئىككى شەيئىنى بىرلەشتۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقىنى بايقىغىلى بولىدىغانلىقى تەدرىجىي بايقىلىپ قالدى، ئارقىدىنلا ئۈچىنچى شەيئىدىن تارتىپ ئۈچ مىڭىنچى شەيئىگىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىقمۇ بايقاپ ئۆتۈلدى، كاللىنىڭ (مېڭىنىڭ) بىردەكلەشتۈرۈلگەن تۇغما ئالاھىدىلىكى ئۇنى ئىشلارنى بىر - بىرىگە چېتىشتۇرۇشقا ئۈندىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۈپ يىلتىزنى بايقىدى، مۇشۇنىڭ بەرىكىتىدىن ئۆزئارا كېلەشەلمەيدىغان، ئارىلىقى يىراق ئىشلارمۇ بىر - بىرىگە چېتىلىپ، گۈلگە ئوخشاش بىر شاختا پورەكلەپ ئېچىلدى.

قەلبىمىز جەزمەن چوقۇم تارىخ سەھىپىسى باشلانغاندىن بۇيان پاكىتلارنى توپلاش ۋە تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. بىراق، ناۋادا شەيئىدىكى قانۇنىيەتچانلىقنى ۋە بىلىشچانلىق قارىشى، ئېتىقادى بولمايدىكەن ياكى ياراتقۇچىدىكى ئوبيېكتىپلىق ئۇنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا خوجايىنلىق قىلىدىغان قاراش شەكىللەنمىگەنىدە ئىدى، تۈرگە ئايرىشتىن گەپ ئاچقىلى بولمىغان بولاتتى.

ئاسترونوملار گېئومېترىيىدىن ئىبارەت ئادەم مېڭىسىنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇلغان مەھسۇلىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئىنسانلار سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەخمىن قىلالايدىغان بولدى، خىمىكلار ماددا ئىچىدىن سېلىشتۇرما مۇناسىۋەت ۋە قىياسچانلىقنى بايقاپ



چىقتى. ئىلىم - پەن مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىگە يىراق كېلىدىغان شەيئىلەر ئىچىدىن ئوخشاشلىق ۋە ئايرىملىقنى بايقايدۇ. يۈكسەك ئىرادىگە ئىگە بىر كىشى يېشىش قىيىن بولغان ھەر بىر ئىشقا دۇچ كەلگىنىدە، ئالدى بىلەن شۇ شەيئىدىكى باشقىچە قۇرۇلما، ئاجايىپ بىر كۆچنى تۈرلەرگە ئايرىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، كۆزىتىش قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ بايقاپ چىققان ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تالا ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇۋېتىدۇ.

شۇنداق، ئۇنىڭغا، ئاسمان گۈمبىزىدە تۇرغان ئاۋۇ بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزى ۋە ئاسمان گۈمبىزى ئوتتۇرىسىدىكى مەنبەداشلىقنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىرى يوپۇرماق، بىرى گۈل ئىدى، ئۆزئارا ئالاقە ۋە ھېسسىيات ھەر بىر تال يوپۇرماق تومۇرىدا ئوقچۇيتتى. ئۇنداقتا ئاۋۇ يىلتىز سىستېمىسىچۇ؟ ئاۋۇ روھ ئۇنىڭ روھى ئەمەسمۇ؟ قاپ يۈرەك بىر ئېتىقاد، ئاجايىپ - غارايىپ بىر چۈش ...

بىراق ئۇ (ئالىم) بۇ مۇقەددەس نۇرغا پۈركەنگەن شۇ دەمدىلا دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئاشكارىلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى بايقايسىز. تۈنۈگۈن بىز سەجدە قىلغان، بۈگۈن بىز بىلگەن تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ غايەت زور قوللىرىغا تۇنجى قېتىم تېگىش (تۇتۇش ئەمەس) ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن شۇ دەقىقىدە، ئۇ ئاشۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان بىلىم ئالەمىنى ئىزدەپ ماڭىدۇ، ئۇ ئىزدىگەن مەنزىل ئۇنى تۈرتۈپ، ئۇنىڭ ياراتقۇچىغا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئىنسانىيەت قەلبىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئىكەنلىكىنى، بىرىنىڭ مۆھۈر، بىرىنىڭ ئويما خەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ، كائىناتنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ گۈزەللىكىدەكلا گۈزەل، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قانۇنىيىتى، مۇشۇنداق بولغانىكەن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئۆلچىمى، ئۇ تەبىئەت ھەققىدە قانچىلىك ساۋاتسىز بولسا، ئۇ ئۆزى ھەققىدىمۇ شۇنچىلىك ئاڭقاۋ.

مۇنداقچە ئېيتساق، «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ» دېگەندەك، قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ ئەقلىيەسى بولغان «ئۆزۈڭنى تونۇ» بىلەن بۈگۈننىڭ پاراسىتى بولغان «كائىناتنى تەتقىق قىل» بىر نەرسە بولۇپ

چىقتى.

## 2

ئالىملارنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسەتمىگەن ئىككىنچى چوڭ ئامىل — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق شەكىلدىكى ئەدەبىيات، سەنئەت ياكى تۈزۈلمە قاتارلىق ئېگىمىز ئۇچراشقانلىكى ئىدىيىلەردۇر، كىتاب دەل بۇ خىل تارىخىي تەسىرنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلىدۇر. ئېھتىمال بىز بۇ خىل تەسىرنىڭ قىممىتىگە باھا بەرمەكچى، سالمىقىنى چۈشەنمەكچى بولغىنىمىزدا بىۋاسىتىلا ئۇنىڭ (كىتابنىڭ) ماھىيىتىنى تۇتۇشىمىز مۇمكىن.

ئالىيجانابلىق كىتابنىڭ قائىدىسىدۇر، قەدىمكى دەۋردىكى تۇنجى ئالىم ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان ھەمدە تەپەككۇر قىلىشنى باشلىغان، ئارقىدىنلا بۇلارنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرگىنى تۇرمۇش بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن ھەقىقىي بىلىشكە ئېرىشكەن، بىراق ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرگىنى كۆزنى - يۇمۇپ ئاچقۇچىلا يوقاپ كېتىدىغان نەرسىلەر ئىدى، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن ئۆلمەس ئىدىيىلەر ئىختىرا بولغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا قوبۇلغىنى كۈندىلىك پائالىيەت ئىدى، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغىنى شېئىر بولدى، ئىلگىرى ئۆلۈك، قاتمال بولغان ئىدىيە - پىكىرلەر بىردەمدىلا جانلىق ئىدىيىلەرگە ئۆزگەردى، بۇ ئىدىيىلەر سۇكۇتتە تۇرۇشىمۇ ياكى ئالغا يۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى، ئۇ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى، ئۇ پەرۋاز قىلىشقا، زوقلاندۇرغۇچى كۈچ پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدە تەۋەللۇت بولغان يۈكسەك چوڭقۇرلۇق بىلەن ئۆز - ئارا ماسلىشىپ، تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈشكە، ناخشىسىنى تېخىمۇ بەكرەك توۋلاشقا باشلىدى.

ئېھتىمال بۇ مېنىڭ قارىشىمدۇ، ئىدىيىنىڭ ساقلىنىشچانلىقى ۋە تەسىرچانلىقى كىشىلىك ھاياتنى مۇشۇ جەرياننى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلەيدىغان يۈكسەكلىك ۋە مەڭگۈلۈككە ئايلاندۇرۇشقا تايىنىدۇ. دىستىللەپ ئايرىش قانچە تەلتۆكۈس ئېلىپ بېرىلسا، مەھسۇلاتنىڭ ساپلىق دەرىجىسىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بىراق، مۇتلەق



مۇكەممەللىك ھەرگىزمۇ مەۋجۇت ئەمەس، بۇ خۇددى مۇتلەق ۋاكۇئۇملۇق ۋاكۇئۇم پومپىسى ھاسىل قىلغىلى بولمىغاندەكلا بىر ئىش. شۇڭا مۇكەممەل سەنئەتكارمۇ مەۋجۇت ئەمەس، بەلكىم ئۇ كىتابىدا ئىدىمىي قائىدىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، بارلىق چەكلىمىلىكلەرنى بۇزۇپ تاشلىيالىغانلىقى بىلەن ئۆلمەس ئاتالغاندۇ. بىراق ئۇ ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ بىز ئېيتقاندىكىدەك ئۇنداق كىتابنى تاماملىيالمايدۇ، ئېھتىمال كىتابىتىكى بىر قىسىم ساپ ئىدىيىلەر كېيىنكى ئەۋلادلارغا، شۇنىڭدەك ئەينى دەۋر كىشىلىرىگە پايدىلىقتۇ، بىراق بۇ خىل تەسىرگە كېيىنكى ئەۋلادلار نېمە دەيدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئېنىق ئەمەس.

كىشىلەر ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىنىڭ كىتابىنى يېزىپ چىقىدىغانلىقىنى بايقاشتى، بۇ ئەلۋەتتە ھەر بىر دەۋر كېيىنكى بىر دەۋر ئۈچۈن كىتاب يېزىپ بەردى، دېگەن بىلەن ئوخشىمايدۇ. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى كىتابلار بۈگۈنكى ۋاقىتتا ئىشلىتىلمەيۋاتىدۇ، بىراق بۇنداق قىلىشنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك سەۋەنلىككە يول قويۇشى تۇرغان گەپ. ھەرىكەتنى، يەنى ئىدىيىنىڭ ھەرىكىتىنى ئىختىرا قىلىش ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان مۇقەددەسلىكى تەرىپىدىن خاتىرىلىنىدۇ.

«ئاۋۇ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى شائىر ‹پەيغەمبەر› دەپ تونۇلۇپ، شېئىرلىرىمۇ ‹مۇقەددەس› دەپ تەرىپلەندى، بۇ يازغۇچى دۇرۇس ھەم زېرەك قەلبكە ئىگە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كىتابىمۇ جەزمەن ئېيۋەن، قۇسۇردىن خالىي.»

بۇنداق باھالاش ئەمەلىيەتتە قەھرىماننىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىش، مۇھەببەتنىڭ ئۇنىڭ ھەيكىلىگە سەجدە قىلىشقا ئۆزگىرىپ كېتىشىدەكلا بىر ئىش. مۇشۇنداقلا بولىدىكەن، كىتابمۇ شۇ ھامان زىيانلىق قەغەزگە، يولباشچى بولسا زالىم پادىشاھقا ئايلىنىپ قالغاندەك ئىش يۈز بېرىدۇ. ئاممىنىڭ چۈشەنمەك تەس بولغان كۆڭلى بارا - بارا ئەقلىنى تېپىپ، ئەينى ھەقىقەتتىن خەۋەر تاپقان ھامانلا كىتابنى قوبۇل قىلىدۇ - دە، ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە مەستانە بولۇپ يۈرىدۇ، ھەرقانداق ئوخشىمىغان پىكىرلەرمۇ نەرە تارتىپ بېقىپ توختاپ قالىدۇ.

ئىنستىتۇت، ئاكادېمىيىلەر ئالدىن بىلىنگەن ئەقلىيلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ، ئەقلىيلىقنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ يېزىپ

چىقىش مۇتەپەككۇرلارنىڭ ( ھەرگىزمۇ تەپەككۇر قىلالايدىغانلارنىڭ
ئەمەس، بەلكى تالانتى بارلارنىڭ) قولىدىن كېلىدۇ.

بىراق ئۇلار ئىشنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا خاتا قىلدى، ئىشنى ئۆزد-
نىڭ ئاشۇ قائىدىلەرگە نىسبەتەن مۇستەقىل قارىشىدىن باشلىماستىن
دوگما قائىدىلەرنى قوبۇل قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشتىن
باشلىدى. مۇلايىم ياشلار كۇتۇپخانىدا چوڭ بولۇشقا باشلىدى، ئۇلار
ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ سىسېرو، لوك ۋە باكونلارنىڭ كۆز قا-
راشلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرگەن بىلەن،
سىسېرو، لوك، باكونلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرىنى يېزىۋاتقان
چاغدا ھەرگىزمۇ كۇتۇپخانىدىكى ياشلار ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قې-
لىشقانىدى.

ئۆزىنى «تەپەككۇر قىلغۇچى» نىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن كىشىلەر
بىزنى بىر توپ «كىتاب قۇرتلىرى»غا خوجايىن قىلىشىدۇ، شۇنداق
قىلىپ دۆۋە ـ دۆۋە كىتابلارنى قولتۇقلىۋالغان تەبىقە شەكىللىنىدۇ.
ئۇلار كىتابنى قەدىرلەيدۇ، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن تەبىئەت ياكى جەم-
ئىيەت تۇزۇلمىسىدە باغلىنىش ھاسىل بولمايدۇ، كىتاب پەقەت تەبى-
ئەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سىرتىدىكى ئۇچىنچى بىر مۇقىم
مۇلۇككە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۇرلۇك شەكىلدىكى تۇزگۇ-
چىلەر، تۇزەتكۇچىلەر ۋە كىتاب ساراڭلىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

كىتابنى دەل جايىدا ئىشلىتىش ياخشى ئىش، ئەكسىچە بولسا
ئەڭ ناچار ئىشتۇر، دەل جايىدا ئىشلىتىش دېگەن زادى نېمە؟ كىتاب
ئوقۇشتىكى مەقسەتچۇ؟ تۇرلۇك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ تەسىرنى
چېكىگە يەتكۇزۇش زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

«قەلبنى ئويغىتىش»، بۇنىڭدىن باشقا جاۋاب يوق. ناۋادا مەن
كىتابنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، ئىدىيەم كىتاب تەرىپىدىن ئاسارەتكە
ئېلىنىۋېلىنسا، ئۆز ئوربىتامنى چۆرگىلەپ ھەرىكەت قىلىشقا ئىلاجىسىز
قېلىپ، ئۆزلۇكۇمنىڭ يۇلتۇز سىستېمىسى ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئى-
دىيىسىنىڭ سۇنئىي ھەمراھى بولۇپ قالىمەن. مەن بىر پارچىمۇ
كىتاب ئوقۇماسلىققا رازى، جانلىق، ھەرىكەتچان قەلب دۇنيادىكى ئەڭ
قىممەتلىك بايلىق، ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ھوقۇقى بولىدۇ،
ئۇ ھەر بىر كىشىنىڭ قەلب خانىسىدە. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر



ئۇچۇن بۇ قەلب ئالىلىبۇرۇن كىشەنلەنگەن ياكى تېخى تۆرەلمىگەن
بولىدۇ. جانلىق، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان قەلبلا مۇتلەق ھەقد-
قەتنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ، بايان قىلالايدۇ ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇ-
غۇللىنالايدۇ. بۇ جەرياندىكى «ئۇ» بىر خىل تالانت، بىراق ئۇ ھەر-
گىزمۇ ئالاھىدە ياكى غەيرىي قابىلىيىتى بارلارغا تەقسىم قىلىپ بې-
رىلگەن بارچە ـ پۇرات ئالاھىدە ھوقۇق ئەمەس، ئۇ ھەر بىر ئادەمگە
مەنسۇپ بايلىق، دەل مۇشۇ ماھىيەتنى ھازىرلىغانلىقى ئۇچۇن ئۇ ئالغا
باسالايدۇ.

كىتاب، ئاكادېمىيە (ئىنستىتۇت) ۋە سەنئەت مەكتەپلىرى، تۇر-
لۈك ئورگانلار، سىلەر ئەمدى ئۆتمۇشتىكى تالانتتىن تەلىم بېرىشنى
توختىتىڭلار.

«تەلىم بېرىش ياخشى ئىش، بىزنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشىمىزغا
ئىجازەت قىلارسىلەرمۇ؟»

مانا بۇ ئۇلارنىڭ دائىم دەيدىغان گېپى، ئۇلار بىزنى چۈشەپ قو-
يۇۋاتىدۇ، ئۇلار پەقەت ئارقىسىغىلا قاراپ ئالدىغا قارىمايۋاتىدۇ. بىراق
تالانت ئالدىن كۆرەر كېلىدۇ، ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى ئارقا تەرىپىگە
ئەمەس، ئالدى تەرىپىگە جايلاشقان، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ تۇرلۇك ئار-
زۇ ـ ئۈمىدلەردە بولىدىغاندۇ؟ بىراق تالانت يارىتىش ئۈمىد قىلىش
ئەمەس، ئۇ ئىختىرا دېمەكتۇر، مەيلى قانداقلا قابىلىيەت بولسۇن، ئۇ
ئىختىرالارنى يارىتالمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىلاھنىڭ مۇقەددەس بۇلىقى
ئەمەس، ئۇ بەلكىم كۆل ۋە تاماكا بولۇشى مۇمكىن، بىراق گۈلخان ئە-
مەس. تارىخقا نەزەر سالساق، ئىختىرا خاراكتېرلىك ئىش ـ ھەرىكەت-
لەر، سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز، بۇنداق يورۇش ـ تۇ-
رۇش، سۆز ـ ئىبارە، ئىش ـ ھەرىكەتلەر ھەرگىزمۇ قانداقتۇر ئۆرپ ـ
ئادەت ۋە نوپۇزنىڭ سىمۋولى ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزدىكى ئادالەت،
ھەققانىيەت، رەھىمدىللىق، دوستانىلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆزلۇكىدىن
ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان، خالاس.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ناۋادا قەلبىمىز ھەقىقەتنى ئۆزى بې-
ۋاستە چۈشەنمەي، باشقا بىر قەلبتىن قوبۇل قىلغان بولسا، مەلۇم
بىر مەزگىللىك تەپسىلىي كۆزىتىش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۇ-
رۇش ئىقتىدارىنى ھازىر قىلمايدىكەن، نۇر قىيانىغا باستۇرۇلۇپ تۇر-

غان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە ئازار يېيىشتىن ساقلىنالمايدۇ.
تالانتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان تەسىرى كېيىنكى تالانتىنىڭ ئەشەددىي
رەقىبىدۇر، ھەرقانداق بىر ئەل ئەدەبىي ئىجادىيىتى مېنىڭ نۇقتىئى-
نەزىرىمنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. ئەنگلىيە دراماتورگ، شائىرلىرىنىڭ
شېكىسپېرلىشىپ كەتكىنىگە ئالاھازەل ئىككى يۈز يىل بولدى.
توغرا كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدە شەك
يوق، ئۇ بولسىمۇ «ئوقۇرمەنلەرگە قاتتىق بويسۇنۇش» تۇر، «تەپەككۇر
قىلغۇچىلار» ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ قورال ـ سايمانلىرى بىلەن
چەكلىنىپ قالمايدۇ، كىتاب ئەدىبلەرنىڭ بىكار قالغان، ئىچى پۇشقان
ۋاقىتتىكى ھەمراھى، ئۇلار خۇدانىڭ ئىدىيىسىنى بىۋاسىتە چۈشەنگەن
ۋاقىتتا، قىممەتلىك ۋاقىتنى باشقىلارنىڭكىنى تەكرارلاش بىلەن
ئۆتكۈزۈشنى ئىسراپچىلىق دەپ قارىشى مۇمكىن. بىراق گۈگۈم چۈ-
شۈش ئالدىدا، قۇياش تاغ كەينىگە مۆككەندە، يۇلتۇزلار نۇرلىرىنى
يىغقىلى تۇرغاندا، بىز ئاشۇ غۇۋا يورۇپ تۇرغان شام يورۇقىنى ئىزدەپ،
ئۇلارغا شەرققە بارىدىغان، سۇبھىگە تۇتىشىدىغان يولنى كۆرسىتىپ
قويىمىز، ئاڭلىغانلىرىمىزنى سۆزلىيەلىشىمىز ئۈچۈن بارلىق دىق-
قىتىمىز بىلەن تىڭشاپ كېتىمىز. ئەرەبلەرنىڭ مۇنداق بىر تەمسى-
لىنى مىسال كەلتۈرۈشۈمگە ئىجازەت قىلىڭلار: «بىر تۈپ ئەنجۈر
دەرىخى باشقا بىر ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرۈپ مېۋە بېرىپتۇ.»
بىزنىڭ مۇنەۋۋەر كىتابلاردىن خۇشاللىق تاپالىشىمىز ھەقىقەتەن
تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، بۇ كىتابلار بىزنى تەبىئىي ئىجادىيەت ۋە ئۇ-
نىڭغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەبىئىي ئوقۇش پائالىيىتىگە چوڭقۇر
ئىشەندۈرىدۇ. بىز زامانىۋى ھەۋىسىمىز بىلەن چاسىر، مارۋىل، دى-
رىيدىندەك ئۇلۇغ ئىنگلىز شائىرلىرىنىڭ، يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىنى ئوقۇپ كېتىمىز. مەن دېمەكچى، بىز ئېرىشكەن بۇ شادلىق
ئاشۇ ئەسەرلەردىكى دەۋردىن ھالقىپ كېتەلىگەن جەۋھەرلەرنى مەنبە
قىلغان، كىتابتىن ئالغان شادلىقىمىز ئىچىگە يەنە ئەيمىنىش، چۆ-
چۈپ كېتىشمۇ مۇجەسسەملەنگەن. ئىككى، ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن ياشى-
غان بۇ كىشىلەرنىڭ مېنىڭ قەلبىمگە بۇنچە ياققۇدەك، ھەتتا مەن
يېزىشنى تەسەۋۋۇر قىلغۇدەك شېئىرىي مىسرالارنى يازالىشى ھەق-
قەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرالايدۇ.



پەقەت پەيلاسوپلارنىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدى-
كى قاراشلىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن بىزدىمۇ چوقۇم مۇناسىپ ماس-
لىشىشچانلىق شەكىللىنىشى، روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە قىسمەن
كۆزىتىشلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىز، خۇددى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆر-
گەن بەزى ھاشاراتلارنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان
كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ قويغىنىدەك،
كەلگۈسىدىكى قانداقتۇر ئېھتىياجلار ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشىمىز
كېرەك.
مۇستەقىل، ئۆزگىچە ھەۋەس، مەيلىم بولۇشىدىن، تۇيغۇنىڭ
ھاياجىنىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈمدىن قەتئىينەزەر، كىتابنىڭ رولىنى
كەمسۇندۇرۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بىز ھەممىمىز بەدەننىڭ يېمەك-
لىك ئارقىلىق (بۇ يېمەكلىك بەلكىم قايىنىتىلغان ئۆسۈملۈك بولۇ-
شىمۇ، ياكى ئەخلەتكە ئوخشاش ئۈچەي ـ قېرىن بولۇشىمۇ مۇمكىن)
ئوزۇقلانغىنىغا ئوخشاش ئادەم مېڭىسىنىڭمۇ تۈرلۈك ـ تۈمەن بى-
لىملەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاجايىپ ئۇلۇغ قەھرى-
مانلار ئۆتكەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممە بىلىمى دېگۈدەك كىتابتىن كەلگەن،
شۇڭا مەن پەقەت مۇشۇ بىلىملەرنى ھەزىم قىلغۇدەك كۈچلۈك مېڭى-
نىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنىلا تەكىتلىيەلەيمەن. بايقاشقا ماھىر كى-
شىلەر خۇددى مۇنۇ تۇراقلىق ئىبارىدە «ناۋادا ئىنىدىئانلارنىڭ بايلىقىغا
ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، جەزمەن ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆ-
گىنىڭ!» دەپ ئېيتىلغاندىكىدەك كىتاب ئوقۇشقىمۇ ماھىر كېلىدۇ.
ئىجادىي يېزىقچىلىقنىڭلا ئىجادچان ئوقۇرمەنلىرى بولىدۇ، چوڭ
مېڭە ئىشلەش ۋە ئىختىرا قىلىش ھالىتىدە تۇرغاندا، مەيلى بىز نېمىلا
ئوقۇمايلى، مېڭە يەنىلا شەيئىلەرنىڭ قات ـ قاتلىرىغا يوشۇرۇنغان
مەنىنى نۇرلاندۇرغۇچى يورۇقلۇقنى چېچىشتىن توختاپ قالمايدۇ، بۇ
ۋاقىتتىكى ھەر بىر ئېغىز سۆزىمىز قوشلاپ، ھەسسىلەپ مۇھىملى-
شىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات قەسرى خۇددى دۇنيادەك كەڭتاشا
بولىدۇ، بىز ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا ئالدىن بىلگۈچىنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ)
كۆنلەرنىڭ تاغدەك يەلكىسى ئاستىدا ئېلىپ بارغان كۆزىتىشى ۋا-
قىتلىق ھەم ھەيران قالارلىق، ئۇنى خاتىرىلەشمۇ ھەم شۇنداق، بۇ خا-
تىرە بەلكىم توپلامنىڭ بىر نەچچە بېتى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، زېرەك بىر كىشى ئۈچۈن مەلۇم بىر خىل كىتاب ئو-
قۇش ئۇسۇلى كەم بولسا بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم ئىجتىهات بىلەن ئوقۇش،
كۆرۈش ئارقىلىق تارىخىي ۋە ئىلمىي بىلىشكە ئېرىشىشى كېرەك.
ئىنستىتۇتلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇسۇلىنىڭ ھېچ-
نېمە ئورنىنى باسالمايدىغان بىر فۇنكسىيىسى — ئاساسىي بىلىملەرنى
ئۆگىتىش رولى بار، بىراق ئۇلارنىڭ تەربىيىلەش مەقسىتى ئۆزىنى
مەشغۇلەندۇرۇش بولماستىن، ئىجاد قىلىش بولغاندىلا ئاندىن بىزگە
ئەڭ چوڭ مەنپەئەتنى يەتكۈزەلەيدۇ. مەكتەپلەر ھەرقايسى ساھە، كە-
سىپلەر بويىچە تالانتلىقلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ نۇرىنى پۇتكۇل ئاۋامغا
يەتكۈزىدۇ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانلارنى يېقىپ ياش بوغۇنلارنىڭ
روھىنى تەربىيىلەيدۇ. ئىدىيە ۋە بىلىم مانا مۇشۇنداق تەبىئىي گەۋدە،
ئۇنىڭدا مېخانىزم ۋە ھوقۇق ئۈچۈن پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك ئورۇن يوق.
ئېسىل كىيىم ۋە پۇل ـ مالنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق بەلكىم
قىممەت سېپىلى ياسىغىلى بولار، بىراق بولار ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ
بىر ئېغىز گېپىگە، بىر تاۋۇشىغا توغرا كېلەلمەيدۇ. ئەگەر بۇ نۇقتىنى
ئەستىن چىقىرىپ قويساق، بىزنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى
يىل ساناپ بېيىپ كېتىشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ ئاممىغا نىسبەتەن
مۇھىملىقى كۈنسايىن ئاجىزلىشىشى ھەم مۇمكىن.

## 3

دۇنيادا مۇنداق بىر قاراش مودا بولماقتا: «ئالىملار چوقۇم تەر-
كىدۇنيا بولغان، تېنى ئاجىز، كېسەلچان، ھېچقانداق جىسمانىي ئەم-
گەك ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك
كىشىلەردۇر.»
خۇددى قېرىنداش ئۈچلىنغۇچ پالتىغا ئوخشاش ئىشلىتىلمىگەن-
دەك، ئاتالمىش «ئەمەلىيەتچىلەر» ئويچان كىشىنى ئۇلار خۇددى خى-
يالغا پېتىشتىن بۆلەك ھېچ ئىشنى قىلالمايدىغاندەك مەسخىرە قى-
لىشىدۇ، مەن يەنە «مىسسىئونېرلار باشقىلارغا قارىغاندا ئاسانراق ئۆ-
لىما›دەپ ھېسابلىنىپ قېلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەرلەرنىڭ قوپال، ئال-
دى ـ كەينىنى ئويلىماي قىلىشىدىغان پاراڭلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار



پەقەت سىلىق ـ سىپتا، نازۇك گەپلەرنىلا ئاڭلايدۇ. قارىماققا ئۇلار
گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغاندەكلا تۇرىدۇ» دېگەندەك
گەپ ـ سۆزلەرنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مىسسىئونېرلارنىڭ توي قىلىشىنى
چەكلەش توغرىسىدىكى داۋراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.
كىتابخانىغا سولىنىۋالىدىغان كىشىلەرنى مۇشۇنداق دېيىش
بەلكىم توغرا بولىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل قاراش يەنىلا ئادىل ئەمەس.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقىللارچە چىقىرىلغانمۇ ئەمەس، پائالىيەت (ھەرى-
كەت) ئالىمغا نىسبەتەن دەرۋەقە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن
يەنىلا ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەرىكەتسىز ئالىم مۇكەممەل ئادەم
ئەمەس، ئۇ بولمىسا ئىدىيىمۇ ۋايىغا يېتىپ ھەقىقىي بىلىشكە كۆتۈ-
رۈلەلمەيدۇ. كۆز ئالدىمىزدا تۇرغىنى خۇددى تۇماندەك لەيلەپ تۇرغان
دۇنيانىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، بىراق بىز ھەتتا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ
كۆرەلمىدۇق، ھەرىكەتلەنمەسلىك مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش توخۇ يۈ-
رەكلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەزىمەتلەرچە كاللا بولمىسا، ھەقىقىي
ئالىممۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ.
ئىدىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلمەسلىكتىن بىلىشكە ئۆتۈش
جەريانىدۇر، مۇشۇنىڭ ئۆزى ھەرىكەت، چۈنكى مەن بۇنى بېشىمدىن
ئۆتكۈزۈپ باققان، شۇڭا ھازىرقى بىلىشكە ئېرىشتىم. بىزنىڭ بىراۋ-
نىڭ سۆزى ئىچىدىكى قايسىنىڭ ھايات تەجرىبىسىگە تويۇنغان سۆز
ئىكەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ ئەمەسلىكىنى شۇ ھامانلا بىلەلىشىمىز-
دىكى سەۋەب مانا مۇشۇنىڭدا.
دۇنيا ــ قەلبىنىڭ سايىسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقا بىر ئۆزلۈك
بىزنىڭ ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى مېنىڭ
ئىدىيە ئىشىكىمنىڭ ئاچقۇچىدۇر، ئۇ ماڭا ئۆزۈمنى تونۇتتى، كۈچلۈك
ئىستەك قاغجىراتقان كۆڭلۈم بار كۈچى بىلەن ئاشۇ شاۋقۇن ـ سۈرەن-
لىك دۇنياغا تاشلىنىدۇ، مەن يېنىمدىكى كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇۋال-
دىم، رىقابەت سورۇنىدا مەن ئۆز ئورنۇمدا تۇرغىنىمچە مۇشكۇلاتلارغا
دۇچ كەلدىم، ۋەزىپەمنى ئىجرا قىلدىم، تەبىئىي مەيلىمنىڭ كۆرسەت-
مىسىگە ئېرىشىپ، تىمتاس بۇ جىلغىنىڭ كۈچلۈك ئەكس سادا ياڭ-
رىتالايدىغانلىقىنى ئاڭقىرىدىم. مەن بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىگە
پىششىقمەن!

ۋەھىمىنى ھەيدىۋەتتىم، ئۆزۈمنىڭ توختىماستىن كېڭىيىشكە
يۈزلەنگەن ھاياتلىق ئوربىتامنى رويخەتكە ئالدۇردۇم. ھەمدە ئۇنىڭدىن
ئازدۇر - كۆپتۇر تەجرىبىلەرگە ئېرىشىپ، مەيلى قانچىلىك بىپايان
چۆل - جەزىرە بولسۇن ئۇنى بويسۇندۇرالىغۇدەك بولدۇم. ناۋادا مېنىڭ
دائىرەم مۇشۇ پېتى كېڭىيىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، كىملەرنىڭدۇر
لايغەزەللىك تۇپەيلى ھەرىكەت سېپىمگە قوشۇلالماسلىقىنى ھەرگىزمۇ
تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.
مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ مۇھاكىمە ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۇرىدىغان
قىممەتلىك گۆھەردۇر. مۇشەققەت، ئاغرىق ھەسرىتى، غەزەپ ۋە زارد-
قىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىمىز ۋە
ئەقلىي قابىلىيىتىمىزنى تەربىيىلەيدۇ. ھەقىقىي ئالىم قولدىن كەت-
كەن ھەرقانداق بىر ھەرىكەت پۇرسىتىگە گويا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈچ -
قۇۋۋەتتىن مەھرۇم قالغاندەكلا ئېچىنىدۇ.
ھەرىكەت ئەقىل - پاراسەت مېۋىسىنى تاۋلاپ پىشۇرىدىغان خام
ماتېرىيالدۇر. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر ئاجايىپ جەريان، بۇ جەرياندا خۇددى
ئۇجمە يوپۇرمىقى يىپەككە ئايلانغاندەكلا تەجرىبىمۇ ئىدىيىگە ئۆزگە-
رىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئۆزگىرىش كېچە - كۈندۈزلەپ، ئۇزۇلمەي داۋام
قىلىدۇ.
بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىمىزدىكى ھەرىكەت ۋە ئىشلىرىمىز گويا
بوشلۇقتىكى گۈزەل رەسىمگە ئوخشاش جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆزىتە-
دىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالدى. بىراق بىز يېقىنقى مەزگىلدىكى
ئىش - پائالىيەتلىرىمىزگە — بىر تەرەپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزغا
بۇنىڭدەك مۇئامىلە قىلساق زىنھار بولمايدۇ، بۇلارنى جىمجىت ئول-
تۇرۇپ كۆزىتىش بىلەنلا كۇپايىلىنەلمەيمىز. بىزنىڭ بۇلارغا نىسبە-
تەن قاراش، ھېسسىياتلىرىمىز تېخى شەكىللەنمىدى، بىز ئۇلارنى
خۇددى قولىمىز، پۇتىمىز ياكى كاللىمىز ئۇلارنى ھېس قىلغاندەك-
دەك ھېس قىلدۇق، بۇ يېڭى ئىشلارمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر
بۆلىكى، ئۇلار تېخى بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزغىمۇ كىرەلمىدى،
مەلۇم بىر مەزگىللىك چوڭقۇر ئويلىنىشتىن كېيىن، ئۇ گويا پىشقان
ئالما ساپىقىدا تۇرمىغاندەك تۇرمۇشىمىزدىن ئايرىلىپ چىقىپ، كال-
لىمىزدىكى ئىدىيىگە ئايلىنىدۇ، بۇ پەيتتە ئۇ يۇكسىلىدۇ، شەكىل



ئۆزگىرىشى ياسايدۇ، ئەرزىمەسلىكتىن قالتىسلىققا، ئەڭ ئاخىرىدا
بولسا گۈزەللىك ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە
مۇھىتى قانچىلىك پەس بولمىسۇن، بىراق ئۆزىنىڭ قانچىلىك مۇ-
شەققەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى سۇرۇشتۇرۇپ كۆرۈشىمىزگە سۇنالاي-
دۇ. گۈزەل جانىۋار تۆرىلىش باسقۇچىدا ھەرگىزمۇ ئۇچۇپ پەرۋاز قى-
لالمايدۇ، رەڭگارەڭ نۇرمۇ تارقىتالمايدۇ، ئۇ پەقەت بىر كىشىنىڭ
كۆزىمۇ چۈشمەيدىغان لىچىنكا (قورچاق) خالاس. بىراق بىز بۇ گو-
مۇشنىڭ قاچانلاردا قاناتلىرىنى يېيىپ، ئەقىل - پاراسەت پەرىشتى-
سىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى پەقەتلا سەزمەي قالىمىز، بىراق بىزنىڭ
تۇرمۇشىمىزدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال(ئىدىيىنىڭ ئاجراتقىلى بول-
مىغۇدەك دەرىجىدە بىرىكىپ كەتكەن تەننى ئېلىپ ساماغا كۆتۈرۈلۈپ
چىقىپ كەتىسىمۇ بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرالمايدىغان ئەھۋال) ھەر-
گىزمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۆشۈك ۋە بوۋاقلىق مەزگىلى، مەكتەپ ۋە
ئويۇن مەيدانى، ئوغۇل بالا، ئىت، زاكون تايىقىدىن ۋەھىمە ھېس قى-
لىش، كىچىك قىزچاق، شېرىنلىك مېۋىگە بولغان ئامراقلىق قاتارلىق
ئىلگىرى بىزنىڭ ئاسمىنىمىزنى تولدۇرۇپ تۇرغان پارچە - پۇرات
نەرسىلەرمۇ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇشىدۇ. دوست، ئۇرۇق - تۇغ-
قان، كەسىپ ۋە پارتىيە - گۇرۇھلار، شەھەر ۋە يېزا، مىللەت ۋە دۇنيا
دېگەنلەرمۇ جەزمەن قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ، خىرامان ھالدا ناخشا
ئېيتىشقا باشلايدۇ.
ئەلۋەتتە، پۇتكۈل زېھنىنى ئورۇنلۇق ھەرىكەتلەرگە سەرپ قىلى-
ۋەتكەن كىشى ھامان بىر كۈنلەردە ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئەڭ ئالىي
سوۋغىسىغا ئېرىشىشتىن خاۋاتىرلەنمىسىمۇ بولىدۇ.
خۇددى كاۋچوك دەرىخىنى تەشتەككە كۆچۈرۈپ ئۇنى ئاچلىق ئا-
زابىدا قىيناپ، زەئىپلەشتۈرگەنگە ئوخشاش، مەن ئۆزۈمنى ئىش - ھە-
رىكەت دۇنياسىنىڭ سىرتىغا قاماپ قويالمايمەن. سېرىبلارنىڭ پۈتكۈل
ياۋروپالىقلار ئۇچۇن پادىچىلارنىڭ ۋە غاڭزا چېشلىۋالغان گوللاندىيە-
لىكلەرنىڭ ياغاچ ھەيكىلىنى ئويۇپ بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغىنىغا
ئوخشاش، بىرلا ئىدىيىنى جان تومۇرۇم قىلىۋالىدىغان ئىشنىمۇ قىلا-
مايمەن، ھامان بىر كۈنى ئۇلار تاغقا چىقىپ ياغاچ ئىزدىگەن ۋاقىتتا
ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۇپ قارىغاينىمۇ كېسىپ بولغانلىقىنى

بايقايدۇ.
ئاۋۇ كىتابلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئىدى-
يىسىنى يېزىپ بولۇشتى، كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئەيمىنىشىنى
قوزغىغۇدەك ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، گىرىتسىيە ۋە پەلەس-
تىندىن دېڭىزغا چىقتى، ئوۋچىلارغا ئەگىشىپ بىپايان يايلاقلارغا
باردى، ياكى ئالجىرىيىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك روھىي
بويۇم ئىزدىدى.
مەلۇم بىر سۆزنى تېپىشى يۇزىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئالىملار ھە-
رىكەتنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، يېزا ياكى
شەھەردىكى مېھنەت، كۈن - ئايلار ھەرگىزمۇ ئويدۇرما ئەمەس.
ئالىملار تۇرلۇك ساھە ۋە كەسىپلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئەر ۋە
ئاياللار بىلەن سەمىمىي بېرىش - كېلىش قىلىشىدۇ، شۇنداقلا ئىلمى
ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا تىل
ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى چۈشەنچىلىرىنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىنى ئىگى-
لەيدۇ، مەلۇم بىر نۇتۇق ئىگىسىنىڭ تىلغا كەمبەغەل ياكى باي ئى-
كەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ رەڭگارەڭ ياكى ئەمەسلىكىگە
ئىز زامان ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.
تۇرمۇش بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا توپلىنىدۇ. بۇ خۇددى تاش قېزىش
مەيدانىغا ئوخشايدۇ، بىز بۇ يەردىن بۇگۈنكى بىنايىمىزغا كېرەكلىك
خىش - تاش، كېسەكلەرنى ئالالايمىز، مانا بۇ گىراماتىكىلىق ئىپادى-
لەش شەكلىدۇر. ئالىي مەكتەپ ۋە كىتاب پەقەت دالالاردا، زاۋۇت، مەي-
دانلاردا ئىجاد قىلىنغان تىلنى نۇسخىلاپ قويىدۇ، خالاس.
ھەرىكەتنىڭ ئاداققى قىممىتى ئۇنىڭ بىر «بۇلاق» بولغانلىقىدا،
ھەتتا كىتابىنىمۇ ئېشىپ كېتەلەيدىغان «مەنبە» بولغىنىدا، ئاۋۇ
كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆتۈرۈلۈش ۋە چۈشۈش قانۇنىيىتى بىر قېتىملىق
نەپەس ئېلىش ۋە نەپەس چىقىرىشتا، زارىقىش بىلەن بىزارلىقىنىڭ
قارىمۇ قارشىلىقىدا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. ئۇ يەنە دېڭىز دولقۇنلىرى-
نىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە چۈشۈشىدە، كۈن ۋە ئايلارنىڭ ئالمىشىشىدا،
ئىسسىق ۋە سوغۇقنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىشىدىمۇ ئەكس ئېتەلەيدۇ..
بىز «ئىككى قۇتۇپچانلىق» دەپ ئاتاۋاتقان پرىنسىپ ئاتوم ۋە
سۇيۇقلۇقتا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن «ئايرىلىپ تارقىتىشچانلىق ۋە



رېفلېكس ئېقىمى» غا قارىتىلغان بولۇپ، نيۇتون بۇنى «بۇ قەلبنىڭ
قانۇنىيىتى، مۇشۇ سەۋەبلىك ھەم تەبىئەتنىڭمۇ قانۇنىيىتى» دەپ ئى-
زاھلىغان.
ئادەمنىڭ قەلبى دەم خىيالغا پاتسا، دەم ھەرىكەتكە تۇتۇنىدۇ، بۇلار
بىر - بىرىگە سەۋەب. نەتىجە بولالايدۇ. ئۆزلىرىدىكى تىنىدۇرمىسىنى
ئىشلىتىپ بولغان، تەسەۋۋۇرى مەلۇم ھالەتكە كىرەلمىگەن، تەپەككۇ-
رىمۇ تىزگىنىدىن چىقىپ كەتكەندە يازغان كىتاب تولىمۇ مەززىسىز
چىقىدۇ. تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ بۇلاقتىن سۇ ئالغۇچى ئۇچۇن ئېتىكا
ئەقىلدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ، ئىدىيە بولسا ئۆزىگە تۇشلۇق فۇنكسىيىگە
ئىگە بولغان، تۇرمۇش بۇ فۇنكسىيىنىڭ باشلىنىش پەللىسى بولغان
بولىدۇ، خۇددى ئېقىن، تارامىلار ئاخىرى بۇلاققا قايتىپ كەلگىنىگە
ئوخشاش.
ئۇلۇغ قەلب ھايات (تۇرمۇش) نىڭ قابىلىدۇر. شۇنىڭدەك ئىدى-
يىسىنىڭمۇ ئەزىمىتىدۇر، گاڭگۇڭ، نوچىلار مۇشۇنداق بولىدىغان تۇرسا،
ئۇلارنىڭ يەنە ھەقىقەت قوبۇل قىلىش، تارقىتىش ۋاستىسى ۋە ئاپ-
پاراتلىرى كەم بولۇپ قالارمۇ؟
مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇ ئارقىسىغا يانالايدۇ، ھەتتا تۇرمۇشنى
تەشكىل قىلغۇچى كۈچ - قۇۋۋەتكە تايىنىپمۇ ئالالايدۇ، ئۇنى ئەكس
ئەتتۇرەلەيدۇ، بۇلار دەل مۇكەممەل بىر ھەرىكەتتۇر، ئىدىيە پەقەت ئۇ-
نىڭ بىر بۆلىكى خالاس. شۇڭا ئاۋۇ ئۇلۇغ ھەققانىيەت نۇرلىرىنىڭ
تۇرمۇش قوينىدا كۆز قۇراشتۇرۇشىغا ئىجازەت بېرەيلى، ئاشۇ گۈزەل،
لىرىك ناخشىنىڭ ئۇنىڭ پاكار لەمپىسىدە لەرزان ياڭرىشىغا رۇخسەت،
ئاۋۇ «ئۇن - تىنىسىز، نام - نىشانسىز» ئەۋلادلارنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە
ياشىشىغا، بىللە ئىشلىشىگە يول بېرەيلى. ۋاقىتنىڭ بىز بىلەن
ئاستا - ئاستا ۋىدالىشىشلىرى ئىچىدە، ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭدىكى پەۋ-
قۇلئاددە بولغان «بەرپا قىلىش» قابىلىيىتىنى بايقىشىدۇ، مانا بۇنىڭ
ئۆزىلا ئىنچىكە پىلانلانغان بىر مەيدان ئويۇندىنمۇ ئېشىپ كېتەلەيدۇ،
ۋاقىت ئۇنىڭ بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر
سائىتىنىمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىكى ئۇقتۇرىدۇ. تۇرمۇش سەۋەبلىك ئۇ
سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىدىن خالىي قالدۇرۇلغان بوشلۇقنى — ئۆز
ماھىيىتىگە يوشۇرۇنغان ئەزىز گۆھەرنى بايقاپ ئالىدۇ، بۇ گۆھەر

نەپىس، ياسىما قىلىق ئارىسىدا غايىب بولۇپ، كۈچ - قۇۋۋەت ئىچىدە قايتىدىن پەيدا بولىدۇ، بىراق بۇ خىل ھالەت مائارىپ سىستېمىسى تەرىپىدىن «ئۆزلۈك مەدەنىيىتى» خورىتىۋېتىلگەن توپتا ھەرگىزمۇ روي بېرەلمەيدۇ.

خەققە پايدىسى تېگىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا «كونىنى بىتچىت قىلىپ، يېڭىسىنى يارىتىش» پەقەت غەيۇرلۇق ۋە ئۆزىنى قويۇۋېتىشنىڭ تەبىئىيلىكىدىن شەكىللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پىردخون ۋە ئەسەبىي جەڭچى يېنىدىن ئارفىلىد ۋە شېكىسپېرنىڭ قېشىغا كېتىپ قالىدۇ.

مۇشۇ ئېتىقاد تۈپەيلى مەن مۇشۇنىڭدەك گەپلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاشنى خالايمەن. ئۇلار ئادەتتىكى ئاۋامنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ ئىززەت - ئېتىبارى ۋە مۇھىملىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. چېۋەر ۋە خام (يېڭىياچە) نىڭ قولدا ئۇتىغۇچ ياكى گۈرجەكلەرنىڭ ئەسلا بايقىلىپ باقمىغان پەزىلەتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە گەۋدىلىنىپ چىقالايدۇ، مېھنەت ھەممىلا جايدا قارشى ئېلىنىدۇ. بىزگە خىزمەتكە بېرىلىش تەكلىپى سۇنۇلۇشى مۇمكىن، توغرا، بىز پەقەت بۇ چەكتىن ھەرگىز ھالقىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلساقلا ئىش تامام، ئادەم خىزمەتنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلاپلا ئۆزىنىڭ ئاۋامغا ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە بولغان باھاسىدىن ۋاز كەچسە قاملاشمايدۇ.

بايا مەن تەبىئەت توغرىلىق، كىتاب ۋە ئەمەلىيەتنىڭ (ھەرىكەت)نىڭ ئالىملارغا بولغان تەربىيىۋى رولى ھەققىدە سۆزلىدىم، ئەمدى مەن ئۇنىڭ(ئالىمنىڭ) مەسئۇلىيىتى ھەققىدە توختالماقچى.

ئالىملار جەزمەن تەپەككۇر قىلغۇچىلاردىن بولۇشى، شۇنداقلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچتىن «سوقۇلغان» لاردىن بولۇشى كېرەك. ئالىمنىڭ ئىسكىلاتى مەدھىيىسىنى چىللايدىغان ماكان، ئۇلارنىڭ يۈزەكىلىك (ھادىسىۋىلىك) ئاستىغا يوشۇرۇنغان ھەقىقىي ماھىيەتنى ئاشكارىلاپ كۆرستىشى ھەممىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇلار ئاشۇ ئاستىلىقتا ھاردىم - تالدىم دېمەي تىرىشىدۇ - يۇ، ھېچقانداق شانۇ - شەۋكەتكە، پۇل - مالغا ئېرىشىشنىڭ چوتىنى سوقمايدۇ. ئاسترونوم فىلامستىيد ۋە خىچېل قاتارلىقلار «جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان تەجرىبىخانىلىرى» دا يۇلتۇزلار ۋە تۇماننى تۇرگە ئايرىپ چىققان، باشقىلار



ئۇلارنى مەدھىيىلەشكەن، چۈنكى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك تەتقىقات مېۋىسىنىڭ مەدھىيە، ماختاشقا ئېرىششى ھەقلىق ئىدى. بىراق، ئۇ، ھېچكىم بىلمەيدىغان كىتابخانىدا ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىنى (روھىنى) تۇرلەرگە ئايرىپ چىقىۋېدى، ھېچكىممۇ نەزىرىنى سالمىدى، كۈنلەر - ئايلار ئۆتمەكتە، ئۇ يېڭى يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئاساسەن بۇرۇنقى خاتىرىلىرىنى ئۆزگەرتمەكتە ئىدى، ئۇ جەزمەن كۆزگە كۆرۈنۈش ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىش ئىستىكىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك ئىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تەييارلىق جەريانىدا، ئۇ چوقۇم سەنئەتنىڭ مەزگىللىك گۈللىنىشىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىشى، بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپ كەتمەسلىكى، باشقىلارنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراش ھەسرىتىگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييارلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىماتلىرىغا چېك ئېسىلىپ كەلدى، كونا قاراش ئارقىلىق بۈگۈننى نەقىل قىلدى، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ بەك كىشىنى بىزار قىلىپ كەلدى، ئۇ چوقۇم مۇنداق بىر ھالەتنى (گەرچە ئۇ زىيادە ئومۇملاشقان ھالەت بولسىمۇ) — كەمبەغەللىك ۋە تەنھالىقنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئاسان ھەم ئادىي بولغان كونا يولدىن ۋاز كېچىپ، مائارىپ ۋە جەمئىيەتتە قوبۇل قىلىش مودا بولۇۋاتقان دىننى رەت قىلىپ، تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، ئۆز پرىنسىپىنى ئىجاد قىلىش يولىنى تاللىۋالدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغىنى ئۆز - ئۆزىنى قارغاش (ئەيىبلەش)، روھىي زەئىپلىك، ئادەت خاراكتېرلىك جەزملەشتۈرەلمەسلىك ھېسسىياتى ۋە ئالىقاندىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى؛ بۇلار ئۇنىڭ ئۆزىگە تايىنىش، ئۆز - ئۆزىنى يېتەكلەش يولى ئۈستىدىكى چاققاق ئوت چاتقاللىرى ۋە پېلەكلىرى ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ جەمئىيەتكە، ئۆزى مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشكەن تۇرلۇك قاتلاملارغا پۈتۈنلەي چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشقا يۈزلەندى، ئۇنداقتا ئۇ ئۇچرىغان زىيان ۋە كەمستىلىشلەرنى نېمە بىلەن ئۆلچىسەك بولار؟

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ ئالىي فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش جەريانىدا ئۇ تەسەللىگە ئېرىشەتتى، ئۇ ئاجايىپ بىر ئادەم ئىدىكى، ئۆزلۈكتىن ھالقىپ كېتىدىغان تۇرلۇك ئويلىنىش، نەپەسلەر ۋە تۆت تەرەپكە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئىدىيە ئىچىدە ئاۋام بىلەن بىللە

ياشايتتى. ئۇ دۇنيانىڭ كۆزى، يۈرىكى ئىدى، ئۇنىڭ مەقسەت ۋە مۇددى-
ئاسى، قەھرىمانلىق ھېسسىياتى، ئالىيجانابلىق تەزكىرىسى، رىتىم-
لىق، نەپىس شېئىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي يەكۈنلىرىنى
ساقلاپ قېلىش ۋە تارقىتىش يولى بىلەن رەزىل ۋە ئەرزىمەس بايلىققا
قارشى تۇرۇش ئىدى، چۈنكى بۇلار جەمئىيەتنى ياۋايىلىق گىردابىغا
سۆرەپ ئەكىرىشى مۇمكىن ئىدى.
ھەر دائىم جىددىي ھەم سەلتەنەتلىك پەيتلەردە، ئىنسانىيەتنىڭ
قەلبى مەيلى قانداقلىكى بىر تۇرلۇك ئىش ـ ھەرىكەتكە (ئەمەلىيەتكە)
قانداقتۇر باھالارنى بىلدۇرسۇن، ئالىملار تەرىپىدىن جەزمەن قوبۇل
قىلىنىشى ۋە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك. مەيلى ئەقلىيەت ئۆزىنىڭ چىشىغا
تەگكىلى بولمايدىغان خانلىق سۇپىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىرەسمى (ئ
ئىناۋەتسىز) ئۆتكۈنچىلەر ۋە ئادەملەرگە، ئىش ـ كۈشلارغا قانداقتۇر
يېڭى ھۆكۈملەرنى چىقارسۇن، ئۇ چوقۇم سەۋر بىلەن ئاڭلىشى ۋە ئۇ-
لارنى جاكارلىشى كېرەك.
بۇلار ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۆزىگە ئىشىنىش ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ
كېسىپ ئېلىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر قىسمى، ئۇ ئەزەلدىن كونا
ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىگە ئەل بولۇپ باقمىغان، ئۇ،
پەقەت ۋە پەقەت ئۇلا بۇ دۇنيانى، مىنۇت ـ سېكۇنت ئارىسىنىڭ پەقەت
تاشقى كۆرۈنۈش (ھادىسىۋىلىك) ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. قىسمەن
قائىدە ـ يوسۇنلار، مەلۇم بىر ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن «چوقۇنۇش
ئوبيېكتلىرى»، بىر قىسىم ۋاقىتلىق ساھە ـ كەسىپلەر، ئورۇش ۋە
شەخس قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان، يەنە
بىر قىسىملار قارشى تۇرىدىغان نۇقتىئىنەزەرلەر قارىماققا قوللاش ۋە
قارشى تۇرۇش تەرىپىدىنلا بەلگىلىنىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھەتتا ئالىملار-
نىڭ كاللىسىنى ئۇپرىتىپ، زەن قويۇپ ئاڭلىشىغا ئەرزىپ كەتمەيدى-
غان بىر قىسىم بەس ـ مۇنازىرىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىماللىقىمۇ
زور، ئەلۋەتتە.
مەيلى قەدىمكىلەر، بۈگۈنىنىڭ ئۇلۇغلىرى «ئۇ دېگەن دۇنيانىڭ
قىيامەت كۈنىنىڭ ساداسى» دەپ تونۇۋېلىشىمۇ، ئۇنىڭ قەتئىي ھالدا
«ئويۇنچۇق تاپانچىنىڭ ئاۋازى، ئويۇنچۇق تاپانچىسىنىڭ ئاۋازىدۇر»
دېيىشىگە يول قويايلى. قەتئىيلىك ۋە سالماقلىق، ئېھتىياتچان



ئابستراكسىيە بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە ئىنتىزار بولۇشىغا يول قويايلى،
تەكرار ـ تەكرار كۆزىتىشىگە، ئالدىراقسانلىقتىن، تۆھمەت، بوھتاندىن
خالىي بولۇشقا تەكلىپ قىلايلى، پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنالىسىلا،
ئۆزى بايىقىغان ھەقىقەتتىن قانائەت ھېس قىلالىسىلا ئۇ ئاجايىپ بەخت
ھېس قىلغان بولاتتى.
مۇۋەپپەقىيەت توغرا، ئېنىق بولغان ئاياغ ئىزىغا ئەگىشىپ مې-
ڭىشتىن كېلىدۇ، بىۋاسىتە سېزىم تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭ ئوي-
لىغانلىرىنى قېرىنداشلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشىغا ئۇندەپ تۇرىدۇ،
ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى مەخپىيەتلىكلەرنى قېزىپ
چىقارغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كاللىسىدىكى سىرلارنى
قېزىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ، ئۇ يەنە
باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشنىڭ مەلۇم مە-
نىدىن ئالغاندا، باشقىلارنىڭ ۋاكالەتچىسى ۋە خوجايىنى، شۇنىڭدەك
قوبۇل قىلغۇچىسى، پىكىرلىرىنى كۆپچىلىككە ئىزاھلاپ تارقاتقۇچى
ئۇستاز بولۇشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ يېتىدۇ.
شائىر چەكسىز غېرىبلىق ئىچىدە غىل ـ پاللا قىلىپ يوقاپ
كېتىدىغان ئىدىيىلىرىنى قەلەمگە چۈشۈرۈۋېلىشنى ئىستەيدۇ. كى-
شىلەر ئۇنىڭ خاتىرىلىگەنلىرىنىڭ قىستا ـ قىستاڭ شەھەردىكى
كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا، جارچىلار
(شائىرلار) ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇق ـ ئاشكارا كۆڭۈل ئىزھارىنىڭ ئانچە
مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ (ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىل-
گەنلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشىنى ئۆلچەم قىلغان ئاساستا، مەن ئۇلا-
رنىڭ كەم قالغان جايلىرىنى تولۇقلاپ بېرىۋاتىمەن، دەپ چۈشەنگەنگە
قەدەر مۇشۇنداق ھېس قىلىدۇ)، خالايىقنىڭ ئۇنىڭ يازمىلىرىنى تا-
لىشىپ ئوقۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئاۋامنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئېھتىيا-
جىدىن چىققانلىقىدا، يەنى ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پىنھان بېشارەتلەرنى
قانچىكى قازغانسېرى، يازمىلىرىنىڭ شۇنچە كەڭ ۋە ئومۇميۈزلۈك.
ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپقا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ئاجايىپ ھەيرانلىق
ئىچىدە بايقايدۇ، كىشىلەر بۇلارنى زەن قويۇپ ئاڭلاشقا رازى، كىشىلەر
ئۇنىڭغا گۈزەللىك ۋە ھالقىشنى، «بۇ دەل مېنىڭ يۈرەك سادايىم، بۇ
دەل مەن» دېگەننى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئۆزگە تولۇق ئىشىنىش بارلىق پەزىلەتلەرنى ئۆزگە مۇجەسسەم قىلغان پەزىلەتتۇر، ئالىملار چوقۇم ئۆزگە تولۇق ئىشىنىشى، ئەركىن ھەم غەيۇر بولۇشى، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ھەتتا «ئەركىن» لىكىنىڭ چەكلىمىلىكىگىمۇ ئۇچرىماسلىقى، خۇددى «ئۆز ۋۇجۇدىدىن كەلگەن توسالغۇدىن باشقا ھەر قانداق توسالغۇ مەۋجۇت ئەمەس» بولۇشى كېرەك.

ئالىم چوقۇم «ئالىم دېگەن ئالىملىق ماھىيىتى بويىچە ھەم جەسۇر ھەم قورقۇنچاق بولۇشى كېرەك» دېگەننى چۆرۈپ تاشلىۋېتىشى دۇرۇس. ۋەھىمە تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئاڭقاۋلىقتىن تۆرىلىدۇ، ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە، ناۋادا ئۇنىڭ سۇكۇناتى بالىلارچە ۋە مەزلۇملارچە ئاجىز پەرەزنى چىقىرىپ قاراپ ئولتۇرسا، بۇ بىر شەرمەندىچىلىك، ئەلۋەتتە. ئۇ يەنە بىر مەزگىللىك خاتىرجەملىك ئۈچۈن سىياسىي ۋە باشقا كىشىنى مالال قىلىدىغان مەسىلىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، تۆگىقۇشتەك چاتقاللىقتا يوشۇرۇنۇۋالسا، مىكروسكوپ تېگىدىن مارىسا ياكى ۋەھىمىنى يوقىتىش ئۈچۈن ناخشىغا ئىسقىرتقان بالىدەك ۋەزىنلىك شېئىرلارنى يازسا... بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ شەرمەندىچىلىكتۇر. يەنىلا خەتەرنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويغىنىمىز، خەتەرنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ بىزنى چۆچۈتۈشىگە يول قويغىنىمىز تۈزۈك، ھەقىقىي ئەركەك بولىدىكەن، بۇلارغا مەردانىلىك بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋەھىمىگە تىك قارىيالايدۇ، ۋەھىمىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتە قىلالايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ۋەھشىي شىرنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىنى ئېچىپ تاشلاش تەسكە توختىمايدۇ، ئۇ ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇ تەۋە كاتېگورىيىنى تەلتۆكۈس چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئىگىلىيەلەيدۇ. ئۇ ھەتتا ئۇنى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن، مەغرۇرلارچە چۆرۈپ تاشلايدۇ، پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭ ئىلكىدە، پەقەت ئۇ ئۇنىڭ ساختا تەرىپىنى ـــ ئاشۇ ھېچنېمىنى بىلمەس بولۇۋېلىشلار، قارىغۇلارچە چوقۇنۇلغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر، پەيدا بولغىنىغا ئۇزۇن بولغان، پەقەت سىزلا سېزەلىگەن خاتا قاراشلارنى بىلىۋالسىلا، بۇلارنىڭ ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرەلىشى دەل سىزنىڭ سەۋر ـ تاقەت قىلىپ كەلگەنلىكىڭىزدىن بولغانلىقىنى، ئەگەر سىز ئۇنىڭغا يالغان ـ ياۋىداق گەپ سۈپىتىدە ئەجەللىك زەربە بەرگەن بولسىڭىز بۇنداق بولۇشىنىڭ زىنھار مۇمكىن



ئەمەسلىكىنى بىلەلىسىلا، بۇ دۇنيا ئۇنىڭ چاڭگىلىدا.

شۇنداق، بىز بەك قورقۇنچاق، بىز ئىشىنىشكە يارىمايمىز. باشقىلارنىڭ بىزنى «سىلەر دۇنياغا بەكمۇ كېچىكىپ يارالدىڭلار، دۇنيا ئاللىبۇرۇن بىنا قىلىنىپ بولدى» دېيىشلىرى بىز ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق. گويا دۇنيا خۇدانىڭ قولىدا ياسىلىدىغاندەك، ئۆزگەرتىلىدىغاندەك، بىز ئەسلىدە دۇنيا ئۈچۈن خۇداغا تەئەللۇق بولغان شانۇ شەۋكەتنى ئاتا قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئاڭقاۋلىق ۋە رەزىللىككە نىسبەتەن، ئۇ (ئالىم) خۇددى تۆمۈردەك تېخىمۇ قەتئىي بولۇشى كېرەك، ئاڭقاۋلىق ۋە رەزىللىك پەقەت ئۇنىڭغا يېقىش ئۈچۈن زورۇقۇپ قىلىنغان خۇشامەت، خالاس. بىراق ئۇنىڭ قەلب تۆرىدە مۇقەددەسلىك ئېلېمېنتلىرى بولىدىكەن، دۇنيا ئۇنىڭ ئالدىدا ئېقىپ كېتىۋاتقاندەكلا، ئۆزى ئۈچۈن مۆھۈر بېسىۋاتقاندەكلا ياكى ئۇنىڭ شەكلىنى چىقىرىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ، خالاس.

ماددىيەت ئادەمنى ئۆزگەرتسە، مەن ئۇنى ئۇلۇغ دېيەلمەيمەن، بىراق ئىدىيەمنى ئۆزگەرتەلىگەنلەرنى ئۇلۇغ دەپ كۆككە كۆتۈرىمەن. ئىدىيىسى ئارقىلىق پۈتكۈل تەبىئەت ۋە سەنئەتنى بېزەيدىغان كىشىلەر بۇ دۇنيانىڭ ئىمپېراتورلىرىدۇر. ئۇلار كۆڭۈلنى شاد ئەيلەيدىغان تىمتاس جىمجىتلىقتا مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئاۋامنى قايىل قىلىشىدۇ، ئۇلار مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش كۆپچىلىك ئۇزۇندىن بۇيان ئىنتىزار بولۇۋاتقان مېۋە ئىدى، مانا ھازىر ئۇ پىشتى، ھەرقايسى ئەللەر بۇ مول ھوسۇل مەرىكىسىگە تەكلىپ قىلىنىدى.

ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت ھامان ئۇلۇغلارغا مەنسۇپ، مەكدولاند مەيلى قەيەردىلا بولسۇن ئۇ يەنىلا زىياپەت داستىخىنىنىڭ سەركىسى بولىدۇ. لىننائۇس بوتانىكىنى ئەڭ جەلپ قىلارلىق بىر پەنگە ئايلاندۇردى، يەنى ئۇ بوتانىكىنى دېھقانلار ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىدىغان ئاياللارنىڭ قولىدىن ئايرىپ چىقتى. داۋىي ۋە خىمىيە، كوۋىر ۋە تاش جىنسلارنىڭ قايسىبىرى مۇشۇنداق ئەمەسكەن، تۆھپە قانچىكى قالتىس بولغانسېرى، شان ـ شەرەپمۇ ھامان ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەم ئۈن ـ تىنسىز تىرىشالىغان كىشىلەرگە تەۋە بولىدۇ. قەلبى ھەققانىيەت بىلەن تولغان كىشىلا تاشقىن سۇدەك، ئاتلانتىك ئوكيان دولقۇنلىرىدەك قاتلامۇقاتلام، ئاينىڭ تارتىش كۈچىگە ئەگىشىپ دولقۇنلا-

يدىغان ئېسىل باھالارنى بېرەلەيدۇ.
بىزدە نېمە ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئىشەنچ ۋە ئۆزىمىزگە تايـ-
نىشچانلىق بولۇشى كېرەك؟
سەۋەب مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە چوڭقۇر، كۆرگىلى بولمىغۇ-
دەك دەرىجىدە قاراڭغۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئېنىقى بىلەن ئىزاھلاپ چۈشەن-
دۈرۈش بەسىي مۈشكۈلدۇر.
ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلىپ بولغان بولسامـمۇ،
ئېھتىمال كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تەسىراتىنى قوزغىيالمىغاندىمـەن.
بىراق. مەن «ئادەم بىر پۈتۈنلۈكـــگەۋدە» دېگەن نەزەرىيىنى تىلـغا
ئالغان چېغىمدا ئۆزۈمنىڭ ئاجايىپ زور ئۈمىدكە تولۇشۇمدىكى سە-
ۋەبلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدىم. مەن ئادەمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن خاتا
چۈشىنىلىپلا قالماستىن، ئۆزى تەرىپىدىنمۇ خاتا چۈشىنىلىدىغانلى-
قىغا ئىشىنىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغما ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە
يېتەكچىلىك قىلىدىغان پاراسەت نۇرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەھرۇم
قېلىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان، قاتمال بىرەيلەنگە ئۆزگىرىپ
قالدى.

مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ئادەم پەقەت چۈشا،
چۆمۈلە ياكى «توپ بولۇۋالغان لۈكچەكلەر» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. يۈز
يىل، مىڭ يىل ئىچىدە پەقەت ئىككىلا ئادەم، مۇنداقچە قىلىپ ئېيت-
قاندا پۈتۈنسۈرۈك ئادەمگە يېقىن كېلىدىغان ئىككى ئادەم مەيدانىغا
كەلدى، باشقا بارلىق كىشىلەر قەھرىمان ياكى شائىرلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن
ئۆزىنىڭ گەۋدەكلىكىنى، ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرەتتى. ئېنىقكى، ئۇلار
قەھرىماننى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدىغان، مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئەر-
زىمەس بېزەك بولۇشقا رازى بولغانىدى. ئاشۇ بىچارە قەبىلە كىشىلىرى
ۋە ئادەتتىكى مۇخلىسلار ئۆز ئاتامانىنىڭ شانۇ شەۋكىتى ئۈچۈن ئال-
قىشلار ياڭرىتاتتى. بۇلار ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنىڭ شۇن-
چىلىك مۇڭلۇق ۋە بىچارە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟
يوقسۇزلار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە تولىمۇ پاسسىپ
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەڭ قورساق پەزى-
لىتى ۋە پىسخىكىسىدىن مەلۇم تولۇقلاشقا ئېرىشەلەيدۇ، ئۇلار خۇددى
چىۋىندەك كىشىلەرنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ يۈرۈشكە، ئۇلۇغلارنىڭ



ھەممە كىشى ئېرىشىشكە ۋە ئىپادىلەشكە تەشنا ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما
تەبىئىتىنى جەۋلان قىلدۇرۇشقا يول قويۇشتىن قانائەت ھېس قىلا-
لايدۇ. ئۇلار ئۇلۇغلارنىڭ سايىسى ئاستىدا ياشايدۇ ھەمدە بۇ سايىسىنى
ئۇلۇغلارنىڭ ئۆزىنىڭ سايىسى دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ يۈرد-
كىگە بىر تامچە يېڭى قان تەقدىم قىلىپ ئۇنى دۈپۈلدەپ سوقتۇرۇش
پەقەت ئۇلۇغلارنىڭ ئۈستىخان، مۇسكۇللىرىنىڭ يېڭىدىن كۈچ-
قۇۋۋەتكە تولۇپ يەنە بىر قېتىم ئەل قىلىش جېڭىگە ئاتلىنىشىغا
ھەمدەم بولىدۇ. ئۇلار دەسسىلىپ، چەيلەنگەن ئۈستىخانلىرىدىن سۇ-
غۇرۇۋالغان ئىززەت، غۇرۇرنى ئۇلۇغلارنىڭ مۇرىسىگە ئارتىپ قويىدۇ،
ھەتتا جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ رازى بولىدۇ، ئۇلۇغلار بىز ئۇ-
چۈن ياشايدۇ، بىز بولساق ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىچىدە ياشايمىز.
بۇنداق كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە ئىمتىيازغا ئىنتىلىشى ناھايىتى
تەبىئىي، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئىمتىياز(ھوقۇق) قا موھتاج، چۈنكى ھوقۇق
پۇل، ئاتالمىش «ئەمەلدارلىق ئولجا» سى دېمەكتۇر، ئۇلار قانداقمۇ بۇنى
رەت قىلسۇن؟
ئۇلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى ئەڭ ئالىي ھوقۇق، ھەتتا چۈشىدىمۇ
ئۇنىڭغا ئېرىشىپ چۈشەيدۇ.
بۇلارنى ئويغىتايلى، ئۇلار پات ئارىدا ياسالما، سۈنئىي نەرسىلەر-
دىن ۋاز كېچىپ، ھەقىقىي نەرسىلەرگە تاشلىنىدۇ ھەمدە ھۆكۈمەتكە
ئاشۇ ئەسەرلەرنى ۋە يېزىق ئۈستىلىنى قالدۇرىدۇ، بۇ خىل ئىنقىلابنى
مەدەنىيەت كۆز قارىشىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ئاندىن ئېلىپ بار-
غىلى بولىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئىشلار مەلۇم مە-
نىدىن ئالغاندا يەنىلا ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش مەسىلىسىدۇر.
مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىڭلار مائارىپ «ياساپ چىققان تا-
لانتلىقلار» ھېسابلىنىسىلەر، ئالەمدىكى تۈمەنمىڭ خىل كەسىپ ئى-
چىدە ئەڭ سەلتەنەتلىكى، ئەڭ ئۇلۇغى ئادەم تەربىيىلەشتۇر. بىراۋنىڭ
شەخسىي تۇرمۇشى تارىختىكى ھەرقانداق بىر خانىدانلىقتا ئوخشاش
مۇقەددەس بىر خانىدانلىق، ئۇنىڭ دۈشمىنى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەتتا
ئادەمنى شۈركەندۈرىسە، دوستى ئۈچۈن يېقىملىق، بەھۇزۇر تۇيۇلىدۇ،
چۈنكى توغرا بولغان نۇقتىئىنەزەر ياقىدىن قارىغاندا بىر ئادەم بارلىق
ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە يۇغۇرغان بولىدۇ.

ھەر بىر پەيلاسوپ، شائىر، ئارتىس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قارىماقتا مەلۇم بىر ۋەكىل ۋاستىسى بىلەن ئۆزى ئۇچۇن كەلگۈسىدە قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلارنى قىلىۋالىدۇ. بىز بۇرۇن تولىمۇ ئەتىۋارلايدىغان ئاشۇ كىتابلارنى سۇدەك سۈمۈرۈۋالدۇق، بىزنىڭ كىتاب مۇئەللىپلىرىنىڭ ئىشلارنى كۆزىتىشتىكى ئورتاق نۇقتىئىنەزىرىنى بىلىۋالغىنىمىز دېمىسەكمۇ ھەممىگە مەلۇم. بىز يازغۇچىنىڭ ئۆزى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ كەتتۇق، بىر ـ بىرلەپ بارلىق بىلىم خەزىنىلىرىنى ئىچىپ (قوبۇل قىلىپ) بولدۇق ھەمدە مۇشۇ ئوزۇقلارغا تايىنىپ چوڭ بولۇشقا باشلىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ بىز يەنە تېخىمۇ مول غىزاغا قەززا ئىدۇق، ھېچكىممۇ بىزنى مەڭگۈلۈك تويۇندۇرۇپ كېتەلمەيتتى.

ئىنسانىيەت روھى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئۆزى قامال قىلىۋالغان كىشىنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتلىنىشكە ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى ئادەمنىڭ قەلبى چەك ـ چېگراسى، مەنزىل ـ پاسىلى بولمىغان ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بىر پادىشاھلىق، ئۇ بىر دەستە يالقۇنىنىڭ ئوق مەركىزى، ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى بەزىدە ئىتنا يانار تېغىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، سىبىسلىيە دېڭىز بوغۇزىنى نۇرلاندۇرسا، بەزىدە ۋەسۇۋىيۇس ۋولقىنىدىن پۇركۇلۇپ، نەپلېس قەلئەسى ۋە ئۈزۈمزارلىقىنى يورۇتۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭ نۇرى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلاردىن كېلىدۇ، ئۇ ئىنسانىيەت ھاياتىغا ئاتا قىلىنغان بىردىنبىر روھ.

ئېھتىمال، مەن «ئالىم»دېگەن ئابستراكت ئۇقۇم توغرىسىدا بەك كۆپ توختىلىۋەتكەندىمەن، مېنىڭ يەنە ئەزۋەيلىگۈم يوق، شۇڭلاشقا بۈگۈنىمىز ۋە دۆلىتىمىزگە ئائىت بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچىمەن.

تارىخ نۇقتىسىدىن ئالغاندا، توختاۋسىز يېڭىلىنىپ ۋە ئالمىشىپ تۇرىدىغان دەۋرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى يەنىلا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ماتېرىياللار ئىسپاتلىدىكى، كلاسسىك دەۋر، رومانتىزم دەۋرى، ھازىرقى قايتا ئويلىنىش ياكى پەلسەپە دەۋرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىدىكى تالانتقا ۋەكىللىك قىلالايدۇ، گەرچە مەن ئىنسانىيەت روھىنىڭ بىردەكلىكى ۋە ئوخشاشلىقىنى تەكىتلىگەن بولساممۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ پەرقىنى تەكىتلەيمەن دەپ



ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ يۈرمەيمەن. ئەمەلىيەتتە مەن ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن: باللىق دەۋرى دەل قەدىمكى گرېتسىيە دەۋرىگە، ياشلىق مەزگىلى رومانتىزملىق باسقۇچقا، قىرانلىق دەۋرى بولسا قايتا ئويلىنىش باسقۇچىغا ئوخشايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسى ساھەسىدە ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىنقىلابلارنى ئېنىق ئەسلەپ بېقىشىمىزنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن، ئەلۋەتتە.

بەزىلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزنى «ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش دەۋرى» دەپ ئاھ چەكمەكتە، ئەجەبا ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش چوقۇملا بىر يامان ئىشمىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، بىز يوق يەردىن پۇتاق چىقارغاندەكلا، ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز بىكاردىنلا خىجالەت بولغاندەك قىلىمىز، بىز ھېچقانداق نەرسىدىن بەخۇدۇك ھۇزۇرلىنالمايمىز، چۈنكى بىز شادلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئالدىراپ كېتىمىز. پۈتكۈل بەدىنىمىزنى كۆزلەر قاپلىۋالغان تۇرسىمۇ، بىز يەنە پۇتىمىز بىلەن شەيئىلەرنى كۆزىتىپ يۈرىمىز، بۇ دەۋر ھامىلىتىنىڭ بەختسىزلىكىنى يۇقتۇرۇۋالدى.

زەئىپ ئىدىيىنىڭ سايىسى تۈپەيلى كۆڭلى زەئىپلىشىش
ئەھۋال راستتىنلا مۇشۇنچىلىك ئوسالمۇ؟

بايقاش (كۆزىتىش) ئىقتىدارى ھېسداشلىقنى زىنھار خالىمايدىغان ئىقتىداردۇر، ئەجەبا بىز قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشنى خالايمىزمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ خۇدا ۋە تەبىئەتتىنمۇ بەك نېرىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈشتىن، ھەقىقەتنى ئىشلىتىپ تۈگىتىۋېتىشىمىزدىن قورقىمىزمۇ؟ مېنىڭچە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نارازىلىق كەيپىياتى مۇنداق بىر پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: «ئۇلار ئۆزى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ قەلبىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقاپلا قالماستىن، يەنە تېخى تەسىراتىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان كەلگۈسى قەلب(روھىيەت) تىنىمۇ ئەپسۇسلىنىشتى.»

بۇ خۇددى كىچىك بالىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ سۇدىن قورققىنىدەكلا بىر ئىش.

ناۋادا كىشى ئۆزى تۇغۇلىدىغان دەۋرنى تاللىيالايدىغان بولسا، ئەجەبا ئۇ ئىنقىلاب دەۋرىنى تاللىماسمۇ؟ زادى قاچان كونا، يېڭى دەۋرنى

قاتار قويۇپ، كىشىلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنار؟ زادى قاچان ۋەھىمە ۋە ئۈمىد كىشىلەرنى پۈتۈن كۈچىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلار؟ يەنە قاچان كونا دەۋرنىڭ تارىخىي شەۋكىتى يېڭى دەۋرنىڭ مول ئىمكانىيەتلىرى قوينىدا تولۇقلىنىشقا ئېرىشەلەيدۇ؟

بۇ دەۋرمۇ باشقا دەۋرلەرگە ئوخشاش، بىز پەقەت قانداق يۈزلىنىشنى بىلسەكلا كۇپايە، ئۇ بەك گۈزەل.

مەن كېلەچەكتىكى كۈنلەرنىڭ ئېنىق سىمۋوللىرىنى رازىمەنلىك بىلەن كۆردۈم، بۇلار ئاللىبۇرۇن شېئىر، سەنئەت، پەلسەپە ۋە ئىلىم - پەندە، چېركاۋ ياكى دۆلەتتە نۇر چاقنىتىپ بولدى. سىمۋوللار ئىچىدە مۇنداق بىر پاكىتمۇ بار: مەملىكەت ئىچىدىكى ئاتالمىش تۆۋەن تەبىقىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈشكە كۈچەيدىغان ھەرىكەتلەر ئاللىبۇرۇنلا ئەدەبىياتتا كۆزگە چېلىقارلىق دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشكە ئېرىشتى ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىك ئەمدى كۆيلەنمەيدىغان بولدى، يازغۇچىلارنىڭ قوغلىشىدىغىنى ۋە قازىدىغىنى ئاشۇ كۆز ئالدىمىزدىكى تومپاي ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرمۇش بولۇپ قالدى، بىر مەھەل يىراقلارغا ئاتىلىپ يات ئەللەردىن ئۆزلىرىگە «قۇۋۋەت» توپلاشقا تەقەززا بولۇشقان يازغۇچىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا دەسسەلگەن، بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمىگەن ماتېرىياللارنىڭ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ئاشۇ يات ئەل پۇرىقىغا تويۇنغان ماتېرىياللاردىنمۇ بەكرەك رەڭگارەڭ ئىكەنلىكى بايقالدى.

كەمبەغەللەرنىڭ ئەدەبىياتى، بالىلارنىڭ ھېسسىياتى، كوچا - كوي پەلسەپىسى شۇنىڭدەك ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىقلار نۆۋەتتىكى «ئېپتىتىم»لارغا ئايلاندى، بۇنىڭ ئۆزىنىلا تولىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش دېيىشكە تامامەن بولىدۇ، بۇلار بىر بەلگە(سىگنال) دۇر، ئەجەبا ئۇنداق ئەمەسمىكەن؟

ئۇ يېپيېڭى بىر ھاياتىي كۈچنىڭ بەلگىسى، بۇنداق ھاياتىي كۈچ تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇۋېتەلەيدۇ، ھاياتلىقنىڭ ئىسسىق ئېقىمىنى ھەر بىر جۈپ قولغا، ھەر بىر جۈپ پۇتقا تارىتالايدۇ.

مەن خۇددى ئىتالىيىدە، ئەرەبلەردە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلاردىكىدەك ياكى قەدىمكى گرېتسىيە سەنئىتىدىكىدەك ۋە ياكى فرانسىيە



پروۋىنكال رومانتىك شېئىرلىرىدىكىدەك ئۇلۇغ، رومانتىك، يۇمۇرىستىك تېمىلارنى قوغلاشمايمەن. ئادەتتىكىچە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان، ماڭا پىششىق بولغان، ئۇششاق - چۈششەكلەرنى ياخشى كۆرىمەن، ماڭا بۈگۈننى كۆزىتەلەيدىغان كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، باشقىلارنىڭ قەدىمكى ۋە كەلگۈسى دۇنياغا خوجايىن بولۇشىغا يول قويۇڭلار!

زادى قانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بىزگە ئايدىڭ؟

بىر تەخسە چۈشلۈك تاماق، بىر ئىستاكان چۈشلۈك سۈت، كوچا - كويلاردىكى مىنور(خەلق قوشىقى)، پاراخوتتىكى خەۋەرلەر، كۆزنىڭ لاپ قىلىپلا بىر ئالىيىشى، شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ بەدەن شەكلى ۋە قەدىمىگە مۇجەسسەملەنگەن مەنە، ماڭا بۇلارنى — شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاداققى سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، ھەمىشە تەبىئەتنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ۋە چاتقاللىقلار ئارىسىغا مۆكۈۋالىدىغان ئەڭ ئېسىلزادە روھىي ئامىلنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىشىمغا، شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالەملىك تارتىش كۈچى مەۋجۇت دەيدىغان مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى «ئويناق»، «تېتىك» ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى كۆزدىتىشىمگە يول بېرىڭلار. دۇكان، چىتلاق، قەرز دەپتىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن ئالاقىسى بار، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قائىدىگە ئاساسلىنىپ نۇر پالتىراقلىقىقا ئۆزگىرەلەيدۇ. شائىرلار شېئىر ئېيتتى، بۇ دۇنيا ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئەسكى - تۈسكىلەر بىلەن تولغان تېتىقسىز ئىسكىلات ئەمەس، بەلكى تەرتىپلىك، قاتلاملىرى ئېنىق بولغان ۋاكۇئۇم. ئۇنىڭدا ئەمدى ئەسكى - تۈسكى، ئۇششاق - چۈششەكلەر يوق، مۇرەككەپ، يەشكىلى، ئاچقىلى بولمايدىغان نەرسىلەرمۇ يوق، ئۇنىڭدا پەقەت بارلىق ئېگىز - پەس، يۇقىرى - تۆۋەن نەرسىلەرنى ئىتتىرىپ تۇرىدىغان، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەسلىھەلەرلا مەۋجۇت.

بۇ خىل كۆز قاراش ئىلگىرى گولىد سمىس، بۆرنىس، كوۋپېر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تالانتىنى غىدىقلىغان بولسا، كېيىنچە گيوتى، ۋوردىس ۋورس ۋە كارلىيىل قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەت ئىلھامىنى قوزغاتقانىدى. ئۇلار ئوخشىمىغان ئۇسۇل بويىچە بۇ قاراشقا ئەمەل

قىلغان ھەمدە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان-
دى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈلگەندە يوپ، جوۋسۇن، گىبىن
قاتارلىقلارنىڭ ئۇسلۇبى بەك سوغۇق قان ھەم مۇتەئەسسىپ كۆرۈنەتتى،
ئالدىنقى تۆردىكى ئەسەرلەر كىشىگە ئىللىق تۇيغۇ بەخش ئېتەلەيتتى.
كىشىلەر يېنىمىزدىكى شەيئىلەر بىلەن يىراقلاردا قالغان رىۋا-
يەتلەرنىڭ ئوخشاشلا گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىشتى، كۆز ئال-
دىمىزدىكى رېئاللىق يىراقتىكى ھېكايىنى ئىزاھلىيالايتتى. بىر
تامچە سۇمۇ يەنىلا دېڭىز بولالايدۇ، ئىنسان ۋە تەبىئەتنىڭ بارلىق نەر-
سىسى ئۆز - ئارا ھەمنەپەس، دەھرى نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ھەققىدى-
كى بۇ چۈشەنچە چوڭقۇم مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ، ئۇ ھەمىشە مول
يېڭى بايقاشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ جەھەتتە گيوتىنى «زامانىۋى
ئادەملەر ئىچىدىكى ئەڭ زامانىۋىسىدۇر، ئۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمى-
غان تىرىشچانلىق ئارقىلىق قەدىمكىلەرنىڭ تالانتىنى نامايان قىلال-
دى» دېيىشكە تامامەن ئەرزىيدۇ.
مەلۇم بىر تالانت ئىگىسى بۇ خىل كىشىلىك ھايات پەلسەپى-
سىگە كۆپ تۆھپىلەرنى قوشتى، بىراق ئۇنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ئىز-
چىل تۈردە توغرا باھالارغا ئېرىشەلمەي كەلدى، ئۇ دەل ئىمانوئېل
سىۋېدىنبورگدۇر.
ئۇ تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي يازغۇچى، بىراق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە
ماتېماتىكلارنىڭكىدەك توغرىلىق بار، ئۇ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بىر
خىل ساپ پەلسەپىۋى نەزەرىيىنى ئەينى دەۋردە مودا بولۇۋاتقان خرىس-
تىيان دىنىغا تارتىپ ئەكىرەلىدى، بۇنداق سىناقنىڭ ھەرقانداق بىر
تالانت ئىگىسى ئۈچۈن ئاسانغا توختىمايدىغانلىقى ھەممىگە چۈشى-
نىشلىك، ئەلۋەتتە.
ئۇ تەبىئەت ۋە ئىچكى ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۆ-
رۈپ يېتىپلا قالماي، كۆرسىتىپ بېرەلىدى. ئۇ بۇنداق كۆرگىلى،
تىڭشىغىلى، سىلىغىلى بولىدىغان سۆز، جۈملىلەردە ئەسلىدىنلا بار
بولغان سىمۋوللۇق ۋە مەنىۋىلىكنى ئاشكارىلاپ بەردى. ئۇ «كۆلەڭ-
گە»دەك ئىلھامغا، بولۇپمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پەس، تۆۋەن تەرىپى-
دىكى بوشلۇقتا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئىلھامغا مايىل ئىدى، بۇلارنى
ئىزاھلاپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشقانىدى.



دەۋرىمىزنىڭ يەنە بىر سىمۋولى يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان
سىياسىي ھەرىكەتلەرنى بەلگە قىلىدۇ، ئۇ شەخسكە ئاتا قىلىنىغان
يېپيېڭى بىر مەنە. ھەممە نەرسە قارىماققا تەبىئىي، ھۆرمەتلىك قاشالار
ئارقىلىق ئۇنى قورشاپ، ئادەمنى ئايرىپ چىققاندەك قىلىدۇ، شۇندىلا
ئۇلار دۇنيا ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغاندەك، كىشى بىلەن كىشى ئوت-
تۇرىسىدا خۇددى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش بې-
رىش - كېلىش بولغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا يەنە، تۈرلۈك ئالامەتلەردىن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي
يوسۇندا بىرىكىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئۇلۇغ قىلىۋەتكەنلىكى مەلۇم
بولماقتا.
غەمكىن پەستالوززىي ئېيتقان: «مەن تەڭرىنىڭ بۇ بىپايان زې-
مىنىدا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان ياكى ياردەم بېرەلەيدىغان
بىرمۇ كىشىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم» دىكى ياردەم پەقەت چىن كۆ-
ڭۈلدىن چىقىرىلغان ياردەمنى كۆرسىتىدۇ، ئالىملار چوڭقۇم ھازىرقى
بارلىق ئىقتىدارى، ئۆتمۈشتىكى ھەممە تۆھپىسى، كەلگۈسىدىكى
جىمى ئۈمىدى قاتارلىقلارنى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىشى، جەزمەن
بىلىمنىڭ خەزىنىسى بولمىقى لازىم، ئەگەر دۇنيادا قوبۇل قىلىشقا
تېگىشلىك ساۋاق بار دېيىلسە تۆۋەندىكىسى شۇ:«دۇنيا ھېچنېمىگە
ئەرزىمەيدۇ، تالانتلىقلار بولسا ھەممە دېمەكتۇر.»
سىز ئەسلىدىنلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق قانۇنىيەتلەرنى
مۇجەسسەم قىلغان تۇرۇقلۇق، گاز جىسىملارنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەش
پرىنسىپىنىمۇ بىلمىسىڭىز بۇ قانداق بولغىنى؟ ئەقلىيلىق سىزنىڭ
قەلبىڭىزدە قاتتىق ئۇيقۇغا چۆشكەن، بۇلارنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز،
جاسارەت بىلەن ئۇرۇنۇپ كۆرۈشىڭىز كېرەك.
پرېزىدېنت ئەپەندى، ھەر قايسى مېھمانلار! بارلىق مەقسەت، بې-
شارەت، تەييارلىقلار ئالىبۇرۇنلا ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا
بولغان ئىشەنچىنىڭ ئامېرىكا ئالىملىرىغا تەئەللۇق بولغانلىقىنى
ئىسپاتلاپ بولدى. بىزنىڭ ياۋروپانىڭ نازاكەتلىك سەنئەت ئىلاھەسى-
نىڭ ئاۋازىنى زەن قويۇپ تىڭشىغىنىمىزغا بەكمۇ ئۇزۇن زامانلار
بولۇپ كەتتى، كىشىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەركىنلىك روھىنىڭ
توخۇ يۈرەكلىك، تەقلىد قىلىش ۋە رايىشلىقنىڭ ئالماش سۆزى

ئىكەنلىكىگە ئاللىقاچانلا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇشتى. لېكىن
كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ ئاچ كۆزلۈكى بىز نەپەسلىنىدىغان ۋاكۇ-
ئۇمنى دۇغ ۋە مايلاشقان قىلىۋەتتى. ئالىملارنىڭ يۈزى چوڭ، ئۇلار
لايغەزەل ۋە تەۋاززۇلۇق (تۆزۈتلۈك)، بۇنداق ھالەت تولىمۇ پاجىئەلىك
ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇ دۆلەتنىڭ روھى چاكىنا، تۆۋەن
دەرىجىدىكى ئوبيېكتلارنى نىشان قىلىپ، ئۆزىگە زىيان سېلىشنى دا-
ۋاملاشتۇرماقتا. بۇ دۆلەتتە پەقەت قائىدە - يوسۇنلۇق، مۇلايىم، رايىش
كىشىلەرلا خىزمەت تاپالايدۇ. ئەمدىلەتىن تۇرمۇشنى باشلىغان ئەڭ
ئۈمىدلىك ياشلار بولسا ئاللىقاياقلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشمەكتە.
بىراق خۇدانىڭ بارلىق يۇلتۇزلىرى ئۇلارنى يورۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار
بۇنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى تۇپراق بىلەن ئۇنچىۋالا كېلىشەلمەيۋاتقاندى-
لىقىنى بايقاپ قالدى. ئىش - پائالىيەتلىرى سودا نەزەرىيىسىدىن كې-
لىپ چىققان ئۈچمەنلىكنىڭ چەكلىنىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن جاپا، نادا-
مەت چېكىشكە ياكى جېنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى بۇنىڭ
تىپىك مىسالى ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى ئۆزلىرىنى ئۆل-
تۈرۈپمۇۋالدى، ئەلۋەتتە.

بۇلارنى قۇتقۇزىدىغان ئېسىل دورا زادى قەيەردە؟ ئۇلار تېخى بۇنى
بايقىيالمىدى، خىزمەت ئىزدەش رىشاتكىسى ئالدىدا قىستىلىشىپ
يۈرگەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئۈمىدۋار ياشلارمۇ بۇنىڭغا ئامالسىز.

ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئىزچىل جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۆز
قارىشىدا قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرالىسىلا، بىپايان دۇنيا ئۇنىڭغا
قاراپ يۆتكىلىدۇ، سەۋر قىلىڭ، يەنە چىداڭ، بارلىق ئاق كۆڭۈللۈك ۋە
ئۇلۇغلۇقنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا سەۋر - تاقەت قىلىڭ: چەكسىز
كەڭرى تۇرمۇشىڭىزنىڭ كېلەچىكى سىزنىڭ تەسەللىيىڭىز، تەقدى-
قات ۋە تارتىش بولسا سىزنىڭ خىزمىتىڭىز، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ
قېزىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيانى تەربىيىلەيلى ۋە تەسىرلەندۈرەيلى.

بۇ دۇنيادا، سىز ئۆزىڭىزگە خاس روھ ۋە ھەرىكەت بىلەن ياشى-
مايدىكەنسىز، باشقىلار سىزنى خاس مىجەزلىك ئادەم سۈپىتىدە كۆر-
مەيدۇ ياكى پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەركەك ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھاسى-
لاتلارغا ئېرىشەلمەيسىز. باشقىلارمۇ سىزگە ئايرىم بىر ئادەم سۈپە-
تىدە ئەمەس، بەلكى بارلىق مەۋجۇدات قاتارىدا ياكى مىڭلىغان كىشى



قاتارىدا ئارىلاش مۇئامىلە قىلىدۇ. بىز تەۋە پارتىيە - گۇرۇھ ياكى رايون
ئارقىلىق بىزنى باھالايدۇ، جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن ياكى جەنۇب،
شىمال ئايرىمىسى ئارقىلىق بىزنىڭ پىكرىمىزنى تەخمىن قىلىدۇ،
ئەجەبا بۇ سىز ئۈچۈن چوڭ شەرمەندىچىلىك ھېسابلانماسمۇ؟

بۇنداق قىلىساق ھەرگىز بولمايدۇ، قېرىنداشلار، دوستلار، پەر-
ۋەردىگار ساقلىسۇن، ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۆزىمىزنىڭ
پۇتىدا مېڭىشىمىز، ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ ئىشلىشىمىز، ئۆزى-
مىزنىڭ ئىدىيىسىنى سۆزلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەم-
دى ھەرگىزمۇ ھېسداشلىقنىڭ، ئىچ ئاغرىتىشنىڭ، گۇمان ۋە سەزگۈ
ئورگانلىرىمىزنىڭ ئازادلىشىشىگە، راھەتلىنىشىگە سىمۋول قىلى-
نىدىغان ئىسمىغا ۋەكىللىك قىلماسلىقى كېرەك.

ئادەمنىڭ ۋەھىمىسى، مۇھەببىتى ئۇنىڭ ھەممە شادلىقىنى ئوراپ
تۇرىدىغان گۈلچەمبىرەك ۋە مۇداپىئە تېمىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئىس-
مى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي بىر ئادەمدىن تەشكىل تاپقان دۆلەت
تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلدى، چۈنكى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ روھ-
نىڭ دەۋىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقىغا، ئۇنىڭ ھەممىنى ئىلھاملاندۇرالايدى-
غانلىقىغا ئىشەنمەكتە.

# گۈزەللىك ھەققىدە

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تولغىنىپ ئۆسۈشى مائارىپىمىزغىمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ، بىلىۋېلىشنى ئەڭ خالايدىغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى كىتابتىن شۇ ھامانلا تاپالمايمىز - يۇ، دائىم ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ كېتىمىز، بىراق ئۇنىڭ بىز بىخەستەلىك قىلىنىۋاتقان ئوبيېكتلاردىن قانچىلىك يىراقلىقتا تۇرىدىغىنىنى ئويلاپمۇ قويمايمىز!

بوتانىكا ئىلمىدە بىر قىسىم نام - ئاتالغۇلار بولغىنى بىلەن ماھىيەتلىك نەرسىلەر يوق، شائىرلار ۋە پروزىچىلار دائىم دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ رولى ۋە داۋالاش ئۈنۈمى توغرىلىق ۋەز ئېيتىشىدۇ؛ بىراق بوتانىكلار ئۆزلىرىنىڭ ساھەسى دائىرىسىدە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ قىممىتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى زادى قانچىلىكتۇ؟ گېئولوگلار يەر قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇلار يەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى بارماقلىرىنى سانىغاندەك سانىيالايدۇ، بىراق ئۇ مۇشۇ يەرگە ئۆي سالغان كىشىنىڭ بۇ ھەقتە زادى قانچىلىك ئويلىنىشىدىغان، ئويلاشمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟ ئۇ بۇنىڭ گرانىت تاشلاردىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەردە ئولتۇرغان قەدىمكى كىشىلەرگە تەسىرى بار - يوقلۇقىنى ئەلۋەتتە بىلەلەيدۇ، بىراق لاتقا جىنسلار، چۆكۈندى جىنسلار بىلەن ئۆي سالغان كىشىلەر بۇنى زادى قانداق چۈشىنەر؟

ناۋادا ئۇچار قانات تەتقىقاتچىلىرى بىزگە دەرەخكە يىغىلىپ كۈزلۈك كېڭەش قىلىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەپ بېرەلىگەن بولسىدى، بىز ئاندىن ئۇلارغا يېڭىچە ئىلگىرىلەش بوپتۇ، دەپ باشقىچە نەزەردە قارىغان بولار ئىدۇق. قۇش تىلىنى ئۇقمىسا، ئۇ ھەقتىكى خاتىرە تېتىقسىز لۇغەت، تەتقىقات مېۋىسى بولسا بىر دانە ئۆلۈك قۇش خالاس. قۇش تەتقىقاتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سالمىقى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. سىز ماڭا كۆرسەتكەن



تېرە ۋە ئىسكىلىت بىر دانە قاقىرمۇ، بىر چىمدىم جەسەت كۈلىمۇ ئەمەس، تەنىنىڭ چىرىشىدىن شەكىللەنگەن بىر بوتۇلكا گازمۇ ھەم ئەمەس، بەلكى دانتى ۋە ۋاشىنگتون.

بىئولوگلار ھەمىشە «بىز ئاللىبۇرۇن بىر قىسىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردۇق» دېيىشىدۇ، دەل مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۈپەيلى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدىن تېيىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ.

كىچىك بالا ساھىلدىكى قۇلۇلە قاپلىرى ياكى ئوتلاقتىكى گۈل - گىياھلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىنى مۇشۇ كەسپنىڭ ئەھلى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ باھاسى دەلراق، توغرىراق بولىدۇ. بىز مۇنەججىملىككە ھەۋەس قىلىمىز، چۈنكى ئۇ ئىنسان بىلەن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى باغلاپ تۇرىدۇ، كۆكتىكى سەييارىلەر ئۆزلىرىدىن شۇنچە يىراقتا تۇرغان سائىللارنى (تىلەمچىلەرنى) سېزەلەيدۇ، سائىلنىڭ كۆڭۈل كۆزىمۇ ئۇلارنى كۆرەلەيدۇ، ئالدامچىلار ۋە سودىگەرلەر مەيلى قانچىلىك قۇۋ ۋە ساختا بولسۇن، بۇنداق سىرلىق، خۇپىيانە مۇناسىۋەت چىن ۋە مۇقەددەس پېتى مەۋجۇت بولۇۋېرىدۇ. روھنىڭ يەلكىسىگە ئارتىلغان غايەت زور بۇ باغلىنىش تورى — كىلىمات، ئەسىر ۋە يىراق - يېقىندىكى مەۋجۇدات قاتارلىقلار روھنىڭ ئۆز تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى بىر تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

خىمىيە ئۇششاق بۆلەكلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە بۆلەكلەرگە ئاجرىتىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى بىرىكتۈرمەيدۇ، مېتاللورگىيە بولسا بىر خىل ئېلېمېنتنى باشقا بىر خىل ئېلېمېنتقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى ھاياتلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنى يېڭى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە يۆنىلىشكە ئىگە قىلىدۇ.

نېمىلا دېمەيلى، يۇقىرىقىلاردا، ھەتتا بارلىق ئىلىم - پەندە ئىنسانىيەت ئىلمىدىن ئىبارەت بىر تەرەپ كەم بولماقتا. ئۆي ئىچىرىگە ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلار ئۆيدىنمۇ مۇھىم، بىز ئاتىلىق ۋە ئاجرالغۇچى بىخ(سپورا) تەتقىقاتىغا كۆپلەپ ۋاقىت ئاجراتتۇق - يۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدۇق. ئادەمنىڭ قىممىتىنى قېزىپ چىقىرىپ، تەبىئەت بىلەن بىرىكتۈرەلىگىنىمىزدە ئىدى، تەبىئەت دۇنياسىدا

مەخپىيەتلىك قالمىغان بولاتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى مىكروسكوپتىن ئېشىپ كېتەلەيدۇ، ھەتتا بۇ نىسبەتنى ئاسترونوملارنىڭ غايەت زور سانلىق مەلۇماتلىرىمۇ ئۆلچەشكە ئىلاجسىزدۇر.

بىز مانا مۇشۇنداق ئەخمەق ۋە گۇمانخورمىز.

كىشىلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەمدەك ھېس قىلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر بىرىمىز بىر دەستىدىن چاقماق، تەبىئەتنىڭ ھەممە كۈچى ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ گويا سۇ ئىچىدىكى سۇ، ئوت ئىچىدىكى ئوت، ئۇ ئۆز قېنىنىڭ تامچىلاۋاتقىنىنى ھېس قىلالىغىنىغا ئوخشاش، ئىككى قۇتۇپنى ھېس قىلالايدۇ، بۇلار ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ داۋامى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۇسكۇنە، ياق ئۇنىڭ ئۆزى.

دۇرۇس ۋە مۇكەممەل بىر كىشى قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ يادروسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، بىز پەقەت ئۆزىمىز بىلەن ئوخشاش سالماقتىكى نەرسىلەرگىلا ئىشىنىمىز، بىزگە قەھرىمانلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھادىسىۋى (يۈزەكى) قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئارقىلىق بىزنى خۇش قىلىۋاتقاندەك، بۇندىن ئۆزگە ۋاي دەپ كەتكۇدەك رولى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. بىراق تېرەن پىكىرلىك كەسكىن كىشىلەر مۆجىزىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭ نامايان بولۇشىغا زارىقىدۇ، ئۇ يەنە سېھىرگەرلىكنىمۇ چىنپۇتىدۇ، زۇۋاندار ناتىقلارنىڭ رەقىبىنى مات قىلالايدىغانلىقىدىن، ئەڭ رەزىل بېقىنىشلارنىڭمۇ ھامىنى سۇسلايدىغانلىقىدىن، ھەر قانچە ئېغىر قەلب يارىسىنىڭمۇ ساقىيىدىغانلىقىدىن، مۇھەببەتنىڭ تالانتىنىڭ ھەرقانداق مۇشكۇلاتلارنى يېڭىشكە ئىلھام بېرەلەيدىغانلىقىدىن، ئالىيجاناب بىر قەلبتىن ئۈزۈلمەس سىرلىق سېھرىي كۈچ ئېتىلىپ چىقىپ، شانلىق تۆھپىلەرنى يارىتالايدىغانلىقىدىن زىنھار شەكلەنمەيدۇ. بىراق بىز ئىشلىتىلىشچانلىقنى بەكرەك قەدىرلەيمىز، خۇددى ئېھتىياتچان ئەر، غەرەز ئۇقىدىغان بالا، سايىلىغۇچىلار، گىراژدان دېگەندەك. بىز رومانتىك، خىيالپەرەس خاراكتېرگە چىش-تىرنىقىمىز بىلەن قارشى تۇرىمىز، ھەتتا ئادەملەرنىڭ پۇل-مېلىغا قاراپ قىممىتىگە، پاراستىگە، ھېسسىياتىغا باھا



بىرىمىز، بىز گويا ئېسىل قورۇ-جاي، داڭلىق رەسىم، مۇزىكا، ئالىي ھاراقلارغا ئاسانلا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان زايومغا ئوخشايمىز.

ئىلىم-پەننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى تەبىئەت قوينىدىكى ئادەمنى ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ھەتتا كۆكتىكى يۇلتۇزنى ئۈزەلەيدىغان، يەرشارىنى كۆزىتەلەيدىغان، قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ تىللىرىنى يېشەلەيدىغان، شامالنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلالايدىغان، قەلبىمىز ئارقىلىق ئاسمان-زېمىن بىلەن مۇڭدىشالايدىغان بولۇپ كېتىمىز، بىراق بۇلار ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئىلىم-پېنىمىز ئەمەس.

گېئولوگىيە، خىمىيە ۋە ئاسترونومىيىلەر قارىماققا بىزنى ئەقىللىق قىلىۋەتكەندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىزنىڭ ئاپىرىدە بولغان ماكان بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ئۈزۈپ قويىدى.

ئىختىرا، كەشپىياتلارنىڭ پەقەت ئىختىرا ئىگىسىگىلا پايدىسى تېگىدۇ، باشقىلارغا نىسبەتەن زادى قانداق رول ئوينايدۇ، بۇ باشقا بىر مەسىلە، پەننىي فورمۇلىلار گويا سىزنىڭ خاتىرىڭىزنىڭ ۋارىقىغا ئوخشاش، پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئەھمىيەتلىك.

ئىلىم-پەن مەيلى ئامېرىكىدا ياكى ئەنگلىيىدە بولسۇن نەزەرىيىنى كۆككە كۆتۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ياكى ئەخلاق نامى بىلەن قانداقتۇر بىر مەقسەت-نىشانغا ئۇلىشىشنى ياقتۇرمايدۇ، بىراق ئىنسانىيەتسىز قىلمىشلار ھامىنى ئۆزگە تۇشلۇق «مۇكاپات»قا ئېرىشمەي قالمايدۇ.

ئىلىم-پەن كىشىلەرگە زادى قانداق سالاپەت ئاتا قىلالايدۇ؟

باللار بۇنىڭغا قىلچە قىزىقمايدۇ، ئۇ ھەتتا «مەن مۇئەللىمىمگە ئوخشاش ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلمايمەن» دېيىشى مۇمكىن، يىغىپ ساقلىغۇچى ئۆزىدىكى بارلىق ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى شامالدىتىپ قۇرۇتتىيۇ، ئۆزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ۋە تەن سۇيۇقلۇقىدىن مەھرۇم قالدى. بارلىق يىلان، كەسلەنچۈكلەرنى دورا بوتۇلكىسىغا قاچىلاپ قويغانىدى، ئىلىم-پەنمۇ ئوخشاش ھۆرمەت بىلەن ئۇنى بوتۇلكىغا قاچىلاپ قويىدى.

ھەممىمىز دوختۇرلارنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز، مەلۇم بىر پوپ كانايچە ياللۇغى بولۇپ قالدى، دەيلى، ئۇنىڭ پسىخىكىسىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى

ئەمدى مۇنداقلا چۈشەندۈرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. خۇددى ماكرەدى بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتىنى «ئۇلارنىڭ چىقارغىنى ساختا ئاۋاز»دەپ يەكۈنلىگەنگە ئوخشاش.

بىر كۈنى تىسسو ئىسىملىك ھىندىستان شاھزادىسى ئورمانلىقتا ئاتلىق كېتىۋېتىپ بىر توپ قىن-قىنىغا پاتماي ئويناۋاتقان قانداغايلارنى ئۇچرىتىپتۇ ھەمدە قاراڭلار، بۇ قانداغايلارنىڭ خۇش بولۇپ كېتىشكىنىنى! ئاۋۇ ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنىڭ يەيدىغىنى، كېيىدىغىنى تەل تۇرسىمۇ، يەنە نېمىشقا بۇلاردەك خۇشال بولالمايدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قاپتۇ ۋە قايتقاندىن كېيىن بۇلارنى شاھقا مەلۇم قىلىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى پادىشاھ ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ھەمدە: «ئوغلۇم، دۆلەتنى ساڭا يەتتە كۈنلۈك ئۆتكۈزۈپ بەردىم، يەتتە كۈندىن كېيىن سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن!» دەپتۇ، يەتتىنچى كۈنى ئاخشىمى پادىشاھ ئۇنىڭ نېمىشقا مۇنچىۋالا غەمكىن بولۇپ قالغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۆلۈمدىن قورققانلىقىنى ئېيتىپتۇ، شۇ ئان پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، ياخشى ئادەم بولغىن، كاللاڭدا يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغىنىڭ بولغاچقا، ئەيش-ئىشرەت، كۆڭۈل ئازادىلىكى دېگەنلەرنى ئويلاشقا پېتىنالمىدىڭ، راھىبلار كۈن بويى ئۆلۈمنى ئويلاپ ئولتۇرىدىغان تۇرسا، شادلىق دېگەنلەرنى ئويلاشقا قانداقمۇ ئېشىنالىسۇن؟» دەپتۇ.

شۇنداق، ئالىملارمۇ دوختۇر، پوپ ياكى باشقا ساھەدىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئۆز ئىشىنىڭ ئاسارىتىگە مەھكۇم بولۇشىدۇ، تۈگمەنچى، ئادۋوكات ۋە سودىگەرلەر پۈتكۈل زېھنىنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىشۋەتكەچكە، ئاخىرىغا كەلگەندە كۈچ-ماغدۇرسىز كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەجەبا بىراۋنىڭ ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارىنىڭ، قىزغىن ۋە ھەققانىيەتچى، لىللا قەلبىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىزنىڭ ئادەملەرگە قويىدىغان تەلەپ-ئۆلچەملىرىمىزنىڭ جۈملىسىدىنمىدۇر؟ ياكى تاش تۈگمەن، تاۋار، كاززاپلىق دېگەنلەرگە بولغان قىزىقىش ئۇچۇنمىدۇ؟

بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت ئادەم، ئادەم بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى.



گەرچە بىز تەبىئەت دۇنياسىدا مۇكەممەل قانۇنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلسەكمۇ، لېكىن ئۇلار پەقەت ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە سىڭىپ كىرەلىگەندىلا ياكى ئادەم مېڭىسىگە يىلتىز تارتقاندىلا، ئاندىن سېھرىي كۈچىنى جەۋلان قىلدۇرالايدۇ.

بىر ئەسىر بۇرۇن ۋىنكىلمان تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، ئىلىم-پەندىكى ئۇنۇمسىزلىك، تەرتىپسىزلىك ۋە قاتاللىق ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلارنى قېزىپ، بىر مەيدان «گۈزەللىك تەتقىقاتى» دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، بۇ ساھەدىكى بەزىبىر «ئۇچقۇن» لار يەنە باشقا ساھەلەردىكى تەتقىقات قىزغىنلىقىغا ئوت يېقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئىنسان، ئىنساننىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلى، كوللېكتىپنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ شەخسكە بولىدىغان تەسىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى بىلىشكە كۆڭۈل بۆلۈش قىزغىنلىقىمۇ مانا مۇشۇ ئۇچقۇندىن ئۆزگەرگەن يانغىن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئىلىم-پەندىكى بۇنداق پاكىتلارنى كىتابلارسىزمۇ ئۆگىنەلەيمىز، چۈنكى مۇئەللىمگە ۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىغا ھەممىلا جايدا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇزۇندىن بېرى بىزدە ئاجايىپ بىر خىل تەنقىدچىلىك، ئاغرىنىش ئادىتى شەكىللىنىپ قالدى، بۇ بىلىش يولىمىزدىكى كۆپلىگەن بىلىملەرنى پاتولوگىيە دائىرىسىگە تەۋە قىلىپ قويىۋاتىدۇ، كوچىدا كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغىنى تۈگىشىپ كېتەي دەپ قالغان، تىقما-تىقماق ئادەملەر توپى، ئۇلار پەرىشتە ۋە قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ (كەرەملىك) بولۇشتىن تولىمۇ يىراق، چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى ئەينەك، يەنى ھەرقانداق بىر روھ ئۆز ئۆيىنىڭ تېمىنى ئۆزى سالىدۇ، ئۆيىنىڭ تېمىغا قاراپلا ئىگىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى زېرەكلىك بىلەن پەرەز قىلىپ بولىمىز.

ئۇلۇغ كائىنات بىزگە ئايانماستىن ھىممەت ۋە شاپائەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ، كىچىك بالىلارنىڭ سەبىي ۋە ئوماق چىرايى، ئۆسمۈرلەرنىڭ غۇبارسىز گۈزەللىكى ، 16 ياش مەزگىلىدىكى «ئالدىراپ پىشىپ يېتىلىش»، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش، مائارىپنىڭ سوۋغىسى بولمىش مەغرۇر ۋە ئېسىلزادىلەرچە سالاپەت، ياشلىق جاسارىتىدىن ئۇرغۇپ چىققان تۇرلۇك روھىي قىياپەت ۋە يۈرۈش-تۇرۇش، كىشىلىك ھاياتتا بىزگە يانتاياق بولغان دوستلىرىمىزنىڭ تۇرلۇك

مەدىتى... دېگەندەك، بۇ نەرسىلەر ئاللىبۇرۇن قەلبىمىزگە مۆھۈر بولۇپ ئويۇلۇپ، ۋۇجۇدىمىزنى زىلزىلىگە سېلىپ كەلدى، بىزگە رىغبەت، ئويغىنىش بەخشەندە ئەتتى، دۇنيايىمىز كېڭەيدى، يولىمىز ئېچىلدى.

گۈزەللىك — ئەقىل - پاراسەتنىڭ دۇنيانى تەتقىق قىلىشتىكى شادىيانە شەكلىدۇر، دۇنيادىكى بارلىق ئالاھىدە ھوقۇقلار گۈزەللىكنىڭ ھوقۇقىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ شەكلى تۈمەنمىڭ خىل بولىدۇ، مەسىلەن، ئاددىي - ساددا تەبىئەت گۈزەللىكى، ئادەمنىڭ قىياپەت، گەپ - سۆز، پاراسەت، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئەخلاق ۋە قەلب گۈزەللىكى دېگەندەك.

قەدىمكىلەر «ھەرقانداق بىر ئادەتتىكى كىشى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ياكى ئالۋاستى - شەيتان ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىپ، باشقۇرىدىكەن، ئاندىن گۈلخانغا ئايلىنىپ ئۇزىنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ تېنىگە كىرگۈزىدىكەن، ئەگەر ئۇ ياخشى ئادەم بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ بېشىغا، ئەسكى ئادەم بولسا قېنى ۋە گۆشىگە ئارىلىشىپ كېتىدىكەن، ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋاقىتتا ئالۋاستىلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تېنىگە كۆچىدىكەن» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ، بۇنىڭدىن «كېيىمچىگە قارىغان بولۇۋېلىپ، كېيىمنى ھەيدەپ قېچىش» تەك ئىدىيە ئەكس ئېتىدۇ، گەرچە ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىمىزنى قىلساقمۇ، يەنىلا كۆڭلىمىزنىڭ بىر يەرلىرىدە بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىمىز.

بىز تازا قۇۋناق، روناق تاپقان مەزگىلىدە باشقىلارنىڭ باھاسىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، دەپ قارايمىز. دوستىمىزغىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن باھا بېرىمىز، ئۇلار پات - پاتلا گالۋاڭلىشىپ قالىدۇ، بۇنىسى بىزگە ئېنىق بولسىمۇ، ئانچە پىسەنتىمىزگە ئېلىپ كەتمەيمىز، ئەكسىچە ئۇلاردىكى ئاتالمىش زېرەكلىكنىڭ قايتا زاھىر بولۇشىنى كۈتىمىز، ئۇلار جەزمەن قايتا نامايان بولىدۇ، ھەتتا بىزنى تەسىرلەندۈرۈپ ئېرىتىۋېتىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ھەر قانداق بىر كىشى ئىبلىسنىڭ تىزگىنىدىكى ئادەملەرنى پەرق ئېتەلەيدۇ، مەيلى ئۇلارنىڭ ئاجايىپ كاتتا كارامىتى بولسۇن، ئۇلار بىر ئىشلاردىكى ئەركىسىزلىكى تۈپەيلى بىزدە ئۇنچىۋالا تەسىر قالدۇرالمايدۇ، بۇ تەرىپى ئۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان، ئۇلار ھەتتا سىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى



كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىدۇ. بىزمۇ بەزىدە ياندۇرۇش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، بۇلۇتلار تارقاپ، ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى تىزگىنلىۋالغان ئەرۋاھنى قوغلىۋېتىپ، ئۇلارنى قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ شېرىن خىيالىنى سۈرۈپ كېتىمىز.

ئەلۋەتتە، قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى — دورىسى قولىمىز يەتمىگۈدەك بىگىزدىمۇ ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاڭغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى قەدەمنى قانداق بېسىش.

ئىدىيە خۇددى بوغۇپ قويۇلغان شارغا ئوخشايدۇ، بۇ شار ھېلىقى ئەپسۇننى ياندۇرالايدۇ، قىسمەن نەرسىلەردە ھازىر بولغان گۈزەللىك بولسا ئىدىيىنىڭ دوستانە گۈلخىنى بولالايدۇ، ئۇ ھېلىقى شارنى پۈۋلەپ يوغىنىتىدۇ، كېڭەيتىدۇ، سېھىرلىۋېتىلگەن ھېلىقى مەھبۇسقا ئەركىنلىك ۋە كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئۇنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

گۈزەللىك بىزنىڭ يۈزەكىلىك (ھادىسىۋىلىك) تىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى مۆلاھىزە قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

گيوتى: «گۈزەل شەيئىلەر سىرلىق تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، بۇ خىل كۆرۈنۈش بولمىغىنىدا ئىدى، گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق» دەپ ئېيتقاندىكەندەك، چوڭقۇر قاتلاملىق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك بارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ يۈزەكى ۋە كۆلكىلىك ھاياجانلىق ھېسسىياتقا تارقىلىشىغا تۈرتكە بولاتتى، شۇنىڭدەك ئۇلاشتۇرۇپلا بىر تۈركۈم ساختا كەزگۈچىلەرنىڭ ھەر يىلى ئىتالىيە، گرېتسىيە ۋە مىسىرغا بېرىپ چۆرگىلەپ كېلىشىگە مەدەت بېرەتتى.

ھەرقانداق بىر كىشى «گۈزەللىك»تىن ئىبارەت بۇ ئىلىم ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ھوسۇلىنى ئەزىزلەيدۇ، ھەتتا بۇنداق ئەزىزلەش مال - دۇنياغا بولغان ئەزىزلەشتىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.

«ئىشلەتسەك تەگدىشى يوق دۇنيانى ئىشلىتىش، ئادەم بولساق، ئىشلىتىشكە يارايدىغان ئادەم بولۇش»قا ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرىش ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك قانائىتى، ئەگەر بىز ئۇلارغا ماددىي بۇيۇملا بەرگەن بولساق ئۇلار قانائەت ھېس قىلمىغان بولاتتى، بىراق كۆزلەر گۈزەللىككە شاھىت بولغان ئاشۇ دەمدە ھاياتلىق تېخىمۇ يۇقىرى

قىممەتكە ئېرىشتى.

نورغۇن پەيلاسوپلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى بىزنىڭ گۈزەللىككە ھەرگىزمۇ تەبىر بەرمەسلىكىمىزنى ئەسكەرتتى، شۇنداقتىمۇ پېقىر ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى تىزىپ كۆرسەتسەم، دېگەن ئارزۇدىمەن.

ئاددىي ـ ساددىغا مايىل نەرسىلەرنى «گۈزەل» دەپ ئاتاشقا كۆنۈكمىز، دېمىسىمۇ ئاددىي نەرسىلەردە گەپ ئەگىتىپ ئەزمىلىك قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە ئوڭايلا يېتەلەيمىز، يەنە كېلىپ ئاددىيلىق دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇتلەق تەڭپۇڭلۇقتۇر، ئۇنىڭدا ئەبەدىيلىك ۋە يۈكسەكلىك سۈپىتى ھازىردۇر.

كىشىلەر دائىم مۇھەببەتنى قارىغۇ كېلىدۇ، ھەتتا كۇپىدون (مۇھەببەت ئىلاھى)نىڭ كۆزىنىمۇ بوياپ كېتىدۇ، دېيىشىدۇ. توغرا، مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇ كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرمەيدۇ، ھالبۇكى، كىشىلىك دۇنيادىكى كۆزلەر ئىچىدە ئەڭ ئۆتكۈر ئوۋچى يەنىلا مۇھەببەت، ئۇ ئۆزى ئارزۇلىغانغا ئېرىشەلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەپسانە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بازغان ئىلاھى ۋورگان بىر ئاقساق سۈپىتىدە، مۇھەببەت ئىلاھى كوپىد (كۇپىدون) بولسا قارىغۇ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىشىلەرگە مۇنۇ پاكىتنى بىلدۈرمەكچى ئىكەن: «ئالدىدا ئېيتىلغان ئىلاھنىڭ ئەمەلىيەتتە پۇت ـ قولى ساپساق، تەندۇرۇس، كېيىنكىسى بولسا ھەممىنى كۆزىتەلەيدۇ.»

ئەسلىي ئەپسانىدە بولسا مۇھەببەت مەڭگۈ بىر بالا، گۈزەللىك بولسا باشلامچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ، بىز ھەمىشە «گۈزەللىك ياش قەلبىنىڭ رولچىسى»دېگەن بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق بۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەيمىز.

كائىناتنىڭ تۈرلۈك قىياپەت ۋە ھەرخىل تۈسلىرى بىزگە گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە كىشىنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنى تاڭ قالدۇرالايدىغان سېھرىي كۈچىمۇ بەخش ئېتىدۇ، ئۇ تەبىئەتكە ئاجايىپ نەپىس بېزەك سوۋغا قىلىدۇ، بىراق بۇ بېزەك ھەرگىزمۇ تاشقى بېزەك ئەمەس، بەلكى ئەڭ ساغلام، ئەڭ قالتىس زىننەت، تەبىئەت كۆركىدۇر. ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنىڭ شەكلى،



ئىنسانىيەت قىياپىتىنىڭ گۈزەللىكى تۈرلۈك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنىڭ ۋەكىلى، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى تەسىر قىلىش كۈچىنىڭ ئۆزى، خالاس.

بوتانىكلارنىڭ مۇنداق بىر پرىنسىپى بار: «ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇنۇم ئوخشاپ كېتىدىغان تاشقى شەكىلگە بويسۇنىدۇ»، ئۇنداقتا ھەرقانداق بىر ئورگانىك قۇرۇلمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەقسىتىمىز قانچىكى ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق بولغانسېرى، ئالىدىغان گۈزەللىك تۇيغۇمىز شۇنچىكى كۆپ بولىدۇ.

گرېك ۋە گوت ئۇسلۇبىدىكى سەنئەت شۇنىڭدەك كلاسسىزم ۋە دەسلەپكى رافېل ئېقىمىدىكى رەسساملىق تەتقىقاتى ھەرقانداق بىر گۈزەللىك شەكلىنىڭ ئورگانىك تۈزۈلمە ئىكەنلىكىنى، تاشقى بېزەكچىلىكنىڭ پەقەت بىر دىستورتسىيە (تولغىنىش) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بۇ خۇددى ئىسكىلىت مۇكەممەل بولغاچقا تېرىنىڭ يالتىراقلىقى (قىزىللىقى) گەۋدىلىنەلىگىنىدەك، بەدەن ساغلام بولغاندىلا كۆزلىرىمىز نۇرلۇق، چاقناق بولىدىغانلىقىدەك ئەھۋالغا ئوخشايدۇ. مانا مۇشۇنداق گارمونىيىلەشكەن ئۇستىخان تۈزۈلمىسى نەپىس قىياپەت ۋە گۈزەل تاشقى كۆرۈنۈشنى ئاتا قىلغان. خۇددى مۇشۇك ۋە بۇغىنىڭ ھەرىكىتى ۋە قىياپىتى جەزمەن تولىمۇ ئوماق بولغىنىدەك، ھەرقانچە كاتتا ئۇسسۇل مۇئەللىمىنىڭمۇ بەدەن شەكلى سەت بىرىگە چىرايلىق ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىتەلمىگەنگە ئوخشاش.

گۈلنىڭ رەڭدارلىقى يىلتىزىغا باغلىق، دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ جۇلاسى بولسا ئىرسىيەتكە باغلىق. شۇڭا بىز مەلۇم بىر ئىمارەتنى باھالاپ چىقماقچى بولساق، ئۇنىڭ سىرلىنىشىغا، سېلىنىش ئۇسۇلىغا ئۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىمىزنىڭ، ياغاچنىڭ ئەسلىدىكى قورۇق، سىزىقلىرىنىڭ نامايان بولۇش، بولماسلىقىنى ئۇنچىۋالا پەسەنتىمىزگە ئېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. بىز كۆتۈرۈش، تىرەش رولى بولمىغان ھەرقانداق تۈۋرۈك، سوقۇم، لىملارنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىمىز، ئۆيگە ھەقىقىي تۈۋرۈك بولالايدىغان ياغاچقا ئامراق. ھەرقانداق زۆرۈر ۋە سىستېمىلىق بولغان ھەرىكەت بىزگە شادلىق بېغىشلىيالايدۇ. ئات سۇغىرىش، زىرائەت تېرىش، دالىدىكى ئەمگەك، ياغاچچىنىڭ كېمە ياسىشى ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئىجتىھاتلىق ئەمگەك

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دانا بىرىنىڭ نەزىرىدە بەئەينى بىر گارمو-
نىيە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، شەيئىلەر پەقەت چىرايلىقلا بولسا،
ياسالما كۆرۈنۈپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. دېڭىزدا يۈرۈپ كېتىۋاتقان پاراخوت
ئېسىدىكەن گۈزەل ـ ھە! تىياتىرخانىدىكى جورجى تۆت ۋېرگىنىيە
دېڭىز رايونىغا تېخىمۇ گۈزەل تۈس قوشۇش ئۈچۈن تىزىپ قويغان،
سائىتىگە بىر پىننى بېرىپ ياللىۋالغان قاراۋۇلنىڭ مۇھاپىزىتىدە
تۇرۇۋاتقان پاراخوتچۇ؟ رەتلىك قەدەملەر بىلەن جەڭگە ئاتلانغان ئەس-
كەرلەر بىلەن بايرام كۈنى نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇستەقىل كۆادرات-
لىق ماترىتسانى سېلىشتۇرغاندا ئەلۋەتتە، ئارىدىكى پەرقتىن چۆچۈپ
كېتىسىز!
بىر مەيدان دەبدەبىلىك ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئىسدى،
بىر بالىنىڭ تام تۈۋىدە داغ بېسىپ كەتكەن بىر دانە سىكىلەت (تۇز
تەگلىك كىبوت) نى بىر تال تاياقتا ئېسىپ پۇلاڭلىتىپ ئۈنىڭدىن
خىلمۇخىل نەپىس قىياپەت ۋە غەيرىي ئەگرى سىزىقلارنى چىقىرىۋات-
قانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، بۇ گۈزەللىك، بۇ زوق كىشىلەرنىڭ
نەزىرىنى كۆزگە تونۇش بولۇپ كەتكەن پاراتچى ئەترەتتىن يۆتكەۋې-
تىشكە تولۇق يېتەتتى.
ئەپسانە يازغۇچىلىرى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ۋېناسنى «دېڭىز ـ
ئوكيانلارنىڭ كۆپۈكىدىن تۆرەلگەن» دەپمۇ يېزىشقان، چۈنكى ھەرقاند-
داق بىر قاتمال، ئۆلۈك ھەم چەكلىنىپ قالغان نەرسە كىشىنىڭ مەي-
لىنى تارتىشقا ئامالسىز كېلىدۇ، پەقەت ھاياتلىق بىلەن بىرگە ئاقالا-
يدىغان، شەيئىنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشكە تىرىشىۋاتقان ياكى
ھالقىپ كەتكىلىۋاتقان نەرسىلەرلا بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە
ئەرزىيدۇ.
قەسىر ۋە ئىبادەتخانىلار تاش ئارقىلىق بىر خىل تەرتىپ ۋە پ-
رىنسىپنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈنلا كىشىگە قانداقتۇر بىر خىل
شادلىق ھېسسىياتى ئاتا قىلالايدۇ، تاملار تۇرلۇك گېئومېترىيىلىك
شەكىللەردىن پايدىلىنىپ مەلۇم مەنە ئىپادىلەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق نە-
پىس ۋە بەھەيۋەت كۆرۈنۈش ھاسىل قىلالايدۇ.
گۈزەللىك ئۇ ئۆزگىرىشنىڭ دەماللىقى، گويا بىر شەكىلنىڭ
يەنە بىر شەكىلگە ئۆزگىرىشكە ئوخشايدىغان پەيتلىك ھالەت.



ھەرقانداق قېلىپقا چۈشۈپ قالغان، قېتىپ قالغان، دۆۋىلىشىۋېلىپ
پەقەت بىرلا خىل ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۇرگەن نەرسىلەردە يۆتكە-
لىشچان گۈزەللىك كەم بولغان بولىدۇ. خۇددى ئۈزۈن بويۇن، ئۇچلۇق
ئېڭەك، دۇمچەك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈمسىزلىك ھەم غەيرىي-
لىك ھېسابلانغىنىغا ئوخشاش، ئەلۋەتتە.
ھەرقانداق بىر ھالەتنىڭ مۇتاناسىپلىق (سىممېترىك) ھالىتى
قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كەتسۇن، بۇ ھالەت يۆتكىلىشچان بولالىسىلا
ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان سىممېترىك ھالىتىگە يېتەلەيدۇ،
بىز تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلىۋەتكەنىدۇق، كۆزلىرىمىز سىممېت-
رىكلىكنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە زارىقىپ كەتتى، ھەتتا بۇزۇۋې-
تىلگەن تەڭپۇڭلۇقنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەنلىكىگىمۇ شاھىت
بولدى، مانا بۇ ئېقىن سۇ، دېڭىز دولقۇنى، ئۇچارقانات، ياۋايى ھايۋان-
لاردىكى سىرلىق كۈچنىڭ سەۋەبى، بۇ ھەم ئۇسسۇل ئوينىاش پىرىن-
سىپلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى. بۇ ئۆزگىرىش ئىچىدىكى، تەكشى ھەم
تېتىك ھەرىكەت قويىندىكى پائالىيەت، ھەرگىزمۇ كالامپاي كەلگەن،
توختىماي تەڭپۇڭسىزلىنىدىغان ھەرىكەت ئەمەس.
كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى، تەجرىبىسى كۆپ بىر قىسىم كىشى-
لەر بىلەن «دەرىجە ـ قاتلام» ھەققىدە مۇنازىرىدە بولدۇم، ئۇلارچە «مودا
سۇبيېكتىپ پەرەزگە ئەمەس، ھەمىشە قانداقتۇر بىر خىل تەدرىجىي
قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىكەن، يېڭى شەكىل كونا شەكىلنىڭ قىسمەن
تەرەپلىرىدە بولۇنغان ئىلگىرىلەشلەرنىڭ مەھسۇلى ئىكەن، پەقەت مە-
لۇم بىر، دەرىجىسى (مەلۇم ساپا، سۈپىتى، مەرتىۋىسى بار كىشىلەرنى
كۆرسەتسە كېرەك) بار كىشىلەرلا مودىغا تەييارلىق كۆرەلەيدىكەن
ھەمدە ئۇنى تەخمىن قىلالايدىكەن.»
بۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن ئۆز ئۇرۇنۇشلىرىمىزنىڭ ياكى ئەت-
مىشلىرىمىزنىڭ ھەمىشىلا خاتا بولۇپ چىقىدىغانلىقىنىڭ ۋە بىزار-
لىققا ئوت ئاچىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ يەتكەندەك بولدۇم.
مۇزىكا چېلىش جەريانىدا تازا ئاھاڭغا چۈشمەيدىغان بىر نوتىدىن
كېيىن، ئارىلىق ئاھاڭدىن بىر ـ ئىككىنى چېلىپ، سەل ئۇدارغا
چۈشۈرۈۋېلىپلا، خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولىمىز، نۇرغۇنلىغان
ئىنچىكە، پۇختا پىلانلانغان، سالماقلىق تەجرىبىلەر نەزەرىيە

جەھەتتىن ئالغاندا جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنداق بولمىدى، چۈنكى بىز بەكلا ئالدىراقسان ۋە يەڭگىلتەك ئىدۇق.

مېنىڭچە، پارىژدىكى ھېلىقى ئايالچە شىلەپە سودىگەرلىرى ھاياتىنى ئۆزىنىڭ قىز ھۆجرىسىغا ئاساسەن بېزەيدۇ، ئۇ چوقۇم كىشىلەرنى بىروم ئايالچە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى، رەڭ قاتلىمىدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق كىيىمدىكى نۇقسانلارنى چاندۇرماسلىقنى بىلىدۇ. مېنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش قائىدىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ بەكلا كەڭ ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ رولىنى قانچىلىك چوڭ بىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق ھەممىلا كىشى ئۇ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپمۇ ئولتۇرمايدۇ، بولمىسا ئۆزلىرىنى ئىلغار پارتىيە، گۇرۇھ دەپ جار سالغانلار (گەرچە ئازراق شەپقەتسىز بولسىمۇ) جەزمەن ئېتىراپ قىلىنغان بولاتتى.

ئەزەلدىن تۆۋەندىكىدەك بىر ھالەت تەسەۋۋۇرىمىزدىن يىراق تۇرغان ئەمەس:

«پەقەت قەتئىيلىك بىلەن تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۇرسەكلا ئاياللارنىڭ رېئال تۇرمۇشتا نۇتۇق سۆزلەش، سايلىنىش، مۇنازىرە قىلىش، قانۇن تۈزۈش ياكى قاتناش ئەركىنلىكى قاتارلىق ھوقۇقلىرى ھەقلىق ئىش بولۇپ قالغان بولاتتى.»

تەكرار ھەرىكەتكە مۇجەسسەم بولمىش گۈزەللىك گويا سۇنىڭ ئېقىشى، قاننىڭ ئايلىنىشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئۆسۈپ، چوڭىيىشى، تەبىئەتنىڭ رولى ۋە ئەكس رولى قاتارلىقلارغا ئوخشاش يۇقىرىقىدەك ھالەتكە ياتىدىغان ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

ناۋادا بىز باشتىن ـ ئاخىر ئوخشاش پرىنسىپتا چىڭ تۇرالىساقلا، ئېڭىمىز جەزمەن توختاۋسىز ئالغا بېسىشقا ئىنتىلەيدۇ، بۇلار دەل ئەبەدىيلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئەپسانە يازغۇچىلىرى «گۈزەللىك جاسارەتكە، ئۇنىڭ ئۆزىنى بەلگىلىشىگە تايىنىدۇ» دېيىشىدۇ، گۈزەل قىياپەت ئاددىيلىقنىڭ، ئەپچىللىكنىڭ نەتىجىسى، ئۇ ئەڭ ئاز مىقداردىكى سېرىق مومنى ئىشلىتىپ، ئەڭ مۇستەھكەم ھەرە كۆنىكى سېلىپ چىقىشتەك ئاددىي



نۇقتىئىنەزەردىن ئىلھام ئالغان، بۇ خۇددى ئەڭ يەڭگىل ئۇستىخان ۋە پەيىنىڭ قاناتقا ئەڭ زور كۈچ ئاتا قىلغىنىدەكلا بىر ئىش. مۇنداقچە ئېيتقاندا خۇددى مىكىلانجىلو ئېيتقاندىكىدەك: «بۇ سۈپەتسىز، ناچار شەيئىلەرنىڭ ساپلاشتۇرۇلۇشى.»

ئۇلۇغ كائىناتنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ مانا مۇشۇنداق ئىخچام، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئارتۇقچە شاخ ـ پۇتاقلار يوق، تەبىئەت زىرائەتلەر ۋاسىتىسىدە ھەر ۋاقىت تۇرلۇك يېڭى تۇس ۋە ھالەتلەرگە ئېرىشىپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭغا تاقەتسىز بىر سەۋەب يوشۇرۇنغان بولىدۇ. سەنئەتنى ئالساق، لايىھىمىز ئەپچىل بولسا، ماتېرىياللارنى تېجەپ قالالايمىز، تامنىڭ كىشىنى ئاۋارە قىلىدىغان تەس قىسمىنى سالمىساق، تېجەشلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆيىمىزمۇ چىرايلىق چىقىدۇ، بۇ گۈزەللىكنى تۆۋرۈكنىڭ شېئىرىسىمان تۈزۈلۈشى بىلەن بىرىكتۈرسەك تېخىمۇ ستېرېئولۇق ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيمىز، ئەلۋەتتە.

ئاددىي ـ ساددىلىق ئىجادىيەتتىكى سەنئەت قۇدرىتىنى نامايان قىلىشنىڭ رېتسېپى، ئەڭ ئالىي ساپا ۋە تەربىيىلىنىشنىڭ ئەكس ئېتىشى. چىنلىق بولسا ئەڭ مۇھىم، شۇنداقلا ئەڭ ئەبەدىي قۇدرەتتۇر، بارلىق ئاڭ پائالىيىتى ئىچىدە، ئوبيېكتنى ئەڭ گەۋدىلەندۈرەلەيدىغىنى سەنئەتتۇر، بىراق گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان ئوبيېكتنى تاللاشتىن بۇرۇنمۇ سەنئەت مەۋجۇت بولغان ئىدى، ئېسىل سەنئەت ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىختىرا قىلغان مىللەتنىڭ تۇغما ئىقتىدارى، گۈزەللىك بولسا ئەبەدىي داۋام قىلىدىغان پەزىلەت.

بىر كۈنى، مەن ئۇچۇن بەش قولۇمدەكلا تونۇش بولغان ئۆيۈمدە بىر پارچە كىت مېيىنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم، قارىغاندا ئۇنىڭ تۇرغىنىغا ئاز كەم 20 يىل بولغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ توشقاننىڭ شەكلىگە كېلىپ قاپتۇ، مېنىڭچە بولغاندا ئۇ ئاشۇ يەردە شۇ پېتى يەنە بىر ئەسىر تۇرۇشى مۇمكىن.

مەلۇم بىر سەنئەتكار بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئارقىسىغا مۇنداقلا قىلىپ بىر نەچچە قۇر خەت يېزىپ قويغانىدى، كېيىن كىشىلەر بۇنى «بايقاپ قۇتقۇزۇپ قالدى»، سەنئەتكارلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. رەسىم جاھازلىرىغا سېلىنىپ كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا سۇنۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ بىر

نەچچە قۇر نامايان قىلغان گۈزەللىككە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى
نەچچە يۈز يىل ساقلىشى مۇمكىن. خۇددى پېنىس گېزىتخانىغا ئە-
ۋەتكەن نەچچە قۇر شېئىرنى بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت نەچچە يۈز يىل
ساقلايدىغىنىغا، ئۇنى ھەرگىزمۇ يوقىتىۋەتمەيدىغىنىغا ئوخشاش.
نەي ئاۋازى كالا ھارۋىسىنىڭ كولدۇرمىسىدىنمۇ بەكرەك يىراق-
لارغا ئاڭلانغىنىغا ئوخشاش، گۈزەل تاشقى قىياپەتمۇ كىشىلەرنىڭ
چەكسىز تەسەۋۋۇرىغا قانات چىقىرىپ ئۇنى توختاۋسىز تەقلىد قى-
لىشقا، يەنە تەقلىد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. رىم (ۋاتىكان ئوردىلىرى)
رەسىم زالىدا ئاپوللو، ۋېناس، سىچ، ۋارۋۇك نىڭ ھەيكەللىرى، دېھقان-
چىلىق ئىلاھى نەزىر سۈپىسى ۋە ۋېستا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ كۆچۈ-
رۈلمە نۇسخىلىرىدىن زادى قانچىلىكى باردۇر؟
ھەممە كىشى بۇلارنى كىشىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالالايدىغان
ئەسەرلەر دەپ قارايدۇ، بىراق ئۇلار ئەڭ كۆركەم بىر ئىمارەتتىمۇ تەقلىد
قىلىش بولىدىغانلىقىنى، ئۆزگەرتىش، يېڭىلىقنىڭ پەقەت مەلۇم
ساندىلا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟
بارلىق تاشچى ۋە تامچىلار ھەمىشە تەقلىد قىلىشىدۇ، تەقلىد
ئارقىلىق ئاشۇ گۈزەل نەرسىلەرنى ساقلاپ قېلىشنى ئىستەيدۇ، كۆ-
رۈمسىز نەرسىلەر بولسا تەبىئىي ھالدىلا ئۆز نېسىۋىسىنى يېيىشكە
كېتىپ قالىدۇ.
سەنئەتتىكى نەپىس لايىھىلەر ياكى كارامەت ياسالغان ئىمارەتلەر
گۈزەللىكنىڭ سايىسى ۋە ئاساسچىسىدۇر، گۈزەللىك ئادەمنىڭ ۋۇ-
جۇدىدا مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيۈش
ھەممە كىشىگە ئورتاقتۇر، گۈزەللىك قەيەردە بولسا، شۇ يەر خۇشاللىق
ۋە ئازادىلىككە تولىدۇ، گۈزەللىك بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرگە باغلى-
نالايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئاياللارنىڭ بەدىنىدە ئەڭ يۇكسەك مۇكەممەل-
لىككە ئۇلىشالايدۇ، بۇ ھەقتە مۇھەممەدنىڭ مۇرىتلىرى مۇنداق دېيە-
شىدۇ: «ئاللاھ ئۇچتىن ئىككى قىسىم گۈزەللىكنى ھەۋۋاغا بەرگەن.»
گۈزەل كىشى بەئەينى تۇغما شائىرنىڭ ئۆزى، ئۇ قوپال ئەرنى
يېپتەك تۇزلىيەلەيدۇ، مۇلايىملىقى، ئارزۇ- ئىستىكى ۋە ناتىقلىقىنى
ئۆزى بىلەن ئۇچراشقانلىكى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاتا قىلالايدۇ.
ئىنساندا تەمكىنلىك، مەلۇم سالماقتىكى بىمالاللىق بولمىسا



زادى بولمايدۇ، گۈزەللىكمۇ ئۇنى مەلۇم تەرەپلەردىن قوللىشى كېرەك.
شۇنداقتىمۇ گۈزەللىك بىزنىڭ كىبىر كۆرسىتىشىمىز ۋە ئەيىبلە-
شىمىزنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.
خۇدا ئەرلەرنى ئاياللارنىڭ جەلپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ،
بىراق ئايالنىڭ چىرايىدىن خۇددى «توغرا، مەن ئۇلارنى جەلپ قى-
لىشنى خالايمەن، بىراق ئۇلار چوقۇم مەن ھازىر كۆرگەندىكىدىن بەك-
رەك ياخشى بولۇشى كېرەك» دەۋاتقاندىكىدەك بىر خىل ئىستېھزا ئى-
پادىلىنىپ تۇرغىنى تۇرغان.
15 - ئەسىردىكى فرانسىيە ئەسلىمىلىرى پاۋلىن دى ۋېيگورى ئى-
سىملىك بىرىگە ئالاھىدە سەھىپە ئاجراتقان، ئېيتىلىشىچە ئۇ ئەخلاق
ۋە ئىستېداتتا كامالەتكە يەتكەن ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەمنى تاڭ قال-
دۇرىدىغان تاشقى قىياپىتى دەۋرداش كىشىلەرنىڭ ئەسەبىيلەرچە قى-
زىقىشىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ يۇرتى تولوۋزدىكى ئاممىنىڭ ئۇنىڭ بىر
ھەپتىدە ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم بالكوندا ئۆزىنى كۆرسىتىشىنى
تەلەپ قىلىش ئىلتىماسى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىش-
كەن. ئۇ بالكوندا شۇنداق پەيدا بولۇشىغا، كىشىلەر ھەدەپ بىر - بىر-
نى قىستىشىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى كۆرۈۋېلىشقا تىرى-
شىدىكەن. ئالدىنقى ئەسىردە ئۆتكەن ئىنگلاندلىق ئاچا - سىڭىللارنىڭ
داڭقىمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ، ئاچا - سىڭىللارنىڭ ئىچىدىكى ئېلى-
زابىت گراف خامىلتۇنغا، مارىيە بولسا گراف كاۋېنرىغا ياتلىق بولغان،
ۋالىپول بۇلار توغرىسىدا مۇنۇلارنى ئېيتقان: «خامىلتۇن گراف خانىم
ھەر جۈمە كۈنى قورۇقتا پەيدا بولغان پەيتتە، يىغىلىۋېلىشقان كى-
شىلەر قىستىشاتتى، ھەتتا مېھمانخانىدىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئورۇن-
دۇقتا دەسسەپ، ئۈستەللەرگە يامىشىپ يۈرۈپ ئۇنى كۆرمەكچى بولاتتى،
ئۇلارنىڭ پەيتۇنىنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشىكى
ئالدىدا كۆزەتتە تۇراتتى، ئۇلار تىياتىرغا بارغۇدەك، دېگەن خەۋەر تېخى
تارقىلا - تارقالمايلا كىشىلەر ئۇ يەرگە ئالدىن بېرىپ، ئورۇن ئىگىلە-
گەچ تۇراتتى.»
بۇ ھېكايىنىڭ ۋالىپول ئېيتقان يەنە مۇنداق بىر خىل نۇسخى-
سىمۇ بار:«كىشىلەر خامىلتۇن خانىمنى كۆرۈش تەشنالىقىدا
يوركشېردىكى كىچىك بىر مېھمانخانىدا كېچە - كۈندۈز ساقلايتتى،

مېھمانخانىنىڭ ئىچى، تېشىدىكىلەرنى قوشقاندا70 چە ئادەم چىقاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتىسى سەھەردە خانىمنىڭ پەيتۇنغا چىققىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.»

بىراق بىز نېمە ئۈچۈن ئارەسىنىڭ خېلىن ياكى كورىنناسى، تولوسنىڭ پائولىنى ياكى خامىلتۇن گرافىنىڭ خانىمىنىڭ شۆھرىتى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قانائەتلەندۈرمەكچى بولىمىز؟

ئەخمەق، گالۋاڭ بىر جۈپ كۆز گۈزەللىككە قانچە ئۇزۇن تىكىلىپ تۇرسىمۇ، قىلچە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ، بىز بۇنداق قائىدىنى (ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشىغا مۆكۈكلۈك ئەپسانىنى) بىلىمىز، شۇنداقلا ئۇنى بىكارمۇ قىلالايمىز.

ئايال، ئەتراپىمىزدىكى كائىنات بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، سۆيگۈ سەۋداسىدىكى يىگىت ئۇنىڭ يۈزىنى ئايغا، يۇلتۇزغا، ئورمانغا، دېڭىزغا، گۈزەل ياز كۈنلىرىگە ئوخشىتىدۇ، ئايالنىڭ نەپىس قىياپىتى ۋە يورۇش ـ تۇرۇشى بىزنىڭ كالۋالىقىمىز ۋە كۆرۈمسىزلىكىمىزنى داۋاملاپلا قالماستىن، ئاشۇ ئەستايىدىل، كەسكىن ئالىملارنىڭ ئىدىيىسىگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، چۈنكى ئاياللار گۈزەللىك ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىنى سۈزۈكلەشتۈرۈپ پاكلىيالايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ زېرىكىشلىك تەتقىقاتىنى شاد ـ خۇرام ھالدا داۋاملاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بىز ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا ئۇنى زېرىكىپ قالمىسىكەن، دەپ ئويلاپ كېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئەپچىل، سەنئەتلىك سۆھبەتلىشىش تاكتىكىسىنى مەشىق قىلىمىز، مانا ئەمدى، بۇ تاكتىكىمىز ئاللىبۇرۇن سۆھبەت سەنئىتىدىكى ئادەت خاراكتېرلىك ئۇسلۇبقا ئايلىنىپ بولدى.

گۈزەللىك بىر خىل دائىمىي، داۋاملىشىشچان ھالەت، كائىناتنىڭ ھەر ۋاقىت گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا بۇ خىل ھالەت تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتتى. «كېلىشكەن» لىك ئۆلچىمىگە سالغاندا مىرابىيۇ كۆرۈمسىز بولۇشى مۇمكىن، بىز ھەر كۈنى بۇ ئۆلچەمگە چۈشىدىغان خىلمۇخىل چىرايلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، بىراق بۇ چىرايلارنى قويۇپ ياسىماقچى بولساق، ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى مانا مەن دەپلا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇلار بىزنىڭ گۈزەللىكنى باھالاش، بېكىتىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.



ناۋادا ئەجدادلىرىمىز بۇرۇن قانۇنىيەتلەرگە *(تەبىئەت قانۇنىيىتىگە دېمەكچى بولسا كېرەك) خىلاپلىق قىلماي ياشىغان بولسىدى، بىزمۇ ئەتىرگۈل، پىيازگۈللەرگە ئوخشاش گۈزەللىكلەرنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ياشىيالىغان بولاتتۇق. ئەپسۇس، بىزنىڭ بوي ـ بەستىمىز بىزگە ھېچقانداق گۈزەللىك بەخش ئېتەلمىگەننى ئاز دەپ، يەنە قىسقا پۇتقا ئوخشاش ئاجايىپ كۈلكىلىك، ھەجۋىي قىياپەتلەر بىلەن بىزگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ، بىزنى «ئۇششاق چامداپ مېڭىش»قا مەجبۇر قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ پۇتلىرى (پاچاقلىرى) قىسقا ئادەملەر ئۈچۈن شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىغا بولغان نومۇس ھېسابلىنىدۇ، ۋەھالەنكى، پۇتى ئۇزۇنلارمۇ ئوخشاش، چۈنكى ئۇلار گەۋدىسىنى ئېگىپ ئىنسانىيەتكە ئومۇملاشقان ئۆلچەمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر.

ماركال ئۆزى بىلەن دەۋرداش بىر مۆتىۋەرنى مازاق قىلىپ مۇنداق دېگەنىكەن: «ئۇنىڭ تەلەتى ئادەم سۇ ئۈزگەن ۋاقىتتىكى سۇغا چۈشكەن چىرايىغا ئوخشايدۇ.»

تۆۋەندىكىسى سەئىدىنىڭ قەلىمىدىكى بىر مۇئەللىمنىڭ تەسۋىرى: «بەتبەشىرە ھەم جاھىل، ئۇنىڭغا مۇنداقلا قارىسا كەيپى چاغ ھەرقانداق مۆتىۋەرمۇ پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ.»

ئەلۋەتتە، قۇسۇرسىز، ئېيۋەنسىز بىرمۇ چىراي يوق، بىراق بۇ چىرايلار ئويما شەكلىدە خىلمۇخىل غەلىتە ھەم ئەخمىقانە ھەم كۈلكىلىك پاراڭلارنى خاتىرىلەپ كەلدى.

پورترېت رەسساملىرى دائىم «كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ يۈز شەكلى ۋە بەدەن قىياپىتى ھەرگىزمۇ ئۆلچەملىك ھەم ماسلاشقان ئەمەس، بەزىلەرنىڭ بىر كۆزى كۆك، يەنە بىرى كۆل رەڭ، بەزىلەرنىڭ قاڭشىرى قىڭغىر، بەزىلەرنىڭ بولسا بىر مۈرىسى ئېگىز، بىر مۈرىسى پاكار، بېشىنىڭ بەزى يېرىدە چاچ جىق، بەزى يېرىدە ئاز» دېيىشىدۇ. مەيلى كونكرېت ياكى ئابستراكت جەھەتتىن قارايلى، ئادەم قۇراق ۋە ياماقلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بىر نەرسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى بىز ئەجدادلىرىمىز يېنىدىن ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىماي، قارىقويۇق ئارىيەت ئالغانمىز، شۇڭىمىكىن ئادەم تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ناچار بىر مەھسۇلات.

گرېكلەر: «نازىنىنلارنىڭ گۈزەللىكى بىر تۈرلۈك بەلگە، يەنى

روھنىڭ خۇپپىيانە نەزىرىگە ئېلىنغانلىقىنىڭ ئالامىتى» دەپ قارىغان.
ناۋادا بىر ئايالنىڭ فىگۇرىسى چىرايلىق بولسا، بىز ئۇنىڭ دىمىغى
ئۇستۇنلىكىنىمۇ ئەپۇ قىلىۋېتىمىز، مەيلى ئۇ ئۆرە تۇرسۇن، ماڭسۇن
ئۇنىڭ سايىسى تامدا ئەكس ئېتىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ، ئەنە ئاۋۇ يەردە
ئولتۇرغان رەسسام ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزماقتا. ئىشقىلىپ گۈزەلنىڭ
شارابىتىدىن ھەممىلا مېھرىبانلىق بۇ دۇنياغا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، شۇنـ
داقتىمۇ ھەممىلا گۈزەللىك ئادەمدە قىزغىن ھاياجان قوزغاپ كېتەلـ
مەيدۇ. دەۋەت قىلىش زوقلاندۇرۇش قۇدرىتىدىن مەھرۇم قالغان گۈـ
زەللىك يەمچۈكى يوق قارماققا ئوخشايدۇ، ئۆزىنى نامايان قىلىشقا ناباب
گۈزەللىك بولسا كىشىنى بىزار قىلىدۇ.
ئابى. مىنناگې بۇرۇن پرېزىدېنت لى بايلىئول ھەققىدە مۇنداق
دېگەنىكەن «ئۇ ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ باشقىلارغا رەسىمىنى سىزدۇـ
رۇشتىن بۆلەك ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ.»
قايسىدۇر بىر گرېك ئەقلىيەسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك «مۇھەبـ
بەتنىڭ قۇدرىتى گۈزەللىكنى قوغلىشىشتا ئۆز ئەكسىنى تاپمايدۇ،
بەلكى ئوخشاش ئىستەك چىراي ـ تۇرقى ئانچە قاملاشمىغان بىرسىـ
نىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئوخشاشلا لاۋۇلداپ كۆيۈۋېرىدۇ.»
بەزىبىر ياشىنىپ قالغان، مىجەزى ئوسال مۆتىۋەرلەردە مانا مۇـ
شۇنداق بىزارلىق كەيپىياتى شەكىللىنىپ قالدى، دەل مۇشۇ پەيتتە
بىر توپ گۈزەللەر پەيدا بولدى، ئۇلاردىكى بىزارلىق چىدىغىلى بولـ
مىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى، ئېھتىمال ئۇلار بۇرۇن بۇنداق گۈل تەشـ
تەكلىرىدىن سان ـ ساناقسىزنى كۆرگەن بولۇشى، شۇنداقلا گۈللەر
جىندەكلا يېرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىغان بولۇشى مۇمكىن.
ئەلۋەتتە، جىندەك سەۋەنلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بىزارلىق ئۇلاردىكى
بارلىق گۈزەللىكنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار كۆرۈمسىزـ
لىكنىڭ مەخپىيىتى قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقىدىن كېلىپ
چىقماستىن، بەلكى قىزىقىشنىڭ بولماسلىقىدىن بولغانلىقىنى ئاڭـ
دىن ئاڭقىرىدۇ.
چىرايى بەتبەشىرە، بىراق مىجەز ـ خۇلقى ئالىيجاناب ۋە ئېسىل
بولغانلارنى بىز يەنىلا ياقتۇرىمىز، ناۋادا زوقلاندۇرۇش كۈچى، مۇنازىرە
قىلىش ماھارىتى، سەنئەت تالانتى قاتارلىق ئىختىرا، ئىجادىيەت



قابىلىيىتى تەقى ـ تۇرقى قاملاشمىغان بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇـ
جەسسەملەشكەن بولسا، ئۇنداقتا ئادەتتە بىزنىڭ نەزىرىمىزگە سىغمايـ
دىغان نەرسىلەرمۇ كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان بەلگە ـ سۈپەتلەرگە
ئۆزگىرىدۇ، ھەتتاكى ئەڭ يۇكسەك ھۆرمەت ۋە مەدھىيىگە سازاۋەر بوـ
لۇپمۇ ئالىدۇ.
ياداڭغۇ، تەقى ـ تۇرقى ئادەتتىكىچىلا، بىراق پاراسەتلىك مەشھۇر
بىر ناتىق بۇنىڭ تىپىك مىسالى، ئەلۋەتتە. دى رېس ئېپىسكوپ دې.
بوۋلىيون ھەققىدە سۆزلىگىنىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ يۈزلىرى بوـ
قىنىڭكىدەك بولسىمۇ، بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر بىر جۈپ كۆزى بار
ئىدى.»
ئېيتىشلارغا قارىغاندا نيۇتوننىڭ دوستى خۇك «ئەنگلىيىدىكى
چىرايى ئەڭ سەت، ۋەدە ـ قەسىمى ئەڭ ئاز كىشى بولۇشى مۇمكىن»ـ
ئىكەن.
«مەن بەك سەت بولسام كېرەك، بىراق مەن بەك يۈرەكلىك» دېـ
گەنىكەن، دۇ. گەسلىن ئۆزى ھەققىدە.
بەن. جونسۇن سىر (ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئۇنۋان)
فىلىپ. سىدنى (ئىنسانىيەتنىڭ ئەتىۋارلىق ئەرمىكى) ھەققىدە مۇنۇـ
لارنى ئېيتىدۇ: «چىراي ـ تۇرقى كىشىنى چۆچۈتۈۋەتمەيدۇ، ئۇزۇنچاق
يۈزلىرىدىن ئېسىلزادە نەسلىدىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، بىراق
يۈزلىرىنى دانىخورەك، ھۆررەكلەر باسقان.»
ئىنسانىيەتنىڭ مىليون يىللىق تەقدىرىگە خۇددى سەيياره كەبى
ئىمپېراتور بولۇشقان ھۆكۈمرانلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭلا سۇمباتلىق،
مەردۇ مەردانە بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ناۋادا بىر كىشى كىچىك ـ
كىچىك شەھەرلەرنى چوڭ ـ چوڭ دۆلەت قىلىپ باشقۇرالىسا، بولكىـ
نى ئەرزانلىتالىسا، چۆلنى بوستان قىلالىسا، قانااللارنى قېزىپ دېـ
ڭىز ـ ئوكيانلارنى تۇتاشتۇرالىسا، ھور ماشىنىسىنى ئوڭۇشلۇق
ئىشلىتەلىسە، ئىنسانىيەتنى تەپەككۇرغا يېتەكلەپ، ئىلىم ئالىمىنى
ئاچالىسلا، ئۇنىڭ بۇرنى قىڭغىر ياكى پاناق ياكى يوق بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ھەتتاكى پۇتى ئاقساق، قولى چولاق بولسۇن بۇلارنىڭ
ھېچقايسى ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر نۇقـ
سان نۇقسان ئەمەس، بەلكى بېزەك، ھەتتا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

دېمەكمۇ بولىدۇ. بۇلار زەپەر قۇچقانلىقنىڭ ئالامىتى، ئۇ گۈزەللىكنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، بىزنى ئاجايىپ بىر مۇكەممەللىككە، دوستانىلىككە ۋە ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە مەست ـ مۇستەغرەق قىلىۋېتىدۇ، بۇ خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت ئەتىۋارلىق بالىنى ئادەتتىكىچە بالىغا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئىلگىرىكى تۇرمۇش كەچۇرۇش قارىشى بىلەن ئەمدى ئانچە چىقىشالمايدىغان قىلىۋېتىدۇ، بەزى چىرايلار ئىپادىگە تولىمۇ ماھىر كېلىدۇ، مۇلاھىزە ئۇنى قىپقىزىل قىلىۋېتىشى، مەيىن دولقۇنلارنى كۆتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بىز بۇنداق چىرايىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كەلدۇق، ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ ھۆسنىدىكى كىشىنى ئېزىقتۇرۇۋېتىدىغان گۈزەللىكنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كىشىنى تاڭ قالدۇرالايدىغان، ئەبەدىي داۋاملىشىدىغان، قەلبتە ساقلىنىدىغان «گۈزەللىك» نىڭ ئاللىبۇرۇن مەيدانغا كېلىپ بولغانلىقىغا ئىشىنىڭ.

بىزنىڭ تەكىتلەيدىغىنىمىز يەنىلا بۇرۇنقى ئاشۇ گەپ: «گۈزەللىك جاسارەتكە تايىنىدۇ»، «دۇنيا گۈزەللىك بولغاچقىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.»

ئىتالىيە سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ «شىددەتلىك بوران، دەھشەتلىك يامغۇر باسقان» دەۋرىدە، پادىشاھ، ئاقسۆڭەك ۋە پۇقرالار تەبىقىسى ئارىسىدا ئۆزگىچە تالانت بىناسىنى قەد كۆتۈرتكۈزدى، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىزگە ھەرقانداق دەۋر كىشىلىرىنىڭ كاللا ئىشلىتىشكە ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ناۋادا بىراۋ ئۆز ئۆيىنىڭ تاش تۈۋرۈكىگە بىر دانە ئادەم بېشى ھەيكىلىنى ئېسىپ قويغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، ئىللىقلىقى ۋە ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان چوڭقۇر مەنە ئارقىلىق بىر توپ كىشىلەرنى چۆرىسىگە ئولاشتۇرۇۋالالىسا، ناۋادا بىر كىشى سالغان بىر ئېغىزلىك دېھقان ئۆيى ئۆلچەملىك كۆرۈنۈشى بىلەن بارلىق قەسىر ـ سارايلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلسا، ئەگەر ئۇ كائىناتنى ئۆزىگە پايدىلىق يۆنىلىشتە خىزمەت قىلدۇرالىسا، ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى بىكارغىلا خوراتماي، گېئومېترىيە بىلىملىرىدىن



پايدىلىنىپ ئېگىز تاغلارنى ئېچىپ سۇ مەنبەسىنى تاپالىسا، ھەتتا ئاي، كۈنلەرنى ئۆز ئىتائىتىگە ئالالىسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىك كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولالايدۇ.*

تاشقى قىياپەت بەزىدە بەكىشىنى ھەيران قالدۇرالىشى مۇمكىن، بىراق بۇ پەقەت قىسقىغىنا ياشلىق دەۋرىدىلا كۆرۈلىدىغان ھالەت، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇزۇن ئېقىنلىرىدا ياز ۋە كۈز پەقەت قىسقىغىنا بىر مەزگىل داۋاملىشىدۇ، خۇددى ھۆرىگۈلدەك ئالىچىپار گۈزەللىكنى بىر قېتىم نامايان قىلىپ قويۇپلا، ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىزدە يەنىلا گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قەلب بار، پەرقى پەقەت نەزىرىمىزنى ئىچكى گۈزەللىككە يۆتكىدۇق، بۇنداق گۈزەللىك قالتىس تالانتلىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئەكسىنى تاپالاپلا قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى بىر كىشىگە نىسبەتەن بىر خىل گۈزەل سالاپەت ۋە قىياپەت سۈپىتىدە ئىپادىلىنىپ چىقالايدۇ، دېمىسىمۇ گۈزەللىك بىر خىل ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، سەل قاراشقا بولمايدىغان ئالاھىدە سۈپەتتۇر.

يېقىملىق، ئالىيجاناب، دۇرۇس، نازاكەتلىك بولۇش، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان سۈپەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە گۈزەللىك بولۇشى ناتايىن، پەقەت تەسەۋۋۇرىمىزدىلا «گۈزەللىك»، خالاس. بۇ بەلكىم نېمە ئۈچۈن گۈزەللىكنى تەھلىل قىلىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە باسالمايدۇ، شۇنداقلا ھېچنېمە ئۇنى تىزگىنىگە ئالالمايدۇ.

پروكىلوس «ئۇ پەقەت ئۆزى بۇلاپ كەلگەن سايە ئۈستىدىلا كېزىپ يۈرىدۇ» دېگەنىكەن، مەنچە ئەڭ توغرا گەپ يەنىلا «گۈزەللىك سىرتقى قىياپەتتە ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزدە»، دەل شۇ دەمدە ئۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ كۆك قەھرىگە پەرۋاز قىلىپ كەتتى.

ناۋادا شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىغا قولىمىز يەتسە، بۇ ئەجەبا بىر خىل گۈزەللىك بولماسمۇ؟ دېڭىز تولىمۇ گۈزەل، بىز ئۇنىڭغا چۆمۈلۈپ تۇرغان شۇ دەمدە، گۈزەللىك يېقىن ئەتراپىتىكى دېڭىز سۈيىگە قېتىلىپ كەتتى، چۈنكى تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇ بىرلا ۋاقىتتا قانائەتكە ئېرىشىشكە ئىلاجىسىز، ۋوردىس ۋورس تولىمۇ قالتىس ئېيتقان، ئۇنىڭ «نۇر ھەرگىزمۇ دېڭىز ياكى قۇرۇقلۇقتا توختاپ قالمايدۇ»

دېگىنى ئەمەلىيەتتە «نۇر ئەسلىدە كۆرگۈچىدىن كېلىدۇ» دېگەنلىك، ۋېلىسلىق شائىر يېزا ئاياللىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىكەن:

«كادۇاللۇنغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ يېرىمىمۇ
كۆزدىن غايىب بولدى.»

شەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى تەشكىل قىلغۇچى يېگى بىر ئالاھىدىلىك ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پەزىلەت بولۇشىمۇ ۋە ياكى شەيئى ۋە پۈتكۈل كائىناتتا مەۋجۇت بولمىش مەلۇم مۇناسىۋەتتىن بېشارەت بېرەلەيدىغان ھەمدە شەيئىنى پاجىئەلىك يەككىلىكتىن(تاقلىقتىن) قۇتقۇزۇپ چىقالايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، دېڭىز ـ ئوكيان، ئاسمان، گۈل ـ چېچەك، كۈيگە ئوخشاش ھەر قانداق بىر تەبىئىي فورمىنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۆزىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل دۇنياغا تەۋە بولغان بىر ئالاھىدىلىك ھازىر بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق قىممىتى ئۇنىڭ تەبىئەت روھىنىڭ ۋەكىلى، يادروسى ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گۈزەل بولالايدۇ.

ئۆزۈم بىر قوللۇق تاللاپ چىققان بىر توپ قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇنداق بىر نەرسىنى بايقاپ قالدىم، يەنى ئۇلارنىڭ يورۇش ـ تۇرۇشىدىن قانداقتۇر ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياكى ئائىلىسىگە خاس نەرسىلەرلا ئەمەس، يەنە ئىنسان تەبىئىتىگە خاس، ئۇنىۋېرسال ۋە ئالىيجاناب خاراكتېرلىرىمۇ تۆكۈلۈپ تۇراتتى، شۇ سەۋەبتىن بىز ئۇلارنى خۇددى كۆك ئاسمان، سۈزۈك دېڭىزنى ياخشى كۆرگەندەكلا ياخشى كۆرگەنىدۇق، ئۇلار بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى قوزغىيالايتتى، ئۇلارنىڭ چىرايى ۋە قىياپىتىدىن ۋاقىت ۋە ھەقىقەتتىن ھېس قىلغىنىمىزدەك قانداقتۇر بىر نۇرلۇق سەلتەنەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

تەسەۋۋۇرنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭ مەلۇم بىر شەيئىنىڭ باشقا بىر شەيئىگە ئۆزگىرىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگىنىدە. قاتمال، ئۆلۈك پېتى قېتىپ قالغان بىر قىسىم ئومۇمىي ساۋاتلار تۇيۇقسىزلا ئېلىۋېسىنلارنىڭ مۇقەددەس مۇراسىمىدىكى بىر كۆرۈنۈش بولۇپ قالدى. خورۇم ئۆتۈكۈم، ئورۇندۇقۇم، شامدىنىم بولسا پەرىزات، ئاقار يۇلتۇز ۋە باشقا يۇلتۇزلار سىياقىغا كىرىۋالدى.



كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ جەۋھىرىدۇر، پاراسىتىمىز يەنە ئۆلمەس تىل ۋە گرامماتىكىنى ئىجاد قىلدى، ھەربىر خەت ئىككى قاتلاملىق، ئۈچ قاتلاملىق ياكى يۈز قاتلاملىق مەنىگە ۋە ئىشلىتىلىشكە ئىگە ئىدى، ئەجەبا مېنىڭ تام مېشىم ۋە لازا قۇتام پەقەت ۋە پەقەت بىر دانە تەگلىكمىدۇ؟ چىرايلىق ئاياغ قېپىم، مەن ئۇنلۇك ئاۋازدا سەندىن ئەپۇلار سورايمەن! مەن سېنىڭ ئەسلىدە ئۈنچە ـ مەرۋايىت قۇتىسى ئىكەنلىكىڭنى راستتىنلا بىلمەپتىمەن. قورۇق ئوت ـ چۆپلەر ۋە توپا ـ تۇمانلار پارقىراق نۇر چىقىرىشقا تۇتۇندى، قارىسام ئۇچىسىغا چىرىمەس تون كىيىۋاپتۇ.

ئەگەر شەيئىلەرنىڭ تىپىكلىك ۋە سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلالىسىڭىز، شادلىقنىمۇ ھېس قىلالىغان بولىسىز. بۇنداق شادلىقنى ھېچقانداق ساپ پاكىت ياكى ئىشلار سىزگە ئاتا قىلىشقا قادىر ئەمەس، تەسەۋۋۇرىڭىزنىڭ رىتىمىغا ھەمراھ بولۇپ، كۆڭلەر بىلەن بىرلىكتە ئېقىڭ، شۇندىلا ئەزىزلەشكە تېگىشلىك ھايات دەقىقىلىرىنىڭ ساھىبى بولۇپ قالىسىز.

شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن كىشىسىنى گۈزەل مەنزىرىگە، گۈلزارلىققا، لەيىل ـ ياقۇتقا، ھەسەن ـ ھۈسەنگە، شەپەققە ۋە سەييارىلەرگە ئوخشىتىشقا ئامراق، بۇنىڭدا ھېچقانداق سەۋەب يوق، چۈنكى ب ھەممە گۈزەللىكتە ئورتاق بىر خىل ئوخشاشلىق ھازىردۇر، مېنىڭچە ئەگەر مەلۇم بىر نەرسىنى دېڭىز، ئاسمان، كۈندۈز، كېچىگە سېلىشتۇرغىلى بولمىسا بۇ ھەرگىز قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس. گۈزەل بولغان ھەر قانداق بىر شەيئى قانداقتۇر بىر خىل مۇقەددەس ۋە چەكسىز بولغان ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە ھازىر قىلغان بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئاشۇ ئومۇمىي كۆرۈنۈش سىزىپ چىققان ئۇپۇق سىزىقىدىكى تاغ تىزمىلىرى، مۇزىكا، مېلودىيىلەر ياكى بىپايان بوشلۇق قاتارلىق قىياپەت، كۆرۈنۈشلەردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەن بولىدۇ. قۇتۇپلانغان يورۇقلۇق تەننىڭ تۈزۈلۈش مەخپىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى: قەلب دېرىزىمىز ئېچىلغان ئاشۇ پەيتتىكى رەڭ، كۆرۈنۈش ياكى قىياپەت بىردەمدىلا ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئايلىنىپ كەتتى، ھەتتا ئاجايىپ كۈچلۈك، ئەڭ پىنھاندىن ئېتىلىپ چىققان نۇرنىڭ چاقنىشىدىنىمۇ كۈچلۈك چاقناش كۆزىمىزگە ئۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى

شەيئىلەرنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر ئىچكى ماھىيىتىنىڭ نامايان بولۇشى
ھېسابلىناتتى.

بىزگە بۇنداق ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ئانچە ئايدىڭ ئەمەس ئىدى،
زادى قانداق ئالاھىدىلىك ۋە قىياپەتنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى،
مەلۇم بىر خەت ياكى بوغۇمنىڭ كىشىنى مەست قىلىۋېتىدىغىنىنى
ئېنىق بىلمەيتتۇق، بىراق سۇدەك رايىش كۆزلەر، لاتاپەتلىك يۇرۇش-
تۇرۇش ياكى شېئىردىكى سۆزلەرنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزگە قانات چە-
قىرىپ قويغانلىقى، روھ بىزگە يېقىنلاپ كەلگەن ئاشۇ پەيتتە، قاند-
تىمىز بىلەن تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەڭ چىن، پەقەت
قەلبىمىزلا چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئىگە بولالايدىغان مەنزىرە، كۆرۈنۈشنى
ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىپ چىققانلىقىمىزدەك پاكىت بىزگە بەش
قولدەك ئايان ئىدى.

شائىرلار بۇنى مۇنداق مەدھىيىلىگەنىدى: «بۇ دەل مۇقەددەس
گۈزەللىكتۇر، تىپتىنچ، ئېنىق بىر ئىزنا (ئومۇمىي كۆرۈنۈش) ئىد-
چىدىكىسى دەل پۈتمەس- تۈگىمەس ۋە مۇقەددەس بولغان نەرسىلەردۇر؛
بارلىق پاراسەت ۋە كۈچ- قۇۋۋەتلەر گۈزەللىكتە مۇجەسسەمدۇر.»

يۈكسەك بولغان بارلىق گۈزەللىكتە چوقۇم بىر تۈرلۈك ئەخلاق
ئامىلى ھازىر بولغان بولىدۇ، قەدىمكى ئويمىچىلىق سەنئىتىمۇ مار-
كوس. ئانتونىيغا ئوخشاشلا ئەخلاقتا رىئايە قىلغانىدى، بۇ گۈزەللىك ۋە
ئاڭنىڭ ئوڭ تاناسىپ تۈزىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. قوپال ۋە پەسكەش
خاراكتېر مەيلى قانچىلىك پەردازلانمىسۇن، يەنىلا قۇشخانىدىن چە-
قىرىلغان ئەخلەت، ھالبۇكى، ئالىيجاناب پەزىلەت ياشلارغا شەرەپ ئاتا
قىلسا، ياشانغانلارغا سەلتەنەت ۋە سالاپەت بېغىشلىيالايدۇ. بىز ھەقد-
قەتكە ئىنتىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭدىن ئۆزگە تاللىشىمىزمۇ يوق،
قولىمىزدىن كېلىدىغىنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئەلۋەتتە.

شەرم- ھايالىق، ئەخلاقلىق بىر قىزنىڭ چېچىمۇ بىزنىڭ نەزد-
رىمىزدە كىشىنى سېلىشتۇرغۇسىز ھاياجانغا چۆمدۈرەلىشى مۇمكىن.

مەدەنىيەتنىڭ ئۆگزىسىگە بالداقمۇ بالداق يامىشىش كېرەك،
كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر دانە گۆھەر ياكى بىر تۈرلۈك رەڭ، ئۇسلۇب
كۆرۈش سەزگۈمىز ئۈچۈن ئاتا قىلغان مەمنۇنلۇق پەيتىدىن تاكى
قىلمىش- ئەتمىشلىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاڭ بەلگىلىرى ۋە



سىمۋوللىرىغىچە، ئاخىرىدا ھەتتا ئەڭ سىرلىق بولغان پاراسەت نۇرد-
غىچە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. مەيلى بىز قايسى يۆنىلىشكە قاراپ
ماڭمايلى، بىزنىڭ مېڭىشىمىز يۈكسىلىش، ئۆرلەش جەريانىدۇر،
دەسلىپىدە، ئاتتىن بىرنى كۆندۈرگىنىمىزدىن خۇشال بولغان بولساق،
كېيىنچە بىز نېيۇتونغا ئېرىشتۇق، مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن تايىنىدىغان
يەر شارىنىڭ ئەڭ چوڭ دەرەختىن دوملاپ چۈشكەن ئەڭ يوغان ئالما
ئەمەسلىكىنى بىلدۇق، كېيىنچىرەك بىز ئەپلاتۇننى بىلدۇق، يەرشارى
ۋە ئالەمنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ھەممە گەۋدىنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرۇپ
كېتىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتۇق، بۇ
دەل قەلب قەسرىگە تۇتاشتۇرۇلغان بىرىنچى پەلەمپەي ئىدى.

# تارىخ ھەققىدە

ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر قەلب بار، بىز بۇ قەلبكە كىرىدىغان كىرىش ئىشىكىدۇرمىز، ئادەم ئىدراكى ھوقۇق ئاتا قىلىنىش ھامان تەبىئىيلا پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەركىن قەھرىمانلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ، ئەپلاتون ئويلىغاننى ئۇمۇ ئويلىيالايدۇ، ئەۋلىيالار ھېس قىلالىغاننى ئۇمۇ ھېس قىلالايدۇ، ھەرقانداق بىر ئادەم، ھەرقانداق پەيتتە يولۇقتۇرغان شەيئى ۋە ئادەملەرنى ئۇمۇ چۈشىنەلەيدۇ. كىمىكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان بۇ قەلبكە يېقىنلاشسا، شۇ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىكى نەرسىگە ئىشتىراك قىلالىغان ياكى ھەممىگە قادىر بولالىغان بولىدۇ، چۈنكى مانا بۇلار بىردىنبىر ئەڭ ئالىي ۋاسىتىچى ھېسابلىنىدۇ.

تارىخ مانا مۇشۇنداق قەلبنىڭ رولىنى خاتىرىلىگەن ئىدى، مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە ئاي ـ يىللار ئۇنىڭدىكى ئىستېبداتقا شاھىت، ئىسپات بولغانىدى. ئادەمنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ تارىخى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئىنسانىيەت روھى ئۆزىگە تەۋە بولغان ھەر بىر ئىقتىدار، ھەر بىر ئىدىيە ۋە ھەر بىر ھېسسىياتنى نامايان قىلىشتىن باشلىنىپ، تېنەپ ـ تەمتىرىمەستىن، توختىماستىن مۇۋاپىق ئىشلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا ئۆتىدۇ، ھالبۇكى ئىدىيە (ئاڭ) كۆپ ھاللاردا پاكىتتىن، مەۋجۇتلۇقتىن بالدۇرراق بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بىراق تارىخ قەلبنىڭ قانۇنىيىتىدىن بالدۇرراق مەۋجۇت بولۇپ بولغان، ھەرقانداق بىر قانۇنىيەتنى ئەتراپىدىكى يېتەكچى ئاتموسفېرا مۇھىت ئىختىرا قىلغان ئىدى. بىراق تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قېتىملىق چەكلىمىسى پەقەت بىرلا قانۇنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيتتى، بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخى بىر پارچە ئورماننى شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن بولغىنىدەك بىر ئادەم بولسا بىر ئىشنىڭ مۇكەممەل قامۇسى بولالايتتى. مىسىر، گرېتسىيە، رىم، گائۇل، برىتانىيە، ئامېرىكا قاتارلىقلار ئاللىبۇرۇن تەكرار ـ تەكرار ھالدا بىرىنچى



ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم قىلىۋېتىلگەن ئىدى. كېيىنكى ئەۋلادلار، ھەربىي لاگېر، پادىشاھلىق، ئىمپېرىيە، جۇمھۇرىيەت، دېموكراتىك دۆلەت دېگەنلەر پەقەت ئۇنىڭ كۆپ قاتلاملىق، تەكرار مەنىۋىيىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىق دۇنيادا ئىشلىتىلىشى ئىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى تارىخنى يېزىپ چىقتى، شۇنداقلا ئۇ جەزمەن تارىخنى ئوقۇشى، سفىنكس ئۆزىنىڭ تېپىشمىقىنى تېپىشى كېرەك ئىدى. ناۋادا پۈتكۈل تارىخ بىرلا كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۆكۈنۈۋالغان بولغىنىدا ئىدى، بىز شەخسىي تەجرىبىگە تايىنىپ تارىخنى چۈشەندۈرگەن بولاتتۇق.

تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر بىر دەقىقە، ھەر بىر پەيت بىلەن ھەر بىر ئەسىر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۆتۈشىدىغان بىر خىل مۇناسىۋەت مەۋجۇت. مەسىلەن، مەن سۇمۇرۇۋاتقان ھاۋا كائىناتتىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئامباردىن ئېلىنغانىدى، كىتابىمدىكى نۇر يۈز مىليون چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر پلانېتىدىن كەلگەن، بەدىنىمدىكى مۇۋازىنەت بولسا مەركەزدىن قاچما كۈچ ۋە مەركەزگە ئىنتىلگۈچى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدىن كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر پەيت چوقۇم دەۋرنىڭ يول باشلىشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغىنىدەك، ھەر بىر دەۋرمۇ پەيت ئارقىلىق ئىزاھلىنىشى لازىم ئىدى. ئىنسان ئورتاق روھنىڭ قايتا تۆرىلىش پەيتىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى نامايان قىلالايدۇ، ئورتاق روھنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭ شەخسىي تەجرىبىلىرى ئارىسىدىكى ھەر بىر يېڭى پاكىت مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىكى كرىزىس، خەۋپ مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتلىق كرىزىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولالايدۇ، ھەر بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ئەڭ دەسلەپتە مەلۇم بىرسىنىڭ شەخسىي ئويى ئىدى، ئەگەر بىرلا ۋاقىتتا باشقا بىرەيلەننىڭ كاللىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراش شەكىللەنگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ قاراش شۇ دەۋرنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. توغرا، ھەر بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ئەڭ دەسلەپتە بىر خىل شەخسىي قاراشتۇر، ناۋادا ئۇ يەنە بىر قېتىم شەخسىي قاراشقا ئايلانغان بولسا، ئۇ شۇ دەۋرنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان جاۋابقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

سىز تەسۋىرلىگەن پاكىتلار مېنىڭ قەلبىمدىكى بىلەن بىردەك بولا-
لىغاندىلا، مەن ئۇنى ئىشەنچلىككەن، چۈشەنگىلى بولىدىكەن، دەپ بىل-
لىمەن.

كىتاب ئوقۇغان چېغىمىزدا بىز چوقۇم قەدىمكى يۇنانلىق رىم-
لىق، قەدىمكى تۈركلەر، پوپ ۋە پادىشاھ، ئېتىقاد يولىدا جېنىدىن
كەچكەن ياكى دارغا ئېسىلغان كىشىلەر بولۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىز
بۇ ئوبرازلارنى ئۆزىمىزنىڭ مەخپىي تەجرىبىمىز ئارىسىدىكى مەلۇم
بىر ئىش بىلەن زىچ بىرىكتۈرۈپ ئويلىشىمىز كېرەك، بولمىسا
ھېچقانداق بىلىشكە ئېرىشەلمەي قالىمىز. ئاستىروبال ۋە كايىسارنىڭ
ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار روھنىڭ قۇدرىتى ۋە ۋەيرانچىلە-
قىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتىدۇر. ھەر بىر يېڭى قانۇن ۋە سىياسىي
ھەرىكەتلەرنىڭ سىز ئۈچۈن ئەھمىيىتى بار. ئۇنىڭ ھەر بىر نىقاب
تاختىسى ئالدىدا تۇرغىنىڭىزدا سىز چوقۇم «بۇ نىقاب ئاستىدا مېنىڭ
ئۆزگىرىشچان روھىمنىڭ تۇغما تەبىئىتى يوشۇرۇنغان» دېيىشىڭىز
كېرەك. بۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بەك يېقىن تۇرۇۋالىدىغان
ئىللەتىمىزنى يېپىپ كېتەلەيدۇ ھەمدە مەلۇم بىر نىسبەتتىن
ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆزىمىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزنى كۆزىتىشىمىزگە
ياردەم بېرىدۇ. قىسقۇچپاقا، ئۆچكە، چايان، تارازا، چەينەك دېگەندەك
نەرسىلەر ئۇن ئىككى بۇرجىنىڭ بەلگىلىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن
شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ئەرزىمەس نەرسە بولۇشتىن قالدى. مۇشۇنىڭغا
ئوخشاش، مەنمۇ سولايمان، ئالسىبىيادىس ۋە كاتىلىنغا ئوخشاش بىز-
دىن بەكمۇ ئۇزاپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزۈمنىڭ جىنايەت-
لىرىنى سوغۇق قانلىق بىلەن كۆرۈپ يېتەلەيمەن.

تۇغما خۇسۇسىيەت پەۋقۇلئاددە ئادەم ۋە ئىشلارنىمۇ قىممەتكە ئىگە
قىلالايدۇ. بۇنداق ئورتاق خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ھا-
ياتلىق بەكمۇ سىرلىق، دەخلىسىز مۇقەددەسلىككە ئىگە بولغان بولى-
دۇ، بىز تۈرلۈك قانۇن ۋە جازالار ئارقىلىق ئۇنى قوغدايمىز. چۈنكى
قانۇن ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئاداققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبىنى
تاپالايدۇ. بارلىق قانۇن ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي، ئەڭ چەكلىمىسىز ئېلىپ-
مېنتىنىمۇ كونترول قىلىۋالغانلىقىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۈر ئېنىق بې-
شارەت بېرىدۇ. مال ـ مۈلۈكمۇ روھنىڭ تىزگىنىدە، ئۇنىڭدىمۇ ئۇلۇغ



مەنىۋى ماھىيەت مۇجەسسەملەنگەن، دەسلەپىدە بىز تەبىئىي ئىستى-
كىمىزگە ئاساسلىنىپلا قانۇن ۋە زورلۇق كۈچ، شۇنىڭدەك كەڭ كۆ-
لەملىك ھەم مۇرەككەپ ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇنى تىزگىنلىمەكچى
بولغانىدۇق. ھازىر بىز باشقا بىر پاكىتنىڭ بىزنىڭ ئۇ دۇنيا، بۇ دۇن-
يالىق شەرىپىمىز، ئەڭ ئالىي ئېھتىياجىمىز ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ
دەل بىزنىڭ مائارىپ، ھەققانىيەت ۋە رەھىمدىللىككە بولغان چاقىر-
قىمىز ـ دوستلۇق، مۇھەببەت، ئۆزىگە تايىنىش ئىكەنلىكىنى كۆڭ-
لىمىزنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاڭقىرىشقا باشلىدۇق.

ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بىز ماتېرىياللارنى ئو-
قۇغان ۋاقتىمىزدا، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىمىزنى «كامىل ئادەم، خا-
سىيەتلىك ئادەم» دەپ ئويلىۋالىمىز. ئالەمنىڭ تارىخى، شائىرلار،
قىسسە يازغۇچىلىرى تەسۋىرلىگەن نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمى، خان
ئوردىسى، قەتئىي ئىرادە ۋە تالانت، غەلىبىگە ئوخشاش ئەڭ سەلتەنەت-
لىك كۆرۈنۈشلەر ئەزەلدىن بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، بىزگە بۇنىڭ
باشقىلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىش بولىدىغانلىقىنى، بۇلارنى
ئەسلىي مۇنەۋۋەر ئادەملەرگىلا كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلد-
دۇرۇپ باقمىغان. ئەكسىچە، بىز ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلارچە تەسۋىرلەش ئۇ-
سۇلىدىن بەھۇزۇرلۇق ھېس قىلغانىدۇق. شېكىسپېر بايان قىلغان
پادىشاھ ھەققىدىكى، ھەتتا بىر بۇلۇڭدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان بالا
ھەققىدىكى ئىشلارنى ئۆزىمىزدە يۈز بېرىدىغاندەك خىيال قىلاتتۇق.
تارىختىكى ھەر بىر ئۇلۇغ پەيت، ئۇلۇغ كەشپىيات، ئۇلۇغ كۈرەشلەر
ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايتتى. چۈنكى بىز ئۆزىمىزچە مەلۇم بىرەيلەن
بىزگە قانۇن تۈزۈپ بېرىۋاتقاندەك، بىز ئۈچۈن دېڭىزغا چۈشۈپ تە-
ۋەككۇلچىلىك قىلىۋاتقاندەك، بىز ئۈچۈن يېڭى قورۇقلۇقنى بايقاپ
بەرگەندەك، دۈشمەننى يەر چىشلىتىشىمۇ بىز ئۈچۈندىكىدەك ئويلاپ
كېتەتتۇق. ناۋادا بىزمۇ ئوخشاش سالاھىيەتتە ئۇلاردەك قىلساق ياكى
باشقىلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى چاۋىكىمىز بىلەن قوللىساقمۇ،
مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولاتتۇق، ئەلۋەتتە.

بىز مۇھىت ۋە خۇلق ـ مىجەزگىمۇ ئوخشاشلا قىزىقىمىز. باي-
لارنى ھۆرمەتلەيمىز، چۈنكى تاشقى قىياپەتتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ
بىمالال، ئەركىن قىياپىتى، ئىمتىيازى ۋە سالاپىتى بار، لېكىن بۇلار

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىنساندا ۋە ئۆزىمىزدە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك
نەرسىلەردۇر. زاھىدلار، شەرقلىقلەر ياكى ھازىرقى زامان نەسرچىلىرى
تەرىپىدىن «دانىشمەن» سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن كىشىلەر، ئەلۋەتتە
ھەر بىر ئوقۇرمەن تەرىپىدىن يەنە باشقىچە شەخسىي قاراشلارغا ئېرى-
شىشى، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى يېتىشكە تېگىشلىك ئۆزلۈككە تېخى
يېتەلمىگەن قىلىپ تەسۋىرلىنىشى مۇمكىن.
ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات دانىشمەنلەرنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەيدۇ،
كىتاب، خاتىرە بۇيۇمى، رەسىم، سۆھبەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى
رەسىمگە ئوخشايدۇ، ئۇ بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزى خالىغان يۈز شەكلىنى
تاللىۋېلىشى مۇمكىن. مەيلى ئۇندىمەس بىر كىشى ياكى ۋات - ۋات
بىرى بولسۇن ھەممىسىلا ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ، ئالقىشلايدۇ. ئۇ مەيلى
قەيەرگىلا بارمىسۇن، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ پارىڭىنىڭ قىززىق
نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ بۇنىڭدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالىدۇ.
بىراق ھەقىقىي ئىرادىلىك كىشىلەر ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئۆز پا-
رىڭىدا ئۆزىنى تىلغا ئېلىشىغا، مەدھىيىلىشىگە زارىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ
باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مەدھىيىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىشى مۇمكىن. بىراق
ئۇلار ئۇنى ئەمەس، ئۇ قوغلىشىدىغان كىشىلىك پەزىلەتنى ماختىشى-
ۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ئىنتوناتسىيىسى شۇنچىلىك يې-
قىملىق. ئىشقىلىپ كىشىلەر ئىنسانىي پەزىلەت سۆزىنى تىلغا ئې-
لىشقىنىدا ئۇنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ماختىماي*قالمايدۇ، ھەتتا نەدىلا بول-
سۇن، قانداقلا ئىش بولسۇن، قانداقلىقى مۇھىتتا ئۆركەشلەپ ئېقى-
ۋاتقان دەريالاردا، شىر - شىر قىلىپ ئاۋاز چىقىپ تۇرغان جىلغىلاردا
بولسۇن بۇنداق مەدھىيىنى ئاڭلىيالايدۇ. سۈكۈتكە چۆمگەن كائىنات-
تىن تاغ ۋە كۆكتىكى نۇرلارغىچە كىشىلەر مەدھىيىلەرنى، رازىمەن-
لىك بىلەن ئەل بولۇشلارنى ۋە مۇھەببەتنىڭ ئېقىشىنى كۆرەلەيدۇ.
بۇنداق بېشارەتلەر يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ،
بىزگە «سەگەك ۋاقتىمدا مەندىن پايدىلىنىڭلار» دەپ ئەسكەرتىش بې-
رىدۇ، ئوقۇغۇچىلار چوقۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن (ھەرگىزمۇ پاس-
سىپ ھالەتتە ئەمەس) تارىخنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇ چوقۇم ئۆز
تۇرمۇشىنى ئاساسىي تېكىست قىلىشى، كىتابنى بولسا ئىزاھات قى-
لىشى كېرەك. شۇندىلا ئۆزىنى ھۆرمەتلىمىگەنلەرگە راست گەپ قىلا-



مايدىغان مىيۇز ئىلاھەسىنى راست گەپ قىلدۇرالايمىز. مەيلى قانداقلا
كىشى بولمىسۇن، ئۇنىڭچە مەلۇم بىر ئىش ھېلىھەممۇ ماختىلىشقا
تېگىشلىك بولسا، قەدىمكىلەر قىلغان ئاشۇ ئىشلار ئۇنىڭ بۈگۈن
قىلغان ئىشلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلايدۇ. مەن بۇنداقلارنىڭ تارىخنى توغرا ئوقۇيالايدىغىنىدىن ئانچە
چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەيمەن.
بۇ دۇنيا ھەر بىر كىشىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تارىختىكى مەلۇم دەۋر، جەمئىيەت ھالىتى،
ھەرىكەت ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر بىردەكلىككە ئىگە
بولغان بولىدۇ، ھەر قانداق بىر ئىش سىرلىق بىر ئۇسۇل بىلەن ئۆ-
زىنى ئىخچاملاشتۇرۇشقا ھەمدە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭغا ئاتا
قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى بېشى-
دىن كەچۈرۈشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۇ چوقۇم ئۆز ئۆيىدە
ھېچقانداق پادىشاھ ۋە ئىمپېرىيىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىماستىن خا-
تىرجەم ئولتۇرالىشى، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى بارلىق تېررىتورىيە (دۆ-
لەت)، بارلىق ھۆكۈمەتتىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئۇ
يەنە تارىخنى ئوقۇشتىكى ئادەتتىكى نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتىشى
كېرەك. رىم، ئافىنادىن تارتىپ لوندونغىچە ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆچۈپ
كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلارنىڭ سوتچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان-
لىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ناۋادا ئەنگلىيە ياكى قەدىمكى مىسىرنىڭ
ئۇنىڭغا ئەرزى بولسا، ئۇ چوقۇم بۇ دېلونى سوتلىشى، ئۇلارنىڭ ھېچ-
قانداق گەپ - سۆزى بولمىسا ئاشۇ سۈكۈتلۈك ھالىتىدە قويۇۋېرىشى
كېرەك. ئۇ چوقۇم يۈكسەك قاراشنى يېتىشتۈرۈشى ۋە داۋاملاشتۇرۇ-
شى،بۇ ئارقىلىق بارلىق ئىش، ھەرىكەتلەرنىڭ مەخپىي مەنىسىنى
ئاشكارىلىشى كېرەك. شېئىر ۋە تارىخىي خاتىرىلەر مانا مۇشۇنداق
تېپقا كىرىدۇ. بىز تارىختىكى مۇھىم مەلۇماتلارغا ئاساسەن، روھنىڭ
ماھىيىتىنى، كائىناتنىڭ نىشانىنى بىلىمىز. ۋاقىت پاكىتنىڭ قەي-
سەرلىكىنى خورىتىپ، چاقناپ تۇرغان كۆك ئاسمانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ،
مەيلى لەڭگەر ياكى سىنوبېر(سىيرىلىشنى توختاتقۇچى ئارغامچا) يا-
كى قاشا، چىتلاق بولسۇن ھېچقايسىسى مەلۇم بىر پاكىتنىڭ مەڭگۇ
پاكىت پېتى تۇرۇشىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. بابىلۇن، تروپا، تېئىر، پە-

لەستىن، ھەتتاكى دەسلەپكى رىم ئىمپېرىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەم-
مىسى ئەپسانە، رىۋايەتكە؛ ئېرەمباغ، قۇياش يۆتكەلمەيدىغان جاي، گى-
بېئون دېگەنلەر دۇنيادىكى مىللەتلەر ئۈچۈن شېئىرغا ئايلىنىپ كەت-
تى. ئەگەر بىز مەلۇم بىر پاكىتنى قانداقتۇر بىر يۇلتۇز تۇركۇمىگە
ئايلاندۇرۇپ، ئەبەدىيلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆككە ئېسىپ قوي-
ساق، كىممۇ ئۇنىڭ زادى قانداقلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەيسىز؟ لون-
دون، پارىژ، نيۇ - يورك ئوخشاشلا بىر يولنى ماڭغان بولۇپ قالامدۇ؟
ئۇنداقتا «تارىخ دېگەن نېمە؟»
ئۇ پىكىردە بىردەكلىككە كەلگەن بىر پارچە مەسىلىدىنلا ئىبارەت»
دېگەنىدى. ناپولېئون جاۋابەن. بۇگۈن، ئەتراپىمىزدا، گرېتسىيە، گا-
ئۇل، ئىنگلاند، ئۇرۇش، مۇستەملىكە، چېركاۋ، سودا ۋە سوت دېگەن-
لەرنىڭ قالدۇق ئىزلىرى سالماقلىقمۇ، يېنىكلىكمۇ تەڭ مەۋجۇت
بولغان گۈل - چېچەك ۋە قوپال بېزەكلەرگە ئوخشاشلا ھەممىلا يەرنى
قاپلاپ ياتماقتا. بۇلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيمەن، مەن پەقەت
ئەبەدىيلىككىلا ئىشىنىمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ قەلبىدىن گرېتسىيە، ئا-
سىيا قىتئەسى، ئىتالىيە، ئىسپانىيە ۋە لوندون دېڭىز بوغۇزىدىكى ئۈچ
ئارالنى، ھەر بىر دەۋرنى ۋە ئۇنىڭدىكى تالانتلىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئى-
جادىي پرىنسىپلىرىنى بايقاپ چىقالايمەن.
بىز مەڭگۇ ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي تەجرىبىلىرىمىز جەريانىدا
تارىختا يۈز بەرگەن بارلىق پاكىتلارنى يولۇقتۇرىمىز، ھەممە بۇلارنى
ئىسپاتلاپ چىقىمىز. بارلىق تارىخ سۇبيېكتىپ قاراشقا ئايلىنىپ
كەتتى، باشقىچىرەك ئېيتقاندا تارىخ مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت تەرجىمە-
ھاللا مەۋجۇت، ھەر بىر قەلب چوقۇم مۇشۇ ساۋاقنى بىلىۋېلىشى،
مۇشۇ تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. تارىخ ئۆزى كۆزىمىگەن، تە-
سىراتىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئىشلارنى ھەرگىزمۇ بىلمەيدۇ. ئالدىنقى دەۋر
ھاكىمىيىتىكە قولاي بولۇشنى كۆزلەپ، مەلۇم بىر تارىخىي ۋەقەنى پ-
روگراممىلاشتۇرۇپ، يىغىنچاقلاپ فورمۇلا ياكى پرىنسىپ ھالىتىگە
كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئاشۇ پرىنسىپنى قورشاپ چۆرۈلگەن تام قەل-
بىمىزنى مۇستەقىل، بىمالال ھالدا بۇ ئىشنىڭ پايدىسىنى دەلىللەش-
تىن مەھرۇم قالدۇردى. مەلۇم بىر پەيت، مەلۇم بىر زامان شارائىتىدا ئۇ
ھامان بۇ زىياننى قايتۇرۇۋالىدۇ، ھەتتا تۆلەمگىمۇ ئېرىشىشى مۇمكىن.



شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ئۆزى مەسئۇل بو-
لۇشىغا يول قويغان تۈزۈك.
مەلۇم بىرەيلەن ئاسترونومىيىدىكى ئاللىبۇرۇن كىشىلەر بىلىپ
بولغان نەرسىلەرنى بايقىدى، بىراق بۇنىڭ ئۇنىڭغا چوڭ پايدىسى تەگ-
دى.
تارىخ جەزمەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ ھېچ-
قانداق قىممىتى بولمايدۇ، دۆلەت تۈزۈپ چىققان ھەر بىر قانۇن ئىنسان
تەبىئىتىدىكى ھەربىر پاكىتنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى كېرەك، بول-
مىسا ئۇ قانۇن بولالمايدۇ. بىز چوقۇم ھەر بىر پاكىتنىڭ زۆرۈر سە-
ۋەبنى—ئۇنىڭ ھازىر قانداقلىقىنى، ئەسلىي قانداق بولۇشى كېرەك-
لىكىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەك. سىز مەلۇم بىر
ئىش - ھەرىكەت قايسىدۇر سىياسەتۋازنىڭ نۇتقى، بىر ھەربىي مۇتە-
خەسسىسنىڭ غەلىبىسى، قايسىدۇر بىر ئىزمچى ياكى ئېتىقاد يولىدا
جېنىنىمۇ ئايىمىغۇچىنىڭ روھى، ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى تېررو-
رىزم، دىنىي تىرىلدۇرۇش ئەسەبىيلىكى قاتارلىقلارغا مۇئامىلە قى-
لىشتا مۇشۇ خىل پوزىتسىيىنى قوللىنىپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. ئۆ-
زىمىزنى ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تەسىر ئاستىدا شۇنىڭغا ئوخشاش تە-
سىرگە ئۇچراپ، ئوخشاش بىر ئىشنى قىلغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ
باقايلى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ مەقسىتىمىز روھىي جەھەتتە ھەر بىر باس-
قۇچنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىش ۋە بىزنىڭ شېرىكلىرىمىز (-
بىز پەرەز قىلغان ئادەم) يېتەلىگەن يۈكسەكلىككە ياكى چۈشكۈنلۈككە
يېتىپ بېقىش.
پىرامىدا، قېزىپ چىقىرىلغان شەھەرلەر، يىراق قەدىمكى زامان-
دىن مىراس قالغان غايەت زور ئەنگلىيە تاش تۈۋرۈكلىرى، ئوخيودا
ياسالغان تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئىندىئانلار شە-
ھىرى، مېكسىكا ۋە مىسىر، مەمپىس قەدىمىي ئىزلىرى قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمگە بولغان تەتقىقات، قىزىقىش تۇيغۇسىنىڭ
ھەممىسىلا ئاجايىپ كۈچلۈك ئىستەكنىڭ، يەنى ھەم بۇ ياۋايى، ئىپ-
تىدائىي «ئۇ يەر، بۇ ئىش» لارنى يوقىتىۋېتىپ، «بۇ ۋاقىت» نىڭ
ئورنىغا «ھازىر» نى دەسسىتىش ئىستىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان
ئىستەك يوشۇرۇنغان.

ئىتالىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى بەلزونى مىسىرنىڭ زىبىس
شەھىرىدىن مۇمىيا خەندىكى ۋە پىرامىدىنى قېزىپ چىقىپ، ئۇنى
تەكشۈرۈپ، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ غە-
لىتە ئىمارەت بىلەن بولغان ھەمنەپەس ئىكەنلىكىدەك مۇناسىۋەتنى
بايقاپ چىقتى. ئومۇمىي ۋە كونكرېت جەھەتتە بۇنى بىنا قىلغان ئاشۇ
كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆ-
زىگە ئوخشاش قورال ـ سايمانلىرى بارلىقىنى، ئوخشاش بىر مەقسەتنى
چىقىش قىلغانلىقىنى رازىمەنلىك بىلەن جەزملەشتۈردى. ئەگەر ئۇ
ئۇلار بىلەن ئوخشاش مۇددىئادا ئىشلىيەلىسە مەسىلە ھەل بولۇپ
كەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى تەرتىپكە سېلىنغان ئالەم بىلەن،
سفىنكس بىلەن، شۇنداقلا يەر ئاستىدىكى ئۆڭكۈر، قەبرىلەر بىلەن
بىللە ھەرىكەتكە كەلگەندىلا ھەمدە رازىمەنلىك بىلەن بۇلاردىن كېيىن
ئۆتەلىسىلا، ئۇلار ئۇنىڭ قەلبىدە قايتىدىن تىرىلەتتى ياكى «ھازىر» غا
ئۆزگىرەتتى.

گوت ئۇسلۇبىدىكى بىر چېركاۋ، ئېنىقكى ئۇنى ھەم بىز بىنا قىلغان
ھەم بىز بىنا قىلمىغان، ئۇنى ئىنسانىيەت بىنا قىلغان. بىز ئۇنى بىنا
قىلالمايمىز، بىراق ئۇنىڭ ياسىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلالايمىز، ئۆ-
زىمىزنى ئۇنى بىنا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئورنىدا قويالايمىز. بىز
ئورمانلىقتىكى ئاھالىنى، ئەڭ دەسلەپكى ئالەمنى ئەسلىيەلەيمىز، بۇلار
ھازىرمۇ ئەڭ دەسلەپكى ھالىتىنى ساقلاپ قالدى، پەقەت دۆلەتنىڭ باي-
لىقى ئاشقاچقا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە بېزەكلەرنى قوشۇپ قويىدى. شۇ يا-
غاچنى ئويساق، باھاسى شۇئانلا ئون قاتلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
چېركاۋدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن تاشلارنىمۇ ئويۇپ چىقتۇق، بىز
بۇ جەرياننى تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن بۇلارغا كاتولىك دىنىنى،
ئۇنىڭ كرېستىنى، مۇزىكىسىنى، نامايىشىنى، پەيغەمبەرلىرىنىڭ
خاتىرە كۈنىنى ۋە مەبۇدقا تېۋىنىشلىرىنى قاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز
ئاشۇ چېركاۋنى ياسىغان كىشىلەر ھېسابلىنىپ قالدۇق. بىز بۇنىڭ
زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز، بىزنىڭ باھانە ـ
سەۋەبىمىز بەكمۇ كۆپ.

ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇنىڭ شەيئىلەر بىلەن
باغلىنىشىدىكى پرىنسىپىدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ، بەزىلەر شەيئىلەرنىڭ



رەڭگى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە تاشقى شەكلىدىكى تاسادىپىي پەرق-
لەرگە ئاساسلىنىپ ئۇلارنى تۈرلۈك جىنسلارغا ئايرىيدۇ. بەزىلەر
بولسا جىنسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشاشلىق ياكى سەۋەب ـ
نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە ئاساسلىنىپ ئۇلارنى تۈرگە ئايرىيدۇ، ئۇلار-
نىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىدە يۈكسىلىش بولغاندا، ئىچكى سەۋەبلەرنى ئې-
نىق كۆرىدۇ ـ يۇ، يۈزەكى پەرققە سەل قارايدۇ.

شائىر، پەيلاسوپ ۋە پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بارلىق ئىشلار
دوستانە ھەم مۇقەددەس، ھەممە نەرسە پايدىلىق، جىمى كۈنلەر، ھەممە
كىشى مۇقەددەس، بۈيۈكتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزى ھاياتلىققا تە-
كىلگەن پېتى قېتىپ قالغان، ئەتراپتىكى مۇھىتنى نەزىرىدىن ساقىت
قىلغان ئىدى. بىر تۈرلۈك خىمىيىلىك ماددا، بىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈك
ۋە ھايۋان قاتارلىقلار سەۋەب بىر خىل بولغان بىلەن، تاشقى كۆرۈ-
نۈشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىدەك پاكىتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر.

ھەممىنى ئاپىرىدە قىلغان ئۇلۇغ كائىنات خۇددى بىر توپ بۇلۇت
ياكى ھاۋاغا ئوخشاش رايىشلىق بىلەن كۆچمەكتە. بىزنى تىرەپ تۇر-
ماقتا، بىز ئۇنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق. بىز نېمە ئۈچۈن قۇرۇق رەسمە-
يەتچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەدېسىلا مۇشۇ ئەرزىمەس بىر نەچچە
خىل فورما (شەكىل) نى گەۋدىلەندۈرۈۋەرگۈدەكمىز؟ يەنە نېمە سەۋە-
تىن ۋاقىتقا، چوڭ ـ كىچىكلىككە ياكى تاشقى قىياپەتكە ئېتىبار
بېرىۋەرگۈدەكمىز؟ روھ بۇلارنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۆزى
ئەمەل قىلالىغان تالانتلىق كىشىلەرلا خۇددى كىچىك باللار بىلەن
بوۋايلار چېركاۋدا ئويۇن ئوينىغاندەكلا ئۇلارنى قانداق ئەخمەق ئېتىشنى
بىلىدۇ. تالانت تاسادىپىي ئويلاپ قالغان ئىشلارنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ
شەيئىلەر تېخى تۆرەلمىگەن چاغدىلا ئوخشاش بىر قۇياش ئايلانمىسى-
دىن چېچىلغان نۇر دەستىسىنى بايقاپ بولىدۇ ھەمدە ئۇ يەرگە چۇ-
شۇشتىن بۇرۇنلا چەكسىز بىر يىراقلىقتا دالدىلانغان بولىدۇ. تالانت
شەيئىلەردىكى ھەر بىر بىرلىكنى كۆزەتكەن چېغىدا، ئۇلار تاقمۇالغان
نىقابنى تېشىپ ئۆتۈپ، تالانتنىڭ كائىنات قوينىدا كېلىپ، كېتىپ
يۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ، تالانت چىۋىن، قۇرت، مايىقى قوڭغۇز لە-
چىنكىسى ياكى تۇخۇمى ئىچىدىن ئاشۇ مەڭگۈلۈك «مەن»نى، سان ـ
ساناقسىز «مەن»لەر ئارقىلىق ئىرقنى، كۆپلىگەن ئىرقلار ئارقىلىق

ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنى، كۆپلىگەن ئىرق تۈرلىرى ئىچىدىن ئۆزگەرمەس تىپلارنى كۆرەلەيدۇ، تەشكىلىي شەكىلگە ئىگە بارلىق ھاياتلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئىچىدىن ئەبەدىيلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى سىزىپ چىقىدۇ.

كائىنات خۇددى ئۆزگىرىشچان، ھەرىكەتچان بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇ بۇلۇتنىڭ ئۆزى ھەم ئۆزى ئەمەس، ئۇ ئوخشاش بىر ئىدىيىنى ساناقسىز شەكىلدە قويۇپ چىقالايدۇ، خۇددى بىر شائىر بىر مەسلىۋى مەنىنى يىگىرمە پارچە مەسەل قىلىپ يېزىپ چىقالىغاندەك.

تالانت شەيئىلەردىكى سىرلىق روھنى ئاساس قىلىپ، بارلىق جىسىملارنى ئۆزى خالىغان يۆنىلىشكە بۇرىيالايدۇ. قاتتىق نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا رايىش سۇدەك بولۇپ كېتىدۇ ـ يۇ، ئەسلىدىكى شەكلىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ. بىراق مەن ئۇنى كۆرگەن چېغىمدا ئۇنىڭ سۈپىتى ۋە كۆرۈنۈشى ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىپ بولغانىكەن، ھېچقانداق نەرسە ئۆزگىرىشچانلىق جەھەتتە شەكىلگە يەتمەيدۇ، بىراق ئۇ ئەزەلدىن ئەسلىدىكى ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ باقمىغان، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىز تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئىزنالىرىنى ۋە بېشارەتلىرىنى بايقاپ قالىمىز. تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بولسا «بۇ ئەسلىدە قۇللارنىڭ تىپىك خاراكتېرى» ئىدىغۇ دەپ ئويلايمىز. ھالبۇكى، بۇنى ئادەم ۋۇجۇدىدا ئېسىللىك ۋە لاتاپەت سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرىمىز. خۇددى ئېسكۇرۇسنىڭ تراگېدىيىسى «زەنجىرلەنگەن پرومېتى» سىدا، ئىلاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنلىكتىن كىچىك موزايغا ئايلىنىپ قالغان ئايئو مىسىردا ئىسىس ۋە ئوسىرىسنى ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا قانچىلىك ئۆزگىرىش بولۇپ كەتتى ـ ھە؟ ئۇ گۈزەل بىر نازىنىنغا ئايلاندى، شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەكىل ئۆزگىرىشى بولۇپ باقمىدى، پەقەت ئىككى ھىلال ئاي شەكىللىك مۈڭگۈز كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان بېزەك سۈپىتىدە پېشانىسىدە قالدۇرۇپ قويۇلدى.

تارىخنىڭ ئوخشاشلىقى ھەم ماھىيەتلىككە ھەم ھادىسىۋىلىققا ئىگە. شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى تۈرلۈك ـ تۈمەن بولىدۇ، بىراق يادرولۇق (ئىچكى) ماھىيىتى بولسا ئاددىي، يەككە بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئاجايىپ رەڭدار، خىلمۇخىل بولغان



بىلەن ئۇنىڭ قېتىدىن بىز كۆرەلەيدىغىنىمىز پەقەت بىرلا خىل خاراكتېر، خالاس. يۇناندىكى تالانتلىقلار ھەققىدىكى ئۇچۇر مەنبەلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقسىڭىزلا ھەممىسى ئايان بولىدۇ. بۇ مىللەتنىڭ بىزگە ئايان بولغان مەدەنىيەت تارىخى خۇددى ھېرودوت، زۇسىيدىدىس، شىنوپىن ۋە پلوتارىچ قاتارلىقلار خاتىرىگە ئېلىنغانغا ئوخشاشلا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى تولۇق ئىزاھلاشقا يېتەتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى، ئېپوسى، لىرىك شېئىرلىرى، دراممىلىرى ۋە پەلسەپىسىگە ئوخشاش دەبدەبىلىك فورمىلىرى ئارقىلىق بىز بۇ مىللەتنىڭ روھىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ يەتكەنىدۇق. ئۇ ئەسلىدىنلا بىر خىل «مۇۋاپىق گۈزەللىك» بولۇپ، تۈز سىزىق ۋە تۆت چاسا شەكىل بىلەنلا چەكلەنگەن ئوبرازلىق گېئومېتىرىيىلىك شەكىل ئىدى. كېيىنچە بىز ئۇنىڭ ئويمىچىلىق ئەسەرلىرىدە يەنە نامايان بولغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ چاغدا ئۇ «مۇۋازىنەتنى ئىپادىلەيدىغان تىل»غا ئايلانغانىدى. شەكىل جەھەتتىكى رەڭگارەڭلىكىگە مەردۇ مەردانە، ئەمما مۇخلىسلارنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدا مەلۇم بىر خىل دىنىي ئۇسسۇلنى ئوينىشىغا ئوخشايدىغان غايىمىزدىكىدەك جىمجىتلىقتىن چەتنەپ كەتمەيدىغان بىر خىل گۈزەللىك يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار گەرچە پەيلىرى تارتىشىپ، پۇتلىرى ئاغرىپ كەتسىمۇ ئۇسسۇلنىڭ نەپىسلىكىنى ۋە ئوبرازچانلىقىنى بۇزمايتتى.

ئادەتتىن تاشقىرى بۇ مىللەتنىڭ تالانتىغا نىسبەتەن بىزدە تۆتلۈك ئىپادىلەش ئۇسۇلى شەكىللەندى. ھېسسىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر كۇپلېت پىندارى قەسىدىسىگە، يېرىم ئادەم، يېرىم ئات مەرمەر ھەيكەلگە، پاسىنون دېھقانچىلىق ئىلاھى ئىبادەتخانىسىنىڭ تۈۋرۈكى، شۇنىڭدەك پوسىيۇننىڭ سەكراتقا چۈشۈش ھەرىكىتىگە شۇنچىۋالا ئوخشىمايدىغان يەنە نېمە باردۇ؟

ھەممىمىز چوقۇم تۈرلۈك چىراي ۋە قىياپەتلەرنى كۆرۈپ باققان، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىدا ئوخشاش ئالاھىدىلىك يوق بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە ئوخشاشتەك تەسىرات بېرەلەيدۇ. بىر پارچە ئالاھىدە رەسىم ياكى بىر پارچە ئالاھىدە شېئىرلار توپلىمى، گەرچە ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بىر قاتار ئوخشاش ئوبرازلارنى بارلىققا كەلتۈرەلمىسىمۇ،

لېكىن تاغلاردىكى كىچىك جىلغىلارغا ئوخشاش ئادەمگە ئوبرازلارنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرالايدۇ. بىراق بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئوخشاش تەرەپلەرنى ھېس قىلالمايدۇ، چۈنكى ئوخشاش تەرەپلەر ھەممىشە غۇۋا ھەم تۇتۇق بولىدۇ، بىز ئۇنى چۈشىنىشكە ئىلاجىسىزمىز.

كائىنات پەقەت ئاددىيغىنە بىر نەچچە تۈرلۈك قانۇنىيەتنىڭ توختاۋسىز بىرىكىشى، تەكرارلىنىشىدۇر، خالاس. ئۇ قەدىمكى مەشھۇر كۈيگە ئىڭشىغىنىچە، بىزگە پۈتمەس - تۈگىمەس ئۆزگىرىشلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

كائىناتنىڭ ھەممە ئەسىرى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش ئاجايىپ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئوخشاشلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇ ئىنسانلارنى ئويلاپ باقمىغان يەرلەرگە بېرىشقا، بىزنى تاڭ قالدۇرغان رەسىملەرنى سوۋغا قىلىشقا ئامراق. مەن بۇرۇن چوڭقۇر بىر ئورمانلىقتا مەلۇم بىر ياشانغان قەبىلە باشلىقىنى ئۇچراتقانىدىم، ئۇنىڭ بېشى ماڭا بىر پارچە تاقىر باش تاغ چوققىسىنى، پېشانىسىدىكى قورۇقلار بولسا تاغ جىنسلىق يەر قاتلىمىنى* ئەسلەتكەنىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدە خۇددى پاسىنۇن دېھقانچىلىق ئىلاھى ئىبادەتخانىسىدىكى سىدام، لېكىن كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ھەيكەللەرگە، قەدىمكى رىم ۋە قەدىمكى گرېتسىيە خارابىلىرىگە ئوخشاش قانداقتۇر بىر خىل تۇغما سالاپەت ۋە گۈزەللىك ھازىر بولغان بولىدۇ. ھەرقايسى دەۋرگە تەۋە كىتابلار ئىچىدىن ئوخشاش ژانىردا يېزىلغانلىرىنى تېپىش تامامەن مۇمكىن.

گۈيدوئوس ئۆزىنىڭ رىم روسپىگلىيوسى ئائۇرورا قەسرىنىڭ تېمىدىكى «تاڭ شەپىقى ئىلاھەسى» ناملىق رەسىمىدە پەقەت بىر ئەتىگەننى تەسۋىرلىگەنىدى. رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن ئاتمۇ سەھەر ئاسمىنىدىكى بىر توپ بۇلۇت ئىدى، ئەگەر بىراۋ ئاۋارىچىلىكتىن قورقماي، مەلۇم بىر روھىي كەيپىيات ئىچىدە قىلىشنى خالىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەر شۇنىڭدەك قىلىشنى ئويلىمىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىشكە رازى بولسىلا، كۆزەتكەنلىرى بىلەن رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ تولىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

بىر رەسسام ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «دەرەخكە ئايلىنىپ



كەتمىگەنلا بولسا، ھېچكىممۇ بىر تۈپ دەرەخنى سىزىپ چىقالمايدۇ، شۇنداقلا كىچىك بالىدىن بىرىنىڭ يۈز شەكلى، تەقى - تۇرقىنى تەتقىق قىلىشقا تايىنىپلا ئۇ بالىنى سىزسىمۇ بولمايدۇ. رەسساملار چوقۇم مۇۋاپىق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئويناشلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە يېقىنلىشىش كېرەك، ئاندىن خاھىشى بويىچە ئۇنىڭ ھەربىر قىياپىتىنى سىزىپ چىقىشى كېرەك.»

روسمۇ «بىر قوينىڭ تەبىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە كىرىش كېرەك» دەپ ئېيتقانىدى. مەن بىر چېرتيوژ سىزىدىغان ئادەمنى تونۇيمەن، ئۇ ئۆلچەش خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىندى، ئۇ تاغ جىنسلىرىنى سىزىپ چىقىشتىن بۇرۇن بىرەرىنىڭ ئۇنىڭغا تاغ جىنسلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، بولمىسا ئۇ بۇنى سىزىپ چىقالمايدىكەن.

ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىغان قېتىن، ئىنچىكە خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئىدىيىۋى ھالەتنى مەنبە قىلغان بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئوخشاش بولغىنى روھ، ھەرگىزمۇ پاكىت ئەمەس. سەنئەتكارلار جاپا تارتىپ ئېرىشكەن قول ھۈنىرى ياكى ماھارەتلەرگە ئەمەس، كۆپىنچىسى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغان چۈشىنىشكە تايانغاندىلا باشقىلارنىڭ روھىنى ئويغىتىپ بەلگىلىك بىر پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدۇرالىغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولالايدۇ.

بىراۋ مۇنداق دېگەنىكەن: «ئادەتتىكىچە كىشىلەر ھەرىكىتى (مىجەزى) بىلەن قەرزنى قايتۇرسا، ئالىيجانابراق كىشىلەر ئۆزى بىلەن قەرز قايتۇرىدۇ.»

بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ماھارەتلىك، سەنئەتلىك كەلگەن خاراكتېر ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى، تىلى، نەزىرى، يۈرۈش - تۇرۇشى ئارقىلىق بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ئۇلارغا ئورتاق بولغان، گويا ھەيكەل ۋە رەسىم كۆرگەزمە زالى نامايان قىلغان قۇدرەت ۋە گۈزەللىككە ئوخشايدىغان كۈچ ۋە گۈزەللىكىنى ئويغىتىدۇ.

مەدەنىيەت دەۋرى ۋە تەبىئەت تارىخى دەۋرى، سەنئەت ۋە ئەدەبىيات تارىخى چوقۇم تارىخىي نۇقتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا شەرھلە-

نىشى كېرەك، بولمىسا قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.
دۇنيادا بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىش يوق، بىزنىڭ پادىشاھلىق، ئىنستىتۇت، دەرەخ، ئات، تۆمۈر شوتا، ئادەمزات، مەۋجۇداتقا قىزىقىشى-
مىزنى توسالايدىغان نەرسىمۇ ھەم يوق، سانتا كىروس چېركاۋى ۋە سىت پىتىرىس چوڭ چېركاۋىدىكى قۇببىسىمان ئۆگزە سىرلىق، مۇقەددەس بىر قۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان. ستراسبۇرگ قەل-
ئەسى چېركاۋى ستەيىنباخلاردىن بولغان ئىرۋىيىنىڭ ئەرۋاھى (رو-
ھى) نىڭ ھەقىقىي كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدۇر.
ھەقىقىي بىر پارچە شېئىر شائىرنىڭ روھىنىڭ ئەكس ئەتتۈ-
رۈلۈشى، مۇستەھكەم پاراخوتقا پاراخوت ياسىغۇچىنىڭ ئۆزى مۇجەس-
سەم قىلىنغان. ناۋادا بىز ئادەمنى يېرىپ قارىيالايدىغان بولساق، شا-
ئىرلارنىڭ ئەسىرىنىڭ جان تومۇرى بولغان ئەڭ ئېسىل، ئەڭ دەل سەۋەبىنى تېپىپ چىقالىغان بولاتتۇق. ھەر بىر تۈس، پۇراق ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ بەدىنىدە ساقلانغان بولاتتى.
پۇتكۇل رىتسارلىق تۈزۈمى ۋە سامۇرايلىق تۈزۈمگە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغىنىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدە ئىكەنلىكىـ
نى بايقايسىز. يۈرۈش ـ تۇرۇشى سىلىق ـ سىپايە كەلگەن بىر كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلەرچە باش كىيىمىگە ماس كەلگەن سى-
لىق ـ سىپايە، تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چا-
قىرىشى مۇمكىن.
كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى پارچە ـ پۇرات تەجرىبىلىرىمىز بىر قىسىم قەدىمىي مەسىلىلەرنى، قۇلىقىمىزغا مۇنداقلا كىرىپ قالغان، تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان ئىش ـ كۈشلەرنى، ئالامەتلەردىن ئۆزگەرگەن ھەقىقىي نەرسىلەرنى دەلىللەپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئورمانلىقتا مەن بىلەن بىرگە ئات مىنىپ كېتىۋاتقان بىر خانىم ماڭا ئۆزىنىڭ ھەمىشە ئورمانلارنى گويا ئورمانلىقتىكى جىنلار ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى توخ-
تىتىپ قويغاندەكلا، بۇ يەردە يولدىن ئۆتكەنلەرنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلىدىغىنىنى ئېيتىپ بەردى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئاڭ شېئىرلاردا تولا تەشۋىق قىلىنىپ كەتتى، يەنى شېئىرلاردا «ئىنسانىيەتنىڭ قە-
دىمى (ئاياغ تىۋىشى) پەرىشتىلەرنى ئۇيسۇلدىن توختىتىپ



قويىدىكەن» دېگەندەك گەپلەر بەك تولا يېزىم كېچىدە ئاينىڭ بۇلۇتلار ئارىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كۆككە كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرۈپ باققانلار گويا پەرىشتىنىڭ نۇر ۋە دۇنيانى بىنا قىلىنىشىغا ئىشتىراك قىلغان كى-
شىلەرگە ئوخشايدۇ.
ھېلىمۇ يادىمدا، يازنىڭ بىر كۈنى دالادا ئىدۇق، ھەمراھىم ماڭا ئاجايىپ يوغان بىر پارچە بۇلۇتنى كۆرسەتتى، قارىماققا چارەك ئىنگ-
لىز مىلى كەڭلىكتە كۆرۈنىدىغان بۇ بۇلۇت ئۇپۇق سىزىقى بىلەن پاراللېل ئىدى، شەكلى بولسا چېركاۋدىكى كىچىك پەرىشتىگە ئوخ-
شاش خېلى چىرايلىق ئىدى، قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر يۇمىلاق بار بولۇپ، كۆز ۋە ئېغىزى ھازىرلا قوشۇلۇپ، تىرىك بىر ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوخ-
شاپ قالىدىغاندەك جانلىق كۆرۈنەتتى، ئىككى تەرىپى بولسا سىممېت-
رىك كەلگەن قاناتلار ئارقىلىق تىرەلگەنىدى. ئاسماندا بىر قېتىم پەيدا بولغان نەرسىلەرنىڭ يەنە پەيدا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، شۈبھى-
سىزكى، ئۇ بىزگە تونۇش بولغان زىبۇزىننەتلەرنىڭ پروتوتىپىدۇر.
مەن بۇرۇن ئاسماندا چېقىلغان چاقماقنى كۆرگەنىدىم، ئۇ شۇ ھامان ماڭا قەدىمكى گرېتسىيىلىكلەر سىزغان ئىلاھنىڭ قولىدىكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى ئەسلەتتى، بۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ تەبىئەتنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى دېيىشكە بولاتتى ، مەن يەنە تاش تامنىڭ ئىككى تەرىپىگە يىغىلىپ قالغان قارلارنى كۆرگەنىدىم، ئۇلار كىشىگە دابىلد-
يوندىكى ئاددىي ئىمارەتلەرنىڭ قايىنام نۇسخىلىق بېزەكلىرىنى ئەس-
لىتەتتى.
بىز ئۆزىمىزنى ئەسلىدىكى ۋەزىيەتكە قويغىنىمىزدا مېمارچىلىق تەرتىپى ۋە بېزەكلىرىنى بىردىن ـ بىردىن كەشىپ قىلىپ چىقالىغان بولاتتۇق، چۈنكى مەيلى قايسىلا مىللەت بولسۇن، بىزنىڭ ئىپتىدائىي تۇرالغۇمىزنى ئۆزلىرىگە خاس قىلىپ زىننەتلىۋالغانىدى. دورىسچە بۇتخانىسىدا دورىسلارنىڭ ئولتۇرىدىغان كىچىك ياغاچ كەپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغانىدى. جۇڭگونىڭ مۇنارى ئېنىقكى تا-
تارلارنىڭ چېدىرىغا ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. قەدىمكى ھىندىستان ۋە ۋە قەدىمكى مىسىرلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى كىشىگە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بو-
ۋىلىرى ئولتۇرغان توپا دۆۋىسىدىن ياسالغان كەپىنى ۋە گەمىلەرنى ئەسلىتەتتى.

شىيېرېن ئۆزىنىڭ كاتتا ئەسىرى «ئېفىسئوفىيە تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا: «قىيا تاشلاردا ئۆي ۋە قەبرە قوپۇرۇش ئادىتى قەدىمكى مىسىر نۇبىيە پاسونىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ غايەت زور قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇشتەك ئاساسى ئالاھىدىلىكىنى ئىنتايىن تەبىئىي يوسۇندىلا بەلگىلەپ قويىدى» دەپ ئېيتقانىدى. بۇنداق تەبىئىي ئۆڭكۈر ۋە چوڭ گەمىلەردە ياشىغان كىشىلەر شەكلى ۋە ھەجمى بەك يوغان ۋە بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى، شۇڭا سەنئەت تەبىئەتكە ھەمدەم بولغىلى كەلگەن ئاشۇ پەيتتە (سەنئەت پەقەت كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك نەرسىلەرگىلا كۆڭۈل بۆلەتتى) ئۇ گويا ئۆز قىممىتى تۆۋەنلەشتۈرۈۋېتىلگەندەك ھېس قىلىپ قالغانىدى. دېمەك، ئاشۇ پەقەت گىگانت ئادەملا زال ئالدىدا ياكى تۈۋرۈك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ساقلاشقا ماس كېلىدىغان غايەت زور زالغا قويۇلغان ھەيكەللەر ياكى سەرەمجان، رەتلىك كەلگەن كارىدور ياكى يان زال بۇ سەنئەت بىلەن قانداقمۇ چىقىشالايدۇ، دەيسىز؟

ئوستىروگوت ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋلارنىڭ ئورمانلىقتىكى بۈك ـ باراقسان دەرەخلەرنىڭ ئاددىيلا ئۆزگەرتىلىشىدىن ياسالغان، بايرام ۋە باشقا كاتتا يىغىلىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەگمە تورۇسلۇق كارىدوردىن مەنبەلىك ئىلھام ئالغانلىقى كۆزگە تاشلىنىپلا تۇرىدۇ، چۈنكى يېرىلىپ كەتكەن تۈۋرۈكلەردىكى نەقىش، بېزەكلەر ھېلىھەم ئىلگىرىكى ئەگمە تورۇسلۇق كارىدورغا باغلاپ قويۇلىدىغان يېشىل شاخلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

ھەرقانداق بىر ئادەم ئورماندا كېتىۋاتقاچ ئورمانلىقنىڭ، بولۇپمۇ قىش سوغۇقىدىكى ئورمانلىقنىڭ بىر ئىمارەتكە ئوخشايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالىدۇ، تاقىرلىشىپ، يالىڭاچلىنىپ كەتكەن دەرەخلەر ساكسۇنلارنىڭ پاكار كەلگەن ئەگمە تورۇسلۇق كارىدورلىرىغا تېخىمۇ بەكرەك ئوخشاپ قالغانىدى. قىش كۈنلىرىدىكى كەچقۇرۇن پەيتىدە، كىشىلەرنىڭ ئورمانلىقتا ئوستىروگوتچە چېركاۋلارنىڭ نەقىش، بېزەكلىرىدىكى بەش خىل رەڭلىك ئەينەك دېرىزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئورمانلىقتىكى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ، يۆگىشىپ كەتكەن شاخلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان غەرب ئاسمىنىنىڭ رەڭدارلىقىنى بايقاپ ئېلىشى تولىمۇ ئاسانغا توختايدۇ.



تەبىئەتكە قىزىقىدىغانلىكى بىر كىشى ئوكسفوردنىڭ بىر يۈرۈش قەدىمىي ئىمارەتلىرى ۋە ئەنگلىيىنىڭ چېركاۋلىرى ئارىسىدا كېتىۋاتقىنىدا ئىختىيارسىزلا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ مىمارنىڭ روھىنى ئەل قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. مىمارنىڭ ئىسكىنەسى، ھەرىسى، رەندىسى قاتارلىقلار ئورمانلىقتىكى چىشلىق ئوت، پۆپۈكسىمان گۈل، چېكەتكە، كاۋچۇك، قارىياغاچ، ئارچا، پالما ۋە يىڭنە يوپۇرماقلىق شەمشاد قاتارلىقلارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان.

ئوستىروگوتچە چېركاۋلار تاشتىن گۈل ئېچىلدۇرغانغا ئوخشايدۇ، ھالبۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ ماسلىشىشچانلىقىدا بولغان قەتئىي تەلەپ بۇنداق گۈزەل، سەبىي ياشلىق باھارىنى ئۆز قوينىغا ئاسارەتكە ئېلىۋالغانىدى. ئەمدى، گىرانىتتىن بىر تال ئەبەدىي گۈل ئېچىلغانىدى، ئۇنىڭدا گۈزەل شەيئىلەردىكى ئەۋرىشىملىك، نەپىسلىك، مۇكەممەللىكمۇ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلەيدىغان ئۇستىخان ۋە روھ (نەزەر) مۇ ھازىر ئىدى.

جامائەت پىكرىگە ئايلىنىپ بولغان پاكىتلار چوقۇم ئوخشاش بىر ئۇسۇل بىلەن شەخسلىشىشى كېرەك بولغاندىكىدەك، بارلىق شەخسىي پاكىتلارمۇ ئومۇملىشىشى لازىم ئىدى. شۇندىلا تارىخ ھەرىكەتچان، چىن نەرسىگە، شەخسىنىڭ ئۆسۈپ، يېتىلىش مۇساپىسىنىڭ خاتىرىسى بولسا تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا، يۈكسەكلىكتە يۈزلەنگەن پاكىتقا ئايلانغان بولاتتى.

پېرسىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىمارەتلىرىدىكى ئىنچىكە سوقمىلار ۋە تۈۋرۈكلەرنى نىلۇپەر ۋە پالمىنىڭ غول ۋە چېچەكلىرىگە تەقلىد قىلىپ ياسىغانىدى. يەنە كېلىپ پېرسىيە خان سارايلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ سەلتەنەتلىك يىللىرىدىمۇ ۋار ـ ۋار قەبىلىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئەسلا ۋاز كەچمىگەنىدى. ئۇلار باھارنى ئېكباتانادا ئۆتكۈزۈشكە ئامراق ئىدى، يازدا بولسا سۇساغا كۆچەتتى، قىشنى بولسا بابىلوندا ئۆتكۈزەتتى.

ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تارىخىدا، كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشى بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى خىل تۇرمۇش كەچۈرۈش شەكلى ھېسابلىناتتى. ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

بەلگىلىگەن بولسىمۇ، يېرى ياكى مەھەللىسى بولغانلىقىنىڭ شارا-
پىتىدىن شەھەرلەرنى بىنا قىلغان شەھەرلىكلەرنىڭ نەزىرىدە كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەر تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. چۈنكى ئۇلار دۆ-
لەتنى خەۋپسىزلەندۈرۈپ تۇراتتى، شۇڭلاشقا دېھقانچىلىقتا ئەھمىيەت
بېرىش ئۇلار ئۈچۈن دىنىي خاراكتېرلىك ساۋاقتەكلا بولۇپ قالغانىدى.
ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكىغا ئوخشاش يېڭىدىن گۈللەنگەن مەدەنىيەتلىك
دۆلەتلەردە بولسا دۆلەت ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھېلىھەممۇ
بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا داۋام ئەتمەكتە ئىدى. ئافرىقىدىكى كۆچمەن چار-
ۋىچى مىللەتلەر سەرسان ـ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر ئىدى، چۈنكى
ئۇلارنىڭ قوتىنى كۆكۈيۈنىنىڭ تاجاۋۇزىدا تۇرغۇسىز بولۇپ كېتەتتى-
دى. شۇڭا ئۇلار يامغۇرلۇق پەسىلدە كالا پادىلىرىنى ھەيدەپ، ئېگىزرەك
قۇملۇقلارغا، تۇزلەڭلىكلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئاسىيادىكى
كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرمۇ ئايمۇئاي ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ يۆت-
كىلىپ تۇراتتى، بىراق ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى كۆچمەن تۇرمۇش بولسا
سودا ۋە ھەۋەستىن بولاتتى.
ئاستابوراستىكى كۆكۈيۈندىن تارتىپ بوستون قولتۇقىدىكى
ئەنگلىيە ۋە ئىتالىيە ئېزىتقۇسىغىچە ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىلگىرىلەش
ئىدى. قەدىمكى كۆچمەن، كەزگۈنلەر تۇرلۇك ـ تۇمەن چەكلىمىلەرگە
يولۇقاتتى، ئۇلار چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر قىسىم مۇ-
قەددەس شەھەرگە بېرىپ دىنىي تىلاۋەتىنى ئورۇندۇيلىشى زۆرۈر ئىدى
ياكى بولمىسا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش تۈپەيلى
تۈزۈلگەن قانۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىشقا
مەجبۇر بولاتتى؛ ھالبۇكى، ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىم ئولتۇراقلىشىش-
تىن يىغىلىپ قالغان پايدىلار بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ سەيلە ـ ساياھەت
قىلىشىنى چەكلەپ قويغان، بۇ ئىككى خىل يۈزلىنىشنىڭ قارىمۇ-
قارشىلىقى شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە
ئىدى. يەنە ئۇلار ياكى تەۋەككۈل قىلىشقا ئامراق ياكى جىم ئولتۇرۇپ
دەم ئېلىشقا ئامراق كىشىلەر تائىپىسىگە ئايرىلىپ كەتكەن ئىدى.
بۇنداق بولۇشىدا ئاشۇ چاغدىكى دەسلەپكى ھاياجانغا تايىنىش يەنىلا
ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيتتى.
تەندۇرۇس، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بىر كىشى ناھايىتى تىزلا



ھەرقانداق بىر مۇھىتقا ماسلىشىپ كېتەلىشى، مەيلى ئۇ ماشىنىسىدا
تۇنىسۇن، جەنۇب ـ شىمالنى كېزىپ يۈرسۇن ھەممىلا يەردە ئۆزىنى
بەھۇزۇر ھېس قىلالىشى، دېڭىزدىمۇ، ئورمانلىقتىمۇ ياكى قارلىق دا-
لىدىمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش تاتلىق ئۇخلىيالىشى، ئىشتىھا بىلەن
غىزالىنىشى، كىشىلەر بىلەن چىقىشىشى، بەخۇدۇك تۇرالىشى مۇم-
كىن. ئۇنىڭ زېرەكلىكىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرراق مەنبەسى بولۇشى
ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ كۆزىتىش دائىرىسى توخ-
تاۋسىز كېڭەيگەچكە، ئۇنىڭدا ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئىنى كۆرسىلا
قىزىقىدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە.
چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ يوق-
سۇزلۇقى، ئاچارچىلىقى چېكىگە يەتكەنىدى. بىراق ئۇلارنىڭ مەنىۋى
جەھەتتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى بولسا گۈللىنىپ ۋايىغا
يەتكەن دېيىشكە بولاتتى. بۇنداق تۇرمۇش ئادەمنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى
تۇرلۇك ـ تۇمەن، چېچىلاڭغۇ ئوبيېكتلارغا چېچىۋېتىش ئارقىلىق
روھنى دەپسەندە قىلىۋېتەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئاشۇ
مەستۇرە دانىشمەنلەرنىڭ پاراستى پەقەت بىر خىل ئۆزىنى چەكلەش
ئىقتىدارى ۋە قانائەت تۇيغۇسىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس، ئۇ ئۆزىنىڭ
تۈپرىقىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ بارلىق ئېلېمېنتلىرىنى تاپالىغىنى
بىلەن، ئەگەر سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن ئىدىيە بىلەن ئۆز ئەقىل ـ
پاراستىنى سۇغىرىپ تۇرمىسا، تېتىقسىزلىشىش ۋە چۈشكۈنلىشىش
تەھدىتىدىن خالىي بولالمايتتى.
ئىنسان كۆرۈپ يېتەلىگەن ئۆزى ۋە ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ ۋۇجۇ-
دىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كەيپىياتى، روھىي ھالىتى بىلەن باغلى-
نىشلىق بولىدۇ. توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئاڭ ئۇنى قانداقتۇر
بىر ۋە بىر قاتار پاكىت تەۋە بولغان ھەقىقەتكە ئۇمتۇلدۇرىۋاتقان (يې-
تەكلەۋاتقان) شۇ پەيتتە، ئۇ ھەممە نەرسىنى چۈشىنىپ بولغان ئىدى.
ئىپتىدائىي دۇنيا، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ گېپى بويىچە «ئالدىنقى
دۇنيا»، مەن خىيالىمدا ئۇنىڭ ئىچىگە ئاتلاپ كىرىپ بولدۇم، ئەلۋەتتە
قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈشۈممۇ ناتايىن، مەن يەر ئاستىدىكى قەبرى-
لەرنى، كۇتۇپخانىلارنى، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن داچىلاردىكى سۇنۇق قا-
پارتما نەقىشلەرنى، بېشى، جەينىكى يوق تاش ھەيكەللەرنى تەتقىق

قىلغىلى بارمەن.

كىشىلەر يۇنان تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىگە، جۈملىدىن شېئىرىيىتىگە قىزىقىشىدۇ، ھومېر دەۋرى دەپ ئاتالغان قەھرىمانلىق دەۋرى بولسۇن، ياكى بۇنىڭدىن 5 – 4 يۈز يىل كېيىنكى ئافىنالىقلار ۋە سىپارتالىقلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش تارىخى بولسۇن، ئىشقىلىپ قايسىلا بىر دەۋر بولسۇن، ئۇلارنىڭ تارىخ، ئەدەبىياتى، سەنئىتى ۋە شېئىرلىرى قىزىقىشىمىزنى قوزغاپ تۇرىدۇ، ئۇنداقتا بۇ خىل قىزىقىشنىڭ ئاساسى زادى نېمىدۇ؟

چۈنكى، ھەرقانداق بىر كىشى ئەسلىدە «قەدىمكى يۇنان دەۋرى» نى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان ئىدى، خالاس.

«قەدىمكى يۇنان ھالەت» دەل «ئانىدىن تۇغما تەبىئىي ھالەت» تۇر، يەنە كېلىپ «سەزگۈ ئەزالىرى مۇكەممەل»، يەنى مەنىۋى تەبىئىيلىك ۋە ماددىي تەن مۇتلەق بىرلىك ئاساسىدا نامايان بولغان دەۋردۇر. بۇ دەۋردە ياشاۋاتقان ئاشۇ گۈزەل بەدەنلەر ھەيكەلتىراشلار ئۈچۈن مودېل بولۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھىراكلىس، پىيوبۇس ۋە جوبىتا (جوۋى) لارنى ئويۇپ ياسىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. ئۇلار بۈگۈنكى دەۋردىكى كوچا - كوي، شەھەر رەستىلىرىگە تىقما - تىقماق قىلىپ تىزىۋېتىلگەن ھەيكەللەرگە ئوخشاش قىياپىتى، چىرايى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئادەملەر ئوبرازىغا قىلچىمۇ ئوخشىمايتتى.

ئۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ مىجەزى تۈز، مەردۇ مەردانە ئىدى،كىشىلىك پەزىلەتكە ھۆرمەت بىلدۈرۈش شەكلى بولسا جاسارەت، گەپ - سۆزدىكى ماھىرلىق، ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئادالەت، قەتئىيلىك، چەبدەسلىك، ياڭراق ئاۋاز، كەڭ كۆكرەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار نەپىس بۇيۇملاردىن ھۇزۇرلىنىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. نوپۇس بەك ئاز، تۇرمۇش يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەچكە، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ چاكىرى، ئاشپىزى، قاسساپى ۋە ئەسكىرى ئىدى. يەنە كېلىپ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش ئادىتى ئۇلارنىڭ تېنىنى تەربىيىلەپ، سىرلىق، ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلەرنى چىقىرالايدىغان قىلىۋەتكەن ئىدى. «ھومېر داستانلىرى» دىكى ئاگامېمنون ۋە ديومېند دەل مۇشۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. بۇنىڭ شىنوفىن ئۆزىنىڭ «10 مىڭ يىل چېكىنىدۇرۇش» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزى ۋە



قېرىنداشلىرىنى تەسۋىرلىگەن مۇنۇ ئىبارىلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى: «قوشۇن ئارمىيىدىكى تەلىبوس دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە شىۋىرغان چۈشۈشكە باشلىدى، قوشۇن ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان يەردە قايغۇلۇق بىر قىياپەتتە ياتاتتى، بىراق شىنوفىن قىپيالىڭاچ پېتى ئۆمىلەپ قوپتى ۋە قولىغا بىر پالتىنى ئېلىپ، ئوتۇن يېرىشقا باشلىدى، كېيىن باشقىلارمۇ ئۆمىلەپ قوپۇشقىنىچە ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلىشقا باشلىدى.»

ئۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدە سۆز قىلىش، پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويۇلمىغان، شۇنداقلا ئۇلار دائىم جەڭ غەنىيمەتلىرىنى تالىشىپ سوقۇشۇپ تۇراتتى. ھەر قېتىم يېڭىدىن بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن ھامان ئۇلار قوماندانى بىلەن تاكاللىشاتتى. شىنوفىن باشقا بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش گەپدان ئىدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭدىنمۇ چېچەنرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ باشقىلارغا «گەپدانلىق، قىلالايتتى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ «گەپدانلىق»قىلىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. مەيلى كىملا بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىر توپ چوڭ «باللار» غا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرەلەيتتى، دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ چوڭ باللارغا ئوخشاش بىر يۈرۈش قېلىن شان - شەۋكەت قامۇسى ۋە ئەركىن - ئازادە ئىنتىزامى بار ئىدى.

كلاسسىك تراگېدىيىنىڭ يۈكسەك سېھرىي كۈچى ھەقىقەتەنمۇ بارلىق كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچى بولالايتتى. تراگېدىيە قەھرىمانلىرى تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن سۆزلەيتتى، تەلەپپۇزىدىن ئۇلارنىڭ كۆرگەن - بىلگىنىنىڭ كۆپلۈكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىراق بۇلار ئۇنىڭ ئۆزىگە نامەلۇم ئىدى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىش تېخى روھنىڭ ئاساسىي ئادىتىگە ئايلىنىپ بولالمىغانىدى.

بىز قەدىمكىگە چوقۇنىمىز، بىراق كونا نەرسىلەرنى ياقتۇرمايمىز، بەلكى تەبىئىي نەرسىلەرنى چوڭ كۆرىمىز، قەدىمكى يۇناقلىقلار ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈشكە ماھىر ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ سەزگۈسى ۋە تەن ساپاسى بەكمۇ مۇكەممەل ئىدى، يەنە كېلىپ پۈتكۈل دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل تەن قۇرۇلمىسىنى ھازىرلىغانىدى. چوڭلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ بالىلارنىڭكىدەك سەممىمىي، نەپىس ئىدى. ئۇلار

ساغلام سەزگۈ، مۇناسىپ پوزىتسىيىگە تايىنىپ گۈل تەشتەكلىرىنى، تراگېدىيە ۋە تاش ھەيكەللەرنى ياساپ چىققانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بەك قىزىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق نەرسىلەرنى ھەر بىر دەۋردە داۋاملىق ياسايدىغان ئادەم چىقىپ تۇراتتى. ھازىرمۇ، مەيلى قانداق جايدا بولسۇن، بەقۇۋۋەت بىر تەندە بۇنداق نەرسىلەر ھازىر بولۇپ تۇراتتى، كىشىلەر ئۇنى ھېلىھەممۇ ياساۋاتاتتى. بىراق مەلۇم بىر باسقۇچ بولۇش سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئەۋزەل، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تۈزۈلۈشى ئۇلارنى ھەممىنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان شارائىتقا ئىگە قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار چوڭلارنىڭ پاراستى ۋە باللارنىڭ سەبىيلىكىنى ئورگانىك بىرىكتۈرەلىگەندى. بۇنداق جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكىدە، ھەممە ئادەمنىڭ بۇرۇن بىر بالا ئىكەنلىكىدە ئەكسىنى تاپىدىغىنى ھەممىگە ئايان ئىدى. بۇلاردىن سىرت بۇنداق خاراكتېر ھامان مەلۇم بىرەيلەندە ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى، باللارچە تالانت ۋە ئىچكى كۈچكە ئىگە بىر كىشى يەنىلا قەدىمكى گرېتسىيىلىك بولالايتتى، ئۇ بىزنىڭ قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ سەنئەت ئىلاھەسىگە بولغان قىزىقىشىمىزنى يەنە بىر قېتىم قوزغىيالىشى مۇمكىن ئىدى.

«پىيلوكتېتەس» نىڭ ئىچىدىكى تەبىئەتكە بولغان سۆيگۈگە تولىمۇ زوقلىنىمەن. ئۇيقۇغا، سەيياrىلەرگە، قىيا تاشلارغا، تاغۇتاشلارغا ۋە دولقۇنلارغا بېغىشلانغان گۈزەل سۆزلەرنى ئوقۇۋېتىپ، ئاي، يىللار گويا پەسەيگەن دېڭىز سۈيى كەبى كۆزۈمدىن غايىب بولغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىمەن ھەمدە ئىنساننىڭ ئەبەدىيلىكىنى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئاساسىي مەۋقەنى ھېس قىلىپ يېتىمەن. يۇنانلىقلارنىڭ ھەمراھى بىزنىڭ ھەمراھىمىزدەك، بىزنىڭ قۇياش ۋە ئاي، سۇ ۋە ئوتىمىز ئۇنىڭ يېڭى تونۇشقان كىشىلىرىدەك ھېس قىلىپ قالىمەن. پلاتوننىڭ بىر ئىدىيىسى مېنىڭ ئېڭىمغا ئايلانغىنىدا بولسا، پىندارنىڭ يۈرىكىدىكى ھەقىقەتكە ئوت تۇتاشتۇرغان روھ مېنىڭكىگىمۇ ئوت ياققان ۋاقىتتا، «زامان» ئۇقۇمى ئاللىقاچان مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانىدى. بىز تۇيغۇدا ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا، ئىككىمىزنىڭ روھى ئوخشاش بىر رەڭدە بويالغاندەك، ھەتتا بىر خىللىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلغىنىمدا، مەن ئۇچۇن كەڭلىكنى ئۆلچەپ يۈرۈشنىڭ،



قەدىمكى مىسىرنىڭ يىل دەۋرىنى ساناپ چىقىشنىڭ يەنە نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟

بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ «سامۇرايلىق دەۋرى» دىن ياكى ئۆزى تەقلىد قىلىپ توپلىغان ئاز ـ تولا تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ دېڭىزدىكى تەۋەككۈلچىلىك، يەرشارىنى ئايلىنىش سەپىرى دەۋرىنى تامامەن ئىزاھلاپ چىقالايدۇ. دۇنيانىڭ دىن تارىخىغا نىسبەتەن ئۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا بىر دانە ئاچقۇچ بار، قەدىمكى دەۋردىكى بىر پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا پەقەت سەبىيلىك دەۋرىدىكى قانداقتۇر بىر تۇرلۇك ھېسسىياتىنىڭ ساداسىدەكلا، ياشلىق مەزگىلىدىكى قانداقتۇر بىر تىلاۋەتتەكلا ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ھەتتا ئەنئەنىنىڭ بارلىق پاراكەندىچىلىكى ۋە تۈزۈملەرنىڭ بۇزۇشلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى بايقىۋالالايدۇ.

ھەر بىر دەۋر ئارىلىقىدا، بىر قىسىم ئاز ئۇچرايدىغان، «بىغەرەز» روھ پەيدا بولۇپ قالىدۇ ھەمدە بىزگە كائىناتتىكى يەنە بىر يېڭى پاكىتنى بېشارەتلەيدۇ، مەن تەڭرىنىڭ ئەلچىسىنىڭ توختىماستىن ئادەملەر ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئەڭ ئادەتتىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرىكى ۋە روھى ئۇنىڭ بېشارىتىنى ھېس قىلالايتتى، نەزىر ـ چىراغ مېھرابى، كاھىن، ئايال كاھىن دېگەنلەر ئېنىقكى روھنىڭ دەۋەت قىلىش كۈچىگە ئۇچرىغانلار ئىدى.

خرىستوسنىڭ ھايۋانىي ئىستەككە (تەننىڭ تەلپىگە) ئەھمىيەت بەرگۈچىلەرنى تولىمۇ چۆچۈتۈۋېتىشى شۇنداقلا بويسۇندۇرۇۋېتىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن تارىخنى بىرلەشتۇرۇشكە ياكى ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە سېزىمىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئاستا ـ ئاستا بىلىپ يەتكەن ۋە مۇقەددەس تۇرمۇش كەچۈرۈشكە زارىققان پەيتتە، ئۇلارنىڭ سەممىي ھەر بىر پاكىت ۋە ھەربىر سۆز ـ جۈملىلەرنى شەرھلەشكە قادىر بولالايدۇ.

مۇسا، ياشىت، مېينىيۇ، سوقراتلارغا بولغان چوقۇنۇش ئۇلارنى ئەزەلدىن قەلبىمىزدە شۇنچىلىك ئوڭايلا ئەل قىلىۋېلىشىمىزغا تۈرتكە بولۇپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر ئازمۇ قەدىمى پۇراقنى تاپالمىدىم، ئۇلار سىزنىڭ، ھەم ئۆزىنىڭ ئىدى.

دېڭىز ـ ئوكيانلارنى، ئەسىرلەرنى بىرمۇبىر كېسىپ ئۆتمەي تۇرۇپمۇ تۇنجى دەرۋىشنى ۋە زاھىتنى كۆرەلىگەنىدىم، ئەمگەكنى تەرك ئېتىپ، زاھىتلارچە خىيالغا چۆمگەنلەرنى بىر نەچچە نۆۋەت كۆز ئالدىمدىلا ئۇچراتقانىدىم. ئۇلارنى خۇدانىڭ نامى بىلەن تىلەمچىلىك قىلىدىغان مەغرۇر نەپ ئالغۇچى دېيىشكە بولاتتى19 ـ ئەسىردىكى باش موناخ سىمىنوۋۇن زىبەيس ۋە تۇنجى راھىب جابۇچىن قاتارلىقلار دەل مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

قەدىمكى پېرسىيىدىكى دەرۋىشلەر ۋە ھىندىستاندىكى براھمانلار، قەدىمكى بىرىتانىيىدىكى كاھىنلار، پېرۇدىكى قەدىمىي خان جەمەتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق ۋە غەربتىكى دىنىي خادىملارنىڭ رەڭۋازلىق تاكتىكىسى كىشىلىك تۇرمۇش جەريانىدا چۈشەندۈرۈلۈشكە ئېرىشەلەيتتى.

كەسكىن بىر شەكىلۋاز بىر بالىغا نىسبەتەن ئاسارەت خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە جاسارىتىنى بوغۇپ، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن. بىراق بۇ بالىنىڭ ھېچقانداق غەزىپىنى قوزغىيالماسلىقى، پەقەت ئۇنى ئەيمەندۈرەلىشى، ئىتائەت قىلدۇرالىشى، ھەتتا بۇنداق مۇستەبىتلىككە تولىمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلىۋېتەلىشى مۇمكىن. بۇ تولىمۇ نورمال بىر ئىش، بىراق بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، كىچىك ۋاقتىدا ئۆزىگە بېسىم، ئاسارەت ئەكەلگەن كىشىنى، ئۆزىنىڭ بىر گۆدەك بالا، قانداقتۇر بىر خىل ئىسىم ۋە سۆز ـ جۈملىلەر تەرىپىدىن ئەسىر قىلىنغۇچى قۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى ئەزگەن ئۇ كىشى ھېلىقى ئىسىم ۋە شەكىلەن تەسىر كۈچىنىڭ ۋاسىتىسىلا ئىدى، خالاس.

ئەتراپلىق ئويلايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز دەۋرىدىكى خۇراپاتلىققا قارىتا قارشىلىقىنى بىلدۈرەلەيدۇ ھەمدە قەدەممۇقەدەم قەدىمكى دەۋردىكى ئىسلاھاتچىلارنى ئىزدەيدۇ، ھەقىقەتنى قوغلاش سەپىرىدە ئۇ ئاشۇلارغا ئوخشاشلا ئەخلاق دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىسلارنى يولۇقتۇرىدۇ ھەمدە ئاجايىپ كۈچلۈك بولغان ئەخلاقىي كۈچ ئارقىلىق خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىنى يېڭىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىدۇ. ئىسلاھات يېقىنلاشقان ئاشۇ كۈنلەرنىڭ



كەينىدىن ھامان داۋالغۇپ تۇرغان، قالايمىقانلاشقان بىر ۋەزىيەت قالماي ئەگەشمەكتە ئىدى. بۇنداق ئىش تارىختا كۆپ تەكرارلىنىپ كەتتى، ھەتتا بۈگۈنكى دەۋر ئىنقىلابچىلىرىمۇ ئاھ ئۇرماي قالمىدى. چۈنكى ئەدناسى ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭمۇ سەممىيىتى سۇسلاپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى مارتېن لىيوتېرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «دوكتور، نېمە ئۈچۈن پاپا ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە بىزنىڭ قىلغان دۇئا ـ تىلاۋەت قېتىم سانىمىز شۇنچە كۆپ، ھەم شۇنچىلىك سەمىمىي، ھازىر قىلغان دۇئا ـ تىلاۋىتىمىز شۇنچە ئاز ھەم شۇنچىلىك سۇس؟»

ئىلغار ئىدىيىلىك بىر كىشى ئەدەبىياتنىڭ كۆمۈكلۈك قېزىلما بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە يالغۇز ئەدەبىياتنىڭلا ئەمەس تارىخمۇ، بارلىق مەسىلىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىيالىشى مۇمكىن. ئۇ يەنە شائىرلارنىڭ ھەرگىزمۇ غەلىتە، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ئادەملەر بولماستىن، كائىناتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ قەلىمىنى ئارىيەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىقرارنامىسىنى (بۇ بىر ئادەمگىمۇ، ھەممە ئادەمگىمۇ ماس كېلىدىغان ئىقرارنامە) يازسا بولىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. ئۇ شېئىردىن ئۆزىنىڭ مەخپىي تەرجىمىھالىنى — تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن يېزىپ قويغان جۈملىلەرنى بايقىيالايدۇ، ئۇنىڭ بۇلارنى چۈشىنەلەيدىغانلىقى كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي تەۋەككۈلچىلىكى جەريانىدا ئېزوپ، ھومېر، ھاپىز شىرازى، ئارەستو (ئارستوتېل)، چاسېر، سكوت قاتارلىقلار ئېيتقان ھەر بىر مەسەللىك ھېكايىنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ ئاڭلىشى، ئۆز كاللىسى ۋە بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ دەلىللىشى مۇمكىن.

گرېكلەرنىڭ گۈزەل مەسەللىرى خام خىيالنىڭ ئەمەس، پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇرنىڭ جەۋھىرىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار كەڭ تارقالغان ھەقىقەتكە ئايلىنالىغان، پرومېتېينىڭ ھېكايىسىنىڭ مەسلىۋى مەنىسى نېمىدېگەن چوڭقۇر ۋە كەڭ، نەقەدەر دەل ـ ھە؟!

ئۇ ياۋروپا تارىخىدىكى بىرىنچى سەھىپە ( بۇ مەسەل ماشىنا تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى، مۇستەملىكە ئەللەرگە يۈرۈش

قىلىشتەك ھەقىقىي پاكىتنى بىر قەۋەت نېپىز پەردە ئارقىلىق توسۇپ
تۇرغان ئىدى) نىڭ شاھىتى بولۇشتەك بۇنداق ئاساسلىق رولنى ئۆتىد-
گەندىن سىرت، ئۇ يەنە دىن تارىخىنى، جۈملىدىن كېيىنكى دەۋرلەر-
دىكى ئېتىقاد بىلەن ئىنتايىن يېقىن بولغان دىنىنى تەسۋىرلەپ بې-
رىشتەك رولىنىمۇ ئاتقۇزغانىدى.

پرومېتېي قەدىمكى ئەپسانىلەر ئىچىدىكى خىرىستوس، ئۇ ئىنسا-
نىيەتنىڭ دوستى، مەڭگۈلۈك (ئۆلمەس) ئاسماننىڭ ئادالەتسىزلىكىگە
دەسسەپ تۇرغۇچى «ئادالەت»، ئۇ ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئىنسانلار
ئۈچۈن بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتكە چىداشنى خالايدىغان بىردىنبىر «ئا-
دەم». بىراق ئۇ دىنىي ئىسلاھاتچىلار ۋە خىرىستىئان داھىيلىرىغا
ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، بۇ يەردە ئۇ ۋەكىللىك قىلىۋاتقىنى بىر خىل
روھىي ھالەت. مەيلى قەيەردە بولسۇن، ناۋادا كىشىلەر بىر خىل تېپىز،
ئوبيېكتىپ شەكىلدە «ئىلاھ مەۋجۇت نەزەرىيىسى»نى كۆككە كۆتۈر-
سىلا، ئۇنىڭدا شۇ ھامانلا مانا مۇشۇ خىل روھىي ھالەت شەكىللىنىدۇ،
ئۇ قارىماققا ئادەمنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا، يالغان - ياۋىداق گەپكە قار-
شىلىق كۆرسەتكىنىگە، كىشىلەرنىڭ ئۆزى خالىغانچە ئىش كۆرەلەي-
دىغان بىرلا خۇدانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدەك بۇ پاكىتتىن نارازى بو-
لۇشىغا، خۇدانى ھۆرمەتلەشنى ئاۋارىچىلىك ئىش دەپ قاراپ قېلىشىغا
ئوخشاپ قالىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ئىدى، ئۇ ياراتقۇچى ئىگەمە-
نىڭ ئوتىنى ئوغرىلىغان، خۇدا بىلەن بەسلەشكەن، خۇدانى تەرك ئەتكەن
بولاتتى.

«زەنجىرلەنگەن پرومېتېي» نىگاۋىتىزمچىلىق (گۇمانچىلىق) نىڭ
رومانتىك قىسسىسىدۇر، مۆتىۋەر سۆپەت بۇ مەسىلىنىڭ ھەممە تەپسى-
لاتلىرى دەۋرنىڭ ھەرقاندىقىغا باب كېلىنۋېرىدۇ،

«ئاپوللو بۇرۇن ئادمېتوسقا قوي بېقىپ بېرىپتىكەن» دېيىشىدۇ،
خۇدا پانىي دۇنياغا چۈشكەندە ھېچكىممۇ ئۇنى بىلەلمەپتۇ، بىراق خى-
رىستوس، سوقرات ۋە شېكسپېرلا ئۇنداق قىلماپتۇ: «ئانتائىيوس
ھېركۇلوس تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئالدىدا يەر ئانىغا يۆ-
لۇقۇپتۇ - دە، شۇئان قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كېتىدىكەن.»-
دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ، شائىرلار.

ئادەم زەئىپلەشكەن گىگانت ئادەمدۇر، ئۇ زەئىپلەشكەنلىكى



ئۈچۈن تەبىئەت بىلەن ئالاقە باغلاش ئادىتى ئارقىلىق يېڭىدىن ھاياتىي
كۈچكە ئېرىشىشكە موھتاج. مۇزىكا، شېئىرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى كۆك
ئاسماندا پەرۋاز قىلغىنىچە بىزگە ئورپېيوس تېپىشمىقىنى يېشىپ
بېرىدىغاندەك قىلىدۇ. پەلسەپە ئاتا قىلغان چۈشىنىش ئىقتىدارىمىز
تۈرتكىسىدە پۈتمەس - تۈگىمەس شەكىل ئۆزگىرىشى ئىچىدىن ئوخ-
شاپ كېتىدىغان تەرەپلەرنى بايقاپ ئېلىپ، ئۆزگىرىشچان دېڭىز ئىلاھى
پروتېئوسنى چۈشىنىشكە تىرىشالايدىغاندەك تۇرىمىز.

مەن پروتېئوس ئەمەسكەنمەن، ئۇنداقتا مەن زادى نېمە؟

تۈنۈگۈن مەن كۈلدۈم، يىغلىدىم، ئاخشام خۇددى ئۆلۈكتەك قات-
تىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىراق ئەتىگەن يەنىلا ئورنۇمدىن تۇردۇم،
مەن قېچىۋاتىمەن. مەيلى قايسىلا تەرەپكە قاراي، كۆزۈمگە كۆرۈنگەن
بارلىق مەۋجۇدات قايتا تۆرەلگەندىن كېيىنكى پروتېئوس شۇمىدۇ؟

مەن ھەرقانداق بىر جانلىق، ھەرقانداق بىر پاكىتنىڭ نام - شە-
رىپىنى ئۆز ئىدىيەمنىڭ سىمۋولى قىلالايمەن، چۈنكى جانلىقلار ئا-
دەمنىڭ ۋاكالەتچىسى ۋە بىمارلىرىدۇر. تانتالوس سىز ۋە مېنىڭ نە-
زىرىمدە پەقەت بىر ئىسىملا خالاس، ئۇنىڭ مەنىسى — گەرچە ئۇ
روھنىڭ كۆز ئالدىدا كۆزنى چاقنىتىپ جىمىرلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن
بىز ئاڭ بۇلىقىنىڭ سۈيىنى ئىچىشكە ئامالسىزمىز، دېگەنلىكتۇر،
يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ بىر مەسىلىدىن ئىبارەت، بىراق مەن ئۇنىڭ
مەسەل بولماسلىقىنى بەك ئۈمىد قىلىمەن.

ئەر ۋە ئايال پەقەت يېرىم ئادەم خالاس، دېھقانچىلىق مەيدانى، دالا،
ئورمانلىق، يەر ئۈستى، يەر ئاستى، سۇ ئىچى قاتارلىقلارغا ماكانلاشقان
ھەر بىر ھايۋان ئىنسانىيەت ئارىسىدىن ئۆزى دەسسەپ تۇرغۇدەك بىر
پارچە يەرگە ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەردىكى (زېمىندىكى)
تىك قەددى، ئۇزۇن بويىنى ئاسمانغا قارىغان، گەپ قىلالايدىغان ئادەم
تېنى ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە قىياپىتىنىڭ ھەرقانداق بىر
ئىزناسىنى قالدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ.

ئاھ، بۇرادىرىم، روھىڭنى ئەمدى يەنە چۈشكۈنلەشتۈرۈپ يۇرمە-
گىن، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئاشۇ بىر قىسىم شەكىل - قىياپەتلەرگە ئايلان-
دۇرۇپ قويما، ئۇزۇڭدىن بۇيان سەن بىلىپ - بىلمەستىن ئۇلارنىڭ
نۇرغۇن ئادەتلىرىنى يۇقتۇرۇپ ئالدىڭ، ئاۋۇ شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك

ھايۋان توغرىسىدىكى قەدىمىي مەسەل بىزگىمۇ ئوخشاشلا يېقىن، مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ يول قاسنىقىدا ئولتۇرۇپ، ھەر بىر يولۇچىغا بىردىن تېپىشماق ئېيتىدۇ، تاپالمىسا، ئۇ ئۇنى يۇتۇۋېتىدۇ، ئەگەر تاپالىسا، شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھايۋان ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بىزنىڭ ھاياتىمىز زادى نېمىگە ئوخشايدۇ؟ ئەجەبا ئۇ قانات چىقارغان پاكىت ياكى ئىش ـ كۇشلىرىمىزنىڭ چەكسىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىشىمىدۇ؟

ئۇلار ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ روھىغا سوئال تاشلايدۇ، بەزىلەر شۇنچە ئۇستۇن پاراسەت ئارقىلىق كۆز ئالدىدىكى پاكىتقا تاقابىل تۇرالمايدۇ، سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ئۇلار ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىشقا موھتاجدۇر. بۇنداقلارغا نىسبەتەن پاكىت بىر خىل مۇستەبىتلىك، ئۇ ئۇلارنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، خورلايدۇ، ئۇلارنى قائىدە ـ يوسۇننىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان، «كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ» ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇنداق قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك ئۇلاردىكى ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان ھەر بىر يالقۇننى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ماھىيىتى ۋە ھېسسىياتىغا سادىق بولۇپ، پاكىتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەت قىلالىسىلا، «يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ئېسىلزادىلەر» دىن بولۇپ قالىدۇ، ئۇ پاكىتقا يېقىن تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇنى پىششىق بىلىش پرىنسىپىنى ياقلايدۇ. شۇنداق قىلىپ پاكىت تەبىئىي ھالدا مۇۋاپىق بىر دائىرە ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەل بولۇشقا تۇتۇنىدۇ. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى ئالالايدۇ، بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تونۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئادەتتىكىچىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن چوڭ شەرەپ ئەكىلەلەيدۇ.

بىز گېيوتىنىڭ «ھېلىننا»سىدىنمۇ ئوخشاش بىر ئىستەكنى كۆرۈپ يەتتۇق، ئۇ بولسىمۇ ھەر بىر سۆزنىڭ جەزمەن بىر خىل نەرسىگە سىمۋول قىلىنىش (ياكى ئۆزى بولۇش) لازىملىقى.

ئۇ چىرونىس، گىرىففىنىس، پوركىياس، ھېلىن ۋە لىدا قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر خىل ئالاھىدە تەسىر قوزغىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ھالا بۈگۈندىمۇ ئۇلار يەنىلا مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق ھېسابلانماقتا. بۈگۈنكى ۋە بىرىنچى قېتىملىق



ئولىمپىيە ئوخشاشلا راست بولغان ئىشلار ئىدى. ئۇ ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى ئەركىن ھالدا يېزىپ چىقالىدى ھەمدە ئېڭىنى ئۇلارنىڭ تېنىگە ئىسقىرتىپ كىرگۈزەلىدى. گەرچە ئۇ يازغان شېئىر چۈشكە ئوخشاش تۇتۇق ۋە غەلىتە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردىكى يازغۇچى يېزىپ چىققان بىر قىسىم تولىمۇ ئامىباب دراماتىك تەپسىلاتلاردىنمۇ بەكرەك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ روھىنى مەلۇم بىر قېلىپتىكى تۇرمۇشتىن ئازاد قىلىپ، ئاجايىپ تۆلەمگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. ئۆز ئۇسلۇبىدىكى دادىللىق، ئەركىنلىك، توختاۋسىز، تەكرار ھەيران قالدۇرۇش قاتارلىق ئېستېتىك ئۈنۈمگە تايىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى قوزغىتالايدۇ.

شائىرنىڭ تالانتىنىڭ كۈچى تولىمۇ چەكلىك، ئالەمنىڭ بولسا چەكسىز، ئۇ ھەتتا ئۇنىڭ بويىنىغا مىنىپ، ئۇنىڭ قولىدا يېزىقچىلىق قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ بىر تۈرلۈك ساپ غەلىتە خىيال ياكى بىمەنە، رومانتىك ھېكايىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولسا، ئۇنى كەم ـ كۈتىسىز بىر مەسەل ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا پلاتون بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شائىرلار ئۇلۇغ، پاراسەتكە تويۇنغان گەپلەرنى قىلالايدۇ، بىراق بۇلارنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ.»

ئوتتۇرا ئەسىردىكى توقۇلما ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسى تولىمۇ ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلار مۇشۇ دەۋردىكى ئەستايىدىل، تەلەپچان، ئىشچان ئەمگەكچىلەر يەتمەكچى بولغان نەرسىلەردۇر، پەقەت بۇلار نىقاب تاقىۋالغاندەك ياكى ئويناشقاندەك بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەندى، خالاس.

سېھىرگەرلىك، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر تۈرلۈك سىرلىق ئىقتىدار دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە پەننىڭ كۈچىگە بولغان چوڭقۇر ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

ئادەمنى ئۇچقاندەك ماڭدۇرالايدىغان خاسىيەتلىك كەش، تۆمۈرنى لاينى كەسكەندەك كېسەلەيدىغان خاسىيەتلىك خەنجەر، بەش ئاناسىر(ئېلېمېنت) نى تىزگىنلىيەلەيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت، قېزىلما بايلىقلارنىڭ مەخپىي رولىنى ئىشلىتەلەيدىغان ئىقتىدار، قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەلەيدىغان قابىلىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روھنىڭ

توغرا نىشانغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئېنىقسىز تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت. قەھرىمانلارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان شىجائىتى، دائىم ياش تۇرىدىغان سىرلىق كۆچكە ئوخشاش بىر قاتار ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ «شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قەلبىنىڭ ئىستىكىگە ماسلاشتۇرۇش» تەك مەنىۋى غەرىزىدۇر.

«پېرىس ئورمانلىقى ۋە چۆرە قىز دى گائول» ناملىق كىتابتا، ئەتىرگۈل ۋە باشقا گۈللەردىن قىلىنغان گۈلچەمبىرەك ساداقەتمەن ئايالنىڭ بېشى ئۈستىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئاسىي، ساتقىنىنىڭ پېشانىسىدە بولسا قۇرۇپ كېتىدۇ؛ «ئوغۇل بالا ۋە پلاش» ھېكايىسىنى ئوقۇۋاتقان چاغدا، مەيلى قانچىلىك ئۆزىنى توختاتقان ئوقۇرمەن بولسۇن، مۇلايىم جەنىلاسىنىڭ غەلىبىسىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلماي، ئۆزىنىڭ سەمىمىي خۇشاللىقىنى بىلدۈرمەي قالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە جىن توغرىسىدىكى (جىن بۇ ئىسمىنى پەقەتلا ياقتۇرمايدۇ) تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى پەقەت پەرەزدىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كارامىتى ئاجايىپ تۇراقسىز ھەم غەلىتە، خۇددى گۆھەرنى ئىزدەيدىغان كىشى چوقۇم گەپ قىلالماسلىقى كېرەك، دېگەندەك. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، مەن بۇنى كونكوردنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆردۈم، قارىسام كورنۋال ۋە بىرىتاگونمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىكەن.

ئۇنداقتا ئەڭ يېڭى قىسسە، ھېكايىلەردە ئۆزگىرىش بولدىمۇ؟

مەن «لامپىرمورنىڭ كېلىنچىكى» ناملىق بىر ئەسەرنى ئوقۇغاندىم، ئۇنىڭدىكى ئاقسۆڭەك ۋىلىيام. ئاستون قوپال ھەم تارتىنىلىق نىقابقا ۋەكىللىك قىلاتتى، راۋىنسۋۇدقا ئوخشاش يېقىملىق ئىسىم بولسا «مەغرۇر» يوقسۇزلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنغانىدى، دۆلەتنىڭ تۈپىن دىنى مەزھىپىدە پەقەت ۋە پەقەت سەمىمىي، ئىشچان قىياپەتكە كىرىۋالغان بۇنىيانلا بار. بىز ئادالەتسىزلىك ۋە سەزگۈ ئەزالىرىمىزنىڭ ئىستىكى ئۈستىدىن غالىب كەلمىسەكلا، مېھرىبانلىق ۋە گۈزەللىكنى يوقىتىۋېتىدىغان بۇقىدىن بىرنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيمىز. لۇسى ئاستون ساداقەتنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، ئۇ مەڭگۈ گۈزەل، دۇنيانىڭ قەيىرىدە بالا ـ قازا بولسا ئۇ شۇ يەردە ھازىر بولۇپ بولىدۇ.

بىراق ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە تارىخىدىن باشقا يەنە



بىر تارىخى بار، ئۇ بولسىمۇ تاشقى دۇنيانىڭ تارىخىدۇر. ئۇ ئالغا ئىلگىرىلەشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمايدۇ، ئادەممۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنىڭغا باغلىنىدۇ، ئادەم بولسا ۋاقىتنىڭ پروگراممىسىدۇر، شۇنداقلا ئۇلۇغ كائىناتنىڭ زىچ باغلىنىشلىق نەرسىسىدۇر، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىكى كەڭ كۆلەملىك ۋە دوستانە مۇناسىۋەتكە مۇجەسسەملەنگەن. چۈنكى، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ھاياتى ئورگانىك ماددىلار بىلەن ئانئورگانىك ماددىلاردىن تۈزۈلگەن پۈتكۈل بىئولوگىيىلىك زەنجىرگە زىچ باغلانغان.

رىمدىكى تاشيوللار تۆت تەرەپكە، ئىمپېرىيىدىكى ھەر بىر ئۆلكە مەركىزىگە تۇتىشىدىغان قىلىپ ياسالغان. شەھەردىكى ئارمىيە پېرسىيىگە، ئىسپانىيىگە ۋە برىتانىيىنىڭ ھەربىر شەھەر ـ بازىرىغا بىۋاستە بارالايدۇ. ئادەمنىڭ قەلب بېغىشلىرىدىمۇ كەڭرى كەتكەن، كائىناتتىكى ھەر بىر شەيئىنىڭ يۈرىكىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى ئادەمنىڭ ئىستائىتىگە تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغان يوللار بولغان بولىدۇ. بىر ئادەم بىر تۇرلۇك مۇناسىۋەت، بىر خىل زەمبۇرۇغدۇر، ئۇنىڭدىن ئېچىلغان گۈل، بولغان مېۋە بولسا دەل مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭ سىرتىدىكى كائىنات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خۇددى بېلىقنىڭ پالاقچىسى سۇنى، تۇخۇم شاكىلىدىكى باكتېرىيە ھاۋانى پەرق قىلالىغىنىغا ئوخشاش ئۇمۇ ئۆزى ماكانلاشماقچى بولغان دۇنيانى ئالدىن بىلەلەيدۇ. ئەگەر دۇنيا بولمىسا ئىنسان ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ خۇددى ناپولېئوننى كىچىك بىر ئارالدىكى تۈرمىگە سۈرگۈن قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا يامىشىش ئۈچۈن ئاربىس تېغى، بىر ئېتىپلا ھاياتىنى دوغا تىكىدىغان قىمار پۇرسىتى بەرمەي، تالانتىنى جارى قىلدۇرغىلى قويمىغاچقا، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىكار كەتكەنلىكى، ئۇنىڭمۇ تازا كەتكەن ئەخمەقتەك بولۇپ قالغانلىقىغا ئوخشايدىغانلا بىر ئىش. ئەلۋەتتە، ئۇنى بىپايان ۋەتىنى قوينىغا، بىر توپ كىشىلەر ئارىسىغا، مۇرەككەپ پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى ۋە دۈشمەنلىكلەر قوينىغا قايتۇرغىنىمىزدا بولسا، مۇنۇلارنى بايقايسىز: «ناپولېئون، يەنى ناپولېئوننىڭ سايىسى ۋە قىياپىتىدىكى ناپولېئون ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ناپولېئون ئەمەس، ئۇ پەقەت ‹ئاربوتنىڭ سايىسى.›»

كولومبو دېڭىز سەپىرى لىنىيىسىنى پىلانلاش ئۈچۈن بىر دانە يەرشارىنىڭ بولۇشىغا موھتاج، نيۇتون ۋە لاپلەيىس سان-ساناقسىز يىللارغا ۋە يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسمانغا موھتاج، بىز نيۇتوننىڭ روھىنىڭ تەبىئىتى ئېغىرلىق كۈچى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنغان قۇياش سىستېمىسىنى مەسەل قىلىپ تۇغدى دەپ ئېيتالايمىز. داۋىي ياكى گاي لۇساكنىڭ چوڭ مېڭىسى يۆگمىكىدىن تارتىپلا مىكرو زەررىچىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە تارتىشىشىنى ۋە چەتكە قېقىشىنى تەتقىق قىلىشنى، شۇنىڭدەك ئورگانىزم قانۇنىيىتىدىن بېشارەت بېرىشنى باشلىۋەتكەن ئىدى.

ئەجەبا بوۋاقلارنىڭ كۆزى يورۇقلۇقتىن بېشارەت بېرەلمەسمۇ؟ خاندىلىنىڭ قۇلىقى ئاھاڭداش تاۋۇشلارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ۋات، فولتۇن، ۋىتمورى، ئاركۋرايىت قاتارلىقلارنىڭ قورۇلما خاراكتېرلىك بارماقلىرى ئېرىشچان مېتاللار ۋە بازغانلىغىلى بولىدىغان قاتتىق مېتاللار ۋە تاش ۋە ياغاچ جىسىملاردىن ئالدىن شەپە بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ئەجەبا كىچىك بالىنىڭ ئۇماق پەزىلىتى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ نەپىسلىكى ۋە زىننەتلىكلىكىدىن بېشارەت بېرەلمەسمۇ؟

بۇلار بىزنى ئادەمنىڭ ئادەمگە تۇتقان قىلمىش جەھەتتىكى پوزىتسىيىسىنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبى تالاي يىللار جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى توغرىلىق چوڭقۇر خىيالغا پاتقان بولغىيتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇنىڭ ئىچىدىن ئېرىشكەن ئۆز-ئۆزىگە بولغان تونۇش ئېھتىمال مۇھەببەتلىك پەيتلىرىمىزدىكى ھاياجانلىق بىر كۈننىڭ ئۆگەتكەنلىرىدىن كۆپ ئەمەستۇ؟

ئەگەر بىر كىشى قانداقتۇر بىر تۇرلۇك زوراۋانلارچە قوپاللىقتىن غەزەپلەنمىسە ياكى ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك نۇتۇق-مۇنازىرىلەرگە ئىشتىراك قىلىپ باقمىغان بولسا پۈتۈن ئەل تەۋرىگەن داغدۇغىلىق مەرىكىلەرگە ياكى پۈتكۈل ئالامان دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالغان داۋالغۇشلۇق ۋەزىيەتكە ئىشتىراك قىلىپ باقمىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ ھېچكىممۇ ئىشتىن بۇرۇن ئۆز تەجرىبىسىنى پەرەز قىلىپ يېتەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئوخشاش بىر يېڭى ئىشنىڭ قايسى خىل ئۇنۇمگە ۋە قانداق ھېسسىياتقا تۇرتكە بولىدىغانلىقىنى پەرەز



قىلالمايدۇ. بۇ خۇددى ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتە تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىدىغان كىشىنىڭ چىراي-شەكلىنى سىزىپ چىقالمىغىنىغا ئوخشايدىغانلا بىر ئىش.

بۇ پەقەت ئادەتتىكىچە بىر خىل بايان قىلىش، بىراق مېنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ئۇلارنىڭ بىردەكلىك خۇسۇسىيىتىدىكى سەۋەبلەرنى تەتقىق قىلىش نىيىتىم يوق.

خۇلاسىلىگەندە، تارىخىي ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشى كېرەك: ئىدىيە بىر پۈتۈن گەۋدە، تەبىئەت بولسا ئۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، تارىخ دېمەك دەلىللەش ۋە خاتىرىلەش جەريانىدۇر. مۇشۇ تۈپەيلى روھ بارلىق چارە، ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەر بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ بايلىقلارنى كۆمۈپ ساقلىشى ۋە يىغىپ ساقلىشىغا مەدەت بولاتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ پۈتۈنسۇرۇك، مۇكەممەل سىستېمىدىكى تەجرىبىگە موھتاج ئىدى، ئۇ تەبىئەتنىڭ نۇرلىرىنى بىر فوكۇس نۇقتىسىغا يىغقىنىدا تارىخ زېرىكەرلىك، تېتىقسىز كىتاب بولۇپ قېلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىنسانىيەت ئېڭىنى ئاقارتقۇچى ھەققانىيەتچىنىڭ ۋۇجۇدىدا كونكرېت تۇستە نامايان بولاتتى.

ئۆزىڭىز ئوقۇغان تارىخ كىتابىنىڭ قايسى خىل تىلدا يېزىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، كىتابنىڭ نامى نېمە بولسا بولسۇن، مۇھىمى سىز ماڭا ئۆزىڭىز ئوقۇغان شۇ تارىخىي دەۋرنى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەندەك تەسىرات بېرەلىشىڭىز، بىر ئادەم چوقۇم بىر داڭلىقلار قەسرى بولالىشى كېرەك. ئۇ گويا شائىرلار تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىلاھەگە ئوخشاش بىر قۇر سىرلىق، ئاجايىپ ئىشلار ۋە سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇزۇن چاپاننى ئارتىپ، بەدەن قىياپىتى، چىراي شەكلى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلغىنىچە مېڭىشى، شۇ ماڭغانچە ئالا-بۇلىماچ كەلگەن ماتەم كىيىمىگە ئايلىنىپ قېلىشى كېرەك.

مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەلمىساق دۇنياسىنى كۆردۈم — بالىلىق دەۋردىكى «ئالتۇن دەۋر» نى، «پاراسەتنىڭ ئالمىسى»، «ئېرەۋۇلى نىڭ يىراققا سەپىرى»، ئابراھامنىڭ دەۋىتى، مۇقەددەس سارايىنىڭ سېلىنىشى، «خرىستوسنىڭ چۈشۈشى»، ئوتتۇرا ئەسىردىكى «جاھالەت دەۋ-

رى»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى»، «دىنىي ئىسلاھات»، يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ بايقىلىشى شۇنىڭدەك يېڭى پەن ـ تېخنىكىدىكى گىگانتلار ۋە يېڭى ساھەلەرنىڭ ئېچىلىشى قاتارلىقلارنى كۆردۇم، ئۇ پان ئىلاھىنىڭ كاھىنىغا، سوبھى يۇلتۇزىنىڭ بەخت تىلىشىگە، شۇنىڭدەك كىشىلىك دۇنياسىدىكى خاتىرىلەپ قويۇلغان بارلىق بەخت ئىلاھىغا ئايلىنىپ، كۆككە ۋە زېمىنغا بەخت ئەكېلەيتتى.

بۇ تەلپىم ئازراق مەنمەنچىلىكتەك بولۇپ قالدىمۇ ـ قانداق؟

ئۇنداقتا مەن يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلاي، چۈنكى ئۆزىمىز بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟

بىز مەلۇم بىر رېئال ۋاقىتنى تەكىتلەپ ئىپادىلەيمىز دەپ، باشقا بىر پاكىتنى بۇرمىلىغاندەك قىلىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ سەۋەنلىكى، ئەلۋەتتە.

مەن بىزنىڭ ئەمەلىي بىلىمىمىزنى پەقەتلا مەنسىتمەيمەن، تام تۈۋىدىكى چاشقاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتامسىز، چىتلاقتىكى كەسلەنچۈكنى، پۈتىڭىز ئاستىدا دەسسىلىپ تۇرغان باكتېرىيىلەرنى، ياغاچلاردىكى مۇخلارنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

مەيلى ئادەمگەرچىلىك ياكى ئېتىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مېنىڭ قانداقلىكى ھاياتلىق بولسۇن ئۇنىڭ تۇرمۇش دۇنياسىدىن بىلىدىغانلىرىم زادى قانچىلىك؟ بۇ جانلىقلار خۇددى كاۋكازلارغا ئوخشاشلا، ھەتتا ئۇلاردىن بەكرەك قەدىمىي، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ يېنىدا لام ـ جىم دېمەي سۈكۈتتە تۇرىدۇ. ھېچقانداق مەلۇماتنامە، خاتىرىلەردە ئۇلارنىڭ بۇرۇن نېمىلەرنى دېگەنلىكى، قانداق قول ئىشارىتىنى ئىشلەتكەنلىكى ئېيتىلمىغان، قايسىبىر كىتاب ئەللىك ياكى ئاتمىش خىل خىمىيىلىك ئېلېمېنت ۋە ئۇنىڭ تارىخىي دەۋرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساناپ بېرەلەيدۇ؟ بوغۇ مەيلى، ئۇنداقتا تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپىۋى يىلنامىلىق تارىخى خاتىرىلىنىپ باققانمۇ؟ بىز ئۇچۇن قاراڭغۇ بولغان«ئۆلۈم» ۋە «ھاياتلىق» تىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۆزگە يوشۇرۇنغان تېپىشماق ئىزاھلىنىپ، يېشىلىپ باقتىمۇ؟

تارىخ يازغۇچىلار چوقۇم بىز بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان شەيئى ـ نەرسىلەرنىڭ دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغۇدەك، پاكىتنى سىمۋول



سۈپىتىدە تونۇيالىغۇدەك پاراسەتكە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

بىز تارىخ دەپ ئاتاۋاتقان «تارىخ» ئەمەلىيەتتە پەقەت يۈزەكى، مەتۇ، كۆرسەك خىجىل بولۇپ كېتىدىغان ھېكايە، خالاس. بىز نېمىشقا ھەدېسىلا رىم، پارىژ، كونىستانتىنىپولنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيمىز! ئۇلار رىم كەسلەنچۈكى ھەققىدە نېمىنى بىلەتتى؟ چاشقان ۋە كەسلەنچۈك بىزگە قوشنا بولغان ھاياتلىق سىستېمىسى، بىراق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە ھاكىمىيەت دەۋرىنىڭ ئۇنىڭغا زادى نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بۇلارنىمۇ مەيلى دەيلى، ئۇلار كىت ئوۋلاپ جان باقىدىغان ئېسكىموسلارغا، جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرىدىكى يەرلىك ئاممىغا، بېلىقچىلارغا، ھامماللارغا يېمەكلىك، ئىقتىسادىي ياردەم ۋە تەجرىبە سوۋغا قىلىپ باقتىمۇ؟

بىزنىڭ تەبىئىتىمىز يادروغا (مەركىزىي ئورۇن)غا ماكانلاشقان، ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، ناۋادا تەبىئىتىمىزنى چىن مەنىسى بىلەن نامايان قىلالىساق، بىزنىڭ خاتىرىلىگەنلىرىمىز پەقەت تولا ئوقۇپ زېرىكىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تولىمۇ شەخسىيەتچىلىك بىلەن، مەغرۇرلۇق بىلەن ئوقۇپ چىققان قېرى تارىخ بولمىغان بولاتتى. بىز چوقۇم تارىخنى ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر نۇقتىدىن خاتىرىلىشىمىز، يالغۇز ئەخلاقىي ئىسلاھاتنىلا ئەمەس، مەڭگۈ ساپ پېتى، داۋالىنىشقا موھتاج پېتى تۇرىدىغان ۋىجدانىمىزنىمۇ خاتىرىلىشىمىز كېرەك. بىزگە نىسبەتەن بۇ كۈن ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلدى، ھەتتا بىز تۈيماي قالغان پۇرسەتتە، ئۇ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى يورۇتۇشقا تۇتۇنۇپ بولدى. بىراق ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ يولى تەبىئەتكە تۇتاشقان يول ئەمەس، شۇڭا ئەخمەقلەر، ئىندىئانلار، باللار، ئەزەلدىن مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن دېھقان بالىلىرى ئاشۇ ئاناتومىيىست ۋە ئارخېئولوگقا قارىغاندا ئاشۇ يولغا ـــ يورۇقلۇققا يېقىنراق، ئەلۋەتتە.

بۇ كىتاب جۇڭگو سودا نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

## روھىيەتنى تەڭشەش تەدبىرلىرى

# ئۆزۈڭگە تايان

ئاپتورى: ئېمىرسون (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: سېيىت تىلىۋالدى، ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل، رابىگۈل ۋەلى

---

پىلانلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: زۆھرە ئابدۇرېھىم، ۋەلى كېرەم كۆكتالىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدۇقادىر ئاتاۋۇللا
بەت شەكلىنى لايىھەلىگۈچى: يالقۇنجان ئىسمائىل
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ يېبەيفېڭ مەتبەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2008 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1230×880 مم 1/32 كەسلەم 34 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 6
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4455-8
تىرىژى: 1 ـ 5000
ئومۇمىي باھاسى (ئۈچ كىتاب): 79.00 يۈەن

---

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001